215
I210.2/1/:6



# لۇشۈن ئەسەرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى

گۈلشەن پاراغلىرىغا ئىستىقارە

چىلتەكلىك ئەدەبىيات

21500009804

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## لۇشۈن ئەسەرلىرى

**1- توم**
قەبرە
ياۋا گىياھ

**2- توم**
چۇقان
تېڭىرقاش
يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە

**3- توم**
ئىسسىق شامال
سايىۋەن
سايىۋەننىڭ داۋامى
«سايىۋەننىڭ داۋامى»نىڭ داۋامى

**4- توم**
ئۈچ «بىكار»
ئالا كۆڭۈل

**5- توم**
تاغدىن - باغدىن
ساختا ئەركىنلىكنامە

**6- توم**
گۈلشەن پاراغلىرىغا ئىستىقارە
چىلتەكلىك ئەدەبىيات

**7- توم**
خالاس
كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى

**8- توم**
ئەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى
شېئىرلار
ئىككى يەردىن مەكتۇپلار
مەكتۇپلار

# مۇندەرىجە

## گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە

كىرىش سۆز …… 3

1933 - يىل

تۇنگە مەدھىيە …… 7
ئىتتەرمەك …… 10
ھەييارلىق سەنئىتى …… 13
تاسادىپ …… 16
شەپەرەڭ توغرىسىدا …… 19
«چەن» …… 22
«بىكارچى» …… 25
جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ تەۋررۇكلەرنى قوغدىشىنىڭ
ئەۋزەللىكى ۋە يارىماسلىقى توغرىسىدا …… 28
جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشىنىڭ پەرقى
ۋە ئوخشاشلىقى توغرىسىدا …… 31
«غېرىب»لار توغرىسىدا سۆزلەيمەن …… 34
مۇقەددىمىنىڭ ئازادلىقى …… 37
باشقا بىر ئوت ئوغرىسى …… 40



**图书在版编目(CIP)数据**

鲁迅文集. 6/鲁迅著；托呼提·巴克译. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2006. 3
ISBN 7－228－09895－1

Ⅰ. 鲁…　Ⅱ. ①鲁…　②托…　Ⅲ. 鲁迅著作—选集—
维吾尔语（中国少数民族语言）　Ⅳ. I210. 2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 018422 号

责任编辑：艾合买提·伊明
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
　　　　　牙生·扎衣都
封面设计：买买提·乃拜提

**鲁迅文集（6）（维吾尔文）**

鲁迅 著
托呼提·巴克 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　19.25 印张　2 插页
2006 年 3 月第 1 版　2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7－228－09895－1　　定价：35.00 元

بىلىمنىڭ ئوشۇقلۇق قىلىشى ..... 42
شېئىر ۋە بېشارەت ..... 45
يەنە «ئىنتىرنىش» توغرىسىدا ..... 48
كونا ھېساب - كىتاب دەپتىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ..... 51
سەھەر سالقىنىدىكى ئەسلىمە ..... 54
جۇڭگونىڭ غەلىتە تەسەۋۋۇرلىرى ..... 57
لاپ گەپنى كەم سۇندۇرۇش ..... 60
تەپمەك ..... 63
«جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان» ..... 66
كۈز كېچىسىدىكى سەيلىدىن خاتىرە ..... 69
«بۇردىچىلىق» ..... 71
بالىلارنى قانداق تەربىيىلەۋاتىمىز ..... 74
تەرجىمىنى ئاقلايمەن ..... 76
يامىشىش ۋە بۆسۈش ..... 80
سېتىۋالدى مەنسەپ ..... 83
«چاھار دىۋان»نىڭ نادىر نۇسخىسى ..... 86
باش كۆز تەسىراتلىرىدىن (1) ..... 89
گۇپپاڭچىلىقنىڭ سىرى ..... 92
كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر ..... 95
گاسلىقتىن گاچىلىققا ..... 98
باش كۆز تەسىراتلىرىدىن (2) ..... 102
ئەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ..... 106
ماقۇللاش ۋە چۈشەندۈرۈش ..... 110
ئەدەبىيات كارىۋىتىدىكى كۆزلۈك چۈش ..... 114





كىنونىڭ ساۋىقى ..... 118
تەرجىمە توغرىسىدا (1) ..... 121
تەرجىمە توغرىسىدا (2) ..... 125
باش كۆز تەسىراتلىرىدىن (3) ..... 129
ئەدەپ - قائىدە ..... 132
تەسىراتنى تىڭ تىڭلاش ..... 135
دىنىنىڭ سايىسىدە جان بېقىش ..... 138
چاي ئىچىش ..... 141
مەنئى قىلىش ۋە ياساش ..... 144
سېھىر ئويۇننى كۆرۈش ..... 147
10 - ئۆكتەبىر مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلەش ..... 150
ئۆتمۈشتىن تەسىراتىم ..... 156
«تەسىراتلىرىم»دىن كېيىن (A) ..... 159
[قوشۇمچە] «جۇاڭزى» ھەم «تاللانمىلار» (شى جېسۈن) ..... 163
«تەسىراتلىرىم»دىن كېيىن (B) ..... 167
سېرىق ئاپەت ..... 171
باستۇرۇش (1) ..... 174
«قىزىقچىلىق»تىن مىسال ..... 177
چەت ئەللەردىمۇ بار ..... 181
قۇرۇق مۇشت ئېتىش ..... 184
[قوشۇمچە] تەۋسىيە قىلغۇچىنىڭ مەيدانى (شى جېسۈن) ..... 190
«قۇرۇق مۇشت ئېتىش»قا تۈزىتىش ..... 194

[قوشۇمچە] مۇھاسىرىنى بۆسۈش (شى جېسۈن) ........ 195
«قوشۇمچە ئىشارەت» كە جاۋاب ........ 200
[قوشۇمچە] لى لېيۆبېن ئەپەندىگە خەت (شى جېسۈن)
........ 204
جۇڭگو يېزىقى ۋە جۇڭگو ئادىمى ........ 209
ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى ........ 212
كۆشەش ........ 215
ئىنساپىغا كېلىش ........ 218
تېپىلماس كالۋالىق ........ 221
قەدىمكى كىتابلاردىن جانلىق سۆز تېپىش ........ 224
«ھە - ھۇ بىلەن ئۇتتۇرىغا چىققان» ئەدىبلەر ........ 226
ياشلار ۋە ئاتىلار ........ 229
خاتىمە ........ 232
ئىزاھلار ........ 287

## چىلتەكلىك ئەدەبىيات

كىرىش سۆز ........ 359

### 1934 - يىل

كەلگۈسى شەرەپ ........ 364
ئايالالارنىڭ كۆپى يالغانچى بولۇشى ناتايىن ........ 367
تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچى ........ 369
تىللاش ........ 371
«بېيجىڭلىقلار» ۋە «شاڭخەيلىكلەر» ........ 373



شىماللىقلار ۋە جەنۇبلۇقلار ........ 376
«گۇاڭجۇدىن ئۆرگۈلەي» نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى
تەسىراتىم ........ 379
چاغان ئۆتكۈزۈش ........ 382
تەقدىر ........ 384
چوڭ - كىچىك ئالدامچى ........ 387
«بالىلارنى چەكلەش» ........ 390
قەدىمكى كىشىلەر كەڭ قورساق ئەمەس ........ 393
زاراخەتمە ۋە ئوپېرا ........ 396
ئەجنەبىيچە كىيىمنىڭ زاۋال تېپىشى ........ 399
دوست ........ 402
چوكانتال مەۋسۇمى ........ 404
فېلىيەتوننىڭ ھاياتى ........ 408
قىلىچنىڭ «نۇسخا» سى توغرىسىدا ........ 411
ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى ........ 413
بىرنەچچە كىتاب ئوقۇش كېرەك ........ 415
ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك ........ 418
باشقىلارنىمۇ ئويلاش كېرەك ........ 421
تاسادىپىي تەسىرات ........ 424
چىن لىجەي خانىم ۋەقەسى توغرىسىدا ........ 427
«‹…› ۋە ‹□□□□›، ھەققىدە» ئۇچۇن قوشۇمچە
........ 430
زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كىم ........ 433
بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش ........ 436

[قوشۇمچە] «چىلتەكلىك ئەدەبىيات توغرىسىدا» (لىن مو) ...... 438
ئويۇنچۇق ...... 444
ئۇششاق يىمەكلىك ...... 447
«بۇ تالىپ ياكى ئۇ تالىپ» ...... 450
دەل ۋاقتى ...... 452
تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ...... 455
يەنە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا ...... 458
«تەلتۆكۈس» نىڭ سىرى ...... 461
تومۇزغا دۇنياسى ...... 464
ھېسابلاپ كۆرۈش ...... 467
سۇنىڭ تىلى ...... 470
چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن (A) ...... 473
ئىككى پارچە خەت ...... 477
چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن (B) ...... 482
ماقالىگە ئىشلەش ...... 485
كىتابتىن پارچە خاتىرە (1) ...... 487
كىتابتىن پارچە خاتىرە (2) ...... 490
جەدىتلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك ...... 493
شۇكۇر ـ قانائەت قىلدۇرۇش چارىسى ...... 496
ھەيرانمەن (1) ...... 499
ھەيرانمەن (2) ...... 502
ئىلاھقا سىغىنىش ۋە ئادەم چىشلەش ...... 505
كىتابتىن پارچە خاتىرە (3) ...... 508



«قار ئۇچقۇنلىماقتا» ...... 511
خەنزۇچە ھەرپ ۋە لاتىنچىلاشتۇرۇش ...... 514
«شېكسپېر» ...... 518
سودىگەرنىڭ تەنقىدى ...... 521
تاۋۇز چاغىنىدىكى ئىككى تىلىكىم ...... 524
ئىمتىھاندىكى ئۈچ رەسۋاچىلىق ...... 527
يەنە «شېكسپېر» ...... 530
تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنىڭ قىيىنلىقى ...... 533
ھەيرانمەن (3) ...... 536
مېي لەنفاڭ ۋە باشقىلار ھەققىدە (A) ...... 539
مېي لەنفاڭ ۋە باشقىلار ھەققىدە (B) ...... 542
تىللاپ ئۆلتۈرۈش ۋە پۇۋلەپ ئۆلتۈرۈش ...... 545
كىتاب ئوقۇشتىكى پەرھىز ...... 548
ئىزاھلار ...... 551

# گۈلشەن يارالغان سىتتارە

# كىرىش سۆز

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى
«ئەركىن پاراڭ» نىڭ مۇھەررىرى «مەملىكەت ئىچىدىكى ئەدىبلەر-
گە شۇنى سەمىمىيەت بىلەن تەۋسىيە قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن
گۈلشەن توغرىسىدا كۆپ يېزىڭلار» دەپ ئېلان[1] چىقارغاندىن
بۇيان، كونا گۈلشەنچى ئەدىبلەر بىر مەزگىل خۇشاللىقىدىن قىنىغا
پاتماي قالدى، سوغۇق گەپ قىلغانلارمۇ بار، ھەزلى قىلغانلىرىمۇ
بار، ھەتتا «ئەدەبىي ئىشپىيون» لۇقتىن باشقا ئىش قولىدىن كەل-
مەيدىغان پىستەكلەرمۇ قەدىرلىك قۇيرۇقىنى دىڭگايتتى. ھە، بوپ-
تۇ، بوران - چاپقۇندىن پاراڭ قىلىدىغان ئادەملەرمۇ گۈلشەندىن
پاراڭ قىلالايدۇ؛ گۈلشەندىن پاراڭ قىل دېسەڭ، گۈلشەندىن پاراڭ
قىلايلى، گەرچە ئىلگىرىكىدەكلا سېنىڭ دىتىڭغا ياقمىسمۇ.

يازغۇچىلارنى بىرەر تېما بىلەنلا چەكلەپ قويۇش ئەمەلىيەتتە
مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر «ئوقۇغىنىڭنى تەكرار قىل ھەر
دائىم»[2] دەپ بىر ئىمتىھان تېمىسىنى چىقىرىپ، سارقىندى
ياشلار بىلەن ھارۋىكەشلەرگە باگۇ نىزامى[3] بويىچە يېزىش تاپشۇ-
رۇلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ يېزىش ئۇسۇلى ھەرگىز ئوخشاش
بولۇپ چىقمايدۇ. تەبىئىي ھارۋىكەشنىڭ يازغان ماقالىسىنىڭ را-
ۋان بولماسلىقى چويلىدا توختىمايدىغان گەپ بولۇپ چىقىشى مۇم-
كىن؛ لېكىن ئەنە شۇ راۋان ئەمەس ۋە چويلىدا توختىمايدىغان
گەپلەر سارقىندى ياشلارنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالغان دۇنيا-
سىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. قەدىمكى رىۋايەتلەردىمۇ مۇنداق گەپلەر

بار: لېۋشياخۇي شىرنىنى كۆرۈپ: «بۇ، ئادەمگە قۇۋۋەت قىلىدىكەن» دېسە، داۋجى، بۇنى ئىشىكنىڭ لوكىسىغا سۈۋىسا بولىدىكەن، دەپتىكەن[4]، بۇلار ئاكا - ئۇكا بولسىمۇ، كۆرگەن بىر نەرسىنىڭ لازىملىق يېرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىر - بىرىنىڭكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىق بولغان. «سۇتتەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچە، غۇرقىرايدۇ سالقىن شامال؛ نېمىدېگەن ئوبدان كېچە بۇ؟»[5] مانا بۇ شېئىر يارايدۇ، بۇنىڭ ئېسىللىكىنى قول كۆتۈرۈپ تەستىقلايمەن. لېكىن، ئاي بىلەن شامالغا ئالاقىدار بولغان «ئاي قاراڭغۇلاشقان تۈنلەردە ئادەم قىرغانلار، شامال قاتتىق سوققان كۈنلەردە ئوت قويغانلار»[6] دېگەن شېئىرچۇ؟ بۇنىڭ قەدىمكى شېئىر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ؟

مېنىڭ گۈلشەن توغرىسىدىكى پاراڭلىرىممۇ، ئاخىر، بالا تاپتى، بىراق ئۇ پاراڭلىرىم «ئادەم ئۆلتۈرۈش»، «ئوت قويۇش»نى تەشەببۇس قىلغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، «گۈلشەن توغرىسىدا كۆپ يېزىڭلار» دېگەن سۆز «دۆلەت ئىشلىرىدىن ئېغىز ئاچماڭلار» دېگەن سۆز دەپ چۈشىنىلسە خاتا بولىدۇ. «دۆلەت ئىشلىرىدىن كۆپ ئېغىز ئېچىش»نىڭ كارايىتى يوق، بىراق «كۆپ» بولۇپ كېتىدىكەن، ئاتقان ئوق ياكى تاش بەزى ئەربابلارنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ كېتىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ قاڭشار ئۇلارنىڭ قورالى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋىۋىسكىسى - دە.

6 - ئايدىن تارتىپ يازغان ماقالىلىرىمنى ھەر خىل تەخەللۇس بىلەن بەردىم، بۇنىڭدىن مەقسىتىم — بىر تەرەپتىن، چاتاققا قېلىشتىن ساقلىنىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ كىتابخانلارنى ماقالە بىلەن كارى بولماي، ئاپتورنىڭ ئىمزاسىغا قارايدىكەن دەپ ھاقارەتلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن ماقالىنى كۆزى بىلەن ئوقۇماي، پەقەت بۇرنى بىلەنلا پۇرايدىغان بەزى «ئەدىب»لەر ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىشتى؛ ئۇلار-





نىڭ پۇراش ئىقتىدارى باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر يېڭى يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قالسا، لۇشۈننىڭ تەخەللۇسى بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن تىنماي كوتۇلدىدى، بەزىدە ھەتتا كىتابخانلارنىڭمۇ بېشىنى ئوچاق قىلىۋەتتى. تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستۈمگە ئالغانلىقىمنىڭ ئىشارىتى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا قوللانغان تەخەللۇسلىرىمنى ھازىرمۇ شۇ ماقالىلەرنىڭ ئۆزىدە قالدۇردۇم.

ئىلگىرىكى رەتلەش ئۇسۇلۇمغا ئوخشاشمايدىغان يەنە بىر يېرى شۇكى، ئېلان قىلىش ۋاقتىدا ئۆچۈرۈپ تاشلانغان سۆزلەرنى ھەر ھالدا تولدۇرۇپ قويدۇم ۋە مەسىلە روشەنلەشسۇن دەپ، شۇ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىلىرىنىمۇ قويۇپ قويدۇم. شۇ سۆزلەرنى مۇھەررىر ياكى باش مۇھەررىر ئۆچۈرۈۋەتكەنمۇ ۋە ياكى ھۆكۈمەت تەرەپتىن قويۇلغان تەكشۈرگۈچىلەر ئۆچۈرۈۋەتكەنمۇ، بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى؛ لېكىن مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، بەزى جۈملىلىرى ئۆزگەرتىلگەن، بەزى مەنئى قىلىنىدىغان سۆزلىرى چىقىرىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ماقالىنىڭ ئىبارىلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ ئوقۇشقا بولىدىغان يەرلىرى مۇھەررىرنىڭ قىلغان ئىشى بولسا كېرەك؛ ئىبارىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە يەملىشىپ كېلىش - كەلمەسلىكىدىن، مەنىسىنىڭ تولۇق بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مالىمان ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىرى — بەگ - غوجاملار بېكىتكەن ماقالە.

ياپونىيىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ مەنئى قىلىش ئەھۋاللىرى بار، لېكىن ئۇلار ئۆچۈرۈپ تاشلىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئاق قالدۇرىدۇ ياكى ئۇ يەرگە سىزىق تارتىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار ئەھۋالنى چۈشىنىۋالالايدۇ. جۇڭگونىڭ تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلىرى بولسا، ئۆچۈرۈپ تاشلانغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئاق

قالدۇرماي، بىر - بىرىگە ئۇلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانىلار تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىنىڭ ئىزىنى بىلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق مۇجمەللىك ۋە چۈشىنىكسىزلىكلەر تامامەن ئاپتورغا يۈكلىنىپ قالىدۇ. بۇ چارىسى ياپونىيىدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىلغارلىقتۇر، بۇ ئەھۋالنى ھازىر بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ قويدۇم، جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تور - تۇزاقلىرى تارىخىدا ناھايىتى قىممەتلىك دەستۇر بولۇپ قالسۇن.

ئۆتكەن توپتوغرا يېرىم يىل ئىچىدە ئۇتتۇرلۇق ئاز - پاز يازغانىدىم، شۇ يازغانلىرىم بىلىنەر - بىلىنمەس يەنە بىر دەپتەر بولۇپ قاپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇلار «ئەدەب»لەر تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدىغان پەلىپەتىش ماقالىلەردىنلا ئىبارەت. لېكىن، بۇنداق ماقالىلەر ھازىر كۆپ ئەمەس، «تەمەش» تېرىدىغان ئادەملەر بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسە تېرىۋېلىشمۇ مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنىڭ ۋاقتىنچە ئۆمۈر سۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بۇنى توپلاپ نەشر قىلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ.

1934 - يىل





# 1933 - يىل

## تۈنگە مەدھىيە[7]

يۇگۇاڭ

تۈننى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرمۇ يالغۇز غېرىبلار، بىكار تەلەپلەر، كۈرەش قىلالمايدىغانلار، يورۇقلۇقتىن قورقىدىغانلارلا ئەمەس.

ئادەملەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى كۈندۈز بىلەن كېچىدە، ئاپتاپ ئاستىدا ۋە چىراغ تۈۋىدە كۆپ ھاللاردا پەرقلىق بولىدۇ. تۈن — پەرۋەردىگار ئالەم تەييارلىغان غايىب تۈن، پەرۋەردىگار ھەممە ئادەمگە يېپىپ، ھەممە ئادەمنى سوغۇقتىن ساقلايدۇ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ سۈنئىي نىقابلىرىنى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىختىيارسىز سېلىپ تاشلاپ، ئەنە شۇ بىپايان قارا تورغا ئوخشاش نەرسىگە قىپيالىڭاچ ئورىلىدۇ.

تۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يورۇقلۇقمۇ، قاراڭغۇلۇقمۇ بولىدۇ. سۇس يورۇقلۇق، گۇڭگا قاراڭغۇلۇق، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تۇم قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. تۈننى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ تۈننى ئاڭلايدىغان قۇلىقى، تۈننى كۆرىدىغان كۆزى بولىدۇ، ئۆزى قاراڭغۇدا تۇرغان بولسىمۇ ھەممە قاراڭغۇلۇقنى كۆرىدۇ. ئالىيجانابلار ئېلېكتر چىرىغى ئاستىدىن قاراڭغۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، كېرىلىدۇ؛ ئاشىق - مەشۇقلار ئايدىڭدىن دەرەخ

دالدىسىغا ئۆتۈپ، بىردىنلا كۆز نۇرىنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرگۈزىدۇ. تۈن يېتىپ كېلىش بىلەنلا بارلىق ئەدىب، ئالىملارنىڭ ئاپتاپ تاۋلىنىپ تۇرغان كۈندۈزدە كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاق قەغەزلەرگە يازغان بىتەرەپ، خۇنۇك، ئەجەبلىنەرلىك، دەرغەزەپلىك، يارقىن ئەسەرلىرىنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يالۋۇرۇش، خۇشامەتچىلىك، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، پوچىلىق ۋە نەيرەڭۋازلىق بىلەن تولغان تۈن ھاۋاسىلا قالىدۇ - دە، ئۇ خۇددى بۇددا سۇرەتلىرىدىكىگە ئوخشاش ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان بىر ھالقا بولۇپ، دەريادەك ئىلىم - بىلىمى بار مېڭىلەرگە كىيىلىپ قالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تۈننى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر تۈن ئاتا قىلغان نۇردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە كىيگەن سەتەڭ خېنىملار ئاسفالىت كوچا بويىدىكى ئېلېكتر نۇرىدا قالتىس تاقىلداپ ماڭىدۇ، لېكىن بۇرنىنىڭ ئۇچىدا يالتىراپ تۇرغان ياغلىق تەرلىرى ئۇلارنىڭ سەتەڭلىكنى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان يورۇقلۇقتا شۇنداق مېڭىۋېرىدىغان بولسا، بۇ يورۇقلۇق ئۇلارنى «چۈشكۈنلۈك» تەقدىرىگە ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. قاتىرىسىغا تاقىلىپ كەتكەن دۇكانلارنىڭ كۆڭگا قاراڭغۇلۇقى ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن يورغا ئاتتەك بىر خىل تېز كېتىۋاتقان قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، بىر ئۇھ دەيدۇ - دە، ئەنە شۇ چاغدىلا تۈننىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ياشارتىدىغان سالقىن شامىلى سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

تۈننى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ۋە سەتەڭ خېنىملار تۈن بەخش ئەتكەن ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن تەڭلا بەھرىلىنىدۇ.

تۈننىڭ تۈگىشى بىلەن ئادەملەر يەنە ئاستا ئاۋايلاپ ئورنىدىن





تۇرۇشىدۇ، تاشقىرىغا چىقىشىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ھەتتا ئەر - خوتۇنلارنىڭ قىياپىتىمۇ شۇنىڭدىن بەش - ئالتە سائەت ئىلگىرىكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يېپ بازىرىنى، ۋاڭ - چۇڭنى باشلايدۇ. لېكىن، ئېگىز تاملارنىڭ ئارقىسىدا، كاتتا بىنالاردا، ئىچكەركى ھوجرىلاردا، قاراڭغۇ تۈرمىلەردە، مېھمانخانىلاردا، مەخپىي ئورگانلاردا كىشىنى سۈر باستۇرىدىغان ھەقىقىي زور قاراڭغۇلۇق يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ھازىرقى كېچە - كۈندۈز، ئۇيان - بۇيان شاپاشلاشلار ئەنە شۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى، ئادەم گۆشىدىن تەييارلانغان سۈرئەت قاچىلانغان كۈپلەرنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قاپقاقلىرى بولسا مەلئۇنلارنىڭ مەڭزىدىكى ئەڭلىك. پەقەت تۈننىڭ ئۆزىلا ساپ. مەن تۈننى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا تۈندە «تۈنگە مەدھىيە» يازدىم.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# ئىتتەرمەك (8)

فېڭ جىيۇ

بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىلگىرى گېزىتتە مۇنداق بىر خەۋەر چىققاندەك بولدى: گېزىت ساتىدىغان بىر بالا گېزىتنىڭ پۇلىنى ئالىمەن دەپ، تراموۋاينىڭ پەلەمپىيىگە چىقىۋېتىپ، تراموۋايدىن چۈشۈۋاتقان بىر ئادەمنىڭ پېشىگە دەسسەپ سالغانىكەن، ئۇ ئادەم قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، كۈچەپ تۇرۇپ بىر ئىتتەرگەنىكەن، بالا يىقىلىپ تراموۋاينىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغالغان تراموۋاي دەرھال توختىماي، بالىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

بالىنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتكەن ئادەم ئاللىقاچان قاياقلارغىدۇر كېتىپتۇ. لېكىن، پېشىنىڭ دەسسەلگىنىدىن قارىغاندا، تون كىيگەن ئادەم بولسا كېرەك. ئۇ «ئالىي مەرتىۋىلىك جۇڭگو ئادىمى» بولمىغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھالدا يۇقىرى مەرتىۋىگە مەنسۇپ ئادەم بولسا كېرەك.

بىز شاڭخەي كوچىلىرىدا ماڭغاندا، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ياكى ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قىلچە يول بەرمەستىن، ھۆرپەيگىنىچە ئىتتىرىپ ـ سوقۇپ ماڭىدىغان ئىككى خىل ئادەمنى دائىم ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇلارنىڭ بىر خىلى — ئىككى قولى بىلەن ئەمەس، پەقەت خادا ياغاچتەك ئىككى پۇتى بىلەن گويا ئالدىدا ھېچبىر ئادەم يوق يەردە ماڭغاندەك ئالچاڭلاپ ماڭىدۇ، ئەگەر يول بەرمىسىڭىز، قورسىقىڭىزغىمۇ، يەلكىڭىزگىمۇ دەسسەپ كېتىۋې-





رىدۇ. بۇلار ئەجنەبىي خوجاملار، «ئالىي مەرتىۋىلىك»لەر؛ ئۇلارنىڭ جۇڭگو ئادەملىرىدەك يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقى يوق. يەنە بىر خىلى — ئىككى بىلىكىنى خۇددى چايانىنىڭ ئامبۇرسىمان پۇتىغا ئوخشاش يۇقىرىسىغا ئېگىپ، ئالىقىنىنى تاشقىرىغا قارىتىپ ئالدىغا توغرا كەلگەنلىكى ئادەمنى ئىتتىرىپ ماڭىدۇ، ئىتتىرىلگەن ئادەمنىڭ پاتقاققا ياكى ئوتقا چۈشۈپ كېتىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇلار بىزنىڭ ئۆز قېرىندىشىمىز، لېكىن «يۇقىرى مەرتىۋە»لىك قېرىندىشىمىز؛ بۇلار تراموۋايغا چۈشمەكچى بولسا، 2 ـ دەرىجىدىن 3 ـ دەرىجىگە ئۆزگەرتىلگەن تراموۋايغا چۈشىدۇ؛ گېزىت ئوقۇماقچى بولسا، قاراڭغۇ پەردە ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى يازىدىغان كىچىك گېزىتلەرنى ئوقۇيدۇ، گېزىتنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىدا شۆلگەيلىرىنى ئىچىگە يۇتىدۇ؛ لېكىن مىدىرلىسىلا يەنە ئىتتىرىدۇ.

ئۇلار تراموۋاي ـ ئاپتوبۇسقا چىقىشتا، ئىشىكتىن كىرىشتە، بېلەت سېتىۋېلىشتا، پوچتىغا خەت سېلىشتا ئىتتىرىدۇ؛ ئىشىكتىن چىقىشتا، تراموۋاي ـ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشتە، بالادىن ئۆزىنى چەتكە تارتىشتا، قازادىن قېچىشتا ئىتتىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىتتەرگەنلىكى دەستىدىن ئاياللار، بالىلار دەلدەڭشىدۇ، يىقىلىدۇ؛ ئۆزلىرى بولسا تىرىك ئادەملەرنى دەسسەپ ماڭىدۇ، تىرىك ئادەملەر دەسسىلىپ ئۆلسە، جەسىتىنى دەسسەپ ئۆتۈپ، تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن، خۇددى ھېچبىر ۋەقە بولمىغاندەك، ئۆزىنىڭ قېلىن كالپۇكىنى تىلى بىلەن يالاپ قويىدۇ. كونىچە تاڭزۇڭزا چاغىنىدا بىر چاڭچىلىخانىدا، ئوت كېتىپتۇ دېگەن پىتنە سەۋەبى بىلەن يەنە ئىتتىرىش بولۇپ، ياش قۇرامىغا يەتمىگەن 10 نەچچە كىچىك بالىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ داق يەردە ياتقان جەسەتلىرىنى كۆرىمىز، دەپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ، يەنە ئىتتىرىش

ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ.

ئىتتىرىش نەتىجىسى خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي: «بەللى، نېمىدېگەن پەيزىلىك تاماشا بۇ!» دېگەندىن ئىبارەت.

شاڭخەيدە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ئىتتەرمەك ۋە دەسسىمەكتىن خالىي بولىمەن دېيىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىتتەرمەك ۋە دەسسىمەك تېخىمۇ كۆپىيىدىغاندەك تۇرىدۇ. بارلىق تۆۋەن مەرتىۋىلىك جۇڭگو ئادەملىرى ئىچىدىكى گۆدەكلەرنى، ئاجىزلارنى ئىتتىرىپ يىقىتىشىدىغان، بارلىق تۆۋەن مەرتىۋىلىك جۇڭگو ئادەملىرىنى دەسسەپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر پەقەت ئالىي مەرتىۋىلىك جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ مۇنداق مەدھىيىسىلا قالدى، — «بەللى، نېمىدېگەن پەيزىلىك تاماشا بۇ! مەدەنىيەتنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقانداق نەرسىنى قۇربان بېرىشتىن باش تارتماسلىق كېرەك، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار!»

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





# ھەييارلىق سەنئىتى(9)

فېڭ جىيۇ

شەرقىي جېجياڭنىڭ قايسىبىر يېرىدىكى چاڭچىلە ئارتىسلىرى ئىچىدە «مۇغەمبەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل رول بار، چىرايلىقراق قىلىپ ئېيتساق، «ھەييار» دېگەننىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنىڭ قىزىقچىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ زوراۋانلىق قىلىشتىن تەپ تارتمايدىغان سەتەڭ بايۋەچچىلەرنىڭ رولىنى ئالمايدۇ، ۋەزىرنى ھىمات قىلىپ ئۆكتەملىك قىلىدىغان دورغىلارنىڭ رولىغىمۇ چىقمايدۇ، ئۇ پەقەت بايۋەچچىلەرنى قوغدايدىغان ئاتارمەنلەرنىڭ ياكى بايۋەچچىلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرىدىغان شاتۇر - چاپارمەنلەرنىڭ رولىنى ئورۇندايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى قىزىقچىدىن ئۈستۈن. خۇلق - مىجەزى بولسا قىزىقچىدىنمۇ بەتتەر.

مالاينىڭ رولىنى مويسىپىت رولىنى ئوينايدىغانلار ئورۇندايدۇ. مالاي ئاۋۋال پەند - نەسىھەت قىلىدۇ، ئاخىر ئۆز خوجايىنى يولىدا جان بېرىدۇ؛ كاززاپنىڭ رولىنى قىزىقچى ئورۇندايدۇ، ئۇ يامانلىق قىلىپ، ئاخىر ئۆز بېشىنى يەيدۇ. لېكىن، ھەييارنىڭ ھۈنىرى باشقىچە بولىدۇ، ئۇ تۇرقىدىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بىر ئاز ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ قولىدىن مۇزىكا چېلىشمۇ، شاھمات ئويناشمۇ، يېزىش - سىزىشمۇ كېلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ساقىيلىقمۇ قىلالايدۇ، تېپىشماق تېپىش ئويۇنىنىمۇ ئوينىيالايدۇ؛ لېكىن ئۇنىڭ پاناھ قىلىدىغىنى دۆلەتمەن ھوقۇقدار، خورلايدىغىنى

پۇقرا؛ كىمكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا، خۇشال بولۇپ گۈلقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، كىمكى تۆھمەتكە قالغان بولسا، ئۇ ھايت ـ پايت دەپ ئۇنى قورقۇتۇپ قويىدۇ. لېكىن، ئۇ ھەممىشە شۇ ھالدا تۇرۇۋەرمەيدۇ، كۆپ چاغلاردا يەنە سەھنە ئالدىدا ئولتۇرغان تاماشىچىلارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ بايۋەچچىسىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ: «قاراڭلار بۇ بىرنېمىنى، مانا ئەمدى پالاكەتچىلىككە قالىدىغان بولدى!» دەپ، غەلىتە قىلىق بىلەن بېشىنى چايقايدۇ.

مانا مۇشۇ ئاخىرقى قىلىقى ھەييارنىڭ خۇسۇسىيىتى. چۈنكى، ئۇ مالايدەك كالۋا ئەمەس، كاززاپتەك چاندۇرۇپمۇ يۈرمەيدۇ، ئۇ زىيالىي. ئۇنىڭ ئۆزى پاناھ تارتىپ تۇرىدىغان مۇز تاغنىڭ مەڭگۈلۈك بولماسلىقىغا، كېيىنكى كۈنلەردە باشقىلارغا گۈپپاڭچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز خوجايىنى ئاش ـ نان بېرىۋاتقان، ئۆز خوجايىنىنىڭ سايىسىدە گىدىيىپ يۈرۈۋاتقان چاغلىرىدىمۇ شۇ خوجايىنى — شۇ ئېسىلزادە بىلەن بىر قوۋم ئەمەستەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

ھەييارلار تەييارلىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە بۇنداق رول بولمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ ئۇلار بۇنى تەن ئالمايدۇ. قىزىقچىلار يەنى سەتەڭ بايۋەچچىلەر تەييارلىغان سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار بىر تەرەپىنىلا كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن، مۇغەمبەرلەرنى بولسا پۇقرالار تازا ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى تىپىكلەشتۈرۈپ رولغا كىرگۈزىدۇ.

جاھاندا دۆلەتمەن ھوقۇقدارلارلا بولىدىكەن، ياۋۇز كۈچلەر بولماي قالمايدۇ؛ ياۋۇز كۈچلەر بولىدىكەن، مۇغەمبەرلەر بولماي قالمايدۇ، مۇغەمبەرلىك سەنئىتىمۇ بولماي قالمايدۇ. بىرەر تۈرلۈك ژۇرنالنى ئېلىپ، ئۇنى بىرەر ھەپتە ئوقۇيدىغان بولساق،





ئۇنىڭ بىردەم باھاردىن زارلىنىدىغانلىقىنى، بىردەم ئۇرۇشنى مەدھىيىلەيدىغانلىقىنى، بىردەم بېرنارد. شاۋ[10] نىڭ نۇتۇقلىرىنى تەرجىمە قىلىدىغانلىقىنى، بىردەم نىكاھ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز؛ لېكىن شۇ ئارىلىقتا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا نارازى بولغانلىقىنى مەردانىلىك بىلەن بىلدۈرۈپمۇ قويىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى ھۈنىرىنى ئىشلەتكەنلىكى.

بۇ ئاخىرقى ھۈنىرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ گۈپپاڭچى ئەمەسلىكىنى پەردىلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن پۇقرالار چۈشىنىپ بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ تىپى سەھنىدە ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ قالغان.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# تاسادىپ[11]

ۋېيسۇ

يۇرت سوراشنى بىلىدىغان ئەربابلار يۇرت سوراشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ھەر يەردە تاپالايدىكەن. ھازىر سىچۈەندە بىر ئەرباب ئۇزۇن كىيىم رەخت ئىسراپ قىلىدىكەن دەپ، ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن كىيىملىرىنى كەستۈرۈۋېتىپتۇ[12]؛ شاڭخەيدىمۇ بىر مەشھۇر ئەرباب چايخانىلارنى رەتكە سالماقچى بولۇۋېتىپتۇ[13]؛ ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن رەتكە سالارمىش: بىرىنچى، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىككىنچى، ۋاقىتنى بەلگىلەش؛ ئۈچىنچى، تەربىيىنى يولغا قويۇش.

بىرىنچى ماددىسى يارايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىككىنچى ماددىسىغا كەلسەم، چايخانىغا كىرىش ۋاقتىدىمۇ، چايخانىدىن چىقىش ۋاقتىدىمۇ، خۇددى مەكتەپنىڭ دەرس ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، قوڭغۇراق چېلىش بىرئاز ئاۋارىگەرچىلىك بولسىمۇ، لېكىن چاي ئىچىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي نېمە چارە بار، ئۇنىڭمۇ يامان دېگۈچىلىكى يوق.

ئۈچىنچى ماددىسىنى ئورۇندىماق ھەممىدىن تەس. «نادان ئادەم»لەر چايخانىغا خەۋەر ئاڭلايمىز، مۇڭدىشىمىز دەپ بارغاندىن باشقا، «باۋ جېڭ ھەزرەتنىڭ قىسسىسى»[14] دېگەندەك بىر نېمىلەرنىمۇ ئاڭلايمىز دەپ بارىدۇ؛ بۇنداق بىر نېمىلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولغانلىقى، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرى





قارىسىغا مەدداھلىق قىلىۋېرىدۇ، باشقىلار قارىسىغا ئاڭلاۋېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چايخانىدا زېرىكمەي ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئەمدى ئۇلارنى «پالانى ھەزرەتنىڭ قىسسىسى»گە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى، قولاق سېلىپ ئولتۇرماسلىقى مۇمكىن. مەخسۇسلا دۈشمەننىڭ سىرلىق تارىخى، ئىچكى سىرلىرىنى سۆزلەپ بېرىشسە، سۆزلىگۈچىنىڭ دۈشمەن دەپ قارىغانلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە دۈشمەن بولۇپ چىقىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىقىغا ياقماسلىقى مۇمكىن. نەتىجىدە، چايخانىنىڭ ئىگىسىنى پېشكەللىك باسىدۇ، يەنى تىجارىتى كاساتلىشىدۇ.

چىڭ دەۋرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىزنىڭ يۇرتىمىزدا «كۆز مونچاقلار چاڭچىلە ئۆمىكى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چاڭچىلىكەشلەر ئۆمىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جىسمى ئىسمىغا لايىق ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوينىغان چاڭچىلىرى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، ھېچكىم ياراتمايتتى. ماھارەتتە كاتتا ئەدىبلەردىن قېلىشمايدىغان يېزا خەلقى ئۇلار ھەققىدە مۇنداق ناخشا توقۇغان:

«كۆز مونچاقلار سەھنىدە ئوينىسا،
تاماشىچىلار زېرىكىپ تارقايدۇ؛
چاڭچىلىخانىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاشسا،
تاملىرىدىن يامىشىپ سەكرەيدۇ؛
دەرھال تارتىپ تۇرۇۋېلىشسا،
چۆچۈرىپەزنىڭ ئەپكىشىلا قالىدۇ.»

تاماشىچىلارنىڭ ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقىنى زورلۇق بىلەن چەكلىگىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلار ياراتمايدىكەن، ئۇلارغا ئىسىلد-

ۋالغانلىقىمۇ پايدىسى يوق. بىرنەچچە خىل ژۇرنال، سەھىپىنى
ئالسام، ئۇلار پۇلى، قۇدرىتى بولغاچقا، جاھانغا كەڭ تارقىلىشى
كېرەك ئىدى، لېكىن ئوقۇيدىغانلار چەكلىك، ماقالە بېرىدىغانلار-
مۇ ئاز بولغاچقا، ئىككى ئايدا ئاران بىر سان چىقىۋاتىدۇ.
ھەجۋىي ئۆتكەن ئەسىردىكى قىرىلارنىڭ جۆيلۈشلىرىگەئايلىنىپ
قالدى[15] : ھەجۋىيسىز ياخشى ئەسەرلەرمۇ كېيىنكى ئەسىر ياشلى-
رىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى





# شەپەرەڭ توغرىسىدا[16]

يۈگۋاڭ

كىشىلەر كېچىسى تاشقىرىغا چىقىدىغان مەخلۇقلارنى ئومۇمەن
بىر ئاز يامان كۆرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ
كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادىتى ئادەملەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشاشمايدى-
غانلىقى بولسا كېرەك؛ شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ تۈن كېچىدە قات-
تىق ئۇخلاپ ياتقان ياكى «خۇپپيانە سەيلە»[17] گە چىققان چاغلى-
رىمىزدا بىرەر سىرىمىزنى بىلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلى-
دىغانلىقى بولسا كېرەك.

شەپەرەڭمۇ كېچىدە ئۇچىدىغان مەخلۇقلاردىن بولسىمۇ، لې-
كىن جۇڭگودا ئۇنىڭ نامى ھەر ھالدا يامان ئەمەس. بۇنداق بولۇ-
شىمۇ ئۇنىڭ پاشا، كۇمۇتىلەرنى يەپ، ئادەمگە پايدا يەتكۈزىدىغانلى-
قىدىن ئەمەس، كۆپىنچە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ «شەرەپ» دېگەن سۆز-
نىڭ ئاھاڭىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئەنە شۇن-
داق بىر چىرايدا تۇرۇقلۇق رەسىم - سۈرەتلەرگە چۈشەلىشى
ھەقىقەتەن ئىسمىنىڭ چىرايلىق بولغانلىقىنىڭ خاسىيتى. يەنە،
جۇڭگو ئادەملىرى ئەسلىدە قانات چىقىرىپ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈشنى
ئارزۇ قىلاتتى، باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەلەيدىغان
بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ كۆرگەن. دەرۋىشلەر قاناتلىق بولۇش-
نى، پادىشاھلار ئەرشكە ئۇچۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا،
ئاشىق - مەشۇقلار قوشماق قۇش[18]، جۈپ قاناتلىق قۇش بولۇش-
نى ئارزۇ قىلاتتى، جەبىر - زۇلۇم تارتقانلار قانات ياساپ ئۇچۇپ

كېتەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەت چېكەتتى. يولۋاسنىڭ قاناتلىق بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا قويقا چاچلىرى تىك تۇرغان ئادەملەر ئالتۇن قوڭغۇز[19] نىڭ ئۇچۇپ كەلگىنىنى كۆرگىنىدە خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالمايتتى. موزىنىڭ ياغاچتىن ياسىغان ھومايۇن قۇشى[20] ئاخىر ئىزناسىنى يوقاتتى، مەنىۋى مەدەنىيەتكە تولىمۇ بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئىئانە پۇل توپلاپ چەتئەلدىن سېتىۋالمىغۇچە ئايروپلانلىق بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس[21]. زامان شۇنداق بولغاچقا، ئىشنىڭ يولىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇنىڭ قىلچىلىكمۇ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. لېكىن، ياساش قولىمىزدىن كەلمىگەن بولسىمۇ، تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقانغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ قانىتى بارلىقىنى كۆرسەك ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمەيمىز، ھەتتا مەشھۇر ئەدىبلەر شۇنداق بىر نېمىلەرنى ئۆز شېئىرىغا ماتېرىيال قىلىپ، «گۈگۈم چۈشكەندە ئىبادەتخانىغا، ئۇچۇپ يۈرىدۇ شەپەرەڭلەر» دېگەندەك قالتىس سەترلەرنىمۇ توقۇغان.

لېكىن، پەرەڭلەردە ئۇنداق يۈكسەك ھەۋەس يوق، ئۇلار شەپەرەڭنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، مەن ئويلايمەنكى، بۇنىڭ گۇناھىنى ئىزوپ[22] قا ئارتىش كېرەك. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە مۇنداق گەپ بار: ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قاناتلار ئۆز ئالدىغا يىغىن ئېچىپتۇ، شەپەرەڭ ھايۋانلارنىڭ قاتارىغا بارغىنىكەن، ئۇنىڭ قانىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھايۋانلار ئۇنى ئۆز قاتارىغا ئالماپتۇ؛ ئۇچار قاناتلار قاتارىغا بارسا، ئۇنىڭ تۆت ئايىغى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆز قاتارىغا ئالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرار يەر تاپالماي قاپتۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن مەيدانسىزلىقنىڭ ئىشارىتى بولغان بۇ شەپەرەڭنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

جۇڭگو يېقىندىن بۇيان پەرەڭلەرنىڭ بەزى كلاسسىك تەمسىل‍ـ





لىرىنى تېپىۋېلىپ، بەزى ۋاقىتلاردا شەپەرەڭنىمۇ سۆكىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ مەسەل ئىزوپتىن چىققانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىدە زوئولوگىيە (ھايۋاناتشۇناسلىق) ناھايىتى گۆدەك ئىدى. ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. كىتنىڭ نېمىگە كىرىدىغانلىقىنى، شەپەرەڭنىڭ نېمىگە كىرىدىغانلىقىنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر كىمكى بەزىبىر يۇناننىڭ قەدىمكى تەمسىللىرىنى راست ئىش دەپ سۆزلەيدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ ئىزوپ دەۋرىدە ئۆز ئالدىغا يىغىنلار ئاچقان ئىككى تۈرلۈك تۆرە ۋە خېنىملارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرگەن بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى لياڭ شىچيۇ[23] ئەپەندى رېزىنكە ئاياغنى چۆپ خەي بىلەن بەتىنكە ئارىلىقىدىكى بىر نەرسە دەپ قاراپتۇ؛ ئۇنىڭ بىلىمىمۇ شۇلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئەگەر ئۇ يۇنانىستاندا ياشىغان بولسا، ئورنىمۇ ئىزوپتىن تۆۋەن بولغان بولاتتى؛ بىراق ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئۇ تولىمۇ كېيىن تۇغۇلۇپ قاپتۇ.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

# «چەن» (24)

لۇيسۇن

جۇڭگو ھەر ھالدا مەدەنىيەت جەھەتتە ھەممىدىن كونا يەر، شۇنداقلا ئىنسانىيەتچىلىككىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان دۆلەت، ئادەمنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كەلگەن. گاھىدا خورلاپ قويۇشى ۋە قىرىپ تاشلىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئادەم ئەمەس بىر نەرسە ئىكەنلىكىدىن بولغان. پادىشاھلارنىڭ بوغۇزلىغانلىرى «ئاسىي»لار؛ ھۆكۈمەت لەشكەرلىرىنىڭ يوقاتقانلىرى «باسمىچى»لار؛ جاللاتلارنىڭ ئۆلتۈرگەنلىرى بولسا «گۇناھكار»لار. مانجۇلار «جۇڭشىياغا كىرىپ خوجا بولغان»دىن كېيىن، ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ ئادەت ئۇلارغىمۇ يۇققان؛ پادىشاھ يۇڭجېڭ ئۆزىنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئاۋۋال ئۇلارنى «ئاچىنا» ۋە «سېسىخى» (25) دەپ ئاتىغان. مەن مانجۇچە تىلنى بىلمەيمەن، تەرجىمە قىلسا ئېھتىمال «توڭگۇز» ۋە «ئىت» دېگەن سۆز بولسا كېرەك. خۋاڭ چاۋ (26) ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئادەمنى ئوزۇق قىلغانىكەن. لېكىن، ئۇنى ئادەمنى يېگەن، دېيىلسە توغرا بولمايدۇ، ئۇنىڭ يېگەن نەرسىسى «ئىككى پۇتلۇق قوي» ئىمىش.

ۋاقتى XX ئەسىردە، ئورنى شاڭخەيدە، باتىنىدا — ماھىيەتتە ھەر قاچان «ئىنسانىيەتچىلىككە ئەھمىيەت بېرىدۇ»غان بولسىمۇ، لېكىن زاھىرىدە — ئەمەلىيەتتە پەرقىنىڭ بارلىقى تۇرغان گەپ. جۇڭگونىڭ بىر قىسىم «ئادەم» ئەمەس جانلىق بىرنېمىلىرىگە پەرەڭ خوجاملارنىڭ قانداق ئۇنۋان بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، پە-





رەڭ خوجاملارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بەرگەن ناملاردىنلا خەۋىرىم بار.

ئەگەر كونسېسسىيە كوچىلىرىدا دائىم ماڭىدىغان بولسىڭىز، بەزىدە مۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچراپ قالىسىز: كاستۇم كىيگەن بىرنەچچە نەپەر ئۆز قېرىنداشىمىز ۋە بىر نەپەر يات قېرىنداش (بەزىدە يات ئادەم بولمايمۇ قالىدۇ) سىزگە تاپانچىلىرىنى تەڭلەپ، ئۈستۈبېشىڭىزنى ۋە قولىڭىزدىكى نەرسىلەرنى ئاختۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇچراتقىنى ئاق تەنلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدۇ؛ سېرىق تەنلىك بولسىچۇ؟ ئەگەر ياپون بولسا، تاپانچىلىرىنى تەڭلىمەي، كېتىۋېرىڭ، دەيدۇ؛ پەقەت مەدەنىيەتتە ھەممىدىن كونا بولغان خۋاڭدى ئەۋلادلىرى كۆرگۈلۈكنى كۆرۈشتىن «خالي بولالمايدۇ». بۇنى شياڭگاڭلىقلار «ئۈستۈبېشىنى ئاختۇرۇش» دەيدۇ، بۇمۇ ھېچقانچە سەت گەپ ئەمەس. لېكىن، شاڭخەيلىكلەر بولسا «چەن» دەپ ئاتايدۇ.

چەن — مىلتىق بىلەن قارىغا ئېلىپ ئاتىدىغان نىشان. بۇ ئاتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى يىلى 9 - ئايدىن بۇيانلا بىلدىم(27). 400 مىليون چەن مەدەنىيەتتە ھەممىدىن كونا جايدا قاتار تۇرۇپتۇ، بۇ چەنلەر تېخى ئوق تەگمىگەنلىكىگىلا شۈكۈر قىلماقتا. پەرەڭ خوجاملارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھەقىقەتەن ئۆز قېرىنداشلىرىغا قالتىس چىرايلىق ئات قويۇپتۇ.

لېكىن بىز، يەنى «چەن»لەر بىر - بىرىمىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇشتا ھەر ھالدا بىر - بىرىمىزگە خېلى رىئايە قىلىمىز. مەن كونا «شاڭخەيلىك» ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن شاڭخەي دېگەن يەردە ئادەملەر ئىلگىرىكى چاغلاردا تىللىشىپ قالسا، بىر - بىرىگە قانداق ئۇنۋانلارنى بېرىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. خاتىرىلەرگە قارىسام، «تومپاي»، «دۆت» دېگەن ئۇنۋانلار بار ئىكەن. «كالا كومشار» دېگىنى «توڭگۇز» دېگەن سۆزنىڭ پەردە

بىلەن ئېيتىلىشى بولسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا پەردە بىلەن ئېيتىلغان سۆز بولغاچقا، ئۇنىڭ «ئۇقۇملۇق» بولمىسىمۇ، «چىرايلىق» ئېسىل مەنىسى بار. ئەگەر ھازىرقى كۈندە شۇنداق ئۇنۋان بېرىلگەن ئادەم، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ قارايدىغان بولسا، قان تولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ: «ھۇ ••• چوشقا!» دەپ ۋارقىرىشى مۇمكىن.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى





# «بىكارچى» (28)

لۇيسۇن

شاڭخەيلىكلەرنىڭ «بىكار» دېگەن سۆزىنى ئادەتتىكى گەپ بىلەن «ئويۇن ـ تاماشا» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؛ «بىكارچى» دېگەن سۆزنى كىتابىي تىل بىلەن «ھالال ئىشى يوق، تېجىمەللىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئادەم» دەپ يەشسەك، باشقا يۇرتلۇق ئادەملەرگە بىرئاز چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن.

تېجىمەللىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈش ناھايىتى غەلىتە بىر ئەھۋال. لېكىن، شاڭخەيدە بىرەر ئەر كىشىدىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر ئايالدىن ئېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورايدىغان بولسىڭىز، بەزىدە «بىكارچى» دېگەن ئۇزۇل ـ كېسىل جاۋابنى ئاڭلايسىز.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئادەممۇ خۇددى «ئوقۇتقۇچى»، «ئىشچى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندەك، ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر «ھېچقانداق ئىش ـ ئوقىتى يوق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولسا، ئاڭلىغۇچى خاتىرجەمسىزلىنىشى مۇمكىن.

«بىكارچى»لىق شاڭخەيدە ئەنە شۇنداق ھالال ئىش، كەسىپ بولۇپ قالغان.

بىز شاڭخەيدە ھەمىشە دېگۈدەك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ تۆھپىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، شاڭخەيدە ئاخباراتچىلىق ئىشى ئۇلارسىز قىزىمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ تۆھـ





پىلىرى كۆپ بولسىمۇ، يىغىپ كەلگەندە ئۈچ نۇقتىدىن ئاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى يالغۇز بىرەر ئەھۋالدىلا ئىپادىلىنىشى ناتايىن بولغاچقا، قارىماققا ھەر خىل، ھەر ياڭزا كۆرۈنىدۇ.

بىرىنچى نۇقتىسى — ئالدامچىلىق، تەمەخور ئادەملەرنى ئۈچرىتىپ قالسا گوللايدۇ، ھەسرەت چېكىۋاتقانلارنى ئۈچرىتىپ قالسا ئىچ ئاغرىتقان بولۇۋالىدۇ؛ پېشكەلچىلىككە ئۇچراپ قالغانلارنى كۆرسە مەرد بولۇۋالىدۇ؛ لېكىن مەردلەرنى كۆرسە بىچارە بولۇۋالىدۇ؛ نەتىجىدە شۇ ئادەملەرنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ئەكېتىدۇ.

ئىككىنچى نۇقتىسى — ئۆكتەملىك قىلىش. ئەگەر ئالدامچىلىقتىن نەپ ئالالمىسا ياكى چېنىپ قالسا، يۈزىنى ئۆرۈپلا پوپوزا قىلىدۇ ياكى ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ دەيدۇ، ياكى ئىنساپسىزلىق قىلدىڭ دەپ تۆھمەت قىلىدۇ، ياكى پۇلۇمنى بەرمىدىڭ دەيدۇ، ياكى ھېچقانداق سەۋەبىنى ئېيتماستىنلا قارا باستى قىلىدۇ ۋە بۇنداق قىلمىشىنى «يول قويدۇم» دەيدۇ؛ نەتىجىدە شۇ ئادەملەرنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ئەكېتىدۇ.

ئۈچىنچى نۇقتىسى — تىكىۋېتىش. يۇقىرىدىكى بىرىنچى نۇقتىنى قوللىنىپ ياكى ھەر ئىككىسىنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، بەدەر تىكىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مەغلۇپ بولۇپ قالسىمۇ بەدەر تىكىۋېتىدۇ، سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. چىقارغان چاتىقى چوڭراق بولسا، شەھەردىن كېتىپ، شامال بېسىققاندىن كېيىن يەنە پەيدا بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئىش - كەسىپ مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ.

«بىكار» يۈرگەنلەر قورساق تويغۇزۇپ يۈرەلەيدىكەن، ئەمگەك قىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاچ قېلىشى تەبىئىي، بۇ ئەھۋالمۇ مانا مەن دەپ ئېنىق تۇرسا، كىشىلەر بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنىپ





كەتمەيدۇ.

لېكىن، «بىكارچى» دوستلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيەتلىك يەرلىرىمۇ بار، چۈنكى ئۇلار باشقىلارغا «بىكارچىمەن» دەپ توغرىدىن - توغرا ئېيتىۋېرىدۇ.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

# جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ تەۋەررۇكلەرنى قوغدىشىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە يارىماسلىقى توغرىسىدا[29]

رۇنيۇ

گىتلېر[30] ئەپەندى گېرمانىيە تەۋەسىدە باشقا پارتىيىلەرنىڭ
مەۋجۇت تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان ھەتتا بويۇن ئەگكەن مىللىي
ھوقۇق پارتىيىسى[31] نىمۇ ئامان قويمىغانىدى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ
بەزى باتۇرلىرىمىزغا ناھايىتى يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئۇلار گىتلېر ئەپەندىنىڭ «كېسەرمەن»[32] لىكىنى
ماختاشماقتا. لېكىن، بۇ «كېسەرمەن» لىك شۇ جانابنىڭ ۋە ئۇنىڭ
چاپارمەنلىرىنىڭ بىر تەرىپى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى پۇختىلىق قىلى-
دىغان يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ناخشا دەلىل
بولۇپ تۇرۇپتۇ:

بۇرگە كاتتا مەنسەپكە چىقتى،
چاپارمەنلىرى بىلەن ھەريان ماڭدى.
مەلىكە، كېنىزەكلىرى قورقۇپ،
قىمىرلاشقىمۇ پېتىنالمىدى.
چېقىپ قىچىشتۇرۇۋەتسىمۇ بەدەنلىرىنى،
چىمداشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.
ۋاھ ـ ۋاھ ـ ھاھ ـ ھا ـ ھا ـ ھا!





مانا بۇ، دۇنيا بويىچە ھەممىگە مەلۇم بولغان مەشھۇر «بۇرگە
ناخشىسى»[33] نىڭ بىر قىسمى. لېكىن، بۇ ناخشا گېرمانىيىدە
مەنئى قىلىنغان. بۇ بۇرگىنى ئىززەتلەش ئۈچۈن ئەمەس، ناخشىدا
كاتتا مەنسەپدارغا ھەجۋىي قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان،
ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇنىڭدىكى ھەجۋىينىڭ «ئۆتكەن ئەسىردىكى
قېرىلارنىڭ جۆيلۈشلىرى» دىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىنمۇ ئەمەس،
بۇ ناخشىنىڭ «غەيرىي نېمىس» ناخشىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مەنئى
قىلىنغان. جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك باتۇرلىرى
ئوتتۇرىسىدا ئوقۇشۇلمايدىغان يەرلەرمۇ ھەر ھالدا يوق ئەمەس.

جۇڭخۇامۇ پۇختا ئادەملەر دۇنياغا كېلىپ تۇرىدىغان يەر،
ئۇلار بەزىدە ھەقىقەتەن ئىنچىكە ئويلىيالايدىكەن. مەسىلەن، بېيى-
پىڭ جامائەت ئىدارىسىنىڭ بۇ يىل ئاياللارنىڭ ئەركەك ئىت بېقى-
شىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا[34] شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان
ئىلتىماسىدا مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن:

«...... ئاياللار ئەركەك ئىت بىلەن بىللە بولسا، سالا-
مەتلىكىگە زىيان يېتىش بىلەنلا قالماستىن، پەس ـ شەرمەندە
ئەھۋاللارمۇ ئاسانلا يۈز بېرىپ قالىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز
بولسا ئەدەپ ـ دىيانەتلىك دۆلەت، ئۇنداق ئەھۋاللارغا ئادىتى-
مىزمۇ يول قويمايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي بۇيرۇق بىلەن
قەتئىي مەنئى قىلىنسا؛

ئىشىك باقىدىغان، ئوۋغا چىقىدىغان ئىتلاردىن باشقا،
ئاياللار بېقىپ يۈرگەن ئەركەك ئىتلار شەرتسىز ئۆلتۈرۈ-
لۈپ، يوقىتىلسا.»

ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ كۆزدە تۇتقىنى «مىللىي تەۋەر-
رۇك» . لېكىن، جۇڭخۇانىڭ نەزىرى ئۈستۈنرەك ئىكەن. چۈنكى،
گېرمانىيىدە ناھايىتى كۆپ دېگەندە بىر ناخشىنى ئېيتىشقىلا مۇ-
كىنچىلىك قالدۇرۇلمىغان؛ جۇڭخۇادا بولسا «ئاياللار» نىڭ ئىت

بېقىشى قىيىن بولۇش بىلەنلا قالماستىن، «ئەركەك ئىت» نىڭمۇ كاللىسى ئېلىنىدىغان بوپتۇ. بۇ ئەھۋال پىستەكلەرگەناھايىتى چوڭ تەسىر قىلىدۇ. پىستەكلەر ئۆز خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «ئىشىك باقىدىغان، ئوۋغا چىقىدىغان ئىتلار» قىياپىتىگە كىرىۋالماي قويمايدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى





# جۇڭگو بىلەن گېرمانىيىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى توغرىسىدا[35]

رۇنيۇ

گېرمانىيىدىكى گىتلېر ئەپەندىلەر كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋىدى[36]، جۇڭگونىڭ ۋە ياپونىيىنىڭ مۇلاھىزىچىلىرى بۇ ئەھۋالنى چىن شىخۇاڭغا ئوخشىتىشىۋاتىدۇ. لېكىن، چىن شىخۇاڭغا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇۋال قىلىشماقتا، ئۇنىڭ زىيان تارتقان يېرى ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرۈش بىلەنلا ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى گۇپپاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى خوجايىنىنى دەپ، ئۇنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلماقتا.

دۇرۇس، چىن شىخۇاڭ كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، كىتابلارنى كۆيدۈرۈشتە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆزلىگەن. لېكىن، ئۇ دېھقانچىلىق ۋە تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرمىگەن؛ ئۇ بىرمۇنچە غەيرىي ئىقلىملىق «مېھمان مەنسەپدار» لارنى قوبۇل قىلىپ ئۆز خىزمىتىگە سالغان، نوقۇل «چىن ئىدىيىسى» گىلا بېرىلىپ كەتمەي، ئەكسىچە ھەر خىل ئىدىيىلەرنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلغان. چىن دەۋرىنىڭ ئادەملىرى كىچىك بالىلارنى قەدىرلەيتتى؛ چىن شىخۇاڭنىڭ ئانىسى جاۋ ئىقلىمىدىن بولغان ئايال ئىدى، جاۋ ئىقلىمى ئاياللارنى قەدىرلەيتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۆمرى كوتا چىن» نىڭ يادنامىلىرىدىمۇ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمىز يوق.

لېكىن، گىتلېر ئەپەندىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ كۆيدۈرگىنى ھەممىدىن ئاۋۋال «غەيرىي نېمىس ئىدىيىسى» دىكى كىتابلار؛ ئۇ غەيرىي ئىقلىملىق مېھمان مەنسەپدارلارنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان؛ ئاندىن قالسا، جىنس توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆيدۈردى، يەنى جىنسىي ئەخلاقنىڭ ئازادلىقىنى ئىلمىي يول بىلەن تەتقىق قىلىشنى يوقاتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئايالالر ۋە كىچىك باللارنىڭ قەدىمكىگە ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ، يورۇقلۇقنى كۆرەلمەسلىكى چوقۇم. ئۇلار چىن شىخۇاڭنىڭ يوللارنى، كىتابلارنى ئوخشاش قېلىپقا چۈشۈرۈش ... دېگەندەك ئىشلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قىلالىغان ئەمەس.

ئەرەبلەر ئىسكەندەرىيە قەلئەسىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ يەردىكى كۇتۇپخانىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇلار: ئەگەر ئۇ كىتابلاردا ئېيتىلغان داۋلىلار «قۇرئان» دىكى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان بولسا، «قۇرئان» تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇلارنى قالدۇرۇش شەرت ئەمەس؛ ئەگەر ئوخشاش بولمايدىغان بولسا، كۇپۇرلۇق، ئۇلارنى قالدۇرۇش شەرت ئەمەس، دېگەن پەتىۋانى چىقارغان. گىتلېر ئەپەندىلەرنىڭ بىۋاستە پىرى ئەنە شۇ ئەرەبلەر؛ — گەرچە ئۇلار «غەيرىي نېمىس» بولسىمۇ؛ — ئۇلارنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشلىرىنى چىننىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

لېكىن، نەتىجە كۆپ چاغلاردا قەھرىمانلارنىڭ مۆلچەرلىرىدىن باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقنى ئەۋلادتىن – ئەۋلادقىچە ئەبەدىي داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىرىشقاندەكلا، ئاران ئىككى ئەۋلادقا يەتكۈزەلىدى، دېھقانچىلىق كىتابلىرى بىلەن تېبابەتچىلىك كىتابلىرىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى، چىندىن بۇرۇنقى بۇنداق كىتابلارنىڭ ئۇنىڭغىچە بىرىمۇ قالغىنى يوق ئىدى. گىتلېر ئەپەندى تەختكە چىقىش بىلەنلا كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، يەھۇدىيلارنى قىرىپ، جاھانغا پاتماي كەتتى،





ھەتتا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى سېرىق تەنلىك ساقلاندىلىرىمۇ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتۇرالماي، ئېزىلگۈچىلەرنى ھە دەپ مەسخىرە قىلماقتا، بۇ ھەقتە يېزىلغان تەنلىك ماقالىلەرگە نەشتەردەك ئوقلىرىنى ئاتماقتا، يەنى ئاشكارا ھالدا ھومىيىشىپ: سىلەرگە زادى ئەركىنلىك كېرەكمۇ، يوق؟ ئەركىن بولمىغاندىن كۆرە ئۆلگەن تۈزۈك ئىدىغۇ، ھازىر نېمىشقا بۇ يولدا جان تىكمەيسىلەر؟ دېيىشمەكتە.

مانا ھازىر، ئىككى ئەۋلادقا بېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، پەقەت بىرىم يىل بولغان بىر ۋاقىتتا، گىتلېر ئەپەندىنىڭ مۇرىتلىرى ئاۋستىرىيىدە تەقىب قىلىنىۋىدى، پارتىيە ئىزنىكى (卐) مۇ ئۇچ رەڭلىك ئەتىرگۈلگە ئۆزگىرىپ كەتتى. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، شۇئار توۋلاشقا رۇخسەت قىلىنمىغانىدى، كۆپچىلىك ئادەملەر قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ تۇرۇۋالىدىغان، يەنى «ئاغزىنى ئېتىۋېلىش ئۇسۇلى» نى قوللىنىدىغان بولدى.

بۇ ھەقىقەتەن چوڭ تەنە. بۇ تەنىنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى سورىمىسىمۇ چۈشىنىشلىك، تەنىنىڭمۇ «چۈشتىكى جۆيلۈش» ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. سېرىق تەنلىك ساقلاندىلىرى بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىنتاڭ؟

6 – ئاينىڭ 28 – كۈنى

# «غېرىب»لار توغرىسىدا سۆزلەيمەن[37]

يۆكې

تاڭ تاۋ[38] ئەپەندى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چىققان «ئەركىن پاراڭ»دا جېجياڭنىڭ شەرقىدىكى غېرىبلار ئۈستىدە توختىلىپتۇ ۋە «غېرىبلارنىڭ پاسىقلىقى»[39] دېگەن ماقالىدىكى سۆزلەرگە ئاساسەن، سۇڭ خاندانلىقىنىڭ لەشكەر بېشى جاۋگۇاڭزەننىڭ لەشكەرلىرى جىن خاندانلىقىغا تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالغان؛ مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى[40] دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا «قەلەندەر» دەپ ئېلان چاپلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار غۇربەتچىلىكتە ۋە خارلىقتا كۈن كەچۈرۈپ كەلمەكتە، دەپ يېزىپتۇ.

مەن شاۋشىڭدا تۇغۇلغان، غېرىبلارنى كىچىكىمدە دائىم ئۇچرىتىپ قالاتتىم، ئۇلارنىڭ غېرىب بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە مەندە گۇمان پەيدا بولدى. چۈنكى، مەن مۇنداق ئويلايتتىم: مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى يۈەن خاندانلىقى ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلمىغان[41] تۇرسا، بىر سۇلالە ئىلگىرى كەتكەن، جىن خاندانلىقىغا تەسلىم بولغان سۇڭ قوماندانىغا ھەرگىزمۇ چېقىلمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كەسپىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلاردا «ئىشرەتگاھ» ياكى «ئەيش - ئىشرەتخانا»[42] لارنىڭ قالدۇقى ھازىرمۇ بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار-





نىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پادىشاھ خۇڭۋۇ ۋە يۇڭلېگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋىجدانلىق ئادەملەر[43] بولۇشىمۇ ئېھتىمال؛ شۇنداق ئەھۋالمۇ باركى، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرى غۇربەتچىلىككە قېلىشى، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى غېرىبلىققا ئۇچرىماسلىقى ھەم مۇمكىن، بۇنىڭغا ئەڭ يېقىنقى ئەھۋاللاردىن مىسال كەلتۈرسەم، يۆ فېي[44] نىڭ ئەۋلادى ھازىرمۇ خاڭجۇدا يۆ فېي ھەزرەتنىڭ مازىرىدا شەيخلىق قىلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ كۈنى غۇربەتچىلىكتە، موھتاجلىقتا ئۆتمەكتە؛ لېكىن چىن خۈي، يەن سۇڭ[45] ... لارنىڭ ئەۋلادلىرىچۇ؟ ...

لېكىن، مەن ھازىر ئۇنداق كونا ھېساب دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن. شۇنىلا ئېيتماقچىمەنكى، شاۋشىڭدىكى غېرىبلار ئاللىقاچان ئازاد قىلىنغان مالايلار، ئۇلار يۇڭجېڭ يىللىرىدا ئازاد قىلىنغان بولسا كېرەك. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھازىر باشقا كەسپى بار، ئۇ كەسىپلەرنىڭ كۆزگە ئىلىنمايدىغان كەسىپ بولۇشى تەبىئىي. ئەركەكلىرى ئەسكى - تۈسكى بىر نەرسىلەرنى يىغىدۇ، توخۇ پەيلىرىنى ساتىدۇ، پاقا تۇتىدۇ، چاڭچىلىكەشلىك قىلىدۇ؛ ئاياللىرى بولسا ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە ئۆزلىرى خوجام دەپ ئىخلاس قىلىدىغان ئۆيلەرگە پاتىھە قىلىپ بارىدۇ؛ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، قارىشىپ بېرىدۇ؛ دېمەك، بۇ يەردە مالايلىقنىڭ سارقىندىلىرى بار؛ لېكىن ئىشى تۈگىگەندىن كېيىنلا كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ئىنئام ئالىدۇ، مانا بۇ ئەھۋالدىن ئۇلارنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھەر بىر غېرىبنىڭ خوجايىنىم دەپ بارىدىغان ئۆيلىرى بەلگىلىك بولىدۇ، ئۇتتۇر كەلگىنىگە بېرىۋەرمەيدۇ؛ شۇنداق ئۆيلەردە قېيىنانا ئۆلگەن بولسا كېلىنىنى ئەۋەتىدۇ، بۇ ئەھۋال خۇددى

مىراسقا ئوخشاش ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇدۇم بولۇپ قالغان؛ ئەگەر تولىمۇ گادايلىشىپ كەتكەن بولسا، بىرىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىدۇ - دە، كونا خوجايىنى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزىدۇ. ئەگەر ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۇلارنى كەلمىسۇن، دەيدىغان بولسا، ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق خورلىغان بولىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مىنگو ئىنقىلابىدىن كېيىن ئانام بىر غېرىب ئايالغا: «ئەمدى ھەممىمىز ئوخشاش بولۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭلار» دېگەنىدى، ئۇ غېرىب ئايال بىردىنلا ئۆڭۈپ، زەردە بىلەن: «بۇ نېمە دېگەنلىرى؟...... بىز تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق كېتىۋېرىمىز!» دېگەنىدى.

ئازغىنە ئىنئامنى دەپ، مالاي بولۇشقا تەن بېرىش بىلەنلا قالماستىن، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە مالاي بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالايلىق ھوقۇقىنى پۇلغا سېتىۋېلىش — بۇ ئەھۋال غېرىبلاردىن باشقا ئەركىن ئادەملەرنىڭ ھەرگىزمۇ خىيالىغا كىرىپ باقماس.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى





# مۇقەددىمىنىڭ ئازادلىقى[46]

تاۋ جۇي

بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر پارچە كىتاب يېزىپ، «مەشھۇر تاغقا كۆمۈپ قويۇشى»[47] ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئىش. ھازىر بولسا XX ئەسىردىن 33 يىل ئۆتكەن ۋاقىت، ئورنى بولسا شاڭخەيدىكى كونسېسسىيە، بۇ يەردە كومپىرادورلۇق قىلغانلار دەرھال دۆلەتمەن بولۇپ قالىدۇ، ئەدىبلەر نېمىشقا دەرھال شان - شۆھرەت قازانمىسۇن؟! دېمەك، بۇنىڭمۇ چارىسى بار ئىكەن.

بۇ چارە شۇكى، ئۆزى ئاۋۋال ئۆزىنى ئەدىب دەپ قارارلاشتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاز مىراسى ياكى تاپاۋىتى بولىدىكەن؛ شۇنىڭ بىلەن ئۆزى كىتابخانا ئاچىدىكەن، ژۇرنال چىقىرىدىكەن، ماقالىلىرىنى ئۆزى باسىدىكەن، ئۆزى ئېلان چىقىرىدىكەن، ئۆزى خەۋەر يازىدىكەن، ئۆزى بابلايدىكەن...... لېكىن بۇلارمۇ كارغا يارىمايدۇ، نەزمىنىڭ ئازادلىقىنى[48] ئاللىقاچان باشقا ئادەملەر ھەل قىلىپ قويغان، نەسرىي نەزمىنىڭ ئازادلىقى[49] دېگەن گەپ ئەخمەقلەرنىلا ئالدىيالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «مۇقەددىمىنىڭ ئازادلىقى» ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى.

مۇقەددىمە دېگەن نەرسە قەدىمدىن تارتىپ بار، باشقىلار يېزىپ بەرگەنلىرى بولىدۇ، ئۆزى يازغانلىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار تولىمۇ كونىراپ قالغان، «يېڭى دەۋر»، «ئەدىب»[50] لىرىگە ياقمايدۇ. چۈنكى، ئۆزى يازغان مۇقەددىمىدە ماختىنىش تەس،

باشقىلار يېزىپ بەرسىمۇ مۇددىئادىكىدەك خۇشامەت بىلەن ماختاپ يېزىشى ناتايىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىسى، ئازاد قىلىش كېرەك ئىكەن، يەنى باشقا ئادەملەرگە ۋاكالىتەن ئۆز نەرسىسى توغرىسىدا ئۆزى مۇقەددىمە يېزىش[51]، بۇنداق مۇقەددىمە تېرمىن نۇقتىسىدىن «كەلگەن خەتتىن نەقىللەر» دەپ ئاتىلىدۇ، مانا ئۇنىڭدا گويا گۈل ئۈستىگە گۈل قىستۇرۇلغاندەك يېزىلىدۇ. «بىر دەستە ياخشى باھا»نى تېخى ئۇنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپمۇ قويىسەن، بۇنداق مۇقەددىمىنى ۋاراقلاپ كۆرگەن ئادەم خۇددى مەشھۇر ئارتىس سەھنىگە چىققان ھامان زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارىكاللا ئېيتقاندەك، بىر تاغار مەدھىيىنى كۆرسە، نېمىدېگەن پەيزى! لېكىن ئارتىس ئالدى بىلەن بىر مۇنچە پاتېفون سېتىۋېلىپ، «بارىكاللا»لارنى ئۆزى شۇ پاتېفون تەخسىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، سەھنىگە چىقىدىغان ۋاقىتتا شۇ پاتېفونلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭلا سايرىتىشى كېرەك.

لېكىن، بۇنداق قىلىقلارنى باشقا ئادەملەر بىلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭمۇ تېخنىكىسى بار. دەرھال «بىچارە» بولۇۋېلىپ، مەن پارتىيە - گۇرۇھسىز، دەستەك قىلىدىغان بىرەر مەسلىكىممۇ يوق، گۇپپاڭچىلىرىممۇ يوق، «ئەزەلدىن ئوشۇقچە ئىش قىلغىنىم يوق»[52] دەيدۇ: «سۆھبەت»[53] ۋاقتىدىكىدەك بېشىنى چايقاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئەلپازىنىڭ بۇسىنى چىقارماي، ئەكسىچە باشقىلارنى گويا بۇ نازۇك، تالانتلىق خان ئەركىسىنى بوزەك قىلىدىغان ئەكسىيەتچى، قاتىل، ئوت قويغۇچى شەددادلارغا ئوخشىتىدۇ.

تېخىمۇ ئۇنۇملۇكى شۇكى، ئۇ «قابىلىيىتىم ئاجىز بولغاچقا، دوستلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىدىم»، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىمەن، دەيدۇ، بۇ ئەدىبنىڭ جىنسىنى بىلمىگەن بولساق،





ئېھتىمال، پارتىيە - گۇرۇھى بار ياكى گۇپپاڭچىلىرى بار بىرمۇنچە ئادەم دائىم ئۇنىڭدىن پۇل سورىغان ياكى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان ۋە ياكى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلغانىكەن، ئۇ شۇ تەلەپلەرنى «قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ناھەق پەشۋا يەپتۇ» دېگەن گۇمانغا كېلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

لېكىن، مەن بۇ سۆزلىرىمنىڭ «يېڭى دەۋرنىڭ»، «ئەدىب»لىرىگە زىيان قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، «ۋاكالىتەن يېزىلغان خاتىمە» بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، مۇنداق بىر «ياخشى باھا»نى «نەقىل» كەلتۈرۈپ باقاي:

«‹مەشھۇر تاغلارغا كۆمۈپ قويىدۇ›، غان ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. XX ئەسىرنىڭ ئۆزىگە يارىشا تېخنىكىسى بار، نەسرىي نەزمىنىڭ ئازادلىقى، ئازاد قىلىش، گۈل ئۈستىگە گۈل قىستۇرۇش — بۇلار نېمىدېگەن پەيزى؟ بىراق باشقىلار بولسا ئەكسىيەتچى، ئۇلارنىڭ بۇ نازۇك، تالانتلىق شاھزادىنى بوزەك قىلغانلىقى ‹قابىلىيىتى ئاجىز بولۇپ، دوستلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقى› دىن بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شاھزادە ناھەق پەشۋا يەپ قالدى، بۇ پەشۋالار يېڭى دەۋرنىڭ ‹ئەدىب›ىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.»

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# باشقا بىر ئوت ئوغرىسى(54)

دىڭ مېڭ

ئوتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يۇنانلار: پرومېتى[55] ئاسماندىن ئوت ئوغرىلىغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرى زېۋس دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى ئېگىز تاغنىڭ ئۇچىگە بەند قىلىپ قويۇپ، بىر يوغان قۇشقا ھەر كۈنى ئۇنى چوقۇتقۇزۇپتۇ، دەيدىكەن.

ئافرىقىنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىدىن بولغان ۋايانتى قەبىلىسى[56] نىڭ ئوتتىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىغا خېلى ۋاقىت بوپتۇ. لېكىن، ئوتتىن پايدىلىنىش ئۇلارغا يۇنانلاردىن قالغان ئەمەس، باشقا بىر ئوت ئوغرىسىدىن قالغانىكەن.

بۇ ئوت ئوغرىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇر. ئۇ ئاسماندىن ئوتنى ئوغرىلاپ چۈشۈپ، ۋايانتىلارنىڭ بوۋىلىرىغا بەرگەنىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرى داراس قەھر - غەزەپكە كەپتۇ. بۇ رىۋايەت يۇنانلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئوخشايدۇ. لېكىن، داراس باشقىچە چارە قوللىنىپتۇ، يەنى ئۇنى تاغقا بەند قىلماي، قاراڭغۇ غارغا مەخپىي بەند قىلىپ قويۇپتۇ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ؛ ئۇنىڭ ئەۋەتكىنى بۈركۈت ئەمەس، بەلكى پاشا، بۈرگە، چۈشا ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ، بەدىنىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا قەيەردە جاراھەت بولسا شۇ يەرنى تېپىشقا ئۇستا كەلگەن چىۋىنمۇ غۇژۇل-





داپ كېلىپ شوراپتۇ، ئۇنىڭ ئەتلىرىدە بىرمۇنچە چىۋىن پوقىنى قالدۇرۇپ، ئۇنى شۇنداق پاسكىنا بىر ئادەم، دەپ ئىسپاتلاپتۇ.

لېكىن، ۋايانتىلار بۇ ھېكايىنى بىلمەيدىكەن، ئۇلار پەقەت ئوتنى ئاقساقىلىمىزنىڭ بوۋىسى ئاقساقىلىمىزغا مۇرتەتلەرنى، ئۆيلەرنى كۆيدۈرسۇن دەپ كەشىپ قىلىپ بەرگەنىكەن دەپلا بىلىدىكەن.

بەختكە يارىشا ھازىر قاتناش راۋاجلاندى، ئافرىقىنىڭ چىۋىنلىرىنىڭ بەزىسىمۇ جۇڭگوغا ئۇچۇپ كەپتۇ، بۇ ئازغىنە ئەھۋالنى ئەنە شۇ چىۋىنلارنىڭ غۇژ - غۇژىدىن بىلىپ قالدىم.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# بىلىمنىڭ ئوشۇقلۇق قىلىشى[57]

يۇ مىڭ

دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوشۇقلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا بولماقتا ۋە لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 30 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى ئاچلىقتا قالغان بولسىمۇ، ئاشلىقنىڭ ئوشۇقلۇق قىلىۋاتقانلىقى «ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت»، ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئامېرىكا بىزگە نېسىگە ئۇن سېتىپ بەرمەس[58] ئىدى، بىزدىمۇ «مول ھوسۇل ئاپىتى»[59] بولماس ئىدى.

بىراق، بىلىممۇ ئوشۇقچىلىق قىلىدىكەن، بىلىم ئوشۇقچىلىقىنىڭ ۋەھىمىسى تېخىمۇ زور بولىدىكەن. ئاڭلىشىمچە، جۇڭگونىڭ ھازىرقى مائارىپى يېزىدا قانچىكى كۈچلۈك تەرغىب قىلىنسا، يېزا شۇنچە تېز خارابلىشىدىكەن.[60] بىلىم مول ھوسۇلىنىڭ ئاپەتكە ئايلىنىشى ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك. ئامېرىكىدا پاختا كاساتلىشىپ كەتكەنلىكتىن كېۋەزلەرنى يۇلۇپ تاشلىماقتا. جۇڭگودا بىلىمنى يۇلۇپ تاشلاش زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ. بۇ، پەرەڭلەردىن تارقىلىپ كەلگەن ئەپچىل چارە ئىكەن.

پەرەڭلەر قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر ئىكەن. گېرمانىيىدە بۇنىڭدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تولىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، دېگەن داۋراڭ كۆتۈرۈلگەندە، بەزى سىياسىي ئەربابلار ۋە مائارىپچىلار ياشلارغا ئالىي مەكتەپكە كىرمەڭلار، دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ مەسلىھەت بەرگەنىكەن.





ئەمدى مەسلىھەت بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، بىلىمنى يۇلۇپ تاشلىۋېتىپتۇ: بەزى كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، يازغۇچىلارنى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىچىگە يۇتىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ؛ يەنە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى توپ - توپى بىلەن قەلئەلەرگە سولاپ ئىشلىتىۋېتىپتۇ، بۇنى «ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» دەيدىكەن. جۇڭگومۇ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئوقۇغان، ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوشۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ[61] دەپ چۇقان سېلىۋاتامدۇ! ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەنمىش. «قاتتىق» ئومۇمىي ئىمتىھان تۈزۈمى[62] نى يولغا قويۇپ، خۇددى تۆمۈر سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرگەندەك شارتىلدىتىپ سۈپۈرۈپ، بىلىملىك ياشلارنىڭ تولىسىنى «ئاما ئىچى»گە سۈپۈرۈپ قايتۇرۇش كېرەكمىش.

بىلىم ئوشۇقلۇق قىلسا نېمىشقا ۋەھىمە پەيدا بولىدۇ؟ جۇڭگودا 80 — 90 پىرسەنت ئادەم ساۋاتسىز ئەمەسمۇ؟ بىراق، بىلىمنىڭ ئوشۇقلۇقى ھامان «ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت»مىش، بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان ۋەھىمىمۇ «ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت» مىش. بىلىم تولىمۇ كۆپىيىپ كەتسە، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ يۈرىكى بىر بولسا جانلىنىپ كېتەرمىش؛ بىر بولسا يۇمشاپ كېتەرمىش. يۈرىكى جانلىنىپ كەتسە قالايمىقان پىكىر يۈرگۈزىدىغان، يۈرىكى يۇمشاپ كەتسە قاتتىق قوللۇق قىلالمايدىغان بولۇپ قالارمىش. نەتىجىدە ياكى ئۆزى تىنىم تاپمايدىغان، ياكى باشقىلارنىڭ تىنىم تېپىشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان بولۇپ قالارمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالايىئاپەت پەيدا بولارمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىمنى يۇلۇپ تاشلىماي بولماسمىش.

بىراق، يۇلۇپ تاشلاشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەربىيە بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭ بىرىن-

چىسى — ئىلمىي تەقدىر: تەقدىرگە تەن بېرىش، شور پېشانە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش. ئىككىنچىسى — ئىلمىي ھوش: «ھوشنى بىلىپ يۈرۈش»، كېيىنكى زامان ھەربىي قوراللىرىنىڭ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇش. ھېچبولمىغاندا، مانا مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلىمنى دەرھال تەرغىب قىلىش توغرا كېلىدىكەن. تەرغىب قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى ئاسان ئىكەن: قەدىمكى زاماندا پەيلاسوپلارنىڭ بىرى ئىدېئالىستلارغا رەددىيە بېرىپ: «ئەگەر مانا بۇ بىر تاۋاق ئاشتىن ئىبارەت ماددىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانساڭ، ئەڭ ياخشىسى، يەپ باق، قېنى تويامسەن، يوقمۇ؟!» دەپتىكەن. ھازىرقى كۈندە، ئېيتايلۇق، بىرەر ئادەمگە توك ئىلمىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا توك ئۆتكۈزۈش كېرەك، قېنى ئاغرىتامدۇ، يوق، كۆرۈپ باقسۇن؛ كىشىلەرگە ئايروپىلان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ كۈچىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، ئايروپىلاننى ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىگە ئۇچۇرۇپ كېلىش، بومبا تاشلاش كېرەك، قېنى ئۆلتۈرەمدۇ، يوق، كۆرۈپ باقسۇن ......

مۇشۇنداق ئەمەلىي تەربىيە يولغا قويۇلسا، بىلىم ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئامىن! (63)

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى





# شېئىر ۋە بېشارەت[64]

يۇمىڭ

بېشارەت ھامان شېئىر بولىدۇ، شائىرلارنىڭ تولىسى بېشارەتچى بولىدۇ. بىراق، بېشارەت پەقەت شېئىردىنلا ئىبارەت ۋە لېكىن شېئىر بېشارەتتىنمۇ بەكرەك كار قىلىدۇ.

مەسىلەن، شىنخەي ئىنقىلابى بولۇۋاتقان چاغدا بىردىنلا مۇنداق گەپ پەيدا بولۇپ قالغان:

«قولۇمدا بار توقسان توققۇز پولات قىلىچ،
ياۋنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە تىنماسمەن ھېچ.»

«ئەكس تەبىرنامە» [65] دىكى بۇ بېشارەتلەر «شېئىر» دىنلا ئىبارەت. ئۇ چاغدا پولات قىلىچ نەدىمۇ ئاران 99 بولسۇن؟! بىراق پەرەڭ مىلتىقلىرى، زەمبىرەكلىرى بېسىپ چۈشتى: پەرەڭ مىلتىقلىرى، زەمبىرەكلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئۈستۈنلۈكنى ئالدى، قولىدا پولات قىلىچتىن باشقا نەرسىسى يوقلار چوڭ زىيان تارتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ۋاقتىدىكى «ياۋ» لارنى «قىرىپ تۈگىتىش» بۇياقتا تۇرسۇن، «ياۋ» لار باشتا كۆتۈرۈلدى[66]، ھەتتا ھازىر «قورچاق» فۇيىمۇ باش كۆتۈرىدىغاندەك[67] تۇرىدۇ. دېمەك، بېشارەت دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ بىر نەچچە مىسرا شېئىر ئەمەلىيەتتە ئىجابەت بولمىدى — بۇنداق بېشارەتلەرگە نادانلىق بىلەن بېرىلىپ كەتكەندە، پەشۋا يەپ قېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، بۇنىڭ-

دىن بىر ئاز ۋاقىت ئىلگىرى كىمدۇر بىر ئادەم ئاتايتەن 99 دانە پولات قىلىچ سوقتۇرۇپ[68] ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە سۇڭلاپ بەرگەنىكەن، نەتىجىدە ئۇ جەڭچىلەرنىڭ گۈبېيكو قاتارلىق يەرلەردە قانلىرى تۆكۈلۈپ، دۆلەت بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر قارشى تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپتۇ — ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنداق بېشارەتلەرنى «شېئىر» دەپ قارىغاندا، ھەر ھالدا «ئىرادىنىڭ تەتۈرسىچە ئىش قىلغاندا مۇرادقا يەتكىلى بولىدۇ»غان ئوخشايدۇ.

لېكىن، شېئىرلاردا ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك بېشارەتلەر بولىدۇ. بېشارەت تاپماقچى بولساق، «تەبىرنامە»نى ئوقۇغاندىن كۆرە، شائىرلارنىڭ بايانلىرىنى ئوقۇغىنىمىز ياخشى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر، ئېھتىمال، بىرەر نەرسىنى تاپقىلى بولىدىغان ۋاقىت بولسا كېرەك، دەرۋەقە مۇنداق بىرنەچچە مىسرا تېپىلىپ قالدى:

«بۇ يىرتقۇچ بۆرىلەر ۋە غالجىر ئىتلار،
ئادەملەرنى ئوۋلىماقتا ھايۋاندەك گويا؛
جىمى خەلقنىڭ غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ يانسا،
كۆرىدۇ ئاخىر ئۆلۈم بەلگىسى چاپلانغان بېشىغا!»

ۋاڭ جىڭۋېي[69] نىڭ «قوش نەزەرلىك خانە نەسرىي نەزمىلىرى» دېگەن كىتابىدىكى ھېيۇگونىڭ «جۇمھۇرىيەتنىڭ 2 - يىلىدىكى جەڭچى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن.

مانا بۇنىڭغا كىممۇ «بارىكاللا» دېمەي تۇرالىسۇن؟ بۇ يەردىكى «يىرتقۇچ بۆرىلەر ۋە غالجىر ئىتلار» دېگەن سۆز ئۆزىنىڭ ھايۋان بولۇپ تۇرۇقلۇق باشقىلارنى ھايۋان دەپ قارىغانلىقىنى، يەنى ھايۋاننىڭ ئوۋغا چىققانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئەكسىچە ئوۋلانغانلىقىنى





بىلدۈرىدۇ! بۇنداق ئەھۋالدا «جىمى خەلق»نىڭ غەزىپىنى بېسىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس - دە! ھېيوگو[70] نىڭ بۇ شېئىرىدا 1793 - يىل (فرانسىيە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 - يىلى) دىكى پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھامىيلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ 140 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلمىغان بولسا كېرەك.

ۋاڭ جىڭۋېي ئەپەندى بۇ بىر نەچچە شېئىرنى تەرجىمە قىلغان چېغىدا جۇڭگونىڭ 20 — 30 يىلدىن كېيىن جانلىق تىل دۇنياسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن بولۇشى ناتايىن. ھازىر ئۇنداق كىتابىي تىل ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلارنى چۈشىنىدىغان ئادەم بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، ئىسىت. بىراق، بېشارەتنىڭ ھېكمەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنى ئوقۇغان ئادەم چالا - پۇچۇق چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى بېشارەتلەر تولۇق ئىجابەت بولغاندىن كېيىن، ئاندىن «ھە، ئەمدى چۈشەندىم» دەيدۇ. «سىرنى ئېچىۋەتمەسلىك كېرەك» دېگەن گەپ ئەنە شۇ.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

# يەنە «ئىتتىرىش» توغرىسىدا[71]

فېڭ جىيۇ

«ئۇچىنچى خىل ئادەملەرنىڭ ‹ئىتتىرىشى›»[72] دېگەن ماقالە مەندە بىر ئاز تەسىرات پەيدا قىلدى: دەرۋەقە، هازىر «ئىتتىرىش» ئىشى كۈچىيىپ كەتتى، دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى چاڭجياڭ دەرياسىدا قاتنايدىغان پاراخوتلارنىڭ چوڭ بۆلمىسىگە پات - پات چۈشەتتىم، شۇ چاغلاردا «ئىتتىرىش» هازىرقىدەك ئەۋج ئېلىپ كەتمىگەنىدى.

ئۇ چاغلاردا پاراخوت بېلىتىنى ئېلىشنى ئالاتتۇق، لېكىن «ياتاق بېلىتى ئېلىش» دېگەن گەپ يوق ئىدى، ئالىدىغان چاغلارمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ باشقا گەپ ئىدى. ئەگەر ياتىدىغان ئورۇن تەگمەي قالارمىكىن دەيدىغان بولسىڭىز، سەھەردىلا يۈك - تاقلىرىڭىزنى كۆتۈرۈپ پاراخوتقا چۈشۈۋالسىز، شۇنداق چاغلاردا چوڭ بۆلمىلەردە كۆپ بولسا تۆت - بەشلا ئادەم بولاتتى، دېمەك، ياتىدىغان ئورۇنلار بىكار تۇراتتى. لېكىن، يۈك - تاقلارنى بىكار ئورۇنغا قوياي دەپ ماڭسىڭىز، توسۇلۇپ قالاتتىڭىز. چۈنكى، بۇ يەردە بىر ئەپكەش، ئۇ يەردە بىر باغلام شوينا، بۇ يەردە بىر پارچە پۇچۇق بورا، ئۇ يەردە بىر دانە جىلتىكە تۇرغان؛ بىرەر جاينى ئىگىلەي دېسىڭىز، ئوتتۇرىدىن بىرەر ئادەم چىقىپ، بۇ ئورۇننى مەن تۇتۇپ قويدۇم، دەيتتى. ئەنە شۇ چاغدا، چىرايلىق رالىشىپ، بىرەر ئورۇننى سېتىۋالسىز، كۆپ بولسا 80 تىيىن خەجلىشەرسىز. ئەگەر ئېلىشىشتىن قورقمايدىغان باتۇرلاردىن بولسىڭىز،





بابلىمىقىڭىز ئاسان: گەپ - سۆز قىلماستىن، هېلىقى تۇتۇپ قويۇلغان ئورۇننىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرىسىز، جاغجاغ سوقۇلغاندىن كېيىن، پاراخوت ماڭاي دەپ تۇرغاندا، هېلىقى ئورۇن تۇتقۇچىلار ئەپكەش، پۇچۇق بورا دېگەندەك بىرنېمىلىرىنى كۆتۈرۈپ، هېلىقى ساتالماي قالغان بوش ئورۇنلارنى تاشلاپ، بەدەر قاشقا قاراپ قاچىدۇ، ئۇ چاغدا شۇ ئورۇن سىزگە بەخۇدۇك قالىدۇ، لاقا - لۇقىلىرىڭىزنى يېيىپ، ئۇخلىسىڭىزمۇ مەيلى. ئەگەر ئادەم كۆپ بولۇپ كېتىپ، سىغقۇدەك ئورۇن چىقماي قالسا، باشقىلار تۇتۇۋالغان ئورۇننىڭ يېنىدا، پاراخوتنىڭ قۇيرۇقىدا يانپاشلاپ ياتاتتۇق، «ئۇچىنچى خىل ئادەم»لەر «ئىتتىرىپ» يۈرمەيتتى. پەقەت بۆلمىلەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان ئادەملەرلا دەپتەرچىلەر بېلەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە چوڭ بۆلمىگە كىرىپ بىردەم - يېرىم دەم يوشۇرۇنۇۋالاتتى.

بېلەت ئالمىغان ئادەملەرنىڭ «ئىتتىرىلىشى»دە شەك يوق ئىدى. بۇنىڭ چارىسى: ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى موما ياغاچقا ياكى تۈۋرۈككە باغلاپ، خۇددى ئۇرىدىغاندەك پوپوزا قىلىشاتتى. لېكىن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەھۋالنى ئالسام، راستتىن ئۇرۇش ئەھۋاللىرى ناهايىتى ئاز ئۇچرايتتى، شۇ هالدا بىرەر مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئۇنى پاراخوتتىن «ئىتتىرىپ» چۈشۈرۈۋېتىشەتتى. چايچىلارنىڭ ئېيتىشچە، پاراخوتقا چۈشكەن يېرىگە قايتۇرۇۋېتىمىز، دەپ، يۈك بۆلمىسىگە «ئىتتىرىپ» كىرگۈزۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن، لېكىن ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىرەر مەنزىلدە «ئىتتىرىپ» چۈشۈرۈۋېتىلگەنلەر هەر هالدا بىر مەنزىل يولنى باسقان بولىدۇ. ئۇلار ئۇ مەنزىلدە «ئىتتىرىلىپ»، بۇ مەنزىلدە «ئىتتىرىلىپ» يۈرۈپ، بىرئاز جاپا تارتىسىمۇ، ئاخىر كۆزلىگەن يېرىگە بېرىۋالىدىكەن.

قەدىمكى «ئۇچىنچى خىل ئادەم»لەر هازىرقىدىن رەھىمدىل-

رەك بولسا كېرەك.

تۇرمۇشنىڭ ئازابى كىشىلەرنى رەنجىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەنجىتكۈچىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى خاپىلىقتا ئايرىۋالالماي، ئۆزىمۇ، ئۆزگىلەرمۇ پۇتلىكاشاڭلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى «ئىتتىرىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئاسراپ قالىدۇ، باشقىلارنىمۇ يامان كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە هال تېگىپ قالسا، تاشقىرىغا چىققان ۋاقتىدا «يولنى بوشىتىڭلار» دېيىشى تۇرغان گەپ.

مەن ئۆتمۈشكە زوقمەن ئەمەس، مەن پەقەت هازىرقى ۋاقىتتا «ئىتتىرىش» ئىشى كۆچىيىپ كەتتى، دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ كەتتى، دېمەكچىمەن. لېكىن، كەلگۈسىدە هال پەيدا قىلغان ئادەملەر مېنى «ئەكسىيەتچى»لەر مەنزىلىگە «ئىتتىرىپ» تاشلىمىسا، شۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى





# كونا هېساب - كىتاب دەپتىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش[73]

لۇيسۇن

يېقىندا «شاۋقۇننى ئاڭلاش تەھرىراتى»دا «گۆش - ياغ چاينايدىغانلارنىڭ سۆزلىرى»[74] ناملىق بىر كىتاب نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتىكى سۆزلەر هازىر مەنسەپكە چىققان ئادەملەرنىڭ ئىلگىرى پۇقرا بولۇپ تۇرغان چاغدىكى سۆزلىرى بولۇپ، «سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاندىن هەرىكىتىگە نەزەر سال» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى قانداقلىقىنى، كېيىن قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىڭلار، دېگەن مەقسەت بىلەن نەشر قىلىنغان. يەنە شۇ نەشرىيات نەشر قىلغان «شاۋقۇن»[75] ناملىق هەپتىلىك ژۇرنالدىمۇ شۇنداق مەقسەت بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بۇ — كونا هېساب - كىتاب دەپتىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش. دەپتەرنى ۋاراقلاپ، سەنپەننى سوقۇپ، هېسابنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ، ئىلگىرىكىسى بىلەن كېيىنكىسىنىڭ ئوخشاش بولۇپ چىقمىغانلىقىنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش هەقىقەتەن مەسىلىنى هېچكىم نېرى - بېرى قىلالمايدىغان دەرىجىدە هەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇش چارىسى. بىراق، بۇ چارە هازىر تولىمۇ «كونا ئۇسۇل» بولسا كېرەك.

قەدىمكى ئادەملەر ئەنە شۇنداق كونا هېساب - كىتاب دەپتەرلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشتىن قورقىدىكەن. شۇ بەگلىكىدە ياشىغان ۋېي جۇاڭ[76] غۇربەتچىلىكتە قالغان چاغلىرىدا مەزمۇن جەھەتتىن ناهايىتى مەردانە، كەسكىن، تىلى جەھەتتىن خېلى ئاممىباب بول-

غان «چىن ئاياللىرى قوشىقى» ناملىق بىر پارچە داستان يازغاندىكەن، بۇ داستان ئۆز ۋاقتىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئوقۇلۇپ يۈرگەنىكەن؛ ۋېي جۋاڭ كېيىنكى چاغلاردا كاتتا مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ توپلىمىغا كىرگۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، باشقا ئادەملەر كۆچۈرگەن نۇسخىلارنىمۇ بىر ئىلاجى قىلىپ يوقىتىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىكەن. ئۆز ۋاقتىدا يوقىتىۋېتەلىگەن ياكى يوقىتىۋېتەلمىگەنلىكى نامەلۇم: لېكىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دۇڭخۇاڭ غارلىرىنىڭ بىرىدىن شۇ داستاننىڭ كۆچۈرمىسى تېپىلغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قىلغان ئەجرىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىنى ۋە لېكىن خېلى كۆپ ئەجىر قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىراق، ئۇ قەدىمكى مەشھۇر ئادەم. ئادەتتىكى ئادەم ئۇنداق قىلمايدۇ، ئادەتتىكى ئادەم كونا ھېساب - كىتاب دەپتەرلىرىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولىدىكەن، كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپ قايتىدىن تۆرىلىشى شەرت. كاللىسى ئېلىنىدىغان گۇناھكار جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلغىنىدا، «20 يىل ئۆتكەندە يەنە بىر نوچى چىقتى!» دەپ توۋلاشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلىشى، باشقىدىن ئادەم بولۇشى ئۈچۈن 20 يىل سەرپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ ئاۋارىگەرچىلىك.

بىراق، بۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئادەتتىكى ئادەملەر جەھەتتىكى گەپ. ھازىرقى مەشھۇر ئادەملەر ئۇنداق ئەمەس، بۇلار كونا ھېساب - كىتاب دەپتەرلىرىنى يوقىتىۋېتىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولماقچى بولىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۇسۇلىغا قارىغاندا ئاستا ۋە ياكى تېزلىكتە خۇددى پوچتا خېتى بىلەن تېلېگراممىغا ئوخشايدۇ. ئاستىراق بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغانلىرى چەت ئەللەرگە بېرىپ كېلىدۇ، بىرەر ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ بېرىدۇ، كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، بىرنەچچە كۈن تاغ - يايلاق تاماشىسى قىلىپ كېلىدۇ؛ تېزرەك





بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىرى بىرەر قېتىم يىغىن ئاچىدۇ، بىرەر قېتىم توۋا - ئىستىغپار ئوقۇيدۇ، بىرەر قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ، بىرەر پارچە خىتابنامە ئېلان قىلىپ قويىدۇ ياكى بىرەر كېچە ئۇخلىسىمۇ، بىرەر پارچە شېئىر يازسىمۇ مەيلى؛ تېخىمۇ تېزرەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىرى ئۆز كاچىتىغا ئىككى تەستەك ئۇرۇپ، بىرنەچچە تامچە كۆز يېشىنى ئېقىتىپ، شۇنىڭ بىلەنمۇ «ئىلگىرىكى مەن» بىلەن زادىلا ئالاقىسىز بولغان باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىۋېرىدۇ. مېھراب بېگى[77] بىر يۇمىلاپلا بېلىققا ئايلىنىپ، ھۆرلەرنىڭ چاترىقىدا ئۇيان - بۇيان غىرتىلداپ يۈرسە، ئاپتور بۇنى قالتىس كېلىشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ يازدىم دەپ ئويلىغاندۇر، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا بىرەر يېڭىلىقنىڭمۇ ئەسىرى يوق.

ئەگەر، شۇنداق ئۆزگىرىشنىمۇ ئاۋارىگەرچىلىك بولىدىكەن دەپ قارايدىغان بولسا، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، تەتۈرسىگە: «بۇ مېنىڭ ھېساب - كىتاب دەپتىرىممىدى؟» دەپ سوئال قويىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئەگەر بۇنىمۇ ئاۋارىگەرچىلىك بولىدىكەن دەپ قارايدىغان بولسا، كۆزىنىڭ پاختىسىنىمۇ چىقارمايدۇ، سوئالمۇ قويمايدۇ. لېكىن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىپ تۇرغىنى ئومۇمەن كېيىنكى ئۇسۇل.

«قەدىمكى ئۇسۇل»نى ھازىرقى دەۋردە قانداقمۇ يولغا قويۇشالىسۇن؟ شۇنداق بولسىمۇ يەنە بەزىلەر كىتاب - نامىلەرنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى نېمىكىنتاڭ؟ بىراق بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممىڭلار ئەسكەر بولۇڭلار، دەپ تەشەببۇس قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ھازىر كىتاب - نامىلەرنىمۇ سېتىۋالمىدىم، ئەتە ئەسكەر بولۇشۇمۇ ناتايىن.

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# سەھەر سالقىنىدىكى ئەسلىمە[78]

رۇنيۇ

جاڭ شيەنجۇڭ[79] توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە بار، بۇنىڭدىن ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنى غەلىتە ئادەم ئىكەن، دەپ قارايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەنمۇ ئىلگىرى ئۇنى غەلىتە ئادەم ئىكەن، دەپ قارايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىم.

بالا ۋاقتىمدا «تەگداشسىزلار قىسسىسى»[80] دېگەن بىر كىتابنى ئوقۇغانىدىم، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئادەملەر يازغان بۇ كىتابتا تارىختىكى تەگدىشى يوق ئالاھىدە ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن؛ ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان، سۈرەتنىڭ بىرى يېنىغا بەزى بېغىشلىما شېئىرلار يېزىلغان؛ لېكىن بۇنىڭدا يامان ئادەملەر يوقتەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا ئەزەلدىن ناھايىتى ‹ئالاھىدە بولغان، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەملەرنى تاللاپ، ئەنگلىيىلىك كارلىلى[81] نىڭ «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» دېگەن ئەسىرىگە، ئامېرىكىلىق ئېمېرسون[82] نىڭ «ئۇلۇغ ئادەملەر ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىگە ئوخشاش، جۇڭگونىڭ «ئادەم تارىخى» دەپ بىر ئەسەر يېزىش خىيالىغىمۇ كەلگەنىدىم. ياخشىلىرىنىمۇ، يامانلىرىنىمۇ، ئاچ قالغان بولسىمۇ مۇزدەك قارنى يەپ ۋىجدانىنى ساقلاپ قالغان سۇ ۋۇ[83] نىمۇ، پىداكارلىق بىلەن سۇتراني ئۆگەنگەن شۈەن جۇاڭ[84] نىمۇ، «ئېھتىيات بىلەن پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىمنى تۆھپە قىلىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق» دېگەن





كۇڭ مىڭنىمۇ[85] يازىمەن؛ لېكىن قەدىمكى پەتىۋارلارغا تەلۋىلەرچە ئىشىنىپ، «ئۆلسەم ئارمىنىم يوق» دېگەن ۋاڭ ماڭ[86] نىمۇ، قانۇننى چاقىچاق ئارىلاش ئۆزگەرتكەن ۋاڭ ئەنشى[87] نىمۇ يازىمەن، جاڭ شيەنجۇڭنىمۇ شۇ قاتارغا كىرگۈزىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ھازىر قەلەم تەۋرىتىش نىيىتىم قالمىدى.

«سىچۇەننىڭ زۇمرىتى»[88] دېگەنگە ئوخشاش كىتابلاردا جاڭ شيەنجۇڭنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، لېكىن تولىمۇ چۇۋالچاق، ئۇنى ئوقۇغان ئادەم خۇددى «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»[89] كە ئوخشاش، جاڭ شيەنجۇڭ مەخسۇسلا «ئادەم قىرىش ئۈچۈن ئادەم قىرىش» بىلەن شۇغۇللانغانىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقسىتى باشقا. ئۇ دەسلەپتە ئانچە قىرغىنچىلىق قىلمىغان، چۈنكى ئۇنىڭ پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى يوق ئەمەس. كېيىن لى زىچېڭ[90] نىڭ بېيجىڭغا كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن چىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سەددىچىن ئىچىگە بېسىپ كىرگەنلىكىنى، ئۆزىگە ھالاكەتتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى بىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ھەدەپ قىرغىن قىلىشقا كىرىشكەن... ئۇ جاھاندا ئۆزىگە تەن ھېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ، باشقىلارغا تەن بولۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى بەزى سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى دەۋران سۈرگەن پادىشاھلىرى، بۇۋىلىرى ياكى ئۆزى توپلىغان كىتاب، تەۋەررۈك گۆھەر دېگەندەك بىرنېمىلەرنى ئۆلۈش ئالدىدا پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىغان چاغدىكى روھىي ھالىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولىدا لەشكەر بار، لېكىن تەۋەررۈك نەرسىلەر يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن قىرىش، چېپىش، بوغۇزلاش... بىلەن بولۇپ كەتكەن.

لېكىن، ئۇ لەشكەرلىرىنى قولدىن بەرمىگەن، بۇنىڭدىن مەقسىتىمۇ قىرغىنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش. ئۇ پۇقرانى قىرىپ تو-

گەتكەندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى لەشكەرلىرى ئىچىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى پايلىغان، بىرەر نارازىلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، دەرھال شۇنداق نارازى بولغان ئادەملەرنى تۇتۇپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى قىرىپ تاشلىغان (ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولغا چۈشكەن ئاياللاردىن بولغان بالا - چاقىسى بارغا ئوخشايدۇ). لەشكەرلەرنى قىرغىنچىلىق ياردىمى بىلەن باشقۇرۇپ، لەشكەر ئارقىلىق قىرغىنچىلىق قىلغاندا، ئۆزىنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. لېكىن، ئۇ بىللە يوقىلىدىغان ئەجەللىك يولغا ئەنە شۇنداق ماڭغان. بىزمۇ باشقىلارنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەرسىلىرىنى ئانچە ئاسراپ كەتمەيمىزغۇ؟

دېمەك، جاڭ شيەنجۇڭنىڭ ھەرىكىتى قارىماققا غەلىتە كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ئىش. لېكىن، ھېلىقى قىرغىن قىلىنغان ئادەملەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇۋاڭ بېگى[91] كېلىپ ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەندە ئاندىن قۇل سۈپەتتە نىجات تاپىمىز دەپ ۋە يەنە «سۇۋاڭ بېگى قولىدا، كۆكرىكىدىن ئوق يەپ ئۆلىدۇ مەتلەقا»[92] دېگەن بېشارەتمۇ بار دەپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ، بوينىنى ئېگىپ، ئۇنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ كېلىپ چېپىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى ھەقىقىي غەلىتە بىر ئىش. لېكىن، مەن ئويلايمەنكى، بۇ بېشارەتنى كېيىنكى ئادەملەر توقۇپ چىقارغان، ئۆز ۋاقتىدىكى ئادەملەرنىڭ قانداق ئويلىغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى





# جۇڭگونىڭ غەلىتە تەسەۋۋۇرلىرى[93]

يۇگۇاڭ

چەت ئەللىكلەر جۇڭگونى چۈشەنمەي، دائىم، جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئەمەلىيەتچان كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس؛ بىز جۇڭگولۇقلار ناھايىتى غەلىتە تەسەۋۋۇرلارنى قىلىدىغان خەلقمىز.

مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، بىر ئەر كىشىنىڭ بىر نەچچە ئايالى بولسا، ئۇلار بىلەن بولۇشچە ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغان بولسا، ئاخىر ھەر كۈنى «ئۈچ سوتا» ھارىقى[94] ئىچىسىمۇ كار قىلماي، «ئەجىلى (؟) يېتىپ» كېلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بىزنىڭ قەدىمكى ئادەملىرىمىزدە: «ئاياللار بىلەن جىماھ قىلغان» ئادەم ئەۋلىيا بولالايدۇ، بۇنىڭغا نۇرغۇن خوتۇنلۇق بولغان زىناخور پېڭ زۇ[95] نىڭ بىرقانچە يۈز ياشقا كىرگەنلىكى مىسال بولالايدۇ، دەيدىغان غەلىتە تەسەۋۋۇر بولغانىكەن. بۇ ئۇسۇل كىمياگەرلىك بىلەن بىللە دەۋر سۈرگەن، بۇنىڭغا دائىر كىتابلارنىڭ ئىسىملىرى كونا كاتولوگلاردىمۇ تېپىلىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ياشاش مۇمكىن بولمىسا كېرەك، ھازىر ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئادەم يوقتەك تۇرىدۇ، بۇ خوتۇنپەرەس باتۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ بەختسىزلىك - دە.

شۇنداق بولسىمۇ، يەنە: بۇرنۇمدىن ئاق نۇر چىقارسام، بۇ نۇر يىراق - يېقىندىكى رەقىب ياكى دۈشمەنلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئىكەن؛ ئاندىن كېيىن شۇ نۇر يەنە قايتىپ كەلسە، شۇنىڭ بىلەن

ئۇلارنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىسە. دېمەك، ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسامۇ، ئۇنىڭدىن چاتاق چىقمىسا مۇرادىمغا يەتكەن بولاتتىم، دەيدىغان غەلىتە تەسەۋۋۇرمۇ بار. ئالدىنقى يىلى بەزىلەر شۇنداق ماھارەتنى تېپىش ئۈچۈن ۋۇداڭشەن تېغىغا[96] چىقماقچىمۇ بولغانىكەن، ئەنە شۇ غەلىتە تەسەۋۋۇرنىڭ ئورنىنى بۇلتۇر قىلىچۋازلار قوشۇنى ئاپتۇ. ھازىر قىلىچۋازلار قوشۇنىنىڭ نامىمۇ جىمىقىپ كەتتى. بۇمۇ ۋەتەنپەرۋەر باتۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ تەلەيسىزلىك - دە.

شۇنداق بولسىمۇ يېقىندا يەنە بىر خىل قالتىس چوڭ غەلىتە تەسەۋۋۇر كېلىپ چىقتى: بىر تەرەپتىن ۋەتەن قۇتقۇزغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن بېيىغىلىمۇ بولىدىكەن، تۈرلۈك لاتارىيە بېلەتلىرى[97] قىمارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، بېيىشتىن «ئۈمىد»مۇ بار ئىكەن. مانا بۇ ئىككى خىل ئىشنىڭ بىر - بىرىگە چېتىلدۇرۇلغانلىقى راست. دەرۋەقە، دۇنيادا جەزخورلۇق قىلىپ چوتا ئېلىش يولى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان موناكو سۇلتانلىقى[98]مۇ بار؛ لېكىن، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، قىمارغا بېرىلىپ كەتكەندە، كىچىك نۇقتىدىن ئالغاندا ئائىلە خاراب بولسا، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا دۆلەت ھالاك بولماي قالماس. ۋەتەن قۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى ئالساق، ھەر ھالدا ئاز - تولا قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق قۇربانلىق ھېچبولمىغاندا بېيىش يولىدىن ھەر ھالدا كۆپ يىراق. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىككى ئەھۋالنىڭ بىرلىكىنى كەشىپ قىلغان جاي — بىزنىڭ ھازىرقى جۇڭگو؛ گەرچە سىناق قىلىنۋاتقان بولسىمۇ.

يەنە بىر خىل غەلىتە تەسەۋۋۇرمۇ بار. بۇنداق تەسەۋۋۇرغا بېرىلگەن ئادەم ئەمدى ھېلىقىدەك ئاق نۇرنى كېرەك قىلماي، بىرنەچچە ئېلان چىقىرىش، بىرنەچچە پارچە يوشۇرۇن ئىمزالىق خەت يېزىش، بىرنەچچە پارچە غەيرىي ئىسىملىك ماقالە ئېلان





قىلىش يولى بىلەن رەقىبىمنى كالىلىسىدىن جۇدا قىلسام ۋە لېكىن پەرەڭلەرچە ئىمارىتىمگە، كاستۇمىمغا[99] قان چاچرىمىسا، شۇنداق قىلىپ شان - شەۋكەتكىمۇ، پايدا - مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشسەم، دەپ ئويلىماقتا. ھازىر بۇنىمۇ سىناق قىلىشماقتا، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇپ چىقىدىغانلىقى نامەلۇم؛ لېكىن تەييار ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنداق ئادەمنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ؛ دېمەك، بۇمۇ ئۇلارنىڭ بىكار ئاۋارىگەرچىلىكى بولسا كېرەك.

قىمارغا بېرىلىش يولى بىلەن ۋەتەن قۇتقۇزۇش، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش يولى بىلەن ئەۋلىيا بولۇش، قول ئۇزاتماستىن تۇرۇپمۇ دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش، پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلىش يولى بىلەن يەر - زېمىن سېتىۋېلىش — مېنىڭچە، ئەگەر «قامچا كەتمەيدىغان قۇلۇن»[100] نىڭ داۋامىنى يازىدىغان ئادەم چىقسا، مانا مۇشۇ تۆت ئىبارىنى كىرگۈزۈپ قويسىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# لاپ گەپنى كەم سۇندۇرۇش[101]

ۋېيسۇ

لاپ گەپنى كەم سۇندۇرۇش — ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات جەھەتتىكى كەم سۇندۇرۇش. ئاپتورنىڭ باياننى، ھېلىقى لاپ ئۇرۇپ يازغان سۆزلىرى ئىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ بىچارىلىكىنى ۋە يارامسىزلىقىنى[102] «كەم سۇندۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ ئېنىق يازغان سۆزلىرىنىمۇ كۆپ چاغلاردا كەم سۇندۇرۇش توغرا كېلىدۇ.

ئۆلىما لى تەيبەي[103] نىڭ لاپ ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق؛ ھەتتا تىرناقلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋالىدىغان، قۇرۇق قاقشالدەك ئورۇقلاپ كەتكەن شەيتان شائىر لى چاڭجى[104] مۇ «سېتىۋالدىم زۇلپىقارنى بىر شاتۇردىن، قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنەي دەپ مايمۇنجاندىن» دەپ يېزىپ، ئۆزىنى چاغلىماي قىلىچۋازلىقنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنى كەم سۇندۇرۇپ نۆل (0) گە تەڭ قىلىش كېرەك، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە بارمىغانلىقى دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ.

جەنۇبىي سۇڭ زامانىسىدا دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، مەردانىلەرنىڭ بىرى بولغان لۇ فاڭۋېن[105] مۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «پېقىرغا قېرىلىق يەتتى، لېكىن دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپ چېگرىغا بېرىش غەيرىتىم بار، سىلەرنىڭ شىنتىڭدا پىغان بىلەن يىغلىشقىلارنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دەپتىكەن. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە چېگرىغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىمۇ كەم سۇندۇرۇپ نۆلگە تەڭ قىلىش كېرەك — بىراق مېنىڭ قولۇمدا كىتاب





يوق، نەقىل كەلتۈرگەن شېئىرلىرىمدا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن، بۇنىمۇ بۇ يەردە ئاۋۋال كەم سۇندۇرۇپ قوياي.

ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق لاپ ئۇرىدىغان ئادەت ئەدىبلەرگىلا خاس ئەمەس، ئادەتتىكى ئادەملەردىمۇ ياكى مىشچانلاردىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغان. بازاردا A بىلەن B ئۇرۇشۇپ قالسا، يېڭىلىپ قالغىنى كۆپىنچە: «خەپ، ئالدىرىما!» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ خۇددى ۋۇ زېشۈي[106] گە ئوخشاش، ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچكىنى. لېكىن، ئىنتىقام ئېلىشقا كىرىشىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق ئادەم زىيالىي بولسا، باشقا بىر سۇيىقەست ئىشلىتىشى مۇمكىن؛ نادان ئادەملەر بولسا كۈرەشنى شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىتىدۇ، ئۇلار ھېلىقىدەك قەسەمنى ئاچچىقى بىر ئىچىپ قويىدۇ، ئاڭلىغانلارمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۇنداق ئەھۋاللار ئۇزۇندىن بۇيان جېدەلنى تۈگىتىشنىڭ بىر خىل مۇراسىمى بولۇپ قالغان.

كونا ھېكايىچىلەرمۇ شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ تېگىنى ئوبدان بىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرەر بۇزۇق ئايالنىڭ باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ يازغىنىدا، ئادەت بويىچە باشقىلارنىڭ شۇ ئايالنىڭ باشقا بىرەر ئەركەك بىلەن ئوينىغانلىقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ: «مەن بولسام بارمىقى ئۈستىدە ئادەم تۇرغۇزالايدىغان، بىلىكىدە ئات چاپتۇرالايدىغان ئادەممەن ...»[107] دېگەندەك سۆزلىرىنىمۇ يازغان. بۇ گەپلەردىن كېيىن ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇ ئايال باشقىلار قانداق كەم سۇندۇرسا سۇندۇرۇۋەرسۇن، مەيلى، دەيدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ شۇنچە ئىشىنىپ كەتكۈدەك قاپاق باش ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، شۇنداق دەۋېرىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى يالغان دورا ساتىدىغان ئادەملەرنىڭ دورىنى ئورىغان قەغەزگە «كېسەلنىڭ كۆزىنى بويىغان بولسام، چاقماق چۈشۈپ ئۆلەي، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلەي» دېگەن سۆزلەرنى بېسىپ قويغىنىغا ئوخشاش بىر

خىل رەسىم ـ يوسۇن بولۇپ قالغان.

لېكىن، پەلەكنىڭ چاقى ئۆرگىلىپ تۇرغاچقا، ئۆز سۆزىنى دەرھال ئۆزى كەم سۇندۇرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئېلانلاردا بەزىدە شۇنداق ئەھۋالنى كۆرىمىز: «مەن ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق جايدا ئىسىم ـ فامىلەمنى ئۆزگەرتكەن ئادەم ئەمەس» (108) دېگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، خۇددى «يەتتە پالۋان، بەش مەردان» (109) دىكى ئادەملەرنى كۆرگەن چاغدىكىدەك بىردىنلا ھۆرمىتىمىز قوزغىلاي دەپ تۇرسا، يەنە شۇ ئادەملەر «بەزىدە باشقا تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولسامۇ، لېكىن ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم جاۋابكار» دەپ، خۇددى تۇشىنسۇن (110)غا ئوخشاش بىر ئىرغىپلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. «باشقا تەخەللۇس ئىشلىتىش» كە نەدىمۇ ھېرىس بولاي؟ ئىلاجسىزلىقتىن قىلدىم، دەيدۇ.

شاڭخەي ئەسلىي جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، شۇڭا كۇڭزى پەتىۋالىرىنىڭ تەسىرى يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەتتا سودىگەرلەرنىڭ پوكەيلىرى ئىچىدىكى «بىر باھادا ساتىمىز» دېگەن ئالتۇن ھەللىك ۋىۋىسكىلىرى دائىم دۇكان ئالدىدىكى «ئەرزانلىتىپ ساتىمىز» دېگەن تۇغى بىلەن بىر ـ بىرىگە جۇلا بېرىپ تۇرىدۇ؛ لېكىن شۇ سودىگەرلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىدا سەۋەب يوق ئەمەس؛ ئۇلار ياكى مىللىي مالنى تەشەببۇس قىلماقچى، ياكى دۇكان ئاچقانلىقىنىڭ خاتىرىسىنى قىلماقچى.

دېمەك، ئۆزلىرىنىڭ كەم سۇندۇرۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، «كونا شاڭخەيلىك» لەر يەنە تۆپىلەپ كەم سۇندۇرۇشى كېرەك.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى





# تەپمەك (111)

فېڭ جىيۇ

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى «ئىتتەرمەك» توغرىسىدا يازغانىدىم، ئەمدى «تەپمەك» توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بولدۇم.

«شېنباۋ» گېزىتىدە مۇشۇ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يېزىلىشىچە، 6 ـ كۈنى كەچقۇرۇندا سىرچى لىيۇ مىڭشەن، ياڭ ئاكۇن، گۇخۇڭشىڭ فرانسىيە كونسېسسىيىسىدىكى خۇاڭپۇتەننىڭ تەيگۇ لىمانىدا ھاۋا يەپ تۇرغانىكەن، شۇ چاغدا يەنە بىرنەچچە ئادەم سول قولدىكى يېقىنراق بىر يەردە قىمار ئوينىشىپتۇ. چارلامچى ساقچىلار ئۇلارنى قوغلاپتۇ، لېكىن لىيۇ مىڭشەن، گۇ خۇڭشىڭ رۇس ساقچى(112) تەرىپىدىن سۇغا چۈشۈرۈلۈۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن لىيۇ مىڭشەن غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ. رۇس ساقچىنىڭ: «ئۆزى پۇتلىشىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى» (113) دەيدىغانلىقى تەبىئىي. لېكىن، گۇ خۇڭشىڭ: «مەن لىيۇ مىڭشەن ۋە ياڭ ئاكۇن ئۈچەيلەن تەيگۇ لىمانىغا ھاۋا يېگىلى باردۇق، لىيۇ مىڭشەن تۆمۈر ئورۇندۇق ئالدىدىكى يەردە ئولتۇردى… مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتىم… رۇس ساقچى ئاۋۋال لىيۇ مىڭشەننى بىرنى تەپتى، لىيۇ مىڭشەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇۋىدى، يەنە بىرنى تەپتى، شۇنىڭ بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتتى، مەن ئۇنى تارتىۋالاي دەپ ھەرىكەت قىلغان بولسامۇ ئۈلگۈرەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، رۇس ساقچىنى تۇتۇۋالدىم، ئۇ مېنى قولى بىلەن بىر ئىتتەرگەنىدى، مەنمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم، باشقىلار

تارتىۋالدى» دېگەن. سوراقچى[114]: «ئۇنى نېمىشقا تەپتى؟» دەپ سورىسا، «بىلمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«ئىتتىرىش» ئۈچۈن قولنى كۆتۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، پېقىرلارغا ئۇنچە ئاۋارە بولۇشنى راۋا كۆرمەي، «تەپمەك»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا كېرەك. شاڭخەيدە ھەقىقەت «تېپىش» مۇتەخەسسىسلىرى — ھىندى ساقچى، ئامانلىق ساقچى — بار، ھازىر بۇلارغا ئاق رۇس ساقچىمۇ قوشۇلغان، ئۇلار چارپادىشاھ دەۋرىدە يەھۇدىيلارغا ئىشلەتكەن ۋاستىلىرىنى بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەتمەكتە. بىزمۇ ھەقىقەتەن «خورلۇقنى كۆتۈرۈش»كە ماھىر بولۇپ كەتكەن خەلق ئىكەنمىز، «سۇغا چۈشۈپ» كەتمەيدىغانلا بولساق، كۆپىنچە «چەت ئەللىكنىڭ سۆرىگەن پاچىقىنى يېدىم» دېگەن كۈلكىلىك گەپ بىلەن قىزىقچىلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز.

مىياۋ خەلقى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالغاندا، تاغقا قاچقانىكەن، ئۇلارنى بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىزدىن بولغان شۈەنيۈەن[115] قوغلاپتىكەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكىلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن دېڭىز بويىغا قاراپ قاچقانىكەن، ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلارنىمۇ بىزنىڭ پادىشاھلىرىمىزدىن بولغان چىڭگىزخان[116] قوغلىغانىكەن. ئۇلار قوغلىنىپ دېڭىز بويىغا بارغاندا، ليۇ شۇفۇ[117] بالا پادىشاھنى ھاپاش قىلغىنىچە دېڭىزغا سەكرىگەنىكەن. بىز جۇڭگولۇقلار ئەزەلدىن تارتىپ «ئۆزىمىز پۇتلىشىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ»غانلاردىن ئىكەنمىز.

بەزى مەردلەر، دۇنيادا پەقەت سۇ بىلەن ھاۋالا كەمبەغەللەرگە ئاتا قىلىنغان، دەيدۇ. بۇ گەپ ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس. كەمبەغەللەر ئەمەلىيەتتە نەدىمۇ سۇ بىلەن ھاۋادىن ھەممە ئادەمگە ئوخشاش بەھرىمەن بولالىسۇن؟! لىماندا ھاۋا يەۋاتقان چاغدىمۇ ناھەق «تېپىك» يېيىشى، سۇغا چۈشۈپ كېتىپ جىنىدىن ئايرىلىشى





مۇمكىن؛ دوستىنى تارتىۋالمەن دېسە ياكى قاتىلنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋالسا، ئۇ چاغدىمۇ قول بىلەن ئىتتىرىلىپ، سۇغا چۈشۈرۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر كۆپچىلىك ياردەملەشسە، «جاھانگىرلىككە قارشى» گۇماندار بولۇپ قالىدۇ. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش» ئەسلىدە جۇڭگودا مەنئى قىلىنمىغانىدى، لېكىن «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشى»نىڭ ئالدىنى ئېلىش كويىدا بولۇشقانىكەن، نەتىجىدە «تېپىلىش» ۋە «ئىتتىرىلىش»، يەنى ئاخىر سۇغا چۈشۈرۈلۈش ئاقىۋىتىگە قالماي مۇمكىن ئەمەس.

دەۋر ئالغا باسماقتا، پاراخوت، ئايروپىلان ھەممىلا يەردە بارلىققا كەلمەكتە، ئەگەر جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ھازىرقى كۈندە ھايات بولغان بولسا، ھەرگىز دېڭىزغا چۈشۈپ كەتمىگەن، چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك پۇقرالىرى «سۇغا چۈشۈرۈلگەن» بولاتتى.

بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مۇرەككەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىرچى گۇ خۇڭشىڭ: «بىلمىدىم» دېگەن.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# «جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان»[118]

لۇيسۇن

نازاكەتلىك تالىپلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى ئاسانلا كۆز يېشى
قىلىدىغان ئادەملەر بار، ئۇلار جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرى يې-
قىندىن بۇيان خۇددى مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن تۇتۇ-
ۋالغىنىغا ئوخشاش مالىمانلىشىپ كەتتى دەپ، ئۆزىنى توختىتىۋا-
لالماي، بولۇپمۇ بوھتان - تۆھمەتلەردىن زارلىنىپ، «داد -
پەرياد» چەكمەكتە.

ئەمەلىيەتتە ئەسەر يېزىپ ئۇنى «مەشھۇر غارلارغا كۆمۈپ
قويۇپ ساقلايدۇ»غان دەۋر كېتىپ قالدى. ھازىر «مۇنبەر» بار،
بۇ «مۇنبەر» كۆرەشتىن ھەتتا تىل - ھاقارەت ۋە تۆھمەت -
بوھتاندىن خالىي ئەمەس. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى
ئەھۋالنى مىسالغا ئالاي دېسەم، ئۇ تولىمۇ كونا، ئۇنى تىلغا ئېلىپ
ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق؛ چىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدىمۇ جاڭ
شىزەي بىلەن يۈەن زىسەي[119]، لى چۇنكې بىلەن جاۋ ۋېيشۇ[120]
خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايتىكەن؛ ئۇلاردىن كېيىنرەك
بولغان ئەھۋاللارنى ئالساق، «خەلق گېزىتى» بىلەن «يېڭى خەلق
مەجمۇئەسى» ئوتتۇرىسىدا كۆرەش بولغان[121]، «يېڭى ياش» چە-
لار بىلەن پالانچى - پوكۇنچىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى كەسكىن
كۆرەش بولغان[122]. بۇ كۆرەشلەر ئۆز ۋاقتىدا بىگۇناھ ئادەملەرنى
ھەسرەتلەندۈرمەي قالمىغان دېمىسىز؟! لېكىن غالىب بىلەن مەغ-





لۇپنىڭ ئىنقىلانغانلىقى، زاماننىڭ ئاستىلاپ ئۆتۈشى بىلەن، جەڭ-
دە پەيدا بولغان قان داغلىرى يامغۇردا پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ
تۈگىگەندىن كېيىن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەدە-
بىيات مۇنبىرى تىنچ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايدۇ. چەت
ئەللەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق، بىز ھازىر ئومۇمەن ۋىكتور ھيوگو
بىلەن گېرخارت خائۇپتماننىلا[123] مەشھۇر ئەدىب دەپ بىلسەك
كېرەك، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى سەھنى-
لەشتۇرۇلگەندە، كولۇبتىلا ئادەم تۇتۇش، ئادەم ئۇرۇش ۋەقەسى
يۈز بەرگەنىكەن؛ تەپسىلىيرەك يېزىلغان ئەدەبىيات تارىخلىرىدا شۇ
چاغدىكى ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ تەپسىلاتىمۇ بار.

دېمەك، مەيلى جۇڭگودا، چەت ئەللەردە بولسۇن، مەيلى قە-
دىمكى زاماندا ۋە ھازىر بولسۇن، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە نازاكەتلىك
تالىپلارنى «غەمكىن» قىلىدىغان بەزى مالىمانلىق يوق ئەمەس.
لېكىن، بىرمۇنچە ئاتالمىش ئەدىبلەر ۋە ماقالىلەر ئاخىر يوقىلىپ
كېتىدۇ؛ ياشاپ تۇرۇشقا مۇناسىپ بولغانلىرى بولسا ئەدەبىيات
مۇنبىرىنىڭمۇ ھەر ھالدا پاكىز جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ھايات
ياشاۋېرىدۇ. لېكىن، مالىمانچىلىقنى بەزى پىغانچىلار كۆپەيتىپ
قويىدۇ. ئۇلار تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ كۆرمەستىن، «ئۇنىڭ-
دىمۇ ئەيىب بار، بۇنىڭدىمۇ ئەيىب بار» دېگەن پەتىۋانى تېپىپ،
يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىسى»گە چىقىرى-
ۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا مالىمانچىلىق مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. لې-
كىن، پەلەك ھەمىشە شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ، ئاينىڭ ئون بەشى
قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى ئايدىڭ بولىدۇ. ئويلاپ كۆرەيلى، لىن
چىڭنەنىڭ ئەدەبىيات ئىنقىلابىغا ھۇجۇم قىلغان ھېكايىسى-
نىڭ[124] ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ھېچقانچە ۋاقىت بولمىدى، قېنى
ھازىر نەگە كەتتى؟

پەقەت يېقىندىن بۇيان تۆھمەتخورلۇق ناھايىتى ئاجايىپ نەي-





رەڭلەر بىلەن ئەۋج ئالماقتا، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ قەدىمكى زامانلاردىكىدىنمۇ يامان ئەمەس، بۇنىڭغا چېك خانىدانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا كەڭ ئەۋج ئالغان يېزىق زىندانى توغرىسىدا ھازىرمۇ تۈگەپ كەتمىگەن گەپ - سۆزلەر دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەمەلىيەتتە ئەدىب دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق، سەللىسى يوغان ئىمانى يوق ئوغرىلار؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە گاھىدا قەلەم ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەر قالسىمۇ، لېكىن بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ زاۋال تاپقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەبى بىلەن مالىمانلىشىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ سۈپسۈزۈك، تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

تارىخنىڭ چاقى ھەرگىز ئارقىسىغا يانمايدۇ، ئەدەبىيات مۇنبىرى توغرىسىدا پىغان بىلەن ئاھ ئۇرماسلىق كېرەك. پىغان ئۆزىنى چىكارىگەر قىلىۋېلىپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ھەق - ناھەقنى ئايرىماستىن تۇرۇپلا جان كۆيدۈرگەنلىكتىن ياكى زاۋال تاپقان لاگېردا ئولتۇرغانلىقتىن كېلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# كۈز كېچىسىدىكى سەيلىدىن خاتىرە(125)

يۇگۇاڭ

كۈز يېتىپ كەلدى، ئىسسىقنىڭ تاۋىمۇ ياز كۈنلىرىدىكىدىن ئازايمىدى، كۈننىڭ ئورنىنى ئېلېكتر چىراغلىرى ئالغان بىر ۋاقىتتا، كوچىدا سەيلە قىلىپ يۈردۈم.

خەۋپ؟ خەۋپ ئادەمنى ئاسقىتۇرىدۇ، ئادەم ئاسقىقاندا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلالايدۇ، خەۋپ ئىچىدە سەيلە قىلىش ناھايىتى ياخشى ئىش.

كونسېسسىيەلەردە ئارامبەخش يەرلەرمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ياتاق رايونى. لېكىن، ئوتتۇرا مەرتىۋىلىك جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇۋىلىرىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى دىمىق، يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان غالتەك، غېجەك، ماجياڭ، پاتېفون، ئەخلەت ساندۇقى، يالاڭ تۆش ۋە يالاڭ ئاياغ. سەيلىگە لايىق كېلىدىغىنى — يۇقىرى مەرتىۋىلىك جۇڭگولۇقلارنىڭ ياكى مەرتىۋىسىز پەرەڭلەرنىڭ ئۆي - جايلىرىنىڭ سىرتى، كەڭ ئاسفالت كوچا، يېشىل دەرەخ، ناۋات رەڭ دېرىزە پەردىلىرى، سالقىن شامال، ئاينىڭ ئايدىڭى، كۈچۈكلەرنىڭ قاۋاشلىرى.

مەن يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كۈچۈكلەرنىڭ قاۋاشلىرىنى ياقتۇرىمەن؛ تۈن كېچىدە ئىتلارنىڭ قاۋىغىنىنى يىراقتىن ئاڭلىسىڭىز، كۆڭلىڭىز يېشىلىپ قالىدۇ، قەدىمكىلەرنىڭ «ئىتنىڭ ئاۋازى يىلپىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ»(126) دېگىنى ئەنە شۇ گەپ. ئەگەر يات يېزىغا بېرىپ قالسىڭىز، بىرەر قاۋان ئىت قاۋىغىنىچە

ئوقتەك ئېتىلىپ كەلسە، سىزنى گويا جەڭگە كىرىپ قالغاندەك ئاسقىتۇرىدۇ، بۇمۇ ناھايىتى پەيزىلىك بىر ئەھۋال.

لېكىن، ئەپسۇسكى، بۇ يەردە پىستەكلەرنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن، ئۇ دالدىغا كىرىۋېلىپ، كاڭ! كاڭ! قىلىپ قاۋايدىكەن.

بۇنداق ئاۋازلار مېنىڭ قۇلىقىمغا ياقمايدۇ.

مەن سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ سوغۇق كۈلدۈم. چۈنكى، شۇنى چۈشەندىمكى، پىستەكلەرنىڭ ئاغزىنى يۇمۇشنىڭ چارىسى — ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ چاپارمەنلىرىگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش ياكى شۇ پىستەكلەرگە بىرەر پارچە سۆڭەك تاشلاپ بېرىش. بۇ ئىككى ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمايمەن.

ئۇلار دائىم كاڭشىيدۇ.

ئۇنداق ئاۋازلار مېنىڭ قۇلىقىمغا ياقمايدۇ.

مەن سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، زەردىلىك كۈلدۈم. چۈنكى قولۇمدا تاش بار ئىدى، زەردىلىك كۈلكەمنى توختىتىپ، تاشنى بىر ئېتىۋىدىم، دەل ئۇنىڭ قاڭشىرىغا تەگدى.

غىڭ قىلغان بىر ئاۋاز چىقتى ـ دە، ئۇ كۆزۈمدىن غايىب بولدى. كەم ئۇچرايدىغان ئىمتاسلىقتا سەيلە قىلىپ كېتىۋەردىم.

كۈز يېتىپ كەلدى، سەيلە قىلىپ كېتىۋاتىمەن. كاڭشىغان ئاۋازلار ئېخچە چىقىپ تۇرماقتا، يىراق ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك دالدا يەرلەردىن چىقماقتا، ئاۋازمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدۇ، ئارىلىقىمۇ كۆپ يىراق، تۇمشۇقىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

سوغۇق كۈلكەممۇ، زەردىلىك كۈلكەممۇ توختىدى، سەيلە قىلىپ كېتىۋاتىمەن، ھېلىقىدەك ئاۋازلار قۇلىقىمغا ئاڭلانماقتا.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى





# «بۇردىچىلىق» (127)

ۋېيسۇ

«بۇردىچىلىق» — بۇ سۆز مالايلارنىڭ پۈتۈن قىلىقلىرىنىڭ ئىنزاھى.

بۇ «چاي پۇلى ئېلىش» ياكى «شىرىنكانە ئېلىش» ئەمەس، چۈنكى بۇ بىر سىر؛ لېكىن ئوغرىلاپ ئېلىشمۇ ئەمەس، چۈنكى پرىنسىپ جەھەتتە ئالىدىغىنى تولىمۇ ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى «زاكىتىنى ئايرىۋېلىش» دېگىلىمۇ بولمايدۇ؛ ھېچبولمىغاندا «كۆز بوياش» دېگىلى بولار. بىراق، بۇ ھالال «كۆز بوياش»؛ چۈنكى بۇ يول بىلەن ئالىدىغىنى دوكارلارنىڭ، بايلارنىڭ، دۆلەتمەنلەرنىڭ، پەرەڭ سودىگەرلەرنىڭ نەرسىلىرى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىدىغىنىمۇ پاتمان ـ پاتمان تۇرغان نۇرغۇن بىر نەرسىنىڭ ئازغىنە بىر «بۇردىسى»؛ بۇنىڭ باشقىلارغا ھېچقانچە زىيىنى يوق، لېكىن ئالغۇچىغا پايدىسى بار، بۇنىڭ بايلارغا زىيان ئۇرۇپ، گادايلارغا شەپقەت قىلىش دېگەن ھەققانىيەتكىمۇ زىيىنى يوق. بىر ئىلاج قىلىپ خوتۇن ـ قىزلارغا چاقچاق قىلىش ياكى ئېپىنى كەلتۈرۈپ چىمدىۋېلىشمۇ «بۇردىچىلىق» بولىدۇ، بۇ سۆز پۇل ـ مال ئۈستىدە ئېيتىلغىنىدەك دەل جايىدا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇردىچىغا يولۇقۇپ قالغانلارغا چوڭ زىيان يەتمەيدىغانلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا يەنە ئوخشاش گەپ.

«بۇردىچىلىق» ترامۋايلاردىكى بېلەت ساتقۇچىلاردا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىشىغا كامىل بولۇپ قالغاندىن

كېيىن، بىر تەرەپتىن، بۇردا چىقىرىۋالغىلى بولىدىغان يولۇچى-
لارغا سەپسېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ
قالىدىغان بېلەت تەكشۈرگۈچىلەرگە سەپسېلىپ، كۆزلىرىنى خۇد-
دى چاشقان بىلەن بۇركۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىققان بىر مەخلۇققا
ئوخشاش پىشۇرىدۇ. پۇلنى تاپشۇرغاندىن كېيىن بېلەت بەرمىسە،
يولۇچىنىڭ بېلەت تەلەپ قىلىش ھەققى بار، لېكىن بېلەتنى تەلەپ
قىلىشى تەس، ئۇنداق تەلەپ قىلىدىغانلارمۇ ئاز، چۇنكى بېلەت
ساتقۇچىلار پەرەڭ سودىگەرلەردىن بۇردا چىقىرىۋالىدۇ[128]. ھەم-
مىسى ئوخشاش بىر جۇڭگولۇق بولغاندىكىن، ياردەملىشىش مەج-
بۇرىيىتى بار ـ دە؛ بېلەتنى ئالسا، پەرەڭ سودىگەرلەرگە ياردەم
بېرىپ قويغان بولىدۇ ـ دە. ئەگەر بېلەتنى ئالسا، بېلەت ساتقۇچى-
لار ئالىيىپ قالماستىن، ھەتتا شۇ تراموايغا چۈشكەن باشقا يولۇ-
چىلارمۇ، زامانغا بېقىپ ئىش قىلمايدىغان بىرنېمىكەن، دەپ ھو-
مايماي قالمايدۇ.

لېكىن، پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ، بىر زامان يەنە
بىر زامانغا ئوخشاشمايدۇ، ئەگەر ئۇچىنچى دەرىجىلىك تراموايغا
چۈشكەن يولۇچىدىن بىرەرىنىڭ يانچۇقىدا گاھىدا بىرەر تىيىن پۇل
بولماي قالسا، ئۇنىڭ كۆزلىگەن يەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى
تراموايدىن چۈشۈشى كېرەك؛ ئەنە شۇ چاغدا بېلەت ساتقۇچى پەرەڭ
سودىگەرلەرنىڭ سادىق مالىيى بولۇۋېلىپ، يولۇچىغا ھەرگىزمۇ
يول قويمايدۇ.

شاڭخەيدە كونسېسسىيىلەردە ئىشلەيدىغان ساقچىلار، دەرۋازى-
ۋەنلەر، پەرەڭ مالايلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر بىلەن
پاراڭلىشىپ كۆرسىڭىز، ئۇلارنىڭ تولىسى پەرەڭ ئالۋاستىلارنى
يامان كۆرىدۇ، ھەممىسى ۋەتەنپەرۋەر. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار
خۇددى پەرەڭ ئالۋاستىلارغا ئوخشاشلا، جۇڭگو ئادەملىرىنى كۆزدى-
گە ئىلمايدۇ؛ توقماقلىرىنى، مۇشتۇملىرىنى، مەنسىتمەس كۆز-





لىرىنى مەخسۇسلا جۇڭگو ئادەملىرىگە تەڭلەيدۇ، تىكىدۇ.

«بۇردىچىلىق» بىلەن كۇن كەچۈرگۈچىلەرنىڭ ئامىتى كەپ-
تۇ. بۇ ۋاستە تېخىمۇ قانات يايىدىغاندەك، بۇ قىلىق ئېسىل
پەزىلەتكە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، بۇ ھەرىكەت ھەققانىي دەپ قارى-
لىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ، خەلقنىڭ ماھارىتى ۋە جاھانگىرلاردىن
ئېلىنىدىغان ئىنتىقام بولۇپ قالغۇسى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقان-
دا، ئەمەلىيەتتە «يۇقىرى مەرتىۋىلىك جۇڭگولۇق» دەپ ئاتىلىدى-
غانلار نەدىمۇ بۇ قېلىپتىن چىقىپ كېتەلىسۇن؟!

لېكىن، خۇددى «بىكارچى» بۇرادەرلەرگە ئوخشاشلا، بېلەت
ساتقۇچىلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا پەزىلىتى بار. بېلەت تەكشۈرگۈچى-
لەر ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بېلەت بەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ
تېپىۋالسا، گەپ ـ سۆز قىلماستىن جازاغا تەن بېرىدۇ، ھەرگىز
پۇلنى ئالمىدىم، دېمەيدۇ، يولۇچىلارنى بەتنامغا قالدۇرمايدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۇنى

# باللارنى قانداق تەربىيلەۋاتىمىز[129]

لۇيسۇن

«كۆك يىجى»[130] توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىنى كۆرۈۋېتىپ، جۇڭگونىڭ باللارنى قانداق تەربىيلەپ كېلىۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

تەبىئىيكى، هازىر هەر خىل دەرسلىكلەر بار، لېكىن يېزىلاردىكى مەدرىسىلەردە «ئۈچ سۆزلۈك رىسالە»، «پەمىلىيەلەر»[131] دېگەن كىتابلارمۇ بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەزىلەر «ئەهمىيەت بېرىدۇ خان ـ پادىشاھ ئەدىبلەرگە، ئۆگىتىدۇ سىزلەرگە تۈزۈپ دەستۇر ماقالە؛ سانىلىدۇ هەممە ئىش پەس، تۆۋەن، پەقەت كىتاب ئوقۇشلا بىردىنبىر ئەلا» دەيدىغان «زېرەك باللار داستانى»[132] نى ئوقۇپ، «ئوقۇمۇشلۇق ئادەم»لەرنىڭ شان ـ شەرىپىنى ماختايتتى؛ بەزىلەر «ئالەم يورۇش بىلەن يەر ـ جاهاننىڭ ئاساسى بەرپا قىلىنىشقا باشلىغان»؛ يېنىك ۋە سۈزۈك ماددىلار يۇقىرىغا لەيلەپ چىقىپ ئاسمان بولغان، ئېغىر ۋە «دۇغ ماددىلار تۆۋەنگە تېمىپ يەر بولغان» دەيدىغان «ئىپتىدائىي بىلىم جەۋهەرلىرى»[133] دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، قەدىمكى ئۇسلۇبتا يېزىشنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئۆگىنەتتى. بۇلاردىن ئىلگىرىكى ئەهۋالنى بىلمەيمەن؛ لېكىن ئاڭلىشىمچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا «زات بوۋاينىڭ ئائىلە نەسىهەتلىرى»[134] نى قوللانغانىكەن، بۇ كىتابنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغانىكەن، كېيىن دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن تېپىلىپتۇ؛ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «ساۋات كىتابى»[135] دېگەندەك بىر نەرسىلەر ئوقۇتۇلغانىكەن.





«دەرسلىك» دېگەنلەرمۇ يېقىنقى 30 يىل ئىچىدە ناهايىتى كۆپ ئۆزگەردى. بىردەم بۇنداق دېسە، بىردەم ئۇنداق دېيىشتى؛ بۈگۈن بۇنداق مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولسا، ئەتىسى ئۇنداق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. «تەربىيە» بەرمىسىغۇ خەيرىيەت، «تەربىيە» بەرسىلا مەكتەپتىلا بىرمۇنچە زىددىيەتلىك ئادەملەرنى يېتىشتۇرۇپ چىقىرىشتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەت كونا بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن، هېلىقى «ئالەم ئەمدىلا يورۇش بىلەن يەر ـ جاهاننىڭ ئاساسى بەرپا قىلىنىشقا باشلىغان» دېگەندەك كونا توقاملار هۆكۈم سۈرمەكتە.

جۇڭگوغا يازغۇچى، «ئەدىب» كېرەك؛ لېكىن هەقىقىي تەلقىنچىلارمۇ كېرەك. ئەگەر بىرەر ئادەم بىرەر پارچە تارىخ يېزىپ، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ باللارنى تەربىيلەشتە قوللانغان ئۇسۇللىرىنى، كىتابلىرىنى ئېنىق يېزىپ، قەدىمكى ئادەملىرىمىزنىڭ ۋە هەتتا بىزنىڭ شۇ ئۇسۇل، شۇ كىتابلارغا قانداق بېرىلىپ كەتكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن تاپقان ساۋابى يۇ (يۇ، ئېهتىمال، بىر قۇرتتىن ئىبارەت بولغان بولسىمۇ) نىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىنمۇ قېلىشمىغان بولاتتى[136].

«ئەركىن پاراڭ»غا ماقالە بېرىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىچىدە قەدىمنى، هازىرنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەس؛ مېنىڭچە، مۇشۇ خىزمەتنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار بار. ئۇلارمۇ مۇشۇنداق خىزمەتنى ئىشلەشنى خالامدىكىنتاڭ؟ هازىر بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن، بۇ جەهەتتىمۇ بىلىش ئاسان، ئىشلەش تەس بولغاچقا، بۇنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىم قۇرۇق گەپ بولۇپ چىقار، شۇنداق بولسىمۇ سەمىگە سېلىپ قويدۇم.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# تەرجىمىنى ئاقلايمەن[137]

لۇشۈن

بۇ يىل تەرجىمىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش يىلى بولۇپ قالدى.

بەزىلەر: «قاتمال تەرجىمە» بولۇپ قاپتۇ دېسە، بەزىلەر: «قاملاشمىغان تەرجىمە» بولۇپ قاپتۇ دەيدۇ، بەزىلەر: «ھازىر بىرمۇنچە تەرجىمانلار… كىتابنى ئېچىپلا بىرىنچى قۇردىن باشلاپ تەرجىمىگە كىرىشىپ كېتىدىكەن، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىش كېرەك دېگەن يوق گەپ ئىكەن»، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇغان ئادەم «نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ»[138] دەيدۇ.

تەرجىمانلار ئىچىدە بۇنداق ھادىسە دەرۋەقە ئاز ئەمەس، بۇ كېسەلنىڭ يىلتىزى «ئالدىنى قولدىن بەرمەسلىك»تە. جۇڭگولۇقلار ئەسلىدىن «ئالدىنى قولدىن بەرمەسلىك»كە ئامراق خەلق ترامۋايغا چىقىشتا ياكى ئۇنىڭدىن چۈشۈشتە، پويىز بېلىتى سېتىۋېلىشتا، پوچتىغا زاكاز خەت سېلىشتا بېرىش بىلەنلا بىرىنچى بولۇشنى خالايدۇ. تەرجىمانلارمۇ بۇ مىسالدىن خالىي ئەمەس. لېكىن، كىتابخانىلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ ئوخشاش بىر ئەسەرنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسىنى قوبۇل قىلغۇدەك ھەپسىلىسىمۇ، قۇدرىتىمۇ يوق؛ ئەگەر بىرەر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى چىققان بولسىلا، باشقا تەرجىمە نۇسخىسىنى كىتابخانىلار نەشر قىلغىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇلار: تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئاللىقاچان چىقىپ بولغان، شۇڭا ئەمدى يەنە بىر خىل تەرجىمە نۇسخىسىنى ئالىدىغان





خېرىدار چىقمايدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن.

بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرەي: ھازىرقى ۋاقىتتا داروىن[139]نىڭ كونا كلاسسىك ئەسەر بولۇپ قالغان «تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ياپونىيىدە ئىككى خىل تەرجىمىسى بار، ئۇنىڭ ئاۋۋال نەشر قىلىنغىنىدا خاتالىق كۆپ، كېيىن نەشر قىلىنغىنى ياخشى. جۇڭگودا دوكتور ما جۈنۋۇ[140] نىڭلا تەرجىمىسى بار، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسلانغىنى ياپونچە ناچار تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا؛ ئۇنى باشقىدىن تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ئىدى. بىراق، نەدىمۇ ئۇنى نەشر قىلىشقا ئۇنايدىغان كىتابخانا بولسۇن؟ تەرجىماننىڭ ئۆزى مىليونېر باي بولۇپ، ئۆزى بېسىپ چىقارمىغۇچە ئامال يوق، بىراق ئۇ تەرجىماننىڭ ئۆزى مىليونېر باي بولىدىغان بولسا، ئۇ پۇل بىلەنلا ھەپىلىشىدۇ ـ دە، تەرجىمە ـ پەرجىمە دېگەن ئىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ!

يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودا تارقىلىشىغا كەلسەك، ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تېز غايىب بولۇپ كېتىدۇ؛ بىر خىل ئىلىم ياكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلىدىكەن، كۆپ بولسا بىر يىل، ئاز بولسا يېرىم يىل ئىچىدە بۇسىمۇ قالمايدۇ. تەرجىمانلىق قىلىش بىلەن جان باقىدىغان تەرجىمانلار ئەگەر تۇجۇپىلەپ ـ قېتىرقىنىپ تەرجىمە قىلىدىغان بولسا، ئۇ تەرجىمىسىنىڭ ئايىغىنى چىقىرىپ بولغۇچە، جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ھالىنى سورۇشتۇرىدىغان ئادەم بولماي قالىدۇ. جۇڭگودا تولستوينىڭ، تۇرگېنېفنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىرىمىز، دېگەن داۋراڭ كۆتۈرۈلگەنىدى؛ كېيىن سىنكلېر[141] نىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىرىمىز، دېگەن داۋراڭمۇ بولغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىدىن بىرەرىمۇ چىقمىدى. بۇلتۇر گو مورو[142] ئەپەندىنىڭ شۆھرىتى مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» نەشر

قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ كىتابخانىلارنىڭ ۋە نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىنى ئۇقۇشيالمىغان بولسا كېرەك. ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كىتابخانىلارنىڭمۇ، تەرجىمانلارنىڭمۇ، نەشرىياتچىلارنىڭمۇ ھەپىسلىسى پىر بولۇشى، دېمەك، بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئايىغى چىقماسلىقى تۇرغان گەپ.

تەرجىمىنىڭ يارىماسلىقىدىكى جاۋابكارلىقنىڭ تولىسى ئەلۋەتتە تەرجىمانلاردا، لېكىن كىتابخانىلارمۇ ۋە نەشرىياتچىلارمۇ، بولۇپمۇ تەنقىدچىلەرمۇ بىر قىسىم جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم، تەرجىمىنى شۇم تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن توغرا تەنقىد بولۇشى، ناچارلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ياخشىلىرىنى تەقدىرلىشى لازىم؛ ئەگەر ياخشىلىرى بولمىسا، بىرقەدەر ياخشىراقلىرى بولسىمۇ مەيلى. بىراق، بۇنىڭغا قانداق مۇمكىن بولسۇن؟! ناچار تەرجىمىلەرنى ئەيىبلىسەك، ھامىيسىز - جۆرئەتسىز تەرجىمان بولسىغۇ كارايىتى چاغلىق؛ ئەگەر باشقا يۆلەنچۈكى بار ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇ ساڭا قىزىل قالپاقتىن بىرنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، جېنىڭنى ئالىدۇ. بۇ ئەھۋال تەنقىدچىلەرنىمۇ گەپنى مۇجمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ھازىر تەرجىمە توغرىسىدىكى ناھايىتى ئومۇملاشقان نارازىلىق شۇكى، بەزىلەر، نەچچە ئون قۇرنى ئوقۇسامۇ چۈشىنەلمىدىم، دەيدۇ. لېكىن، تەرجىمىنى پەرق ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر كانت[143]نىڭ «ساپ ئىدراك تەئزىرى[144]» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلىرى بولسا، ھەتتا نېمىسلارمۇ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئوقۇغاندا، ئەگەر ئۇلار مۇتەخەسسىس بولمىسا، دەرھال چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. تەبىئىيكى، «كىتابنى ئېچىپلا بىرىنچى قۇردىن باشلاپ تەرجىمىگە كىرىشىپ كېتىدىغان» تەرجىمان تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ؛ لېكىن ئەسەرنىڭ قانداقلىقىنى پەرق ئەتمەي، ھەرقانداق تەرجىمە ئەسەرنىڭ بىرىنچى ۋارىقىنى ئېچىش بىلەنلا بىرىنچى قۇردىن ئوقۇپ چۈشىنىپ كەتكۇدەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كىتابخانىلارمۇ تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولۇشتىن خالىي قالمىسا كېرەك.





8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# يامىشىش ۋە بۆسۈش[145]

شۈن جى

لياڭ شىچيۇ پروفېسسور ئىلگىرى: كەمبەغەللەر ھەرقاچان
يامىشىدۇ، يۇقىرىغا قاراپ يامىشىۋېرىپ، باي مەرتىۋىسىگە چىقى-
دۇ [146] دېگەنىدى. يالغۇز كەمبەغەللەرلا ئەمەس، قۇللارمۇ يامى-
شىدۇ، يامىشىپ يۇقىرىغا چىقالايدىغان پۇرسەتلا بولسا، ھەتتا
قۇللارمۇ، پەرىشتە بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، ئۇ
ھالدا جاھاننىڭ تىنچىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

يامىشىپ چىقالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار، مەن يەنە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى، دەپ ئويلايدۇ. تەبىئىيكى،
ئۇلار شۇ ھالدا بىمالال دېھقانچىلىقنى قىلىشۋېرىدۇ. قىغ يىغىدۇ
ياكى تەمە بىلەن تىركىشىپ ـ تىرمىشىپ، ئەزىيەتچىلىكتە تەبىئەت-
كە قارشى كۈرەش قىلىپ، ھەدەپ يامىشىۋېرىدۇ. بىراق، يامى-
شىپ ماڭىدىغانلار كۆپ، يول بولسا بىر، تولىمۇ قىستاڭچى-
لىق قائىدە ـ نىزام بويىچە ھالاللىق بىلەن ياماشقانلارنىڭ تولى-
سى يامىشىپ چىقالمايدۇ، چېچەن ئادەملەر باشقىلارنى نېرى ئىت-
تىرىپ، يىقىتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى، بېشىنى دەسسەپ
ئۆتۈپ، يامىشىپ كېتىۋېرىدۇ. باشقا كۆپچىلىك ئادەملەر بولسا،
يەنە شۇ ياماشقىنىچە ماڭىدۇ، ئۆز كۈشەندىلىرىنى ئۈستۈمدە ئە-
مەس، يېنىمدا كېتىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ، يەنى ئۇلارنىمۇ بىللە
يامىشىپ كېتىۋاتقان ئادەم دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى لېۋىنى
چىشلەپ، ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن تىرمىلاپ، قەدەممۇ





قەدەم يۇقىرى ئۆرلەيدۇ ۋە لېكىن يەنە قىستاڭچىلىقتا تۆۋەن چۈ-
شۈپ كېتىدۇ، تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سىغدىلىپ
يۇقىرىغا يامىشىدۇ؛ دېمەك، تىنمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، يامىشىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، يامىشىپ
چىقالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ ئۈمىدسىزلىكمۇ ئاق كۆ-
ڭۈل ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيدۇ، ھېچبولمىغاندا تىزلىنىش
ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن يامى-
شىشتىن باشقا، ئۈرۈنۈشمۇ پەيدا بولىدۇ.

يەنى سېنىڭ تولىمۇ جاپا چەككەنلىكىڭنى، ئۆمىلەپ ـ يامى-
شىپ كېتىۋاتقان يەردىن ئۆرە تۇرۇش خىيالىغا كەلگەنلىكىڭنى
كۆرگەن بىرى ئارقاڭدىن، بۆس! دەپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئويۇشۇپ قالغان پۇتلىرىڭ سىرقىراپ تۇرغاندا، ئالغا بۆسى-
سەن. بۇ يامىشىشتىن كۆپ ئاسان، بۆسۈپ ماڭغاندا قولنى كۆچەپ
ئىشقا سېلىشىڭ، پۇتنى تىرەجەپ يۆتكەشىڭ ھاجىتى يوق؛ يېنى-
چە بولۇپ تۇرۇپ، ئىككى يانغا بىرلا سىغدايسەن ـ دە، بۆسۈپ
ئۆتۈپ كېتىسەن. ئەپلەپ بۆسۈپ كېتەلىسەڭ، 500 مىڭ دوللار
پۇل[147] غىمۇ، خوتۇنغىمۇ، مال ـ مۈلۈككىمۇ، پەرزەنتكىمۇ ئې-
رىشەلەيسەن، مائاشلىقمۇ بولالايسەن. بۆسكەندە ئەپلەشتۈرەلمەي
قالساڭ، ناھايىتى كۆپ بولسا پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلىسەن. بۇ
قانچىلىك بىر گەپ دەيسەن. ئەسلىدە يەردە ياتقانىدىڭ، يەنە يامى-
شىپ ـ تىرمىشىپ كېتىۋېرىسەن. ھالبۇكى، بەزىلەر ئويۇن
قىلىپ بۆسۈپمۇ قويىدۇ، شۇڭا پۇتلىشىپ كېتىشتىن غەم يەپ
قالمايدۇ.

تىرمىشىپ يامىشىش قەدىمدىن بار ئىش. مەسىلەن، ئالىپلار
تىرمىشىپ ـ يامىشىپ يۈرۈپ جۇاڭيۈەن بولىدۇ، ئىنجىمارۇقلار
تىرمىشىپ ـ يامىشىپ يۈرۈپ كومپرادور بولىدۇ. بۆسۈش يېقىن-
قى زاماندىكى كەشپىيات بولسا كېرەك، بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىنى

سۇرۇشتۇرىدىغان بولساق — قەدىمكى زامانلاردا «خان قىزلارنىڭ بۆجگەن توپنى ئېتىپ بېرىشى»[148] باشقىلارغا بۆسۇپ كۆرۈش پۇرسىتىنى هازىرلاپ بېرىشنىڭ چارىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خان قىزلار بۆجگەن توپنى ئاتىدىغان چاغدا، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىش تەمەسىدە يۈرگەن يىگىتلەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، ئاغزىنى چاكىلداتقان هالدا شالىنى ئاقتۇرىدۇ... ئەپسۇسكى، قەدىمكى ئادەملەر هەر هالدا تەلۋە بولسا كېرەك، شۇ يىگىتلەرنى دەسمايە سېلىشقا مەجبۇر قىلمىسا كېرەك، ئەگەر مەجبۇر قىلغان بولسا، نەچچە يۈز مىلىيون دوللار پۇل يىغىۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

يامىشىپ مۇرادىغا يېتىش پۇرسىتى ئازايغانسېرى بۆسۇپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ؛ يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىۋالغانلار سىلەرگە هەر كۈنى يامىشىش پۇرسىتىنى تەييارلاپ، شان - شۆهرەت ۋە پايدا - مەنپەئەتلىك جەننەتنى ۋەدە قىلىپ، بۇ يولدا ئاز - پاز دەسمايە چىقىرىڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆسۇپ مۇرادىغا يېتىش پۇرسىتى يامىشىپ مۇرادىغا يېتىشكە قارىغاندا كۆپ ئاز بولسىمۇ، كۆپچىلىك ئادەملەر بۆسۇپ كۆرۈشنى خالايدۇ. دېمەك، يامىشىپ كېتىۋېتىپ بۆسىدۇ، بۆسەلمىسە يەنە يامىشىدۇ...... شۇنداق تىرىكىشىپ - تىرمىشىپ، ئۆلگەندە توختايدۇ.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى





# سېتىۋالدى مەنسەپ[149]

لوۋېن

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە مەنسەپنى پۇلغا سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. «سېتىۋالدى مەنسەپ» دېگىنى ئەنە شۇ بايلارنىڭ چاچلىرى يالتىراپ، يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بەگزادىلىرى ۋاقتانىۋاق كېلىپ بىرنەچچە كۈنلا تۇتۇش قىلسا، بېشىدا تەلپەك قۇببىسى، بەزىدە هەتتا ئوتۇغات[150] پەيدا قىلالايدۇ، مەنسەپدارلارچە زۇۋان بىلەن «بۈگۈن هاۋا ياخشىغۇ» دەيدىغان بولالايدۇ.

مىنگو دەۋرىدە سېتىۋالدى مەنسەپلەر يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن مەنسەپ سېتىۋېلىش يوللىرى ئەمەلىيەتتە كېڭىيىپ كەتتى، هەتتا «ئالىم، ئەدىب»لىك تاجلىرىنىمۇ شۇ يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا هەممىدىن ئاۋۋال پۇل كېرەك، ئەلۋەتتە. پۇل بولسىلا هەممىنى قىلىش مۇمكىن ئىكەن.

مەسىلەن، ئالىملىقنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ئاسارئەتىقىلەرنى سېتىۋېلىپ، بىرنەچچە گۇپپاڭچى بىلەن تونۇشۇۋالسا، بىرنەچچە ئىشچىنى يالاپ، ئاسارئەتىقىلەردىكى نەقىش ۋە يازۇلارنى كۆچۈرتكۈزۈپ، ئەينەك مەتبەئە بىلەن «پالانى توپلىغان قەدىمكى يادنامىلەر» ياكى «پوكۈنى دەللىلىگەن قەدىمكى يادنامىلەر» دېگەن نامدا كىتاب قىلىپ بېسىپ چىقارسىلا بولىدۇ. لى فۇسۇن[151] «مەدەن - تاش يازۇلىرى خاتىرىلىرى» دەپ بىر كىتاب يازغان، بۇنىڭدا مەخسۇسلا مەدەن - تاش[152] يازۇلىرى

تەتقىق قىلىدىغان ئادەملەر بايان قىلىنغانىدى. لېكىن، بۇ كىتاب «يامانلىقنىڭ ئېپتىداسى[153]» بولۇپ قالدى، بىكار تەلەپلەر شۇ ئۇدۇمنى داۋاملاشتۇردى، ھەتتا تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئاسارئەتىقىلەرنى ساقلايدىغان، ئېلىپساتىدىغان بەگزادىلەرنىمۇ، ۋاپۇرۇشلارنىمۇ قارىقويۇقلا «مەدەن ـ تاش يازماشۇناسلار» قاتارىغا كىرگۈزدىغان بولدى.

«ئەدىب» لىكنى سېتىۋېلىش ئۇچۇنمۇ ھېچقانچە ئىش كەتمەيدۇ، كىتابخانىدىن بىرنى ئېچىپ، بىرنەچچە يازغۇچىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، بىرنەچچە گۇپپاڭچىنى ياللاپ، بىرەر كىچىك گېزىت چىقىرىسەن، «بۇگۈن ھاۋا ياخشىغۇ» دېگەن گەپنى قىلالىساڭ كېرەك، شۇنداق گەپلەرنى يازدۇرىسەن، بېسىپ چىقىرىپ، گېزىت ساتقۇچىلارغا تاپشۇرىسەن، شۇنىڭ بىلەن بىرەر ـ يېرىم يىلغا قالماستىنلا «ئەدىب» بولۇپ قېلىنۋېرىسەن. لېكىن، ئاسارئەتىقە نەقىشلىرىنىڭ ۋە يازۇلىرىنىڭ كۆچۈرمىلىرى كارغا يارىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كىنو چولپانلىرىنىڭ ۋە سەتەڭ قىزلارنىڭ سۈرەتلىرىنى چىقىرىسەن، چۈنكى يېڭى دەۋرنىڭ گۈزەل سەنئىتى شۇنداق بولىدۇ، «گۈزەللىككە زوقمەن» ئادەملەر جۇڭگودا ناھايىتى كۆپ. «ئەدىب» ياكى «سەنئەتكار»مۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

سېتىۋالدى مەنسەپ بىلەن يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈك توپلىۋېلىشقا كۆز يېتىدۇ، سېتىۋالدى ئالىم ۋە ئەدىبمۇ زىيان تارتمايدۇ؛ چۈنكى بېسىپ چىقارغان نەرسىلىرىنى نەق پۇلغا ساتالايدۇ، ئاسارئەتىقىلەرنىمۇ كەلگۈسىدە پەرەڭ ئالۋاستىلار نۇرغۇن پۇل تۆلەپ ئالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ:

«شان ـ شۆھرەت، پايدا ـ مەنپەئەت» دېگەن گەپمۇ ئەنە شۇ. بىراق، ئاۋۋال «دەسمايە سېلىش»قا قادىر بولۇش كېرەك، «دەسمايە سېلىش» ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ؛ ئەگەر





قولىدىن كېلىدىغان بولسا، ئەدەب ـ ئالىملارمۇ كاساتلىشىپ قالىدۇ.

لېكىن، ھازىر تېخى كاساتلاشقىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر ئادەم ئىسىملىرى لۇغىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى، يازغۇچىلار ھەققىدە ئەنزار، ئۆز تەرجىمىھالى قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر تارىخ توغرىسىدا بىرەر ئەسەر يېزىش توغرا كەلسە، ئەدىبلەرنى رومانتىزمچى، كلاسسىكىزمچى دەپ تۈرلەندۈرۈلگەندەك، «سېتىۋالدى مەنسەپ» چى دېگەن تۈرگىمۇ ئايرىش كېرەك. تارىخ «چىن ـ ئەينەن» بولۇشى كېرەك، بۇنداق قىلىشنى يامان كۆرىدىغانلار بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تىك تۇرۇش كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ يە؟

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# «چاھار دىۋان» نىڭ نادىر نۇسخىسى(154)

فېڭ جىيۇ

ھازىرقى ۋاقىتتا ھەربىي يېغىلىق، سىياسىي تالاش - تارتىش
دېگەندەك بىرنېمىلەردىن باشقا، ئالاقىسىز ئادەملەر ئانچە دىققەت
قىلمايدىغان يەنە بىر خىل تالاش - تارتىشمۇ، يەنى «چاھار دىۋان»
نىڭ فوتوغا ئېلىپ بېسىلىدىغان «نادىر نۇسخىسى» ئۈستىدىكى
تالاش - تارتىشمۇ[155] بار. ھۆكۈمەتنىڭ تىجارەت ئورۇنلىرى
ئەسلىي نۇسخىلىرى بويىچە تېزرەك بېسىپ چىقىرايلى دەۋاتىدۇ؛
ئالىملار بولسا ئەسلىي نۇسخىلىرىدا ئۆزگىرىش، خاتالىقلار بار،
ئەگەر باشقا نۇسخىلىرى تېپىلسا، باشقا «ياخشى نۇسخا» لىرىدىن
پايدىلىنايلى، دەيدۇ.

لېكىن، ئالىملارنىڭ تەشەببۇسى ئاقمايدۇ، ئاخىر «پادىشاھ
بېكىتكەن چاھار دىۋان» نى ئاساس قىلماي مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ
سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق: چۈنكى تېز بولىدۇ. تۆت ئۆلكە غايىب
بولۇپ كەتتى، توققۇز ئارال قولدىن كەتتى[156]، بۇ ھەقتە ئېغىز
ئاچماي تۇرايلى؛ پەقەت خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يولدىن چىقىپ كەت-
كەنلىكىمۇ[157] كىشىنى ئاسقتۇرماقتا؛ ئىشقا تۇتۇش قىلغاند-
كەن، تېز تۇتۇش قىلىش كېرەك - دە، «پادىشاھ بېكىتكەن»
دېگەن سۆزنىڭمۇ ھازىر ئاز - پاز قۇدرىتى بار. «پادىشاھ
تېۋىپى»، «خان ئەتلەس - شاھ تاۋار» دېگەن سۆز ئامىدىن پەرق
قىلىدۇ دېگەن سۆز. ئالىقاچان جۇمھۇرىيەتكە ئايلانغان فرانسىيە-
دىمۇ ناپولېئون[158] نىڭ يىغىپ ساقلىغان كىتابلىرىنىڭ ئېلىشىغا





سېتىش بازارلىرىدىكى باھاسى پۇقرانىڭ يىغىپ ساقلىغان كىتابلى-
رىنىڭ باھاسىدىن ئۈستۈن؛ ياۋروپادىكى بەزى مەشھۇر «چىن
شۇناس» لار، جۇڭگو توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگىنىدە «پادىشاھ
بېكىتكەن كىتابلار مەجمۇئەسى»[159] دىن نەقىل كەلتۈرىدۇ، بۇن-
داق مەجمۇئەنى جۇڭگونىڭ دەلىل - ئاساسچىلىرى ياراتمايدۇ؛
لېكىن بۇنىڭدىن «پادىشاھ بېكىتكەن» «نادىر نۇسخا» نىڭ چەت
ئەللەردىكى بازىرى «ياخشى نۇسخا» لارنىڭكىگە قارىغاندا ھەر ھالدا
ياخشىراق ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھەتتا جۇڭگودىمۇ «نادىر نۇسخا» نىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا
كېرەك. چۈنكى، ئۇنى ئويۇق بېزەكلىرى قىلغىلىمۇ بولىدۇ،
«ياخشى نۇسخا» پەقەت دەرمەھەللىك پايدىلىنىشقىلا يارايدۇ. «نا-
دىر نۇسخا» لارنى گادايلارنىڭ سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقى
تۇرغان گەپ، ئۇنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ مېھمانخانا ئويۇقلىرىغا
تەۋەررۈك قىلىپ تىزىپ قويىدىغانلىقىمۇ تۇرغان گەپ. شۇنداق
خېرىدارلار شاڭ، جۇ زامانلىرىدىن قالغان كونا داڭقانلارنى سېتى-
ۋېلىپ تىزىپمۇ قويىدۇ، ئىلاج قىلالمىغاندا يالغان كونا داڭقان
سېتىۋېلىپ تىزىپ قويۇشمۇ مۇمكىن؛ لېكىن ھەرگىزمۇ قۇم
داڭقان ياكى تۇنكە چۆگۈن سېتىۋېلىپ، سەندەل ياغىچىدىن ئىش-
لەنگەن چىرايلىق جوزىسىغا تىزىپ قويمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ
كۆزدە تۇتقىنى «ياخشى» لىقى ئەمەس، دەرمەھەل كارغا يارايدىغان-
لىقىمۇ ئەمەس، بەلكى «نادىر» لىقى.

مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئادەملەر شان - شۆھرەتنى
ياخشى كۆرىدۇ، كونا كىتابلارنى بېسىپ چىقىرىشمۇ ئۇلارغا ئادەت
بولۇپ كەتكەن؛ لېكىن ئۇلار كۆپ ھاللاردا شۇكىتابنى چۈشەنمەي،
ئۆزلىرىچە خاتا دەپ قارىغان سۆزلەرنى مەيلىچە ئۆزگەرتىۋەتكەن.
ئۆزگەرتمىسە خەيرىيەت، ئۆزگەرتىدىكەن، ئەكسىچە خاتالاشتۇر-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى دەلىل - ئاساسچىلار: «مىڭ

دەۋرىنىڭ ئادەملىرى كونا كىتابلارنى كۆچۈرۈپ بېسىشقا خۇشتار
ۋە لېكىن شۇ كونا كىتابلارنى كاردىن چىقىرىدۇ» [160] دەپ بېشىد-
نى چايقىغان. ئەمدى «چاھار دىۋان» نىڭ «نادىر نۇسخىسى» فوتو-
غا ئېلىپ بېسىلسا، خاتا ئۆزگەرتىپ قويۇش نۇقسانلىرى بولمايدۇ.
ئەسلىي نۇسخىسىدا بولسا ئاڭسىز خاتا يېزىلىپ قالغان ھەرپلەر،
قەستەن ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەر بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ
ئەسلىي نۇسخىسى يېڭىدىن بېسىپ تارقىتىلسا، ياخشى نۇسخىلىرى-
نى كۆمۈپ تاشلىشى، كەلگۈسىدە ئەستايىدىل كىتابخانلار بۇنداق
نۇسخىنى كۆرۈپ قالسا، ئىككىنچى قېتىم ھەسرەت بىلەن بېشىنى
چايقىشى مۇمكىن.

لېكىن، ئاخىر، «پادىشاھ بېكىتكەن چاھار دىۋان» نى ئاساس
قىلماي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ھازىرقى ھۆكۈمەت تەرەپ سودا
ئورۇنلىرىنىڭ «كەلگۈسى» نىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى يوق - دە.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى





# باش كۆز تەسىراتلىرىدىن (1) [161]

لۇيشۈن

ئىشىك ئالدىدىكى ئازغىنە نەم توپىلىق يەردە ئىككى توپ
چۈمۈلە سوقۇشۇۋېتىپتۇ.

چۆچەكچى ئېروشىنكو [162] نىڭ ئىسمى ھازىر كىتابخانلارنىڭ
خاتىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۇنىڭ
غەلىتە بىر قايغۇسى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ بېيجىڭدا تۇرغان
چېغىدا ماڭا ئەستايىدىللىق بىلەن: مېنى شۇنداق بىر ۋەھىمە
بېسىۋاتىدۇكى، كەلگۈسىدە بىرەر ئادەم بىر قانداق قىلىش يولى
بىلەن ئادەملەرنى ئۇرۇش ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بى-
رەر ئۇسۇلنى كەشىپ قىلىپ قويمىغىيدى، دېگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئۇسۇل ئاللىقاچان كەشىپ قىلىنغان،
بىراق ئىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، «بىر قانداق قىلىش» بىلەن ئىش
پۈتمەيدۇ. چەت ئەللەرنىڭ بالىلارغا ئاتاپ يازغان كىتابلىرىدا،
ياسىغان ئويۇنچۇقلىرىدا كۆپىنچە مىلتىق - ياراغنى ئاساس قىلغاندى-
لىقىغا قارايدىغان بولساقلا، بۇلارنىڭ دەل ئۇرۇش ماشىنىلىرىنى
تەييارلاش تەدبىرى ئىكەنلىكىنى، تەييارلاش ئىشىنى پاك - مۇسەپ-
پا بالىلاردىن باشلىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

بۇنداق ئۇسۇلنى ئادەملەرلا ئەمەس، قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ
بىلىدۇ، چۈمۈلىنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئۇۋا ياسىمايدىغان، ئوزۇق
ئىزدىمەيدىغان، پۈتۈن ئۆمرىنى مەخسۇسلا باشقا چۈمۈلىلەرگە ھۇ-
جۇم قىلىش، كىچىك چۈمۈلىلەرنى بۇلاپ كېلىپ ئۆزىگە قۇل

قىلىۋېلىپ، ئۆز خىزمىتىگە سېلىش بىلەنلا ئۆتكۈزىدىغان پالۋان چۈمۈلىلەر بار. لېكىن، ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، پالۋان چۈمۈلە ھەرگىز چوڭ چۈمۈلىنى ئولجا قىلىۋالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ئىمانغا كەلتۈرمىكى تەس. ئۇنىڭ ئولجا قىلىۋالىدىغىنى پەقەت كىچىك چۈمۈلە ۋە چۈمۈلىنىڭ قۇرتى؛ بۇلار قاراقچىنىڭ ئۇۋىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ، ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ، مەڭگۈ سادىق قۇل بولۇپ، مالايلىق قىلىش بىلەنلا قالماستىن، پالۋان چۈمۈلە ھەرقاچان بۇلاڭچىلىققا چىققاندا ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ئۆز قوۋمىدىكى كىچىك چۈمۈلە ۋە قۇرتلارنى توشۇشۇپ بېرىدۇ.

لېكىن، ئىنسانلارنى شۇنداق بىر قېلىپتا ياساش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ «مەخلۇقاتلارنىڭ ئاقىلى» بولغانلىقى ئەنە شۇ يەردە.

شۇنداق بولسىمۇ ياسىغۇچىلار ھەرگىز يالتىيىپ قالمايدۇ. بالىلار چوڭ بولغاندا ساپ ـ مۇسەپپالىقىنى يوقىتىپ، تەلۋە بولۇپمۇ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى ھەرقاچان ئۇچرىتىمىز. نەشرىياتچىلار ئىقتىسادىي خارابچىلىق تۈپەيلىدىن چوڭ ـ چوڭ ئىلىم ـ بىلىم، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابلىرىنى نەشر قىلىشنى خالىماي، ياكى دەرسلىكلەرنى، ياكى بالىلار كىتابلىرىنى، خۇددى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كەلكۈنىدەك، بالىلارغا دۆۋە ـ دۆۋىسى بىلەن دەۋردىتىپ كەلتۈرمەكتە. لېكىن، ئۇ كىتابلاردا نېمىلەر سۆزلىنىدۇ؟ بالىلىرىمىزنى قانداق بىر نەرسە قىلىپ ياسىماقچى؟ بۇ ھەقتە توختالغان جەڭگىۋار تەنقىدچىلەرنى تېخى كۆرگىنىمىز يوق، كەلگۈسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

ئۇرۇشقا قارشى يىغىن[163]نىڭ خەۋىرى گېزىتلەردە ئانچە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ بۇنىڭدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇرۇشقا زوقمەن ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قويسا





زوقمەنلىكىمىزگە خىلاپلىق قىلىپ قويغان بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. تەبىئىيكى، ئۇرۇش بولماي قالمايدۇ، پالۋان چۈمۈلىنىڭ ئارقىسىدا سوكۇلداپ يۈرۈپ، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ كىچىك قۇرتلىرىنى توشۇپ بەرسىمۇ، قۇللۇق قىلىشتىن غەلىبە قازانغان بولوپ قېلىۋېرىدۇ. لېكىن، ئادەم ھەر ھالدا «مەخلۇقاتلارنىڭ ئاقىلى»، ئۇلارنى كىچىك قۇرتتەك قىلىش نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئۇرۇش بولىدىغانلىقى تەبىئىي، ئۇرۇش ماشىنىسىنى ياسايدىغان چۈمۈلە ئۇۋىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، بالىلارنى زەھەرلەيدىغان دورىلارنى چېچىپ تاشلاش، كەلگۈسىنى نابۇت قىلىدىغان سۈيىقەستلەرنى تارمار قىلىش — مانا بۇ، ئادەمدىن ئىبارەت جەڭچىنىڭ ۋەزىپىسى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# گۈپپاڭچىلىقنىڭ سىرى(164)

تاۋ جۈي

كىركېگارد(165) دانىيىلىك ئەسەبىي ئادەم، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەرقاچان ھەسرەت ـ نادامەت ۋە لەنەت ـ نەپرەت چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ قىزىقارلىق يەرلىرىمۇ بار، مەن مۇنداق بىرنەچچە جۈملىسىنى ئۇچراتتىم:

«تىياتىرخانىغا ئوت كېتىپتۇ. قىزىقچى ئارتىس سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تاماشىچىلارغا خەۋەر قىپتۇ، ھەممەيلەن، قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ، چاۋاك چېلىشىپتۇ. قىزىقچى ئارتىس يەنە، ئوت ئاپەتى پەيدا بولدى، دەپ ئېيتىپتۇ، لېكىن ھەممەيلەن تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ چاۋاك چېلىشىپتۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئەنە شۇنداق ئەھۋالنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان ئادەملەرنىڭ ئالقىشلىرى ئىچىدە تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ.»

بىراق، ماڭا قىزىق تۇيۇلغىنى بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۈپپاڭچىلارنىڭ نەيرەڭلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. گۈپپاڭچىلىق قىلىش — ئالدىراپ قالغان چاغدا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بەرگەنلىك؛ ئەگەر خوجايىنى قاتىللىق، ياۋۇزلۇق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ياردەم بەرسە، تەبىئىيكى، يامانغا يانتا-





ياق بولغانلىق بولىدۇ. لېكىن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ياردەم بېرىش ئۇسۇلى شۇكى، قانلىق ۋەقەدە ئۇنىڭدا قان داغلىرى بولمايدۇ، قاننىڭ ھىدىمۇ بولمايدۇ.

مەسىلەن ئېيتايلى، شۇنداق بىر ئىش بولسۇن، ئۇ ناھايىتى مۇھىم بولسۇن، باشقىلارمۇ ئۇنى مۇھىم ئىش دەپ ئويلىسۇن. ھېلىقىدەك ئادەم بولسا ئەنە شۇ چاغدا قىزىقچى ئارتىس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىشنى قىزىقچىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئۇ ئىشنىڭ ئانچە مۇھىم بولمىغان تەرىپىنى داۋراڭ قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇرىۋېتىدۇ، بۇ «چاقچاق» مىش. ئەگەر ئۆلۈم ۋەقەسى چىققان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ مەيداندا بولغان ئەھۋاللارنى، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى سۆزلەپ كېتىدۇ؛ ئۆلگۈچى ئايال بولسا، ھېلىقىدەك ئادەملەرگە بولۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ئۆلگۈچى ئايالنى «پەرىزاتنىڭ مۇردىسى» دەپ تەرىپلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ يازغان خاتىرىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھېكايىلىرىنى، مۇھەببەت باغلاشلىرىنى، قىزىق ۋەقەلىرىنى... سۆزلەپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى مەڭگۈ سوۋۇماس ئەمەس، لېكىن ئازراق سوغۇق سۇ قوشۇلسا ياكى چىرايلىق نام بىلەن ئېيتقاندا، ئازراق كۆكچاي ئىچۈرۈلسە، تېخىمۇ تېز سوۋۇشى تەبىئىي. لېكىن، ھېلىقى چاقچاقچى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىردىنلا ئەدىب بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر، بىراۋ راستتىن جان خەۋپىگە ئۇچراپ، داد ـ پەرياد بىلەن چۇقان سالسا، ھەممە ئادەم تىرىك بولىدىغانلا بولسا، قاتىل ئۈچۈن زىيانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، شۇ چاغدا گۈپپاڭچى يەنە قىزىقچى ئارتىس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنە قىزىقچىلىق قىلىپ، بىر چەتتە تۇرۇپ شەيتانلىق قىلىپ، ھېلىقى چۇقان سالغان ئادەمنى كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە قىزىقچى ئارتىسقا ئايلاندۇ-

رۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭ چۇقانلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ قۇلىقىدا چاقچاق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنداق ئادەم غېرىب - بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىش يولى بىلەن چۇقان سالغۇچىنىڭ باي ئىكەنلىكىدىن ئىشارەت قىلىپ، زارلىنىپ ئاھ ئۇرۇش يولى بىلەن ئۇنىڭ ھاكاۋۇر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت قىلىپ، كۆپچىلىكنى ھېلىقى چۇقان سالغان ئادەم ئەسلىدە كاززاپ ئىكەن، دېگەن خىيالغا كەلتۈرىدۇ. خەيرىيەت، گۇپپاڭچىلارنىڭ تولىسى ئەركەك بولىدۇ، ئەگەر ئايال بولغان بولسا ئۇلار ھېلىقىدەك چۇقان سالغان ئادەمنى ماڭىمۇ قانات سۆرىگەندى، دەپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە پىسقى - پاساتلارنى ئويدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن، ئۆز نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇسى كەلگەندەك بىر قىياپەتتە كۆرۈۋېلىشىمۇ ئېھتىمال. ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەر ئەنە شۇنداق شەيتانلىق قىلسا، ھەرقانداق جىددىي - ئەستايىدىل گەپلەرمۇ ئۆز كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، قاتىل ئۈچۈن زىيانلىق ئىش ئەنە شۇنداق گۇمان ۋە كۈلكە ئىچىدە تۈگەپ كېتىدۇ. گۇپپاڭچىچۇ؟ بۇ نۆۋەت دىيانەتلىك - پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرمىگەندە، يەتتە كۈندە بىر گېزىت چىقىرىپ، 10 كۈندە بىر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بارلىق رەزگىللەرنى يىغىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ مېڭىسىگە قۇيىدۇ، ئۇنى بىرەر - يېرىم يىل ئوقۇغان ئادەمنىڭ مېڭىسىنى، پالانى باي ماجاڭنى ئۇنداق ئوينايدىكەن، پوكۇنى چولپان مۇنداق چۈشكۈرىدىكەن، دېگەن مەسىللەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ. كۈلكە - چاقچاق كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئەنە شۇنداق كۈلكە - چاقچاقنى ئالقىشلايدىغان كۈلكە - چاقچاقچى ئادەملەر ئىچىدە تۈگەپ كېتەمگىيدى؟!

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى





# كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر[166]

ۋېيسۇ

جاڭ كېبياۋ[167] ئەپەندى «ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تەلەي تېپىش ھۈنىرى» دېگەن بىر ئەسەرنى يېزىپتۇ، بۇ ئەسەر ئالدىن تىزىمغا ئالدۇرغانلارغا سېتىپ بېرىلگەنلىكى، ئۆزۈمنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. پەقەت «مۇھاكىمە»[168] ناملىق ژۇرنالدا شۇ كىتاب توغرىسىدىكى ئېلاننى ۋە قىسقىچە مەزمۇنى ھەم خاتىمىسىنىلا كۆرۈپ قالدىم. لېكىن، نەدىن كەلگەن «Inspiration»[169] ئىكىن، قىسقىچە مەزمۇنىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق كارامەت گەپلەر بار ئىكەن.

«تەلەي تېپىش دېگەن سۆزنى ئامەت تېپىش دەپ چۈشىنىشمۇ مۇمكىن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن تەلەي تېپىش ھۈنىرى، خۇددى ئاتقا مىنىش، ھارۋا ھەيدەش ھۈنىرىگە ئوخشاش، ئامەت تېپىش ھۈنىرى بولۇپ قالغان. لېكىن، ئادەتتە ئامەت دېگەن سۆز كۈيئوغۇل دېگەن سۆز. ئەدەبىيات مۇنبىرى ئايال بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭغا كۈيئوغۇلمۇ كېرەك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق شەرھلىسەك باشقىلارنى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن» ···

راست، ئېلاندىكى مۇندەرىجىگە قارىغاندا، «كۈيئوغۇل بولۇش» دېگەن گەپ يوق، لېكىن بۇنى «ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئاقىل»[170] نىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يېرى دېمەي بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرئاز قوشۇمچە بىلەن تولۇقلاپ قويغان ياخشى بولسا

كېرەك، چۈنكى ئەدەبىيات مۇنبىرىگە «كۈيئوغۇل كېرەك ئەمەس» بولسىمۇ، لېكىن كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىۋېرىشى مۇمكىن.

بۇنىڭ ھۇنىرى: ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىش ئۈچۈن باي خوتۇنۇڭ[171] بولۇشى كېرەك. كېرەكلىك مىراسقا ئىگە بولساڭ، دەۋا ـ دەستۇردىن ئەندىشە قىلىپ كەتمەيسەن، گاداي بەزىدە تەلىيى ئوڭ كېلىپ قالسا، ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپمۇ قالىدۇ؛ لېكىن ناھايىتى تەس؛ پارچە خاتىرە، توقلۇقتىن چىققان شوخ پاراڭ دېگەندەك بىرنېمىلەرنى يېزىش بىلەن بىرنەچچە تەڭگە پۇل تاپقىلى بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالىسەن. ئەڭ ياخشىسى، باي قېيناتاڭ بولسا، دۆلەتمەن خوتۇنۇڭ بولسا، خوتۇنۇڭنىڭ تويدا ئۇستەك قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئەدەبىياتقا دەسمايە قىلساڭ، باشقىلار مەسخىرە قىلسا قىلىۋەرسۇن، باشقىلارغا يارىمىغان ئەسەرلىرىڭنى ئۆزۈڭ بېسىپ چىقىرىۋېرىسەن. «ئەسەر»لىرىڭ چىققان ھامان شان ـ شۆھرەت ئۆزى ئالدىڭغا كېلىدۇ؛ ئىچ كۈيئوغۇل خوتۇن تەرەپنىڭ نەزىرىدە قەدىرلىك بولالمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى بىلەنلا قەدىر ـ قىممىتى 10 ھەسسە ئاشىدۇ، خوتۇنىمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ماجاڭ ئويناپ تۇرغان چېغىدا كۆز قىرىنىمۇ تاشلاپ قويمايدىغان بولۇۋالمايدۇ، «ئۇنىڭ خاسىيىتى بۇنىڭغا يەتتى» دېگەن گەپ ئەنە شۇ. بىراق، ئەدىب بولغانىكەنسەن، گۈزەللىكپەرەس بولۇشۇڭ شەرت؛ مەرھۇم ۋىلدې[172]نىڭ سۈرىتىگە قاراپ باق، ئۇنىڭ گۈللۈك تۈگمىلىرى، سەدەپ نەقىشلىك ھاسا تايىقى نېمىدېگەن چىرايلىق؛ ھېلىغۇ دىلدار خوتۇنۇڭ ئىكەن، باشقا ئادەملەر كۆرسىمۇ ئىچى كۆيىدۇ[173]. ئەپسۇسكى، ۋىلدېنىڭ خوتۇنى تولىمۇ يارىماس خوتۇن ئىكەن، ۋىلدې ئۇتتۇر كەلگەن شوخ باللار بىلەن ئويناپ، يات ئەلدە گادايلىقتىن ئۆلگەن؛ ئەگەر پۇلى بولغان بولسا، شۇ





ھالغا چۈشۈپ قالارمىدى؛ دېمەك، تەلەي تېپىش ئۈچۈنمۇ ئامەت تېپىشىڭ كېرەك؛ «كىتابتىن ئالتۇن ئايۋان تېپىلىدۇ» دېگەن رىۋايەت كونىراپ قالدى، ھازىر «ئالتۇندىن ئەدىب چىقىدۇ»غان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

لېكىن، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تۇرۇپ كۈيئوغۇل بولۇشمۇ مۇمكىن. بۇنىڭ ھۇنىرى شۇكى، ھەممە ۋاقىت سەپسېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى باي، ئۆزىمۇ «ئاھ جېنىم، ئىشقىڭدا كۆيىدۇ يۈرىكىم» دېگەندەك بىرنەچچە قۇر بىرنېمىنى يازالايدىغان قىزدىن بىرەرنى تېپىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ماقالە يېزىپ، ئۇنى «قىز شائىر»[174] دەپ ماختايسەن. ئۇ بۇ ماقالىلىرىڭنى كۆرۈپ، «دىلدارىم ئىكەن» دېگەندەك تەسىراتقا كەلگەندىن كېيىن، كىنودىكىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، «مېنىڭ جېنىم، ئاھ جېنىم، ئىشقىڭدا كۆيىدۇ يۈرىكىم!» دەيسەن. دېمەك، تەلەيدىن ئامەت تاپىسەن، ئامەتتىن تەلەي تاپىسەن، مۇرادىڭغا يېتىسەن. لېكىن، باي شائىر قىزنىڭ گاداي ئەدىب يىگىتكە مۇھەببەت باغلىشى ناتايىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھۇنەرگە ئىشەنچ قىلىشمۇ ناھايىتى تەس. بۇ ئۇسۇل بۇ يەردە «كۈيئوغۇل بولۇش ھۇنىرىدىن تەرمىلەرنىڭ» قوشۇمچىسى بولۇپلا قالسۇن، بۇ ئۇسۇلنى تەنتەكلىك بىلەن قوللىنىپ سالماڭلار.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# گاسلىقتىن گاچىلىققا[175]

لو ۋېن

دوختۇرلارنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، بىرمۇنچە كېكەچلەر تىلىنىڭ گەپ قىلالماسلىقىدىن كېكەچ بولۇپ قالغان ئەمەس، كىچىكىدىن تارتىپ قۇلىقىنىڭ گاس بولغانلىقى، چوڭ ئادەملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى، ئۇلاردىن ئۇلگە ئالالماي، ھەممىلا ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ، ئا ـ ئا، ئى ـ ئى دېسە كېرەك دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ ئا ـ ئا، ئى ـ ئى دەپ ئادەتلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، براندېس[176] دانىيە ئەدەبىياتىنىڭ خارابلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە ئاھ ئۇرغاندا، مۇنداق دېگەنىكەن: ئەدەبىي ئىجادىيەت پۈتۈنلەي ھالاك بولدى، ئادەمزات ئارىسىدىكى ياكى جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق مەسىلە ئىشتىياقنى قوزغىيالمايدىغان بولدى، خەۋەر ۋە ژۇرنالدىن باشقىلىرى بىرەر مۇنازىرىنىمۇ قوزغىيالماس بولۇپ كەتتى. كۈچلۈك، مۇستەقىل ئىجادىي ئەسەرلەرنى كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. چەت ئەللەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بولۇشقا زادىلا ئىمكانىيىتىمىز قالمىدى، دېمەك، مەنىۋى «گاس» لىقنىڭ نەتىجىسىدە «كېكەچ» لىكمۇ كېلىپ چىقتى («XIX ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم» نىڭ 1 ـ تومىدىكى كىرىش سۆزگە قارالسۇن)

بۇ سۆزلەرنى جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە باھا بېرىشتىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھادىسە ۋە ئەيىبنى پۈتۈنلەي زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ، «4 ـ ماي»





ھەرىكىتى دەۋرىدىكى مەرىپەتچىلەر ۋە كېيىنكى قارشى چىققۇچىلارمۇ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مەرىپەتچىلەر تېزرەك نەتىجە قازىنىشقا ئالدىراپ كەتكەچكە، قىممەتلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشمىدى؛ قارشى چىققۇچىلار بولسا قەستەن تېرىكىپ ـ چېچىلىپ، تەرجىمانلارنى تېپىشتۇرغۇچى دەللە[177] دەپ ھاقارەتلەشتى، بەزى ياشلارمۇ ئۇلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلدى، بىر چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار پايدىلانسۇن دەپ ئادەم، يەر ئىسىملىرىنىڭ يېنىغا ئەسلىي يېزىلىشى ئەسكەرتىپ قويۇلسا، ئۇنىمۇ «كۆز ـ كۆزچىلىق» دەپ ھاقارەتلىدى.

مانا ئەمدى ئەھۋال نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئۈچ ئېغىزلىق كىتاب ماگىزىنلىرى «4 ـ كوچا» دا ئاز ئەمەس، لېكىن شۇ كىتابخانىلارنىڭ ئىچىدىكى جاھازلار نېپىز كىتابچىلار بىلەن تولغان؛ بىرەر چوڭ كىتابنى تېپىش خۇددى قۇم ئىچىدىن ئالتۇن تاپماقتەك تەس. دۇرۇس، ھەم بويلۇق، ھەم سېمىز بولغانلىكى ئادەم ئۇلۇغ زات بولىۋەرمەيدۇ؛ كۆپ ھەم مۇرەككەپ يېزىلغانلىكى كىتاب مەشھۇر ئەسەر بولىۋەرمەيدۇ، «كەسمە قۇراق» لىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن، قانداقتۇر «A B C»[178] دېگەندەك كىچىككىنە كىتابلار ھەرگىزمۇ بارلىق ئىلىم، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بىر ئېرىق لاي سۇ پاكىز بولغان بىر پىيالە سۈزۈك سۇغا يەتمەيدۇ، لېكىن سۈزۈلدۈرۈلگەن لاي سۇنىڭ بىر قىسمىدىن بىرقانچە پىيالە سۈزۈك سۇ چىقىدۇ.

بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى قۇرۇق داۋراڭ نەتىجىسىدە، ئەدەبىيات ساھەسى قاغجىراپ كەتتى. ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىن بىرئاز رەتلىك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جەڭگىۋارلىقى ئىلگىرىكىدىن ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى. ئەدىبلەر بىر ـ بىرىنى يۆلەش ياكى ماختىشىش سەۋەبى بىلەن ناھايىتى تېز نام چىقىرىۋاتقان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۈچىنى ماختاش - پۈۋلەش ئۈچۈن سەرپ
قىلغاچقا، شاكىلى يوغان، ئىچى كاۋاك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ
كاۋاكلىق ئىچ پۇشۇقىنىڭ ئىپادىسى دېگەن خاتا چۈشەنچە بىلەن،
قالتىس نەرسە قىلىپ كىتابخانلارغا سۆزلەپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ تېخىمۇ
يامىنى شۇكى، بەزى ئەدىبلەر ئۆز يۈرىكىدىكى چىرىكلىكنى مەند-
ۋى گۆھەر قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىۋاتىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەر
ئەدەبىيات زېمىنىدا ھەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ھېسابلىند-
ۋاتىدۇ، لېكىن بۇ يىلقى تاللانمىلارغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئال-
دىنقى ئۈچ ئورۇننى ئىگىلىگەنلىرىمۇ كىشىدە «بۇلغۇن تېرىسى
يەتمىگەن يېرىگە ئىت قۇيرۇقىنى ئۇلاپتۇ» [179] دېگەن ھېسسىيات-
نى پەيدا قىلماقتا. ياشلارنى پۈچەك تېرىق بىلەن باقسا، ھەرگىزمۇ
چوڭىيالمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىرى تېخىمۇ ئاز
بولىدۇ، تەقى - تۇرقى خۇددى نىتسې [180] تەسۋىرلىگەن «چاكىنا
ئادەم» گە ئوخشاپ قالىدۇ.

لېكىن، چەت ئەللەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېقىملىرىنى تونۇشتۇ-
رۇش، دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، ئومۇمەن
مەنىۋى ئوزۇق - تۈلۈك توشۇش يولى ھازىرقى كۈندە گاسلىق
ۋە گاچىلىقنى پەيدا قىلىدىغانلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ.
بۇ ئەھۋالغا ھەتتا ئەجنەبىيلەرنىڭ يۇندىخورلىرىمۇ، بايلارنىڭ ئىچ
كۆيئوغۇللىرىمۇ دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇلار ياشلار-
نىڭ قۇلىقىنى ئېتىپ قويۇپ، ياشلار گاسلىقتىن گاچا بولۇپ،
قۇرۇپ - يىگىلەپ، «چاكىنا ئادەم» بولسۇن دېمەكچى، ھەممەي-
لەننى پەقەت باي باللىرى ۋە غوجالدىراۋاقلار ساتىدىغان ئەيش -
ئىشرەت سۈرەتلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ
قويماقچى.

خاك - تۇپراق بولۇشنى خالايدىغان ئاپتورلار ۋە تەرجىمانلار-





نىڭ زادىلا كېچىكمەستىن كۈرەش قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى:
جانغا ئەسقاتىدىغان مەنىۋى ئاشلىقنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە توشۇپ
كېلىپ، ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، گاس -
گاچىلىقنى پەيدا قىلىدىغانلارنى گۆرگە ياكى بايلارنىڭ قولتۇقىغا
كىرگۈزۈۋېتىشى كېرەك.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# باش كۆز تەسىراتلىرىدىن (2) [181]

لۇيسۇن

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېچىدە، يىراق - يېقىندا ئۇشتۇم-
تۇتلا پاقۇر - پۇقۇر، پاراق - پۇرۇق ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى،
دەرھال نېرى - بېرىسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي، «قارشى»لىق
يەنە باشلانغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيالغا كەلدىم، كېيىن ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ھېلىقى ئاۋازلارنىڭ پوجاڭزا ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇق-
تۇم - دە، ئاندىن كۆڭلۈم تىندى. كېيىن يەنە: ھەرقاچان بىرەر
ئايەم كۈنى بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ دېگەن خىيالمۇ كەلدى...
ئەتىسى گېزىتكە قارىسام، ئەسلىدە تۈنۈگۈن كېچە ئاي تۇتۇلغاند-
كەن، ھېلىقى پاراق - پۇرۇق، پاقۇر - پۇقۇرلار بولسا، بىزنىڭ
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، يات قېرىنداشلىرىمىزنىڭ (بىز ھەممىمىز
ئۆزىمىزنى خۇاڭدىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتاتتۇق، لېكىن
چى يۇ [182] نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭمۇ تۇخۇمى قۇرۇپ كەتمىگەن بولسا
كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى «يات قېرىنداش» دەۋاتىمەن)
ئاينى ساماۋى ئىتنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دەپ نامايىش
قىلغىنى ئىكەن.

ئۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىمۇ كېچە شۇنداق قايناپ
كەتكەنىدى. دوقمۇش - دوقمۇشتا جوزا؛ جوزا ئۈستىدە
يېمەك - ئىچمەك، تاۋۇز؛ تاۋۇزلارنىڭ ئۈستىگە چىۋىن، قۇرت،
پاشا دېگەندەك بىرنېمىلەر قونۇۋالغان؛ يەنە بىر جوزىدا راھىبلار
روھ - ئەرۋاھلار ھەققىگە: «زىروپۇمىياھۇ! [183] ياھۇ! ھۇ!» دەپ





ساما سېلىپ، زىكرى ئوقۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئاچ ئەرۋاھلارغا
سەدىقە بېرىۋاتقانمىش. ۋىرانپىن [184] ئايىمىدە ئاچ ئەرۋاھلار، توق
ئەرۋاھلار ئۇ ئالەمدىن چىقىشىپ، شاڭخەيدەك چوڭ شەھەرلەرگە
كېلەرمىش، دىيانەتلىك ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزلار ئەنە شۇ
چاغدا ساھىبخانىلىقنى ئۆتەش ئۈچۈن، راھىبلارغا «ياھۇ - ياھۇ»
دەپ زىكرى ئېيتقۇزۇپ، بىرنەچچە تالدىن گۈرۈچنى چېكىپ چاچ-
رىتىپ، ئاچ ئەرۋاھلارغا سەدىقە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى
ئوبدان تويغۇزۇپ قويارمىش.

مەن بولسام قارىتۇرۇك بىر ئادەم، ئەرش ۋە تەھتىسارا دېگەن
بىرنېمىلەر بىلەن ئانچە كارىم يوق. لېكىن، ھەرقاچان مۇشۇنداق
كۈنلەردە بىزنىڭ بۇ ئالەمدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، يات قېرىند-
اشلىرىمىزنىڭ پاراسەتلىرىنىڭ يۈكسەكلىكىگە ۋە قاملاشقانلىقىغا
ھەيران قالماي تۇرالمايمەن. باشقىسىنى قويۇپ تۇراي، تېخى ئىك-
كى يىل تولمىغان مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە، چوڭراقىنى ئالساق
تۆت ئۆلكىنىڭ، كىچىكرەكىنى ئالساق توققۇز ئارالنىڭ بايرىقد-
ىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى، يېقىندا سەككىز ئارالمۇ شۇنداق
بولىدۇ. بۇ زېمىنلارنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇۋېلىش بۇياقتا تۇر-
سۇن، قۇتقۇزۇۋالايلى دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چىقارغان ھامان،
ئۆزگە خەۋپ يېتىشىمۇ مۇمكىن (بۇ سۆزلەر نەشردىن چىققاندا،
«ۋەزىيەتمۇ يول قويمايدۇ» بولۇپ چىقىپتۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن،
ھەممىدىن مۇۋاپىقراقى ئاينى قۇتقۇزۇش بولۇپ قالدى، ئاينى
قۇتقۇزىمەن دەپ پوجاڭزىنى ھەتتا جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈ-
دەك قاتتىق ئاتقان تەقدىردىمۇ ساماۋى ئىت كېلىپ چىشلىۋالماي-
دۇ، ئايدىكى بەگ - غوجاملار (ئەگەر بولىدىغان بولسا) مۇ بۇنى
ئەكسىيەتچىلىك دەپ مەنئى قىلمايدۇ.

ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشقا كەلسەم، ئۇنىڭدىمۇ ئەھۋال ئوخ-
شاش، ئۇرۇش ئاپىتىدە، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە، چېكەتكە ئاپىتد-

دە، سۇ ئاپىتىدە… ئاپەتكە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، بەختى ئوڭ كېلىپ ئاپەتكە يولۇقماي قالغان بىچارە پۇقرادىمۇ نېمە ئامال بولسۇن؟ تەبىئىيكى، ئۇلار ئۇچۇن ھەممىدىن ياخشىسى روھ - ئەرۋاھلارنى قۇتقۇزۇش بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئانچە كۆپ ئاۋارىگەرچىلىك كەتمەيدۇ، لېكىن بۇنىڭ ساۋابى خۇددى كاتتا جانابلارنىڭ ساۋابلىق ئۇچۇن ياغ پۇرىتىپ نەزىر قىلغىنىغا، مۇنار - گۈمبەز سالدۇرۇپ قويغىنىغا[185] ئوخشاش بولىدۇ. «يىراقنى كۆزلىمىگەن ئادەم غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ.» «ئەھلى موللا ئادەملەر چوڭ ئىشنى كۆزلەيدۇ» دېگەن گەپلەرمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك.

«ئاشپەز قازان بېشىغا ئۆتسىمۇ، ساھىب تەكبىر ھەرگىز چۆمۈچنى قولىغا ئېلىۋالماسلىقى كېرەك»[186]، بۇمۇ قەدىمكى پەيغەمبەر - دانىشمەنلەرنىڭ پەند - نەسىھەتى. دۆلەتنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇشقا ھاكىملار بار ئىكەن، پېقىر — پۇقرالارنىڭ ئۇ ھەقتە كوڭ - كوڭ قىلىشى كېرەك ئەمەس ئىكەن، تارىختىن بۇيان دانىشمەن پادىشاھلار، ئادىل شاھلارمۇ پېقىر - پۇقرالارنى پەس كۆرمىگەن، ئۇلار پېقىرلەرگە مەخسۇسلا ئالەمنى، روھلارنى قۇتقۇزسۇن دەپ تېخىمۇ يۇكسەك ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بېرىپ كەلمەكتە، تىنچ - ئاسايىشلىقنىڭ ئەنە شۇ يىلتىزى ۋە ئۇلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى يوق، كەلگۈسىدىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلماسلىقى مۇمكىن.

ئەسلەپ كەلسەم، بۇلتۇرقى ۋەقە: شاڭخەي ئۇرۇشى ئەمدىلا توختىغانىدى، ياپون ئەسكەرلىرى ئاستىلاپ ئۆز پاراخوتلىرىغا چىقىۋاتقان ۋە ئۆز گازارمىلىرىغا قايتىپ كىرىپ كېتىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسىدىمۇ ھېلىقىدەك پاراق - پۇرۇق، پاقۇر - پۇقۇر كۆپىيىشكە باشلىدى، شۇ چاغ «ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشى ئۇرۇش قىلىش»[187] ۋاقتى ئىدى؛ ياپونلار





بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزنى چۈشەنمەي، يەنە قانچىنچى يول ئارمىيىسى قولىدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، دەرھال قاراۋۇللىرىنى جايلاشتۇردى، ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە سالدى، بىر مەھەل شۇنداق پاتىپاراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇنى بىلىپتۇكى، بىز ئايىنى قۇتقۇزۇۋېتىپتۇق، ئۆزلىرى بولسا قاقۋاش بولۇپ كولدۇرلاپ قاپتۇ. ئۇلار «نارۇخودو Naruhodo ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن - دە!» دەپ، بىر ھەيران بولۇپ، بىر تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىپ، ئادەتتىكى ھالىغا كېلىشىپتۇ. مانا بۇ يىلچۇ؟ ئۇلار قاراۋۇلمۇ چىقارماپتۇ، ئېھتىمال ئۇلار جۇڭگونىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ئېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ھازىرقى كۈندىكى تاجاۋۇزچىلار ۋە زالىملارمۇ بۇرۇنقى زالىم پادىشاھلارغا ئوخشاش، ھەتتا قول - مالايلىرىنىڭ كولدۇرلىشىغىمۇ، چۈشەكىشىگىمۇ رۇخسەت قىلماسمۇ؟ ……

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

# ئەرلەرنىڭ تەرەققىياتى[188]

يۇ مىڭ

ھايۋانلارنىڭ جۈپلىشىشىمۇ مۇھەببەت دېيىلسە، مۇھەببەت دېگەن سۆزگە بىرئاز داغ چۈشۈرمەي قالمايدۇ. لېكىن، ھايۋانلاردىمۇ جىنسىي تۇرمۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار كۈيلىگەن چاغدا، چىشىسى بىلەن ئەركىكى بىر يەردە بولۇپ قالسا، بىردەم «ئامرىقىم» دەپ مۇھەببەتلەشمەي قالمايدۇ. تاكى «جۈپلىشىش لەززىتى»نى تېتىغۇچە چىشىسىنىڭ بەزىدە ناز قىلىشى، بىرنەچچە قېتىم نېرى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئارقىسىغا قاراپ قويۇشى ۋە زۇۋان سۈرۈشى تۇرغان گەپ. ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ، «مۇھەببەتلىشىش» ئۇسۇللىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئەركىكىدە بىرەر ئىمتىيازنىڭ يوقلۇقىدا شەك بولمىسا كېرەك.

ئىنسان ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ ئاقىلى، ھەممىدىن ئاۋۋال ئەرلەرنىڭ ماھارىتى زور. ئىپتىدائىي دەۋردە ئىش قانداق توغرا كەلسە شۇنداق بولاتتى. لېكىن، «ئانىسىنى بىلىپ، دادىسىنى بىلمەيدۇ»[189] غان ئەھۋال تۈپەيلىدىن خوتۇنلار بىر مەزگىل «ھۆكۈمرانلىق» قىلغانىدى، شۇ چاغلاردىكى زات موما خوتۇنلار كېيىنكى چاغلاردىكى قەبىلە ئاقساقاللىرىدىنمۇ چوڭ ھوقۇقلۇق بولسا كېرەك. كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئاياللارنى دومىلە باسقان؛ ئۇلارنىڭ بوينىغا، قوللىرىغا، ئاياغلىرىغا زەنجىر، چەمبەر، ھالقا سېلىنغان — گەرچە بىرنەچچە مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن شۇ





چەمبەر، ھالقىلارنىڭ تولىسى ئالتۇن - كۈمۈشكە ئايلانغان، ئۇلارغا مەرۋايىت، ياقۇت، ئالماس كۆز قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مارجان، بىلەزۈك، ئۈزۈكلەر ھازىرمۇ ئايال قۇللارنىڭ سىمۋولى. ئاياللار قۇلغا ئايلانغانىكەن، ئەرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن كېيىن ئۇلارغا «مۇھەببەت» قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. قەدىمكى زاماندا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش نەتىجىسىدە قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر قۇل قىلىناتتى، ئايال ئەسىرلەر باسقۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. شۇ چاغلاردا كۈيلەش مەزگىلى ئاللىقاچان «ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان» بولسا كېرەك. ئەركەك خوجايىنلار ئايال ئەسىرلەرگە، ئايال قۇللارغا ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا باسقۇنچىلىق قىلىۋېرەتتى. ھازىرقى زاماندىكى قاراقچىلارنىڭ، لۈكچەكلەرنىڭ ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە قەبىلە ئاقساقاللىرىچە باتۇرلۇقنىڭ قالدۇق ئۇدۇمى.

لېكىن، باسقۇنچىلىق قىلىش ماھارىتى ئادەمنىڭ ھايۋاندىن بىر قەدەم «تەرەققىي» قىلغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېرىم تەرەققىيات، ئويلاپ كۆرۈڭ، ئايال نالە قىلىپ يىغلاپ تۇرسا، قوللىرىنى، پۇتلىرىنى قايرىساڭ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك راھەتلىنەرسەن؟ پۇل دېگەن نەرسە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئەرلەر قالتىس تەرەققىي تېپىپ كەتتى. جاھاندا ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالغىلى، سېتىۋەتكىلى بولىدىغان بولدى، جىنسىي تەلەپمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەرلەر ئەرزىمەس ئىككى تەڭگە پۇل چىقىم قىلىپ، ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆزلىگەن نەرسىنى ئالالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئايالغا: مەن ساڭا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۆزۈڭ رازى بولدۇڭ، بىرنەچچە تەڭگىگە ماقۇل كەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلسام دېسەم ماقۇل بولۇشۇڭ كېرەك، بىز ھالال سودىلاشتۇق! دېيەلەيدۇ. ئاياغ ئاستى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تېخى شۇ ئايالغا: «رەھمەت سىز-

گە، بەگزادەم» دېگۈزىدۇ. ھايۋانات شۇنداق قىلالامدۇ؟ دېمەك، پاھىشىۋازلىق قىلىش ئەرلەر تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭدەك، ئاتا - ئانىنىڭ ئەمرى، ئەلچىلەرنىڭ لەۋزى بىلەن بولىدىغان كونىچە نىكاھ پاھىشىۋازلىقتىن چىرايلىقراق تۈس ئالغان. مۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا، ئەرلەر مەڭگۈلۈك، ئۆمۈرۋايەتلىك جانلىق مۈلۈككە مۇيەسسەر بولىدۇ، ياتلىق قىلىنغان قىز يىگىتنىڭ كارىۋىتىغا ئەكېلىپ قويۇلغان ھامان مەجبۇرىيەت ئۆتىمەكتىن باشقا، مۇھەببەت ئەركىنلىكىغۇ يوق گەپ، ھەتتا قىلچە شەرت قويۇش ئەركىنلىكىمۇ بولمايدۇ. مەيلى ئۇ سۆيسۇن - سۆيمىسۇن، جۇگۇڭ پادىشاھ[190] كۇڭزى ئەۋلىيانىڭ شىپى كەلتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا ئۆمۈر بويى ئىتائەتمەن بولۇشقا، ئىپپەت ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەر ئۇنى خالىغان چاغدا ھاجىتىدىن چىقارتقۇزىدۇ، ئايال بولسا ئەۋلىيانىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، «پەقەت ئىچىدىلا يامان نىيەت ئويلىغان تەقدىردىمۇ زىنا قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[191]. مۇبادا ئەركەك ئىت قانجۇققا مۇشۇنداق ئەپچىل، ئەمما قاتتىق قوللۇق تەدبىر قوللىنىدىغان بولسا، قانجۇق جان ئاچچىقىدا «تامدىن سەكرىگەن» بولاتتى. لېكىن، ئادەم نەسلى بولغان ئايالنىڭ قۇدۇققا سەكرەپ، پىداكار ئايال، ئىپپەتلىك ئايال، ئەقىدىلىك ئايال بولماقتىن ئۆزگە چارىسى يوق. ئەدەپ - قائىدە ئاساسىدىكى نىكاھنىڭ تەرەققىي تاپقان مەنىسى ئەنە شۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەرلەرنىڭ «ناھايىتى ئىلمىي» تەلىماتلارنى قوللىنىپ، ئاياللارنى ئىمانسىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۆمرىنى بىر ئەر بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تەن بېرىدىغان، جىنسىي تەلەپنىڭ «ھايۋانىي تەلەپ» ئىكەنلىكىگە، ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلىپ قاراش





لازىم ئەمەسلىكىگە چوقۇم ئىشىنىدىغان قىلغانلىقىغا، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىلمىي ئىپپەت»نى كەشىپ قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

بەللى، ئادەم — ئەر — نىڭ ھايۋاناتتىن پەرق قىلىدىغانلىقىدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي!

ئۆز ئىزاھىم: بۇ، تەرىقەتكە ھامىيدارچىلىق قىلىدىغان ماقالە.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

# ماقۇللاش ۋە چۈشەندۈرۈش[192]

يۈ مىڭ

باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ئۆز ھەرىكەتلىرىدە قول ئاستىدىكى-
لەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھاجەتسىز — بۇ، پەرز. لېكىن،
باشلىق بولغان ئادەم بەزى ۋاقىتلاردا قول ئاستىدىكىلەرگە چۈشەن-
دۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

يېقىندىن دۇنيا بويىچە داڭق چىقارغان بىر ئادەم: «نوپۇز
دېگەن نەرسە ئىپتىدائىي ئىنسانلار دەۋرىدىلا بار ئىدى، مەسىلەن،
ئادەم ھايۋانلارنى مەجبۇرلاپ ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇ-
لارنى ئەركىن تۇرمۇشتىن ۋاز كەچتۇرەتتى، بۇ جەھەتتە ھايۋانلار-
نىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھاجەتسىز ئىدى»[193] دەپتۇ. بۇ سۆز
ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. ئۇنداق بولمىسا، بىزدە يەي دېسەك
كالا گۆشى، مىنەي دېسەك ئات بولامدىغان؟! بىزدە ئادەمگە-
مۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلماقتا.

ياپونىيىدىكى ئەيسا دىنى چېركاۋى[194]نىڭ قارىسى يېقىندا
ياپونلارنى ئىنجىلدا ئېيتىلغان پەرىشتە دېگەن مەزمۇندا مۇنداق بىر
پەتىۋانى چىقاردى: «خۇدايىتائالا ئىلگىرىدىن يەھۇدىيلارنى قىرىپ
كەلگەن ئاق تەنلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ... يەھۇدىيلارنى قورال
كۆچى بىلەن ئازاد قىلىپ، ‹تەۋرات› تىكى بېشارەتنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ياپونلارغا تاپشۇردى.» خۇددى يەھۇدىيلارنى
قىرغان ئاق تەنلىكلەر يەھۇدىيلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغىنىغا
ئوخشاش، ياپونلارنىڭمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايدى-





غانلىقى تۇرغان گەپ. ياپونىيىنىڭ تۆرە - غوجاملىرى جۇڭگونىڭ
بېشىغا «ئېغىر كۈن» لەرنى پەيدا قىلىپ بېرىشتىمۇ جۇڭگو خەلقى-
نىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغىنى يوق — بەزى يەرلىك تۆرىلىرىمىزنىڭ
ياپون غوجاملارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا
بېرىپ، ئۇلارنى ئامانلىقىمىزنى ساقلاپ بېرىڭلار، دەپ تەكلىپ
قىلغانلىقى بولسا، باشقا گەپ. قىسقىسى، ئەركىن - بەھۇزۇر
ھالدا كالا گۆشى يېيىش، ئات مىنىش... ئۈچۈن، ئۆزىنى
ماشايىخ - باشلىق دەپ، باشقىلارنى قول ئاستىمدا تۇرغۇچى دەپ
ئېلان قىلىشى شەرت ياكى باشقىلارنى ھايۋان، ئۆزىنى رەسۇل
قىلىۋېلىشى شەرت.

لېكىن، بۇ جەھەتتە ھەممىدىن مۇھىمى نەزەرىيە ئەمەس،
يەنىلا «قورال كۈچى»، ئىجتىمائىي پەنمۇ، خرىستىئان نەزەرىيە-
سىمۇ بىرەر نوپۇز پەيدا قىلالمايدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
ھايۋانات ئۈستىدىكى نوپۇزى ئوقيا - كامالەك دېگەنگە ئوخشاش
نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن. نەزەرىيە بول-
سا، كېيىنكى چاغلاردا ئويلاپ تاپقان چۈشەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە
ئەمەس. بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ رولى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ
بىلەن ئۆزىنىڭ نوپۇزىغا دىن، پەلسەپە، پەن، دۇنيا ۋەزىيىتى
جەھەتتە ئاساس پەيدا قىلىپ، قۇللارنى ۋە ئات - كالىلارنى، دۇنيا
بويىچە ئومۇمىي قانۇن شۇنداق ئىكەن - دە، دەيدىغان ۋە ئىسيان
كۆتۈرۈش شېرىن خىياللىرىدىن ۋاز كېچىدىغان قىلىش.

باشلىقنىڭ ساڭا چۈشەندۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ قول ئاستىدى-
كىلەردىن بولغان سەن ھەرگىزمۇ، مېنىڭ ماقۇللۇقىمنى سوراۋا-
تىدۇ دەپ ئويلاپ قالما؛ چۈنكى سەن مۇتلەق ماقۇل بولمىغان
تەقدىردىمۇ، ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ
ئۆزىگە خاس شېرىن خىيالى بار، ئۇنىڭ قولىدا كۈچ - قۇۋۋەت

يەنى پۇل ـ مال، ئايروپىلان ـ زەمبىرەك بار ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭ بولسا شېرىن خىياللىقىدا قېلىۋېرىدۇ؛ — مۇبادا سېنىڭ شېرىن خىيالىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئۇ: مېنىڭ ھايۋانلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونا ماقالىلىرىمنى كۆچۈرۈۋاپسەن، دېيىشتىن يانمايدۇ.

ئاڭلىشىمچە، ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى مۇنداق ئىكەن: ناھايىتى چوڭ ھوقۇقلۇق ھۆكۈمەتلەر پەيدا بولۇۋېتىپتۇ، بۇلار XIX ئەسىردىكى ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان. ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەنگلىيىدىكى گراژدانلار ھۆكۈمىتىنىلا ئالايلى، «ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىمۇ پۈتۈنلەي بىرلا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ قولىدا.» ئامېرىكا يېڭى زۇڭتۇڭىنىڭ «ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇقى ئۇرۇش ۋە ھەربىي ھالەت مەزگىلىدىكىدىنمۇ چوڭ.»[195] ھەممە ئادەم ھايۋان بولۇپ تۇرغىنىدا، باشلىقنىڭ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى ھاجەتسىز، دۇنيا ۋەزىيىتى ئەنە شۇ. باركاللا، بۇنداق ياخشى ئۈلگىنى ئۆگەنمەي بولامدۇ؟

بىراق، مېنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشۈمدە گۈلگە داغ چۈشكەندەك بىر ئاز نۇقسانمۇ بار: جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى پادىشاھى چىن شىخۇاڭ كىتاب ـ نامىلەرنى كۆيدۈرگەن، رايىش موللىلارنى كۆمگەن؛ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ خەن تۇيجۇسى[196] ۋە باشقىلىرى: «پۇقرا ئۆز ماشايىخىغا ئاشلىق، رەخت ۋە باشقا سېلىقلارنى تۆلەش يولى بىلەن خىزمەت قىلمىسا، كاللىسىنى ئېلىش كېرەك» دېگەن. مۇشۇنداق مىللىي نەرسىلەر بار تۇرسا، مىللەتپەرۋەرلىككە





خىلاپلىق قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ۋە پاكىتلىرىنى دەستۇر قىلىشنىڭ — ئۆزگىلەرنىڭ ھەۋىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزدنىڭ ئىرادىسىنى يوقىتىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

# ئەدەبىيات كارىۋىتىدىكى كۈزلۈك چۈش[197]

يۈگۈاڭ

ئەتىيازدا كۆرگەن چۈش گىچىماچاڭ بولىدۇ. «ياز تۈنىدە كۆرگەن چۈش» چۇ؟ شېكسپىر[198] نىڭ سەھنە ئەسىرىگە قارىغاندا، ئۇمۇ گىچىماچاڭ بولىدۇ. جۇڭگودا كۈز ۋاقتىدا كۆرگەن چۈش ئادەتتە «سۈرلۈك» بولىدىكەن. مىنگودىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلار «كۈزدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدۇ»غانىدى، بۇ، ۋاقىت ـ سائەتنى تېپىپ ئىش قىلغىنى. قادىر ئىگەم بەندىلەرگە قانداق قىل دەپ بېشارەت بەرسە، بەندىلەر شۇنداق قىلماي مۇمكىن ئەمەس ـ دە!

«ئەدىب» دېگەن بىرنېمىلەرمۇ ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس، ئۇلار قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، كارىۋاتتا يېتىپ، تاماقنى ھەزىم قىلىپ بولمايلا چۈش كۆرگىلى تۇرىدۇ. ھازىر كۈز ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، قادىر ئىگەم ئۇلارنىڭ چۈشىنى رەھىمسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇۋېتىپتۇ.

«شاۋقۇن» (8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى نەشردىن چىققان) نىڭ 2 ـ جىلد 31 ـ سانىدا «لىنىدىك» ئىمزالىق بىر ئەپەندىنىڭ مۇھەررىرگە يازغان بىر پارچە خېتى بار ئىكەن. ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن:

«...... توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا





كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ئېنىق بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چىشلەپ تارتىپ كاردىن چىقىرىشى، چەتتە تۇرغان ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئەدەبىيات مۇنبىرى ئۈچۈن بەختسىزلىك بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ... مېنىڭچە، ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن نېرى ـ بېرىسىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كاسىسىغا يۈز دەررىدىن ئۇرۇش كېرەك...»

بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى مەلۇم بىر كىچىك گېزىتتىمۇ ئىمزاسىز باش ماقالە چىقتى، ئۇنىڭدىمۇ بۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى يۈ مۇتاۋ بىلەن جاۋ جىڭشېڭ ئوتتۇرىسىدا ماقالىنى كېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش توغرىسىدا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشقا[199] قاتتىق غەزەپ بىلدۈرۈلگەن:

«...... ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولۇمغا چوڭ ھوقۇق كىرىپ قالىدىغان بولسا، بۇ بىرنېمىلەرنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ، جەبىر ـ جاپالىق ئىشقا سېلىپ، 10 يىل كىتاب ئوقۇش جازاسى بىلەن جازالىغان بولاتتىم، شۇنداق قىلغاندا، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرى پاكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.»

جاڭ شيەنجۇڭ زاۋال تېپىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئۆز ھەرىكىتىدە «كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق» ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىنلا، ھە دەپ قىرىۋەرگەنىكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى دەۋاگەرنىمۇ، جاۋابكارنىمۇ بەزىدە قارىقويۇقلا 100

دىن ياكى 50 تىن كالتەك ئۇرىدىكەن؛ چۈنكى «لىنىدىڭ» ئەپەندى-
نىڭ كونا چۈشىدەك، مانجۇلارغىمۇ شىلىش ئۈچۈن قۇل
كېرەك - دە. مەلۇم كىچىك گېزىتتىكى نامسىز ئەپەندى بولسا
بىر ئاز مەدەنىيەتلىك ئىكەن، ئۇ ھېچبولمىغاندا، شاڭخەي شەھەر
مەمۇرىيىتى ئىدارىسى[200] نىڭ تۆۋەن مەرتىۋىلىك جۇڭگولۇقلارنى
«جازالاش» ئۇسۇلىنى بىلىدىكەن.

لېكىن، بىرىنچى مەسىلە — قانداق قىلغاندا «كۈنلەرنىڭ
بىرىدە چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش» مۇمكىن؟ نازۇك -
نىمجان تالىپ مىجەز ئادەم قانداقمۇ ھوقۇقدارلىق قىلالايدۇ؟ ئىل-
گىرىكى چاغلاردا كوراگان (پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى) بولۇپ، بىر-
دىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە ئۈمىد باغلاش مۇمكىن ئىدى، ھازىر
پادىشاھ يوق، يۈزۈڭگە قېنىق يۈز يېغى سۈرتۈۋالساڭمۇ ساڭا قىيا
باقىدىغان مەلىكىمۇ يوق؛ ناھايىتى كۆپ دېگەندە بىرەر بايغا كۈيئو-
غۇل بولالىشىڭ مۇمكىن. مەنسەپنى پۇلغا سېتىۋېلىش چارىسى
ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالغان، «چوڭ ھوقۇق» قا خۇددى بويى يەت-
مەيدىغان يەردىكى ئۈزۈمنى كۆرگەن تۈلكىگە ئوخشاش بوينۇڭنى
سوزۇپ تەلمۈرۈشۈڭلا مۇمكىن. دېمەك، ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ
بېجىرىم ۋە پاك بولۇشىغا ھەقىقەتەن كۆز يەتمىسە كېرەك.

«4 - ماي» دەۋرىدە نەشرىياتچىلار ساھەسىدە «ئەدەبىيات
قەلەندىرى» پەيدا بولغان، ئۇنىڭ كەينىدىن «ئەدەبىيات لۈكچەكى»
مۇ پەيدا بولغانىدى. لېكىن، شۇنداق سۈرلۈك ئادەملەرنى بۈيىل
كۈزدە شاڭخەيدە كۆردۈم، ئۇلارنىڭ تېخى نامى يوق، ھازىرچە
«ئەدەبىيات ئەمەلدارى» دەپ ئاتاپ تۇرساق بولار. ئەدەبىيات تارى-
خىغا قارايدىغان بولساق، ئەدەبىيات مۇنبىرى بېجىرىم ۋە پاك
بولغان چاغلارمۇ بولغانىكەن، لېكىن ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ
شۇنداق پاكلىقىنىڭ مۇشۇنداق «ئەدەبىيات ئەمەلدارلىرى» بى-





لەن ئاز - تولا بولسىمۇ مۇناسىۋەتى بولىدىغانلىقىنى كىم
كۆرۈپتۇ؟!

لېكىن، چۈشنى كۆرۈۋېرىش مۇمكىن، ئۇنىڭ كارايىتى
يوق، شۇنداق چۈشنى تەسۋىرلەپ يېزىشمۇ پەيزىلىك بىر ئىش.
خاتىرجەم ئۇخلاۋېرىڭلار، كانىدىدات تۆرىلىرىم!

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

# كىنونىڭ ساۋىقى (201)

رۇنيۇ

مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمنىڭ كەنتلىرىدە جۇڭگونىڭ كونا چاڭچىلد-
لىرىنى كۆرگەن چېغىم تېخى «موللا» بولۇپ يېتىشمىگەن چېغىم
ئىدى، كىچىك دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقان ئىدى.
شۇ چاڭچىلىلەردە موللاق ئېتىشنى، يولۋاس بولـۇپ ئويـنـاش-
نى، يال - يۇل قىلىپ يالقۇن چىقىشى بىلەنلا جىن پەيدا بولۇشى-
نى ياخشى كۆرەتتىم. چاڭچىلىنىڭ مەزمۇنى بىز بىلەن ئانچە
ئالاقىسىز ئىدى. بەگ بىلەن ئاقساقالنىڭ شەھەر، زېمىن تالىشى-
شى، يىگىت بىلەن قىزنىڭ ھىجرانى ۋە ۋىسالى پۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ
ئۆز ئىشى؛ كەتمەن چاپىدىغان ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ
مەيدانغا چۇشۇپ قوماندان بولمايدىغانلىقىنى ياكى پايتەختكە بېرىپ
مەنسەپ ئىمتىھانغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ. لې-
كىن، كىشىنى تەسىرلەندۈرگەن بىر چاڭچىلمۇئىبىسىمدە تۇرۇپ-
تۇ، ئۇ چاڭچىلە «مۇچېڭنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشى» (202) دەپ
ئاتىلىدىغاندەك قىلاتتى. بىر كاتتا ئەمەلدار تۆھمەتكە ئۇچراپ،
ئۆلۈمگە لايىق بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ چىراي جەھەتتە ئۆزىگە ناھا-
يىتى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قېرى خىزمەتكارى ئۇنىڭ ئورنىدا
«ئۆلۈم جازاسىنى تارتىش» ئۇچۇن بارىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىنارلىق
ھەرىكەتلىرى ۋە مۇڭلۇق ناخشىلىرى تاماشىچىلارنىڭ يۈرەك تارى-
لىرىنى چېكىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاماشىچىلار ئۆزى ئۇچۇن
ياخشى ئۆلگىنى تاپقان بولىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى دېھ-





قانلارنىڭ بەزىسى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن قولى بوشىغان چاغلاردا
بايلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىش - كۈشلىرىگە قارىشىپ بېرەتتى.
چاڭچىلىدە چاندۇرماسلىق ئۇچۇن، جازانى ئىجرا قىلىدىغان چاغ-
دا، ھېلىقى خىزمەتكارنىڭ ئانىسى ئادەت بويىچە بېرىپ «بىرانە
بولۇپ يىغلايدۇ»، لېكىن خىزمەتكار ئۇنى تېپىۋېتىدۇ؛ دېمەك،
ئۇ شۇنداق بىر پەيتتىمۇ خىزمەتكار ئۆز نامىنى ساقلايدۇ. سادىق
خىزمەتكار، مەرد، ياخشى ئادەم دېگەن ئەنە شۇ.

لېكىن، مېنىڭ شاڭخەيدە كىنو كۆرگەن ۋاقتىم ئالىلقاچان
«تۆۋەن مەرتىۋىلىك جۇڭگو ئادىمى» بولۇپ قالغان چاغلىرىم ئى-
دى. كۈلۈبنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان ئاق تەنلىكلەر بىلەن دۆلەتمەن-
لەرنى، پەگاھىدا قاتارلىشىپ تۇرغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن مەرتىۋىلىك
«جۇڭخۇا ئەۋلادلىرى»نى، ئېكراندا ئاق تەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ
جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، ئاق تەنلىك خوجىلارنىڭ بېيىۋاتقانلىقىنى،
ئاق تەنلىك قىزنىڭ توي قىلىۋاتقانلىقىنى، ئاق تەنلىك قەھرىمان-
نىڭ ئېكسپېدىتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاماشىچىلار زوق-
لىناتتى، ھەۋىسى كېلەتتى، ۋەھىمە يەيتتى، بۇنداق ئىشلار بىز-
نىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئاق تەنلىك
قەھرىمانلار ئافرىقىغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ بارغىنىدا، دائىم قارا
تەنلىك سادىق خىزمەتكارلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالاتتى، ئۇلار
يول باشلايتتى، خىزمەت قىلاتتى، خوجايىن يولىدا جېنىنىمۇ پىدا
قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن خوجايىن ئۆز ئۆيىگە ساق - سالامەت
قايتىپ كېلەتتى. شۇ خوجايىن ئىككىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيىگە
بارماقچى بولغىنىدا، سادىق خىزمەتكار تاپالماي قالسا، يەنە ھېلىقى
جان پىدا قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن خىزمەتكارنى ئېسىگە ئالاتتى -
دە، چىرايى تۇتۇلاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئېكراندا ئۇنىڭ ئېسىگە
چۈشكەن قارا تەنلىكنىڭ چىرايى پەيدا بولاتتى. شۇ چاغدا سېرىق
بەتلىك تاماشىچىلارنىڭ چىرايىمۇ گۇڭگا يورۇقلۇقتا تۇتۇلۇپ قالات-

تى؛ دېمەك، ئۇلارمۇ تەسىرلەنگەن.

بەختكە يارىشا، مىللىي كىنولىرىمىزمۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ كىنولىرىمىز بىر تاقلاپلا ئېگىز تامغا چىقىپ، قولىنى بىر شىلتىپلا ئۇچار خەنجىرنى ئاتقاندى: بىراق كېيىن 19 ـ ئارمىيە[203] بىلەن بىللە شاڭخەيدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ھازىر تۇرگېنېفنىڭ «باھار دولقۇنى»[204] ۋە ماۋدۇن[205] نىڭ «باھار پىللىسى»نى قويۇش تەييارلىقىنى كۆرمەكتە. بۇ بىر تەرەققىيات، ئەلۋەتتە. لېكىن، دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاۋۋال «ياۋ خەلقى يۇرتىنىڭ ئاشىقى»[206] دېگەن فىلىم پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ھەدەپ تەشۋىق قىلىندى.

بۇ فىلىمنىڭ تېمىسى «ياۋ خەلقىنى مەرىپەتكە باشلاش»، مېغىزى بولسا «كوراگان تاللاش»[207]. بۇ فىلىم «4 ـ ئوغلىنىڭ ئانىسىنى يوقلىشى»[208]، «شۋاڭياڭ مەلىكىنىڭ دى چېڭنى قوغلىشى»[209] دېگەن چاڭچىلىلەرنى ئەسلىتىدۇ. جۇڭگونىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەيدىغان چوڭ گەپلەر يېقىندىن بۇيان ئانچە ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالدى. مەرىپەتكە باشلاش ئۈچۈن، تەبىئىيكى، مىياۋ ۋە ياۋلارنىڭ ئىچىگە چېكىنىپ بارغان ياخشى ـ دە. لېكىن، بۇنداق چوڭ ئىشنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال «قۇدا ـ باجا» بولۇش كېرەك ـ دە. خۇاڭدىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ نېگىرلارغا ئوخشاش ياۋروپا، ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەلىكىلىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن مەنىۋى مەدەنىيەتنى كەڭ تارقىتالمايدۇ. بۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى





## تەرجىمە توغرىسىدا (1)[210]

لوۋېن

مېنىڭ بىر پارچە قىسقا ماقالە يازغانلىقىم سەۋەبى بىلەن، مۇ مۇتيەن[211] ئەپەندىنىڭ «گەپنى ‹تەرجىمىنى ئاقلايمەن› دىن باشلاپ، لۇ جيەننەن تەرجىمە قىلغان ‹ XX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى› ئۈستىدە توختىلىمەن» (9 ـ كۈندىكى «ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسى كېلىپ چىقتى. بۇ مەن ئۈچۈن چوڭ شەرەپ، ئۇ، ماقالىسىدە ئەيىبلەنگەن نۇقتىلارمۇ ھەقىقەتەن خاتالىق بولسا كېرەك. لېكىن، ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى ئاز ـ پاز سۆزلەپ قويسامۇ قىلچىلىك ئەھمىيەتسىز بولۇپ چىقماسلىقى ئېھتىمال بولغان بىر مەسىلىنى ئېسىمگە كەلتۈردى. بۇ ئىلاۋىدە مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن:

«199 ـ بەتتە» بۇنداق رومانلار ئىچىدە يېقىندا ئاكادېمىيە (تەرجىماندىن: بۇ يەردە ئەسلىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى تەۋە بولغان روسىيە كوممۇنىزم ئاكادېمىيىسى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك) تەرىپىدىن تاللانغان لۇئىس بىرتراندنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ھەممىدىن ئېسىل» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ يەردىكى Academie فرانسىيىنىڭ دارىلئۇلۇم (ئالىملار يۇرتى) بولسا كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم ـ سەنئەت راۋاج تاپقان مەملىكەت بولسىمۇ، لېكىن جاھانگىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما چىقارماس

لۇ ئەپەندى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قالايمىقان ئىزاھات بەردىكىنتالىڭ . »

زادى قايسى مەملىكەتنىڭ Academie[212] سى؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئەلۋەتتە، فرانسىيىنىڭ دارىلئۇلۇمى دەپ قاراش ئەقىلغا ناھايىتى ئۇيغۇن. لېكىن، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاكادېمىيىسى «جاھانگىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما چىقارماس» دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى بولغان بولسا، چىقارماسلىقى چوقۇم؛ چۈنكى بۇنىڭ سەۋەبى ماددىي كۈچنىڭ چەكلىك بولغانلىقىلا ئەمەس؛ ئۇلار ئىنقىلابنىڭ بوۋاق بالىسىنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، بوۋاق بالىغا ئوزۇق بولىدىغان يېمەكلىكلەرنىمۇ، پايدىسىز، ھەتتا زىيانلىق يېمەكلىكلەرنىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچبىر پەرق ئەتمەستىن قويۇپ بېرىۋەرمەيدۇ. بىراق، ھازىر مۇمكىن بولۇپ قالدى، بوۋاق بالا چوڭايدى، قۇرامىغا يەتتى، ئەقىل تاپتى، ئۇنىڭغا ئەپيۇننى ياكى مورفىننى كۆرسەتسىمۇ، ھېچقانچە چوڭ خەۋپ تۇغۇلمايدۇ. لېكىن، دانالارنىڭ، بۇلارنى چەكسەڭ خۇمار تۇتىدىغان بولىدۇ. خۇمارىڭ تۇتقاندىن كېيىن كېرەكتىن چىقىپ كېتىسەن ياكى جەمئىيەتكە زىيانلىق مىتە بولۇپ قالىسەن، دەپ يولىيورۇق كۆرسىتىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

ئەمەلىيەتتە، مەن سوۋېت ئىتتىپاقى Academie سى تەرىپىدىن يېڭى تەرجىمە قىلىنىپ بېسىپ چىقىرىلغان ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» سىنى، ئىتالىيىنىڭ «10 كۈنلۈك سۆھبەت» ىنى، ئىسپانىيىنىڭ «دون كىخوت ئەپەندى» سىنى، ئەنگلىيىنىڭ «روبىنزون كروزو»[213] سىنى كۆرگەنمەن؛ تولستوينىڭ تاللانما ئەسەرلىرى بېسىلغانلىقىنى، گيوتې[214] نىڭ ئەسەرلىرى — تېخىمۇ تولۇق توپلىمى — تەييارلانغانلىقىنى گېزىتلەر خەۋەر قىلدى.





بېرتراند[215] كاتولىك دىنى[216] نىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، سۇلالە پەرەسلىكنىڭمۇ جارچىسى، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى گېرمانىيە بۇرژۇئا[217] ئەدىبى گيوتېنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئانچە زىيانلىق ئەمەس. دېمەك، مەن ئويلايمەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى چىقىرىشى ھەقىقەتەن ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. لېكىن، شۇ كىتابلارنىڭ بېشىغا ئىنچىكە تەھلىل ۋە توغرا تەنقىد قىلىنغان، تەپسىلىيۇ كىرىش سۆز كىرگۈزۈشى چوقۇم.

ئاپتورنىڭ كىتابخانىلار بىلەن تەقدىرداشلىقى قانچىكى يىراق بولسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانىلارغا شۇنچە زىيانسىز بولىدۇ، كونا توقام بولۇپ قالغان، ئەكسىيەتچىل، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان ئەسەرلەر، ئومۇمەن، يېڭى ياشلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكەلمەيدۇ (دەرۋەقە، توغرا يېتەكچىلىكمۇ بولۇشى كېرەك)، ئەكسىچە، ئۇلار ئۇنىڭدىن تەسۋىرلەش ماھارىتىنى، ئاپتورنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئۆگىنەلەيدۇ، مەسىلەن، يوغان بىر پارچە مەرگىمۇشنى ئالساق، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش قۇۋۋىتىنى ۋە خرۇستاللىق تۈزۈلۈشىنى، يەنى دورىگەرلىك ۋە مەدەنشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملەرنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، قورقۇنچلۇقى — يېمەكلىكلەرگە ئازغىنە مەرگىمۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياشلارغا تۇيدۇرماستىن يېگۈزۈۋېتىش. قارىماققا راستتەك تۇرغان، ئەمەلىيەتتە يالغان «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات»، قەستەن كەسكىنلىك تۇسىگە كىرگۈزۈلگەن «تارىخقا ماتېرىيالىزمچە قاراشقا تەنقىد» — ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

مەن ياشلارنىڭ «جاھانگىر» نىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ بېقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن، يەنى قەدىمكىلەرنىڭ «ئۆزۈڭنى بىل،

ئۆزگىنىمۇ بىل» دېگەن ماقالە بار. ياشلار يولۋاسنى، بۆرىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تاغقا قۇرۇق قول بارىدىغان بولسا تەلۋىلىك قىلغان بولىدۇ؛ لېكىن يولۋاس بىلەن بۆرىنىڭ قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھەتتا يولۋاس ۋە بۆرە تۆمۈر شادىغا سولاپ قويۇلغان ھايۋانات باغچىسىغا بېرىشقىمۇ پېتىنالمىسا، ئۇنداق ئادەمنى كۆلكىلىك كالۋا دېمەي مۇمكىن ئەمەس. زىيانلىق ئەدەبىياتنىڭ تۆمۈر شادىسى نېمە؟ ئۇ — تەنقىدچى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

قوشۇمچە ئىزاھ: بۇ ماقالە مەتبۇئاتتا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.





# تەرجىمە توغرىسىدا (2) (218)

لۇشۈن

مەن «تەرجىمىنى ئاقلايمەن» دېگەن ماقالەمدە تەنقىدچىلەردىن ئۈچ نۇقتىنى، يەنى (1) ناچارلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى؛ (2) ياخشىلىرىنى تەقدىرلەشنى؛ (3) ئەگەر ياخشىلىرى بولمىسا، ياخشىراقلىرىنىمۇ تەقدىرلەشنى ئۈمىد قىلغانىدىم. مۇمۇتيەن ئەپەندى ئەمەلىيەتتە بىرىنچى جۈملەمدىكىدەك قىلدى. كېيىنچە، باشقا تەنقىدچىلەر قالغان سۆزلىرىم ئۈستىدە بىر نەرسە دېيىشى مۇمكىن. ئويلاپ قارىسام، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ سوئال ئىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم يەنە بىرنەچچە ئېغىز قوشۇمچە قىلاي: ئەگەر ياخشىراقلىرىمۇ بولمىسا، ناچار تەرجىمىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە قايسى جايلىرىنىڭ كىتابخانلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

تەرجىمانلار، ئاپتورلار بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئارقىغا چېكىنىپ كېتىۋېرىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەلقنىڭ كەمبەغەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بايلىقنىڭ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھازىرغىچە تىلغا ئالماي تۇرۇپ، يەرلىرىمىزگە ۋە نوپۇسىمىزغا قاراپ باقايلى. تۆت ئۆلكىمىزنى ياپونلار بېسىۋالدى، بىر تالاي يەرلىرىمىزنى سۇ بېسىپ كەتتى، بىر تالاي يەرلىرىمىزدە قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتىدۇ، بىر تالاي يەرلىرىمىزدە جەڭ بولۇۋاتىدۇ، سەل ـ پەل ئويلايدىغان بولساقلا، كىتابخانلارنىڭ كۆپ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بازارنىڭ كاساتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، نەشرىياتچى-

لار تېخىمۇ پۇرسەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق قىلىشى مۇمكىن، شۇ
سەۋەبتىن قەلەم ئىگىلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۆتە پۇرسەتپەرەسلىك، ئال-
دامچىلىق قىلىشى مۇمكىن. ئالدامچىلىق قىلىشنى خالىمايدىغان
ئادەملەرمۇ تىرىكچىلىك زورىدىن، بىرئاز ئۇرۇپ - سوقۇپ ئىش-
لەپ، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كەمچىلىكلەرنى پەيدا قىلىشى
مۇمكىن. كونسېسسىيەلەردىكى تۇرار جاي رايونلىرى يېنىدىكى
رەستىلەردىن ئۆتسەك، ئۈچ ئىشىكلىك مېۋە دۇكانلىرىنىڭ ۋىلل-
داپ تۇرغان ئەينەكلىك دېرىزىلىرى ئىچىدە تۇرغان قىپقىزىل
ئالمىلارنى، ساپسېرىق بانانلارنى، يەنە نامى قانداقتۇر بىرنېمىدەپ
ئاتىلىدىغان ئىسسىق بەلۋاغ مېۋىلىرىنى كۆرىمىز. ئەگەر بىرئاز
توختايدىغان بولساق، ئۇ يەرلەرنىڭ جۇڭگولۇقلار ناھايىتى ئاز
بارىدىغان بىر يەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇ مېۋىلەرنى سېتىۋې-
لىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپىنچە
ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ باققاللىق تەنزىلىرىگە بېرىپ، بىرنەچچە
داچەنگە بىرەر زېدە ئالما سېتىۋالىمىز.

ئالما زېدە بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ باشقا مېۋىلەرگە قارىغاندا
تېخىمۇ لاۋزا بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە سېتىۋالىدىغان ئادەم
چىقىدۇ. بىراق، بىزنىڭ يەنە باشقىچە بىر مىجەزىمىزمۇ بار:
ئۇزۇك، سىرغىلارنىڭ «ساپ ئالتۇن» بولۇشىنى، ئادەمنىڭ «تا-
كامۇل» بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. قۇسۇرى چىقىپ قالسا، بەزىدە
ھەممىسىنى بىكېرەك قىلىۋېتىمىز. رەپىقىمىزنىڭ تېنىدە بىر
نەچچە جاراھەت پەيدا بولۇپ قالسا، ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ،
ئۇنى تالاق قىلىۋەتمەيمىز، لېكىن ئاپتورلارغا، ئەسەرلەرگە، تەر-
جىمە ئەسەرلىرىگە بولسا، ھامان خېلى قاتتىقلىق قىلىمىز. بېر-
ناردشاۋ كېمىگە چۈشكەنىكەن[219]، ئۇنى ياراشماپتۇ دېدۇق؛ بار-
بۇس[220] بىرىنچى قاتاردىكى يازغۇچى ئەمەس ئىكەن، ئۇنىمۇ
ياراتمىدۇق؛ تەرجىمان «ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، تۆۋەن





دەرىجىلىك ئەمەلدار»[221] ئىكەن، ئۇنى تېخىمۇ ياراتمىدۇق، ياخ-
شىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقمىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە،
تەنقىدچىلەردىن زېدە ئالمىنى يېيىش ئۇسۇلى بويىچە دەردىمىزگە
دەرمان بولۇشنى ئۆتۈنۈشىمىز كېرەك.

تەنقىد قىلىشتا بىز ئىلگىرى، بۇ ئالمىنىڭ زېدىسى بار ئى-
كەن، يېگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، بىراقلا
چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتۇق. لېكىن، سېتىۋالغۇچىلارنىڭ پۇلى چەك-
لىك تۇرسا، ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن
تېخىمۇ كەمبەغەللىشىپ كېتەرمىكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن
كېيىن، ئەڭ ياخشىسى، يەنە بىر ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويۇش
توغرا كەلسە كېرەك: ئەگەر ئىچىدىن سېسىپ كەتمىگەن بولسا،
بۇ ئالمىنىڭ زېدىسى بار ئىكەن، ئەمما باشقا يەرلىرى سېسىماپتۇ،
يېگىلى بولىدۇ دېيىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، تەرجىمە ئە-
سەرلەرنىڭ ياخشى ياكى يامان تەرەپلىرى ئايدىڭلىشىدۇ، كىتابخان-
لارنىڭ تارتىدىغان زىيانلىرىمۇ ئازراق بولىدۇ.

لېكىن، بۇنداق تەنقىد جۇڭگودا ئانچە كۆپ ئەمەس. «ئەركىن
پاراڭ» دا چىققان تەنقىدلەرنى مىسال قىلسام، « XX ئەسىردىكى
ياۋروپا ئەدەبىياتى» نىڭ مەخسۇسلا سېسىق زېدە يەرلىرى كۆرسى-
تىلگەن. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئىلگىرى زۇ تاۋفېن[222] ئەپەندى
تۈزۈپ چىققان «گوركىي» نى تەنقىد قىلىدىغان بىر پارچە قىسقا
ماقالە چىققان، ئۇنىڭدا بىرنەچچە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسەتكەندىن
باشقا گەپ بولمىغان. « XX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى» نى
كۆرگىنىم يوق، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدە يەنە باشقا قانداق يارىغۇدەك
يەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن «گوركىي» ناملىق كى-
تابنى بىر قۇر ئوقۇپ كۆرگەنمەن، ئۇنىڭدا تەنقىدچى ئەيىبلىگەن
كەمچىلىكلەردىن باشقا، ئاپتورنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان-
لىقى، كىچىك مەنسەپدارلارنىڭ رەزىل سۈيىقەستلىرى توغرىسىدى-

كى بىر مۇنچە تەسۋىرلەر ياش يازغۇچىلارغا ناھايىتى نەپ بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەرمۇ زېدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن سېۋەتتىن ئىلغاپ تاشلانغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تىرىشقاق تەنقىدچىلەرنىڭ ئالىمىنىڭ زېدە يەرلىرىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىش خىزمىتىنى ئىشلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. بۇ خۇددى «بىنەم ئېچىش» قا ئوخشاش مۇشكۇل ئىش بولسىمۇ، لېكىن زۆرۈر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپچىلىككە نەپ تېگىدۇ.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى





# باش كۈز تەسراتلىرىدىن (3) [223]

لۇيسۇن

«كۈز. كۈز كىرىپ قالدى!» راستتىنلا كىرىپ قاپتۇ، كۈندۈزى ھاۋا ئۇچۇق چاغدا ھېچقانچە ئەمەس، كېچىسى كۆڭلەك بىلەن ئولتۇرغاندا كىشىنىڭ تېنى بىر ئاز قورۇلىدۇ. گېزىت - ژۇرناللارمۇ كۈز خۇشلۇقى، كۈز مەيۈسلۈكى، كۈز ھەسرىتى، كۈزنىڭ بىۋاپالىقى ··· دېگەندەك «كۈز» توغرىسىدا يېزىلغان ئۇزۇن - قىسقا ماقالىلەر بىلەن تولماقتا. پەيتكە ئۇلگۇرتۇش ئۈچۈن، مېنىڭمۇ بىرئاز يازغۇم كەلدى، لېكىن يازالمايۋاتىمەن. مەن ئويلايمەن، «كۈز مەيۈسلۈكى» دېگەندەك بىرنېمىلەر ئۈچۈنمۇ ئامەت كېرەك بولسا كېرەك، چۈنكى شۇلارمۇ كىشىنى خېلى زوقلاندۇرىدۇ.

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بالا ۋاقتىمدا، ئاتا - ئانام كۆيۈنۈپ ئاسراپ تۇرغان چاغلاردا، ئازغىنە كېسەل بولۇپ قالسام ناھايىتى پەيزى قىلاتتىم؛ لېكىن چوڭراق كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ھەم جان ئاغرىتىدۇ، ھەم خەۋپلىك. ئازغىنە كېسەل بولۇپ قالسام، كارىۋاتتا ئېغىناپ ياتاتتىم، شۇ چاغلاردا مەيۈسلىنىپ بىرئاز كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، ئەركىلەپمۇ قوياتتىم، ئازغىنە دەرد بىلەن بىللە ئازغىنە راھىتىمۇ بولاتتى، بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن شېئىرلاردىكى كۈز مۇھىتىغا ئوخشايتتى. ۋادەرىخا، باشقا يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ چىققاندىن بۇيان ئىلھامىم قېچىپ كەتتى، ئۇششاق - چۈششەك كېسەلمۇ بولمىدىم. گاھىدا ئەدىبلەرنىڭ بەرگى سولغان

كۆز گۈلى، تىنىپ تۇرغان دېڭىز سۈيى ۋەھاكازا دېگەندەك مەشھۇر سەترلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمنى تېخىمۇ ھېس قىلىمەن. كۆز گۈللىرىنىڭ مەن ئۈچۈن مەيۈسلىنىپ، رەڭگىنىڭ بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەسمەن؛ بوران چىقىدىكەن، دېڭىز ھەرقاچان شاۋقۇن سالىدۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ تەنتەكلىك قىلىشىم ياكى شۈك بولۇپ قېلىشىم بىلەن كارى يوق.

بېگىيىڭ[224] خانىمنىڭ ئېسىل سەترلىرى بىزگە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «سەھەر ئەسلىدە پەننى ئۆگىنىدۇ، لېكىن ئۇ دەل شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەۋەسلىرىنى ئۇنتۇيدۇ، ئۇنىڭ مېڭىسىدە پەقەت تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىدىن خۇماردىن چىققۇچە بەھرىلىنىدىغان مەقسەتلا قالىدۇ ...» بۇمۇ بىر خىل ئامەت. پەننى مەن ناھايىتى چالا - پۇچۇقلا ئۆگەنگەن، پەقەت بىر بىئولوگىيە دەرسلىكىنىلا ئوقۇغان. لېكىن، ئۇنىڭدىكى گۈل بولسا ئۆسۈملۈكنىڭ تاناسىل ئەزاسى، قۇرت - قوڭغۇز ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ سايرىشى جۈپ ئىزدىگەنلىكى ۋەھاكازا دېگەن ساۋاقلارنى زادىلا ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. تۈنۈگۈن ئاخشام خارابىلىكتە سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، چېكەتكىنىڭ ياۋا جۇخار گۈلى ئاستىدا چىرىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئەھۋالنى گۈزەل مەنزىرىگە ئوخشاتتىم - دە، شائىرلىق ئىلھامىم كېلىپ، ئىككى مىسرا يېڭى شېئىر يازدىم:

ياۋا جۇخارنىڭ تاناسىل ئەزاسى ئاستىدا،
چېكەتكە شوخلۇق بىلەن قانات سۆرىمەكتە.

يېزىپ بولۇپ قارىسام، قارىتۇرۇك ئادەملەرنىڭ غەزەللىرىگە قارىغاندا بىر ئاز ئېسىلرەك بولغان بولسىمۇ، يېڭى شائىرلارنىڭ «ئىنسپىراتون» (ئىلھام) لىرىدىن چىققان شېئىرلارنىڭ ئالدىدا





«چېنىپ» قالىدۇ. تولىمۇ پەننىي، تولىمۇ ئەينەن يېزىلسا ئېسىل بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر كونا ئۇسلۇبتىكى شېئىرغا ئۆزگەرتىلسە ئۇنداق بولماسلىقى ئېھتىمال. تاناسىل ئەزا دېگەن سۆزنى يەن يۇلىن[225] ئەپەندىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تەرجىمە قىلغاندا، «جىنسىي ئەزا» دېيىش مۇمكىن. «قانات سۆرەش» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى بىلمەيمەن، كونا شاڭخەيلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆز ياۋروپالىق ئەر - ئاياللارنىڭ پادرۇشكىلىشىپ (بىلەكلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ) مېڭىشىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر - بىرىنى گوللاپ ئازدۇرۇش ياكى قولىغا چۈشۈرۈش دېگەن سۆز ئىكەن. قانات سۆرەش دېگەن سۆز قانات قېقىش، يەنى بىر - بىرىگە ئىچ - پەش تارتىش دېگەن سۆز. مانا ئەمدى شېئىرىمنى كونا ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتەي:

ياۋا جۇخارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئاستىدا،
زۇبانداراز چېكەتكە بىلىكىنى ئېسىۋاپتۇ.

بۇ چۈشىنىش خېلى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن خېلى خوپ ئېسىل، يەنى خېلى خوپ ياخشىدەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېسىل، يەنى ياخشى بولۇشىمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئەدىبلەرنىڭ سىرلىق تۇمارى بولۇپ قالدى. «يېڭى شائىر» شاۋ شۈنمېي[226] ئەپەندىملەر، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، سىلەرچە قانداق؟

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# ئەدەپ ـ قائىدە[227]

ۋېيسۇ

بەزىدە زېرىكەرلىك بولۇشىغا قارىماي، گېزىت كۆرۈپ تۇرۇش پايدىلىق ئالايلۇق، جۇڭگو دۇنيا بويىچە مىللىي خورلۇق خاتىرىسى ھەممىدىن كۆپ دۆلەت، شۇنداق خاتىرە كۈنلىرىدە، قائىدە بويىچە گېزىتتە بىرنەچچە پارچە خاتىرە، بىرنەچچە پارچە ماقالە چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ ماقالىلەر تولىمۇ تەكرار بولغانلىقى، تولىمۇ كونىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاسانلا «موللام ئېيتقان بايىقى» بولۇپ قالىدۇ، يېڭى ۋەقە يۈز بەرمىسىلا بۇ قېتىم ئىشلەتكەنلىرىنى كېلەر نۆۋەتتە يەنە ئىشلىتىۋېرىشىدۇ، بەلكى بولتۇر ئىشلىتىلگەنلىرىنى كېلەر يىلىمۇ ئىشلىتىۋېرىشىدۇ، يېڭى ۋەقە يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، تەييار ماقالىلەرنى يەنىلا ئىشلىتىۋېرىشەر، ئېھتىمال. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئېيتىلىدىغان گەپلەر يەنە شۇ بىر نەچچىلا جۈملىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنتۇغاق بولمىغانلىكى ئادەم ئۇنىڭدىن يېڭىلىق سېزەلمەي زېرىكىدۇ.

مەن بولسام ئۇنى كۆرۈۋېرىمەن. مانا بۈگۈن بېيجىڭدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قەھرىمانى دېڭ ۋېن[228] نىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرگە لېپلا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، ئاۋۋال دوكلات بېرىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن نۇتۇق سۆزلىنىپتۇ، ئاخىرىدا «ئەدەپ ـ يوسۇن ئادا بولۇپ، مۇراسىم مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تارقال-





دى» دېيىلىپتۇ.

بۇنىڭدىن خاتىرىلەشنىڭ ھەممىسى «ئەدەپ ـ يوسۇن» دىنلا ئىبارەت، دېگەن يېڭىلىقنى بىلىۋالدىم.

جۇڭگو ئەسلىدىن «ئەدەپ ـ ئىنساپ دىيارى» ئىدى، ئەدەپ ـ قائىدە توغرىسىدا ئۈچ دىۋانلىق كىتابلار يېزىلغان، ھەتتا ئۇ چەت ئەللەردىمۇ تەرجىمە قىلىنغان، مەن «يوسۇننامە» نىڭ تەرجىمانىغا ئىنتايىن قايىل قالدىم[229]. پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشتىن ھازىر ئېغىز ئاچمىسىمۇ بولىدىغان بولدى، ئاتا ـ ئانىغا خىزمەت قىلىشتا ۋاپادار بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. ۋاپات بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدىكى چارىلەر مۇسىبەت قائىدىلىرىگە تەئەللۇق، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنى بار، ھازىرقى كۈندىكى ھازا كۈنى ئۆتكۈزۈش، نەزىر ـ چىراغ قىلىش ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. يېڭى ھازا كۈنى كۆپىيىش بىلەن كونا ھازا كۈنىنىڭ ئېتىبارى تۆۋەنلەيدۇ؛ «يېڭى ئەرۋاھ ھۆرمەتتە چوڭ، كونا ئەرۋاھ ھۆرمەتتە كىچىك بولىدۇ»[230]. بىزمۇ كونا خاتىرە كۈنلىرىمىزگە ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان بولدۇق، يېڭى خاتىرە كۈنلەرگە ئېتىبارسىزراق قاراشمۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش، يەنى ھازا كۈنلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ. بەزىلەر: جۇڭگو ئۇرۇقداشلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت، دەپ ناھايىتى جايىدا ئېيتقان.

جۇڭگو ئەسلىدە «ئەدەپ ـ تەكەللۇپ ۋەتىنى»[231] دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئەدەپ بولغان يەردە تەكەللۇپنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، ھالبۇكى، تەكەللۇپ قىلغانسېرى ئەدەپمۇ ئاۋۇيدۇ. قىسقىسى، بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار.

قەدىمكى چاغلاردا، خەلقئالەم گاھىدا خۇاڭدى بىلەن لاۋزىنىڭ تەرىقەتلىرى بىلەن باشقۇرۇلغان، گاھىدا ۋاپادارلىق يولى بىلەن باشقۇرۇلغان[232]. ھازىرچۇ؟ ھازىر خەلقئالەمنى ئەدەپ

بىلەن باشقۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويۇلغان بولسا كېرەك. مۇشۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرە كۈنلەرگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ئەيىبلەشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، چۈنكى «قائىدە - يوسۇن مەجمۇئەسى» دە: «ئەدەپ - قائىدە رەئىيەگە جايىز ئەمەس»(233) دېگەن گەپ بار. ماددىي جەھەتتە بىرەر نەرسىدىن ۋاز كېچەلمەسلىكمۇ خاتا، چۈنكى كۇڭزى: «ھەي دۇەن مۇسى، سەن قويۇڭنى ياخشى كۆرسەڭ، مەن ئەدەپ - قائىدەمنى ياخشى كۆرىمەن!» دېگەن ئەمەسمۇ!(234)

«ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە نەزەر سالما؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە قۇلاق سالما؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە تىل سۇرمە؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە قول سوزما»(235) مىش، باشقىلارنىڭ «خالىغانچە نائىنساپلىق قىلىپ ئۆز بېشىنى يەيدۇ»(236) غانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئەدەپمىش.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى





# تەسىراتنى تىك تىڭلاش(237)

تاۋ جۇي

«4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، جۇڭگولۇقلاردا چەت ئەللەردىن بىرەر مەشھۇر ئادەم ياكى دۆلەتمەن ئادەم يېڭىدىن كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى تىك تىڭلاپ بېقىشنى ياخشى كۆرىدىغان يېڭى مىجەز پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

رۇسسېل بېرتراند(238) لېكسىيە ئوقۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەندە، رادىكال ياشلار ئۇنىڭ تەسىراتىنى تىك تىڭلاپ كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى، شۇ چاغدا رۇسسېل «سىلەر مېنى مۇشۇنداق ئوبدان كۈتۈۋېلىۋاتىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن يامان گېپىڭلارنى قىلىشقىمۇ خىجىل بولىمەن» دېگەنىدى، رادىكال ياشلار ئۇنى قاقۋاش ئىكەن، دەپ غەزەپلەنگەنىدى.

بېرنارد شاۋ جۇڭگوغا ساياھەت قىلىپ كەلگەن، شۇ چاغدا شاڭخەيدىكى مۇخبىرلار ئۇنىڭمۇ تەسىراتىنى تىك تىڭلاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا زىيارەت قىلىپ بارغان. بېرنارد شاۋ: «مېنىڭ قانداقتۇر بىرەر پىكرىم بولىدىغان بولسا، ئۇ پىكىرلىرىم سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەگەر مەن ھەربىي ئادەم بولۇپ، بىرەر يۈز مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولسام، ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ پىكرىمنى قەدىرلىشىڭلار مۇمكىن»(239) دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلارمۇ ۋە غەيرىي ئىنقىلابچىلارمۇ ئۇنى تولىمۇ زەھەردەك سۆز قىلىدىغان ئادەم ئىكەن، دەپ غەزەپلەنگەن.

مانا ئەمدى شۋېتسىيىلىك شاھزادە كارىل[240] شاڭخەيگە كەلگەندى، مۇخبىر ئەپەندىلەر ئۇنىڭمۇ تەسىراتىنى ئېلان قىلدى: «... مەن بارغانلىكى يەردە ئەمەلدارلارمۇ، خەلقمۇ ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى، بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغاندىن تاشقىرى، ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم. مەن بۇ قېتىمقى ساياھىتىمدە ھۆكۈمىتىڭلاردىن ۋە خەلقىڭلاردىن ناھايىتى ئوبدان، مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىرات ئالدىم.» مانا بۇ سۆزدىن ھېچقانداق قۇسۇر چىقمايدۇ، مېنىڭچە، بۇ سۆزدىن بىرەر چاتاق تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە رۇسسېلنىمۇ، بېرنارد شاۋنىمۇ قاقۋاش، زەھەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بىرەر چەت ئەللىك ئادەم ئۆز تەسىراتىنى سورىغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋال: «ئەپەندىم، ئۆزىڭىزنىڭ جۇڭگو توغرىسىدىكى تەسىراتىڭىز قانداق؟» دەپ سورايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا قەلەم تەۋرىتىشى ھەقىقەتەن قىيىن بولاتتى.

بىز ئۆزىمىز جۇڭگودا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئەگەر جۇڭگو توغرىسىدا ھېس قىلغان نەرسىلىرىمىز بولىدىكەن، ئۇنى «تەسىرات» دېگىلى بولمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، لېكىن، «پىكىر» دېسەكمۇ بولاتتى، بىراق ئۇ قانداق پىكىر؟ بىز خۇددى لاي سۇدىكى بېلىقتا ئوخشاش كۈنىنىڭ ئۆتۈشىگە قاراپ، قانداق توغرا كەلسە شۇنداق ياشاپ كېتىۋاتىمىز، دەيلى دېسەك، بۇ گەپمۇ پىكىرگە ئوخشاشمايدۇ. جۇڭگو ناھايىتى ياخشى دەيلى دېسەك، ئۇنداق دېيىشمۇ تەس، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ «مىللىي ئىشەنچ يوقالدى» دەپ پىغان قىلغىنىدەك، مىللىي ئىشەنچ ھەقىقەتەن يوقىلىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ تەسىراتىنى تىڭ تىڭلاپ كۆرۈش خۇددى ئاۋۋال ئۆز كۆڭلىمىزدە ئۆز - ئۆزىمىزدىن گۇمانلىنىپ، پال بېقىپ كۆرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش.

لېكىن، بىزنىڭ ئىچىمىزدە پىكىر بايان قىلىۋاتقانلارمۇ يوق





ئەمەس، پىكىر بايان قىلىۋاتقانلارنىڭ تولىسى جۈرئەتسىز، غەيرەتسىز، «100 مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ» باقمىغان، ئۆزىنى «كىچىك پۇقرا» دەپ ئاتىۋالغان ئادەملەر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پىكرىنى «قەدىر»لىمەيدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ پىكرى كۆپچىلىك بىلەن «مۇناسىۋەتسىز» بولۇپ قالماقتا. گەپ - سۆزى ئۆتىدىغان كاتتا ئەربابلارغا كەلسەك، ئۇلار مەنسەپكە چىقماستىن ئىلگىرى خېلى رادىكال بولسا كېرەك، لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇلارنىڭ ئۈن - تىنى يوق؛ ئۇلار جۇڭگو «مېنى مۇشۇنداق ئوبدان كۈتۈۋېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يامان گېپىڭلارنى قىلىشقىمۇ خىجىل بولىمەن» دەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا رۇسسېلغا زىياپەت بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابىغا غەزەپلەنگەن، «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتىدا[241] دۆلەتمەن بولۇپ قالغان جانابلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ھەقىقەتەن شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىمىزكى، رۇسسېل قاقۋاش ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئەكسىچە كارامەتچى، ھەجۋىيچى بولغىنى ھالدا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن 10 يىل كېيىن يۈز بېرىدىغان خىيالىنى ئالدىن ئېيتقان، بەس.

مانا بۇ، مېنىڭ تەسىراتىم، بۇنى بىر جاۋاب دەپ ھېسابلاش مۇمكىن بولار، بۇنى چەت ئەللىكلەرنىڭ تىلىدىن كۆچۈرۈۋالدىم.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

# دىنىنىڭ سايىسىدە جان بېقىش[242]

فېڭ جىيۇ

لىيۇ شى[243] كۈڭزىنى چۈشۈمدە كۆردۈم، شۇنىڭدىن باشلاپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندىم، كېيىن راھىب بولدۇم، دەپ يازغانلىقى ئۈچۈن، دايى[244] ئەپەندى «قەلەم پېشۋاسىنىڭ چۈشى» دېگەن ماقالىسىدە ئۇنى «ئەۋلىياھى مۇقەددەمىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن» دەپ قاتتىق ئەيىبلەپتۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، جۇڭگودا جەنۇب ۋە شىمال سۇلالىلىرىدىن بۇيان، ئەدىب، ئۆلىما، تەرىقەتچى، راھىب بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى «تۇتۇرۇقسىز» لىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. جىن سۇلالىسىدىن بۇيان ئۆتكەن ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ھەربىرى چاكىنا - چۈكىنا نەرسىدىن ئۈچنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىرى «مۇھاكىمە ۋە بايان» ۋە «ۋاپانامە»[245]، ئىككىنچىسى، «لاۋزى»[246]، ئۈچىنچىسى، «ۋىمالاكىرتى قەسىدىسى»[247]، ئۇلار بۇلارنى قىزىق پاراڭ دەستىكى قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى تولا چاغلاردا ئۇنى ئانچە - مۇنچە شەرھلىگەن. تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۈچ دىنىنىڭ بەس - مۇنازىرىسى[248] بولغان، كېيىنچە بۇ مۇنازىرىلەر كۆپچىلىكنىڭ چاقچاق پاراڭلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. داڭدار رايىش ئۆلىما دېگەن بىرنېمىلەرنىڭ سامگاراما خاتىرە تېشىغا بىرنەچچە پارە يازما يازغانلىقىمۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ رايىش ئۆلىمالىرى قالتىس سالاپەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار دىياناپىرىنىڭ ئىبارىلىرىنى ئوغرىلاپ ئىشلەتكەن،





چىڭ سۇلالىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئۆتكىنىگە ئانچە ئۇزاق زامان بولمىدى، شۇڭا بىز شۇ چاغدىكى رايىش مولللارنىڭ «ئۇلۇغ تەڭرىمنىڭ ئېھسانلىرى» غا ۋە «مەرىپەت ئىلاھىنىڭ قىياپەتۇلبەشەرى»[249] غا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ھەمدە راھىبلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ قىرائەت قىلدۇرغانلىقىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

ناسارا دىنى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، دىن ئەھلى بولغانلار ئۆزلىرىنى شۇ دىنىنىڭ مۇرىتى دەپ ھېسابلىغان، دىن ئەھلى بولمىغان ئادەتتىكى پۇقرالار بولسا ئۇلارنى «دىنىنىڭ سايىسىدە جان باقىدىغانلار» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز دىن ئەھلى بولغانلارنىڭ «روھى» نى جۈملىدىن رايىشلار دىنىنىڭ، ساكيامۇنى دىنىنىڭ، داۋ دىنى ۋە باشقىلارنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ روھىنى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنى شۇنداقلا «ئىنقىلاب سايىسىدە جان باقىدىغان» بىرمۇنچە قاقۋاش باتۇرلارغا تەتبىقلاشقىمۇ بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى كىشىلەر باگۇ ئەدەبىياتىنى «ئىشىك قاقىدىغان پاخشە خىش» دەپ ئاتىغان، چۈنكى بەزىلەر نام - مەرتىۋىگە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى خۇددى ئىشىكنى قېقىپ ئاچتۇرۇۋالغاندىن كېيىن خىشنى تاشلىۋەتكەندەك بىر چەتكە چۆرۈۋېتەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەلۇم بىر ژۇرنالدا تەشەببۇس[250] دېگەن گەپ پەيدا بولدى. «ھازىرقى زامان ئەنزارى»[251] نىڭ دەسمايىسىنىڭ غالتەككە چىققانلىقى زۇلۇم دەستىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ مەنسەپكە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن بولدى. «يېڭى ئاي»[252] نىڭ بازىرىنىڭ كاساتلاشقانلىقى ئۇنىڭ پېشقەدەم ئەزالىرىنىڭ يۇقىرىغا «يامىشىپ» چىقىپ، ئايدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. بىز بۇ نەرسىلەرنى «ئىشىك قاقىدىغان پاخشە خىش» تىن پەرقلەندۇرۇش ئۇ-

چۈن «ئەرشكە چىقىش شوتىسى» دەپ ئاتىساق بولار.

«دىن» نىڭ جۇڭگودا شۇنداق ئەھۋالغا قالمىغىنى بارمۇ؟! بەزىلەر تۇرۇپ ئىنقىلابنى تەشەببۇس قىلسا، تۇرۇپ ساداقەت ـ ۋاپادارلىقنى تەشەببۇس قىلدى؛ تۇرۇپ چوڭ لامانىڭ پەرۋانىسى بولۇپ يۈرسە، تۇرۇپ مۇنار ياسىتىپ «مەسلەك» نى قەدىرلەپ ساقلىدى[253]. خاس بىرلا نەرسىنىڭ سايىسىدە جان بېقىش ئەپلىك بولغان چاغلاردا، بىرلا نەرسىنى مەبۇد قىلىۋالدى. تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ جەمئىيسى سايىسىدە جان بېقىشقا ئەپلىك بولغان چاغلاردا بولسا، ھەرقايسى دىنلار ئەسلىي نېگىزىدىن بىر، بىراق پەرقى خۇددى بىر تەخسىدىكى ساق ئۆردەك گۆشى، يەنە بىر تەخسىدىكى ئەبجەش نەرسە بولغىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېيىشتى. لىيۇ شيېمۇ شۇنداق قىلغان، «تائامدا توم زەنجىۋىلدىن ئايرىلماي»[254] دىغان بۇ ئادەم بىر دوملاپلا گۆشسىز تائام يەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق تائاملارنىڭ ئاشقازاندىكى ۋەزنىدە ئەسلىدىن پەرقى يوق. شۇنداق ئىكەن، ئۆزى راھىب بولۇپ تۇرۇقلۇق، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ۋاپانامە» ياكى «لاۋزى» دېگەن كىتابلارغا تەپسىر يازسىمۇ «ئۆزگەرمەس ھەقىقەت» ھېسابلانسا كېرەك.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى





# چاي ئىچىش[255]

فېڭ جىيۇ

مەلۇم بىر شىركەت مالنىڭ باھاسىنى يەنە تۆۋەنلەتكەنىكەن، شۇ يەردىن ئىككى سەر ياخشى چاي سېتىۋالدىم، بىر سەرى 20 تىيىن. دەسلەپتە بىر چەينەككە دەملىدىم، تېز سوۋۇپ كەتمىسۇن دەپ، پاختىلىق چاپان بىلەن بىردەم ئوراپمۇ قويدۇم. لېكىن، كېيىن پەيزىم بىلەن ئىچىپ قارىسام، تەمى ئادەتتە ئىچىپ كەلگەن يېرىك چاينىڭ تەمىدىن ھېچقانچە پەرقى يوق، رەڭگىمۇ ئانچە سۈزۈك ئەمەس.

ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى، ياخشى چاينى دەملەپ ئىچىش ئۈچۈن خونچا كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، پىيالىگە چىلاپ، ئۈستىنى تەخسە بىلەن يېپىپ قويدۇم. دەرۋەقە، بىردەم شۇنداق خونچىلاپ قويغاندىن كېيىن، رەڭگى سۈزۈك، تەمى سەل ـ پەل شېرىن ھەم ئازراق چۈچۈك بولۇپ چىقتى، ھەقىقەتەن ياخشى چاي ئىكەن. بىراق، بۇ، بىكار ئولتۇرغان چاغدىكى ئەھۋال؛ «دىننىڭ سايىسىدە جان بېقىش» نى يېزىۋاتقان چاغدا شۇنداق بىر پىيالە چىلاپ ئىچكەنىدىم، خۇددى يېرىك چاي ئىچكەندەك، تەمى بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

ياخشى چاي تېپىش، ياخشى چاينى ئىچىشنى بىلىش — بۇ بىر خىل «دۆلەت»، بىراق، بۇنداق «دۆلەت» تىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ۋاقىت كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئادەت قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئالاھىدە سېزىم كېرەك ئىكەن. مانا مۇشۇ

ناھايىتى كىچىك تەجرىبىدىن شۇنى ئويلاپ قالدىمكى، ئەگەر قارا
كۆچىنى ئىشلىتىدىغان بىر ئىشچى چاڭقاپ كالپۇكلىرى يېرىلغۇ-
دەك بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭغا لۇڭجىن ياكى جۇيلەنيىن چېيىنى
دەملەپ بەرسىڭىز، ئۇنىڭغا بۇ چايلار قايناق سۇدىن ھېچقانچە پەرق
قىلماسلىقى مۇمكىن. «كۆز خىيالى» مۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولى-
دۇ؛ شائىرلاردا «ۋاھ! مەيۇسلەندۇردى مېنى بۇ كۈز پەسلىنىڭ
ھاۋاسى» دېگەن ھېسسىياتلار بولىدۇ؛ بورانمۇ، يامغۇرمۇ ۋە ھاۋا-
نىڭ تۇتۇقلۇقىمۇ، ئوچۇقلۇقىمۇ ئۇلارغا تەسىر قىلىدۇ، يەنە بىر
تەرەپتىن، ئۇلار ئۇچۇن بىر خىل «دۆلەت» بولۇپمۇ ھېسابلىنىد-
دۇ، لېكىن دېھقانلار بولسا ھەر يىلى شۇنداق مەزگىلدە شال
ئورمىسى بولىدىغانلىقىنىلا بىلىدۇ، خالاس.

بەزىلەر ئەنە شۇنداق زىل ـ نازۇك سېزىمنى قاراپايىم ئادەم-
لەرگە خاس ئەمەس، ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئادەملەرنىڭ خۇسۇ-
سىيىتى، دەپ قارايدۇ. لېكىن، مېنىڭچە، ئەنە شۇ خۇسۇسىيەت
پالاكەتچىلىككە يولۇقۇشنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك. بىزنىڭ سې-
زىمىمىز بار، بۇ سېزىم بىر تەرەپتىن، بىزنى ئازابقا قالدۇرسا،
يەنە بىر تەرەپتىن، بىزگە قوغدىنىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.
ئەگەر شۇنداق سېزىم بولمايدىغان بولسا، بىراۋ دۈمبىمىزدىن بىر
خەنجەر ئۇرسىمۇ ئۇنى بىلمەي قالىمىز، ھەتتا قانسىراپ يىقىلغان
چاغدىمۇ نېمە ئۇچۇن يىقىلغانلىقىمىزنى بىلمەي قالىمىز. لېكىن،
شۇ سېزىم نازۇكلىشىپ ـ زىللىلىشىپ كەتسە، كىيىمىمىزگە ساڭ-
جىلغان بىرەر تىكەننىلا ئەمەس، ھەتتا كىيىملىرىمىزنىڭ پەۋازلى-
رىنىمۇ، يىپنىڭ كىلمەكلىرىنىمۇ، رەختنىڭ تۈۋتلىرىنىمۇ سې-
زىدىغان بولۇپ قالىمىز، «چاكسىز تون» كىيمىگەنلىكى بولساق،
ئەتىدىن كەچكىچە پۈتۈن ئەزايىمىزغا قىلتىرىق چاپلىشىپ قالغان-
دەك بولۇپ، تولىمۇ بىئارام بولىمىز. لېكىن، قەستەن زىللىلىش-
ۋالغانلار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.





سېزىمنىڭ زىل ۋە نازۇك بولۇشى سەزمەس بولۇپ قالغانغا
قارىغاندا تەرەققىي تاپقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇنداق
تەرەققىيات ھاياتقا ياردەم بېرەلەيدىغان بولۇشى شەرت؛ ئەگەر ھاياتـ
قا ئالاقىسىز ھەتتا زىيانلىق بولسا، ئۇ تەرەققىيات داۋامىدىكى
كېسەللىك بولىدۇ ـ دە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ.
دۆلەتتىن بەھرىلىنىدىغان، كۆز خىيالدا بولۇپ يۈرىدىغان ئېسىل
ئادەملەرنى يىرتىق كىيىملىك، زاغرا نانلىق قاراپايىم ئادەملەر
بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، زادى قايسىسىنىڭ ياشاپ
كېتەۋېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چاينى ئىچىپ بولۇپ،
كۆز ئاسمىنىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم: چاينىڭ ياخشىسىنى بىلـ
مىگەنلىكىم، كۆز خىيالىغا چۆممىگەنلىكىممۇ جايىدا ئىش بوپتۇ.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# مەنئى قىلىش ۋە ياساش(256)

رۇنيۇ

گېزىت خەۋىرىدىن قارىغاندا، قېرىنداش قەلەم بىلەن گاڭبى قەلەم ناھايىتى كۆپ ئىمپورت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بەزى جايلار ئۇلارنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا موي قەلەم ئىشلىتىدىغان بوپتۇ(257).

ئايروپىلان، زەمبىرەك، ئامېرىكا پاختىسى ۋە ئامېرىكا بۇغدىيى مىللىي نەرسە ئەمەس دېگەن گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت قەغەز ۋە قەلەم ئۇستىدىلا توختىلايلى.

ھۆسنخەت يازىدىغان، مىللىي رەسىم سىزىدىغان مەشھۇر ئادەملەرنىمۇ قويۇپ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلار ئۇستىدىلا توختىلايلى. بۇنداق ئادەملەرگە موي قەلەم ھەقىقەتەن ئەپلىك ئەمەس. ماقۇل، دۇۋەت ۋە سىياھنى بىللە ئېلىپ يۈرمىسۇن؛ ئۇلارنىڭ ئورنىغا سۇيۇق سىياھنى ئىشلىتەي دېسە، سۇيۇق سىياھمۇ مىللىي نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، سۇيۇق سىياھمۇ دائىم ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بىرنەچچە مىڭ خەتنى يازغاندىن كېيىن، موي قەلەم خۇددى يېلىم بىلەن چاپلىغاندەك بولۇپ، راۋان ئىشلىمەي قالىدۇ. ئەگەر سىياھنى دۇۋەتتە ئېزىپ، قەغەزنى يېيىپ تۇرۇپ يېزىش توغرا كەلسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس يېزىشنىلا ئالساق، سۈرئىتى گاڭبى قەلەم بىلەن يازغاندىن ئۈچتىن بىر ئاستىلاپ قېلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار يازماسلىقى





ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن دەرسنى ئاستا سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ئېھتىمال؛ دېمەك، ھەممەيلەننىڭ ۋاقتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى زايە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

«ئەپلىك» دېگەن سۆز ھورۇنلۇق قىلىش دېگەن سۆز ئەمەس؛ بەلگىلىك بىر ۋاقىت ئىچىدە كۆپرەك ئىش قىلىش دېگەن سۆز. يەنى ۋاقىتنى تېجەش، ئادەمنىڭ چەكلىك ئۆمرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىش ۋە يەنى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش دېگەن سۆز. قەدىمكى ئادەملەرنىڭ «ئادەم سىياھنى ئەزمەيدۇ، سىياھ ئادەمنى ئېزىدۇ» دېگىنى ئادەم ئۆمرىنىڭ قەغەز ۋە سىياھ بىلەن ئۆپراپ تۈگەپ كېتىشىگە ھەسرەت قىلغانلىقى. گاڭبى قەلەمنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئەنە شۇنداق ھەسرەتلەرنى تۈگىتەلەيدۇ.

لېكىن، گاڭبى قەلەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋاقىتنى، ئۆمۈرنى قەدىرلىيەلەيدىغانلىقىدا. جۇڭگودا بولسا ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ مىللىي نەرسە ئەمەس ـ دە. جۇڭگودا ئىمپورت قىلىنغان ياكى ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ كۆتەك دەپتىرى بار، خەلقنىڭ نوپۇس سانى توغرىسىدا بولسا كۆتەك دەپتەر يوق. بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇشى، تەربىيە ئېلىشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانچىلىك ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچى سەرپ بولىدۇ، بىرمۇنچە ئوغۇل ـ قىزلار نېمىشقا دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان ئادەم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرزىمەس ئازغىنە ۋاقىت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھېچقانچە بىر مەسىلە ئەمەس؛ ئۇلار ھايات ياشاپ، موي قەلەم تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئەكسىچە، بەخت دەپ قارىسا كېرەك.

بىزنىڭ جۇڭگوغا ئوخشاشلا ئەزەلدىن موي قەلەم ئىشلىتىپ كەلگەنلەردىن ياپونىيىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇ يەردە ھازىرمۇ موي قەلەم پۇتۇنلەي دېگۈدەك يوقالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىنداش ۋە گاڭبى قەلەم ئىشلىتىمەكتە، شۇنداق قەلەملەر ئۈچۈن خەت ئۆلگىلى-

ـرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ چۈنكى بۇلار ئەپلىك، بۇلار بىلەن ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ. ئۇلار «باشقىلارنىڭ نەپ ئېلىشى» دىن قورقامدۇ؟ ياق. ئۇلار ئۆزلىرى ياسايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگوغىمۇ كەلتۈرىدۇ.

مىللىي بولمىسىمۇ ۋە لېكىن ياخشى بولسا، ئۇنداق نەرسىلەرنى جۇڭگودا ئىشلىشنى مەنئى قىلىدۇ؛ ياپونىيە بولسا تەقلىد قىلىپ ياسايدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان يېرى ئەنە شۇ.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى





# سېھىر ئويۇننى كۆرۈش[258]

يۇ گۇاڭ

مەن «سېھىر ئويۇنى»نى ياخشى كۆرىمەن.

سېھىرگەرلىك يۇرتمۇيۇرت يۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە يەردىكى سېھىر ئويۇنلىرى ئوخشاش، ئۇلاردا پۇل تېپىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىككى خىل نەرسە بولىدۇ: بىرى، ئېيىق، يەنە بىرى، كىچىك بالا.

ئېيىق تويغۇدەك يېمىگەنلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ئورۇق، ھەتتا قىمىرلىغۇدەك ماغدۇرىمۇ يوق دېيەرلىك ھالدا ئورۇق، تەبىئىيكى، ئۇنى تىمەنلەشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ تىمەنلىشىپ كەتسە، ئۇنى گەپكە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ، بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ، چۇلۋۇر بىلەن يېتىلەپ يۈرۈپ ئويۇنغا سالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئاز - پاز بىر نەرسىمۇ بېرىدۇ، يەنى مومىنىڭ سۇغا چىلانغان پوستىنى قوشۇق بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۆرە تۇرۇشقا، بوينىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دېمەك، ئوزۇق ئەنە شۇنداق بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكتىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىدۇ، سېھىرگەرمۇ ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرئاز پۇل تاپىدۇ.

بۇنداق ئېيىقنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى جۇڭگودا تىلغا ئېلىپ باققان ئادەم يوق. پەرەڭلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بۇنداق ئېيىقنى كىچىك ۋاقتىدا تاغدىن تۇتۇپ كېلىشىدىكەن؛

چوڭراقلىرى كارغا يارىمايدىكەن، چۈنكى چوڭىيىپ كەتكەنلىرىنىڭ ياۋىلىقىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. لېكىن، كىچىكلىرىنىمۇ «ئۆگىتىش» كېرەك ئىكەن؛ «ئۆگىتىش» ئۇسۇلى «ئۇرۇش» ۋە «ئاچ قالدۇرۇش» ئىكەن؛ كېيىنكى چاغلاردا بولسا زۇلۇم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. مەن بۇ گەپلەرنى راست بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. بىز ئۇنداق ئېيىقنىڭ ئۆلمەستىن بۇرۇن ئويۇن ئويناپ تۇرغان چاغلىرىدا قوتۇرلىشىپ ھەتتا ئېيىقلىق ئەپتىنىمۇ يوقاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بەزى يەرلەردە ئۇنى «ئىت ئېيىق» دېيىشىدۇ، دېمەك، ئۇنى ئەنە شۇنداق دەرىجىدە خورلايدۇ.

سېھىر ئويۇنى ئوينايدىغان بالىمۇ مەيداندا جاپا چېكىدۇ، گاھىدا چوڭ ئادەم ئۇنىڭ قورسىقىغا دەسسىسە ياكى ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىسا، ئۇ قاتتىق ئازاب چەككەن، ناھايىتى قىينالغان، ناھايىتى تولغانغان قىياپەتتە تاماشىبىنلاردىن مەدەت تىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالتە ئادەم، بەش ئادەم، تۆت ئادەم، ئۈچ ئادەم ··· پۇل تاشلايدۇ، سېھىرگەر ئەنە شۇ يول بىلەن يەنە بىرئاز پۇل تېپىۋالىدۇ.

ئۇ بالىنىڭمۇ مەشىق قىلىپ ئۆگەنگەنلىكىدە گەپ يوق، ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ئازاب چەككەن قىياپىتى ياسىما، ئۇ چوڭ ئادەم بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش نەتىجىسىدە قىلغان نەيرىڭى، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ نەيرەڭ پۇل تېپىشقا دەخلى قىلمايدۇ.

بۇنداق سېھىرگەرلىك چۈشتىن كېيىن جاغجاغنى ئۇرۇش يولى بىلەن باشلىنىپ، تاكى قاراڭغۇ چۈشۈپ، تاماشىچىلار تارقىلىپ كەتكۈچە داۋام قىلىدۇ، تاماشىچىلارنىڭ پۇل بېرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، پۇل بەرمەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ.

ھەرقاچان شۇنداق ئويۇن تارقالغاندا، مەن قايتىپ كېتىۋېتىپ مۇنداق ئويلاپ قالىمەن: پۇل تېپىشنىڭ ئىككى خىل ۋاسىتىسى





بار ئىكەن، بىر خىلى — زۇلۇم دەستىدىن ئۆلۈپ كەتسە، يەنە باشقا بىر كىچىكرەكىنى تاپىدىكەن؛ بىر خىلى — چوڭ بولۇپ كەتسە، باشقا بىر كىچىك بالىنى ۋە كىچىك ئېيىقنى تاپىدىكەن، دېمەك، شۇ يول بىلەن سېھىر ئويۇنىنى ئويناۋېرىدىكەن.

ئىش ھەقىقەتەن تولىمۇ ئاددىي: بۇ ئىشنى ئويلاپ كۆرسىڭىز، گويا ھېچبىر مەززىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن شۇنداق ئويۇننى دائىم كۆرىمەن. جانابلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇنىڭدىن باشقا كۆرگۈدەك نېمە بار؟

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# 10 - ئۆكتەبىر مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلەش[259]

## — مىنگونىڭ 19 - يىلى كۈزگە 22 - يىلى بىر نەزەر

شى پى

### كىچىككىنە كىرىش سۆز

«10 - ئۆكتەبىر»[260] گە بېغىشلاپ ئۇدۇم بويىچە ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئاۋۋال ماتېرىيال تېپىش كېرەك. تېپىش ئۇسۇلى ئىككى: ياكى مېڭىدىن، ياكى كىتابلاردىن تېپىش كېرەك. مەن كېيىنكى ئۇسۇلنى قوللاندىم. لېكىن، «بەدىئىي تەسۋىر لۇغىتى»نى تولۇق ۋاراقلاپ چىقتىم، ئۇنىڭدىن ماتېرىيال چىقمىدى؛ «ماقالە يېزىش ئۇسۇلى»دىن تامام ئاختۇرسام، ئۇنىڭدىمۇ تېپىلمىدى. بەختىمگە يارىشا، «تەلەيلىك ئادەمنىڭ ئامىتى بار» دېگەندەك، ئەسكى قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر تۇتام بىر نەرسە تېپىلىپ قالدى، ئۇلار جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شاڭخەيدىكى چوڭ - كىچىك گېزىتلەرگە بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ قايمىقى ئىكەن. ھازىر توپتوغرا ئۈچ يىل بوپتۇ، بۇ ماتېرىياللارنى نېمە ئۈچۈن يىغىپ قويغاندىمكىن، ئۆزۈمنىڭمۇ ئېسىمدە يوق؛ بۈگۈن ماتېرىيال قىلىشقا ئاتاپ توپلاپ قويدۇممۇ يا؟ بۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇنداق بولسىمۇ «كېرەكسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىش» كېرەك، بۇلارنى ئاختۇرۇپ تاپقانىكەنمەن، مۇندەرىجىسىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قوياي. بىراق، قەغەزنى تېجەش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئېلان، خاتىرە ياكى تېلېگراممىسى خەۋىرى دېگەندەك پەرقلىرىنى ئىزاھلىمايمەن؛ بېسىلغان گېزىتنىڭ ئىسمىنىمۇ قىسقارتتىم، چۈنكى بۇنداق ماقالىلەر ئومۇمەن ھەممە گېزىتتە بار.

بۇنى ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بۇنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر ئېيتىپ بەرمىسەك بولمايدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ خۇددى ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى سۈرىتىمىزنى كۆرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش.





10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

جياڭشۈەندە ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى خۇنەن، لياۋشى ئۆلكىلىرىگە جىددىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىماقتا.

مەركىزىي ئارمىيە چېنلىيۇنى ئالدى.

لياۋنىڭ تەرەپ ياردەمچى قوماندانلىق شتابى قۇرۇش تەييارلىقىنى كۆرمەكتە.

لىشيەن ناھىيىسىدىكى باسمىچىلار شەھەردە قان تۆكمەكتە.

ئالتە ياشلىق قىز بالا ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ.

شىن بوسىڭنىڭ جاراھىتى ئېغىر.

ۋاڭ جىڭۋېي تەييۈەنگە باردى.

لۇ شىڭباڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە.

تۆپىلەپ ئەۋەتىلگەن قوشۇنلار كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جياڭشىغا يېتىپ باردى.

ئۆتەڭ سېلىقى كېلەر يىل 1 - ئايغىچە ئازايتىلىدۇ.

مېكسىكا مۇھاجىرلىرىمىزنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، 56 مۇھاجىرىمىز ۋەتەنگە قايتتى.

مۇسسولىن سەنئەتنى تەرغىب قىلدى.

تەن يەنكەي توغرىسىدا لەتىپە.

جەڭچىلەر جەمئىيىتى ئۆز ئەزالىرىغا قىز - يىگىت تېپىشتۇرماقچى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

«ساھىبى ئەرش» چاڭچىلىخانىسى يېڭى قۇرۇلۇپ، «غەرب ساياھىتى»نى ئاكتىپ تۈزەتمەكتە، تاۋۇز چاغىنىدا رەسمىي ئويۇن قويماقچى.

ئىلغار، مىللەتپەرۋەر، بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال «ئاۋانگارت»نىڭ تۇنجى سانى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىدا نەشردىن چىقىدۇ.

ھاۋا ئارمىيىسى يۈكسەن ناھىيىسىنى يەنە بومباردىمان قىلماقچى.

باسمىچىلارنى تازىلاش سادالىرى ئىچىدىكى بىر لەتىپە.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

رەئىس جياڭ جيېشى سىياسىي گۇناھكارلارنى ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللىدى.

چىن يەنچيۇنىڭ سەھنىگە چىقىش تەنتەنىسى.

ئىشرەتگاھنىڭ كاپالەت پۇلى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

فەن دېۋېننىڭ نۇتقىدىن قىسقىچە خاتىرە.

ئوقۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئىستىغپار ئېيتىڭلار ...

ھەممىڭلار خاتالىشىپسىلەر، تاۋۇز چاغىنى مۇشۇ ئاينىڭ





6 - كۈنى بولىدۇ.

جاۋ دەيۋېننىڭ مال - مۈلكىنى پېچەتلەش مەسىلىسى.

خۇبېي ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى شۇيىيەننىڭ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

خەلق ئىچىدە پارتىيە - دۆلەت بايرىقىنى ئورۇنسىز ئىشلىتىش مەنئى قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ھۆكۈمەتنىڭ خىيانەتسىزلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشماقتا.

تيەنجىن - پۇكۇ تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانماقچى.

بېيپىڭ، تيەنجىن پىرقە بۆلۈملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكچى.

فرانسىيە پاراخوتچىلىرىنىڭ ئامبارچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈلمەكتە.

ۋاڭ شىجىننىڭ جىنازا كۆتۈرۈشى.

فېڭ يۈشياڭ، يەن شىسەن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي پارچىلاندى.

خۇبېيدا «سۇمۇرغ» ناملىق مايسا قوش باشاقلىدى.

ناھەق ئۆلگۈچىنىڭ روھى ياقا سىقماقتا، يىگىت جانغا جان تەلەپ قىلماقتا.

جىن - ئەرۋاھ دومبالاپتۇ.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

فۇجيەن ئۆلكىسىدە ئۇرۇش تېخىچە كەسكىن داۋام قىلماقتا.

8 - ئارمىيە ليۇجۇنىڭ قاتناش يوللىرىنى توسۇۋالدى.

ئەندىس ئاسارئەتىقىلىرىنى تەكشۈرگۈچىلەر موڭغۇلىيىدىن بېيپىڭغا قايتىپ كەلدى.

مىللىي مودا كىيىملەر كۆرگەزمىسى.
جەنۇبىي ئوكيانىيىگە پۇر كەتكەن شياۋشىڭئەن ۋەقەسى.
مەكتەپلەردە ئانا تىلغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى
توغرىسىدا.
جېڭجۇدىكى ئايروپىلان ئوغرىلاش ۋەقەسىدىن خاتىرە.
تەن ئائىلىسىدىكى مەرسىيىلەردىن تەرمىلەر.
ۋاڭ جىڭۋېي ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

غەربىي شىمال ئارمىيىسى پارچىلىنىپ كەتتى.
تاشقى ئىشلار ۋازارىتى ئەنگلىيىنىڭ چاشقان يىلىدىكى تۆلەم
پۇلىنى قايتۇرغانلىقى توغرىسىدا ئالماشتۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى ئې-
لان قىلدى.
بېيجىڭ ياساۋۇللار شتابى گۇناھكارلارنى ئاتتى.
شىن بوسېڭنىڭ جاراھىتى ياخشىلانماقتا.
مىللىي مودا كىيىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.
شاڭخەيدە مىسلى كۆرۈلمىگەن تانسا - سەيلە مەرىكىسى ئۆت-
كۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

10 - ئۆكتەبىرنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەنتەنە بىلەن
تەبرىكلىمەكتە.
ئىسيانچىلار باستۇرۇلدى، پۈتۈن مەملىكەت دۆلەت بايرىمىنى
قىزغىن تەبرىكلىمەكتە. رەئىس جياڭ جيېشى تۇنۇگۈن كاتتا مۇرا-
سىمغا زەپەر بىلەن قاتناشتى.
تيەنجىن - پۇكۇ تۆمۈريولىدا ھازىرچە يەنە پويىز قىسمەن





قاتنىماقتا.
پايتەختتە جەمئىي توققۇز نەپەر گۇناھكار ئېتىلدى.
لىندەي باسمىچىلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى.
لاۋچېنيۇ يېزىسى باسمىچىلار ئاپىتىگە ئۇچرىدى.
دېڭىز قاراقچىلىرى فېڭلىنى پاراكەندە قىلدى.
چىڭ يەنچيۇ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى.
جياڭ لىشيا 10 - ئۆكتەبىرنى ئۇنتۇمىدى.
نەنچاڭ شەھىرىدە يالاڭ ئاياغ يۈرۈش مەنئى قىلىندى.
مەجرۇھ ئەسكەرلەر سۈن زۇجىنى غەزەپ بىلەن تىللىدى.
بۇ يىلقى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىنى ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ بەك
خۇشاللىق بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك.

## خاتىمە

مەنمۇ «بۇ يىلقى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىنى ئۆتمۈشتىكىدىنمۇ بەك خۇشاللىق بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك» دەپ قويا ي.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

قوشۇمچە ئىلاۋە: بۇ ماقالەم مەتبۇئات يۈزىگە چىقالمىدى، ئېھتىمال كىمدۇر بىرى مەتبۇئاتتىن چىقىرىپ تاشلىغان بولسا كېرەك. دېمەك، تەنتەنىلىك 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىدا «ھازىرغا ئېچىنىش» قىلىدىن، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» مۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# ئۆتمۈشتىن تەسىراتىم[261]

## — 1933 - يىلى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ئەسلىشىم

فېڭ جىيۇ

ئۆتمۈشتىكى بەزى كىشىلەرنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن تەرىپلەپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ ئېھتىمال، «مۇردىلارغا ھېرىسخورلۇق»[262] بولمىسا كېرەك. ئۆتمۈشتىكى كىشىلەر دېگىنىمدە، گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن ئاتالمىش «يېڭى پىرقە»[263] كىشىلىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۇلارنى «كونا ماركىلىق يېڭى پىرقە» دەپ ئاتاشقان. جياۋۇ ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن[264] ئۇلار ئۆزلىرىچە «ئەقلىمىزنى تاپتۇق» دەپ، «يېڭىلىققا كۆچۈش» يولىغا كىرگەندى.

30 — 40 ياشقا بېرىپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ «ھېساب ھەققىدە»[265]، «خىمىيىدىن ساۋات»[266] دېگەندەك كىتابلارنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، ئىنگلىزچە، ياپونچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، تىلى كەلمىسىمۇ، كىشىلەر ئالدىدا ھېچ تارتىنماستىن دۇدۇقلاپ يۇرۇپ يادلىغان. بۇنىڭدىن مەقسەت «ئەجنەبىي» كىتابلارنى ئوقۇش، «ئەجنەبىي» كىتابلارنى ئوقۇشنىڭ مەقسىتى بولسا، جۇڭگونى «گۈللەندۈرۈش»نىڭ يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھازىرمۇ كونا كىتابپۇرۇشلارنىڭ تەنزىلىرىدە، يەنىلا «قۇدرەت تېپىش مەجمۇئەسى»[267] ئاندا - ساندا چېلىقىپ قالىدۇ. خۇددى





ھازىرقى «بەدىئىي تەسۋىر لۇغىتى»، «ئىنگلىز تىلىدىن ئاساس» دېگەن كىتابلارغا ئوخشاش. ئۇ كىتابلارمۇ ئۆز زامانىسىدا موھتاجلىقتىن كېلىپ چىققان نەرسىلەر ئىدى. ھەتتا باگۇپەرەس جاڭ زېدۇڭ[268]مۇ مياۋ چۈەنسۇنغا ھاۋالە قىلىپ يازدۇرغان «كىتاب ناملىرى ئۈستىدە سوئال - جاۋاب» دېگەن كىتابىغا ھەر خىل تەرجىمە ئەسەرلەرنى كىرگۈزگەندى. بۇنىڭدىن «يېڭىلىققا كۆچۈش» شامىلىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىر ئەھۋال باشقىچە، بەزى يېڭى ياشلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى «كونا ماركىلىق يېڭى پىرقە»چىلەرنىڭ ئەكسىچە بولماقتا، ئۇلار باگۇچىلىقنى ئۆزىگە قىلچە يۇقتۇرمىغان، يەنە كېلىپ ئۇلار ئوقۇغۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان، مىللىي ئىلىمنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىنمۇ ئەمەس. لېكىن، ئۇلار يۆگەپ يازىدىغان يېزىقنى ئۆگەنگىلى تۇردى. شېئىر توقۇغىلى باشلىدى، كىشىلەرنى «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار»[269] نى كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلغىلى تۇردى. لېپاپ ئۈستىگىمۇ ئۆز قولى بىلەن خەت باسقىلى، يېڭى شېئىرلارنىمۇ تۆت چاسا قىلىپ يازغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ يېڭى شېئىرلارغا بولغان ھەۋىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى مۆتىۋەرلەرگە ئوخشاپلا قالدى. ئوخشاشمايدىغان يېرى، پەقەتلا ئۇزۇن چېچىنىڭ يوقلۇقى ھەم بەزى - بەزىدە ئەجنەبىيلەرچە كىيىنىپ يۈرۈشىدىن ئىبارەت، خالاس.

يېقىندىن بۇيان «كونا مەي شىشىسىگە يېڭى مەي قاچىلىغىلى بولمايدۇ»[270] دەيدىغان گەپ تارقالدى. بۇ گەپ ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس. كونا شىشىگە يېڭى مەي قاچىلىغىلى، يېڭى شىشىگىمۇ كونا مەي قاچىلىغىلى بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، بىر شىشە ۋۇجاپى بىلەن بىر شىشە بىراندىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ كۆرۈپ بېقىڭ، ۋۇجاپىنى بىراندى شىشىسىگە قويسىڭىز، يەنىلا ۋۇجاپى ھالىچە

قېلىشىۋېرىدۇ. بۇ ئاددىيغىنە بىر سىناق. «تاك غەزىلى»، «10 سۆزلۈك ناخشا»(271) مۇقاملىرىغىمۇ يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزسە بولىۋېرىدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. يېڭى ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىغا «تۆكچىلىك مەرەزلىرى» ياكى «تاللانما ئېقىمىدىكى جادۇگەرلەر»(272) نىڭ پۈشتىنى كىرگۈزۈۋەتكىلى بولىدىغانلىقىمۇ ئىسپات تۇرۇپتۇ. «كونا ماركىلىق يېڭى پىرقە» دىكىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى يۈزە بولغىنى بىلەن «قۇدرەت تېپىش» نى كۆزلەيدىغان مەقسىتى بار، شۇڭا، ئۇلار قەتئىي ھەم ئەمەلىي ئىدى؛ ئەجنەبىي تىلىنى ئۆگەنگەندە دۇدۇقلىغىنى بىلەن، قۇدرەت تېپىش تېخنىكىسىنى ئىزدەيدىغان مۇددىئاسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ھەم قىزغىن ئىدى. مانجۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىش تەلىماتى تارقالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىنقىلابىي پىرقىچىلەردىن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ يەنىلا جۇڭگونى قۇدرەتلىك قىلىش ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇلارنى ھەيدەشتىن باشلاش كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

مانجۇلارنى ھەيدەش ئىشى ئاللىبۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، «4 - ماي» ھەرىكىتىمۇ ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مانا ئەمدى يۆگەپ يېزىش، شېئىر توقۇش، «جۇاڭزى»، «تاللانمىلار»، قەدىمكى يوسۇندىكى لېپپىلار، تۆت چاسا يېڭى شېئىرلار مەيدانغا چىقىپ، بىزنى جاھاندا «قەدىمىي ئېسىللىك» بىلەن ياشىغىلى بولىدۇ، دەيدىغان يېڭى غەرەزگە گىرىپتار قىلماقتا. ئەگەر راستىنلا شۇ يول بىلەن ياشاپ كەتكىلى بولىدىغان بولسا، «ياشاش رىقابىتى» گە يەنە بىر يېڭى ئۇلگە قوشۇلغان بولاتتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى





# «تەسىراتلىرىم» دىن كېيىن (A)(273)

فېڭ جىيۇ

يەنە ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئۆتۈۋىدىم، شى جېسۇن(274) ئەپەندىنىڭ «جۇاڭزى ۋە تاللانمىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قاپتىمەن. ئۇ، مېنىڭ يازغانلىرىمنى «ماڭا قارىتىلغان» دەپ ئويلاپ قاپتۇ، لېكىن شۇنداق بولمىسىدى، دەپمۇ ئۈمىد قىپتۇ.

مەن بۇ ھەقتە ئۇقتۇرۇپ قوياي: «تەسىراتلىرىم» دېگەن ماقالەمنى شى ئەپەندىگە قارىتىپ يازغان ئەمەس، لېكىن شى ئەپەندى ئۇنىڭدىن خالىيمۇ بولمىسا كېرەك.

مۇبادا بىرەر شەخسكىلا قارىتىپ يېزىلغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا ھازىرقى مودا ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش، رەقىبىنىڭ يۇرتى، كېلىپ چىقىشى، چىراي شەكلى، ھەتتا ئۇنىڭ يۇرتىدا قانداق مەھسۇلاتلار چىقىدىغانلىقى، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قانداق دۇكانلارنى ئاچقانلىقىنى تەكشۈرۈپ بىلىپ، بىرنەچچە ئېغىز دارىتمىلىسا، ئاندىن ھەق جايىغا يەتكەن بولاتتى. مېنىڭ ئۇ ماقالەمدە مۇنداق نەرسىلەردىن قىلچە ئەسەر يوق، ماقالەمدە يېزىلغانلىرى پالانچى - پۈستانچىلار ئەمەس، بەلكى زور بىر تۈركۈم سارقىندى سولتەكلەرنىڭ ئىللەتلىرى ئىدى. لېكىن، بىر توپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېگىپ كەتكەنلىرى ئاز بولماسلىقى تەبىئىي. ھەممىسىگە تېگىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بىرەرسىگە تېگىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى ئەبەدىي بىرەر توپقا مەنسۇپ دېمىگەندىمۇ، ھەر

هالدا بەزىدە بىرەر توپقا مەنسۇپ بولۇشى تۇرغان گەپ. هازىر شى
ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ياشلارغا «ئەدەبىيات جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشكە
ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن»، «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار» نى ئو-
قۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرغان يەردە، مېنىڭ
قاراتقىنىم ئازراق چېتىشلىقى بارلىقىغا قىل سىغمايدۇ. بىراق،
مېنىڭ ماقالەمنى ئۆزىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى، راستتىنلا «نېرۋىسى
ئۆرلەپ كەتكەن» لىكى، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ئۇنداق نىيد-
ىتىم يوق ئىدى.

بىراق، بۇ گەپلەر شى ئەپەندى ئۆز پىكرىنى ئىزهار قىلماس-
تىن بۇرۇنقى گەپ ئىدى. هازىر بۇ «چېتىشلىق» مۇ بىرئاز
ياتسىراپ قالدى. چۈنكى، مېنىڭ ئەيىبلىگەنلىرىم بىرقەدەر جا-
ھىلراق سارقىندى سولتەكلەر بولۇپ، ئۆلچىمى ئۇنىڭدىن سەل
ئۇستۇنرەك ئىدى.

هازىر شى ئەپەندىنىڭ ئىزاھلىرىنى كۆرۈپ (1) ئۇنىڭ ئەينى
ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى بىلىۋالدىم؛ ماقالە قەغىزى بەك كىچىكلىك
قىپتۇ. «مۇبادا يەنە بىرئاز چوڭراق بولغان بولسا» ئۇ «بىرنەچچە
پارچە كىتابنى ئارتۇق تونۇشتۇرماقچى» ئىكەن؛ (2) ئۇنىڭ ئىل-
گىرىكى تەرجىمىھالىنى بىلىۋالدىم: «ئانا تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىدىن
ژۇرنالىستلىققا كۆچكەن» دە، «ياشلارنىڭ ماقالىلىرى بەك تېتىق-
سىز، تىلغا بەك كەمبەغەل» ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. شۇڭا،
مۇشۇ ئىككى پارچە قەدىمكى كىتابنى «گەرچە ئىچىدىكى نۇرغۇن
سۆزلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان بولسىمۇ»، ياشلارنى
يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ئۆگەنسۇن، سۆز تاللىسۇن دەپ تونۇشتۇ-
رۇپتۇ. مەن ئويلايمەنكى، ناۋادا جۇاڭزىمۇ بۈگۈنكى كۈندە ھايات
بولسا ئىدى، گۆەنسەي چېقىلغاندىن كېيىن[275]، ئۆيلۈك بولۇشقا
نىيەت قىلغان بارلىق خوتۇن - قىزلارنى «پىداكار ئايال تەزكىرى-
سى»[276] نى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان بولاتتى.





بۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە بىرئاز گېپىم بار.

(1) شى ئەپەندى شېشە بىلەن مەينى «ئەدەبىيات جەھەتتە
تەلىم ئېلىش» قا ئوخشىتىشنىڭ توغرا بولمىدى، دەپتۇ. بىراق،
مەن ئۇنىڭغا ئوخشاتمىدىم. مېنىڭ دېگەنلىرىم: بەزى يېڭى ياشلار-
دا كونا ئىدىيىلەرمۇ بولىدۇ، بەزى كونا شەكىللەرگە يېڭى مەزمۇن-
لارنى كىرگۈزگىلىمۇ بولىدۇ، دېگەن گەپ ئىدى. مەنمۇ «يېڭى
ئەدەبىيات» بىلەن «كونا ئەدەبىيات» ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق چېگرا
بولماسلىقى كېرەك، دەپ قارايمەن، لېكىن ئۇلاردا ئۆزگىرىش ۋە
بىرقەدەر ئېغىش بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قايسىسىنى چېگرا
قىلىش» مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، «ئۈچىنچى خىل كىشى-
لەر»[277] مەيدانىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

(2) شى ئەپەندى، يۆگىمەچ ھۆسنخەت يېزىشتەك ئىشلار
بولسا، شەخسىي ئىشلار، ھەممە ئادەمنى بىر خىل ئىش قىلىشقا
زورلىمىسا بولاتتى، دەپتۇ. بۇ توغرا گەپتەك قىلىدۇ. ئەمما،
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋە ماقالە يازغۇچىلارنىڭ ماقا-
لىلىرى بەك تېتىقسىز، تىلغا بەك كەمبەغەل، شۇنداق بولسىمۇ
ئۇلار باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش تىلغا كەمبەغەل، تېتىقسىز
ماقالىلەرنى يېزىشقا زورلىمىغان تۇرسا، شى ئەپەندى نېمىگە شۇنچە
تەسىرلىنىپ، «ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان ياشلار» غا «جۇاڭزى»
بىلەن «تاللانمىلار» نى كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىپ كېتىدىكەن؟
ئىمتىھان ئەمەلدارى بولغانلارنىڭ ئىنشاغا قاراپ ئادەم تاللىشىنى
شى ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ماقۇل كۆرمەيتتى: بىراق ئوقۇتقۇچى ۋە
مۇھەررىر بولۇۋېلىپلا، «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار» نى كۆتۈ-
رۈۋېلىپ، ياشلارغا تەۋسىيە بەرگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئىككى ئىش-
نىڭ ئارىلىقىدا قانداق چېگرا بارلىقىنى راست ئۇقالماي قالدىم.

(3) شى ئەپەندى يەنە «لۇشۈن ئەپەندى» نى مىسالغا ئاپتۇ،
گويا لۇشۈن جۇاڭزىنىڭ يېڭى مەسلىسىگە ۋارىس بولۇپ، بارلىق

ماقالىلىرىنى «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار»نى ئوقۇپ چىقىپ ئاندىن يازغاندەك. «مېنىڭچە، بۇمۇ بىرئاز قارىسىغا ھۆكۈم قىلغانلىق» بولار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر «جۇاڭزى» ھەم «تاللانمىلار»دا ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە، مەسىلەن: «دۇرلەركى» ۋەھاكازا. بىراق، بۇ سۆزلەرنى بۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ ـ دە، گەپنى يەنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، ئۇنداق كىتابلار ئىچىدىن جانلىق سۆزلەرنى ئىزدىگەن ئادەم ھاماقەت، شى ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق قىلمىسا كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى





[قوشۇمچە]

# «جۇاڭزى» ھەم «تاللانمىلار»

شى جېسۈن

ئۆتكەن ئايدا «ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى ماڭا بىر پارچە جەدۋەل ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭدا تولدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىككى مەزمۇن بار ئىكەن: (1) ھازىر قايسى كىتابلارنى ئوقۇۋاتىسىز؟ (2) ياشلارغا تونۇشتۇرۇشقا لايىق كىتابلار؟

ئىككىنچى مەزمۇنغا «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار»نى يازغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاستىغا: «ياشلارنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە تەلىم ئېلىشىغا ياردىمى بولسۇن» دېگەن ئىزاھنى قوشۇپ قويغانىدىم.

بۈگۈن «ئەركىن پاراڭ»دا فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىم» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ، بۇ ماقالە ماڭا قارىتىپ يېزىلغانمىكىن دەپ ئويلاپ نېرۋام بىر ئاز ئۆرلەپ كەتتى.

لېكىن، مەن ھازىر فېڭ ئەپەندى ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن، پەقەت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قۇر ئىزاھات بېرىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشلاردىن «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار»نى ئوقۇشنى ئۈمىد قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈم كېرەك. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مېنىڭ مەشغۇلاتىم دۆلەت تىلى ئوقۇتقۇچىلى-

قىدىن ژۇرنالىستلىققا ئۆتتى. ياشلارنىڭ ماقالىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىم دەرھەقىقەت ناھايىتى كۆپ بولدى. مەن ھامان بۇ ياشلارنىڭ ماقالىلىرى بەك تېتىقسىز، تىلغا بەك كەمبەغەل دېگەن ھېسسىياتتا بولۇپ كەلدىم، شۇڭا «ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى ئەۋەتكەن تار كاتەكچىلەردە شۇ ئىككى كىتابنى تونۇشتۇردۇم. مەن، ئۇلار مۇشۇ ئىككى كىتابتىن ماقالە يېزىشنىڭ يولىنى پەرەز قىلالايدۇ، شۇنىڭدەك سۆز بايلىقىنىمۇ بىرقەدەر ئاشۇرالايدۇ، دەپ قارايمەن (گەرچە ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن سۆزلەر كونىراپ ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ). بىراق، مەن ياشلاردىن «جۇاڭزى»، «تاللانمىلار» غا ئوخشاش «قەدىمكى ئەسەر» يېزىشنى ئۈمىد قىلمايمەن، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، مەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغان ياشلاردىن شۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇپ بېقىشنىلا ئۈمىد قىلغانىدىم. مېنىڭچە، بىر ئەدەبىياتچى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىش كېرەك. «يېڭى ئەدەبىيات» بىلەن «كونا ئەدەبىيات» ئوتتۇرىسىدا قايسىسىنى چېگرا قىلىشنى ئۇقمايمەن. ئەدەبىياتتا، مېنىڭچە بولغاندا، «كونا شىشىگە يېڭى مەي قۇيۇش»، «يېڭى شىشىگە كونا مەي قۇيۇش» دېگەن تەمسىل توغرا ئەمەس، مۇبادا بىز بىرەر شەخسنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە ئالىدىغان تەلىمىنى ھاراق ـ شارابقا ئوخشىتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز مەي شىشىسىنىڭ كونا ـ يېڭى بولۇشىنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، بىراق بۇ ھاراق ئېچىتىلغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتالايمىز.

مېنىڭ ئەدەبىياتچى ياشلارغا «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانمىلار» نى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئۇلار





ئۆزلىرى «ئېچىتسۇن» دېمەكچى. ئەگەر «ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى ئەۋەتكەن جەدۋەل يەنە بىرئاز كەڭرەك بولغىنىدا ئىدى، يەنە بىرنەچچە كىتابنى ئارتۇق يېزىپ قويغان بولاتتىم.

بىز بۇ يەردە لۇشۈن ئەپەندىنى ئاتماي تۇرالمايمىز. لۇشۈن ئەپەندىدەك يېڭى ئەدەبىياتچىلارنى تەلتۆكۈس يېڭى شىشە دەپ ئېيتساق خاتا كەتمەس. ئەمما، ئۇنىڭ مەيچۇ؟ ساپ براندىمىدۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايمەن. قەدىمكى ئەدەبىياتتىن تەلىم ئالمىغان بولسا، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ يېڭى ماقالىلىرى ھازىرقىدەك ياخشى يېزىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەن ئېيتالايمەنكى، لۇشۈن ئەپەندىدەك شىشىدىمۇ ۋۇجاپى ياكى شاۋشىن كونا ھاراقلىرىنىڭ تەركىبلىرى يوق ئەمەس.

فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ يۆگىمەچ ھۆسنخەت يېزىش، شېئىر توقۇش، ئۆز ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان لېپاپىنى ئىشلىتىش، ئوقۇغۇچىلىقتىن ياكى مىللىي ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرىدىن كېلىپ چىقمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى دەپ قارىشىغا كەلسەم، مېنىڭچە، بۇمۇ بىرئاز قارىسىغا ھۆكۈم قىلغانلىق. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەخسىي ئىش. ئەگەر يۆگىمەچ ھۆسنخەت يازىدىغان ئادەم سالام خېتىنى يۆگىمەچ ئىملا بىلەن يازمىسا، شېئىر توقۇيدىغان ئادەم ئىمتىھان ئەمەلدارى بولغاندىن كېيىن، توقۇلغان شېئىرغا قاراپ ئادەم تاللىمىسا، ئۆز ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان لېپاپ ئىشلىتىدىغان ئادەم باشقا بىراۋلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش شەخسىي نامدا لېپاپ ئىشلىتىشكە زورلىمىسا، ئۇ ھالدا فېڭ ئەپەندىنىڭ ئېغىز ۋە قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارغا «مەرەز»، «جادۇگەر» دەپ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

يېڭى ئەدىبلەر ئىچىدىمۇ ياغاچ ئويما رەسىملىرىگە، كىتابلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىگە، كىتاب يىغىشقا، ئاممىباب كىتابلارغا نەزمە بىلەن كىرىش سۆز يېزىشقا قىزىقىدىغانلار ھەتتا ئىش ئۈستىلى ئۈستىگە ئۇششاق بېزەكلەرنى تىزىۋالىدىغانلارمۇ بار. فېڭ ئەپەندىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىمۇ «جاھاندا ‹قەدىمىي ئېسىللىك› بىلەن ياشاش»قا ئورۇنغانلىق بولامدىكەن؟ مېنىڭچە، ئۇلاردا ئۇنداق غەرەزنىڭ بولۇشى ناتايىن.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، فېڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسى ماڭا قارىتىپ يېزىلمىغان بولغاي.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «ئەركىن پاراڭ» دىن





# «تەسىراتلىرىم» دىن كېيىن (B) [278]

فېڭ جىيۇ

يەنە بىرئاز يازاي، لېكىن باياناتىمنى ئالدىدا ئېيتىۋالاي، بۇ سۆزلىرىمگە شى جېسۈن ئەپەندىنىڭ گەپلىرى زامىن بولغان، لېكىن ئۇنىڭغا قارىتىلمىغان. مەن ئادەتتە ئۆز ئورگىناللىرىمدا شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتىم، لېكىن بېسىلىپ چىقىشى بىلەنلا، بۇ ئىسىملار ھەمىشە «پالانچى» دېگەن ياكى كاتتا كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىگە، خەتەرلىك سۆزلەرگە ۋە جىنسىي ئەزالارنىڭ قارا تىلدىكى ئورتاق بەلگىسى بولغان «××» غا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن شۇ ماقالەمدىكى بىرنەچچە سۆزلەرنىڭ خاتا چۈشەنچە بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ ھازىر دېمەكچى بولغانلىرىم: گەپ قىلماق تەس، گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. قەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىشىلەر ماقالە يازماي تۇرالمايدۇ؛ يازغانىكەن، بالا تېرىلماي قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيى قاشىنىڭ ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلغاندەك، كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيگەن ئاياللار ۋە خەتنى خاتا يېزىپ قويغان ياشلار مەسخىرە ۋە كۈلكىگە قالىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى سەھرالىقلار شاڭخەيدىكى كونسېسسىيلەرگە بېرىپ قالغاندا، ئارانلا «ئامۇلىن» [279] دېگەن سۆزنى قىلىشتىن باشقا ئامال تاپالمىغىنىغا ئوخشاش، خورلۇققا قالماقتىن باشقا ئىلاج تاپالمايدۇ.

شۇنداقتىمۇ بەزىلەرگە ئۇۋال بولۇپ كەتكەن، ليۇ بەننۇڭ[280] ئەپەندىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» نىڭ 26 ـ سانىغا بېسىلغان «ئۆزى ئىزاھلاپ، ئۆزى باھالىغان» بىر شېئىرنى مىسالغا ئالايلى، بۇ ئەپەندى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت تىلىدىن ئېلىنغان ئىمتىھان قەغىزىدىن كۈلكىلىك خاتا بولۇپ كەتكەن بىر سۆزنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇنىڭ ئۈستىدىن شېئىر يېزىپ، ئىمتىھان بەرگەنلەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك دەشنام بەرگەن. تەبىئىيكى، ئۇ پروفېسسور بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەرگەن دەشناملىرى ناتوغرا بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە بولغاندا، بەزىبىر گەپلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە ئورۇن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بىر مەسىلىنى مەركەزلىك «ئىزاھ» لاپ مۇنداق يازغان:

«مەدەنىيەتنى جالىپ قىلىش» دەپ يازغانلار بار ئىكەن. مېنىڭچە، جالىپ دېگىنى «جالاپ» دېگىنى. مەدەنىيەت راۋاج تاپقان جايلارنىڭ ھەممىسىدە «جالاپ» كۆپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت «جالاپ» بىلەن راۋاج تاپىدۇ دېسەكمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ.

«جالاپ» دېگەن سۆزنى «جالىپ» قىلىپ يازمايمىز، «جەلىپ قىلىش» دېگەن ئىبارىدىكى «جەلىپ» سۆزى بۇرۇنقى چاغلاردا «جلب» دەپ يېزىلاتتى. ليۇ بەننۇڭ ئەپەندىم ئېھتىمال قەدىمكى كىتابلاردىن نەقىل ئالغاندەك تۇرىدۇ. قەدىمكى كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرىدىغان بولساق، ئېسىمدە قېلىشىچە، «ئۆزىگە جلب قىلماق» دېگەن ئىبارە بار. بۇ ئىبارىنى «ئۆزىنى جالاپ قىلماق» دەپ يېشىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. دېمەك، ھېلىقى سۆزنىڭ يېزىلىشى خاتا بولغان، لېكىن ئۇنى ئۇ قەدەر ئەيىبلەپ كېتىش





يارىمايدۇ. يەنە: «بەختكە يارىشا ئىلمىي ئىدىيە بىخ سۈردى» دېگەن جۈملىمۇ بار ئىكەن. «بىخ سۈردى» دېگەن سۆزنىڭ ئاستىغا قارا چېكىت چېكىلگەن. ئېھتىمالىم كۈلكىلىك يېرى مانا مۇشۇ دېگىنى بولسا كېرەك. بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، «بىخ» سۆزدىنىڭ ئىسىم ئىكەنلىكىدە شەك يوق، «سۈردى»، «ياردى»، «چىقاردى» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ پېئىل ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ خاتا بولماس.

«4 ـ ماي» ھەرىكىتى ۋاقتىدا جانلىق ئەدەبىي تىلنى تەرغىب (ليۇ بەننۇڭ ئەپەندى بۇ يەردىمۇ «تەرغىب» سۆزىنى «تەرلەپ ـ پىشىپ، چېپىلداپ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىۋېلىشى مۇمكىن) قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرنەچچە سۆزنى خاتا يېزىپ قويغانلىقى، قەدىمكى كىتابلاردىن بىرنەچچە نەقىلنى خاتا كەلتۈرگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن، بەزى كۈشەندىلەر جانلىق تىلنى تەرغىب قىلغۇچىلارنى قەدىمكى كىتابلارنى بىلمەيدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان ئادەملەر دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن، بەزىدە قەدىمكى كىتابىي تىلدا ماقالىمۇ يازغان. لېكىن، شۇنىسى تەبىئىيكى، ئۇلار كونا قورغاندىن كېلىپ قالغان، كونا تەسىرلەر چوڭقۇر يۇقتۇرۇلغانلىقتىن ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزۈپ كېتەلمىگەن. دېمەك، قەدىمكى كىتابىي تىل پۇرىقى كەتمىگەن يازغۇچىلارنى يوق، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

ئەينى زاماندىكى جانلىق تىل ھەرىكىتى غەلىبە قازاندى. بەزى جەڭچىلەر شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپمۇۋالدى. لېكىن، يامىشىپ چىقىۋالغانلىقى ئۈچۈن جانلىق تىل ئۈچۈن كۈرەش قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە جانلىق تىلنى دەپسەندە قىلىپ، قەدىمكى خەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياش ئەۋلادلارنى مەسخىرە قىلغىلى تۇردى. قەدىمكى كىتاب، قەدىمكى خەتلەرنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ئەھۋال بولغاچقا،

بەزى ياشلارمۇ كونا كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، قەدىمكى كىتابىي تىلدا
يازىدىغان يازغۇچىلارنى ئۈلگە قىلىشىۋالىدىغان، شۇنىڭ بىلەن تەرەق-
قىيات كويىدا يېڭى يولدىن ماڭمايدىغان، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا
تىرىشمايدىغان بولۇپ قېلىشىۋاتىدۇ. هازىر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا
ئىككى شەخس بار. بىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ،
ئۆز ماقالىسىدە «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى» دېگەن
سۆزنى «چەتكە كەتكەن ئوقۇغۇچى» دەپ سەۋەن يازغان. يەنە
بىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئىنتايىن كۆرەڭ-
لىك بىلەن: «كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپسىز، ئەپەندىم،
ئوقۇپ كەل دەپ جازالاپ چەتكە كەتكۈزۈلۈپسىز، ئەپەندىم، چەتتە
چېتىڭىز قايرىلىپ، ياغ قازاندا قورۇلغاندەك داغلىنىپ بولدىڭىز،
ئەپەندىم»[281] دەپ شېئىر توقۇغان. قاراڭلار، قايىسى
كۈلكىلىك؟

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى





# سېرىق ئاپەت[282]

يۇگۇاڭ

هازىرقى كۈندىكى «سېرىق ئاپەت» دېگەن سۆزنى خۇاڭخې
(سېرىق دەريا) دەرياسىنىڭ تاشقىنى دەپ چۈشىنىمىز. لېكىن،
بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى ئۇنداق گەپ ئەمەس ئىدى.

ئۇ چاغدا بۇ گەپ، سېرىق تەنلىكلەر ياۋروپانى بېسىۋالماقچى
دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى؛ بەزى باتۇرلار بۇ سۆزنى ئاڭلىسا،
خۇددي ئاق تەنلىكلەر «ئۇخلاپ ياتقان شىر» دەپ تەرىپلىگەندەك،
بىرنەچچە يىلغىچە خۇشال بولۇپ، ياۋروپاغا خوجا بول-
غۇسى كېلەتتى.

بىراق، «سېرىق ئاپەت» ھېكايىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىز-
نىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىگە ئوخشاشمايدۇ، ئۇنى گېرمانىيە پادىشاھى
ۋىلھېلىم[283] كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇ رىمچە كىيىنگەن بىر
پالۋاننىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمگە قارشى
چىققانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر رەسىممۇ سىزغان؛ لېكىن ئۇ
ئادەم كۈڭزى ئەمەس، بۇددا[284] ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ خۇشال
بولغىنى بىكار. دېمەك، بىز بىر تەرەپتىن، «سېرىق ئاپەت»نى
چۈشەكەۋاتىمىز؛ لېكىن كىمدۇر بىرى بولسا گېرمانىيە ئىلكىدە
تۇرغان چىڭداۋ[285] دا مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى كۆرگەن: غۇربەت-
چىلىكتە قالغان بىر كىچىك بالا سىم تاناپ ياغىچىنى مەينەت
قىلىۋەتكەنىكەن، ئاق تەنلىك ساقچىلار ئۇنى خۇددى جۇڭگو ئادەم-
لىرىنىڭ ئۆردەكنى كۆتۈرگىنىدەك، پۇتىدىن تۇتقىنىچە بېشىنى

تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ.
هازىر گىتلېر غەيرىي نېمىس ئىدىيىسىنى چەتكە قاقماقتا.
ئۇنىڭ بۇ يولدا قوللانغان ئۇسۇلى گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ ئۇسۇلد-
غا ئوخشاش.
گېرمانىيە پادىشاھىنىڭ «سېرىق ئاپەت» دېگىنىنى بىز ئەمدى
چۈشەكىمەيدىغان بولۇپ قالدۇق، ھەتتا «ئۇخلاپ ياتقان شىر»
دېگەن سۆزنىمۇ تىلغا ئالمايدىغان بولدۇق؛ «زېمىنىمىز كەڭ،
بايلىقىمىز مول، نوپۇسىمىز كۆپ» دەيدىغان سۆزلەر ماقالىلەردە
ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان بولدى. ئەگەر شىر ئۆزىنى ئۇنداق
سېمىز، مۇنداق يوغان دەپ ماختىسا، ئۇنىڭ كارايىتى يوق؛
لېكىن توڭگۇز ياكى قوي سېمىز ۋە يوغان بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ
ئىشى چاتاق. بىز ھازىر ئۆزىمىزنى نېمىگە ئوخشىتىۋاتد-
مىزكىنتاڭ؟
بىز بۇھەقتە ئەمدى ئويلانمايۋاتقاندەك، بىرەر «سىمۋول»
نىمۇ تاپالمايۋاتقاندەك تۇرىمىز؛ بىز ھازىر خاگېنبېك[286] نىڭ
يىرتقۇچ ھايۋانلار سېركىنى كۆرۈۋاتىمىز، شىر، يولۋاسلارنىڭ
كالا گۆشى يېيىشىنى تاماشا قىلىۋاتىمىز، ئۇلارنىڭ كۈنگە بىر
دانە كالىنى يەيدىغانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز. خەلقئارا ئىتتىپاق-
نىڭ[287] ياپونىيىنى جازالىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇۋاتىمىز،
خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ياپونىيىنى جازالىيالمايۋاتقانلىقىدىنمۇ رەن-
جىۋاتىمىز؛ بىز ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى[288] نىڭ
«تىنچلىقنى قوغداش» لىرىنى ماقۇللاۋاتىمىز، گىتلېرنىڭ ھەر-
بىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىدىنمۇ
مەمنۇن بولۇۋاتىمىز؛ باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى جەڭ مەيدانىغا
ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز، ئۇرۇشقا قارشى
يىغىنىدىنمۇ بىزار بولۇۋاتىمىز. بىز يەنىلا «ئۇخلاپ ياتقان شىر»
بولساق كېرەك.





«سېرىق ئاپەت» بىر ئۆرۈلۈپلا «بەخت» كە ئايلىنىپ قېلىشى
مۇمكىن، ئويغاق شىر ئويۇن ئويناپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ياۋروپا
ئۇرۇشى بولۇپ تۇرغاندا، باشقىلار ئۇچۇن جان پىدا قىلغان ئىشچد-
لىرىمىز بار ئىدى؛ چىڭداۋ بېسىۋېلىنغاندا بېشىنى تۆۋەن ساڭگىد-
لىتىپ كۆتۈرۈلىدىغان بالىلىرىمىز بار ئىكەن.
لېكىن، XX ئەسىرنىڭ سەھنىسىدە بىزنىڭ ھەققىمىز يوق،
دېيىلىدىغان بولسا توغرا بولمايدۇ.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# باستۇرۇش (1) [289]

لۇيسۇن

«ئىتتىرىش» ۋە «تېپىش» بىلەن بىر ياكى ئىككى ئادەمنىلا
ئۆلتۈرۈش، يارىدار قىلىش مۇمكىن؛ كۆپرەك ئۆلتۈرۈش، يارىدار
قىلىش ئۈچۈن «باستۇر» ماي مۇمكىن ئەمەس.

13 ـ كۈنى گېزىتكە بېسىلغان گۇيياڭ خەۋىرىگە[290] قاردـ
غاندا، «18 ـ سېنتەبىر» نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرـ
قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يىغىن، نامايىش ئۆتكۈزگەندـ
كەن، مائارىپ نازىرى تەن شىڭگې ئالاقزادە بولۇپ، كوچىلارنىڭ
دوقمۇشلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتكەن؛ ئۇلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە
ئاپتوماشىنىسىنى ئەۋەتكەن، شۇ ماشىنىلار نامايىشچىلار قوشۇنى
ئالدىغا باستۇرۇپ بېرىپ پاجىئە تۇغدۇرغان، يەنى ئىككى ئوقۇغۇـ
چىنى ئۆلتۈرگەن، 40 نەچچە ئوقۇغۇچىنى يارىدار قىلغان؛ شۇ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە «جىڭيى» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇـ
غۇچىلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئەمدىلا 10 ياشلارغا
كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىكەن ...

مەن ئىلگىرى، ئەلەمدارلار ئومۇمەن قەلەمنىمۇ بىلىدۇ،
«قوراللارنى ھازىرلاپ جەڭگە تەييار تۇرغان»[291] چاغلىرىدا نەزـ
مىي تېلېگراممىلارنى يازالايدۇ، دەپلا ئويلايتتىم؛ قەلەمدارلارنىڭمۇ
ھېكمەتلىك ھەربىي سىرلارنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى
چۈشەندىم. تېيەندەن ئۆز زامانىسىدا ئوت كالا[292] بىلەن باستۇرۇپ
بارغانىكەن، ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپتوماشىنا بىلەن باستۇرغانلىقى





دەرۋەقە XX ئەسىر كىرىپ قالغانلىقى ـ دە.

«باستۇرۇش» تولىمۇ ئەپچىل ئۇسۇل. بىرمۇنچە ئاپتوماشىنا
ئۇياقتا ئۇسۇپ، بۇياقتا باستۇرۇپ ماڭسا، دۈشمەنلىرىنى ئۆزىنىڭ
چاقى ئاستىدا ئۆلتۈرسە، يارىدار قىلسا نېمىدېگەن ئەپچىل
ئىش؟! «باستۇرۇش» شۇنداق ھەيۋەتلىك ھەرىكەتكى، ماشىنىنىڭ
چاقمىقىنى بىرلا قايرىساڭ، ئۇنىڭ تېز ئېتىلغانلىقىدىن دۈشمەن
ئۆزىنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن باتۇرلۇق؟!
ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى كۆپىنچە سۇ ناسوسى
بىلەن باستۇرىدۇ؛ چارپادىشاھ[293] ئاتلىق كازاكلار بىلەن باستۇرـ
غان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ھەرىكەت. ھەرقايسى جايلاردىكى
كونسېسسىيەلەردە بەزىدە چەت ئەل ئەسكەرلىرىنىڭ تانكا بىلەن
چارلاشقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ قالىمىز، ئۇلار ياۋاشلىق قىلمايدىـ
غانلارنىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ بارىدىغان نەرسە.

ئاپتوماشىنا ھۇجۇمغا ئۆتۈش جەھەتتە ئۆتكۈر قورال بولۇپ
ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن بەختكە يارىشا ئۇنىڭ دۈشمىنى باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. قاشاڭ ئېشەك بىلەن جەڭ مەيدانىغا بېـ
رىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇ مايسىزارلىقتا تاكىراڭـ
لاپ چاپسا، پالۋان ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ لاي ـ لاي ئېيتسا
كۆرگەن ئادەملەرگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن خېلى
پەيزىلىك بىر ئىش.

10 ياش چامىسىدىكى باللارنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەر
ھالدا بىرئاز قىزىق تۇيۇلماي قالمايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ جۇڭگو
ئەۋلىيا باللار پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان يەر. بىر ياشلىق بالىنىڭ
رەسىم سىزالىشى، ئىككى ياشلىق بالىنىڭ شېئىر توقۇيالىشى،
يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئارتىسلىق قىلىشى، 10 ياشلىق بالىنىڭ
ئەسكەرلىككە كىرىشى، 10 نەچچە ياشلىق بالىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى
بولۇشى ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان پاكىت؛ ھەتتا يەتتە ـ سەككىز

ياشلىق قىز بالىنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىشىمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە «غۇنچە بولغان ۋاقتى»[294] بىلەن باراۋەر بىر ئىش.

«باستۇرغان» ۋاقىتتا ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاپتوماشىنىنىڭ ئىشى ئەپچىل بولماي قېلىشى، باستۇرغۇچىنىڭمۇ باتۇر بولالماي قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ ئاجىزىنى تاللىشىدۇ. لۈكچەكلەر سەھرالىقلارنى بوزەك قىلىدۇ، پەرەڭلەر جۇڭگولۇقلارنى ئۇرىدۇ، مائارىپ نازىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باستۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار دۈشمەنلىرىنى يېڭىشكە ماھىر شىرمەردلەر.

«ھۇجۇمنىڭ باش - بۇرنىغا ئۇچراپتۇ» دېگەن سۆز ئىلگىرىكى چاغلاردا قۇرۇق گەپ بولسا كېرەك، لېكىن ھازىر ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى؛ چوڭ ئادەملەر ئۈستىدىلا ئەمەس، كىچىك باللار ئۈستىدىمۇ كۆرۈلىدىغان بولدى. «بوۋاق باللارنى قىرىپ تاشلاش»[295] جىنايەت، ئۇنداق ئىشلار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمچەكتىكى بالىنى ئاسمانغا چۆرۈپ تاشلاپ، نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن تۇتۇۋېلىشنى بىر خىل تاماشا دەپ قارايدىغان كۈنلەرمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كەلسە كېرەك.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى





# «قىزىقچىلىق»تىن مىسال[296]

ۋېيسۇ

دۇنيا ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان ئادەملەرنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، فرانسۇزلار ئۆتكۈر سۆز، رۇسلار ھەجۋىيچى، ئىنگلىز ۋە ئامېرىكانلار يۇمۇرچى كېلىدىكەن. بۇ گەپ راست بولسا كېرەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا باغلىق. لىن يۇتاڭ[297] ئۇستام «يۇمۇر»نى جانلاندۇرغاندىن بۇيان، بۇ ئاتالغۇ خېلى ئومۇملىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن تەڭ، خۇددى ھەربىيلەر سوپى بولۇۋالغان، كاتتا مەنسەپدارلار بىردىنلا تەسۋى سىيرىدىغان بولۇۋالغان بولسىمۇ، بۇددا ئەھكاملىرىنىڭ نېرۋانە بولۇپ كېتىۋېرىدىغانلىقىغا ئوخشاش، خەۋپمۇ پۇراپ قالدى. ئەگەر شىلامچىلىق، شاتىراقلىق ۋە پەسكەشلىكلەرگىمۇ «يۇمۇر» دېگەن قاشقا قويۇلىدىغان بولسا، خۇددى «تىياتىر»[298] نىڭ «× دۇنيا» غا كىرگىنىدەك، «زامانىۋى تىياتىر»غا ئايلىنىپ قېلىشىدىمۇ شەك يوق.

بۇ خەۋپ جۇڭگودا يۇمۇرنىڭ ئەزەلدىن ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىدىن پەيدا بولغان. لېكىن، جۇڭگودا قىزىقچىلىق بار، بىراق ئۇنىڭ يۇمۇر بىلەن خېلى كۆپ پەرقى بار، ياپونلار «يۇمۇر»نى «پەيزى بار قىزىقچىلىق» دەپ تەرجىمە قىلغان؛ ئۇنىڭ سىيدام «قىزىقچىلىق»تىن پەرق قىلىدىغان يېرى ئەنە شۇ يەردە.

ئۇنداق بولسا، جۇڭگودا قىزىق ماقالىلەرلا تېپىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگونىڭ قىزىق ماقالە دېگە-

نىمۇ شىلامچىلىق، شاتىراقلىق ۋە پەسكەش گەپلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقىي قىزىقچىلىقتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ «شاھزادىنىڭ ئورنىغا مولۇننى يەڭگۈشلەپ قويۇش» [299] تىكى ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەزەلدىن توغرا گەپ ۋە پاكىت دەپ قارىغانلىرىنىڭ ئىچىدە ئومۇمەن قىزىقچىلىق كۆپ. كىشىلەر شۇنداق قىزىقچىلىقلارنى تولا كۆرۈپ، بارا - بارا ئادەتتىكى بىر ئىش دەپ چاغلاپ، شىلامچىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى قىزىقچىلىق دەپ خاتا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالغان.

جۇڭگودا قىزىقچىلىقنى تاپىمەن دېگەن ئادەم قىزىق ماقالە دېگەن بىرنېمىلەرنى كۆرمەستىن، ئەكسىچە، توغرا دېگەن ئەھۋاللارغا نەزەر سېلىشى كېرەك، لېكىن ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشى لازىم.

ئۇنداق داڭلىق ماقالىلەر ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، گېزىتلەردىكى «جۇڭگو - ياپونىيە سۆھبىتى بارا - بارا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ»، «جۇڭگو نەگە بارماقچى» ۋەھاكازا دېگەن جىك - توغرا ماۋزۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق داڭلىق ماقالە. ئۇلارنى ئوقۇپ - تېتىپ كۆرسىڭىز، خۇددى خورما يېگەندەك، مەززىسىنى كۆرىسىز.

بۇنداق نەرسىلەر گېزىتلەردىكى ئېلانلاردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىزگە مەلۇم، «ئەپكار ئاممىنىڭ يېڭى نوپۇز ئىگىسى» دەيدىغان بىر ژۇرنال بار، ئۇ ژۇرنال «ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن ۋە لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىغان گەپلىرىنى قىلىمىز، دەيدۇ؛ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا ژۇرناللارغا ئوقۇشماي قالغانلىقىمىزنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزرە قويىمىز» دەيدۇ. لېكىن، يەنە «ھەر ئىككى تەرەپ جەمئىيەتتە ئابرۇيى بار ژۇرنال، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشىمىزنىڭ يولى يوق» دەيدۇ. «يېڭى نوپۇز ئىگىسى» بولۇپ تۇرۇقلۇق، «ئوقۇش-





ماسلىق» قا بېرىلىپ كەتكەنلىكى، «ئوقۇشماس» بولۇپ تۇرۇقلۇق، «ئابرۇيى بار» بولغانلىقى، «ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن ۋە لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىغان گەپلىرى» — مانا بۇلار ئوقۇشماسلىقى ھەم ئۆزرىخاھلىق قىلغانلىقى. بۇنىڭغا پەقەت كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەملا كۈلمەي تۇرالايدۇ.

بۇنداق نەرسىلەر گېزىتلەردىكى قىسقا مۇلاھىزىلەردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، 9 - ئايدا چىققان «ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان «كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر» دېگەن ماقالەمدە بايىغا كۈيئوغۇل بولۇشنى «دۆلەت كۆرۈش» نىڭ بىر ھۈنىرى دەپ قارىغانىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىنىدىغان بىر پارچە ماقالە چىقتى، ئۇنىڭ بېشىدىلا: «تۈلكە ئۈزۈمنى يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۈزۈمنى ئاچچىق دېگەندەك، ئۆزى باي خوتۇن ئالالمىغان ئادەم باي قېيناتىسى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ھەسەت قىلىدۇ؛ ھەسەت قىلىشنىڭ نەتىجىسى ھۇجۇم بولۇپ چىقىدۇ» [300] دېگەن گەپلەر بار ئىكەن. بۇنىمۇ ئويلاپ كۆرمەسلىك كېرەك. ئويلاپ كۆرسىڭىز، ئويلاپ كۆرۈشنىڭ «نەتىجىسى» شۇنداق بولۇپ چىقىدۇكى، بۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ «باي خوتۇن» نىڭ تەمى شېرىن بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ.

مۇشۇلارغا ئوخشاش كارامەت گەپلەرنى ھەشەمەتلىك ئالاقە قەغەزلىرىدىمۇ ئۇچرىتىپ قالىمىز: ئۇ گەپلەر مەسخىرىلەشتۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىنلا مەسخىرە. «مۇھاكىمە ۋە بايان» نەشر قىلىنغان بىر يىل ئىچىدە مېنىڭ يارىتىپ ئوقۇغىنىم «نادىر كۈتۈپخانا» [301] سەرلەۋھىلىك ئىستون بولدى. ئۇنىڭدا، مەسىلەن، سىچۈەن ئۆلكىسى يېڭشەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇي-

ـرۇقىدا: «شۇنى بىلىش كېرەككى، كىيىم بەدەننى يېپىپ تۇرسىلا
كۇپايە قىلىدۇ، ئالدى - كەينىدىن ئۇزۇن پالاقلىتىپ، رەختنى
ئىسراپ قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دۆلە-
تىمىز زەئىپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ... دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن
ۋاقىتلىق ئېغىر كۈنلەرنى نەزەردە تۇتمىساق، ئاقىۋىتىمىز نېمە
بولىدۇ؟» دېگەن. يەنە مەسىلەن، بېيپىڭ جامائەت ئىدارىسىنىڭ
ئاياللارنىڭ ئەركەك ئىت بېقىشىنى مەنئى قىلىش ئالاقىسىدە:
«ئاياللار ئەركەك ئىت بىلەن بىللە بولسا، سالامەتلىكىگە زىيان
يېتىش بىلەنلا قالماستىن، پەس - شەرمەندە ئەھۋاللارمۇ ئاسانلا
يۈز بېرىپ قالىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز بولسا ئەدەپ - دىيانەتلىك
دۆلەت. ئۇنداق ئەھۋاللارغا ئادىتىمىزمۇ يول قويمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئومۇمىي بۇيرۇق بىلەن قەتئىي مەنئى قىلىنسا ... ئاياللار
بېقىپ يۈرگەن ئەركەك ئىتلار شەرتسىز ئۆلتۈرۈپ يوقىتىلسا»
دېگەن. مانا بۇنداق گەپلەرنى قىزىقچى يازغۇچىلار قانداقمۇ ئاساس-
سىز يازالىسۇن؟!

«نادىر كۈتۈپخانا»غا كىرگۈزۈلگەن كارامەت ماقالىلەر غەلىتە
سەپسەتىلەرگە كۆپرەك بېرىلگەن، قىزىق بولغانلار ئادەتتىكىلەرگە
يەتمەيدۇ. ئادەتتىكىچە بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ.
مانـا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە، مەن «تاتلـىـق ئـۇزۇم» تەلىماتىنى
تاللىۋالىمەن.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى





# چەت ئەللەردىمۇ بار[302]

## فۇلىك

جۇڭگودا بولغانلىكى نەرسە چەت ئەللەردىمۇ بار.
چەت ئەللىكلەر جۇڭگودا چۇسا كۆپ دەيدۇ؛ لېكىن غەرب
ئەللىرىدىمۇ بار. ياپونلار جۇڭگولۇقلارنى قەلەم بىلەن گەپ يورغىد-
لىتىشقا ئامراق، دەيدۇ؛ لېكىن ياپونلارنىڭ ئۆزىمۇ قەلەم بىلەن
گەپ يورغىلىتىشقا ئۇستا. قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن
گەندى[303] بار؛ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا ئازار بېرىشنى مەنئى
قىلغانلاردىن گىتلېر بار[304]؛ دې كۇنسېي[305] ئەپيۇن چەك-
كەن؛ دوستويېۋسكىي[306] قىمارغا بېرىلگەن؛ سىۋىفتنىڭ[307]
پۇتىغا كىشەن سېلىنغان؛ ماركس ئىسيان كۆتۈرگەن؛ پولكوۋنىك
لىنبېرگ[308] نىڭ ئوغلى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.
پۇتنى بوغۇش بىلەن ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكىمۇ بىر - بىرىدىن
ئانچە كۆپ پەرق قىلىپ كەتمىسە كېرەك.

لېكىن، چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزنى جامائەتنىڭ پايدا - مەنپە-
ئىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلەيدۇ، پۇلغا جان
بېرىدۇ، دېگەن سۆزلىرى توغرىسىدا ئۆزىمىزنى ئاقلىشىمىز مۇم-
كىن ئەمەس. مىنگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بىرقانچە ئادەم زۇڭتۇڭ-
لۇققا ئولتۇردى، كاتتا مەنسەپكە چىقتى، ئۇلار تەختتىن چۈشكەن-
دىن كېيىن يۈزلىرىنى پارقىرىتىپ، قورساقلىرىنى دومبايتىپ
ئولتۇرۇپ، ياكى شېئىر - نەزمە توقۇش بىلەن، ياكى چاڭچىلە
كۆرۈش بىلەن ۋە ياكى تائەت - ئىبادەت قىلىش بىلەن، تۈگىمەس

دۇنياسىنى يەپ ياتتى، بۇ ئەھۋال تەنقىدچىلەر ئۇچۇنمۇ بىر دەلىلدۇر. بىراق، بۇگۇن بۇنداق ئادەملەرنىڭ چەت ئەللەردىمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم!

«17 ـ كۈنى، ھاۋانا تېلېگراممىسى — كۇبانىڭ كانادادا پاناھلىنىپ ياتقان سابىق زۇڭتۇڭى مىچادۇ ... نىڭ كۇبادىكى تەئەللۇقى 8 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا ئىكەن. كىمكى ئەنە شۇ تەئەللۇقلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ھۆددە قىلالىسا، مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئۇ قولىدىن كېلىشچە ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەن. يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، كۇبا ھۆكۈمىتى مىچادۇنى ۋە ئۇنىڭ كونا خىزمەتچىلىرىدىن 38 ئادەمنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۇشۇرۇپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدىكى تەئەللۇقلىرىنى مۇسادىرە قىپتۇ ...»

ئادىمى كۆپلۇكتە 38 گە يېتىدىكەن، لېكىن تەئەللۇقلىرى مال ـ مۈلكى ئاران 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى قالتىس يۇكسەك ئىكەن دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئاز بېيىغانلىقى ھەر ھالدا ئېنىقتەك تۇرىدۇ، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ «ھەزرىتى ئالىي»لىرىمىزنىڭ يۇزىنى يورۇق قىلىپ بېرىشكە ئاساس قىلالايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ چەت ئەللەر دەسسىتىۋالغان يەر ـ زېمىنى، چەت ئەل بانكىلىرىدا ئامانەت قويغان پۇلى بولسىكەن دەپ ئۇمىد قىلىمەن، شۇنداق بولغاندا، چەت ئەللىكلەر بىلەن دىپلوماتىك سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئۇلارغا تېخىمۇ گەپ بەرمەيدىغان بولالايمىز.

ئەگەر دۇنيادا پەقەت بىر ئائىلىدىلا چۇسا بولسا، شۇ ئائىلە





باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەندىلا، ھەقىقەتەن ناھايىتى بىئارام بولىدۇ، لېكىن شۇ چۇسلارنى تۇتمىقىمۇ تەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە بېيجىڭدا، چۇسنى تۇتماسلىق كېرەك، تۇتقانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ، دەيدىغان تەلىمات بار. تۇتۇپ تۇگەتكەننىڭمۇ نېمە قىممىتى بولسۇن، ئۇ بىر پاسسىپ چارىدىنلا ئىبارەت. ئەڭ ياخشىسى، باشقا ئائىلىلەردىمۇ چۇسا بولغىنى ياخشى، باشقا ئائىلىلەردىمۇ چۇسا بارلىقىنى كەشىپ قىلىش تېخىمۇ ياخشى ئىش. كەشىپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئاكتىپ ئىش. كولومبۇ بىلەن ئېدىسونمۇ[309] كەشىپ قىلغان.

مېنىڭچە، كۈچنى سەرپ قىلغاندىن كۆرە، تانسا ئوينىغان، قەھۋە ئىچكەن تۇزۇك، بۇنداق ئىش چەت ئەللەردىمۇ بار، پارىژدا بىرمۇنچە تانىسخانا ۋە قەھۋەخانا بار.

جۇڭگومۇ يوقىلىپ كەتسە، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، گالاتىيە بىلەن ماكدونىيە[310] نى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ دېمەك، بۇنداق ئەھۋال چەت ئەللەردىمۇ بار!

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# قۇرۇق مۇشت ئېتىش[311]

فېڭ جېيۇ

«ئەركىن پاراڭ» دا مېنىڭ «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىم» دېگەن ماقالەم ۋە شى جېسۇڭ ئەپەندىنىڭ «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ[312] «مەشئەل» سەھىپىسى بۇ ھەقتە مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ماقالە سوراپ ئېلان چىقارغانىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن شى جېسۇڭ ئەپەندىنىڭ «تەۋسىيە قىلغۇچىنىڭ مەيدانى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بېسىپتۇ ۋە «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» توغرىسىدىكى مۇنازىرە دېگەن ئىزاھاتنىمۇ قوشۇپ قويۇپتۇ.

لېكىن، شى جېسۇڭ ئەپەندى «مۇنازىرە» لىشىشنى خالىماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىككى ئادەم مۇنازىرە جېڭى قىلسا، خۇددى ئۇرغاق شەكلىدىكى ئېلېكتر نۇرى ئاستىدا تۇتۇشۇۋاتقان مۇشتلاشچىلارغا ئوخشاش، تاماشىچىلارغا تاماشا قىلىپ بەرمەكتىن باشقا نەتىجە چىقمايدىكەن. بۇ ناھايىتى ئاقىلانە قاراش ئىكەن، مەن بۇ پۇت ـ قولنى ماقۇللايمەن. بىراق، تېخىمۇ ئاقىلانىلىك قىلغان يېرى شۇكى، شى جېسۇڭ ئەپەندى ئەمەلىيەتتە مۇشت ئاتمايمۇ قالمىدى، ئۇ مەيداندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە مۇشت ئاتتى، مۇشتنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن پەرۋاسىز ھالدا بەدەر كېتىپ قېلىش — مۇشت ئېتىشنىڭ قالتىس كارامەت ئۇسۇلى ئىكەن، مانا





ھازىر مەن يالغۇز قالدىم، مەن مۇشت ياندۇرۇشۇم كېرەك، ئالدىمدا ئادەم بولمىسىمۇ ھېچ گەپ يوق، ئاتقان مۇشتۇم «مۇرادىغا يەتكەن» لىك بولۇپ قالار.

شى جېسۇڭ ئەپەندى خېتىنىڭ بېشىدىلا، ماڭا «تەنبىھ» بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى «قالدۇق ياشلارنىڭ پۇت ـ قولى» دەپتۇ، دەپ يېزىپتۇ. بۇسۆزنىڭ بىرىنچى جۈملىسى تۆھمەت، مەن ئۆز ماقالەمدە شەخسەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغىنىم يوق. «قالدۇق ياشلارنىڭ پۇت ـ قولى» دەپتۇ دېگەن سۆزىگە كەلسەم، دەرۋەقە مەندە شۇنداق نىيەت بار. بىراق، مەن «قالدۇق ياش» لارمۇ ئانچە يامان ئادەم ئەمەس، دېمەكچىمەن. يېڭى ئەدەبىيات بىلەن كونا ئەدەبىياتنىڭ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىش قىيىن، بۇنىڭغا شى جېسۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار. شىنخەي ئىنقىلابىغا ئەمدى 22 يىل بولدى، مىنگو دەۋرىدىكى ئادەملەر ئىچىدە ئاز ـ پاز قالدۇق ياشلارچە مىجەزنىڭ، قالدۇق قېرىلارچە مىجەزنىڭ ھەتتا فېئوداللارچە مىجەزنىڭ بولۇشىمۇ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس؛ خۇددى شى جېسۇڭ ئەپەندىنىڭ «ئۆزۈمنى قالدۇق ياش دەپ ئېتىراپ قىلالمىسامىمۇ، لېكىن ياشلىقىم ھەقىقەتەن تۈگەپ قالدى» دېگىنىدەك، ئۆتمۈشتىكى مىجەزنىڭ قالدۇقلىرى بولماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنداق مىجەزنى ئۆزىلا بىلىپ قالسا، بۇنى باشقىلارمۇ بىلسە، باشقىلارغا ئىمكانقەدەر ئازراق تارقاتسا ياخشى بولاتتى.

ئىلگىرىكى ماقالەمنى مەخسۇسلا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىپ يازمىغانلىقىمنى ئاللىقاچان ئىزھار قىلغانىدىم، بۇنىڭ ئۈستىگە «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ھەتتا شۇ «قول ـ پۇت» تىنمۇ ئۆزۈمنى يىراققا تارتقانىدىم. نېمىشقا؟ چۈنكى ياشلارغا تەۋسىيە قىلغان بىرنەچچە كىتابىمنىڭ قاتارىدا باشقا بىر ناھايىتى مەنىلىك مەسىلىمۇ بار ئىكەن، يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا

«يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى»[313] مۇ بار ئىكەن. بۇ «ئائىلە نەسىھەتلىرى» نىڭ ئاپتورى پاراكەندىچىلىك دەۋرىدە ياشىغان، چى بەگلىكىدىن سۈي بەگلىكىگە ئۆتكەن؛ دېمەك، ئۇ ھونلار تازا كۈچەيگەن بىر ۋاقىتتا ياشىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىدا خۇددى رايىش موللىلارغا ئوخشاش، قەدىمكى رىۋايەتلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان، يازغۇچىلىق ھەققىدىمۇ بايان قىلغان، لېكىن ئۇ بۇددىغا ئىمان كەلتۈرگەن؛ باللىرىغا بولسا سيانپى تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇد چېلىپ، ئېسىلزادىلەرگە — ھونلارغا خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. چاشقان يىلىدىكى بوكسچىلار[314] مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى چاغلاردىكى كاتتا مەنسەپدارلار، بايلار، دوكار سودىگەرلەردىمۇ شۇنداق ئىدىيە بار ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرى سۇترا (بۇددا) كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى، باللىرى بولسا «كەلگۈسىدە ياتلارغا خىزمەت قىلىشنى كۆزلەپ، پەرەڭ ھۈنەرلىرى» نى ئۆگىنەتتى، ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ ئەنە شۇنداق ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئاز بولمىسا كېرەك. ئەنە شۇ يەن ھەزرەتنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىش ئۇسۇلى شى جىسۇڭ ئەپەندىگە ناھايىتى يېقىپ كەتكەن ۋە ئۇنى «دىيانەت تەربىيىسى» سۈپىتىدە ياشلارغا تەۋسىيە قىلغان. ئۇ ئۆزى ئوقۇۋاتقان كىتابلارنى — بىر پارچە ئىنگلىزچە كىتابنى ۋە يەنە بىر پارچە سۇترا كىتابى[315] نىمۇ «سيانپى تىلى» بىلەن «ئىمان كىتابى»[316] غا سېلىشتۇرما قىلىپ تىلغا ئالغان. ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشلەر تېز سۈرئەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقانلىقى، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ بۇرۇنقى ئادەملەرگە ئوخشاش بىكار ۋاقتى بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن بولۇپ، بۇ كۈرەشنىڭ باش - ئايىغىغا ھازىرچە كۆز يەتكۈزگىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، شى جىسۇڭ ئەپەندىمۇ ئىلگىرىكى ئىككى ئەۋلادنىڭ «دىيانەت» لىرىنى تەنھا ئۆزىگىلا توپلىغان. ئەگەر ياشلاردا، ئوتتۇرا ياشلىقلاردا ۋە





قېرىلاردا ئەنە شۇ يەن ھەزرەتچە دىيانەت كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، بۇ ئەھۋال جۇڭگو جەمئىيىتىدە سۈپۈرۈپ تاشلاشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ مەسىلە تەۋسىيە قىلغان كىتابلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بۇ مەسىلە مەخسۇسلا شى جىسۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئەمەس؛ بۇ، دەۋر ئېقىمىنىڭ بىر قىسمى. لېكىن، بۇ مەسىلە شۇنداق بىر مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە گويا مەلۇم بىر ئادەمگىلا چېتىلغاندەك تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە توختىلىشقا پېتىنالمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار سۆزۈم پەقەت «باشقىلارنى (جۇاڭزى) بىلەن (تاللانما) نى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدىغان» دېگەندىنلا ئىبارەت؛ بۇ سۆزۈم شەخسكە ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغانلىق بولمىسا كېرەك. لېكىن، «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» نى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈم بىرئاز قايتىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ رەددىيە سۆزلىرى مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ ئۆتە قۇرۇق بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئەستايىدىل جاۋاب بەردىم، ئۇ جاۋابىم «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىمدىن كېيىن (A)» دىن ئىبارەت. شى جىسۇڭ ئەپەندىنىڭ «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىمدىن كېيىن (A)» نى كۆرگەندىن كېيىن يازغان خېتى ئۆزىنىڭ مەن ئېيتقان «قالدۇق ياش» تىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ ئاغزىدا مۇشتلاشمايمەن دېگەن بولسىمۇ، خېتىنىڭ بىر قىسمىنى تامامەن ماڭا قارىتىپ يازغان. شۇ خەتتىن بۇ يەردە بىرئاز نەقىل كەلتۈردۈم ۋە ئىنزاھلىدىم.

شى ئەپەندى: «مېنىڭ ئويلىشىمچە، ياشلارغا كونا كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغاندىن كۆرە، يېڭى كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغاندا ئاممىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ يازغان. دېمەك، ياشلارغا يېڭى كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىشتىن مەقسىتى ياشلارنىڭ غېمىنى يېيىش ئەمەس، ئاممىنى ئۆز

قولغا كۆپرەك كەلتۈرۈش ئىكەن.
شى ئەپەندى: «مەن قەدىرلىك گېزىتىڭلارنىڭ بىر بۇرجىكى-
دىن پايدىلىنىپ ... كىتابلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قويماقچى-
مەن؛ مەن «‹جۇاڭزى›» بىلەن «‹تاللانما›» نى لۇشۈن ئەپەندى-
نىڭ «‹سايىۋەن›»، «‹سايىۋەنىنىڭ داۋامى›» ۋە «‹ساختا ئەر-
كىنلىكنامە›» لىرىگە ئۆزگەرتىپ قويماقچىمەن. مەن ئويلايمەنكى،
لۇشۈن ئەپەندى زامانىمىزدىكى «‹ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەركەر-
دىسى›»، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ جانلىق سۆزلەر بار؛
ئۇنىڭ ئۈستىگە فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە،
لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىدە ھەقىقەتەن «‹جۇاڭزى›» ۋە «
‹تاللانما›» دىن ئېلىنغان، «‹دۇر، دۇرلەركى›» دېگەندەك
سۆزلەرمۇ بار ئىكەن. دېمەك، شۇ ئەسەرلىرىمۇ ياشلارغا ئوخشاشلا
ئۈنۈم بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ بىر تاغار
سۆزىدىن شۇنداق مەنە كېلىپ چىقىدۇكى، مەن ئۇنىڭ «سايىۋەن»
نى، «سايىۋەنىنىڭ داۋامى» نى ۋە «ساختا ئەركىنلىكنامە» نى تەۋ-
سىيە قىلمىغانلىقىغا رەنجىگەنلىكىم ئۈچۈن، «جۇاڭزى» بىلەن
«تاللانما» نى تەۋسىيە قىلغانلىقىغا قارشى تۇرۇۋېتىمىشمەن.
شى ئەپەندى: «ئەسلىدە فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ بىر - ئىككى
ئەسىرىنى تەۋسىيە قىلماقچىمۇ بولغانىدىم؛ ئەپسۇسكى، كىتاب
دۇكىنىدا فېڭ زىكەي[317] ئەپەندىنىڭلا كىتابلىرى بار ئىكەن،
فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ كىتابلىرى يوق ئىكەن، فېڭ جيۇ ئەپەندى-
نىڭ كىتابلىرى خۇددى لۇشۈن ئەپەندى كولۇتىپ بىلەن باستۇرغان
ياغاچ ئويما رەسىملەرگە ئوخشاش خۇسۇسىي باستۇرغان نادىر ئەسەر
بولسا كېرەك، ئۇلارنى كۆرمەي قالغانلىقىمغا ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن
تەۋسىيە قىلالماي قالغانلىقىمغا ناھايىتى خىجىلمەن» دەپ يازغان.
بۇ سۆزلىرى بىر ئاز كالىلماشاڭ. بۇ سۆزىدىن مۇنداق مەنە چىقى-
دىغاندەك تۇرىدۇ: مەن ئۇنىڭ مېنىڭ كىتابلىرىمنى تەۋسىيە قىل-





مىغانلىقىدىن رەنجىپ، «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» نى تەۋسىيە
قىلغانلىقىغا قارشى چىقىپتىمەنۇ، مېنىڭ كىتابىم يوقمىش، شۇن-
داق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ تەۋسىيە قىلمىغانلىقىدىن رەنجىپتىمىش-
مەن. قاراڭ بۇ كۈلكىلىك گەپنى.
مانا بۇ «ئانا تىلى مۇئەللىملىكىدىن ژۇرنال چىقىرىشقا
ئۆتكەن»، ياشلارنى «جۇاڭزى»، «تاللانما»، «مۇھاكىمە ۋە با-
يان»، «مېڭزى»[318] ۋە «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى»
نى ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان شى جېسۇڭ ئەپەندى مېنىڭ «‹تەسىرات-
لىرىم›دىن كېيىن —A» سەرلەۋھىلىك ماقالەمنى ئوقۇغاندىن
كېيىن «ھېچ نەرسە يازماس» بولغان، ئاخىر يازغان ماقالىسى،
«مۇشتلاشچى» لىق قىلىشتىن يالتىيىپ تۇرۇقلۇق، ئاۋۋال باش-
قىلارغا مۇشت ئېتىش ئۇسۇلى. لېكىن، ئۇ «جۇاڭزى» بىلەن
«تاللانما» نى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىكى مۇستەھكەمرەك
ئاساسلىرىنى قىلچىلىكمۇ تىلغا ئالماي، مېنىڭ «ئۆتمۈشتىن تە-
سىراتلىرىم» ۋە «‹تەسىراتلىرىم›دىن كېيىن —A» سەرلەۋھە-
لىك ئىككى پارچە ماقالەمدىكى خاتالىقلارنىمۇ قىلچە كۆرسەتمەي،
پەقەت ئۆكتەملىك، كۆكەرمىلىك، گۇمانخورلۇق قىلغان، ناز
قىلغان، خۇپسەنلىك قىلغان. بىرنەچچە كونا كىتابنىڭ ئىسمىنى
يىرتىپ تاشلىغاندىن كېيىن، «قالدۇق ياش» نىڭ پۇت - قولىمۇ
تۇتۇندەك توزۇپ، ئاخىر ئەسلىي ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلىپ
قالدى: ئۇنىڭ «ئەجنەبىيلەر دىيارىدىكى خۇمسى يىگىت» كە ئايلى-
نىپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ مەلۇم بولۇپ قالدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

[قوشۇمچە]

# تەۋسىيە قىلغۇچىنىڭ مەيدانى

شى جېسۈن

## «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» مۇنازىرىسى

ۋەنچيۇ ئەپەندى:
قەدىرلىك گېزىتىڭلاردا ياشلارغا ئىككى پارچە كونا كى-
تابنى تەۋسىيە قىلغانىدىم؛ بەختىمگە قارشى، فېڭ جيۇ
ئەپەندى ماڭا تەنبىھ بېرىپ، مېنى «قالدۇق ياشلارنىڭ
پۈت - قولى» دەپتۇ. مەن ئۇ تەقسىرنىڭ «ئۆتمۈشتىن
تەسىراتلىرىمدىن كېيىن —A» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغان-
دىن كېيىن «ھېچ نەرسە يازماس» بولغانىدىم، چۈنكى مې-
نىڭ ئويلىشىمچە، ياشلارغا كونا كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋ-
سىيە قىلغاندىن كۆرە، يېڭى كىتابلارنى ئوقۇشنى تەۋسىيە
قىلغاندا ئاممىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
فېڭ جيۇ ئەپەندى ھەر ھالدا ياشلىقنى قولدىن بەرمى-
گەن ئادەم، ياشلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا يارايدۇ. ئۆزۈمگە
كەلسەم، گەرچە ئۆزۈمنى قالدۇق ياش دەپ ئېتىراپ قىلال-
مىسامۇ، لېكىن ياشلىقىم ھەقىقەتەن تۈگەپ قالدى، پۈتۈن
كائىناتنى غازاڭ قاپلىغان ھازىرقى مۇھىتتا ھەتتا فېڭ جيۇ
ئەپەندىنىڭكىدەك يېڭى روھمۇ مېنى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم-
لەرگە خاس ھېس - تۇيغۇغا كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇ-





چۈن، مەن قەدىرلىك گېزىتىڭلارنىڭ بىر بۇرجىكىدىن پايدى-
لىنىپ 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەدىرلىك گېزىتىڭلاردا
ياشلارغا تونۇشتۇرغان كىتاب ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قويماق-
چىمەن. مەن «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما»نى لۇشۈن ئەپەن-
دىنىڭ «سايىۋەن»، «سايىۋەنىنىڭ داۋامى» ۋە «ساختا ئەر-
كىنلىكنامە»لىرىگە ئۆزگەرتىپ قويماقچىمەن، مەن ئويلاي-
مەنكى، لۇشۈن ئەپەندى زامانىمىزدىكى «ئەدەبىيات مۇنبىرى-
نىڭ سەركەردىسى»، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ
جانلىق سۆزلەر بار؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ
ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى-
دە «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما»دىن ئېلىنغان «دۇر، دۇرلەر-
كى» دېگەندەك سۆزلەرمۇ بار ئىكەن. دېمەك، شۇ ئەسەرلى-
رىمۇ ياشلارغا ئوخشاشلا ئۇنۇم بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.
ئەسلىدە فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ بىر - ئىككى ئەسىرىنى
تەۋسىيە قىلماقچىمۇ بولغانىدىم؛ ئەپسۇسكى كىتاب دۇكىنى-
دا فېڭ زىكەي ئەپەندىنىڭلا كىتابلىرى بار ئىكەن. فېڭ
جيۇ ئەپەندىنىڭ كىتابلىرى يوق ئىكەن. فېڭ جيۇ ئەپەندى-
نىڭ كىتابلىرى خۇددى لۇشۈن ئەپەندى كولۇتۇپ بىلەن
باستۇرغان ياغاچ ئويما رەسىملەرگە ئوخشاش خۇسۇسىي باس-
تۇرغان نادىر ئەسەر بولسا كېرەك. ئۇلارنى كۆرمەي قالغاز-
لىقىمغا ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋسىيە قىلالماي قالغاز-
لىقىمغا ناھايىتى خىجىلمەن.
بۇلاردىن باشقا، فېڭ جيۇ ئەپەندىنى قەدىرلىك گېزى-
تىڭلارغىمۇ تونۇشتۇرماقچىمەن، كېيىنكى كۈنلەردە قەدىر-
لىك گېزىتىڭلار مۇبادا پىكىر ئېلىش توغرىسىدا بىرەر پىلان
تۈزۈپ قالسا، فېڭ جيۇ ئەپەندىگە بىرەر نۇسخا پىكىر

سوراش جەدۋىلى ئەۋەتىپ قويسا، بەزى قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر سورىغان پىكىرلەر «قالدۇق ياشلارنىڭ پۇت - قولى» بىلەن ئالاقىدار گەپ - سۆز بولسا، ماڭا ئەۋەتسەڭلارمۇ بولىدۇ.

قەدىرلىك گېزىتىڭلارنىڭ تۇنۇگۇنكى سانىنى كۆرۈپ، سىزنىڭ بۇ مەسىلىنى قەدىرلىك گېزىتىڭلارنىڭ مۇشتەرىلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم. بۇ پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرسىڭىز قانداق؟! مەن دائىم شۇنداق ئويلايمەنكى، ئىككى ئادەم گېزىت يۈزىدە يازماجەڭ قىلىشىپ قالسا، بۇ ئەھۋال گويا چىراغ نۇرى ئاستىدا چېلىشىۋاتقان مۇشتلاشچىلارغا، گېزىت تەھرىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پالاقشىپ يۈرگەن ئورۇق رېپېر (ھۆكۈمچى) گە، كىتابخانلار بولسا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغان پەم - پاراسەتسىز تاماشىچىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئورۇق رېپېر مۇشتلاشچىلارنىڭ تاكى بىرى يىقىلغۇچە مۇشتلىشىشىنى، ohe, Two, Three··· دېگەن تەقدىردىمۇ ئورنىدىن تۇرالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نېرىراقتا ھاسىراپ تۇرغان غالىبىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قېلىن تېرە قاپ كىيىۋالغان قوللىرىنى كۆتۈرگۈزۈپ: «Mr,X win the champion» دەپ توۋلايدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ھازىر، بەختكە قارشى مەن ئۆزۈم ئەنە شۇ ئىككى مۇشتلاشچىنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم، لېكىن ئورۇق رېپېر ۋە تاماشىچىلار ئۈچۈن بۇنداق كۈلكىلىك ئويۇننى ئويناۋېرىشنى خالىمايمەن. سىزنىڭمۇ ئورۇق رېپېر بولماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. جىيۇ ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى «ئەركىن





پاراڭ» غا بېسىلغان ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «تىل ياپلاق، سۆز يۇملاق» دېگەن ماقالىنى كۆرگەندۇرسىز، كىتابخانلارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

شى جېسۇڭ. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

10 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مەشئەل» سەھىپىسىدىن.

# «قۇرۇق مۇشت ئېتىش»قا تۈزىتىش

فېڭ جىيۇ

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى «قۇرۇق مۇشت ئېتىش»نى يېزىش ۋاقتىدا قولۇمدا كىتاب بولمىغانلىقتىن، «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى»گە ئالاقىدار يەرلەرنى پەقەت كۆڭلۈمدە قالغان خاتىرىلەرگىلا ئاساسەن يازغانىدىم. كېيىن، بىرەر خاتالىق بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بىر ئامال بىلەن ئەسلىي كىتابنى تېپىپ تەكشۈرۈپ قارىسام، دەرۋەقە يەن زىتۈي (يەن ھەزرەت — ت) توغرىسىدىكى بايانلارنى خاتالاشتۇرۇپ قويۇپتىمەن. شۇ كىتابنىڭ «بالا تەربىيىسى ھەققىدە» ناملىق پارىسىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىكەن: «چى خاندانلىقىدىكى بىر موللا تۆرە ماڭا دائىم: مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، 17 گە كىردى، كىتاب - نامىلەرنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەپسىرلەرنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭغا شەمبى تىلىنى ۋە ئۇد چېلىشنى ئۆگىتىۋاتىمەن، ئەنە شۇلارنى ئوبدان ئۆگىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەمىر، بەگلىرىمگە خىزمەت قىلسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىگە ياقسا، بۇمۇ كاتتا ئىش دەپ ئويلايمەن، دەيتتى. شۇ چاغلاردا مەن بۇھەقتە بىرەر جاۋاب سۆز قىلغان ئەمەسمەن. مەن ئۇ ئادەمنىڭ بالا تەربىيىلىشىگە ھەيرانمەن. شۇنداق مەشغۇلات بىلەن ۋەزىر، ئەمىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش مۇمكىن بولسىمۇ، سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭلارنى خالىمايمەن.»

چى خاندانلىقىدىكى موللامنىڭ چارىسى چاشقان يىلىدىن





كېيىنكى مەنسەپدار سودىگەرلەرنىڭ، موللا تۆرىلەرنىڭ چارىسى بولۇپ قالغانىدى، شى جېسۈڭ ئەپەندى بولسا چى خاندانلىقىدىكى موللام بىلەن يەن ھەزرەتنى، يەنى بۇ ئىككى تىپنى بىرلەشتۈردى، بۇمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ چارىسى بولۇپ قالدى؛ بۇنى «شىمالىي سۇلالىچە پەزىلەت» دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەنىلا جەمئىيەتتىكى جىددىي مەسىلە.

يەن ھەزرەتكە ناماقۇل بولۇشۇم كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن گۇناھىمنى تىلىشىم - تىلىمەسلىكىمنىڭ كارايىتى يوق. ھازىر بۇ يەردە پەقەت شى ئەپەندى بىلەن كىتابخانلار ئالدىدىلا ئۆز خاتالىقىمغا تۈزىتىش بېرىمەن.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

[قوشۇمچە]

## مۇھاسىرىنى بۆسۈش

شى جېسۈن

(8) فېڭ جىيۇ ئەپەندىگە ھەققەتەن «بىرنەچچە مۇشت» ئاتتىم، بۇ ئەھۋال مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك نادامەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، فېڭ جىيۇ ئەپەندى «قۇرۇق مۇشت ئېتىش»نى يېزىپتۇ؛ ئەمەلىيەتتە «قۇرۇق» ئەمەس، مۇشتنى ماڭا ئاتقان. فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان (ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىدئەتلەرگە رەددىيە بېرىش تەرىپىدە تۇرىدىغان) ماقالىلەر ماڭا ھەر كۈنى

«ھۇجۇم» قىلىۋاتىدۇ، مەن بولسام «بىر ئادەمنىڭ مۇشكۇلچىلىككە قېلىشى» دېگەندەك بىر ھېسسىيات ئىچىدە قالدىم.

لېكىن، «قۇرۇق مۇشت ئېتىش» دېگەن ماقالىدىن فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ ماقالە يېزىش لوگىكىسىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ: «ئىلگىرىكى ماقالەمنى مەخسۇسلا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىپ يازمىغانلىقىمنى ئاللىقاچان ئىزھار قىلغانىدىم» دەپتۇ. لېكىن، ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا بولسا «چۈنكى ئۇنىڭ رەددىيە سۆزلىرى مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ ئۆتەر قۇرۇق بولۇشى مۇمكىن» دېگەن سۆزىمۇ بار ئىكەن. مەخسۇس ماڭا قاراتماپتۇ يۇ، مېنىڭ رەددىيە بېرىدىغانلىقىمنى پەرەز قىپتۇ، بۇنى قانداق يېشىش كېرەك؟

باشقا ئادەمنىڭ «ئەيىب»لىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈممۇ «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» دېگەن كىتابنىڭ دەرۋەقە مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرىگە يازغان خېتىمدە شۇ كىتابلارنى باشقا ئىككى پارچە يېڭى ئەدەبىي كىتابقا ئۆزگەرتىپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم، پاكىت ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق. مەن فېڭ جيۇ ئەپەندى مېنىڭ ئىككى پارچە يېڭى ئەدەبىي كىتابنى تەۋسىيە قىلمىغانلىقىمغا رەنجىپ، «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما»غا قارشى چىقتى، دېمىگەنىدىم، فېڭ جيۇ ئەپەندى بولسا مېنىڭدە شۇنداق نىيەت بار، دەپتۇ. مانا بۇ «كاللىماشاڭ» ئەمەس سۆزمىكەن؟

فېڭ جيۇ ئەپەندى سۆزىنى «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» گىمۇ يۆتكەپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ، مەن ئۆزۈم ئوقۇۋاتقان ئىككى كىتابقىمۇ يۆتكەپتۇ ۋە بۇ ئىككى ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ، «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى»نى تەۋسىيە قىلىش ياشلارنى شەمبى تىلى بىلەن سۆزلەشنى، ئۇد چېلىشنى ئۆگىنىپ، كاتتا ـ ئەزىزلەرگە خىزمەت قىلىشقا





دەۋەت قىلغانلىق بولىدۇ، دەپتۇ؛ مېنى ئۆزى ئۈلگە بولۇپ پەرەڭ كىتابىنى ئوقۇۋاتىدۇ، دەپتۇ؛ يەنە: يەن زىتۈي بولسا «خۇددى رايىش موللىلارغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يەنە بۇدداغا ئىمان كەلتۈرگەن.» شۇنىڭ ئۈچۈن، شى جېسۇڭمۇ سۇترا كىتابىنى ئوقۇۋاتىدۇ، دەپتۇ. فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ شەرھلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ بىر يەردىن چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولىدىكەن ـ ھە!

ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى»دە ھەقىقەتەن كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا سىيانپى تىلىنى، ئۇد چېلىشنى ئۆگىنىش توغرىسىدا تەلىم بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان. لېكىن، شۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا: «سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭلارنى خالىمايمەن» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ؛ دېمەك، يەن زىتۈي بالىلىرىغا چەت ئەل كىتابلىرىنى ئوقۇش توغرىسىدا تەلىم بەرگەن ئەمەس. بۈگۈن فېڭ جيۇ ئەپەندى «تۈزىتىش» بېرىپتۇ، ئۇ بۇ ھېكايىگە تۈزىتىش بەرگەندىن كېيىن، «شى جېسۇن ئەپەندى بولسا چى خانىدانلىقىدىكى موللام بىلەن يەن ھەزرەتنى، يەنى بۇ ئىككى تىپنى بىرلەشتۈردى» دەپتۇ. مەن بۇنى چۈشەنمىدىم. ئەجەبا، مەن شۇ «چى خانىدانلىقىدىكى موللام»نىڭ بىرەر ئەسىرىنى ياشلارغا تونۇشتۇرۇپتىمەنمۇ؟ ئەگەر فېڭ جيۇ ئەپەندىنىڭ بۇ لوگىكىسى «ئۆزى چەت ئەل كىتابىنى ئوقۇغانلىقتىن، باشقىلارغا شەمبى تىلىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلغان»غا ئاساسلانغان بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ گېپىم يوق.

فېڭ جيۇ ئەپەندى رايىش موللىلار ئۈچۈن مۇتتەسىللىك دەۋاسى قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا يەن زىتۈينىڭ بۇددا تەسىرىنى ئالغانلىقىنى شۇنچە

خورلايدۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ «ساكيامۇنى قىسسىسى» دېگەن
كىتابنى ئوقۇغانلىقىمغا شۇنچە قورسىقى كۆپىدۇ؟ بۇ يەردە
تىلغا ئېلىشقا بولىدىغان ئىككى نۇقتا بار: (1) «يەن ھەزرەت-
نىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» دېگەن كىتابنىڭ قىممىتىنى «ئى-
مان كەلتۈرۈش پارىسى» سەۋەبى بىلەن پۈتۈنلەي يوققا چىقى-
رىشقا بولامدۇ؟ ھالبۇكى، يەن ھەزرەت بۇددا دىنىغا مەدەت-
كارلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوپى بولۇپ ئېتىكاپقا
كىرىشنى تەشەببۇس قىلمىغان؛ پەقەت بۇددالار بىلەن رايىش
ئۆلىمالارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تېپىشمەي ئۆتۈشى مۇمكىن
ئىكەنلىكىنىلا تەكىتلىگەن؛ ئۇنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ياخشىلىققا
ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق دېگەن تەلىماتىنى قوبۇل قى-
لىپ، رايىش موللىلارنىڭ پەزىلەت توغرىسىدىكى پەند -
نەسىھەتلىرىنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تولدۇرغانلىقىنى بولسا
ھازىرقى ئادەملەرنىڭ «ئىنجىل» ياكى «قۇرئان» نىڭ سۆز-
لىرىنى نەقىل كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش دەپ ئېيتىش
مۇمكىن. (2) مېنىڭ «بۇددا قىسسىسى» دېگەن كىتابنى
ئوقۇشۇمنىڭ ئەھمىيىتىمۇ «مۇھەممەدنىڭ قىسسىسى»
(«قىسسەسۇلئەنبىيا» — ت) نى ياكى «ئەيسانىڭ قىسسى-
سى» نى ئوقۇغانغا ئوخشاش بىر ئىش، بۇنىڭدا بۇددا دىنىغا
ئىمان كەلتۈرىدىغان نىيىتىم يوق، باشقىلارغا بۇددا دىنىنى
ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىش ھەرىكىتىممۇ يوق. فېڭ جىيۇ
ئەپەندى مېنىڭ ئۇنى ئوقۇغانلىقىمنى «جاھاندارچىلىق قى-
لىش» دەپتۇ، بۇ قالتىس گەپ ئىكەن. مەن جوزا ئۈستىدە
تۇرغان بىر پارچە پالانچى ئەپەندىنىڭ پۇل سەدىقە قىلىپ
باستۇرغان «100 تەمسىل سۇتراسى» نى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇ
ئەپەندىنىمۇ ھەمدىمىم قىلىشقا ئىختىيار قىلدىم.
ئىلگىرى فېڭ جىيۇ ئەپەندىدىن قەغەز يۈزىدە بىرئاز
رەنجىپ يۈرگەن بولساممۇ، لېكىن ھەقىقەتتە ئۇنىڭ ھۆرمى-





تىنى قىلالىتتىم؛ ئۇنىڭ «قۇرۇق مۇشت ئېتىش» دېگەن ماقا-
لىسىگە قارىسام، ئۇ مېنى «ئەجنەبىيلەر دىيارىدىكى خۇمسى
يىگىت» دەپ تىللاپتۇ، ئۇنىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقانلىقى
گويا قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەن «خۇمسى» بولسام-
مۇ، لېكىن ئۆز لايىقىدا قەبىھ ئاۋاز بىلەن جاۋاب ياندۇرغۇ-
دەك دەرىجىدە خۇمسىلاشمايمەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر تەييار
شېئىرنى ئىشلىتەي: «ئويغاندىم 10 يىللىق چۈشتىن ئەدەبى-
يات مۇنبىرىدە، ئېرىشتىم ئەجنەبىيلەر دىيارىدىكى خۇمسى
يىگىت دېگەن ئىسمىگە.» بۇمۇ مەن ئۈچۈن ئاھ - پاھ دەپ
كەتكۈدەك بىر گەپ ئەمەس. لېكىن، فېڭ جىيۇ ئەپەندى
مېنىڭچە، پۇشايمان يېمەي قالمايدۇ. بۈگۈن «قۇرۇق مۇشت
ئېتىش» قا «تۈزىتىش» نى كۆرۈپ شۇنىمۇ ئويلاپ قالدىمكى،
فېڭ جىيۇ ئەپەندى «ئۆكتەملىك، كۆكەرمىلىك، گۇمانخور-
لۇق قىلغان، ناز قىلغان، خۇپسەنلىك قىلغان» دېگەن سۆز-
لىرىنى ئۆزىنىڭ «ئەينەن تەسۋىرى» قىلىپ قالدۇرسا
بولغۇدەك.
(ئىلاۋە) «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىدىكى ئىككى ماۋزۇنى
مەن قويغان ئەمەس، مېنىڭ «مەيدانىم» يوق، مېنىڭ كاسا-
پىتىم بىلەن «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» نىڭ ياقىلىشىپ
قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن.
فېڭ جىيۇ ئەپەندىگە بېرىدىغان جاۋابىم ئەنە شۇ
(27 - كۈنى).

10 - ئاينىڭ 31 - ۋە 11 - ئاينىڭ 1 -
كۈنىدىكى «ئەركىن پاراڭ» دىن.

# «قوشۇمچە ئىشارەت» كە جاۋاب[319]

فېڭ جىيۇ

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى «قۇرۇق مۇشت ئېتىش» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالىنى يازغىنىمدىن كېيىن، «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» دېگەندەك بىرنېمىلەر ئۈستىدە ئەمدى يەنە بىر نەرسە دېمەيلا قوياي دېگەن خىيالغا كەلگەنىدىم. ئەتىسىگىلا «ئەركىن پاراڭ» دا شى جېسۇن ئەپەندىنىڭ «لى ليېۋېن[320] ئەپەندىگە خەت» دەپ يازغان بىرنېمىسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ماقالىسى ماڭىمۇ «قوشۇمچە ئىشارەت» ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچىمەن. چۈنكى، شى ئەپەندىنىڭ ماڭا رەددىيە بەرگەن ئۈچ نۇقتىسى، مېنىڭچە، لىللا گەپ ئەمەس:

(1) شى ئەپەندى: «بەزى يېڭى ياشلاردا كونا ئىدىيە بولۇشى مۇمكىن، بەزى كونا شەكىلدە يېڭى مەزمۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا ئوخشاش «قالدۇق ياشلارنىڭ پۇت - قولى» دىكى كونا ئىدىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەرسىمۇ مەيلى ئىكەن. «جۇاڭزى» غا ئوخشاش كونا ئەسەرلەرنى يازسىمۇ ھېچ گەپ يوق ئىكەن. ئەلۋەتتە، ئەگەر شۇنداق يازىمەن دېسىمۇ «ھېچ گەپ يوق» ، كائىنات ھەرگىزمۇ شۇ سەۋەب بىلەن گۇم بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە، ھازىرقى ياشلارنىڭ جانلىق تىلدا يازماستىن، «جۇاڭزى» نى قارىيلارچە ئوقۇپ، شۇنىڭدىكىدەك يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ ماقالە يېزىشىنىڭ ھېچقانچە ھاجىتى يوق.





مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەرسىمۇ مەيلى دېگەن سۆزگە كەلسەم، شۇنداق بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، لېكىن ئۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشقا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ شى ئەپەندى ياشلارنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى چولتىلىقىنىڭ، سۆز بايلىقى جەھەتتىكى گادايلىقىنىڭ ۋە مېنىڭ «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» نىڭ «مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشى» نى خالىمايۋاتىدىغۇ؟ !

(2) شى ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «ئەربابنى نەزمىي بىلەن تاللاش» تا ۋە ياشلارنى «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» نى ئوقۇشقا دالالەت قىلىشتا «مەجبۇرلاش» ۋە «تۆھپە قىلىش» دېگەن پەرق توغرىسىدىكى سېلىشتۇرمام توغرا ئەمەس ئىكەن. لېكىن، شى ئەپەندى ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرغان چېغىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىدە «جۇاڭزى» چە يېزىش ئۇسۇلى ۋە «تاللانما» چە تىل بايلىقى كۆپ بولغان بولسا شۇنى ئېسىل ماقالە دەپ ھېسابلاپ، مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئەسەرلەرنى ئەلا ئەسەر دەپ تاللىغانمىكىن؟ بۇنى چۈشەنمەيمەن. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا، مېنىڭچە، «ئىمتىھان ئەمەلدارى» بولۇپ قالسا، «ئەربابلارنى» «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» بىلەن تاللايدىغان ئوخشايدۇ.

(3) شى ئەپەندى يەنە لۇشۈننىڭ سۆزىنى تىلغا ئېلىپ، لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا: بىرىنچى، «جۇڭگو كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت ماقالە يازماسلىق بولۇپلا چىقىدۇ»[321] دېگەنىدى، دېمەك، لۇشۈن ماقالە يازالايدىغان بولۇش ئۈچۈن جۇڭگو كىتابلىرىنى كۆپرەك ئوقۇش زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلغان؛ ئىككىنچى، «...... مېنىڭچە، ئەگەر كونا بىلەن شۇغۇللىنىش توغرا كەلسە، ھازىرچە ئىشنىڭ ئېپىنى جاڭ زىدۇڭنىڭ ‹كىتاب توغرىسىدا سوئال - جاۋاب› دېگەن ئەسىرىنىڭ

يازدىمى بىلەن تېپىش تۇزۇك» دېگەن. دېمەك، لۇشۈننىڭ ياشلار-
نىڭ كونا كىتابلارنى ئوقۇشىغا قارشى ئەمەسلىكىنى ئەنە شۇلاردىن
بىلگىلى بولىدۇ، دەپتۇ. شى ئەپەندى بۇ يەردە زامان ۋە ماكانغا
ئېتىبارسىز قارىغان. ئۇنىڭ 1 ـ ماددىدىكى سۆزلەرنى قىلغان
ۋاقتى دەل بىرمۇنچە ئادەم جانلىق تىلدا ماقالە يېزىش ئۈچۈنمۇ
كونا كىتابلارنى ئوقۇماي بولمايدۇ دەپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان ۋاقىت
ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ سۆزلىرىنى ئەنە شۇ ئادەملەرگە قاراتقان.
خوپ، شۇلارنىڭ دېگىنىچىمۇ بولسۇن، شۇنداقتىمۇ ماقالە يازالماي
كونا كىتابلارنى ئوقۇغاندا، بۇنىڭ زىيىنى ماقالە يازالمىغاندىنمۇ
چوڭ بولىدۇ. 2 ـ ماددىسىغا كەلسەم، كونا ئەدەبىياتنى تەتقىق
قىلغۇچى ياشلار بىلەن شى ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى ئوتتۇرىسىدا
ئومۇمەن زور پەرق بارلىقى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. جۇڭگونىڭ
قەدىمكى ئەدەبىياتى تارىخى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولساق،
«پالنامە» ۋە «قەدىمنامە»[322] نى ئوقۇشقا مەجبۇر بولىمىزغۇ؟

ئەمەلىيەتتە، شى ئەپەندى شۇ كىتابلارنىڭ تىزىمىنى يازغاندا
مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدەك ئەستايىدىللىق قىلمىغانلىقىنى يېزىپ-
تۇ، مېنىڭچە مانا بۇ سۆزى راست. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر راست
شۇنداق بىر ياش بۇيرۇققا بىنائەن ناھايىتى ئەجىر قىلىپ ئۆگەن-
گەندىن كېيىن، «جۇاڭزى» چە يېزىقچىلىق ئۇسۇلى،
«تاللانما» چە تىل بايلىقى بىلەن «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مېڭزى»
ۋە «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» دىكى پەزىلەتلەرنى شەرھ-
لەيدىغان ماقالە يازسا، بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بولمامدۇ؟

لېكىن، مەن «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىم» نى ئەستايىدىل ياز-
غان. مېنىڭ مەقسىتىم «ئاممىنى كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش»
ئەمەس، شى ئەپەندىنىڭ «سايىۋەن» نى ۋە «سايىۋەننىڭ داۋامى»
نى، «ساختا ئەركىنلىكنامە» نى تەۋسىيە قىلمىغانلىقىدىن رەنجىش-





مۇ ئەمەس، باشقا «مۇددىئا» يىمۇ يوق، يەنى مەسىلەن، ئوقۇغۇ-
چى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا نومۇرنى ئاز ئالغانلىقىمنىڭ، ئەۋەت-
كەن ماقالىلىرىمنى مۇسادىرە قىلىشىۋالغانلىقىنىڭ، پۇخاسىنى
مۇشۇ باھانە بىلەن چىقىرىۋېلىش «مۇددىئا» يىمۇ يوق.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

[قوشۇمچە]

# لى لىيېۋېن ئەپەندىگە خەت

## — فېڭ جىيۇ ئەپەندىگە قوشۇمچە ئىشارەت

شى جېسۇن

لىيېۋېن ئاغا:

ئۇ كۈنى تراموۋايدا ئالدىراپلا ئۈچرىشىپ قالدىم، «مىنگو — 9» تەھرىراتىنىڭ كىتاب دۇكىنىدىن كۆڭلۈمگە ياققان بىر كىتابنى سېتىۋالماقچىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاڭجىياشا ئىستانسىسىدا چۈشۈپ قالدىم. بىراق، ئۇ كىتابنىڭ باھاسى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن ئالمىدىم. دېمەك، سىز بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمغا ئېچىنىمەن.

«جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» توغرىسىدا ئەمدى ھەرگىز بىر نەرسە دېمەسلىك خىيالىغا كەلدىم. ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدا «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ئەۋەتكەن جەدۋەلنى تولدۇرۇشتا، فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ پىكرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئەستايىدىللىق قىلماپتىمەن. ھەربىر ياش شۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇشى شەرت دەپ يازغان ئەمەسمەن؛ ھەربىر ياش شۇ ئىككى كىتابنىلا ئوقۇشى كېرەك دەپ يازغانمۇ ئەمەسمەن؛ مەندە تەۋسىيە قىلغۇدەك شۇ ئىككى كىتابلا بار دەپ يازغانمۇ ئەمەسمەن. گېزىتنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسىنىڭ مۇ-





ھەررىرى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرەر يېڭىلىق پەيدا قىلسا كېرەك، جەدۋەلنى تولدۇرغۇچىلارنىڭمۇ تولىسى پالانى - پوكۇنى كىتابنى ئوقۇپ كۆرسە بولىدۇ، دەپ ئويلار، دېگەن خىيال بىلەن نېرى - بېرىسىگە قارىماستىنلا تولدۇرۇپ قويغانىدىم. شۇنداق تولدۇرۇشۇمنىڭ مۇشۇنداق چوڭ يېزىق جېدىلىگە زامىن بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە سەھىپىسىنىڭ مۇھەررىرى سۈي ۋەنچيۇ ئەپەندى ئايىغىمغا باش ئۇرغىنى بىلەنمۇ يازماس ئىدىم. بۈگۈن «شاۋقۇن»نىڭ 40 - ساندا ساۋ جۈيرېن ئەپەندىنىڭ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئاخىرىدا: «قېنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ، ياشلارغا بۇ ئىككى كىتابتىن باشقا تېخىمۇ پايدىلىق كىتاب يوقمۇ؟» دېگەن سوئال بار ئىكەن. بۇ سوئال مېنى كۈلەي دېسەم تېخى، يىغلاي دېسەم تېخى، دېگەندەك بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. (ساۋ جۈيرېن ئەپەندى ئۆز خېتىدە ناھايىتى سەمىمىي پوزىتسىيە قوللانغان، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازماقچى، بۇ خېتىم «شاۋقۇن»غا بېسىلىشى مۇمكىن، ئوقۇپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.)

فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ زىتىغا تېگىشنىمۇ خالىمايمەن. بىراق، ئۇنىڭ «ئۆتمۈشتىن تەسىراتلىرىم — A» دېگەن ماقالىسىدىكى باشقا ئۈچ سۆزى توغرىسىدا يەنە بىرئاز پىكرىم بار:

(1) فېڭ جىيۇ ئەپەندى: «بەزى يېڭى ياشلاردا كونا ئىدىيە بولۇشى مۇمكىن، بەزى كونا شەكىلدە يېڭى مەزمۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپتۇ. شۇنداق، يېڭى ياشلاردا كونا ئىدىيە بولسىمۇ بولۇۋېرىدىكەن، ئۇنداق بولسا مەندەك «سارقىندى ياشلارنىڭ قول - پۇتى»نىڭ كونا ئىدىيىسى مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇۋەرسىمۇ مەيلىمىش. كونا شەكىلدە يېڭى مەزمۇن-
نىڭ بولىدىغانلىقىغا كەلسەم، «جۇاڭزى»غا ئوخشاش قەدى-
مىي ئەسەرلەر ئۇسلۇبىدا يازسىمۇ ھېچگەپ يوق، گەپ پەقەت
مەزمۇنىنىڭ قانداق بولۇشىدا.

(2) فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ مېنىڭ
ياشلارغا «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما»نى ئوقۇشنى تەۋسىيە
قىلغانلىقىم بىلەن «ئىمتىھان ئېلىش ئەمەلدارى بولۇپ ئەر-
بابلارنى نەزمە بىلەن تاللاش» نىڭ قانداق چەك - چېگراسى
بارلىقىنى چۈشەنمەپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدا چەك - چېگرا
مانا مەن دەپ تۇرىدۇ. ئالدىنقىسى ياشلارغا تەقدىم قىلغان
شەخسەن پىكرىمدىنلا ئىبارەت، ئۇنى قوبۇل قىلىش - قىل-
ماسلىق ياشلارنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى؛ كېيىنكىسى بولسا پۇ-
تۇن سىنىپ (ئىزاھات: ئەمەلدارلار سىنىپى)غا ۋاكالىتەن
ياشلارنىڭ ھەممىسىنى نەزمە يېزىشقا مەجبۇر قىلىش-
تىن ئىبارەت (ئەگەر شۇ ياش ئەمەلدار بولۇش ئارزۇسىدا
بولمىسىلا.)

(3) لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى «جۇاڭزى» بىلەن
«تاللانما»دىن كەلگەن دېگەن سۆز ھەقىقەتەن كۈلكىلىك
گەپ. مەن بۇنداق گەپنى قىلغان ئەمەس. مېنىڭ ئۆز
ماقالەمدە لۇشۈن ئەپەندىنى مىسال كەلتۈرۈشتىن مەقسىتىم
ياشلارنىڭ قەدىمكى كىتابلاردىن بىرئاز ئەدەبىي مەلۇمات ئې-
لىشىغا قارشى تۇرمايدىغان لۇشۈن ئەپەندىنى ئاز - پاز يار-
دەمگە تەكلىپ قىلىشتىنلا ئىبارەت. لۇشۈن ئەپەندى ياشلارغا
چەت ئەل كىتابلىرىنى كۆپرەك ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىپ
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى چەت ئەل كى-
تابلىرى ئارقىلىق يېڭى ئىدىيىلىك ياشلارنى يېتىشتۈرۈش.
مەندەك ئادەملەرنىڭ ياشلارنىڭ ماقالە يازالايدىغان (ياكى ئە-





دەبىي مەلۇماتلىق بولالايدىغان) لىقى جەھەتتىن غەمگۈزارلىق
قىلىشى نۇقتىسىدىن ئالسام، لۇشۈن ئەپەندى ياشلارنىڭ قە-
دىمكى كىتابلارنى ئوقۇشىغا قارشى چىققان ئەمەس. بۇنىڭغا
ئىككى دەلىل كەلتۈرەي: بىرىنچى، «جۇڭگو كىتابلىرىنى
ئاز ئوقۇش نەتىجىسى پەقەت ماقالە يازالماسلىق بولۇپلا چىقى-
دۇ» («شىمال يېڭىلىقلىرى» نەشر قىلغان «سايىۋەن»گە
قاراڭ). دېمەك، ماقالە يازالايدىغان بولۇش ئۈچۈن، جۇڭگو
كىتابلىرىنى كۆپرەك كۆرۈش لازىم ئىكەنلىكىنى لۇشۈنمۇ
ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى جۇڭگو كىتابلىرى
دېگەن سۆز جانلىق تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان كىتابلارغا قارى-
تىلمىغان بولسا كېرەك. ئىككىنچى، ماڭا دائىم: «ئەدەبى-
يات بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، قايسى كىتابلارنى ئوقۇش
كېرەك؟ دېگەن سوئاللار قويۇلۇپ قالىدۇ ··· مېنىڭچە، كو-
نىسى بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەيدىغان بولسا، بۇنىڭ ئېپىنى
ھازىرچە جاڭ زىدۇڭنىڭ ‹كىتابلار توغرىسىدا سوئال - جا-
ۋاب›، دېگەن ئەسىردىن تاپقان تۈزۈك»، («شىمال
يېڭىلىقلىرى» نەشر قىلغان «خالاس» قا قاراڭ).

ئەمدى «بەس» قىلاي. مەن «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى
قوشۇمچە سەھىپىسىنىڭ مۇھەررىرىگە بىر پارچە خەت يې-
زىپ، شۇ خېتىمدە فېڭ جىيۇ ئەپەندىنىڭ ياخشى نىيىتىنى
قەدىرلەش ئۈچۈن، ياشلارغا تونۇشتۇرغان ئىككى كىتابنى
يەڭگۈشلەپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەنىدىم،
ساۋجۈيرېن ئەپەندىگە بىر پارچە خەتمۇ يازماقچىمەن، بۇنىڭ-
دىن باشقا، «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» توغرىسىدا يەنە باشقا
سۆزۈم يوق. «ئەركىن پاراڭ» تېمىسىدا بىرنەچچە قېتىم
يازما جېدەلنى كۆرۈپ: ھەر قېتىمقى جېدەل قورساق كۆپۈ-
كىنى ئاۋۇتۇپ، ئەسلىي تېمىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ

كېتىپتۇ، ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا شۇ جېدەلگە قاتناشقانلارنىڭ مۇددىئاسىدىمۇ گۇمان بار، ئۆزۈمنى بۇ قايىنامغا ئىختىيارسىز كىرگۈزۈپ قويماي، دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمدى يەنە بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆز قىلمايمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام مۇنداق تەييار بۇددا نەقىللىرى ئۇچراپ قالدى:

بۇندىمۇ بار بىر ئەيىب.
ئۇندىمۇ بار بىر ئەيىب؛
تەگمىسەڭ شۇ ئەيىبنى،
كېتەر سەئدىن يىراق ئەيىب.

يۆگىمەچ ھۆسنخەت يازالايدىغانلار بولسا ئىدى، تامغا ئېسىپ قويۇشۇم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماڭا ھۆسنخەت يېزىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم.

شى جېسۇڭ (19 ـ كۈنى).
10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى «شىنباۋ.
ئەركىن پاراڭ» دىن





# جۇڭگو يېزىقى ۋە جۇڭگو ئادىمى(323)

يۈ مىڭ

يېقىندا ناھايىتى ياخشى بىر تەرجىمە ئەسەر — گاۋ بېرنخارد(324) (Bernhard Karlgren) يازغان «جۇڭگو تىلى ۋە جۇڭگو يېزىقى» ناملىق ئەسەر نەشر قىلىندى. گاۋ بېرنخارد ئەپەندى شۋېتسىيىلىك بولۇپ، ئەسلىي فامىلىسى كارلگرېن (Karlgren). ئۇ نېمىشقا «مۇبارەك فامىلە» سىنى «گاۋ» قىلىۋالغان؟ شەكسىزكى، ئۇ جۇڭگولىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ تىلشۇناسلىقى جەھەتتە ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ تۆھپىسى بار.

لېكىن، ئۇ جۇڭگو ئادەملىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك تەتقىق قىلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىتابىي تىلغا، جۇڭگو يېزىقىغا، جۇڭگو ئادەملىرى ئۈچۈن زۆرۈر، دەپ ناھايىتى چوقۇنغان.

ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«يېقىندىن بۇيان — گاۋ ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى 1923 ـ يىلى لوندۇندا نەشر قىلىنغان — مەلۇم بىرنەچچە گېزىت جانلىق تىلنى قوللىنىپ كۆرگەنىدى، لېكىن ھېچقانچە كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مۇشتەرىلەرنىڭ چىشىغىمۇ تېگىپ قويغان بولۇشى، ئۇ مۇشتەرىلەر، مۇنداق جانلىق تىلنى قوللانغانلىقى بىزگە كىتابىي تىلدا چىقىدىغان گېزىتنى ئوقۇيالمايدۇ دەپ تەنە قىلغانلىقى، دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى

ئېھتىمال.»

«غەرب دۆلەتلىرىدە شۇنداق ئارتىسلار باركى، ئۇلار رولغا چىققاندا ھەر قاچان بەزى ‹قىزىقچىلىق› لارنى ئۆز رولىغا ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ؛ بەزى ئاپتورلارمۇ بەزى ئورۇنسىز نەقىللەرنى كەلتۈرىدۇ؛ لېكىن بۇنى ھەممە ئادەم رەزىل قىلىق، دەپ قارايدۇ. جۇڭگودا بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنداق قىلىقلار ئېسىل پاساھەتنى ۋە يۇكسەك ماھارەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.»

جۇڭگو يېزىقىنىڭ «مۇجمەل يەرلىرى بار، جۇڭگو ئادەملىرى بۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىق ھېس قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى خالايدۇ.»

بىراق، گاۋ ئەپەندىنىڭ ئۆزى بولسا مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن بۇرۇندىن بۇلاق بولغۇدەك دەرىجىدە خورلانغان: «بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى قەدىرلىك جۇڭگو ئادەملىرى بىلەن سۆزلەشسە، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنەلەيدۇ؛ لېكىن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىپ قالسا، ئاپتور ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر ئېغىزىنىمۇ دېگۈدەك چۈشەنمەيدۇ.» بۇ، تەبىئىيكى، «قەدىرلىك جۇڭگو ئادەملىرى» نىڭ ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكى جامائەتنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىغا «تەنە» قىلغانلىقى. چۈنكى، «چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن بىرئاز دىققەتلا قىلسا شۇنى ھېس قىلىدۇكى، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلسىمۇ، يۇقىرى تەبىقىدىكى جامائەتنىڭ سۆھبەتلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ: «جۇڭگو يېزىقى گۈزەل، مېھرى ئىسسىق ئەزىز ئايالغا، غەرب يېزىقى كارغا يارايدىغان ۋە لېكىن سەت - پەس چۆرىگە ئوخشايدۇ» دېگەن.

گۈزەل، مېھرى ئىسسىق ۋە لېكىن كارغا كەلمەيدىغان ئەزىز





ئايالنىڭ «يۇكسەك ماھارىتى» ئۇنىڭ «قىستۇرما قىزىقچىلىقى» نىڭ مۇجمەللىكىدە. بۇ ئەھۋال غەربنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئالىملىرىنى ناھايىتى كۆپ بولسا جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى ئادەملىرىگىلا تەڭ كېلەلەيدىغان، يۇقىرى تەبىقە جامائىتى قاتارىغا قوشۇلۇشنى خىيال ئەيلىمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دېمەك، بىز «مەندۋى غەلىبە قىلىمىز». بۇ غەلىبىنى ساقلاش ئۈچۈن يۇكسەك، پاساھەتلىك لۇغەت بايلىقىمىز بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول بولۇشى كېرەك! «4 - ماي» دىكى جانلىق تىل ھەرىكىتى ئومۇمەن يۇقىرى تەبىقە جامائىتىنىڭ بىزنى كىتابىي تىلنى بىلمەيدۇ دەپ تەنە قىلىشارمىكىن دەپ «ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن» ھېچقانچە كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

«ئۇنىڭدىمۇ بىر ئەيىب، بۇنىڭدىمۇ بىر ئەيىب[325]» بولسىمۇ، بىزنىڭ ھەر ھالدا مۇجمەلرەك بولغىنىمىز ياخشى. ئۇنداق قىلمىساق، ئەكسىچە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالىمىز.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى[326]

يۇمىڭ

پېقىندا ئېنتايىن پايدىلىق بىر نۇتۇق سۆزلىنىپتۇ، خاگېنبېك سىركچىلەر ئۆمىكىنىڭ دىرېكتورى شۆپد جۇڭخۇا سەنئەت ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتى بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە بىزنىڭكىلەرگە «ھايۋانلارنى قانداق كۆندۈرۈش كېرەك؟»[327] لىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەپسۇسكى، مەن بىۋاسىتە ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم، پەقەت گېزىتكە چىققان ئازغىنە خاتىرىنى كۆردۈم. لېكىن شۇ ئازغىنە خاتىرىدە ھېكمەتلىك سۆزلەر يەتكۈچە بارئىكەن.

«بەزىلەر ياۋايى ھايۋانلارغا زورلۇق كۈچ بىلەن، مۇشت بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى بېسىم بىلەن بويسۇندۇرۇش لازىم، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق قىلىش خاتا، چۈنكى بۇ ئۆتمۈشتىكى ياۋايى ئادەملەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا قوللانغان ئۇسۇلى، ھازىرقى كۆندۈرۈش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ.»

«ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل ھايۋانلارنى مېھرىبانلىق كۈچى ئارقىلىق ئادەملەرگە ئىشىنىدىغان قىلىش، ئۇلارنى مېھرىبانلىق كۈچى، يۇمشاق كۆڭۈل بىلەن تەسىرلەندۈرۈش ...»





بۇ بىر گېرماننىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئەۋلىيايىمىزنىڭ كونا پەند - نەسىھەتلىرىگىمۇ ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. زورلۇق كۈچ بىلەن، مۇشت بىلەن تاقابىل تۇرۇش «زالىملىق» بولارمىش، ھالبۇكى «زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇلغانلار كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ»[328] مىش، شۇڭا مەدەنىي ئادەملەر «ئادىللىق»نى قوللىنىپ «ئىشەنچ»كە مۇيەسسەر بولۇشى لازىم ئىمىش: «خەلق ئىشەنمىسە، دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماس»[329] مىش.

لېكىن، «ئىشەندۈرگەن»دىن كېيىن ياۋايى ھايۋاننى ئۇيۇنغا سېلىشى لازىم ئىكەن.

«كۆندۈرگۈچى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى كۆندۈرۈشكە كىرىشسە بولىدۇ: ئاۋۋال ئۇلارغا زوڭ ئولتۇرىدىغان، ئۆرە تۇرىدىغان جايىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سەكرەش، ئىككى پۇتلىنىپ تۇرۇشقا ئۆگىتىلسە... بولىدۇ».

ھايۋان كۆندۈرۈش ئۇسۇلى يۇقىرانى باشقۇرۇشقا باب كېلىدۇ. شۇ ۋەجدىن قەدىمكى كىشىلىرىمىز خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى چوڭ ئەربابلارنى «چوپان»[330] دەپمۇ ئاتىغان. ئەمما، «چوپان»نىڭ «باشقۇر»غىنى ياۋايى ھايۋانلاردىن زەئىپ بولغان قوي - كالا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ «ئىشەنچى»گە ئىگە بولۇشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى بولمايدۇ، مۇشت ئىشلەتسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، سەلتەنەت تاجىنى تاقىۋالغان «نوپۇز» ئەنە شۇ.

«نوپۇز» بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ «سەكرىشى، ئىككى پۇتلىنىپ ئۆرە تۇرۇشى» كۆپايە قىلمايدۇ، ئاخىر موينىنى، مۈڭگۈزىنى، قان - گۆشلىرىنى تۆھپە قىلماي، ھېچبول-

مىغاندا ھەر كۈنى سۈتىنى — كالا سۈتى، قوي سۈتى دېگەنلەرنى بەرمەي ئىلاجى يوق.

ئەمما، بۇ كونا زاماندىكى گەپلەر ئىدى، ئۇنىڭ ھازىرقى زامانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئاڭلىشىمچە، شۈبھە تۇتقىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىردا قىزىق ئويۇن - تاماشىلار، مەسىلەن، «شەرق نەغمىسى» ۋە «تەپكۈچ تېپىش»كە ئوخشاش ئويۇنلار[331] بولغانمىش. گېزىتتە بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىزھار قىلىنمىغاچقا ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلگىلى بولمىدى. بىلىۋالغان بولساق، بۇنىڭمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتى بولغان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى





# كۆشەش[332]

يۈەن گېن

بەزى گېزىت - ژۇرناللار «جۇاڭزى» ۋە «تاللانما» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرىدە بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش - قىلماسلىق لازىملىقىنى بىۋاسىتە تىلغا ئالماي، مۇھاكىمىنى باشقا تەرەپكە تارتىپ كەتتى. ئۇلار «تاللانما»غا قارشى چىققان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئۇسلۇبتا ئەسەر يازغانلىقىنى، قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى زاڭلىق قىلىشماقتا.

قاراڭلار ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى! ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى «ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» بولسا كېرەك. كەچۈرۈڭلار، بۇ يەردە يەنە «قەدىمىي كىتاب» سۆزىنى تىلغا ئېلىپ سالدىم!

تۈرمىگە چۈشۈپ باقمىغان ئادەم تۈرمىنىڭ تېگى - پېيىنى نەدىن بىلسۇن؟! كاتتا ئادەملەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرگەن ئادەملەر ياكى ئىلگىرى كاتتا بولۇپ ئۆتكەن ئادەملەر ئاۋۋال تېلېفون بېرىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئېكسكۇرسىيىگە بارسا، ئۇلار گۈندىپايلارنىڭ ناھايىتى سىلىق مۇئامىلىلىك ئىكەنلىكىنىلا، گۇناھكارلارنىڭ ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەركىن گەپلىشىپ يۈرەلەيدىغانلىقىنىلا[333] كۆرىدۇ. ئەھۋالنى تەپسىلىي بىلىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرى گۈندىپاي بولغانلىقىدا ياكى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن گۇناھكار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تەبىئىيكى، بۇنداق ئادەمدە يامان ئادەتمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرىپ

قالماسلىق توغرىسىدا باشقا ئادەملەرگە بېرىدىغان مەسلىھەتلىرى بەزىبىر مەشھۇر ئەربابلارنىڭ، ئۆلگىلىك تۇرمىدە تەلىم - تەربىيە ۋە سەھىيە جاھازلىرى تولىمۇ مۇكەممەل، تۇرمە كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيىدىن كۆپ ياخشى، دېگەندەك سۆزلىرىدىنمۇ ئىشىنەرلىك بولىدۇ.

لېكىن، ئاڭلىشىمچە، تۇرمە خۇيى بار ئادەم تۇرمىنى يامان دەپ ئېيتمايدىكەن؛ ئۇلار: گۇندىپايلارمۇ، گۇناھكارلارمۇ يامان ئادەم، ئۇنداق يامان ئادەملەردىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ، ياخشى ئادەملەرلا تۇرمىنى ياخشى دەيدۇ، ئەنە شۇنداق گەپ ياخشى گەپ ھېسابلىنىدۇ، دەيدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «تاللانما»نى ئوقۇغان تۇرۇقلۇق ئۇنى يارىمايدۇ دېگەندىن كۆرە، «تاللانما»نى ئوقۇماي تۇرۇپ، ئۇنى يارايدۇ دېگەن سۆز قۇلاققا ياقارمىش. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «تاللانماغا قارشى» تۇرغۇچىلارغا قارشى جانابلارنىڭ تولىسى تەبىئىيكى، ئۇنى ئوقۇغان، لېكىن ئوقۇمىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرەي — «جۇاڭزى» نى بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئوقۇغانىدىم، لېكىن ئۇ چاغدا تولۇق چۈشەنمىگەنىدىم ··· «تاللانما» نى بولسا زادىلا كۆرمىگەن. لېكىن، بۇ سۆزنى قىلغان كىشى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «داستىكى سۇ مەينەت بولۇپ كەتسە، شۇ داستا يۇيۇلغان ئارزۇلۇق بالىنىمۇ سۇ بىلەن بىللە تۆكۈپ تاشلاش كېرەك، دېگەن سۆزگە بىز قوشۇلالمايمىز.» [334] دەپتۇ («مەشئەل»گە قاراڭ)، دېمەك، ئۇ سۇدىكى «ئارزۇلۇق بالا»نى ئاسراپ يۇيۇندۇرىدىكەنۇ، «داستىكى سۇ»نى كۆرمىگەنمىش.

«4 - ماي» ھەرىكىتى ۋاقتىدا، كىتابىي تىلنى ئاسراپ قوغدىغۇچىلار جانلىق تىل ئۇسلۇبىدا ئەسەر يازىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كىتابىي تىل ئۇسلۇبىدا ئەسەر يازالايدۇ؛ دېمەك، قەدىمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇش كېرەك، دېگەنىدى.





مانا ئەمدى قەدىمكى كىتابلارنى ئاسراپ قوغدىغۇچىلار قەدىمكى كىتابلارغا قارشى تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇۋاتىدۇ، كىتابىي تىل ئۇسلۇبىدا يېزىۋاتىدۇ، دەۋاتىدۇ. قاراڭلار ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنىڭ كۈلكىلىكلىكىنى! ئۇلار ھەرقاچان قارىندىكىنى ئاغزىغا ياندۇرۇپ كۆشەيدۇ، لېكىن كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسمايدۇ، بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار «جۇاڭزى»نى ھەقىقەتەن ئوقۇپ ئىچىۋالغان بولسا كېرەك.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

# ئىنساپىغا كېلىش(335)

لوفۇ

ئەجنەبىيلەر دىيارىدا(336)، قىرىشىپ قالغان ئاياللارغا كىسلاتا چاچىدىغان ئەھۋاللار ئاللىقاچان يوقالدى. قىرىشىپ قالغان ئادۋوكاتلارغا پاسكىنا بىر نەرسىلەرنى ئاتىدىغان ئادەتمۇ پەقەت ئىككى ئاي داۋام قىلدى. ھەممىدىن ئۇزۇن داۋام قىلغىنى — ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئەدىبلەرگە پىتنە - ئىغۋا بىلەن پەشۋا بېرىش. بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بوپتۇ؛ مېنىڭچە، بۇ ئەھۋال ئازايسا ئازىيىدىكىن، كۆپەيمەيدۇ.

ئەجنەبىيلەر دىيارىدا بىكار تەلەپلەر ئاز ئەمەس، «ئاق نانچى» لار قورساق بېقىش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا تېخى بەزى چاغلاردا ماجاڭمۇ ئوينىيالايدۇ. چوكان - جوۋانلارنىڭ ئۇششاق سۆزلىرىمۇ ئىچ پۇشۇقنى چىقىرالايدۇ. مەن بولسام پىتنىخور ژۇرناللارنى كۆپ كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى؛ لېكىن مېنىڭ كۆرىدىغىنىم ئۇلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى ئەمەس، پىتنىخور يازغۇچىلارنىڭ ھۈنەرلىرى. ئۇلارنىڭ قانداق غەلىتە شېرىن خىياللارنى قىلىدىغانلىقىنى، قانداق قاملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدىغانلىقىنى، قانداق ئىچى قوتۇرلۇق بىلەن تۇزاق قۇرىدىغانلىقىنى، ئەسلى قىياپىتىنى قانداق يوشۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقىمەن. پىتنە - ئىغۋا قىلىش ئۈچۈنمۇ قابىلىيەت كېرەك؛ ئەگەر پىتنە - ئىغۋانى ئۇستىلىق بىلەن قىلغان بولسا، شۇنداق پىتنە - ئىغۋالىرى مېنىڭ ئۇستۇمدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇستىلىقى ماڭا ياراپ قېلىشى





مۇمكىن.

بىراق، ئۇلارنىڭ تولىسىدا شۇنداق قابىلىيەتنىڭ يوقلۇقىغا ئېچىنىمەن، ئاپتورلارنىڭ پىتنە - ئىغۋا ئەدەبىياتىدىمۇ «سانى بار، ساپاسى يوق.» بۇ مېنىڭ شەخسىي قارىشىم ئەمەس، ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ھېكايىلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان رومانلارنىڭ سورمەس بولۇپ قالغانلىقى، تاشقى تارىخ - پاشقى تارىخ دېگەندەك بىرنېمىلەرنىڭ يېزىلماس بولۇپ قالغانلىقى(337) كىشىلەرنىڭ ئاللىقاچان باش چايقىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياققا ئۆتۈپمۇ شۇ بىر نەرسىنى، بۇ ياققا ئۆتۈپمۇ شۇ بىر نەرسىنى سۆزلەۋەرسە، كىشىنىڭ ئېسى بۇزۇلىدۇ، ئاڭلاۋەرسىمۇ قۇلىقى يادايدۇ. داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قابىلىيەت كېرەك؛ قابىلىيەت بولمىسا ئاڭلىغۇچى جامائەت تارقىلىپ كېتىدۇ، ئۇ ھالدا باشقا بىر يېڭى ئويۇننى قويۇش توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن، ئىلگىرى «بالىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ جازاسى»(338) دېگەن ئويۇننى قويغان بولسا، ئەمدى «سەنئىياڭ ئانىنىڭ بالا تەربىيىلىشى»(339) نى قويۇشى كېرەك. «ھەي ي ي، خوجايىنىمەي! ھەي!»

لېكىن، ئەدەبىيات سەھنىسىمۇ، خۇددى چاڭچىلە - تىياتىر سەھنىسىگە ئوخشاش، بارا - بارا «ئىنساپىغا كېلىپ» قاپتۇ، بەزىلىرى ھەتتا «ئىلگىرى يازغۇچىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويدۇق، بۇنداق ئىشلار ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شېرىن پاراڭ بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سادىق، ئىنساپلىق ئادەملەرنىڭ زىتىغا تېگىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىز ئۇنداق ماقالىلەرنى باسمايدۇ... گەپنى باشتا ئېيتىپ قويدۇق،...... جاۋابكار بولمايمىز» («ئۇششاق پاراڭ»(340) غا قاراڭ) دەپ ئۆزلۈكىدىن بايانات چىقىرىپ، ئىش بېجىرگۈچى ئادەملىرىنىمۇ يەڭگۈشلەپتۇ. «سادىق، ئىنساپلىق ئادەملەر» نى دەپ «شېرىن پاراڭ» لارنى قۇر-

بان قىلغانلىقى ئېچىنارلىق بولسىمۇ، لېكىن ھۆرمەتكە لايىق ئىش.

تېخىمۇ ھۆرمەتكە لايىق بولغىنى — ئىش بېجىرگۈچى ئادەملىرىنى يەڭگۈشلىگەنلىكى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «جاۋابكار بولمايمىز» دېگىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇزۇل - كېسىللىكى ھۆرمەتكە لايىق بىر ئىش. بۇرۇنقى زاماندا «جاللاتلىق قىلىچىنى تاشلاپ سوپى بولغان» ئادەملەر بار ئىكەن، لېكىن «ئامباللىق تامغىسىنى تاشلاپ ئايەت ئوقۇغان» ئەمما ئاخىر يەنە «ئايەتنى تاشلاپ قويۇپ، ئامبال بولغان» ئادەملەرمۇ بولغانىكەن. بۇنداق رەڭۋازلىقلار ھەقىقەتەن خەلقئالەمنى ئىش قىلماقنىڭ بىرئاز تەس بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بىراق، تېخىمۇ تەس بولغىنى شۇكى، ساداقەت، ئىنساپ ئەدەبىياتى كىتابخانىلارنى پىتنە - ئىغۋا ئەدەبىياتىدەك جەلپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ زور قابىلىيەتلىك يازغۇچىلار كېرەك بولۇپ قالدى، ئەگەر ئۇنداق يازغۇچىلار دەرھال تېپىلمىسا، ژۇرنالنىڭ بازىرى كاسات. مېنىڭچە، ئەمدى ئىلگىرىكى قىزىقچىلارنىڭ ئېڭىكىگە ئۇزۇن ساقال تاقاپ، ئۇلارنى مويسىپىت چاللارنىڭ رولىغا چىقىرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا بىردەملىك بولسىمۇ ئالاھىدىرەك قىزىقارلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

**قوشۇمچە ئىلاۋە:**

بۇ ماقالە مەتبۇئات يۈزىگە چىقالمىدى.

ئىككىنچى يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى





# تېپىلماس كالۋالىق(341)

زى مىڭ

كىمدۇر بىرى يۈگمەچ خەتنى تىلغا ئالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جېڭ بەنچياۋ(342) نىڭ «تېپىلماس كالۋا» دېگەن سۆز ئويۇلغان تامغىسى ئېسىمگە چۈشتى. پۇت - قوللىرى يۈگمەچ بولۇپ گىرەلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە ئويۇلغان بۇ خەتلەر مەشھۇر ئەربابنىڭ خاپىلىقىنى بىرئاز ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، ياغاچ ئويمىچىلىق بىلەن «مەشغۇل» بولۇشنىڭ «پەقەت شەخسىي ئىش» بولۇشى ناتايىن بولغىنىدەك، «نائەھلى»، «شۇم — بەتبەخت» دېگەن سۆزلەرنى يۈگەپ يازغاندا «شۇم» لۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغاندەك، يۈگمەچ ھەرپ بىلەن تامغا ئويۇشمۇ مەلۇم بىر خىل ئۇسلۇبنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن.

لېكىن، ئۇسلۇب، مىجەز، خاھىش دېگەندەك بىرنېمىلەر ئادەمگە بېقىپ پەرقلىق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، ئەھۋالغا، زامانغا بېقىپمۇ پەرقلىق بولىدۇ. جېڭ بەنچياۋ «تېپىلماس كالۋا» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كالۋالىقى يوق ئەمەس. ھازىر «مەنسەپ تەمە قىلىپ مەنسەپكە ئېرىشەلمەسلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەس؛ دەرۋىش بولمەن دەپ ماكان تاپالماسلىق جاھاندا ھەممىدىن ئېچىنىشلىقتۇر»(343) دېگەندەك زامان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كالۋالىق قىلىمەن دېگەن بىلەنمۇ كالۋالىق قىلىش تەس.

كالۋالىق، ھەق - ناھەققە پەرۋا قىلماسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخ-

شاشلار ئەسلىدە جۇڭگولۇقنىڭ ئىسىل پەزىلىتى. ئۇلارنى غەمدىن خالاس بولغان، كەڭ قورساقلىق قىلغان دېسەك، ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇلار كاجلىق قىلىپ، قانداقتۇر بىرنېمىلەرگە، مەسىلەن، پەزىلەت جەھەتتىكى مۇتتەسىللىككە، ئەدەبىيات جەھەتتىكى توغرا مەزھەپلەرگە جاھىللىق بىلەن چاپلىشىۋالىدۇ. بۇ يەردە گەپنى ئېچىۋېتەي: ئۇلار پەزىلەت جەھەتتە كۇڭزى بىلەن مېڭزىغا «بۇددا موللىلىرىنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق تەلىماتى» نى قوشۇۋېلىش (لاۋزى، جۇاڭزى تەلىماتلىرىنى باشقا دەپتەرگە قەيت قىلىنىش) نى تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى «پەسلەشتۇرگەن» لىكىنى «كۇڭزىچى رايىشلار بىلەن مۇتتەسىللىك تالاشماقچى» دەيدۇ. دېمەك، ساۋاپداشلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ دىنىنىڭ مەنبەسى بىر دېگەن تەلىماتىنى ئاللىقاچان مۇتتەسىل ئەنئەنە قىلىۋالغان ئەدەبىياتتىچۇ؟ ئۇلار «يېڭى ئەدەبىيات بىلەن كونا ئەدەبىياتنىڭ پەرقىنى ئىنكار قىلغان» بولسىمۇ، كىشىلەر تونۇمايدىغان خەت، چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان پاخپاق ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇلارنى يېڭى ئەدەبىي ئەسەر قىلىۋالىدۇ؛ ئاممىۋى ئەدەبىياتنى «ماقۇل كۆرىدۇ» يۇ، «لېكىن ئۇ بولسا ئەدەبىياتنىڭ بىر تارمىقى» [344] دەيدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇتتەسىل ۋە ئەنئەنىۋى ئەقىدىسى روشەن.

ئۇلار ھاياتتىن زېرىكىش مەسىلىسىدە كالۋالىق قىلمايدۇ! جانلىق تۇرمۇش شۇنداق «خۇنۇك» لەشكەنىكەن، ياشلارنى «بۇددا موللىلىرىنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق تەلىماتى» دىن، «تاللانما»، «جۇاڭزى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان» لاردىن، «مېڭزى» دىن تەلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كېيىن تەلىم ئېلىش دېگەن گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، سۆز بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ. «تەبىئىي مەنزىرە، ئادەملەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى،





ئوردا - ساراي قۇرۇلۇشى...... قاتارلىق جەھەتلەردە ‹تاللانما› غا ئوخشاش كىتابلاردىن سۆز تېپىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ» [345] دەيدۇ. يەنجىداۋ ئىلگىرى قايسىبىر كونا كىتابتىن — بەلكىم «جۇاڭزى» بولسا كېرەك — «ئاۋنو» [346] دېگەن ئىككى ھەرپنى تېپىپ، unit دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى ئورنىدا ئىشلەتكەنىكەن، ئۇنىڭدىن ھەم قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇرىدىكەن، ھەم ئاھاڭىمۇ، مەنىسىمۇ ئەسلىدىن يىراق كەتمەيدىكەن. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ سۆزنىڭ ئورنىغا «بىرلىك» دېگەن سۆز ئومۇملاشتى. يەنجىداۋ ئەپەندىنىڭ ئۇنداق «سۆز» لىرى خېلى كۆپ، ئۇ سۆزلەر ئەمدى قايتا تىرىلەلمىسە كېرەك. بىراق، ھازىر، بەزىلەر «خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئىبارىلەر [347]، چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى خەتلەر، غەرب مەدەنىيىتىدىن كەلگەن سۆز ۋە ئىبارىلەر بىزنىڭ پارلاق يېڭى ئەدەبىياتىمىزنى تەركىبلەندۈرەلىشى مۇمكىن» دەپ قارىماقتا. شۇ «پارلاق» لىق ئەگەر سۆز ۋە ئىبارىلەردىلا بولىدىغان بولسا، خۇددى قەدىمكى قەبرىلەردىكى ئېسىل ئاياللارنىڭكىدەك، پۈتۈنلەي گۆھەر تۇسىگە كىرىپ قالمىغىيدى؟! ھاياتلىق ياماپ - قۇراشتۇرۇش بىلەن ئەمەس، ئىجاد قىلىش بىلەن داۋام قىلىدۇ، مىليونلىغان تىرىك ئادەم ئىجاد قىلماقتا. ئەپسۇسكى، ھايات مالىمانچىلىق، قاتىلاڭچىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە، بەزى ئادەملەرنى «سۆز - چۆچەكتىن قۇتۇلۇش» ئۈچۈن ھەرپ ۋە ئىبارىلەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالاي دېسە، «باش تىققۇدەك ئورۇن يوق» ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. ئۇلار ئەمدى يۆگىمەچ خەتلىك تامغا ئويۇۋالسۇن!

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# قەدىمكى كىتابلاردىن جانلىق سۆز تېپىش[348]

لو فۇ

قەدىمكى كىتابلاردىن جانلىق سۆز تېپىش — بۇنى ئېغىزدا ئېيتىش مۇمكىن، ئەمەلدە مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق گەپنى قىلغۇچىلار قەدىمكى كىتابلاردىن بىرەرمۇ جانلىق سۆز تاپالمايدۇ.

بۇ يەردە ‹ «تاللانما»نى ئوقۇسا بولىدىغان ياش ›لار بولسۇن، يەنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن بىرنەچچىسى بولسۇن، دەپ تۇرايلى، ئۇلار «تاللانما»دىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، جانلىق سۆز تاپىمەن دەپ «تاللانما»نى ئوقۇسۇن. ئۇلار قايسى سۆز جانلىق، قايسى سۆز ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى قانداق ئايرىۋالىدۇ؟ بۇ جەھەتتە پەقەت ئۆزىنىڭ شۇ سۆزلەرنى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىنىلا ئۆلچەم قىلىشى ئېھتىمال. لېكىن، ئالتە ئەرباب شەرھلىگەندىن[349] كېيىن ئوقۇپ چۈشىنەلىگەن سۆزلەرنى بۇ قاتارغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ سۆزلەر ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ، ئالتە ئەرباب ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە كىرگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن جان كىرىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە تىرىلگەن، شۇنداق بولسىمۇ ‹ «تاللانما»نى ئوقۇسا بولىدىغان ياش ›لار قاتارىغا كىرمەيدىغانلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئۆلۈك بىر نەرسە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار جانلىق تىل ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشى كېرەك.

دۇرۇس، شەرھلىرىنى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ چۈشەنگىلى بولىد-





ىغانلىرىمۇ بار، بۇنداق سۆزلەر جانلىق سۆزلەردىن ئىبارەت. لېكىن، ئۇلار بۇ سۆزلەرنى شەرھلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ قانداق چۈشەنگەن؟ ئۇلار شۇ سۆزلەرنى باشقا كىتابلاردىن كۆرگەن ياكى ھازىرمۇ ئىشلىتىپ يۈرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشىنەلەيدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا «تاللانما»دىن تاپقىنى نېمە؟

شى ئەپەندى ئوردا - سارايلارنى تەسۋىرلەشتە كېرەك بولىدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭدا گەپ يوق. «تاللانما»دا ساراي - ئوردا توغرىسىدا بىرمۇنچە بېيىت بار، ھەتتا مەلۇم ساراي - ئايۋان توغرىسىدا مەخسۇس نەزمىمۇ بار. ئەگەر بىرەر ياش خەن، جىن سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ھېكايە يازماقچى، شۇ چاغلاردىكى ئوردا - سارايلارنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، «تاللانما»دىن سۆز تېپىشى زۆرۈر، «تۆت تارىخ»، «جىن تارىخى»[350] دېگەندەك كىتابلارنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلاردىن قوبۇل قىلغان يات سۆزلەر ئۆلۈك مۇردىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، سىرلىقراق قىلىپ ئېيتسام، «تىرىلدۇرگەن»لىكتىنلا ئىبارەت. ئەگەر چىڭ دەۋرىدىكى خان سارىيىنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، «تاللانما» بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

ئەگەر چىڭ دەۋرىدىكى خان سارىيىنى تەسۋىرلىگۈسى بولمىسا، لېكىن شۇنچە كۆپ ئەجرە بىلەن تەييارلىق كۆرسە، ئۇ ئەجرلىرى بىكار بولۇپ چىقىپ، جېنىغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى «پالنامە»، «ئەدەپ - يوسۇن»[351]مۇ بار، ئۇلاردىكى سۆزلەر جۇ دەۋرىدىكى رەمماللىقنى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم يوسۇنلىرىنى تەسۋىرلەشتە كېرەك بولىدۇ، بۇلارنىمۇ «ئەدەبىي مەلۇماتلارنىڭ ئاساسى» قىلىۋېلىش كېرەك، ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، «ئەدەبىياتچى ياش»قا يارىشا ئادەم بولالايدۇ.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

# «ھە - ھۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان» ئەدىبلەر[352]

بەي زەيشۈەن

قەلىمىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق ئادەملەرمۇ سانجىشى كېرەك. پىكىر بايان قىلىش يولىمۇ ھازىر خۇددى تىرىكچىلىك قىلىش يولىغا ئوخشاش تار بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (يۇقىرىدىكى تەكىتلەش بەلگىسى قويۇلغان سۆزلەر گېزىتكە بېسىلغاندا «باشقا يەرگە سانجىيالمىغانلىقتىن» دەپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن) نائىلاج ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئېلانلىرىدىكى مۇبالىغىلەرگە سانجىش توغرا كەلدى.

ژۇرناللارنىڭ ئېلانلىرىغا قارىساق، ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى كاتتا ئەدىب بولۇپ قالغان؛ جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىمۇ گويا نۇر چېچىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، بۇ ئەھۋال يەنە بىر تەرەپتىن غۇت - غۇت گەپلەرگىمۇ زامىن بولماقتا. ئۆمۈر بويى ئەسەر يېزىپ، ئارخېئولوگلار قېزىپ تېپىۋالسۇن دەپ ئۆز ئەسەرلىرىنى مەشھۇر تاغلارغا كۆمۈپ قويىدىغان يازغۇچىلار ھازىر يوق؛ ئۆزى يېزىپ، ئۆزى بېسىپ چىقىرىپ، نېپىز بىرەر كىتاب قىلىپ تۈپلەپ، ئۇنى يار - بۇرادەرلىرىگە سوۋغىلاپ بېرىدىغان شائىرلارمۇ ھازىر ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ھازىر ئالدىنقى ھەپتىسى ماقالىنى يېزىپ، كېيىنكى ھەپتىسى گېزىتكە بېرىشىدۇ؛ ئالدىنقى ئايدا گېزىتلەردىن قايچىلىۋېلىپ، كېيىنكى ئايدا كىتاب قىلىپ چىقىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمەن كۆزلەيدىغىنى پەقەت قەلەم ھەققىدى-





لا ئىبارەت. يازغۇچى قورسىقىنى ئاچ قويۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن قەلبى بىلەن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ھەر ھالدا بېتى قىزىرىشى مۇمكىن. بەزى ئادەملەرنى قەلەم ھەققى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ دەپ زاڭلىق قىلىدىغان ئالىيجانابلارنىڭ شۇنداق زاڭلىق قىلىپ يازغان ماقالىسىمۇ قەلەم ھەققى ئېلىش تەمەسىدىن خالىي ئەمەس. لېكىن، تەبىئىيكى، ئايرىم مائاشى بار ياكى خوتۇنىنىڭ تويلۇق قىلىپ ئەكەلگەن نەرسىلىرى بىلەن جان باقىدىغان كاتتا ئەدىبلەر بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، مۇددىئاسى يەنىلا پۇل قىلىشتا. شۇنىڭ ئۈچۈن شاڭخەيدىكى ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئادەملەرنىڭ «ھە - ھۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان» ئەدىب بولۇپ يۈرگىنىگە «ئۇزۇن زامان بولدى، بىر كۈنلۈك ئىش ئەمەس.»

تىجارەتچىلەر بىرەر پارچە ئەسەرنى بېسىپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئەگەر شۇ چاغ فېئودالىزم دەۋر سۈرۈۋاتقان چاغ بولسا، ئۆزىنىڭ چىقارغان ئېلانلىرىدا ئاپتورنى فېئودال ئەدىب دەپ ئاتايدۇ؛ ئىنقىلاب داۋام قىلىۋاتقان چاغ بولسا، ئىنقىلابىي ئەدىب دەپ ئاتايدۇ؛ دېمەك، بىر تۈركۈم ئادەمنى كاتتا ئەدىب دەپ بېكىتىدۇ.

باشقا تىجارەتچىلەرمۇ كىتابنى بېسىپ تەييارلىغاندىن كېيىن، باشقا بىر ئېلاندا ھېلىقى ئاپتورلارنى ھەقىقىي فېئودال ئەدىب، ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئەدىب ئەمەس، بىز تەرەپلىكلەر بولسا ھەقىقىي ئەدىب، دەيدۇ؛ دېمەك، بۇلارمۇ شۇ يول بىلەن بىر تۈركۈم ئادەمنى كاتتا ئەدىب دەپ بېكىتىدۇ.

يەنە باشقا بىراۋلارمۇ تۆرلۈك ئېلانلاردىكى مۇنازىرىلەرنى توپلاپ بېسىپ چىقىرىپ، بىرەر ئاپتورغا باھا يازدۇرۇپ، شۇ يول بىلەن يەنە بىر يېڭى كاتتا ئەدىبنى پەيدا قىلىدۇ.

يەنە بىر خىل ئۇسۇلمۇ باركى، بىرنەچچە بىر نېمىلەر — بىرنەچچە شائىر، بىرنەچچە ھېكايىچى ۋە بىرەر باھاچى

بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر قۇر مەسلىھەتلىشىپ، نېمە - بىرنېمە دېگەن جەمئىيەت ياكى تەھرىرات دېگەندەك بىر نېمىنى قۇرۇپ، ئېلان چىقىرىپ، بەزىبىر كاتتا ئەدىبلەرگە پەشۋا بېرىپ، بەزىبىر ئادەملەرنى كاتتا ئەدىب دەپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، نەتىجىدە بۇلارمۇ بىر تۈركۈم ئادەمنى كاتتا ئەدىب قىلىپ بېكىتىدۇ، بۇمۇ «ھە - ھۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش»نىڭ بىر خىلى.

ئومۇمەن ئالغاندا، مۇددىئاسى يەنىلا پۇل قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردىكى كىتاب باھالىرى كاتتا ئەدىبلەرنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، شۇ قىممەت بويىچە 20 پىرسەنت كەم سۇندۇرسىڭىز، كۆشكى ئىككى پۇل بولۇپ قېلىدىشىمۇ تۇرغان گەپ. لېكىن، مۇنداق بىر مۇستەسنالىقمۇ بار: كاتتا ئەدىبلەر ئۆز دۇكىنىدىكى ئەسەرلىرىنى تاكى ئارغامچا - توقۇناقلىرىغىچە بازارغا سېلىپ ئەرزان ساتسىمۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شۇنداق دەسمايىلەرنى پەلەمپەي قىلماستىن تۇرۇپلا «يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ» بولغانلىقى، ئالىي مەكتەپكە كىرگەنلىكى، يامۇلدا تەخت تاپقانلىقى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى





# ياشلار ۋە ئاتىلار[353]

جىڭ يىزۇن

ئاڭلىشىمچە، «غەرب مەدەنىيىتى شەرققە بارا - بارا سىڭىپ كىرگەندىن بۇيان»، جۇڭگودا دىيانەت بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، بولۇپمۇ يېڭى چىققان ياشلار ئاتىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ خاتالىق بولسا كېرەك. چۈنكى، مەن بىرنەچچە مىسالنى كۆرۈپ، ئاتىلارنىڭ «ئەدەبىي مەلۇمات ئېلىش» ئۈچۈنلا ياردىمى بولۇپ قالماستىن، بەزىدە ھەقىقەتەن كېرەكلىك، ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىم.

بىر پارچە ماقالىنىڭ — قايسى كىتابتا ئىكەنلىكى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ — بىزگە بايان قىلىپ بېرىشىچە، ئۆلمەسلىكنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىر دەرۋىش بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 100 ياشتىن ئېشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى ئەمدىلا 20 لەرگە كىرگەن ياش بالىنىڭكىدەك «نەشپۈتكە ئوخشاش چىرايلىق» ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئەۋلىيا كاتتا بىر زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرسا، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇقادەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر قېرى ئادەم ئۇشتۇمتۇتلا كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن خەجلەشكە پۇل سورىغانىكەن، ئۇنى تىللاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. سورۇندا ئولتۇرغانلار بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئەۋلىيا ھەسرەت بىلەن: «ئۇ مېنىڭ كەنجى ئوغلۇم، مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەيدۇ، تائەت - ئىبادەت قىلمايدۇ، ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، ئۇ تېخى 60 قا كىرمەي تۇرۇپلا ئەنە شۇنداق قېرىپ

ھالىدىن كەتتى» دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغانلار ناھايىتى تەسىرلىنىپتۇ؛ لېكىن ئاخىر ھېلىقى ئادەم ئەمەلىيەتتە، دەرۋىشنىڭ ئاتىسى[354] ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

يەنە بىر يېڭى ماقالىدىن — ياڭ × نىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن قىلىپ بەرگەن بايانلىرىدىن[355] بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ جىگەرلىك ئادەم ئىكەن، تەلىماتلىرىمۇ ناھايىتى توغرا ئىكەن، ئۇ قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلدىمۇ ئىشلەيدىكەن؛ لېكىن بەزى جايلاردىكى قېرىلارنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئاتىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ؛ غايەم ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ، دادامنى ئىلگىرىكىدەك غۇربەتچىلىككە قالدىغان بوۋىلارنىڭ كۈنىگە قالدۇرماسمەن دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ توغرا تەلىماتنى تېپىپ، ئىلگىرىكى غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، ۋاپادار بولۇۋاپتۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، تەلىماتى نەدىمۇ بۇنداق كەم ـ كۈتىسىز ۋە سەلتەنەتلىك بولسۇن؟ مانا بۇمۇ ئاتىلارنىڭ ياشلارغا پايدىلىق يېرى ئەمەسمۇ؟

ئۇنداق بولسا، ئاتىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ياشلارغا ئىلاج يوق بولۇپ قالامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغىمۇ ئىلاج بار. بۇنىڭ ئۇچۇن كونا كىتابلارنى ئاختۇرۇش توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر ماقالىدىن — بۇ ماقالىنىڭمۇ قايسى كىتابتا ئىكەنلىكى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، بىر قېرى ئايال نان تىلەپ يۈرسە، ئۇشتۇمتۇتلا بىر كاتتا ئادەم كېلىپ، ئۇنى ئۆزۈندىن بۇيان تېپىشالماي قالغان ئانام، دەپتۇ. ھېلىقى ئايالمۇ چاندۇرماي ئۇنىڭغا ئانا بولۇپ قاپتۇ. كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ، قىزىغا زەر جابدۇق ئېلىش ئۇچۇن ئانىسىنى زەرگەرنىڭ ئالدىغا بىللە ئاپىرىپتۇ، ئانىسىغا يارىغان نەرسىلەرنى ئۆز خوتۇنىغا كۆرسىتىش ئۇچۇن، ئانىسىغا يەنە تاللاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كاتتا ئادەم غايىب بولۇپ كېتىپتۇ[356].





بىراق، بۇمۇ ھېلىقى دەرۋىشتىن ئۆزگەنگەندەك، ماددىي نەرسە بار چاغدا قوللىنىشقا بولىدىغان چارە. ئەگەر ئۆز بايانىم دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى يېزىپ قويۇش ئەمەلىيەتتە ئاتىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى بىلەن ھېچقانچە ئالاقىسىز. ئىلگىرى كىمدۇر بىرى «پەخرىي پادىشاھلىق جۇمھۇرىيەت»[357] نى تەشەببۇس قىلغانىدى، ھازىر «ئاتا ـ ئانىسىز ۋاپادار» بولسا نېمە بوپتۇ؟ جاڭ زۇڭچاڭ[358] كۈڭزىغا ناھايىتى چوقۇنغىنى بىلەن ئۇنىڭ خانىدانىدا «تۆت كىتاب»، «بەش نامە» نىڭ بولۇشى ناتايىن.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# خاتىمە

بۇ 60 نەچچە پارچە فېلىيەتوننى بىر مەھەل زۇلۇم چەككەندىن كېيىن بۇلتۇر 6 ـ ئايدىن باشلاپ باشقا ھەر خىل تەخەللۇس بىلەن مۇھەررىر ئەپەندىلەرنىڭ ۋە تەكشۈرگۈچى جانابلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلەپ قويۇپ «ئەركىن پاراڭ»دا ئېلان قىلغانىدىم. كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، «ئىلھام»لىرى ناھايىتى قايناپ تۇرىدىغان بەزى «ئەدىب»لەر فېلىيەتونلارنى ماختىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھىدلاپ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن چىقارغان ھۆكۈملىرى بەزىدە پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسىمۇ، يوشۇرۇشنىڭ ئامالى بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ توۋا قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم يىل ئۆتمەستىنلا بېشىمغا تېخىمۇ قاتتىق زۇلۇم چۈشتى، 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئەپلەپ ـ سەپلەپ يېزىۋەردىم؛ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆز قەلىمىمنىڭ نىقاب تارتىۋالغان، قوماندانلىق قىلىچى سايىسىدە كۆكرەك كېرىپ چىققان باتۇرلارغا ھەقىقەتەن تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، قەلەمنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ماقالە يېزىشنى توختىتىپ قويغاندىن كېيىن، كونا ماقالىلىرىمنى رەتلەش بىلەن شۇغۇللاندىم، ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار چىقىرىپ تاشلىغان فېلىيەتونلارنى تولۇقلاپ، بېسىپ چىقىرىشقا مۇمكىن بولمىغان پارچىلارنىمۇ قوشۇپ، يىل ئاخىرىدا بىر كىتاب قىلىپ تەييارلىدىم؛ ۋەزنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى «ساختا ئەركىنلىكنامە» دىنمۇ كۆپرەك بولۇپ چىقتى. بۇ يىل 3 ـ ئايدا نەشرگە بېرىش





نىيىتى بىلەن بىر پارچە مۇقەددىمە يازدىم؛ ئاستا تىزىلدى، كوررېكتورلۇقىنى كۆرۈپ بەردىم، شۇنداق قىلىپ تۇيماستىنلا يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. قەلەمنى توختىتىپ قويغان چېغىمدىن تارتىپ ئەسلەپ كۆرسەم، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ۋاقىت ھەقىقەتەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. لېكىن، مېنىڭ فېلىيەتونلىرىمنىڭ خۇددى ھازىر ياكى ھەتتا كېلەر يىل ئۈستىدىن گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇرغانلىقىدىن ئەندىشە قىلدىم.

ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ، «ساختا ئەركىنلىكنامە» نەشردىن چىققاندا، «ئىجتىمائىي ئاخبارات»[359] تا مېنىڭ شۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرغانلىقىم توغرىسىدا، ئەسلىي مەقسىتى پۇتونلەي قۇيرۇقتا — «خاتىمە» دە، — دېگەن باھا چىققانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇقۇشۇلماسلىق. مەن ئۆزۈمنىڭ فېلىيەتونلىرىمدا دائىم بىرەر بۇرۇن، بىرەر ئېغىز، بىرەر تال تۈكنى يازىمەن؛ لېكىن بۇلار قوشۇلۇپ تولۇق بىرەر ئوبراز بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز فېلىيەتونلىرىمغا يەنە باشقا بىرەرسىنى قوشمىساممۇ رەتكە ئۆتۈۋېرەتتى. بىراق، ئۇلارغا بىر قۇيرۇقنى قوشۇپ قويسام، تېخىمۇ كامالىتىگە يېتىدىغاندەك تۇردى. دېمەك، مېنىڭ خاتىمە يېزىشتىن مەقسىتىم «پۇتونلەي قۇيرۇقتا» ئەمەس؛ مەن بولسام قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇڭا ھەرقاچان قەلەم تەۋرەتكۈم كېلىدىغان ئادەم؛ مانا بۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېنىڭ خاتىمە يېزىشتىن مەقسىتىم پەقەت شۇ كىتابتا سىزىلغان ئوبرازلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل قامەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

مەزمۇنىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئەھۋاللارغا تەنقىد بېرىلگەن. تەخەللۇسۇمنى پات ـ پات يەڭگۈشلەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، دەسلەپكى چاغلاردا چاتاق ـ پاتاق چىقمىغانىدى. لېكىن، «تاغۇ دەرياني يۆتكىمەك ئاسان، مىجەزنى ئۆزگەرتىش تەس» دېگەندەك،

ئۆزۈمنىڭ جىم بولالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالدىم. «مۇقەددىمەنىڭ ئازادلىقى» دېگەن ماقالە زېڭ جىنكېنىڭ چىشىغا تېگىپ كېتىپتۇ؛ «لاپنى مات قىلىش» دېگەن ماقالەم جاڭ زىپىڭنىڭ[360] جېنىغا تېگىپ كېتىپتۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى كاتتا ئادەملەرنىمۇ رەنجىتىپ قويۇپتىمەن. بۇنىڭدىن تېخى ئۆزۈمنىڭ خەۋىرىم يوق. لېكىن، «سېتىۋالغان ئەمەللەر» ۋە «كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر» سەرلەۋھىلىك ماقالىلەرنى يازغىنىمدىن كېيىن، بۇ دەۋا تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى.

بۇلتۇر 8 - ئايدا شائىر شاۋ شۈنمېي ئەپەندى ئىلكىدىكى كىتابخانا «10 كۈنلۈك پاراڭ»[361] ناملىق ژۇرنال چىقارغانىدى، بۇ شائىر كۆرەڭلەپ، شۇ ژۇرنالنىڭ 2 - سانىدا (20 - كۈنى نەشردىن چىققان) «ئەدىب تاپسىز بولىدۇ» دېگەن گەپنى چىقىرىپ، ئاۋۋال ئەدىبلەرنى بەش خىلغا ئايرىپ، ئاندىن كېيىن بۇنداق خۇلاسە چىقاردى:

> يۇقىرىدىكى بەش خىلدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە تىپلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ئۇلار قورسىقىغا نان تاپالمىغانلىقى ياكى نان تاپسىمۇ تويغۇدەك تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدىب بولۇشقا مەنسەپدار بولۇش ياكى تىجارەت قىلىشلارغا قارىغاندا ھېچقانچە دەسمايە كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەدىب بولۇۋالىدۇ؛ ئۇلار بىر تال قەلەم، ئازغىنە سىياھ، بىرنەچچە ۋاراق ماقالە قەغىزى تەييارلىسىلا بولدى. دەسمايىسىز تىجارەتنى ھەممە ئادەمنىڭ قىلغۇسى كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدىب كۆپىيىپ كەتكەن. كەسپى يوق ئادەملەرنىڭ ئەدىب بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى ئەنە شۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىمىز ئەنە شۇنداق ئەدىبلەردىن





تەركىب تاپقان.

ئۇلار كەسپى بولمىغانلىقتىن ئەدىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئەدىبلىكتە ئەمەس، كەسپتە. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ زىياپىتى دېگەن باھانە بىلەن ھە دەپ ئادەملەرنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلى ياكى قوشۇمچە بەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ ئۆزلىرىنى ئېلان قىلىدۇ؛ ئۇلار شۆھرەتكىلا بېرىلىدۇ، شەرم - ھايانى بىلمەيدۇ.

ئەدىب بولۇپلىۋالسا باشقىلارنىڭ ئەدىب دەپ قارايدىغانلىقىنى، باشقىلار ئەدىب دەپلا قارىسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كەسپسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق بىرنېمىلەرنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى مەڭگۈ كولدۇرلىتىپ يۈرىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟!

ئەدىبلەرنىڭ تولىسىنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكى ھەق راست؛ سۆز ۋە ئىجادىيەت زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن بۇيان، بەزى ئاپتورلارمۇ دەرۋەقە قورساق باقالمايدىغان بولۇپ قالدى. شاۋ شۈنمېي ئەپەندى بولسا «شائىر» ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشھۇر دوكار بايلاردىن بولغان «مۇشاۋىر شېڭ شۈەنخۇەي»[362] نىڭ نەۋرە كۈيئوغلى؛ ئۇنىڭ «بۇنداق بىرنېمىلەر» نىڭ بېشىغا يۈندىسىنى چېچىشىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىش. لېكىن، مېنىڭچە، ئەدىب بولۇش ھەر ھالدا «كاتتا مۇسىبەت» كە بىر ئاز ئوخشاشمايدۇ، ئەدىب بولۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە گۇپپاڭچىنى ياللىۋېلىپ، داپ داراڭلىتىپ، ناغرا - كاناي چېلىپ، «پوش - پوش! يولنى بىكار قىل!» قىلىپ داۋراڭ سالغان تەقدىردىمۇ، بۇ داۋراڭ تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، كوچا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا قۇرۇقدىلىپ قېلىۋېرىدۇ، «كاتتا مۇسىبەت» نىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولسىمۇ، يەنىلا بەزىدە بەزى مىشچانلارنىڭ تىلىدا داستان قىلىپ يۈرگىنىگە دال بولالمايدۇ.

ئادەم تولىمۇ گادايلىشىپ كەتسە قەلەم تەۋرىتەلمەيدۇ، لېكىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ماقالىنىڭ جان تومۇرى ئەمەس، ئۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ بويىدىن يەر ـ زېمىن سېتىۋېلىشقىلا يارايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بايۋەچچىلەر، پۇل بولسا شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدۇ، قەلەمنىمۇ ئىشقا سالغىلى بولىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىۋالغان. شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغىلى بولىدىغانلىقى راست بولسا كېرەك، مالائىكىلەرنىمۇ ئىشقا سالغىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن قەلەمنى ئىشقا سالغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭغا شائىر شاۋشۇنمېي ئەپەندىنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ. مېنىڭ ھېلىقى ئىككى پارچە ماقالەمنىڭ بىر قىسمى مەنسەپ ـ ئەمەلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەدىبلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ شاراپىتىدىن مەنسەپ تاپقان ئەمەلدارلار بولىدىغانلىقىنى، لېكىن خوتۇنىنىڭ شاراپىتىدىن قەلەم تۇتىدىغان بولالايدىغان ئەدىبلەرنىڭ بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ مەدەتكارى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ مەدەتكار يەنە كېلىپ سەلتەنەتلىك «مەركىزىي گېزىت»[363] (9 ـ ئاينىڭ 4 ـ ۋە 6 ـ كۈنلىرىدىكى سانى)تە پەيدا بولدى:

## كۈيئوغۇل مەسىلىسى

رۇشى

«ئەركىن پاراڭ»نىڭ يېقىنقى سانلىرىدا كۈيئوغۇل مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى پارچە ماقالە بېسىلدى، ئۇنىڭ بىرى سۇن يۇڭنىڭ «مەمنۇن بولۇش ۋە يازالماسلىق»، يەنە بىرى ۋېي سۇنىڭ «كۈيئوغۇل بولۇش ھۈنىرىدىن تەرمىلەر». كې-





يىنكىسى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىقتى؛ ئالدىنقىسى قولۇمدا يوق، ئېھتىمال 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چىققان بولسا كېرەك.

ۋېي سۇ ئەپەندى: «ئەدەبىيات مۇنبىرىگە كۈيئوغۇل كېرەك ئەمەس، لېكىن كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ «كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن» دېگەن سۆزى ناھايىتى ئورۇنلۇق، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بوۋىمىز باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى، ئاتىمىزمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى، بىز ئۆزىمىزمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى بولۇشتىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «شىمال تەرەپكە قاراپ» ئولتۇرغان لۇشۈن ۋە ماۋدۇنغا ئوخشاش بىرنېمىلەرمۇ باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى. دېمەك، «كۈيئوغۇل ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن» ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن، «ئەدەبىيات مۇنبىرىگە كۈيئوغۇل كېرەك ئەمەس» دېگەن سۆز ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات مۇنبىرى ھەر ۋاقىت كۈيئوغۇل ئىزدەيدۇ، بىرمۇنچە جۇڭگو يازغۇچىلىرى ھازىر روسىيىگە كۈيئوغۇل بولۇپ قالدى.

يەنە: «باي قېيناتاڭ بولسا، دۆلەتمەن خوتۇنۇڭ بولسا، خوتۇنۇڭنىڭ تويدا ئۇستەك قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئەدەبىي دەسمايە قىلساڭ ...» دەپ يازغان. خوتۇنىنىڭ ئۇستەك قىلىپ بەرگەن پۇلىنى ئەدەبىي دەسمايە قىلغان ئادەمگە مېنىڭچە باركاللا ئېيتىش كېرەك، چۈنكى خوتۇنىنىڭ پۇلىنى ئەدەبىياتقا دەسمايە قىلىش خوتۇنىنىڭ پۇلى بىلەن باشقا ناتوغرا ئىشلارنى قىلغاندىن ياخشىراق. ھالبۇكى، ھەرقانداق ئىشقا دەسمايە كېرەك. ئەدەبىياتقىمۇ شۇنداق، ئەگەر پۇل بولمىسا

مەتبەئە ھەققىنى تۆلىيەلمىسە، ژۇرنال ـ توپلاملارنى چىقى-
رالمايدۇ؛ دېمەك، كىتابخانا ئېچىش، ژۇرنال چىقىرىش
ئۈچۈن ھەركىم ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي پۇلىنى ئاز ـ پاز ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىشى كېرەك، خوتۇنىنىڭ پۇلىمۇ، تەبىئىيكى خۇ-
سۇسىي پۇلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باي ئادەمگە
كۈيئوغۇل بولۇش، خۇددى گېزىتخانا خوجايىنىغا تۇغقان بو-
لۇش جىنايەت ھېسابلانمىغاندەك، جىنايەت ئەمەس؛ ئەگەر
گېزىتخانا خوجايىنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرەر ئادەم ۋەتەنگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىش قىلماي بىكار يۈرۈپ، تۇغقى-
نىنىڭ دۆلىتىدە بىرەر قۇشۇمچە بەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋې-
لىپ چىقارسا بولىدىكەنۇ، باي ئادەمنىڭ كۈيئوغلى بولغان
ئادەم ئۆزى ھەۋەس قىلغانلىقتىن خوتۇنىنىڭ ئۇستەك پۇلىنى
ئەدەبىياتقا دەسمايە قىلسا، بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى
بار؟!

## كۈيئوغۇل مەسىلىسىنىڭ شاخلاپ كېتىشى

شېڭ شيەن

تۇلكە ئۈزۈمنى يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئاچچىق
دەيدىكەن. بەزىلەر ئۆزى باي خوتۇن ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن،
باي قېيىناتىسى بار ئادەملەردىن ھەسەت قىلىدىكەن، ھەسەت-
خورلۇق نەتىجىسىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتىدۇ.

باشقىلارغا كۈيئوغۇل بولغان ئادەممۇ ئەدىب بولالامدۇ؟
ئەلۋەتتە بولالايدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى كۈنى رۇشى ئەپەندى
ئۆزىنىڭ مۇشۇ بەتتە ئېلان قىلغان «كۈيئوغۇل مەسىلىسى»
سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە يازغىنىدەك، ھازىرقى كۈندە ئەدە-





بىيات مۇنبىرىدە شۆھرەت قازىنىپ يۈرگەن لۇشۈن، ماۋدۈن
قاتارلىق ئادەملەر بىر تەرەپتىن، ئەدىب، يەنە بىر تەرەپتىن،
باشقىلارنىڭ كۈيئوغلى. لېكىن، ئەدىب بولغان ئادەم ئەينى
ۋاقىتتا باشقىلارغىمۇ كۈيئوغۇل بولغان بولسا، بۇ كۈيئوغۇل
كەمبەغەل قېيىناتىغا مەنسۇپ بولامدۇ ياكى باي قېيىناتىغىمۇ؟
بۇ ھەقتە پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تېخى ئۆز تەشەببۇسلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق، زادى «بايغا مايىل» بولغىنى توغرا
بولامدۇ ياكى «گادايغا مايىل» بولغىنى توغرا بولامدۇ، بۇنى
بىلمەيمەن. لېكىن، «ئەركىن پاراڭ» تائىپىسىدىكى ئاپتور-
لار باي قېيىناتىسى بار كۈيئوغۇللارغا ھۇجۇم قىلىش پوزىتسى-
يىسىنى تۇتقانىكەن، بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ھېچبول-
مىغاندا، باي قېيىناتىغا كۈيئوغۇل بولغان ئادەمنىڭ ئەدەبىيات
مۇنبىرىگە ئاياغ قويماسلىقى لازىم بولسا كېرەك، «باي قېينا-
تىنىڭ كۈيئوغلى» بىلەن «ئەدىب» بىر ـ بىرىگە زىت بولسا
كېرەك، ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇرۇشى لازىم بولسا كېرەك.

ھازىر جۇڭگودىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىرەر ئەدىبنىڭ
ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تىرىشچانلىقىغا قارىماس-
تىن، پەقەت ئۇنىڭ باي خوتۇنى ياكى گاداي خوتۇنى بارمۇ،
يوقمۇ دېگەندەك ئائىلىۋى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى
سۈرۈشتۈرۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ھادىسە باردەك كۆ-
رۈنىدۇ. ئەگەر سەن بۈگۈن بىرەر كىتابخانا ئاچساڭ، بۇ
كىتابخاناڭنىڭ دەسمايىسى سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ ئۇستەك پۇ-
لىمۇ، ئەمەسمۇ، بەزى ھەسەتخور ئەدىبلەر ھۇجۇم قىلىشقا،
كىنايە قىلىشقا ئاساس تېپىش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ـ سۈرۈش-
تۈرۈپ كۆرمەي تۇرالمايدۇ.

جۇڭگودىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى چوقۇم شۇنداق بىر ئەھ-
ۋالغا، يەنى چىن جياگېنىنىڭ رېزىنكە ئايىغىنى كىيگەنلەر

ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقالمايدىغان، بەتتىنكە كىيگەنلەر بولسا ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھۇجۇم قىلىنغۇچىلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدىغان ئەھۋالغا بېرىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىشسىز قالىدىغان ئەھۋاللار ھازىر ناھايىتى كۆپ. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بىرەر قوشۇمچە بەتنى تەھرىرلەپ چىقارسا نومۇسسىز ئىش قىلغان بولمايدۇ، شۇ قوشۇمچە بەتنى چىقىرىشى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بولغانمۇ، يوق، بۇ تېخىمۇ مەسىلە ئەمەس؛ تۇغقانچىلىق ئەسلىدە ئەنە شۇنداق يەردە ئەسقاتىدۇ. ئەدەبىيات مۇنبىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆز قۇلىقىغا ياقمايدىغان بىر - ئىككى ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ قالسا، ئولىشىپ كېلىپ، ئۇلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشى ھەرگىز يارىمايدۇ. باشقىلارنى ئىتتەك كاپشىدى دەپ تىللايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ئىتتەك كاپشىدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالماسلىقى كېرەك.

بۇ ئىككى ئاپتور بايلارنىڭ كۈيئوغۇللىرىغا چوقۇنىدىغان ئەرباپلار. لېكىن، رۇشى ئەپەندى ساددا؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى، دادىسىنى، لۇشۈننى، ماۋدۇننى شېپى كەلتۈرگەندىن كېيىن، نەتىجىدە «لۇشۈن رۇبلى ئالىدۇ» دېگەندەك مۇقامغىلا تۇۋلىغان. ھەييارلىق قىلىشتا شىڭ شيەن ئەپەندىگە يېتىدىغان ئۇستا يوق، ئۇ ھەتتا گەپنى شائىرنىڭ مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كېچىپ باقمىغان تەتەي خېنىمنىڭ تەمىگە تارتىپ كەتكەن. چاقچىلىدە ھەييار گۇپپاڭچىلىق قىلىپ تۇرۇپ، بايۋەچچىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىشتا شۇنداق گەپ قىلىدۇ. مەن كېيىن بۇنى «قىزىقچىلىق»نىڭ شەر-





ھى دېگەن ماقالەمدىمۇ نەقىل كەلتۈرگەنمەن.

شاۋ شۈنمېينىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان مەسلىھەتچىلەر بار ئىكەن. بۇ يىل 2 - ئايدا ياپونىيىنىڭ «تەمىرات»[364] ژۇرنىلىغا ئۈچ پارچە قىسقا مۇلاھىزە يېزىپ بەرگەندىم، ئۇنىڭدا جۇڭگوغا، ياپونىيىگە، مانجۇرىيىگە تەنە قىلىنغاندى. شاۋ ئائىلىسى بۇنى كۆرۈپ، «مانا ئەمدى تاپتىم» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇلارمۇ ئەنە شۇ ئۇزۇم بارىڭىدا پەيدا بولغان «ئادەم سۆزى» (3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانى)دە بىر تەرجىمانى ۋە بىر مۇھەررىرنى پەردازلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ، تەرجىمانى پەقەت شۇ ئۈچ پارچىنىڭ «تۈرمە توغرىسىدا» دېگەن بىر پارچىسىنىلا تەرجىمە قىلىپ، «ئادەم سۆزى»گە بەرگەن بوپتۇ ۋە تەرجىمىسىنىڭ بېشىغا «ئىلاۋە»، ئاخىرىغا «ئەسكەرتىش» بېرىپتۇ.

## تۈرمە توغرىسىدا

لۇشۈن

(ياپونچە ژۇرنال «تەمىرات»نىڭ 3 - سانى بىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدىكى پېشقەدەم سەركەردە لۇشۈن ھەزرەتنىڭ ئۈچ پارچە فېلىيەتونىنى بېسىپ چىقىرىپتۇ، بۇ فېلىيەتونلار ھەزرەتنىڭ جۇڭگو يېزىقى بىلەن قىسقا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدىنمۇ پاساھەتلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە قىلىپ، «ئادەم سۆزى»[365]گە يوللىدىم. ئەپسۇسكى، پېقىر تەرجىمان لۇشۈن ھەزرەتنىڭ تۇرالغۇسىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، نېيشەن كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى ۋەنزاۋ ئەپەندىدىن سورىسام، ئۇ ھەم ئېنىق بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان-

لىقى ئۈچۈن، تەرجىمەمنى ئاۋۋال ھەزرەتنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئەسلىي ئەسەرنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن، يەنىلا ھەزرەتنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. — تەرجىمان جىڭشاڭنىڭ ئىلاۋىسى.)

كىشىلەر ھەقىقەتەن پاكىت تۈپەيلىدىن يېڭىۋاشتىن ئەقىل - ھوشىنى تاپىدۇ، ئەھۋالمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان نۇرغۇن يىللار ئىچىدە، ئادەملەرنى مەخسۇسلا پەيغەمبەر - ئەۋلىيالار ئورنىدا ئەمرىمەرۇپ قىلىدىغان «بەدىئىي نىزام» بويىچە مۇشكۇل ماقالىلەرنى يازدۇرۇش يولى بىلەن مەنسەپدارلىققا ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى. بۇ ئۇسۇلنىڭ خاتالىقى فرانسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە غەربكە ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى، ھەربىي قورال ياساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى ياپونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىلىندى، شۇ چاغدا ھە دەپ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا تۇتۇش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى غەلىيان كۆتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان، ھاكىمىيەتنى گومىنداڭ قولغا ئالغان ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ خاتالىق يەنە ھېس قىلىنىپ، بۇنى تۈزىتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تۈرمىلەر كۆپلەپ سېلىنىدى.

بىزدە، تەۋەررۇكلەردىن بولۇپ قالغان مىللىي تۈرمىلەر قەدىمدىن تارتىپ ھەممە يەرلەردە بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەجنەبىي يەنى ئاتالمىش





مەدەنىي تۈرمىلەرمۇ ياسالدى. ئۇلارنى شۇ يەرلەرگە ساياھەت قىلىپ كەلگەن چەت ئەللىكلەرنى كۆرسۇن دەپ ياسىغان؛ بۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۆز ئارا باردى - كەلدى قىلىش ئۈچۈن، مەدەنىي ئادەملەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە ئاتايىتەن ئوقۇغۇچى چىقارغانغا ئوخشاش بىر ئىش. ئەنە شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن گۇناھكارلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىمۇ ياخشىلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، ئۇلارغا بەلگىلىك مىقداردا تاماق بېرىلىدىغان بولدى؛ دېمەك، تۈرمە ناھايىتى راھەت بىر جايغا ئايلاندى، بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ھۆكۈمەت مېھىر - شەپقەت قىلىش ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ ئاشلىقىنى قىسىپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ پەرمانمۇ چىقاردى، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ راھەتلىشىپ كەتتى.

ئەمدى كونىچە تۈرمىدىن گەپ ئاچساق، كونىچە تۈرمىلەر بۇددا دوزاخلىرىغا تەقلىد قىلىنغانلىقتىن، ئۇ تۈرمىلەرنىڭ مەھبۇسلارنى قاماش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى ئازابلاش ۋەزىپىسىمۇ بار. ئۇ تۈرمىلەر بەزىدە مەھبۇسلارنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن پۇل ئېلىپ ئۇلارنى ھەددىدىن تاشقىرى كەمبەغەللەشتۈرۈۋېتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. كۆپچىلىك ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك، دەيدۇ. ئەگەردە كىمكى قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ مەھبۇسلارغا يان باسقان بولۇپ، گۇناھ قىلدى دېگەن گۇمانغا قالىدۇ. لېكىن، مەدەنىيلىكتە ناھايىتى ئېشىپ كەتتى، بۇلتۇر مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىنى قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مەھبۇسلارنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆيىگە قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ناھايىتى ئىنسانپەرۋەر ئەمەلدارمۇ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مەھبۇسلارنىڭ جىنسىي تەلەپلىرىگە

ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغان ئەمەس، ئۇ بۇ ئۇمىدنىڭ ئەمەلدە جارى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەمەلدار سۈپەتتە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا شۇنداق داۋراڭ سېلىپ قويغان. شۇنداق بولسىمۇ ئەپكار ئامما ناھايىتى قايناپ كەتتى. بىر تەنقىدچى تېخى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھېچكىم تۈرمىگە كىرىشتىن قورقماي، خۇشال - خۇرام كىرىپ كېتىۋېرىدۇ، دەپ پەلەكتىن نالە قىلىپمۇ يۈردى. ئۇ تەنقىدچىنىڭ ئاتالمىش پەيغەمبەر - ئەۋلىيالارنىڭ تەلىمىنى شۇنچە ئۇزۇن ئالغان بولسىمۇ، ھېلىقى ئەمەلداردەك مۇغەمبەر ئەمەسلىكى كىشىلەردە تەنقىدچى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتنىمۇ پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىدىن جەبىر - زۇلۇم قىلماي بولمايدۇ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، تۈرمە ھەقىقەتەن «بىخەتەرلىك ئەلا» نى شوئار قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ غايىسىدىكى جايغىمۇ ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە ئوت ئاپەتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ ئۇ يەرگە ئوغرىلار كىرەلمەيدۇ؛ باسمىچىلارمۇ ھەرگىز بۇلاڭچىلىق قىلىپ كەلمەيدۇ. ئۇرۇش بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ تۈرمىنى نىشان قىلىپ بومباردىمان قىلىدىغان ئەخمەق يوق؛ ئىنقىلاب بولغاندا، مەھبۇسلارنى قويۇۋېتىدىغان ئەھۋاللار بولغان، لېكىن قىرىپ تاشلاش ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن. فۇجيەن مۇستەقىل بولغاندا، مەھبۇسلارنى قويۇۋەتسە، ئۇلار تاشقىرىغا چىقىش بىلەنلا، ئۇلار بىلەن پىكرى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەر ئەكسىچە دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ، دېگەن مىش - مىش گەپلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، مۇنداق مىساللار ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان. قىسقىسى، تۈرمە





تولىمۇ يامان جاي بولمىسا كېرەك. ئەگەر بالا - چاقىلارنى بىللە ئەكىرىشكە رۇخسەت قىلىنسىلا، ھازىرقىدەك سۇ ئاپىتى، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، تېررورلۇق بولمىغان تەقدىردىمۇ، تۈرمىگە كۆچۈپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر چىقماي قالمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن جەبىر - زۇلۇم قىلىش پەرز بولسا كېرەك.

نىۋلان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىللاشتۇرۇشنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نەنجىڭ تۈرمىسىگە قامالدى، ئۇلار ئۈچ - تۆت قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلدى، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ جۇڭگو تۈرمىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبچى بولدى. بىر ئەمەلدار ئۇلار ئۆزلىرى تاماق يېمىسە، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ دەپ ناھايىتى ئەجەبلەنگەن. بۇ ئىش مېھىر - شەپقەتلىك سىياسەت بىلەن ئالاقىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز - پاز ئاشلىق تېجەلسە ئەكسىچە تۈرمە ئۈچۈن پايدا. گەندى ئۆز كارامىتىنى مۇۋاپىق جاينى تاللاپ تۇرۇپ كۆرسەتمىگەن بولسا مەغلۇپ بولغان بولاتتى. شۇنداق، خېلىلا مۇكەممەل بولغان تۈرمىنىڭمۇ كەمچىلىكى بار: ئۇ ئىلگىرى ئىدىيە جەھەتتىكى ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەلگەنىدى، بۇ كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، يېقىندىن بۇيان يېڭى كەشىپ قىلىنغان «تۆۋبىخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە تۈرمىدە تەربىيە بېرىدىغان بولدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ تۆۋا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق. قىسقىسى، مەھبۇسلارغا سەنمىنجۇيىدىن پات - پات دەرس بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز خاتالىقلىرىغا تۆۋا قىلدۇرسا كېرەك. ئاڭلىشىمچە، بۇلاردىن باشقا، كوممۇنىزمنى چەتكە قاقىدىغان ماقالىلەرنى يېزىشقىمۇ مەجبۇر قىلىدىكەن. ئەگەر

يازمىسا ياكى يازالمىسا، ئۆمرىنى تولا بىلەن ئۆتكۈزۈشكە
مەجبۇر قىلىنىشى تەبىئىي؛ يارىغۇدەك يازمىسىمۇ ئۆلگۈچە
تولا قىلدۇرۇشى تۇرغان گەپ. ھازىر كىرىلاتقانلار بار،
چىقىلاتقانلارمۇ بار، تولىخانىلار يېڭىدىنمۇ سېلىنىلاتىدۇ،
ھەر ھالدا كىرىلاتقانلار كۆپرەك. سىناقنى تاماملاپ قويۇپ
بېرىلگەن مۆمىنلەرمۇ گاھىدا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ تو-
لىسى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن، ئېھتىمال ئۇلار بارلىق
كۈچلىرىنى تولا قىلىشقا، سىناقنى پۈتتۈرۈش ماقالىلىرىنى
يېزىشقا سەرپ قىلىپ تۈگەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ
ئىستىقبالىدىن ئۈمىد يوق.
(بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «ھىدايەت» ۋە «ئوت» سەرلەۋ-
ھىلىك ئىككى پارچىسىمۇ بار. ئەگەر مۇھەررىر ئەپەندى
كېرەك قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ يوللاپ
بېرىمەن. تەرجىماندىن ئەسكەرتىش).
فامىلىدە ياپونلارنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لې-
كىن تەرجىمىسى ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەس، بىلمى شاۋ ئائىلىسى-
دىكى گۈپپاڭچى مۇتەخەسسىس جاڭ كېبياۋ ئەپەندىنىڭكىچىلىك بار
ئىكەن. لېكىن سۆزنى ئەستايىدىل تەرجىمە قىلىشنىمۇ زۆرۈر
تاپمايتتى، چۈنكى مۇھىم بولۇپ تۇرغىنى ئاخىرىدىكى ئاتالمىش
تەھرىرنىڭ جاۋابى.
مۇھەررىردىن ئىزاھات: لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى يې-
قىندىن بۇيان مەنئى قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ماقالە ياپونچىدىن تەرجىمە
قىلىنغاچقا، ھەربىي سوتتىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن،
بىز بۇ ماقالىنى پاساھەتلىك يېزىلغانلىقى ياكى مۇھاكىمىسىنىڭ
ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن بېسىپ چىقاردۇق، دېگەندىن كۆرە، ئۆز
دۆلىتىدە تەقىب قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەللىك نوپۇز ئىگىلى-
رىنىڭ قانىتى ئاستىغا پاناھ تىلەپ كىرىۋالغان ئادەملەرنىڭ مۇقا-





لىرىغا مىسال قىلىش مەقسىتى بىلەن بېسىپ چىقاردۇق، دېگىنى-
مىز تۈزۈك. لۇشۈن ئەپەندى ئەسلىدە ماقالىنى ناھايىتى ياخشى
يازىدۇ، سۆزمەن، سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى، لېكىن بۇ ماقالى-
سىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇھاكىمىدىن زەردە كۆپ، دەلى-
لىدىن ئويدۇرما كۆپ، ئەگەر تەرجىمىسى خاتا بولمىغانلا بولسا،
مەن بۇنداق پوزىتسىيىسىنى ماقۇل كۆرمەيمەن. مۇشۇ بىر پارچە
ماقالىدىنلا مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق شارائىتىدىكى ئى-
دالارنى ئومۇمەن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «ھىدايەت» بىلەن «ئوت»
نى باسمايدىغان بولدۇق، تەرجىمان بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قال-
سۇن، ئۇلارنى ئەۋەتمىسۇن.
مۇھەررىرنىڭ «چەت ئەللىك نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ قانىتى ئاس-
تىغا پاناھ تىلەپ كىرىۋالغان» دېگەن سۆزى تەرجىماننىڭ «نېيد-
شەن كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى ۋەنزاۋ ئەپەندىدىن[366] سورىسام»
دېگەن سۆزى بىلەن بىر ـ بىرىگە دوست تارتىشقان سۆز: «ھەربىي
سوت»نى تىلغا ئالغانلىقىمۇ ئاپتورنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىقى، بۇ
سۆزدىن خۇنخورلۇق ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بايلارنىڭ
بۇ تايغانلىرى مىڭ خانىدانلىقى دەۋرىدە ھوقۇقدارلارنىڭ قوينىغا
ئۆزىنى ئېتىپ، شۇلارنىڭ يۇندىسىنى يالىغان ئادەملەرنىڭ ئىچى
قانداق ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ خوجا
ئاكىسى بولغان شائىر شاۋ شۈنمېي ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىك
شائىرلارنى ماختىغان ماقالىلىرىدە نېگىر شائىرلار[367]نى چۆكو-
رۇپ، ئۇلارنىڭ «بۇنداق شېئىرلىرىنىڭ ئامېرىكىدىن چىقالمايدى-
غانلىقىغا، ھېچبولمىغاندا ئىنگلىز تىلى دائىرىسىدىنمۇ چىقالماي-
دىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېگەنىدى («ھازىرقى زامان»نىڭ 5 ـ
جىلد 6 ـ سانىغا قاراڭ). مەن جۇڭگودىكى بايلار ـ ئېسىلزادىلەر
ۋە ئۇلارنىڭ تايغانلىرى نەزىرىدە نېگىر قۇللاردىن قېلىشمىسامۇ،
لېكىن مېنىڭ ئاۋازىم پەرۋاز قىلماقتا. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى ناھايىتى

داغدا قالدۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە، نېگىرلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ «ئىنگلىز تىلىنىڭ دائىرىسى» دىن چىقىپ كەتكەنىدى، ئامېرىكا بايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇللىرى ھەم ئۇلارنىڭ تايغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق ئامال قىلالمىغانىدى.

لېكىن، بۇ تايغانلار شۇنداق بەشىرىسىنى «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى يېقىندىن بۇيان مەنىئى قىلىنىۋاتىدۇ» دەپ ماڭا قاراتماقتا، ئۇلارغا دەرھال بىر تەستەك سالىدىغان بولسام، ئۇلار پىستەكلەردىنمۇ بەكرەك ياۋشىپ قالىدۇ. بۇ يەردە « ‹قىزىقچىلىق› نىڭ شەرھى» دە تىلغا ئېلىنغان، «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان بىر ئېلاننى نەقىل كەلتۈرەي:

*«ئون كۈنلۈك پاراڭ» نىڭ «تاشئەينەك» گېزىتىگە ئۇقۇشۇلماسلىقنى ئىزھار قىلىپ ئۆزرە بىلدۈرۈشى*

ئون كۈنلۈك پاراڭدىن شۇنى ھۆرمەت بىلەن ئېلان قىلىمىزكى، 2 ـ سانىمىزدىكى قىسقا مۇلاھىزىلەردە جۇ چيېنىڭ ئىئانىنى ئېلان قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ماقالىنىڭ ئاخىرىدا تاشئەينەك گېزىتىدە ئۇقۇشۇلماسلىق بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، گېزىتىمىزنىڭ سۆزنى جايىدا قىلمىغانلىقى تاشئەينەك گېزىتىنىڭ شاۋ شۈنمېي جانابلىرى ئۈستىدىن جىنايى دەۋا قىلىشىغا زامىن بولغان، بىزگە مەلۇم، ھەر ئىككى تەرەپ جەمئىيەتتە شۆھرىتى بار مەتبۇئات، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىل تەگكۈزۈشىنىڭ يولى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن جاڭ شىجاۋ، جياڭ رۇڭ، يىڭ خېڭ ھەزرەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە تاشئەينەك گېزىتى پۈتۈنلەي كەچۈردى، تاشئەينەك گېزىتى ئۆزىنىڭ دەۋا قىلىپ تۇتقان ئەرزىنى ئۆزى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بولدى، بۇنى





گېزىتتە ئىزھار قىلىپ ئۆزرە بىلدۈرىمىز.

«ھەر ئىككى تەرەپ جەمئىيەتتە شۆھرىتى بار مەتبۇئات، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تىل تەگكۈزۈشىنىڭ يولى يوق ئىدى» ئىمىش، بۇ تولىمۇ غەلىتە «يول» ئىكەن، ئۇنداق بولسا «يېقىندىن بۇيان مەنىئى قىلىنىۋاتقان» مەتبۇئاتلارغا تىل تەگكۈزۈش زۆرۈر بولسا كېرەك. يىلىكى ئالتۇن بولغان تەقدىردىمۇ تىك تۇرالمايدىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلىنى مانا مۇشۇنىڭدىن كۆردۈم.

«كۈيئوغۇل مەسىلىسى» بىلەن قەغەز تولىمۇ زايە بولۇپ كەتتى، ئەمدى باشقا بىرىگە، يەنى «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» غا ئۆتەي.

بۇ دەۋا توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەر ۋە جاۋابلار شۇ ماقالىلەرنىڭ ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە يەنە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن؛ باشقىلارنىڭ مۇھاكىمىلىرىنىمۇ قەغەزنى ئىقتىساد قىلىش ئۇچۇن، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرمىدىم.

دەل شۇ كۈنلەردە «10 كۈنلۈك پاراڭ» مۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى، ھەتتا ھەجۋىي رەسساملارمۇ يەڭلىرىنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، چېن جيڭشىڭ ئەپەندى سىزغان «لۇشۈن ھەزرەتنىڭ نېيى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە رەسىم[368] تۈپەيلىدىن «شاۋقۇن» ناملىق ژۇرنالدا ساۋ جۈيرېن ئەپەندى بىلەن مونازىرە جېدىلىنىمۇ چىقارغانىدى. لېكىن، مۇنازىرە تۈگىمەستىنلا «شاۋقۇن» مەنىئى قىلىندى. دېمەك، ئامىتى بار ئادەملەرنىڭ دائىم پېشانىسىگە

نۇر ياغدۇرۇپ تۇرىدىغان بەخت يۇلتۇزى بار ئىكەن …

شۇنداق بولسىمۇ ۋاقىت رەھىمسىز بولىدۇ، ئاتالمىش «3 - خىل ئادەم»لەر، بولۇپمۇ شى جېسۇن بىلەن دۇخېڭ[369] يەنى سۇ ۋېن بۇ يىل ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتى.

بۇ ھەقتە ئاخىرقى ماقالىنى تىلغا ئېلىش كېرەك. نۇقسان يېڭى ماقالىلەرنى ئىشلىتىشتىن چىقتى.

ئاڭلىشىمچە، ھازىر ھەتتا كونا ماقالىلەرنى ئىشلەتسىمۇ بەزىدە تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار مەنئى قىلىۋېتىدىكەن، مەسىلەن، چىن شىخۋاڭنى تىلغا ئالسا، بۇلتۇر ھېچ گەپ يوق ئىدى، لېكىن يېڭى ماقالىلەرنى ئىشلەتسە ئاز - پاز چاتاق چىقماي قالمايتتى. مېنىڭ ئاخىرقى «ياشلار ۋە ئاتىلار» سەرلەۋھىلىك ماقالەم ياڭ سۇنرېن ئەپەندىنىڭ تۇيىقىنى سىرقىرىتىپ قويغانلىقتىن (ماقالە بېسىلىپ چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭدىكى ئىسمىنى مۇھەررىر ئەپەندى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان بولسىمۇ)، كېيىن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ شەھىرىمىزگە بېغىشلانغان «پاراڭ» ئىسىملىك قوشۇمچە سانى (11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى)دا ھېكمەتلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلىپ چىقتى. بىراق ئۇنى چۈشىنىش خېلى تەس. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، مەن ئۆزۈمنى ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان بالا دەپ ساناپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان بالا بولغانلىقىغا ھۇجۇم قىپتىمىشمەن. دېمەك، «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش قىپتىمەن. بۇ ماقالە بىزنىڭ «توۋا قىلغان ئىنقىلابچى» مىزنىڭ نەمۇنىلىك ئەسىرى بولغاچقا، بۇنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىغا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، بىر تەرەپتىن، ياڭ ئەپەندىنىڭ ھازىرقى زامان «ئىبرەتلىك سۆز ئۇسلۇبى»[370] دا يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ باشلامچىسى ئى-





كەنلىكىنى بىلىپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈمنىڭ «خاتىمە»مىنىڭ ئاخىرقى جۈۋىسى ئورنىدا ھېسابلاش ئۈچۈن، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تولۇق نەقىل كەلتۈردۈم.

## ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى

سۇنرېن

ئالدىنقى كۈنى كېچىدە جاھانساز بوۋاينىڭ ھۇزۇرىغا زىيارەت قىلىپ باردىم: ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئىمارىتى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئىكەن، بۇ بىنا رەستىگە قاراپ تۇرىدىكەن، تراموايلار تاقاقلاپ ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، ئاپتوماشىنىلار دۇدۇتلەپ ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ، بازارنىڭ شاۋقۇنى قۇلاقنى ئاغرىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ بىنادىكى بوۋايغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدىكەن، بوۋاي خۇددى دەرۋىشلەردەك خاتىرجەم ياشايدىكەن، ئۇنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلىرى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. بوۋاي: «نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟» دېدى. مەن: «ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى سوراپ كەلدىم» دېدىم. سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئايان بولغاچقا، پاراڭىمىز بارا - بارا سوئال - جاۋابقا ئايلىنىپ كەتتى.

— ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى، ھەي، مۇشكۈلەي! كۆڭزىنىڭ دانىشمەن شاگىرتلىرىدىن يەنخۇي گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغۇچە تېگىگە يېتىپ بولىدىكەنمىش، شۇڭا كۆڭزى ئۇنى ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم دەپتىكەن. ھازىرقى كۈندە گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغۇچە تېگىگىچە يېتىپ بولالايدىغان ئادەملەر ئەقىللىق

ئادەم ھېسابلانمايۋاتسا، سىزنىڭ ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى سوراشتىكى مۇددىئايىڭىز مەندەك كۆزىنىڭ نۇرى كېتىپ قالغان چالنى مات قىلىش ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق، مېنىڭ مۇددىئايىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپلا! مېنىڭ نىيىتىم تەپەككۇر قىلىش توغرىسىدىكى ھۈنەردىن تەلىم ئېلىش ئەمەس. مەن ئەسلىي تەبىئىتىمدىن نادان، دۆت بىر ئادەممەن، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيمەن، دائىم پەشۋا يېگەنلىكىم ئۈچۈن، جاھاندارچىلىق قىلىشتا ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى سوراۋاتىمەن.

— ئېھى، راست نادان، دۆت بولسىڭىز، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى سورىغىنىڭىز نېمىسى؟! ھازىرقى دۇنيادا ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، سىنىپ ئوخشاش بولمىغاچقا، پىكىرمۇ پەرقلىق بولىدۇ، ئاتا بىلەن بالىنىڭ، ئاكا بىلەن ئۇكىنىڭ، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ، ئاچا بىلەن سىڭىلنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەشەببۇسلىرى، ئۆزىگە خاس قاراشلىرى بولىدۇ، ئۇلار قان - قېرىنداش بولسىمۇ، بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا ماڭىدۇ. قەدىمكى زامانلاردىكى باتۇرلارمۇ، شاھمەردانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىرىغا قۇللۇق قىلىش تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە رەقىب بولۇپ ئۆتكەنىكەن. بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش ۋىجدان ئىگىلىرى، ئىنقىلابچىلار ئۆز سىنىپىنى دەپ بىر - بىرىگە دۈشمەن بولماقتا؛ ھەتتا مەيدانىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر تۇغقان قېرىندىشىنىمۇ كەچۈرمەي ئۆلتۈرمەكتە. بەزى ئادەملەر قۇۋلۇق - مۇ-





غەمبەرلىك بىلەن بىر مەھەل دەۋران سۈرسىمۇ، لېكىن ئاخىر، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ياشىمىقى تەس. ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى ھەقىقەتەن قالمىدى، لېكىن ھەم دۆت، ھەم نادان ئادەملەرلا چەكسىز بەخت - سائادەتلىك بولۇۋاتىدۇ ...

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يوللۇق، ئورۇنلۇق؛ لېكىن ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولى راست يوقمۇ؟

— پەقەت قۇۋلۇق - مۇغەمبەرلىك قىلىشنىڭلا يولى بار. «سىزگە ئېيتىپ كۆرەي: قۇۋلۇق - مۇغەمبەرلىكنىڭ يولى قىزىل كۆز بولۇشتا. قىزىل كۆزلۈك ئاللىقاچان مەخسۇس ئىلىمگە ئايلىنىپ قالغان. غەربىي ياۋروپادا ئىلىمنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە پەن، پەلسەپە دېگەن نېمىلەر بار. قىزىل كۆزلۈك جەھەتتىكى ئىلىمنى قىزىل كۆزلۈك ئىلمى دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرىنىڭ كونسپېك تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلغاندا، قىزىل كۆزلۈك ئىلمىنى بىرقانچە بابقا، ھەربىر بابنى بىرقانچە پاراگرافقا، ھەربىر پاراگرافنى بىرقانچە ماددىغا بۆلۈش مۇمكىن؛ ئۇلارغا قەدىمدىن، ھازىردىن، جۇڭگودىن ۋە چەت ئەللەردىن دەلىل - نەقىللەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن؛ ئۇنىڭدىكى نەزەرىيىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى پەلسەپىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ؛ ئۇنىڭغا شۇنداق كۆپ دەلىل - نەقىللەر ئېلىنىدۇكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخى، فىزىكا ۋە خىمىيە، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات، سودا تىجارەت يوللىرى، ئازدۇرۇش ۋە ئالداش ھۈنەرلىرى پۈتۈنلەي شۇ قاتارغا كىرگۈزۈلىدۇ؛ دېمەك، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئال-

مايدىغان تەرەپلىرى بولمايدۇ؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەي-
يارلىق سىنىپىدىن تارتىپ 4 ـ سىنىپىغىچە بۇ كونس-
پېكنىڭ ئاران مىڭدىن بىرىنى سۆزلەپ بولۇش مۇم-
كىن؛ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى باشقا
پەنلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە زە-
كىي ـ ئەقىللىق ئوقۇغۇچىمۇ قىزىل كۆزلۈك ئىلمىدە
ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ؛ ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ
پروفېسسورى بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ سەۋە-
بىنى بىلمىسە كېرەك، بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشنىڭ مۇش-
كۈللۈكىنى ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مې-
نىڭ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقىنىمغا نەچچە ئون يىل
بولۇپ قالدى، بېشىمنىڭ چېچى چۇشۇپ بولدى، سا-
قال ـ بۇرۇتلىرىم ئاقىرىپ كەتتى، كۆرگەنلىرىم ئاز
ئەمەس، ئالغان ساۋاقلىرىممۇ كۆپ؛ لېكىن قىزىل
كۆزلۈك ئىلمىدىن كونسپېك تەييارلاشقا كىرىشكىنىم-
دىن بۇيان، ئاران بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافى-
نى، بىرىنچى پاراگرافنىڭ بىرىنچى ماددىسىنىلا تەييار-
لىيالىدىم. بۇ بىرىنچى بابنىڭ بىرىنچى پاراگرافىنىڭ
بىرىنچى ماددىسىنىڭ ماۋزۇسى — «سۇنىڭ ئېقىشىغا
قاراپ ئىش قىل» يەنى باشقىلار نېمە دېسە سەنمۇ شۇنى
دە ۋە يەنە باشقىلار خۇش كۆرگەننى سەنمۇ خۇش كۆر،
باشقىلار يامان كۆرگەننى سەنمۇ يامان كۆر. مىسال
بىلەن ئېيتسام، باشقىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپا قىلىدىغان
بالىنى، ئاتالمىش فېئودال ـ ئاقساقاللار جەمئىيىتىدى-
كى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنىڭ قالدۇق مەرەزلىرىدىن بىرى-
نى يامان كۆرىدىغان بولسا، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا دورا





قايىنتىپ، تېۋىپ ـ داخان چاقىرىپ بەرگەن، ئۆز تەبى-
ئىتىنىڭ بويىچە ئاتا ـ ئاناڭغا خىزمەت قىلغان بولساڭمۇ،
لېكىن گەپ ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
خىزمىتىنى قىلغان ئادەملەر ئۈستىدە بارغاندا، ئۇلارغا
«ۋاپادار بالا» دېگەن قاشـقـىنى چاپلاپ ئەيىبلەۋەر،
ياشلارنىڭ بارىكاللىسىنى ئالساڭلا بولدى، ئۆز قەلبىڭ-
نىڭ، قارىشىڭنىڭ ۋە ھەرىكىتىڭنىڭ قانداق بولۇشى
بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئەيىبلەنگۈچىنىڭ دەۋرى كەت-
سە، ئۇ غىڭ ـ پىڭ قىلالمايدىغان بولىدۇ، غىڭ ـ پىڭ
قىلسا ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى تېخىمۇ ئىسپاتلىنىپ قا-
لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياشلار چاۋىكىنى چېلىپ ھوجۇمغا
ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ۋەتتۈەرىكىنى چىقىرىدۇ، سېنىڭ غەلى-
بەڭ ھۆججەتلىك بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلا-
رمۇ سېنى كامالەت تاپقان دانىشمەن دەپ بىلىدۇ، ئە-
سەرلەر توپلىمىڭ ئەنە شۇنداق بىرەر پارچە كونسپېكنىڭ
قىستـۇرۇلۇشى مۇناسـىـۋىـتى بىلەن ئەل ئىچىدە
قولدىن ـ قولغا تارقىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شان ـ شۆھ-
رىتىڭ، مال ـ دۇنيايىڭ كۆپىيىدۇ، دۆلىتىڭ چەكسىز
زىيادە بولىدۇ. قىزىل كۆزلۈك ئىلمى توغرىسىدىكى
كونسپېكنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ بىرىنچى پاراگرافى، بى-
رىنچى پاراگرافنىڭ ئىككىنچى ماددىسى — «ئۆلگەننىڭ
ئۈستىگە تەپمەك» . بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا مەلۇماتىم بار
ئىدى، لېكىن ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن ئادەم كۆز
ئالدىمغا كەلدى ـ دە، بېشىمغا ئاغرىق كىردى، بۇ
ھەقتە يېزىشقا ھەپسىلەم قالمىدى. قىزىل كۆزلۈك ئىل-
مى ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لې-

كىن ئۇ كۇپۇرلۇق، سىز ئۇنى ئۆگەنمەك.
— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ۋە پىكىرلىرى ناھا-
يىتى ئورۇنلۇق. ھازىر جەمئىيەتتە بۇنداق ئىلىمنى دەر-
ۋازا قاقىدىغان پاخشە خىش قىلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن
جان باقىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس؛ ئۇلار ئەمەلىيەتتە
مۇرادىغىمۇ يېتىپ، شان - شۆھرەت ۋە نەپ تېپىۋاتىد-
دۇ. بىراق، مەن بولسام نادان، دۆت بىر ئادەم، ئۆگى-
نىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ ئۆگىنەلمەسمەنمىكىن؟
— بەللى، سىز ئەقىللىق بولۇشنىڭ يولىنى ئىز-
دەيدىكەنسىزۇ، ئۆگەنمەيدىكەنسىز، بۇ ئىشىڭىزغۇ دۇ-
رۇس، لېكىن پەشۋاغىمۇ ئاسان ئۇچراپ قالىسىز!
شۇ كېچە جاھانساز بوۋايدىن يول سوراپ قايتىپ
كەلسەم، مەن يەنە ئەسلىي ھالىمدا تۇرۇپتىمەن.
ئېھى - ھى - ھى!
لېكىن، بىز «ئېھى - ھى - ھى» گىلا مەنزۇر بولۇپ كەتمەي-
لى، چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەزى جايلاردا «تولۇق قوراللىق
ھەرىكەت» يۈز بەردى.
بۇ ھەقتىمۇ گېزىتلەردىن نەقىل كەلتۈرگىنىمىز ياخشى. بۇ
يەردە ئاددىي خاتىرىلەنگەنلىرىدىن بىرئاز نەقىل كەلتۈرەي:

*«سەنئەت گۈلى» كىنو فىلىم شىركىتى «كىنو ساھەسى-*
*دىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئۇتاپ تاشلىغۇچى*
*مەسلەكداشلار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن*
*ۋەيران قىلىندى*

تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت 9 لاردا، سەنئەت گۈلى شىر-
كىتىنىڭ شاڭخەي غەربىي كاننوت كوچىسى جىنىستۇ بۇتخانى-





سى يېنىدىكى يېڭى سېلىنغان فىلىم تارتىش مەيدانىدا ئەلپا-
زى باشقىچىرەك تۇرغان ئۈچ نەپەر ياش يىگىت پەيدا بولۇپ
قاپتۇ، ئۇلار بۇ شىركەتنىڭ دەرۋازىۋەنىگە يالغاندىن، بىراۋ
بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق، دەپتۇ؛ ئۇلارنىڭ بى-
رى قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، قول قويۇش دەپتىرىگە قول
قويۇۋاتقاندا، يەنە بىرى «ھايت!» دەپ بىرلا توۋلىغانىكەن،
تاشقىرىدا ئالدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان، ھەممىسى ئوخشاشلا
كۆك رەختتىن كۆڭلەك ۋە كالتە شىم كىيگەن يەتتە -
سەككىز لۈكچەك دەرۋازىدىن ئېتىلىپ كىرىپ، ھەرقايسى
ئىشخانىلارغا بېسىپ كىرىپ، يېزىق ئۈستەللىرىنى، دېرىزى-
لەرنىڭ ئەينەكلىرىنى، ئورۇندۇقلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
سەرەمجانلارنى قولىدىن كەلگىنىچە بۇزۇپ - چېقىپتۇ، ئاند-
دىن كېيىن ئىشخانىلارنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئۇ يەرلەردە
زاپاس تۇرغان ئىككى دانە ئاپتوموبىلنى، بىر دانە فىلىم
قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى، بىر دانە فىلىم تارتىش ماشىنىسىنى
سۇندۇرۇپ چېقىپ تاشلاپتۇ؛ «خالايىق، ھەممىمىز بىردەك
قوزغىلىپ كوممۇنىستلارنى يوقىتايلى»، «ئامىمىغا خائىنلىق
قىلىدىغان كوممۇنىستلار يوقالسۇن»، «قانخور، ئوت قويغۇ-
چى كوممۇنىستلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيلى» ۋەھاكازا
دېگەن سۆزلەر بېسىلغان ئاق قەغەزلىك تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى
تارقىتىپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شاپىگرافتا بېسىلغان خىتاب-
نامىمۇ تارقىتىپتۇ، بۇ خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا «جۇڭگو كىنو
ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئۇتاپ تاشلىغۇچى مەس-
لەكداشلار جەمئىيىتى» دېگەن ئىمزا بار ئىكەن. تەخمىنەن
يەتتە مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ بىرى «چۇر - ر - ر -
ر!» قىلىپ جىددىي ھۇشتەك چالغانىكەن، لۈكچەكلەرنىڭ

ھەممىسى توپلىنىپتۇ ۋە سەپ بولۇپ تىزىلغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ، بۇ تەۋەدىكى 6 - رايون بۇ جىددىي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ساقچىلارنى، رازۋېدكىچىكلارنى ئەۋەتىپ قارىسا، ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بۇ جەمئىيەت، تۈنۈگۈن سەھەردە يۈز بەرگەن ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى بۇ شىركەتكە، ئەگەر شىركەتتىكىلەر ۋە باشقا شىركەتلەر ئۆز نىشانىسىنى ئۆزگەرتمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كەسكىن ۋاستىلەر بىلەن جاۋاب بېرىشكە تەييارمىز، ئەھۋالنى «ئىتتىپاق جۇڭگو»، «چولپان»، «جاھاندا بىر» قاتارلىق شىركەتلەر ۋە جەمئىيىتىمىزمۇ تولۇق تەكشۈرۈپ بىلگەن، دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىقىدىنلا ئىبارەت، دەيدۇ.

گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، بۇ خىتابنامىدە: سەنئەت گۈلى شىركىتى بولسا كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى: پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىتتىپاقى كىنو ساھەسىدىكىلەرنى قىزىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ شىركەتنى باش شتاب قىلىۋالغان، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «مىللىي ھاياتلىق» دېگەنگە ئوخشاش كىنو فىلىملىرى سىنىپىي كۈرەشنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئەنجىڭدىكى تەكشۈرۈش كومىتېتىغا پارا بېرىپ، ئۇلارنى تەستىقلاتقۇزۇۋالغان، دېگەن مەزمۇن بار ئىكەن. يەنە: ھازىر جەمئىيىتىمىز ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ شىركەتكە تەييارلاپ بولغان فىلىملىرىنى دەرھال كۆيدۈرۈۋېتىش، شىركەتنى قايتىدىن تەشكىللەپ، بارلىق قىزىلپاچاقلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى، پارا ئالغان كىنو فىلىملىرى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مەسئۇل خادىملىرىغا چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ، مائارىپ ۋازارىتىگە، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگە، مەركىزىي پىرقە بۆ-





لۈمىگە ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت سۇندى، دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىكەن.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن شىركەت ھەقىقەتەن بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدۇق دېگەن ۋە ساۋجىيادۇ 6 - رايونلۇق ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغانلىقىنى ئېيتقان. مەن (مۇخبىر) بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بېرىپ تەكشۈرۈپ قارىسام، دەرۋەقە بۇ شىركەتنىڭ ئىچكى جاھازلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، جوزا ۋە ئورۇندۇقلىرى سۇنۇپ - چېقىلىپ، ئۇڭتەي - توڭتەي بولۇپ يېتىپتۇ، بۇنىڭ سىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى يېقىندا ئايدىڭلاشسا كېرەك.

«گۈزەل ئاخشام» گېزىتىنىڭ 11 - ئاينىڭ
13 - كۈندىكى سانىدىن

*كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتاش*
*جەمئىيىتى كىنوخانىلارغا تيەن خەن قاتارلىق*
*ئادەملەرنىڭ فىلىملىرىنى قويماسلىق*
*توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى*

سەنئەت گۈلى شىركىتى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى كىنو ساھەسىدە ئۇشتۇمتۇتلا يېڭى غۇلغۇلا پەيدا بولدى، بۇ غۇلغۇلا فىلىم ئىشلىگۈچى سودىگەرلەردىن تارتىپ كىنوخانىلارغىچە تارقالدى. شەھىرىمىزدىكى چوڭ - كىچىك كىنوخانىلار تۈنۈگۈن شاڭخەي كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتىنىڭ تيەن خەن قاتارلىق ئادەملەر يازغان، رېژىسسورلۇق قىلغان ۋە باش رولغا چىققان فىلىملەرنى قويماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان خەتلەرنى تەڭلا تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ خەتنىڭ

ئەسلى مەزمۇنى مۇنداق:

جەمئىيىتىمىز مىللەتنى، دۆلەتنى ئاسراش نىيىتىدە بولغاچقا، كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالماي، قىزىل كىنولارنىڭ باش شتابى بولغان سەنئەت گۈلى فىلىم شىركىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەرىكىتىنى قوللاندى.

كىنوخانىچىلار كىنو ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ كەلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ قويىمىزكى، تيەن خەن (چېن يۈ)، شېن دۈەنشيەن (يەنى سەي شۇشېڭ، دىڭ چيەنزى)، بۇۋەنساڭ، خۇ پىڭ، جىن يەن قاتارلىق ئادەملەر رېژىسسورلۇق قىلغان، يازغان، باش رولغا چىققان، سىنىپىي كۆرەشنى، گادايلار بىلەن بايلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى تەرغىب قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل كىنولارنى قويماسلىقىڭلارنى تىلەيمىز؛ ئۇنداق بولمىسا، خۇددى سەنئەت گۈلى شىركىتىگە قوللانغانغا ئوخشاش، زورلۇق ۋاسىتىلىرى بىلەن جاۋاب بېرىمىز، ھەرگىز رىئايە قىلمايمىز. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار.

شاڭخەي كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى
ئۇتىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى
11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
«گۈزەل ئاخشام» گېزىتىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ
كۈنىدىكى سانىدىن.

لېكىن، «كوممۇنىستلارنى ئوتاش» ھەرىكىتى «كىنو ساھەسى» بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، مەتبۇئات ساھەسىمۇ باتۇرلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى. يەنە گېزىتتىن نەقىل كەلتۈرەي:





*«ياخشى دوست» كىتاب شىركىتىگە بۈگۈن سەھەردە*
*ئۇشتۇمتۇتلا بىر غەلىتە ئادەم كەپتۇ، تۆمۈر بولقا*
*بىلەن ئەينەكلىك دېرىزىنى چېقىۋەتكەندىن*
*كېيىن بەدەر تىكىۋېتىپتۇ، ساقچىلار تەك-*
*شۈرۈۋېتىپتۇ ▲... «نۇرلۇق جۇڭگو»*
*كىتابخانىسى مۇھاپىزەت*
*تەلەپ قىپتۇ*

شاڭخەي غەربىي كاننوت كوچىسىدىكى سەنئەت گۈلى فىلىم شىركىتىدە تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت 9 لاردا ئىشچى قىياپەتلىك نەچچە ئون ئادەم فىلىم تارتىش مەيدانىغا بېسىپ كىرىپ، «جۇڭگو كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتىغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى» دېگەن ئىمزا قويۇلغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقاندىن كېيىن بەدەر قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەلەڭگۈلۈك بېسىقماي تۇرسا، يەنە بىر ئەلەڭگۈلۈك پەيدا بولدى: تۆمۈر بولقا كۆتۈرگەن بىر ئەركەك ئادەم بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لاردا شىمالىي سىچۈەن كوچىسى 851 ـ نومۇرلۇق بىنادىكى «ياخشى دوست» ناملىق كىتاب بېسىش شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ، تۆمۈر بولقا بىلەن بۇ شىركەتنىڭ چوڭ دۇكىنىنىڭ ئەينەك دېرىزىسىگە ئۇرۇپ، ئەينەكلىرىنى چېقىپ، يوغان كامار قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن مەقسىتىگە يېتىپ، دەرھال قېچىپ كېتىپتۇ. شۇ تەۋەدىكى خۇڭكۇ ساقچىخانىسى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ قارىسا، «ياخشى دوست» شىركىتىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىتابلارنى ساتقانلىقى سەنئەت گۈلى شىركىتىنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەس ئىكەن. بۈگۈن چۈش-

تىن بۇرۇن 4 ـ كوچىدىكى «نۇرلۇق جۇڭگو» كىتابخانىسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ناھايىتى ھودۇقۇپ ـ چۆچۈپ، بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن شۇ تەۋەدىكى مەركىزىي پولىتسىيىدىن بىر ئامال قىلىپ مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ، لېكىن مەن مۇخبىر بۇ ماقالەمنى يېزىپ بولغۇچە بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم.

«ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى سانىدىن.

*«جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى» ۋەيران قىلىندى.*
*باسمىخانىسى ۋەيران قىلىندى، تەھرىر*
*بۆلۈمى زىيان ـ زەخمەتكە*
*ئۇچرىمىدى*

ئامېرىكىلىق ئىروسىن تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان «جۇڭگو ئەپكار مۇنبىرى» گېزىتىنىڭ خۇڭكۇ رايونى تيەنتۇڭ كوچىسىدىكى رىۋول باسمىخانىسىغا تۈنۈگۈن ئاخشام لۈكچەكلەر يوشۇرۇن بېسىپ كىرىپ، باسما سېخىنى ۋەيران قىلدى، تەھرىر بۆلۈمى بولسا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى.

«گۈزەل ئاخشام» گېزىتىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانىدىن.





*«مۇقەددەس ئەل ھۆسنى» نەشرىياتى ئۇشتۇمتۇت*
*ھۇجۇمغا ئۇچرىدى*
*تۈنۈگۈن ئاخشام سائەت 7 دە تۆت ئادەم مەركىزىي*
*تارقىتىش بۆلۈمىگە بېسىپ كىرىپ، نۇسخا*
*تاكچىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى بولقا بىلەن*
*چېقىپ تاشلاپتۇ، زىيان ـ زەخمىتى*
*ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن*

خېنەن كوچىسىنىڭ 5 ـ رەستىسى ئاغزىدىكى «مۇقەددەس ئەل ھۆسنى» ناملىق نەشرىياتنىڭ مەركىزىي تارقىتىش بۆلۈمىگە تۈنۈگۈن ئاخشام يەتتىدە، يەنى چىراغ ياندۇرىدىغان ۋاقىتتا، ئۇزۇن چاپان كىيگەن خېرىدار پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇ ئەلپازىدىن كىتاب سېتىۋالىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنۈپتۇ. بىراق، ئۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا، ئارقىسىدىن ئۈچ ئادەم ئىز باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم ئارقىسىدىن ئۈچەيلەننىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، دەرھال تاقلاپ بېرىپ، بۇ نەشرىياتنىڭ سول كاردورىدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان تېلېفوننى يۇلۇپ ئېلىپ تاشلاپتۇ. ھېلىقى كالتە چاپانلىق ئۈچەيلەنمۇ دەرھال بۇزۇش ـ چېقىشقا كىرىشىپ، بولقىلىرىنى ئوينىتىپتۇ، ئۇزۇن چاپانلىق ئادەممۇ ھەرىكەتكە كىرىشىپتۇ، تۆتەيلەن بۇ كىتاب دۇكىنىنىڭ سول تەرەپتىكى نۇسخا كىتابلار تەكچىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى ئۇرۇپ چېقىپ، بىمالال چېقىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ دۇكاندا ئۈچ ـ تۆت نەپەر خىزمەتچى ۋە شاگىرتلارمۇ بار ئىكەن، ئۇلارمۇ چۆچۈگەنلىكىدىن زۇۋان سۈرەلمەپتۇ. ھېلىقى ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم ئىشىكتىن چىقىپ 10 نەچچە قەدەم نېرىراقتىكى سىجىن كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا، ساقچىلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. چۈنكى، ئۇ تەك-

چىننىڭ ئەينەكلىرىنى چاققاندا، ئەينەك ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىگە چاچراپ تېگىپ، يۈزىنى زەخىملەندۈرگەچكە، قان توختىماي ئېقىپ تۇرغانىكەن ۋە شۇ جاراھەتنىڭ ئاغرىتقانلىقى تۈپەيلىدىن تېز ماڭالماي قالغانىكەن.

ئۇزۇن چاپانلىق ئادەم 4 - رەستىدىكى مەركىزىي پولىتسىيىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇزۇش - چېقىشقا قاتناشقانلىقىدىن تېنىۋالغانىكەن، ساقچىلار ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ.

«گۈزەل ئاخشام» گېزىتىنىڭ 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ساندىن.

ئامېرىكىلىقلار ئاچقان گېزىتخانىنى بۇزۇش - چېقىشتا ھەممىدىن بەك رەھىمى قىلغان، ھەربىي ئەمەلدارلار ئاچقان كىتابخانىنى[371] ھەممىدىن كېيىن چاققان، «بىمالال چېقىپ كېتىپتۇ» دەپ تەسۋىرلىشى ھەممىدىن قىزىق.

كىنو شىركىتىنى بۇزۇپ - چېقىش بىلەن تەڭ خىتابنامىمۇ تارقاتقان، بىر نەچچە گېزىت بۇ خىتابنامىنى تولۇق مەزمۇنى بىلەن بېسىپ چىقارغان؛ كىتابخانا بىلەن گېزىتخانا توغرىسىدا بولسا بىرەر مۇلاھىزە يوق، چۈنكى بۇ ھەقتە بىرەر خاتىرىمۇ بېسىلمىدى. لېكىن، يوقمۇ ئەمەس، شاپىگىراپ بىلەن كۆك رەڭدە بېسىلغان بىر ئاگاھلاندۇرۇش بار، ئەسلىدە كىتابخانا ياكى گېزىتخانىنىڭ ئىسمى چۈشىدىغان ئورۇن بوش قالدۇرۇلۇپ بېسىلىپ، كېيىن موي قەلەم بىلەن تولدۇرۇلغان، يېزىلىشىدىن قارىغاندا، بۇنى قەلەم ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم يازغاندەك ئەمەس؛ ئاخىرىسىغا سۆسۈن رەڭ بىلەن ئۇزۇنچاق ياغاچ تامغا بېسىلغان. بەختكە يارىشا بۇ خىتابنامىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى ساقلاپ قويغانىكەنمەن، مانا ھازىر تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ، بۇ يەردە ئەينەن





نەقىل كەلتۈردۈم:

جەمئىيىتىمىز مىللەت ۋە دۆلەتنى قوغداش نىيىتىدە، مەدەنىيەت ساھەسى بىلەن ئىدىيە ساھەسىنىڭ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، قىزىل كىنولارنىڭ باش شتابى بولغان سەنئەت گۈلى شىركىتىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ھەرىكىتىنى قوللاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ھازىر مەدەنىيەت ساھەسىنى تازىلىماقچىمىز. «ياخشى دوست» كىتاب شىركىتىگە دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇشنى بەرگەندىن تاشقىرى، باشقا كىتابخانىلارنىڭ مەتبۇئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتۇق.

مۆھتەرەم ... سىلەر مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك جان كۆيدۈرۈۋاتىسلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالاھىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرىمىزكى، قىزىل يازغۇچىلارنىڭ يازغان ئەرسىلىرىنى، مەسىلەن: لۇشۈن، ماۋدۇن، فېڭزى، شېن دۇەنشيەن، چيەن شىڭسۇن ۋە باشقا قىزىل يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئەكسىيەتچىل ماقالىلىرىنى ۋە سەھنە ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل مۇلاھىزىلەرنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى نەشر قىلىشقا، بېسىپ چىقىرىشقا، تارقىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭغا رىئايە قىلمايدىغان بولساڭلار «سەنئەت گۈلى» ۋە «ياخشى دوست» شىركىتىگە قوللانغان ۋاستىدىنمۇ قاتتىق، ئۇزۇل - كېسىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جاۋاب بېرىمىز، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلمايمىز! بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭلار ...

شاڭخەي كىنو ساھەسىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىستلارنى ئوتتۇرغۇچى مەسلەكداشلار جەمئىيىتى، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

«مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھەممىدىن بەكرەك جان كۆيدۈرىدۇ»
غان «ۋىجدانلىق» ئادەملەردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە
بولقا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ نەچچە يۈز سەر تەڭگىگە توختىغان
چوڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ تاشلاش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ
تۇرسا، ئەگەر «بۇنىڭغا رىئايە قىلمايدىغان» بولسا، ۋاقتى كەلگەنـ
دە، بىرەر قىزىل قالپاق ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ چوڭ ئەينەكلەر-
دىنمۇ قىممەتلىك بېشىغا زامىن بولىدىغان تۇرسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ
دىلىنىڭ شىكەستىلىنىشى تەبىئىي. دېمەك، كىتابخانا ۋە گېزىتخا-
نىلارنىڭ بىرئاز مۇشكۇلچىلىككە قالغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلد-
ۋالغىلى بولىدۇ. «بەدەر تىكىشۋەتكەن» باتۇرلار مېنى «قىزىل
يازغۇچى» دەپ بېكىتكەنىكەن، باشقىلارغا زامىن بولماي، قەلەمنى
تاشلاپ قويۇپ، شۈك ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ
باقايچۇ دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابقا كىرگۈ-
زۈلگەن فېليەتونلار 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە يېزىلغانلار بىلەن
چەكلەندى، چۈنكى 7 ـ كۈنىدىن تارتىپ ئاگاھلاندۇرۇشقا مۇيەس-
سەر بولغان ۋاقىتقىچە، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە ھېچقانـ
داق بىر نەرسە يازمىدىم.

لېكىن، ئەلەم كۈچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان چاغلىرىمدا
قەلەم كۈچىنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىمنى تەجرىبىلەردىن
بىلىۋالدىم. قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تولىسى «ئىنسپراتون» بولىدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھىدلاش سېزىمى ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ
كەتتى، ئۇلار قانداق «ئىجاد» قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلىدۇ. دېمەك، مەن جەمئىيەتنى تەنقىدلىمەيدىغان، ئا-
دەملەر ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدىغان، باشقىلار بولسا مې-
نىڭ ئۈستۈمدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى،
مەن بولسام ماتېرىيال يىغىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. ماتېرىيال
يېتەرلىك بولسىمۇ، تۈزۈكرەكلىرى كۆپ ئەمەس. قەغەزنى، سد-





ياھنى تېخىمۇ ئاسراش توغرا كەلدى، شۇڭا بۇ يەردە پەقەت ئالتە
پارچە ماتېرىيالنىلا تاللىدىم. ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى «مەركىزىي
گېزىت» ماڭا ھەممىدىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلدى، ئۇ «مەركەز»
بولغىنىغا مۇناسىپ بولغىنى ھالدا ھەممىدىن ئاۋۋال باشلاپ بەر-
دى؛ «ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر»[372] «تولۇق قوراللىق
ھەرىكەت» ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىتتا زامانغا ناھايىتى ئۇيغۇنلاشقان
بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ كولدۇرلاپ قالدى: «ئۇلۇغ ئاخشام»
گېزىتى بىلەن «گۈزەل ئاخشام» گېزىتى[373] ھەممىدىن كېيىن
ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى، ئۇ «سودىگەرلەر ئىلكىدە بولغان»
لىقى ئۈچۈن چېچەن ئىدى، شۇڭا ئېھتىياتچانلىق قىلدى؛ ئېھتىد-
ياتچانلىق قىلغاندا كالۋالىشىپ قالمايدۇ، ئۇ شېرىكلىشىپ ھۇ-
جۇمغا ئۆتۈش قارارىغا ئەمدىلا كەلگەندە، نورۇز بايرىمى قىستاپ
كېلىپ قالدى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يىلدا سودىگەرلەرگە
غەمخورلۇق قىلىپ، يېڭى نىزام بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن كىتاب ـ گېزىتلەر تەكشۈرۈلمەكچى ئىدى، دېمەك، ئۇ
چاغدا ۋەزىيەت باشقىچە بولاتتى.

نورۇز بايرىمى ھازىر تېخى يېتىپ كەلمىدى، ھازىرچە «مەر-
كىزىي گېزىت»نىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىنى كۆرۈپ تۇرايلى.

## پارچە تەسرات

جۇ

يېقىندىن بۇيان بىرمۇنچە ژۇرناللار ئۇششاق ماقالىلەرنى
تەرغىب قىلىدىغان بولۇپ قالدى. «شېنباۋ گېزىتىنىڭ ئاي-
لىق ژۇرنىلى»، «شەرق ژۇرنىلى» ۋە «ھازىرقى زامان»
لاردا پارچە تەسرات، فېليەتون ئىستونلىرى چىقىۋاتىدۇ،

1933 - يىلى ئۇششاق ماقالىلەر يىلى بولۇپ قالدىغاندەك تۇردۇ. ھازىر جۇڭگودا پارچە تەسرات يازغۇچىلار بۇرۇنقىدىن جىق كۆپىيىپ كەتتى، بۇمۇ لۇشۈن ئەپەندىنىڭ يېگانە تۆھپىسى بولسا كېرەك. لۇشۈن جۇڭگونىڭ پارچە تەسرات يازىدىغان يازغۇچىلىرىنىڭ پېشقەدىمى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پىر - ئۇستازلارچە ئىبارىلىرى شۇنداق زەھەردەك ئاچچىقكى، ئۇنىڭغا باشقا ھېچكىم يېتىشەلمەيدۇ. ئۇ «ئىسسىق شامال»، «سايىۋەن»، «سايىۋەنىنىڭ داۋامى» دېگەن توپلاملارنى چىقاردى، بۇلتۇر «ئالا كۆكۈل» — پالا كۆكۈل دېگەندەك بىرنېمىنىمۇ چىقاردى. ئۇنىڭ يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيانقى «قىلمىش[374]»لىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ چالا كۆكۈل، تاغىل كۆكۈل دېگەندەك بىرنېمىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىدىن بۇيان ئىجادىي ئەسەر نەشر قىلدۇرغىنى يوق، روسىيەنىڭ بەزى قارا بولكىلىرىنى تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق چەلەڭگۈش فېلىيەتونلاردىن ئىبارەت. چەلەڭگۈش فېلىيەتونلار بىرەر مىڭ ھەرپلىك قىسقا بولغاچقا، قەلەمنى بىر تەۋرىتىش بىلەنلا پۈتتۈرگىلى بولىدۇ. بىرەر تال تاماكىنى چېكىپ بولغۇچە مېڭىسىنى ئاز - پاز ئىشقا سېلىپ قويسىلا، نەتىجىدە مىڭ ھەرپكە 10 دوللاردىن تېپىۋېرىدۇ. چەلەڭگۈش فېلىيەتونلارنى يېزىشنىڭ بىرلا يولى بولسا كېرەك: ياكى كىنايە قىلىش ۋە ياكى مەسخىرە قىلىش. ئەگەر كىنايە قىلغاندىن كېيىن بىرەر ئېغىز مەسخىرىنى قوشۇپ قويسا ياكى مەسخىرىگە بىر - ئىككى ئېغىز كىنايىنى قوشۇپ قويسا، ئۇنداق ماقالە تېخىمۇ قالتىس بولۇپ چىقىدىكەن.

لېكىن، ئومۇمەن ئالغاندا، بەزى پارچە تەسراتلىرىدا





تەنە كۆپرەك. مەسىلەن، مەلۇم بىرەر شەيئىدىن نارازى بولغانىكەن، (نارازى بۇ سۆز جايىدا چۈشمىگەندەك تۇرىدۇ. — لۇشۈن) تەنە ماقالە يېزىشى تەبىئىي. لۇشۈن ئەپەندى ئۇنداق قىلساڭمۇ ياراتمايدۇ، بۇنداق قىلساڭمۇ ياراتمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئەھۋال توغرىسىدىمۇ تەسراتى كېلىپ چىقىدىكەن، بۇنداق ئەھۋال توغرىسىدىمۇ تەسراتى كېلىپ چىقىدىكەن.

بىزنىڭ كەنتىمىزدە ھەم سەت، ھەم غەيۋەتچى بىر قېرى ئايال بار. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپلا يۈرىدۇ، گويا ھېچ نەرسىنى ياراتمىغاندەك، كەنتنىڭ شەرقىي مەھەللىسىگە بېرىپ بېشىنى چايقىسا، كەنتنىڭ غەربىي مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىن زادى قانداق بولسا بولاتتى، دەپ سورايدىغان بولسىڭىز، ئۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە، لۇشۈن ئەپەندى ئەنە شۇ ئايالغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە كىنايە قىلىپلا، تەنە قىلىپلا يۈرىدۇ، پارچە - پۇرات تەسراتلىرىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن زادى قانداق قىلىش كېرەك، دەپ ئەقىل سورايدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھەرگىز روشەن جاۋاب بەرمەيدۇ.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چىققان «مەركىزىي گېزىت» نىڭ «مەركىزىي باغچە» بېتىدىن.

### ئەدەبىيات مۇنبىرى ۋە مەرد مەيدانى

مىڭچۇن

شاڭخەيدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى مەردلەرنى سىنايدىغان

مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى. لۇشۈن ئەپەندى «مەيداننىڭ باۋڭى»[375] بولۇپ قالدى. لۇشۈن ئەپەندى خۇددى ئۆز ئۆيىدە كۆزىگە ھەممىنى كۆرەلەيدىغان دۇربۇن تارتىۋالغاندەك، ئەگەر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قايسىبىر ئادەمنىڭ سۆز ياكى ھەردىكىتىدىن بىرەر قۇسۇرنى بايقاپ قالسا، دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ، شۇ ئادەمنى دومبالاپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. دېمەك، لۇشۈن ئەپەندى قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ قەلەم تىغىنى قانداق ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، باشقىلارنىڭ جېنىغا تېگەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، باشقىلارنى مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كويىدا باش قاتۇرۇشقا سەرپ قىلماقتا.

مەن لۇشۈن ئەپەندىنىڭ غېمىنى يەپ قوياي، لۇشۈن ئەپەندى بۇھەقتە ئۆزىنى سەل زايە كەتكۈزۈۋاتىدۇ، لۇشۈن ئەپەندى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇتقان ئورنىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىڭ، ھەتتا سىزگە قارشى ئادەملەرمۇ سىزنىڭ جۇڭگو بويىچە ناھايىتى قەدىرلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۆز كۆڭلىدە ئىنكار قىلالمايدۇ؛ سىزنىڭ سۆزىڭىز ياشلارغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈۋاتقانىكەن، سۆزىڭىزدە ئېھتىيات قىلىڭ. قېنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» نى يازغاندىن كېيىن، قەلەم كۈرىشىگە قانچىلىك ۋاقتىڭىزنى زايە قىلغانسىز؟ بۇ قەلەم كۈرىشىڭىز ياشلارغا قانداق تەسىرلەرنى بەرگەندۇ؟

بىرىنچى قاتاردىكى يازغۇچىلار دائىم بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشقانىكەن، ئادەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچى ياشلار بۇ جەڭ تاكتىكىسىدىن بىرمۇنچە تەنتەكلىكلەرنى ئۆگەنمەي قالمايدۇ. بۇنىڭ كاساپىتى شۇ يەرگىچە يېتىپ بارماقتىكى، ھەتتا چاپقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان، دوپـ





پىسىنى ئالىمەن دەپ كاللىسىنى ئالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە. باشقىلارنى تەنقىد قىلىدىغان ئادەملەر تولا چاغلاردا تەنقىد قىلىنغۇچىلارنىڭ سۆزى ۋە ئىدىيىسىدىن چەتنەپ، قەلىمىنى يۆتكەپلا، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان، كۆزەينىكىنى ناھايىتى سەت تاقىۋاپتۇ دەيدىغان، ھەتتا بەتىنىكىنىڭ تۇمشۇقى تۆشۈك ئىكەن دەيدىغان بولۇپ قالدى؛ ھەتتا ئۆپكىسىنى بېسىۋالالماي، باشقىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى چىشلەپ تارتىدىغان ۋە ھەتتا قەلىمىنى تاشلاپ قويۇپ، مۇشتۇمىنى تەڭلەيدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭچە، ھازىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇشۇنداق يامان ئادەتنىڭ، يەنى كۆرەڭلىك، پەسلىك، قوپاللىق ۋەھاكازالارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا لۇشۈن ئەپەندىگە ئوخشاش ئادەملەر ھەرھالدا ئاز - تولا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

ھەقىقەتتە بۇ قەلەم كۈرەشلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى ھاجەتسىز، مەسىلەن، بىراۋ نەزمىنىڭ ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلغانىكەن، سەن ئۇنى تىللىمىساڭمۇ باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇنى دوراپ، «پۇستان نېمەمگە ھېساب» دەپ نەزمە توقۇشىمۇ ناتايىن؛ بىراۋ «جۇاڭزى» بىلەن «تاللانما» نى ئوقۇشنى تەرغىب قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ياشلارنى ئەپيۇن چېكىشكە دەۋەت قىلغانلىقى ناتايىن، سېنىڭ چىشلىرىڭنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىڭنى ئالايتىپ، ئۇنى ئۇسال قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟!

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، جۇڭگو تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان روسىيىلىك ئەدىب B. A. Vasiliev لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» سىغا باھا بېرىپ: «لۇشۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يازغۇچى، ئۇنىڭ يۇمۇر ئىستىلى كىشىنىڭ كۆزىگە ياش

كەلتۈرىدۇ، دېمەك، لۇشۈن يالغۇز جۇڭگونىڭلا يازغۇچىسى
ئەمەس، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى يازغۇچىلارنىڭمۇ بىرى» دېگەن.
لۇشۈن ئەپەندى، سىز هازىر قېرىپ قالدىڭىز، ئۆتمۈشتىكى
شان - شەرەپلىرىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوقۇغانلىرىڭىز
كۆپ، كۆزىتىشىڭىز چوڭقۇر، تۇرمۇش تەجرىبىڭىز ناهايىتى
مول بولۇپ تۇرغان هازىرقى ۋاقتىڭىزدا «ئاQ نىڭ هەقىقىي
تەرجىمىهالى» دىنمۇ ئۇلۇغ بىرنەچچە ئەسەر يېزىش يولىدا
غەيرەت قىلسىڭىز بولماسمىدى؟ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ مىڭ يىل-
لاپ ئۆچمەي تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. قەلەم كۈرىشى
بىلەن يېزىلغان ماقالىلەرمۇ بىر هەپتە ئۆتكەندىن كېيىن
كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئېهتىمال. ياشلار
مەردلەرنى سىناش مەيدانىنىڭ خوجايىنىدىن كۆرە، ئۇلۇغ
ئەدىبنى قەدىرلەيدۇ. بىز شېكسپېر، تولستوي، گيۇتى قاتار-
لىق ئادەملەرنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ «ئادەم
تىللايدىغان فېلىيەتونلار تاللانمىسى» نى كۆرگىنىمىز يوق.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چىققان «مەركىزىي
گېزىت» نىڭ «مەركىزىي باغچە» بېتىدىن.

بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى مېنى قېرى ماكىماك ئايالغا ئوخشىتىپ-
تۇ، يەنە بىرى مېنىڭ «ئۇلۇغ ئەسەر» يارىتىشىمنى ئارزۇ قىپتۇ.
بۇلارنىڭ ئىبارىلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەقسىتى بىر، يەنى
بۇلار «ئۇنداق ئەهۋال توغرىسىدىمۇ تەسىراتى كېلىپ چىقىدىكەن،
بۇنداق ئەهۋال توغرىسىدىمۇ تەسىراتى كېلىپ چىقىدىكەن» ئىكەن-
لىكىمدىن، دېمەك، پات - پات «چەلەڭگۈش فېلىيەتونلار» يازىدى-
غانلىقىمدىن بىزار. دەرهەقىقەت، بۇ ئەهۋال كىشىنى بىزار قىلى-
دۇ، لېكىن «چەلەڭگۈش فېلىيەتون» شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ زۆ-
رۈر. چۈنكى، «جۇڭگو خەلقىنىڭ روهىي دۇنياسى» هازىر مېنىڭ





چەلەڭگۈش فېلىيەتونلىرىمدىن ئەكس ئەتمەكتە.
جۇ ئەپەندى مېنىڭ بىرەر روشەن ئەقىل كۆرسىتىپ بەرمى-
گەنلىكىمگە نەشتىرىنى سانجىپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەندىم.
لېكىن، مىڭ چۈن ئەپەندىنىڭ شېكسپېر قاتارلىق بىر تالاي ئادەم-
لەرنى شېپى كەلتۈرگەنلىكىگە هەيران بولدۇم. نېمە ئۈچۈندۇر،
يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان بەزىلەر پات - پاتلا مېنى تولستوينى
دورىغىن دەپ دەۋەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى، ئېهتىمال ئۇلار
«ئۇلارنىڭ ‹ئادەم تىللايدىغان فېلىيەتونلار تاللانمىسى› نى كۆرمى-
گەن» لىكى ئۈچۈن، ئۇنى ماڭا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەندۇر. بى-
راق، ياۋروپا ئۇرۇشى دەۋرىدە تولستوينىڭ پادىشاهنى تىللاپ
يازغان خېتىنى كۆرگەنمەن؛ ئەگەر ئۇ جۇڭگودا بولغان بولسا،
ئۇمۇ «هازىر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۇشۇنداق يامان ئادەتلەرنى،
يەنى كۆرەڭلىك، پەسلىك، قوپاللىق ۋەهاكازالار پەيدا قىلغان»
دېگەن بەتنامغا قالغان بولاتتى، تولستوينى دورىغىلى بولمايدۇ،
دورىغان تەقدىردىمۇ ياشىماق تەس، ئۇ هايات چېغىدا يۇنان دىندار-
لىرى ئۇنى دوزىخى دەپ هەر يىلى قارغىغانىدى.
ئوتتۇرىغا «ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر» گە بېسىلغان
ئىككى پارچە ماقالىنى قىستۇرۇپ قويااي:

## چېقىمچىلىق توغرىسىدا

چېن دەي

چېقىمچىلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن هەممىدىن بەك تەش-
ۋىش قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا هەممىدىن ئۆچ ئادەم لۇشۈن
ئەپەندى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىۋاتقان-
لىقىنى «ساختا ئەركىنلىكنامە» — يەنە بىر ئىسمى: «ناشا-
يان تويلام» سىنىڭ «مۇقەددىمە» سى بىلەن «خاتىمە» سىدىن-

مۇ بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ چېقىمچىد-
لىق دېگىنى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ياكى
قاچان، قەيەردە بولغانلىقىنى پولىتسىيىگە (ياكى ئۇنىڭ
«سىرى»نى بىلمەكچى بولۇپ تۇرغان باشقا بىرەر ئورگانغا)
يوشۇرۇن ھالدا ئېيتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ كېتىد-
شىگە زامىن بولغانلىقىغا قارىتىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزى
بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ «ئىلگىرىكى تەخەللۇسلارنى بەزىدە قوللد-
نىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋەتكەن» دىن
كېيىنكى تەخەللۇسنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، «بۇ تەخەللۇس
لۇشۈننىڭ» ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىغا قارىتىلغان.

«بۇ نۆۋەت، — دەپ يازىدۇ لۇشۈن، — ئاۋۋال ۋاڭ
پىڭلىن ئەپەندى چاقتى، كېيىن جۇمۇزەي ئەپەندى پاش قىلد-
دى». لېكىن، ئۇ لۇشۈن ئەپەندى سەھنىگە چىقماستىنلا
مۇھەررىرنىڭ بېشارەت بېرىپ قويىدىغانلىقىنى يېزىشنى ئۇند-
تۇپ قالغان. چۈنكى، خې جياگەن ئەپەندى(376) باشقا بىر
ئەپەندى بىلەن بىللە سەھنىگە چىقىدىغان چاغدا، مۇھەررىر:
ھازىر سەھنىگە چىقىدىغان ئىككىيلەن بولسا ئەدەبىيات مۇنبد-
رىنىڭ سەركەردىسى، دەپ ئالدىن تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ،
شۇڭا باشقا كىشىلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ بۇ ئىككى سەر-
كەردىسىنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتد-
دۇ. ئەگەر باشقا بىر ئورۇندا ياكى باشقا بىر ۋەزىيەتتە
بولسا، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مۇھەررىرى تەنە قىلىۋاتىدۇ،
دېيىشى ئېھتىمال.

بىرەر قوشۇمچە بەتتە بىرەر يات ئىسىم پەيدا بولۇپ
قالسا، شۇ ئىسىمنىڭ ئەسلىي ئىسىم ياكى باشقا بىرەر تونۇش
ئادەمنىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى بىلگۈمىز كېلد-
دۇ، بۇئادەملەردە بولىدىغان بىر ئادەت. ھەتتا لۇشۈن ئەپەد-





دىمۇ ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندىنىڭ «‹ھەممىدىن چۈشىنىشلىك›
ئەدەبىيات ـ سەنئەت» دېگەن ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن،
ئىختىيارسىز ھالدا: «بۇ ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندىنىڭ ئىسمى
ئەسلىي ئىسمىمۇ ياكى تەخەللۇسىمۇ؟» دەپ سوئال قويغان.
ئەگەر ئۇ شۇ ئىسىمنىڭ كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ تەخەللۇسى
ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، شۇ كىشىنى ئېيتىپ بېرىشى
ئېھتىمال. بۇ ھېچقانداق بوھتان ئەمەس، بۇنىڭغا ئىمانىم
كامىل. چۈنكى، ئۇنىڭغا مەلۇم بولغان كىشى ئەمەلىيەتتە
«ليۇسى بولسا ياڭ سۈنرېن ئەپەندى ... نىڭ تەخەللۇسى»
دەپ، ئۆزىنىڭ بوزەك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتامدۇ؟

يەنە، ئەگەر چېقىمچىلىق قىلىدىغان بولسا، نېمىشقا
«ئاشكارا» شەكلىنى قوللىنىدۇ؟ خۇپىيانە بولسا چېقىمچى
تېخىمۇ بىخەتەر بولمامتى؟ ھەقىقەتەن شۇنداق چېقىمچى بولد-
دىغان بولسا، ئۇنداق چېقىمچىنىڭ پەم ـ پاراسىتىدىن بىر
ئاز گۇمانلىنىمەن.

ئۇنداق ياكى بۇنداق تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان ماقا-
لىلىرىنى توپلاپ توپلام قىلىدىغان چاغدا، شۇ بىرمۇنچە ئىد-
سىملارنى بىر ئىسىمغا جۇغلىغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاپ-
تورنىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چېقىمچىسى بولسا كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چىققان «ئېقىم مەسىلىلىرىدىن
يېڭى خەۋەر» نىڭ «كۆك نۇر» بېتىدىن.

## يوشۇرۇن ئوق ئېتىش توغرىسىدا

چېن دەي

ئالدىنقى كۈنى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ساختا ئەركىنلىكنا-
مە» نىڭ «مۇقەددىمە» سى بىلەن «خاتىمە» سىنى ئوقۇپ، چېد-

قىمچىلىق توغرىسىدا قىسقىچە توختالغانىدىم، ھازىر تاڭ تاۋ ئەپەندىنىڭ «يېڭى قىياپەتۆلبەشەر» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ، يوشۇرۇن ئوق ئېتىش توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختالغۇم كەلدى.

تاڭ تاۋ ئەپەندى «يېڭى قىياپەتۆلبەشەر» دە ناھايىتى كۆپ تەرەپلەپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن؛ شۇ تەرەپلىرىنىڭ بىرى «يوشۇرۇن ئوق ئېتىش». تاڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك «يوشۇرۇن ئوق»لاردىن تەركىب تاپقان، گەرچە بىرمۇنچە ئوقلىرىنىڭ بەلگىسى ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ.

«ئېقىمنىڭ تەسىرى يەتكەنلىكتىن، ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئويۇنلارنىڭ ھەر بىر كۆرۈنۈشىنى يەڭگۈشلەپ تۇرۇۋاتىمىز، دېيىشىدۇ. رولغا چىققانلار يەنە شۇ كونا ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن بەشىرىسى يېپيېڭى.» — مانا بۇ، يوشۇرۇن ئوقنىڭ بىرىنچىسى. بۇ ئوق يوشۇرۇن ئېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قارىلىغان يەرگە بېرىپ تەگكەن. چۈنكى، ھازىر ھەقىقەتەن بىرمۇنچە ئەدەبىي رول باركى، ئۇلار تاماشىچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئادەتتە قويۇپ كېلىۋاتقان كونا ئويۇنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يېڭى ئويۇنلارنى قويۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قاتاردىن قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ئاغزىدا «ئېقىمنىڭ تەسىرى يەتكەن» دەيدۇ، تېخى. يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاچىققان رولىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا كونا ئىكەنلىكىنى ئېيتماي قويايلى، ئۇلارنىڭ بەشىرىسىمۇ يېڭى ئەمەس، پەقەت سەرلەۋھىسىنىلا يېڭىلىغان، قويۇۋاتقىنى يەنە شۇ كونا بىرنېمىلەر. مەسىلەن، «شۇ پىڭگۈينىڭ غەربىي لياڭ ئوردىسىدىن ئۆيلىنىشى»نى «ئاشىق ۋە مەشۇق»قا ئۆزگەرتكەن ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ مەزمۇنى بولسا يەنىلا كونا.

ئىككىنچى ئوق بولسا — ياق، بۇنداق يېزىۋېرىش يارى-





مايدۇ، بۇنداق يېزىۋېرىش ئۈچۈن چوڭقۇر مەلۇمات كېرەك — ماقالىنىڭ ھەربىر جۈملىسى بىر پاي ئوق، ھەتتا بىر جۈملىسى بىر نەچچە پاي ئوق، ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، مېڭىسى ئېلىشىپ، ئۇ ئوقلارنى تۇتۇۋالالماي قالسا، قاتمال تەرجىمىلەرنى چۈشىنىشتىنمۇ قىيىن بولىدۇ.

لېكىن، تاڭ تاۋ ئەپەندىنىڭ ئۆزى بۇنداق پوزىتسىيىدىن مەمنۇن بولمىسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا نېمىشقا باشقىلارنى «ۋارقىراپ - جارقىراپ، شىلتىڭلاپ خىرىس قىلىۋاتىدۇ» دەپ تىللايدۇ؟ لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزى «ۋارقىراپ - جارقىراپ، شىلتىڭلاپ خىرىس قىلىۋاتىدۇ».

ئېھتىمال ئۇ خىرىس قىلماي، پەقەت يوشۇرۇن ئوق ئېتىۋاتقاندۇ؛ چۈنكى «قاتتىق جەڭ» دە «تارتىشماق» بولغان تەقدىرىمۇ ھەر ھالدا خېلى كۈچ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەغلۇپ» بولغاندىن كېيىن «يەنە ئېلىشىش» ۋاقتىدا بەشىرىنى «يېڭىۋاشتىن پەردازلاش» توغرا كېلىدۇ. «يوشۇرۇن ئوق ئېتىش بولسا ئاسانغا چۈشىدۇ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاتقۇدەك بىرەر قارىنى كۆرگەندە يايىنى كېرىپ تۇرۇپ چاندۇرماستىن قويۇۋەتسە، ئوق بەھۇزۇر ئالغا ئۇچۇپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە يوشۇرۇن ئوق ئاتقۇچىلارنى تىللىماقتا.

يوشۇرۇن ئوقنى ئاۋۋال ئۆزى ئاتالايدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئېتىشىنى تىللىسا ئاندىن سۆزى ئورۇنلۇق بولۇپ چىقىدۇ.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چىققان «ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر»نىڭ «كۆك نۇر» بېتىدىن.

بۇ چىن ئەپەندى ھۇجۇمچى قوشۇن ئىچىدىكى لامزەللىلەرنىڭ
بىرى ئىكەن، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ كېيىن ئىزاھلىشى بىلەن
باشقىلارنىڭ ئىلگىرى پاش قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىمۇ
چۈشەنمەيدىكەن. ئەگەر مەن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان بولسامۇ ئۆل-
مەي، كېيىن «ئۆز... بىلەن ۋاپات قىلغان» بولسام، ئۇ مېنى
ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قاتىلى دېيىشتىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ: ئەگەر چېقىمچىلىق قىلىدىغان بولسا، نېمىشقا «ئاشكا-
را» شەكىلنى قوللىنىدۇ؟ دېگەن سوئالنىمۇ قويۇپتۇ. جاۋاب:
بۇنى ھەقىقەتەن چۈشىنىش تەس، لېكىن بۇنىڭغا «ئەدىب» نىڭ
سۈپىتىگە لايىقراق ئۇسۇلدا چېقىمچىلىق قىلىش مۇددىئاسىمۇ سە-
ۋەب بولغان؛ ئۇنداق قىلمىسا، تۆردىن پەگاھقا چۈشۈپ قالىدۇ -
دە، پايلاقچىلار مۇنبىرىگە ئۆتۈپ قالىدۇ، قەستەنلىك بىلەن سەۋەن-
لىكنىڭ پەرقىنى چۈشىنىمەن. مېنىڭ چېقىمچى دېگىنىم پىستەك-
لەرگە قارىتىلغان، چىن ئەپەندى ئەنە شۇنداق پىستەك - كۈچۈك-
لەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، خەۋەر تاپىدىغان قۇلىقى
ئۆتكۈر بولمىغاچقا، ئەكسىچە ئۆزىگە قىيىن بولمىغانمۇ؟

ئىككىنچى ماقالىسىنى پەقەت ئۆزىلا چۈشەنسە كېرەك. مەن
پەقەت بىرلا نۇقتىسىنى چۈشەندىم: ئۇ بۇ نۆۋەت توغرا ھىدلىيال-
ماي، تاڭ تاۋ ئەپەندىنى ماڭا ئوخشىتىۋاپتۇ. ئۇ ماقالىنى بۇ يەرگە
پەقەت ئۆزىنى مېنىڭ مۇخالىپىم قىلىۋالغانلارنىڭ ئۈلگىسى سۈپە-
تىدىلا كىرگۈزۈپ قويدۇم.

ئەمدى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىدىكى بىر پارچە نەرسىنى
نەقىل كەلتۈرەي:

## چيەن جىبو لۇشۈن ھەققىدە

چى شى

يېقىندا بىراۋ لۇشۈن توغرىسىدىكى تەنقىدىي ماقالىلەرنى





«لۇشۈن ھەققىدە»ناملىق بىر كىتاب قىلىپ چىقاردى. بۇ-
نىڭغا لۇشۈننى ماختايدىغان ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. ھەقى-
قەتتە لۇشۈن ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردە چۆكۈرۈشمۇ،
تەرىپمۇ بولۇشى كېرەك؛ چۆكۈرۈشمۇ، تەرىپمۇ بولغاندا،
ئاندىن ھەق - ناھەق ئېنىق بولىدۇ. چيەن جىبو جاناب يازغان
«ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئەسەر
300 مىڭ سۆزلۈك ئۇزۇن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا جانلىق
تىل ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى سۆزلەر ئاران 10 مىڭ ھەرپتىن
ئاشىدۇ، بۇنىڭغا خۇ شى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن، لۇشۈن بى-
لەن شۈي جىمۇ قوشۇمچە قىستۇرۇلغان. بۇلار ئۈستىدىن
قاتتىق غەيۋەت قىلىنغان. يېقىندىن بۇيان كونا يازغۇچىلار
ئىچىدە ماقالىلەرنى ۋە ئادەملەرنى باھالاشتا چيەن جانابتەك
يۈرەكلىك ئادەم يوق، چىققان ئادەملەر تېخى بۇنىڭغا دىققەت
قىلمايۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ «لۇشۈن ھەققىدە» دېگەن
يېڭى ئەسىرىنى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى لەتىپە سۈپىتىدە
تونۇشتۇراي.

چيەن جانابىنىڭ يېزىشىچە، ياۋروپا گرامماتىكىسىنى دو-
رايدىغان، ياۋروپالاشتۇرۇلغان ئانا تىل ئەدەبىياتى دېگەن سۈ-
پەت بېرىلگەن ئەدەبىيات بار، بۇ ئەدەبىيات جېجياڭلىق جۇ
شۇرېن[377] نىڭ غەرب ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىشى بىلەن
باشلانغان؛ ئۇنىڭدا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش قەدىرلەنگەن،
مەنەن تەرجىمە بولسا ساداقەتسىزلىك دەپ چەتكە قېقىلغان؛
ياۋروپا گرامماتىكىسىنى دورايدىغان ئانا تىلنىڭ شاتۇتىغا
ئوخشاش دورامچىلىق قىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى؛ كۆ-
لەمىسىمۇ ھېجىيىپ باقىدىغان چاكىنا دورامچىلار ھەتتا
بەس - بەس بىلەن ماقالىلەر يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپالاش-
تۇرۇش ئىرادىلىرىنىمۇ بايان قىلىدىغان بولدى، «ھېكايىلەر

مەجمۇئەسى» بۇنداق دورامچىلىقنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. لېكىن ياۋروپا گرامماتىكىسىنى دوراپ ئانا تىل بىلەن يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىش ھەتتا «جۇ پادىشاھىنىڭ پەرمانى» دىنمۇ قىيىن بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىم ئەھلىلىرى چۈشەنەلمەيۋاتسا، ئاما قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن شاڭخەيدىكى ساۋ مۇگۇەن مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: بىز ياۋروپا تىلىنى ئوقۇشنى ئارزۇ قىلمىمىزكى، بۇنداق تىلسىم ماقالىلەرگە نەزەر سېلىشنى خالىمايمىز! بۇ ماقالىلەر خۇددى مودا كىيىم كىيگەن پۇزۇر ئاياللارنىڭ غەربچە ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكە كىيىپ، تايتاڭلاپ مېڭىپ، رەسۋا بولغىنىغا ئوخشايدۇ! قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى دوراشنى قۇللۇق مىجەزگە بېرىلىپ كېتىش دەپ ھاقارەتلىنىشۋاتىدۇ، چەت ئەلنى دوراش قۇللۇق مىجەزگە بېرىلىپ كەتكەنلىكى بولماسمىش. بۇ تۆھمەت زۇلۇم قامچىسىنى كۆتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر بولسا كېرەك! خوش، جانلىق تىل ـ ئەدەبىياتنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغاندا، تىل بىلەن يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرىمىز دېيىشكەنىدى، بۇ ئىرادىسى ياۋروپالاشقان ئانا تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ جانلىنىشى بىلەن تۈتۈندەك توزۇپ كەتمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت بولغان بۇنداق تەشەببۇسلىرى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى يوققا چىقارماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۇننىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتىنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەسىرى لەنەت ۋە نەپرەتكە ئۇچرىماقتا.

لىللا گەپ قىلىدىغان بولسام، لۇشۇننىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان يەرلەر يوق ئەمەس. سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىش بولامدۇ، يوقمۇ، بۇ بىر





مەسىلە؛ ياۋروپالاشقان ئانا تىل ـ ئەدەبىياتى يەنە بىر مەسىلە، بەزىلەر بۇنىڭ ھەر ئىككىسى يارىمايدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭغا زادى كىم جاۋابكار، بۇنى ئېيتىشمۇ قىيىن. چېن ئەپەندىنىڭ سۆزى پېقىرنىڭ قارىشىچە ئورۇنلۇق بولسا كېرەك!

چېن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، خۇشى جانلىق ـ تىل ئەدەبىياتىنى دەسلەپ تەشەببۇس قىلغاندا، بىزگە ئاقسۆڭەكلەر ئەدەبىياتى كېرەك ئەمەس، ئاددىي خەلق ئەدەبىياتى كېرەك، دېگەن شوئارنى دەستۇر قىلغانىدى. بىر چاغلاردا جۇ شۇرېن ئۇنىڭغا خۇددى كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. كېيىن، جۇ شۇرېن ھەپسىلىسى پىر بولۇپ، كۈرەش قىلىشقا لايىق بولالماي قالدى. ئۇ پەقەت ئۆتمۈشتىكى خاتىرىلىرىنىلا يېزىش بىلەن بولۇپ كەتتى، كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىشقا سەئيى قىلمىدى، شەخسەن ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئاممىغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش كويىغا چۈشمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىدە، نەزىرىدە ئاما نېمىش قىلسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن چېن ئەپەندى: جۇ شۇرېن بىلەن شۇي جىيۇ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئوڭ ئاغمىچىلىرى، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. دېمەك، ئۇ لۇشۇننىڭ ئىجادىيەتلىرىگىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن قوشۇپ لەنەت ئوقۇدى. ئۇنىڭ لۇشۇننى ئوڭ ئاغمىچى دەپ ئاتىغانلىقى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس زەكىيلىكى ۋە ئالاھىدە قازىلىقى! گو مورو بىلەن جياڭ گۇاڭچىننىڭ سول ئاغمىچىلىقىنىمۇ ياراتماي، لۇشۇن بىلەن شۇي جىمۇنىڭ ئوڭ ئاغمىچىلىقىنىمۇ ياراتماي، ئاتالمىش «خەيرلىك چىڭ سۇلالىسى» دىن تەۋەررۇك بولۇپ قالغان مويسىپىتلەرنىڭ يېزىق ئۇسلۇبىغا خۇشتار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى ھەتتا ئىدىغاملىرىنى چىقىرىپ ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇيدىغان

لىقى — بۇ ئەھۋال چيەن ئەپەندىنىڭ ئىرادىسىنى ئەينەكتەك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھازىرقى كۈندە ھەرقانچە ئىجتىھات قىلغان تەقدىردىمۇ ئادەم بولماقنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ چېگراسى ئايرىم ئەمەسلىكىنى چيەن ئەپەندىنىڭ لۇشۈن توغرىسىدىكى سۆزلىرىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ!

چيەن ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى بۇ يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىندى، بۇلتۇر 12 - ئايدا يازغان خاتىمىسىمۇ بار.

«ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى «مەشئەل» ناملىق قوشۇمچە بېتىدىن.

بۇ چوڭ ماقالىنى چى شى ئەپەندىنىڭ «ئۆزىگە خاس زەكىيلىك» دېگەن سۆزى بىلەنلا ماختىماقتىن باشقا سۆزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن شۇنداق «تەنقىد» لەپتۇكى، ھەتتا مېنىڭ ئۆزۈمنىڭمۇ بىر نەرسە دېگۈم كەلمىدى، «ھەپسىلەم پىر» بولدى، شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ناھايىتى پەيزىلىك بولغاچقا، «لۇشۈن ھەققىدە» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئالاھىدە ساقلاپ قويغاندىم.

ئاخىرقىسى «گۈزەل ئاخشام» گېزىتى: بۇنىڭدا سەھنىگە چىققان كىشى يەنە يېزىق جەھەتتە رابىتىمىز بولۇپ ئۆتكەن ۋاڭ پىڭلىن[378] ئەپەندى —

## تىللاش ۋە ئىقرار قىلىش

ۋاڭ پىڭلىن

ئىلىم ئىشى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەك ناھايىتى تەس؛ ئىلىمدا كامالەت تاپقان چوڭ موللىلار كېيىن چىققان شاك-





چىكلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى ئار كۆرىدۇ، شاكچىكلەر بىرەر نەرسە يازسا، «چاكىنا، تېتىقسىز» دەپ تەنە قىلماي قويمايدۇ؛ قورسىقىدا بىرئاز ئۇمىچى بار ياشلارمۇ شۇنداق كامالەت تاپقان چوڭ موللىلارنىڭ ئېغىز ئاچسىلا سوۋېت روسىيىسىنى ماختىغانلىقىنى، قەلەم تەۋرەتسىلا پرولېتارىياتنى ماشايىخ قىلىۋالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى پىشمىغان چۈچۈك غورىنى چايناپ سېلىپ چىشلىرىنى قاماشتۇرۇۋالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

جاھاندا ھەرقانداق جېدەل - ماجىرا توختاپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى توقۇنۇشلىرى كۆپىنچە خاپىلىق - ئاچچىققا يېقىن بولغاچقا، تۈگەش ۋاقتى بولمايدۇ. بەزىلەر گويا باشقىلارنى سۆكۈشنى، باشقىلاردىن قەستەن قۇسۇر ئىزدەشنى كەسىپ قىلىۋالغان؛ ھەممىنى بىۋاستە ئىنكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋاستىلىك ھالدا ئۆستۈرۈشنىڭ ھېكمىتى قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زادى قانداق بىرنېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدۇ، باشقىلارنىڭ سوراپ كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ باشقىلارغا قاراتقان زەھەرلىك دارتىمىلىرى بەزىدە دەل جايىدىن چىقماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاڭسىز ئىقرارنامىسى بولۇپمۇ قالىدۇ.

ئىنجىلدا مۇنداق بىر رىۋايەتنى كۆرگەندەك تۇرىمەن: بىر توپ جامائەت ئەركەك بىلەن ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان بىر پاھىشە ئايالنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز دەپ كوچىدا ئالدىغا سېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئەيسا: «تۇۋا قىلىڭلار! بۇ پاھىشە ئايالنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە پەقەت گۇناھ قىلمىغان ئادەملا مۇناسىپ بولىدۇ»[379] دەپتۇ. شۇ-

نىڭ بىلەن جامائەت نومۇس قىلىپ تارقىلىپ كېتىپتۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىيات مۇنبىرى شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ مۇنبەردىكىلەر ئۆزلىرى ئاداش ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، باشقىلارنى پاھىشىۋاز دەپ قارىلايدۇ. مەسىلەن، لۇشۇن ئەپەندى ئادەم تىللاش ھۆكۈمەت تەرەپكە ۋاكالىتەن سۆزلىگەنلىك بولىدۇ، دېگەن زەھەرلىك باھانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن، بۇ جانابنىڭ ئۆزى نېمە «تەرەپ» كە ۋەكىللىك قىلىدىكىنتاڭ؟!

ئەسلىدە گەپ قىلغۇسى كەلمىگەن ئادەمنىڭ گېپى بولمايدۇ؛ گېپى بولىدىكەن، ئۇ گەپنى قىلىدۇ؛ قىلارغا گېپى بار ئادەمنى ھېچكىممۇ بىرەر تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. لۇشۇن ئەپەندى دائىم «باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆز كۆڭلى بىلەن ئۆلچەيدۇ»، ئۇ «ئۆز ئەيىبىنى سىلاپ - سىيپاپ ئۆتكۈزىدۇ، باشقىلارنىڭكىنى بولسا دەررىلەيدۇ».

ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بۇنداق ئەھۋال سامان نەرخى ئۇچرايدۇ، يالغۇز لۇشۇن ئەپەندى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چىققان «گۈزەل ئاخشام» گېزىتىنىڭ «چىنار پانۇسى» دىن.

«ساختا ئەركىنلىكنامە» دە ۋاڭ ئەپەندىنىڭ تىلتۇمار سۆزلىرىنى «ھۆكۈمەت تەرەپ» سۆزلىرىگە مەنسۇپ دەپ ئەيىبلىگەنىدىم، بۇ ماقالىسىنى ئەنە شۇنىڭغا قارشى يازغان، لېكىن بۇ ماقالىسىنىڭ مەنىسى ئانچە چۈشىنىشلىك ئەمەس. «ئۆزى ئاداش ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، باشقىلارنى پاھىشىۋاز دەيدۇ» دېگەن سۆزىدىن قارىغاندا، ئەكسىچە، مەن «ھۆكۈمەت تەرەپ» مىشمەن، لېكىن «قىلارغا گېپى بار ئادەمنى ھېچكىممۇ بىرەر





تەرەپكە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ» غانلىقىنى بىلمەسمىشمەن. ئەگەر شۇنداق ئويلايدىغان بولسام، باشقىلارنى ئەكسىيەتچى دېگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئەكسىيەتچى؛ باشقىلارنى باسمىچى دېگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى باسمىچى… دېگەن بولاتتىم. ھاي، بەس، يەنە «زەھەرلىك باھا» بولۇپ قالدى. ئەيسا: «توۋا قىلىڭلار» دېگەن ئەمەسمۇ؟ بالا - قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە كىچىككىنە بىر قۇيرۇقنى قوشۇپ قوياي: مېنىڭ بۇنداق يامان ئادىتىم ئەدەبىيات مۇنبىرى بىلەنلا چەكلەنگەن، بۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ئالاقىسى يوق.

ۋاڭ پىڭلىن ئەپەندى كىنو تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ[380] ئەزاسى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پۇقرادارچىلىقىمنى قىلاي.

ئەمدى راستتىن بەس قىلاي. يېزىش ۋە نەقىل كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن يېرىم كېچىدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلدىم، ھەممىسى 8000 - 9000 ھەرپكە يېتىپ قالغان بولسا كېرەك. بۇ قۇيرۇقمۇ كىچىك ئەمەس.

— ۋاقىت كۈنلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ؛ چوڭ - كىچىك ئەھۋاللارمۇ ۋاقىت بىلەن بىللە ئۆتۈپ، ئۇزۇنغا قالمايلا خاتىرىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋاللارمۇ تارقاق. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۆزۈم ھېس قىلمىغان ۋە بىلمىگەن ئەھۋاللار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. لېكىن، بۇ چاغقىچە يازغان مۇشۇ نەچچە ئون پارچە ماقالەمنى رەتلەپ قارىسام ۋە شۇ ماقالىلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن نىزالارنى «خاتىمە» بىلەن تولۇقلاپ يېزىپ قارىسام، ئېقىم مەسىلىلىرىنىمۇ ئەينەكتەك كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ بىرەر ئوبرازنى سۈرەتلەپ بېرىۋاتىدۇغۇ؟! ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ شېكسپىرگە، تولستويغا تەلپۈنىدىغان مۇبارەك نەزىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كۆز ئالدىدىكى زۇلمەتكە نەزەر سېلىپ، شۇ زۇلمەت توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازىدىغان

يازغۇچى ناھايىتى ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ پارچە تەسىراتلىرىمنى ساقلاپ قويۇش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ پارچە تەسىراتلىرىم ئۆمۈر سۈرسۇن، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ تېخىمۇ بەك ئۆچمەنلىكىگە يولۇقسىمۇ، مۇھاسىرە ئىچىدە تېخىمۇ ئۆسۈپ يېتىلسۇن. ئېھ! «بولمىغاچ شۇ زاماندا قەھرىمان، چىقاردى تەنتەكلەر ئۇندا نام»[381]؛ ئۆزۈمنى دەپ، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىنى دەپ، بۇنداق ئەھۋالغا ھەسرەت چېكىمەن.

ئەدەبىيات مۇنبىرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يەنە تېخى خېلى كۆپ، مەسىلەن، تەكشۈرگۈچىلەرگە مەخپىي ئەقىل كۆرسىتىش، غەلىتە بۆلگۈنچىلىك تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىش، پىتنە - ئىغۋا ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك قىلىش، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ۋە مەقسەتنى بۇرمىلاش، ئۆتكەن يىللاردا تەسلىمچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۈگۈنكى كۈندە نومۇس قىلماي قەدىناس دوستۇم دەپ قوقۇناقلىرىنى ئېرىتىش، ... لېكىن بۇلار مۇشۇ «گۇلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»نى يازغان مەزگىلدىكى ئەھۋاللار بولمىغاچقا، بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئالمىدىم، مەڭگۈ تىلغا ئالماسلىقىم مۇمكىن. بولار، بۇنى بەللىرىم تېلىپ ئاغرىغۇچە يازدىم، ئەمدى راستتىن بەس قىلاي.

1934 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېچىدە شاڭخەيدە يېزىلدى. لۇشۈن.





**ئىزاھلار:**

(1) «ئەركىن پاراڭ» — شاڭخەيدە «شېنباۋ گېزىتى» قوشۇمچە سانىنىڭ بىرى بولۇپ، 1911 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تەسىس قىلىنغان، ئەسلىي «قوشماق ئۆردەك، جۈپ كېپىنەك» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ماقالىلىرىنى بېسىشنى ئاساس قىلغان. 1932 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ بىر مەزگىل مەزمۇنىنى يېڭىلاپ دائىم ئىلغار يازغۇچىلار يازغان فېلىيەتون، قىسقا ئوبزور قاتارلىقلارنى باسقان. شۇڭا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېزىشى ۋە ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان. 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئەركىن پاراڭ» نىڭ مۇھەررىرى ئېلان چىقىرىپ: «مۇنداق يىللاردا گەپ قىلماق قىيىن، قەلەم تەۋرەتمەك تېخىمۇ قىيىن»، «مەملىكەت ئىچىدىكى ئەدىبلەرگە شۇنى سەمىمىيەت بىلەن تەۋسىيە قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن گۇلشەن توغرىسىدا كۆپ يېزىڭلار، ئاز غودۇڭشىڭلار، يازغۇچىلارغىمۇ، مۇھەررىرلەرگىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇڭلار» دېگەن.

(2) «ئوقۇغىنىڭنى تەكرار قىل ھەر دائىم» — ئەسلىي كۇڭزىنىڭ: «ئوقۇغىنىڭنى تەكرار قىلساڭ ھەر دائىم، نېمىدېگەن خۇشاللىق!» دېگەن سۆزىدىن چىققان.

(3) باگۇ نىزامى — مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ مەنسەپ ئىمتىھانى تۈزۈمىدە ماقالە يېزىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قېلىپ.

(4) ليۇ شياخۇي بىلەن داۋجىنىڭ شىرىنى كۆرۈش ۋەقەسى — «خۇەي نەنزى» دېگەن كىتابقا قارىغاندا، ليۇ شياخۇي شىرنىنى كۆرۈپ: «بۇ، ئادەمگە قۇۋۋەت قىلىدىكەن» دېسە، داۋجى شىرنىنى كۆرۈپ: «بۇنى ئىشكىنىڭ لوكىسىغا سۈۋسا بولىدىكەن» دەپتىكەن. بۇ يەردە گەپ ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ تۈرلۈكچە لازىملىق قىلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە بارىدۇ. ليۇ شياخۇي چۈنچيۇ دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، «پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشتۈرگۈچىسى» دېگەن تەرىپى بار. داۋجى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ليۇ شياخۇينىڭ ئىنىسى. «تارىخنامە. بويىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇنى «كۈندە نۇرغۇن بىگۇناھلارنى قىرىپ، ئادەمنىڭ گۆشىنى يەپ» زالىملىق قىلاتتى، نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى توپلاپ، ھەممىلا يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان «چوڭ بۇلاڭچى» دەپ ئاتىغان.

(5) «سۈتتەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچە، غۇرقىرايدۇ سالقىن شامال، نېمىدېگەن ئوبدان كېچە بۇ؟» دېگەن سۆز سۇڭ سۇلالىسىدىكى سۇشىنىڭ نەزمىسىدىن ئېلىنغان.

(6) «ئاي قاراڭغۇلاشقان تۈنلەردە ئادەم قىرغانلار، شامال قاتتىق سوققان كۈنلەردە ئوت قويغانلار» دېگەن سۆز يۈەن سۇلالىسىدىكى جەن رەنزىنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىنغان. ئەسلىي مۇنداق: «ئاۋ ياڭ ھەزرىتى (ئاۋ ياڭ شيۇ) باشقا كىشىلەر بىلەن ھاراق ئىچىش ئويۇنى ئويناپ، ھەربىرىمىز قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جىنايەتكە لايىقلار ھەققىدە ئىككى جۈملىدىن شېئىر توقۇيلى» دەپ ۋەدىلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرى: «پىچاق بىلەن تۇل خوتۇننى قورقۇتقانلار، دېڭىزدا كېمىدىكىلەرنى بۇلىغانلار» دېسە، يەنە بىرى: «ئاي قاراڭغۇلاشقان تۈنلەردە ئادەم قىرغانلار، شامال قاتتىق سوققان كۈنلەردە ئوت قويغانلار» دېگەن. ئاۋ ياڭ شيۇ: «ئېغىرلىشىپ كەتتى ھاراق تۆكۈلگەن يەڭلىرى، سالپىيىپ كەتتى گۈل قىسقان شەپكىسى» دېگەن. باشقىلار سوئال قويغاندا، ئۇ: ئەينى ۋاقىتتا قاماقتىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىسىمۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولدى، دەپ جاۋاب بەرگەن.

(7) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(8) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(9) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(10) بېرنارد. شاۋ (G. B. Shaw 1856—1950) — ئەنگلىيىلىك دراماتورگ، تەنقىدچى، ئىرلاندىيىنىڭ دۇبلىن شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «ۋاررون خانىمنىڭ كەسپى»، «مايور بابرا»، «مېزى چىقتى» قاتارلىق درامىلىرى بار.

(11) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(12) ساقچىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن كىيىملىرىنى كەستۈرۈش ۋەقەسى — ئەينى ۋاقىتتىكى سىچۈەن مىلىتارىستى ياڭ سېننىڭ ئاتالمىش «قىسقا كىيىم ھەرىكىتى»نى كۆرسىتىدۇ. «مۇھاكىمە» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 18 ـ سان (1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) «نادىر كۇتۇپخانا» ئىستونىغا «ياڭ سېن قول ئاستىدىكى يىڭشيەن





ناھىيىسىنىڭ باشلىقى لو شياڭجۇنىڭ ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى» بېسىلغان. ئۇنىڭدا: «ئارمىيىمىز مۇداپىئە خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن بۇيان، مۇداپىئە رايونىمىزدىكى ئاممىنىڭ ھەممىسى بىردەك قىسقا كىيىملەرنى كىيىش ھەققىدە جۇنجاڭ ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى ... 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ ساقچى ئىدارىسىدىن ساقچىلارنى ئەۋەتىپ، قايچىنى ئېلىپ، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا چارلاپ تەكشۈرۈپ، بۇيرۇققا سەل قاراپ يەنە ئۇزۇن كىيىم كىيگۈچىلەر ئۇچراپ قالسا دەرھال كېسىۋېتىدۇ. قىلچىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن. بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى «قىزىقچىلىقتىن مىسال»غا قارالسۇن.

(13) چايخانىلارنى رەتكە سېلىش — 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭخەي «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «ھەپتىلىك پاراڭ» غا «لياۋ» ئىمزاسىدا بېسىلغان «چايخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن ماقالىدە، ئاما توپلاشقان چايخانىلارغا «پەرۋاسىز قارىماسلىق» كېرەك دەپ، ئەكسىيەتچىل دائىرىنىڭ چايخانىنى ئاممىغا «تەربىيە بېرىش» سورۇنىغا ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن ھەمدە «چايخانىنىڭ ئۇسكۇنىلىرىنى ياخشىلاش»، «چايخانىدا ئولتۇرىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەش»، «ئاممىنى تەربىيىلەش ئۇسكۇنىلىرىنى قوشۇش» قاتارلىق چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

(14) «باۋجېڭ ھەزرىتىنىڭ قىسسىسى»، «لۇڭتو ھەزرىتىنىڭ قىسسىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دېلو سوراق قىلىش رومانى بولۇپ، بۇنىڭدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پاك ئەمەلدارى باۋجېڭنىڭ «دېلوغا ھۆكۈم» چىقىرىش ھەققىدىكى ھېكايىلىرى يېزىلغان.

(15) ھەجۋىي ئۆتكەن ئەسىردىكى قېرىلارنىڭ جۆيلۈشلىرىگە ئايلىنىپ قالدى — 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ئۇلۇغ ئاخشام. مەشئەل»گە فالۇنىڭ «ئەركىنلىك زادى كېرەكمۇ، يوق؟» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان، ئۇنىڭدا لۇشۈن قاتارلىقلارنىڭ يازغان فېليەتونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ: «مەسخىرە قىلىش، تېخىمۇ ئۆتكەن ئەسىردىكى قېرىلارنىڭ جۆيلۈشلىرىگە ئايلىنىپ قالدى» دېيىلگەن.

(16) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(17) «خۇپىيانە سەيلە» — ئۆتكەن دەۋردىكى پادىشاھ ۋە چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ خەلق پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن پۇقراچە كىيىنىپ ئاما ئىچىدە يۈرۈشىنى كۆرسىتىدۇ.

(18) قوشماق قۇش — بۇ يەردە مۇرادىغا يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ سىمۋولى.

(19) ئالتۇن قوڭغۇز — بىر خىل قۇرتنىڭ ئىسمى، ئۆتمۈشتىكى شېئىرلاردا پۇل (تىللا) غا ئىشارەت قىلىنىدۇ. «جەنۇبتا بىر خىل قۇرت بار... ئالتۇن قوڭغۇز دەپ ئاتىلىدۇ. شەكلى تومۇزغىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن سەل چوڭ بولىدۇ ... تۇخۇمى پىلە تۇخۇمىچىلىك بولۇپ، قوڭغۇز ئۇلارنى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا تۇغىدۇ. تۇخۇمىنى تۇتسىڭىز قوڭغۇز دەرھال ئۇچۇپ كېلىدۇ ... قوڭغۇزنىڭ قېنى بىلەن 81 داچەننى، تۇخۇمىنىڭ قېنى بىلەن سەككىز داچەننى بوياپ بازاردا ئاۋۋال قوڭغۇزنىڭ قېنى بىلەن بويالغان داچەننى خەجلىسە ياكى ئاۋۋال تۇخۇمىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان داچەننى خەجلىسە بۇ پۇل تۈگىمەيدۇ» دېگەن رىۋايەت بار.

(20) موزىنىڭ ياغاچتىن ياسىغان ھومايۇن قۇشى — موزى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇن 468 ـ 376 ـ يىللار) چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، موزىچىلار ئىلمىي ئېقىمىنىڭ ئىجادچىسى. موزىنىڭ ياغاچتىن ھومايۇن قۇش ياسىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەتلەر بار: «موزى ياغاچتىن ھومايۇن قۇشنى ئۈچ يىل ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئۇ قۇش بىر كۈن ئۇچقاندىن كېيىن بۇزۇلغان»، «لۇبەن، موزى ياغاچتىن ھومايۇن قۇش ياساپ ئۇچۇرغان، قۇش ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ كەلمىگەن».

(21) ئىئانە پۇل توپلاپ ئايروپىلان سېتىۋېلىش — بۇ سۆز 1933 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاۋىئاتسىيە بىلەن دۆلەت قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئايروپىلان ئىئانىسى» توپلاش نامى بىلەن خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ چەت ئەلدىن ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، ئىچكى ئۇرۇش قىلغانلىقىغا قارىتىلغان.

(22) ئېزوپ (Aesop مىلادىيىدىن تەخمىنەن ئالتە ئەسىر بۇرۇن) — قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ مەسەل يازغۇچىسى، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى قۇل. ئۇ پاراسەتلىك، بىلىملىك بولغاچقا، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىنى كېيىنكى ئادەملەر پىششىقلاپ ۋە تولۇقلاپ ھازىرقى «ئېزوپ مەسەللىرى» نى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇ كىتابنىڭ «شەپەرەڭ بىلەن ئاغمىخان» دېگەن پارچىسىدا بىر شەپەرەڭنى قۇشلارنىڭ رەقىبى بولغان ئاغمىخان تۇتۇۋالغاندا، شەپەرەڭ ئۆزىنى چاشقان دېگەن، كېيىن چاشقانلارنى ئۆچ كۆرىدىغان باشقا بىر ئاغمىخان تۇتۇۋالغاندا، ئۆزىنى شەپەرەڭ





دېگەن. شۇڭا ئىككى قېتىم قويۇپ بېرىلگەن دېگەن گەپ بار. لۇشۈننىڭ بۇ ئەسىرىدە ئېيتىلغان ئەھۋاللار بۇ مەسەلگە يېقىن كېلىدۇ.

(23) لياڭ شىچيۇ — جېجياڭنىڭ خاڭشيەن ناھىيىسىدىن (ھازىرقى يۇخاڭ ناھىيىسىدىن)، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى. ئۇ «ئۇچىنچى خىل ئادەم ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: لۇشۈن ئەپەندى يېقىندا بېيجىڭغا بېرىپ بىرقانچە قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى. بىر قېتىم سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ تېمىسى «ئۇچىنچى خىل ئادەم» ... بۇ قېتىم ئۇ بىر مىسال كەلتۈرۈپ، خۇ شىزى ئەپەندى قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلغان يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى بەتتىنكە كىيىپ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە قەدەم تاشلاشتىن ئىبارەت؛ ھازىرقى پرولېتارىيات ھەرىكىتىمۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىگە يالاڭ ئاياغ كىرىشتىن ئىبارەت، دېگەن. كېيىن بەزى كىشىلەر گېزىتتە لۇشۈن ئەپەندى نۇتۇق سۆزلىگەن كۈنى بەتتىنكىمۇ كىيمىگەن، يالاڭ ئاياغمۇ كەلمىگەن، بەلكى بىرېزىنت ـ رېزىنكە ئاياغ كىيگەن. دەل ئۇچىنچى خىل ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ، دەپ تەنقىد قىلغان.» مۇھەررىردىن: لۇشۈن 1932 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭ دارىلمۇئەللىمىنىدە «يەنە ‹ئۇچىنچى خىل ئادەم› ھەققىدە» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەن.

(24) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(25) چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۇڭجېڭ (پادىشاھ كاڭشىنىڭ 4 ـ ئوغلى) پادىشاھلىق ئورۇنغا چىقماستىن بۇرۇن ئاكا ـ ئۇكىلىرى بىلەن پادىشاھلىق ئورۇن تالاشقان، پادىشاھلىق ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، يۇڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى (1726) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىنىسى يىڭسى (كاڭشىنىڭ 8 ـ ئوغلى) بىلەن يىڭتاڭ (كاڭشىنىڭ 9 ـ ئوغلى) نى ئۆز نەسەبىدىن چىقىرىۋېتىپ، يىڭسىنىڭ ئىسمىنى «ئاچىنا» غا، يىڭتاڭنىڭ ئىسمىنى «سېسىخى» غا ئۆزگەرتكەن. مانجۇ تىلىدا ئالدىنقى سۆزنىڭ مەنىسى ئىت بولىدۇ، كېيىنكى سۆزنىڭ مەنىسى توڭگۇز بولىدۇ.

(26) خۇاڭ چاۋ (؟ — 884 ـ يىللار) — ساۋجۇنىڭ يۈەنگۇ دېگەن يېرى (ھازىرقى شەندۇڭ خېزى) دىن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى. كونا تارىخىي كىتابتا كۆپىنچە ئۇنىڭ قەبىھلىكىنى مۇبالىغە قىلغان ھالدا يازغان. «كونا تاڭ تارىخى» دا ئۇنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىدا «ئەسىر ئېلىنغان ئادەملەرنى يېگەن»، لېكىن «ئىككى پۇتلۇق قوي» دېگەن نام يوق ئىدى. لۇشۈن نەقىل كەلتۈرگەن

بۇ سۆز جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى جۇاڭ جىيۈي يازغان «توخۇ قوۋۇرغىسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا: «جىنكاڭنىڭ يىڭخۇ يىلى (1126) جىن قەبىلىسى جۇڭخۇانى ئاياغ ئاستى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئالتە - يەتتە يىل جەريانىدا سەندۇڭ، جىڭشى، خۇەينەن قاتارلىق جايلارنى ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن. بىرنەچچە مىڭ داچەڭگە بىر كۇرە گۈرۈچمۇ ئالغىلى بولمىغان. بۇلاڭچىلار، ئەمەلدارلار، لەشكەرلەر ھەتتا پۇقرالارمۇ بىر - بىرىنى تۇتۇپ يېگەن، ئادەم گۆشىنىڭ باھاسى ئىت بىلەن توڭگۇزنىڭكىدىنمۇ ئەرزان بولۇپ، سېمىزلىرى 15 مىڭ داچەندىن ئاشمىغان. ئادەمنىڭ پۈتۈن تېنىنى سۈرلەپ ساتقان. دىڭجۇدىكى فەن ۋېي ئىنساپلىق كىشىلەرنى باشلاپ شاۋشىڭنىڭ كۇيچۇ يىلىدا (1933) دېڭىز ئارقىلىق چەنتاڭغا بارغاندا بەزىلەر شۇ گۆشنى خاڭجۇغىچە يەپ تۈگىتەلمىگەن. قېرى، ئورۇق ئەرلەرنى كاۋاپ گۆشى دەپ ئاتىغان؛ ياش ئاياللارنى شورپا گۆشى دەپ ئاتىغان. ئۇششاق بالىلارنى قورداق گۆشى دەپ ئاتىغان. لېكىن، ھەممىسىگە ئىككى پۇتلۇق قوي دېگەن نام بېرىلگەن» دېگەن گەپلەر بار.

(27) ئالدىنقى يىلى 9 - ئايدىن بۇيان دېگەن سۆز، 1931 - يىل «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن بۇيانقىنى كۆرسىتىدۇ.

(28) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(29) بۇماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(30) ئا. گىتلېر (A. Hitler 1889 - 1945 - يىللار) — گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى، ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئۇرۇش جىنايەتچىسى، 1933 - يىل 1 - ئايدا چوڭ بۇرژۇئا مونوپول گۇرۇھىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئىچكى كابىنېت زۇڭلىسى بولغان. 1934 - يىل 8 - ئايدا زۇڭتۇڭ خىندىنبېرگ ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنى دۆلەت باشلىقى دەپ ئاتىۋالغان، تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىچكى جەھەتتە فاشىزم تېررورلۇقىنى يۈرگۈزۈپ، تاشقى جەھەتتە ھەدەپ تاجاۋۇزچىلىق قىلغان. 1939 - يىل 9 - ئايدا ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، 1941 - يىل 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان. 1945 - يىل 5 - ئايدا سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىنغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

(31) مىللىي ھوقۇق پارتىيىسى — گىتلېر ھاكىمىيەتنى قولغا كىر-





گۈزۈۋېلىشتىن ئاۋۋال ۋە كېيىن فاشىستلار پارتىيىسى بىلەن زىچ ھەمكارلاشقان، شۇ پارتىيىنىڭ كاتتىۋېشى يۈگىنبېرگ گىتلېر ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئىگىلىك ۋە دېھقانچىلىق مىنىستىرى بولغان. 1933 - يىل 6 - ئايدا گىتلېر فاشىستلار پارتىيىسىدىن باشقا پارتىيىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن، مىللىي ھوقۇق پارتىيىسى مەجبۇرىي ھالدا تارقالغان. يۈگىنبېرگ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن.

(32) «كېسەرمەن» — كەسكىن دېگەن مەنىدە. 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» غا ئىمزاسىز بېسىلغان «گىتلېرنىڭ كېسەرمەنلىكى» دېگەن ماقالىدە «كېسەرمەنلىك سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى — بۇ ۋاستىلەر گىتلېرنىڭ ھاكىمىيەتنى تۇتۇشتىكى خۇسۇسىيىتى» دېگەن سۆزگە قارىتىلغان.

(33) «بۆرگە ناخشىسى» — گېرمانىيىلىك شائىر گوتېنىڭ سىياسىي ھەجۋىي شېئىرى بولۇپ، 1879 - يىلى روسىيىلىك مۇزىكانت موسورسكى نوتىغا ئالغان.

(34) ئاياللارنىڭ ئەركەك ئىت بېقىشىنى مەنئى قىلىش — بۇ بىر ئېلتىماس «مۇھاكىمە» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 18 - سانىدىكى «نادىر كۈتۈپخانا» دېگەن بېتىدىن ئېلىنغان. مۇشۇ كىتابتىكى «‹قىزىقچىلىق› تىن مىسال» غا قارالسۇن.

(35) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(36) 1933 - يىلى گىتلېر تەختكە چىقىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇستەبىتلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، «غەيرىي نېمىس ئىدىيىسى» دەپ ئاتالغان كىتابلارنى نەشر قىلىشنى ۋە تارقىتىشنى مەنئى قىلغان.

(37) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(38) تاڭ تاۋ — جېجياڭنىڭ جىنخەي دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى؛ «ئەكسى تەبىرنامە توپلىمى»، «قىسقا - ئۇزۇن ماقالىلەر» قاتارلىق فېليەتون، توپلاملارنى يازغان. 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» دا «غېرىب» لار دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا «دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى غېرىب بولۇپ قالدى. ئەگەر ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى بولىدىغان بولسا، ئۇلارمۇ ئاز دېگەندە بىرخىل غېرىب بولىدۇ» دېگەن گەپلەر

بار ئىدى.

(39) «غېرىبلارنىڭ پاسقىلىقى» — تاڭ تاۋنىڭ «غېرىب» لار دېگەن ماقالىسىدە «غېرىبلارنىڭ پاسقىلىقى» دېگەن ئەسەر تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭ يازغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. مىڭ دەۋرىدىكى جۇ يىنمىڭنىڭ «پاسقىلىق توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە غېرىبلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار. لېكىن، ئۇنىڭدا جاۋ گۇاڭزەننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ غېرىب بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق.

(40) مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى — يەنى جۇ يۈەنجاڭ (1328 — 1398 ـ يىللار) خاۋجۇ ۋىلايىتىنىڭ جۇڭلى دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى ئەنخۇي فۇڭياڭدىن)، يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىقلىرىنىڭ بىرى. 1368 ـ يىلى يۈەن خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، مىڭ خانىدانلىقىنى قۇرۇپ، يىل نامىسىنى خۇڭۋۇغا ئۆزگەرتكەن، ئۆلگەندىن كېيىن بوۋاكالان پادىشاھ دەپ نام بېرىلگەن.

(41) مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى يۈەن خانىدانلىقى ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلمىغان — مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قارىتا يوقىتىش ۋە كۆڭلىنى ياساش سىياسىتى قوللىنىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. بوۋاكالان پادىشاھى قىسمىسى» گە قارىغاندا: خۇڭۋۇنىڭ 3 ـ يىلى (1370) 5 ـ ئايدا لەشكەر بېشى لى ۋېنچۇڭ يىڭچاڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ كېشىكتىڭ خوشۇنى) نى بېسىۋېلىپ، يۈەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى مىدىلباسىنى تىرىك تۇتۇۋالغان. 6 ـ ئايدا مىدىلباسىنى پايتەختكە ئەكەلگەندە، ۋەزىرلەر «ئەسىر تەقدىم قىلىش» نى تەكلىپ قىلغان، بوۋاكالان پادىشاھى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان، مىدىلباسىنى مۇراسىم بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. لى ۋېنجۇڭنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى بەكمۇ مۇبالىغە قىلغانلىقىغا قارشى، باش ۋەزىرگە «يۈەن خانىدانلىقى جۇڭگونى 100 يىل باشقۇرۇپ، ماڭا ۋە سىلەرگە ئاتا ـ ئانىلىق قىلىپ، بېشىمىزنى سىلىغان، نېمە ئۈچۈن مۇنداق شەپقەتسىز سۆزلەرنى قىلىدۇ؟ ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەن. خۇڭۋۇنىڭ 7 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مىدىلباسىنى قويۇۋەتكەن؛ 11 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يۈەن پادىشاھىنىڭ كىچىك خانىشى شىلدارا ئۆلگەندە مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى 6 ـ ئايدا ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. لۇشۈننىڭ بوۋاكالان پادىشاھى يۈەن خانىدانلىقى ئالدىدا «ئەدەپسىزلىك قىلمىغان» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭغا





قارىتىلغان بولسا كېرەك.

(42) «ئىشرەتگاھ» — تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ قۇرۇلغان ئايال سازەندىلەرنى يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇش ئورگىنى. «ئەيش ـ ئىشرەتخانا» — فېئودالىزم دەۋرىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەملەرنىڭ خوتۇنى ۋە قىزلىرى سازەندىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پاھىشىلەر بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

(43) يۈنلېگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋىجدانلىق ئادەملەر — بۇ يەردە جىڭ چىڭ، تيې شۈەن، جاڭ شاۋرۇ قاتارلىق ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۇ يۈەنجاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا نەۋرىسى جۇ يۈنۋېن ۋارىسلىق قىلغان، يەنى جيەنۋېن پادىشاھ بولغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تاغىسى يەن بېگى جۇدى ئەسكەرلەرنى باشلاپ پادىشاھنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ ئۆزى يۈنلې پادىشاھ بولغان. شۇ ۋاقىتتا جىڭ چىڭ قاتارلىق كىشىلەر جيەنۋېنغا سادىق بولۇپ يۈنلېگە قارشى تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق‌قداشلىرىدىن كۆپلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قۇل قىلىنغان. جۇڭۋۇ (مىڭ سۇلالىسىنىڭ بوۋاكالان پادىشاھى) غا قارشى تۇرغان سادىق ۋەزىرلەر ۋە ۋىجدانلىق ئادەملەر دېگەن سۆزدە كىملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى نامەلۇم.

(44) يۆ فېي (1113 — 1142 ـ يىللار) — شياڭجۇنىڭ تاڭيىن دېگەن يېرىدىن (ھازىر خېنەن ئۆلكىسىگە قارايدۇ) بولۇپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق قوماندانى، جىن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرغانلىقتىن تەسلىمچى سۇڭ گاۋزۇڭ ۋە چىڭ خۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. يۆ فېي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن دەسلەپتە ئوغرىلىقچە خاڭجۇنىڭ چيەنتاڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى گۆرىستانلىققا چالا ـ بۇلىلا دەپنە قىلىنغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شياۋ زۇڭ پادىشاھى ۋاقتىدا خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغان.

(45) چىن خۇي (1090 — 1155 ـ يىللار) — جياڭنىڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) دېگەن جايدىن بولۇپ، سۇڭ گاۋزۇڭ ۋاقتىدا باش ۋەزىر بولغان. ئۇ جىن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچى خائىن؛ يۆ فېينى ئۆلتۈرۈشنىڭ پىلانلىغۇچىسى. يەن سۇڭ (1480 — 1567 ـ يىللار) — جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ فېنيى ناھىيىسىدىن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى شى زۇڭ

پادىشاھىنىڭ ۋاقتىدا شاھزادىنىڭ ئۇستازى دېگەن ئەمەلدار بولغان، ئۇ ۋەتەنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن ساتقۇن.

(46) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(47) «مەشھۇر تاغقا كۆمۈپ قويۇش» — بۇ سۆز غەربىي خەن سۇلالىسىدىكى سىما چيەننىڭ «رېن شاۋتىڭغا مەكتۇپ» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان. بۇ ماقالىدە: «پېقىر بۇ كىتاب (‹تارىخنامە›) نى يېزىپ، مەشھۇر تاغقا كۆمۈپ قويۇپ، ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزىمەن» دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسىدىكى ليۇ لياڭ بۇ گەپنى: «شۇ ۋاقتىدا ئۇنى كۆرىدىغان دانىشمەن بولمىغانلىقتىن مەشھۇر تاغقا كۆمۈپ قويغان» دەپ ئىزاھلىدى.

(48) نەزمىنىڭ ئازادلىقى — بۇ يەردە «4 ـ ماي» دەۋرىدىكى ئامىدباب ئەدەبىي تىلدا شېئىر يېزىش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(49) نەسرىي نەزمىنىڭ ئازادلىقى — 1933 ـ يىلى زېڭ جىنكې باش مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى دەۋر» ئايلىق ژۇرنىلىدا ئاتالمىش «نەسرىي نەزمە ئازادلىقى» نى تەشەببۇس قىلغان. شۇ ژۇرنالنىڭ 4 ـ توم 1 ـ سانىنى (1933 ـ يىل 2 ـ ئاي) «نەسرىي نەزمە ئازادلىقى ھەرىكىتى» ناملىق مەخسۇس سان سۈپىتىدە نەشر قىلغان. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ مۇنداق «ئازاد نەسرىي نەزمە» سى بېسىلغان: «يىلنىڭ ئۇزاق كۈندۈزى مانا باشلاندى، يېگانە ھالىمغا تەسەللىي بېرىشكە مېھمانلار كەلدى؛ ھېچ گەپ ئەمەس چىقىدرىش ئۈچۈن تاسادىپىي ئىچ پۇشۇقىنى، ئويىنىساق ماجىياڭ ئەمدى قەدەھتىكى شارابنى تۈگىگۈچە ئىچىمىز، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز. بەختىمىزگە يارىشا تۇرىدۇ سەتەڭ خېنىملار قەدەھ ئالدىدا، ئەمما ئۆزىمىزنى قويۇۋەتمەيلى بەكمۇ بىز.»

(50) «يېڭى دەۋر»، «ئەدەب» — بۇ يەردە زېڭ جىنكې (1901 — 1971 ـ يىللار) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ جياڭشىنىڭ تەيخې دېگەن يېرىدىن. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردا باشقۇرغان كىتابخانا ۋە ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە «يېڭى دەۋر» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.

(51) باشقا ئادەملەرگە ۋاكالىتەن ئۆز نەرسىسى توغرىسىدا ئۆزى مۇقەددىمە يېزىش — 1933 ـ يىل 12 ـ ئايدا زېڭ جىنكې ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى «ئىككى يۇلتۇز» نى نەشر قىلغان، ئۇنىڭ ئالدىغا سۈي ۋەنچيۇنىڭ ئۇنى كۆككە كۆتۈرگەن «مۇقەددىمىنىڭ ئورنىدا» نى باسقان. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى سۈي ۋەنچيۇ «ئۇلۇغ ئاخشام. مەشئەل»





دە ۋە «شىنباۋ» دا ئېلان چىقىرىپ، «مۇقەددىمىنىڭ ئورنىدا» نى ئۆزىنىڭ يازمىغانلىقىنى جاكارلىغان، زېڭ جىنكېمۇ 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شىنباۋ» غا ئېلان چىقىرىپ، «مۇقەددىمىنىڭ ئورنىدا» «سۈي ئەپەندىدىن كەلگەن خەتتىن ئېلىنغان» دەپ جاۋاب بەرگەن. «بىر دەستە ياخشى باھا» — «ئىككى يۇلتۇز» ئاپتورىنىڭ «ئۆز مۇقەددىمە» سىدە نەقىل كەلتۈرگەن «كىتابخانىنىڭ ياخشى باھاسى».

(52) «ئەزەلدىن ئوشۇقچە ئىش قىلغىنىم يوق» — بۇ زېڭ جىنكېنىڭ سۈي ۋەنچيۇغا جاۋابەن چىقارغان ئېلانىدىكى سۆز: «پېقىر پارتىيە ـ گۇرۇھنى تىلتۇمار قىلمىدىم، بىرەر مەسلەكنى دەستەكمۇ قىلمىدىم، بىرەر تەشكىلاتنى ھىماتمۇ قىلمىدىم، ئەزەلدىن ئوشۇقچە ئىش قىلغىنىم يوق. قابىلىيىتىم ئاجىز، دوستلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن يېقىن دوستلارنى رەنجىتىپ قويدۇم … (ۋىجدانىمنى ساتمىغانلىقىمغا شۈكۈر، بۇنىڭدىن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىدىغان ئادىمى يوق بىچارە بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرگىلى بولىدۇ!)

(53) «سۆھبەت» — بۇ، زېڭ جىنكې بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنى» ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبىتى» ژۇرنىلىنى (1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان) باشقۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(54) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(55) پرومېتى — گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بەخت ئىلاھى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ باش تەڭرى زېۋسنىڭ ھۇزۇرىدىن چوغنى ئوغرىلاپ ئىنسانلارغا بەرگەنلىكتىن زېۋسنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانمىش.

(56) ۋايانتى قەبىلىسى — يەنى نيامۇچلار. بۇلار شەرقىي ئافرىقىدىكى تانزانىيىنىڭ ئاساسىي مىللەتلىرىدىن بىرى. ئەسلىدە ئەجدادلىرىغا چوقۇنغان، ھازىر خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

(57) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(58) نېسىگە ئۇن سېتىپ بېرىش — 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋازىرى سۇڭ زىۋېن ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش شىركىتى بىلەن «پاختا، بۇغداي قەرز پۇلى توختامى» تۈزۈپ، 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز

ئېلىپ، بۇنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىغا ئامېرىكا پاختىسى، بەشتىن بىر قىسمىغا ئامېرىكا بۇغدىيى سېتىۋالماقچى بولغان.

(59) «مول ھوسۇل ئاپىتى» — 1932 ـ يىلى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆلكىلەردە مول ھوسۇل ئېلىنغان. لېكىن، جاھانگىرلار، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە پومېشچىك، سودىگەرلەرنىڭ ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىنىشى ئارقىسىدا ئاشلىق باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىپ، مول ھوسۇل رايونلىرىدىكى دېھقانلارغا بالايىئاپەت بولغان.

(60) بۇ ھەقتە 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» غا بېسىلغان شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقى ۋۇ تيېچېڭنىڭ سۆھبىتىگە قاراڭ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىلارنىڭ خاراب بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى بىمەنىلىك بىلەن «ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان مائارىپ تۈزۈمى يېزا مۇھىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن» لىكىگە دۆڭگەپ، «ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان مائارىپ تۈزۈمى يېزىلاردا قانچىلىك تەشەببۇس قىلىنسا، يېزىلارنىڭ خاراب بولۇشى شۇنچە تېزلەشتى، شۇڭلاشقا يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتكە ماسلاشقان مائارىپنى يولغا قويۇش شەرت» دېگەن.

(61) ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ئوقۇغان، ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوشۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ — 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ۋازىرى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى چەكلەشكە بۇيرۇق بەرگەن. بۇيرۇقتا: «دۆلىتىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئوقۇغۇچىلار بۇنى يۆنىلىش قىلىغان. ئىجتىمائىي پەندە بولسا ئۇسكۇنىلىرى ئاددىي بولغاچقا، مەكتەپ باشقۇرغۇچىلارمۇ دائىم قىيىنىدىن قېچىپ ئاسىنىغا يۈگۈرگەن، نەتىجىدە مەردەپەتكە ئېتىبار بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئوشۇقلۇق قىلىشى بىلەن كەمچىل بولۇشى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىققان» دېيىلگەن (1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» غا قاراڭ).

(62) ئومۇمىي ئىمتىھان تۈزۈمى — گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتىدا، مەكتەپ ئىچىدىكى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن تاشقىرى يەنە باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدى-





غان ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇپ، شۇ ئورۇندىكى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بىر قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇشنى ئومۇمىي ئىمتىھان دەپ ئاتاپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولسا ئاندىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن دەپ ھېسابلاشنى بەلگىلىگەن.

(63) ئامىن — يېۋرى يېزىقى بويىچە amen نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ يەھۇدىي دىنىدىكىلەر بىلەن خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەت ئاخىرلاشقاندا ئىشلىتىدىغان سۆزى بولۇپ، «مۇرادىمغا يەتكۈز» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ.

(64) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(65) «ئەكس تەبىرنامە» — كېيىنكى زاماندىكى گۈللىنىش، ھالاك بولۇش، قالايمىقانچىلىقلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان بىمەنە رەسىملىك كىتابچە بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 60 پارچە رەسىم بار. ھەربىر رەسىمنىڭ كەينىگە بىر شېئىر يېزىلغان. بۇنى تاڭ سۇلالىسىدىكى لى چۇنفېڭ بىلەن يۈەن تيەنگاڭ بىرلىشىپ يازغانمىش. «قولۇمدا بار توقسان توققۇز پولات قىلىچ، ياۋنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە تىنماسمەن ھېچ» — بۇ «قازان نېنى پىشۇرۇش ناخشىسى» نىڭ ئىككى جۈملىسى، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدا، ئىنقىلابچىلار ئىچىدە مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆز تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكنى بىلدۈرەتتى. «قازان نېنى پىشۇرۇش ناخشىسى» نى مىڭ سۇلالىسىدىكى لىيۇجى (بەي ۋېن) يازغانمىش. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇ ناخشا دائىم «ئەكس تەبىرنامە» كىتابىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېسىلغان.

(66) بۇ يەردە چىڭ خاندانلىقى جەمەتىنىڭ غەمخورلۇققا ئېرىشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «چىڭ خاندانلىقى پادىشاھىغا ئورنىنى بوشىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى توغرىسىدا»، «چىڭ خاندانلىقى جەمەتىگە مۇئامىلە قىلىش شەرتلىرى توغرىسىدا» دېگەندەك ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاقسۆڭەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قوغدالغان. شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى فۇيى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، يەنىلا ئوردىدا قېلىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن.

(67) فۇيىمۇ باش كۆتۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ — 1931 ـ يىلى ياپون جاھانگىرلىكى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغاپ، دۆلىتىمىزنىڭ شەر-

قي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1932 ـ يىل 3 ـ ئايدا قورچاق «مانجۇرىيە دۆلىتى» نى قۇرۇپ، فۇيىنى «ھاكىمىيەت بېشى» لىققا چىقارغان. 1934 ـ يىل 3 ـ ئايدا يەنە «ھاكىمىيەت بېشى» نى «پادىشاھ» قا ئۆزگەرتكەن.

(68) 99 دانە پولات قىلىچ سوقتۇرۇش — 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شېنباۋ» غا بېسىلغان. شۇ ۋاقىتتا شاڭخەيدە ۋاڭ شۇ دېگەن بىر كىشى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىئانە بېرىپ، ئاتايىتەن 99 دانە قىلىچ ياسىتىپ، شىفېڭ ئېغىزى قاتارلىق جايلارنى ساقلاۋاتقان سۇڭ جىيۈەن قوشۇنىغا تەقدىم قىلغان.

(69) ۋاڭ جىڭۋېي (1883 — 1944 ـ يىللار) — يەنە بىر ئىسمى جاۋمىڭ، ئەسلىي يۇرتى جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ شەھىرى، ئۆزى گۇاڭدۇڭنىڭ فەنيۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. بۇرۇنلا تۇڭمېڭخۇيغا قاتنىشىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن ۋە مەزكۇر پارتىيىنىڭ فۇزۇڭسەيى بولغان. «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل تۈردە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان، 1938 ـ يىل 12 ـ ئايدا دۈشمەنگە ئاشكارا تەسلىم بولۇپ، 1940 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەنجىڭدا قورچاق ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىپ رەئىس بولغان، 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ياپونىيىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ «قوش نەزەرلىك خانە نەسرىي نەزمىلىرى» دېگەن كىتابى 1930 ـ يىل 12 ـ ئايدا «مىللىي ئىشەنچ» شىركىتىدە نەشر قىلىنغان.

(70) ۋىكتور ھيۇگو (V. Hugo، 1802—1885 ـ يىللار) — فرانسىيە يازغۇچىسى، «پارىژ بۈۋىمەريەم چېركاۋى»، «پاجىئەلىك دۇنيا» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. ئۇنىڭ 1853 ـ يىلى يازغان سەككىز قىسىملىق «قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا رەددىيە» دېگەن شېئىرى (سىياسىي ھەجۋىي شېئىرلار توپلىمى «جازا مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزگەن) نىڭ 1 ـ قىسمىدا 1793 ـ يىلى (يەنى جۇمھۇرىيەتنىڭ 2 ـ يىلى) دىكى فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى دەۋرىدە جۇمھۇرىيەت ئەسكەرلىرىنىڭ قوزغىلىپ ياۋروپا فېئودال ئىستىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىغا قارشى قەھرىمانلىقلىرىنى مەدھىيىلىگەن. كېيىنكى بىر قانچە قىسىملاردا 1851 ـ يىلى ناپولېئون Ⅲ نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان ۋاقىتتىكى ئەگەشكۈچىلەرنى ئەيىبلىگەن. ۋاڭ جىڭۋېي تەرجىمە قىلغان «جۇمھۇرىيەتنىڭ 2 ـ يىلىدىكى جەڭچى» ئەنە شۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى قىسمى.





(71) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(72) «ئۈچىنچى خىل ئادەملەرنىڭ ‹ئىتتىرىشى›» — 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان. يازغۇچىنىڭ ئىمزاسى داۋۇ، ئۇنىڭ «ئۈچىنچى خىل ئادەم» دېگىنى لۇشۈننىڭ «ئىتتىرىش» تە ئېيتقان «پەرەڭ خوجاملار» ۋە «ئالىي مەرتىۋىلىك» جۇڭگولۇقلاردىن باشقا بىر خىل ئادەملەرگە قارىتىلغان. داۋۇنىڭ ماقالىسىدە: «بۇ خىل ئادەملەر ‹ئالىي مەرتىۋىلىك› لەر ئەمەس، تۆۋەن مەرتىۋىلىكلەرگە كىرگۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلار، ‹ئالىي مەرتىۋىلىك› لەرگە گۇپپاڭچىلىق قىلىپ، تۆۋەن مەرتىۋىلىكلەرنى ئىتتىرىدۇ» دېگەن. يەنە چاڭجياڭ دەرياسىدىكى پاراخوت ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېگەن: «چوڭ بۆلمىنىڭ بېلىتىنى ئالغانلار ھۇجرىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىتتىرىلىدۇ. يالغۇز پاراخوت بېلىتىلا ئېلىپ، ياتاق بېلىتى ئالمىغانلار مەيلى قايسىبىر بۆلمىدىكىلەر تەرىپىدىن بولسۇن ئىتتىرىلىپ پاناھلانغۇدەك يەر تاپالمايدۇ. پاراخوت بېلىتىنىمۇ ئالالمىغانلار بولسا توپتوغرا قىرغاقتا ياكى سۇغا ئىتتىرىلىدۇ. ناۋادا پاراخوت ماڭغاندىن كېيىن سېزىلىپ قالسا، ئالدىدا يېنىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقىپ، كىيىمىنىڭ پەشلىرىدىن ياكى ئىشتاننىڭ بەلۋاغلىرىدىن بىر ـ ئىككى موچەننى ياكى 10 نەچچە تۇڭپۇرنى تېپىپ ئېلىۋېلىپ، پاراخوت ھەققى قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن پاراخوت تېگىدىكى يۈك بۆلمىسىگە ئىتتىرىۋېتىدۇ، خالاس… بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پاراخوتتىكى ‹ياللانما› لار ‹ئۈچىنچى خىل ئىتتىرىش› ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىشلەيدۇ».

(73) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(74) «گۆش ـ ياغ چاينايدىغانلارنىڭ سۆزلىرى» — ما چىڭجاڭ تۈزگەن، 1933 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەي «شاۋقۇننى ئاڭلاش» تەھرىراتى نەشر قىلغان ئەسەر. ئۇنىڭ ئىچىگە ۋۇ جىخۇي ۋە ھازىرقى زامان ئەنزارچىلىرىدىن تاڭ يۈرېن، گاۋ يىفەن، جۇ گېڭشىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەچچە يىلدىن بۇرۇن يازغان، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلغان ماقالىلىرىدىن 10 نەچچە پارچىنى توپلاپ كىرگۈزگەن. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشنىڭ مەقسىتى ۋۇ جىخۇي قاتارلىقلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقى سۆزلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا ۋۇ جىخۇي جياڭ جيېشىنىڭ قولچومىقى، تاڭ يۇرېن قاتارلىقلارمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان. «گۆش - ياغ چاينايدىغانلار» دېگەن سۆز يۇقىرى ئەمەل ۋە ئۈستۈن تەمىناتقا ئىگە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

(75) «شاۋقۇن» — ساۋجۇيرېننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى ھەپتىلىك ئەدەبىي ژۇرنال، 1931 - يىل 8 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1933 - يىل 11 - ئايدا نەشردىن توختىغان.

(76) ۋېي جۇاڭ (تەخمىنەن 836 — 910 - يىللار) — يەنە بىر ئىسمى دۇەنجى، جىڭجياۋنىڭ دۇلىڭ دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى شەنشى شىئەن شەھىرىدىن)، تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدىكى شائىر ۋە نەزمىچى، شۇي بېگى ۋاڭ جيەننىڭ باش ۋەزىرى بولغان. تاڭ دەۋرى شى زۇڭ پادىشاھنىڭ گۇاڭمىڭ 1 - يىلى (880) خۇاڭ چياۋ رەھبەرلىك قىلغان دېھقان قوزغىلاڭچىلار چاڭئەننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا ۋېي جۇاڭ ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن شەھەر ئىچىدە قالغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن (جۇڭخېنىڭ 3 - يىلى، 883) ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن، ئاڭلىغان پاراكەندىچىلىكلەرنى «چىن ئاياللىرى قوشىقى» دەپ داستان قىلىپ يازغان. بۇ داستان شۇ ۋاقىتتا بەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۇنى چىملىدىققا كەشتە قىلىپ تىكتۈرگەن، ۋېي جۇاڭنى «چىن ئاياللىرى قوشىقى» نى يازغان موللا دەپ ئاتىغان؛ داستاندا خۇاڭ چاۋنىڭ چاڭئەنگە كىرگەن ۋاقىتتا بەگلەرنىڭ ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ خەلقنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقلىرىنى يازغان. ۋاڭ جيەن شۇ داستاندا خاندانلىق ھەربىي قوماندان ياڭ فۇگۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەر بېشىنىڭ بىرى بولغان بولغاچقا، كېيىن ۋېي جۇاڭ شۇ داستاندىن تېنىپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولغان. «ئائىلە نەسىھەتى» دە ئائىلىدىكىلەرگە: «چىن ئاياللىرى قوشىقى» بار چىملىدىقنى تارتماسلىق كېرەك دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان. كېيىن ئىنىسى ۋېي ئەي ئۇنىڭ ئۈچۈن «گۈل - غۇنچىلار توپلىمى» نى تەييارلىغاندىمۇ بۇ داستاننى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىگەن. تاكى چىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈي پادىشاھنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك پېللىئوت ئىلگىرى - ئاخىر مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىدىكى مىڭئۆيدىن كونا يادنامىلەرنى ئوغرىلىغاندا، بۇ داستاننىڭ قوليازمىسىنى تاپقان. 1924 - يىلى ۋاڭ گوۋېي پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان، تيەنخۇنىڭ 5 - يىلىدىكى (905) جاڭ گۈينىڭ قوليازمىسى





بىلەن لوندون مۇزېيىدا ساقلانغان جىنمىنىڭ 5 - يىلىدىكى (919) ئەن يۈشىڭنىڭ قولىيازمىسىغا ئاساسەن تەھرىرلەپ، داستاننىڭ ئەينى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

(77) مېھراب بېگى — يەنى رومان «غەرىبكە ساياھەت» تىكى جۇباجيې، ئۇنىڭ تاپانېلىقتا ئايلىنىپ، ھۆرلەرنىڭ چاترىقى ئارىسىدا ئۈيان - بۈيان غىرتىلداپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى شۇ روماننىڭ 72 - بابىدىن كۆرۈڭ.

(78) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(79) جاڭ شيەنجۇڭ (1606 — 1646 - يىللار) — يەنئەننىڭ ليۇشۇجەن دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى شەنشى دىڭبيەننىڭ شەرقىدە)، مىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى داھىيلىرىنىڭ بىرى. ئۇ چۇڭجېننىڭ 3 - يىلى (1630) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خېنەن، شەنشى قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلغان؛ چۇڭجېننىڭ 17 - يىلىدا سىچۈەنگە بېرىپ، چېڭدۇدا «ئۇلۇغ غەرب دۆلىتى» قۇرغان. شۇنجى 3 - يىلى (1646) سىچۈەندىن چىقىش ۋاقتىدا شىمالىي سىچۈەننىڭ يەنتىڭ چېگراسىدا چىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. كونا تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى مۇبالىغە قىلىنغان خاتىرىلەر بار.

(80) «تەڭداشسىزلار قىسسىسى» — چىڭ دەۋرىدىكى جىن گۇلياڭ سىزغان، خەن دەۋرىدىن سۇڭ دەۋرىگىچە ياشىغان 40 نەپەر داڭلىق كىشىلەرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان ۋە ھەر بىرىگە بىردىن شېئىر قوشۇلغان ئەسەر.

(81) كارلىلې (T. Carlyle 1795 — 1881 - يىللار) — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى ۋە تارىخشۇناس، «فرانسىيە ئىنقىلابى تارىخى»، «ئۆتمۈش ۋە ھازىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» دېگەن ئەسەر ئۇنىڭ نۇتۇق تېكىستى بولۇپ، 1841 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(82) ئېمېرسون (R. W. Emerson 1803 — 1882 - يىللار) — ئامېرىكىلىق يازغۇچى، «ماقالىلەر توپلىمى»، «ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مىجەزى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. «ئۇلۇغ ئادەملەر ھەققىدە» (خەنزۇچىغا «ۋەكىللەر» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق ئەسەر ئۇنىڭ 1847 - يىلى ئەنگلىيىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدىكى نۇتۇق تېكىستى، كېيىن رەتلىنىپ، 1850 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(83) سۇ ۋۇ (؟ — مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى) — يەنە بىر ئىسمى زىچىڭ، جىڭجاۋنىڭ دۇلىڭ دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى شەنشى شىئەن شەھىرىدىن)، خەن خاندانلىقى ۋۇدى پادىشاھىنىڭ تيەنخەن 1 ـ يىلى (مىلادىيىدىن 100 يىل ئىلگىرى) ھونلار ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، تەگرىقۇت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ چوڭ گەمىگە سولانغان، يېمەك ـ ئىچمەكتىن مەھرۇم قىلىنغان، ئۇ مۇزدەك قار بىلەن كىگىزنى چايناپ يەپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. كېيىن ئۇنى بايقال كۆلىنىڭ بويىدىكى ئادەمزات يوق جايلىرىغا ئەۋەتىپ قوي باققۇزغان چاغدا، مىسلىسىز مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرغىچە باش ئەگمىگەن. خەن خاندانلىقى جاۋدى پادىشاھىنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيىدىن 81 يىل ئىلگىرى) ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ياراشقان چاغدىلا ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىلگەن.

(84) شۈەن جۇاڭ (602 — 664 ـ يىللار) — تاڭ دەۋرىدىكى چوڭ راھىب، تەرجىمان، ساياھەتچى؛ لۇجۇنىڭ خۇسى دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى خېنەننىڭ يەنشى ناھىيىسى خۇسى كەنتىدىن) بولۇپ، سۇي دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا راھىب بولغان. دەسلەپ كىرگەن بۇددا نوملىرىنىڭ توغرا ۋە تولۇق بولمىغانلىقى، بۇددا ئەقىدىلىرى شەرھلىرىنىڭمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، شەخسەن ئۆزى بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسى بولغان ھىندىستانغا بېرىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلاپ، جېنگۇەن 3 ـ يىلى (629)، (بەزىلەر جېنگۇەن 1 ـ يىلى دېگەن) چاڭئەندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ گەنسۇ، شىنجاڭدىن ئۆتۈپ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، كۆكئارت تاغلىرىدىن ئېشىپ، ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، ئوتتۇرا ھىندىستاندىكى موجەيتو دۆلىتىنىڭ نارانتو بۇتخانىسىدىكى مولللاردىن تەلىم ئالغان، كېيىن ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىنى ساياھەت قىلىپ، ئاخىر جېنگۇەن 19 ـ يىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ بۇددا نوملىرىدىن 657 قىسمىنى ئەكېلىپ، شاگىرتلىرى بىلەن بىرلىكتە 75 قىسمىنى، يەنى 1335 تومىنى تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ساياھەت قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مەنزىرىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئېغىز ئارقىلىق سۆزلەپ بەرگەن، راھىب بيەنجى خاتىرىلەپ «ئۇلۇغ تاڭنىڭ غەربىي زېمىن خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

(85) جۇگې لياڭ (181 — 234 ـ يىللار) — يەنە بىر ئىسمى كۇڭمىڭ، لاڭيانىڭ ياڭدۇ دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى سەندۇڭ يىنەندىن)، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە سىچۈەن بەگلىكىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان. «ئېھتىيات





بىلەن پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى تۆھپە قىلىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق» دېگەن جۈملە ئۇنىڭ جەنشىڭ 6 ـ يىلى (228) 11 ـ ئايدا پادىشاھ ليۇ چەنگە يوللىغان مەلۇماتنامىسى ئىچىدىكى سۆز.

(86) ۋاڭ ماڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 45 ـ يىل — مىلادىيىدىن كېيىن 23 ـ يىلىغىچە) — يەنە بىر ئىسمى جۈيجۈن، شەرقىي پېيىڭلىڭدىن (ھازىرقى سەندۇڭ لىچېڭدىن)، غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ تۇغقانلىق لاياقىتى بىلەن باش سەركەردىلىكتىن پەيدىنپەي «مۇۋەققەت پادىشاھ» لىققا كۆتۈرۈلۈپ، ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنى تۇتقان. مىلادىيىنىڭ 8 ـ يىلى ئۇ بالا پادىشاھ يىڭنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۆزى پادىشاھ بولۇۋېلىپ، دۆلەت نامىنى شىن دەپ بەلگىلىگەن. تەختكە چىققاندىن كېيىن قەدىمكى قانۇننى دوراپ، بارلىق تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يەرلىرىنى دۆلەتكە يىغىۋېلىپ «پادىشاھلىق ئېتىز» دەپ ئاتاپ، ئېلىپ ـ سېتىشقا رۇخسەت قىلمىغان. بىر ئائىلىدىكى ئەرلەر سانى سەككىزگە توشمىغان بولۇپ، بار يېرى 900 مودىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئارتۇق يەرلىرى ئۇرۇقداشلىرىغا ياكى يۇرتداشلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن؛ قۇل ـ مالايلارنى ئېلىپ ـ سېتىش مەنئى قىلىنغان. لېكىن، كېيىن بارلىق يېڭى سىياسەتلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىكار قىلىنغان، ۋاڭ ماڭنىڭ ئۆزىمۇ قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

(87) ۋاڭ ئەنشى (1021 — 1086 ـ يىللار) — يەنە بىر ئىسمى جەيپۇ، فۇجۇنىڭ لىنچۈەن دېگەن يېرىدىن (ھازىر جياڭشى ئۆلكىسىگە قارايدۇ)، شىمالىي سۇڭنىڭ سىياسىيونى ۋە ئەدەبىياتچىسى. ئۇ سۇڭ شىنزۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1069) باش ۋەزىر بولۇپ، ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك يېڭى ئىقتىساد ـ ئىگىلىك قانۇنلىرىنى يولغا قويغان، كېيىن چوڭ بيۇروكرات، چوڭ پومېشچىكلارنىڭ قارشىلىقىغا ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن مەغلۇپ بولغان.

(88) «سىچۈەن زۇمرىتى» — چىڭ دەۋرىدىكى پېڭ زۇڭسى يازغان تۆت توملۇق كىتاب، ئۇنىڭدا جاڭ شيەنجۇڭنىڭ سىچۈەندە تۇرغان ۋاقىتتىكى ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىرغىنچىلىق ئىشلىرى مۇبالىغە قىلىنغان. يازغۇچىنىڭ كاڭشى 21 ـ يىلىدا (1682) يازغان كىرىش سۆزىدە، مەزكۇر كىتاب بالىلىق ۋاقتىدا ئاڭلىغان جاڭ شيەنجۇڭنىڭ ئىشلىرىغا ۋە باشقىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسەن يېزىلغانلىقى ئېيتىلغان.

(89) «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» — دەسلەپتە فرانسىيىلىك يازغۇچى تېئوفىل گوتىر (1811 — 1872 - يىللار) ئوتتۇرىغا قويغان بۇرژۇئازىيىچە بىر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قارىشى. ئۇ، سەنئەت بارلىق مەنپەئەتتىن خالىي ھالدا مەۋجۇت تۇرۇشى كېرەك، ئىجاد قىلىشنىڭ مەقسىتى سەنئەتنىڭ ئۆزىدىگە باغلىق، ئۇنىڭ سىياسەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارىغان.

(90) لى زىچېڭ (1606 — 1645 - يىللار) — شەنشىنىڭ مىجى دېگەن يېرىدىن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى، چۇڭجېننىڭ 2 - يىلىدا (1629) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، چۇڭجېننىڭ 17 - يىلى 1 - ئايدا شىئەندە داشۇن دۆلىتىنى قۇرغان، شۇ يىلى 3 - ئايدا بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. كېيىن شەنخەيگۇەندە مۇداپىئەدە تۇرغان مىڭ خانىدانلىقىنىڭ لەشكەر بېشى ۋۇ سەنگۇي چىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، شەنخەيگۇەن ئىچىگە باشلاپ كىرگەنلىكتىن، لى زىچېڭنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. 1645 - يىلى خۇبېينىڭ تۇڭشەن ناھىيىسى جۇگۇڭشەن تېغىدا قوراللىق پومېشچىك كۈچلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

(91) سۇ ۋاڭ — يەنى خاۋگې (1609 — 1648 - يىللار) — چىڭ تەيزۇڭ پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى. ئۇ خوشۇت سۇ چىڭۋاڭ دېگەن مەنسەپكە ئولتۇرغان؛ شۇنجى 3 - يىلى (1646) چىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شەنشى، سىچۇەنگە ھۇجۇم قىلىپ، جاڭ شيەنجۇڭنىڭ قوزغىلاڭچى ئەسكەرلىرىنى باستۇرغان.

(92) «كۆكرىكىدىن ئوق يەپ ئۆلىدۇ مەتلەقا» — بۇ «سىچۇەن زۇمرىتى» نىڭ 3 - تومىدا يېزىلغان جاڭ شيەنجۇڭنىڭ ئۆلۈشى توغرىسىدىكى بېشارەت مۇنداق: «دەسلەپتە، چېڭدۇنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدا دەريا بويلاپ 10 چاقىرىم يول يۈرگەندە بىر كۆۋرۈك بارئىدى، كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا كەلكۈن قايتۇرۇش مۇنارى بار ئىدى، ئۇنى ۋەنلى يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاكىم يۇ يىلۇڭ سالغان... جاڭ شيەنجۇڭ ئۇنى بۇزدۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا سەردار مۇنبىرى ياساتقان. شۇ چاغدا، ئورا كولاپ خىشلارنى ئالماق بولۇپ، تۆت غۇلاچ چوڭقۇر كولىغاندا قەدىمكى بىر ئابىدە تېپىلغان. ئۇنىڭدا:





ياسايدۇ مۇنارنى يۇ يىلۇڭ،
چۇۋۇيدۇ مۇنارنى جاڭ شيەنجۇڭ،
قانغا بويىلىدۇ بۇ جايلار
كەلگەندە مۇئەييەن يىللىرى پەلەكنىڭ.

تارقىلىدۇ زەھەر ھىندى سىچۇەننىڭ شەرقىغە
ياۋلارنىڭ تەقدىرى ئاياغلىشىدۇ سىچۇەننىڭ شىمالىدا.
نەي چالسا بامبۇكنى ئىشلەتمىگەندەك،
كۆكرىكىدىن ئوق يەپ ئۆلىدۇ مەتلەقا.

يەنشىڭنىڭ 1 - يىلى، جۇگې لياڭ يازغان، دەپ يېزىلغان. تاكى سۇ ۋاڭ لەشكەرلەرنى باشلاپ جاڭ شيەنجۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ، شىچۇەن دېگەن يەردە ئۇنى ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندىلا، ئاندىن «نەي چالسا بامبۇكنى ئىشلەتمىگەندەك» دېگەن سۆزنىڭ سۇ ۋاڭغا بېشارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان». جاڭ شيەنجۇڭنىڭ ئۆلۈشى توغرۇلۇق «مىڭ سۇلالىسى تارىخى، جاڭ شيەنجۇڭ توغرىسىدا قىسسە» دە: «شۈنجىنىڭ 3 - يىلى جاڭ شيەنجۇڭ چېڭدۇنىڭ ساراي - ئىمارەتلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ، شەھەرنى تۈزلىۋېتىپ، ئەسكەرلەرنى باشلاپ شىمالىي سىچۇەنگە قېچىپ كەتكەن ... شۇ ۋاقىتىدا ئۇلۇغ چىڭ ئەسكەرلىرىمىز خەنجۇڭغا يېتىپ بارغان ... يەنتىڭ چېگراسىغا كەلگەندە قېلىن تۇمان بېسىپ كەتكەن. جاڭ شيەنجۇڭ سەھرادىن يولغا چىقىپ، كۈتۈلمىگەندە، ئەسكەرلىرىمىز بىلەن فېڭخۇاڭپودا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئوق تېگىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئوتۇنلارنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىمىز ئۇنى تۇتۇپ چىقىپ كاللىسىنى ئالغان» دەپ يېزىلغان. لېكىن، چىڭ دەۋرىدىكى گۇ يىڭتەي تەرىپىدىن يېزىلغان «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى» نىڭ 77 - بابىدا جاڭ شيەنجۇڭنى «كېسەل بىلەن سىچۇەندە ئۆلگەن» دېگەن. بۇ چىڭ دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلغانلار بىلەن پەرقلىنىدۇ.

(93) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(94) «ئۈچ سوتا» ھارىقى — ئۈچ خىل ئەركەك ھايۋاننىڭ تاناسىل ئەزاسى چىلانغان بەقۇۋۋەت ھارىقى.

(95) پىڭ زۇ — رىۋايەتلەردىكى شەخس. ئۇ 767 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتمىگەنمىش. «پەرىشتىلەر قىسسىسى» دې-

گەن كىتابتا يىڭ زۇنىڭ مۇنداق سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن: «ئەر - ئايالنىڭ
ئۇچرىشىشى خۇددى يەر بىلەن ئاسماننىڭ ماسلىشىشىغا ئوخشايدۇ ··· يەر
بىلەن ئاسمان كۈندۈزدە ئايرىلىپ كېتىپ، كەچتە جۈپلىشىدۇ، بىر يىلدا
360 قېتىم جۈپلىشىپ، پۈتمەس - تۈگىمەس شەيئىلەرنى يارىتىدۇ. ئادەممۇ
شۇنداق قىلالىسا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ.»

(96) ۋۇداڭشەن تېغى — خۇبېي جۇنشيەن ناھىيىسىنىڭ شىمال تەرى-
پىدە بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە تەرىقەت (داۋجاۋ) دىنىنىڭ قۇددۇسى. كونا
رومانلاردا ئۇ يەرنى دائىم مەرد - مەردانىلەرنىڭ مەشىق تەلىم ئالىدىغان
يېرى دەپ تەسۋىرلەنگەن.

(97) لاتارىيە بېلىتى — بۇ يەردە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
1933 - يىلىدىن باشلاپ تارقاتقان «ئاۋىئاتسىيە - تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
مۇكاپاتلىق بېلەت»لىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا گېزىتتە مۇكاپاتلىق
بېلەتنى سېتىۋالغان بولسا «ھەم ۋەتەننى سۆيگەن بولىدۇ، ھەم مۇكاپاتقا
ئېرىشەلەيدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىنغان.

(98) موناكو سۇلتانلىقى (The Principality of Monaco) —
فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىدىكى سۇلتانلىق
دۆلەت. ئۇ يەردىكى مونتې كارلو (Monte CarLo) شەھىرىدە دۇنيا بويىچە
مەشھۇر قىمارخانىلار بار، ئۇلارنىڭ كىرىمى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي مالىيە
مەنبەسىنىڭ بىرى.

(99) بۇ يەردە شۇ ۋاقىتتىكى «جەمئىيەت خەۋەرلىرى»، «ئۇششاق
پاراڭ» قاتارلىق ژۇرناللارغا بېسىلغان ماقالىلەر ۋە جاڭ زىپىڭ، زېڭ
جىنكې قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېلانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «ساختا
ئەركىنلىكنامىنىڭ خاتىمىسى»گە قارالسۇن.

(100) «قامچا كەتمەيدىغان قۇلۇن» — مىڭ دەۋرىدىكى شاۋ لياڭيۇ
رەتلىگەن كىتاب. مەزمۇنى قەدىمكى كىتابلاردىن ئۈزۈۋېلىنغان ھېكايىلەر
بولۇپ، تۆت خەت بىر جۈملە، ھەر ئىككى جۈملىسى بىر كۇپلېت، قاپىيە
ۋە ۋەزىن قائىدىسى بويىچە ئىشلەنگەن. كونا زاماندا مەدرىسىلەردە ئۆسمۈر-
لەرنىڭ دەرسلىكى قىلىناتتى.

(101) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى
«شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(102) ئۆزىنىڭ بىچارىلىكىنى ۋە يارامسىزلىقىنى ئېنىق يازغان-
لىقى — بۇ زېڭ جىنكېنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ كىتابتىكى «مۇقەددىمىنىڭ





ئازادلىقى» نىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

(103) لى تەيبەي — لى بەي (701 — 762 - يىللار)، تەخەللۇسى
تەيبەي. ئاتا - بوۋىسى لۇڭشىنىڭ چىڭجى دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى گەنسۇ-
نىڭ چىنەن دېگەن جايىدىن) بولۇپ، كېيىن مىيەنجۇنىڭ چاڭمىڭ (ھازىرقى
سىچۈەننىڭ جياڭيۇ دېگەن يېرى) دېگەن يېرىگە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان.
تاڭ سۇلالىسى ۋاقىتلىرىدىكى شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەردانە، تەبىئىي
بولۇپ «شېئىرلار ئەۋلىياسى» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى دەۋردىكى ئەدىبلەر
ئۇنى مۇشۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان لى چاڭجى بىلەن بىر ئورۇنغا قويغان.

(104) لى چاڭجى — لى خې (790 — 816 - يىللار)، تەخەللۇ-
سى چاڭجى، چاڭگۇ دېگەن جايدىن (ھازىرقى خېنەننىڭ يىياڭ دېگەن يېرى-
دىن)، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى شائىر. «يېڭى تاڭ تارىخى.
ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى» دە ئۇنى «ئورۇق، قوشۇما قاشلىق،
ئۇزۇن تىرناقلىق» دېگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەسەۋۋۇرغا باي ھەم غەلىتە
بولۇپ، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى جۈملە ئۇنىڭ «جەنۇبىي باغچە»
دىكى 13 كۇپلېتنىڭ 7 - كۇپلېتىدىن ئېلىنغان، گەپ ئۇنىڭ قىلىچۋازلىقنى
ئۆگىنىشى ئۈستىدە بارىدۇ. «مايمۇنجان» دېگەن ھېكايە «ۋۇ يۆ تارىخى»
نىڭ 9 - تومىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا: «يۆ بەگلىكىدە قىلىچۋازلىققا بەك ماھىر
بىر قىز بار بولۇپ، ئۇ تەكلىپكە بىنائەن پادىشاھ گوجيەن بىلەن كۆرۈشۈش
ئۈچۈن كېتىۋېتىپ يولدا بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ئۆزىنى
يۈەنگۇڭ دەپ ئاتىغان بۇ بوۋاينىڭ قىز بىلەن قىلىچۋازلىقنى سىنىشىپ
بېقىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، نەتىجىدە ئىككىسى تەڭ كېلىپ قالغانلىقى،
ئاخىر بوۋاينىڭ دەرەخكە ئۇچۇپ چىقىپ، ئاق مايمۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى
بايان قىلىنغان.

(105) لۇ فاڭۋېن — لۇ يۇ (1125 — 1210) — تەخەللۇسى
فاڭۋېن، شەنيىن دېگەن جايدىن (ھازىرقى جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ دېگەن
يېرىدىن)، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ۋاقىتلىرىدا ياشىغان شائىر. ئۇ چەت
ئەللىكلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، دۆلەت ئاجىزلاپ كەتكەن دەۋردە ياشى-
غان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جەسۇرانە، جۇشقۇن. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن
ئىككى جۈملە ئۇنىڭ «كېچىدە سۇ بويىدىكى كەنتتە تۇرۇپ قالغانلىقىم»
دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان. مەنىسى: گەرچە قېرىغان بولساممۇ، چېگرىغا
بېرىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرالايمەن، باشقىلارمۇ دۆلەت ئىشلىرىدىن ئۈمىد-
سىزلەنمىسۇن. «شىنتىڭ» — شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللى-

رىدا، شىمالدىن جيەنكاڭ (هازىرقى نەنجىڭ) غا قېچىپ بارغان بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار بىر كۈنى شىنتىڭ (هازىرقى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى) دا زىياپەت قىلغان. جۇيى (جىن سۇلالىسىنىڭ يۇەندى پادىشاھى ۋاقتىدا مەرگەن بېگى بولغان) غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭنى ئەسكە ئېلىپ، خورسىنغان هالدا: «مەنزىرە ئوخشاش بولسىمۇ، پەلەك باشقىچە بولۇپ كەتتى» دەپ ھەسرەت چەككەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر-بىرىگە قارىشىپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان، دېگەن رىۋايەت بار.

(106) ۋۇ زېشۈي (— مىلادىيىدىن 484 يىل ئىلگىرى) چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چيۇ بەگلىكىدىن. چيۇ بېگى ئۇنىڭ دادىسى ۋۇ شې، ئاكىسى ۋۇ شاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ، ۋۇ بەگلىكىگە قېچىپ بېرىپ ئىنتىقام ئېلىشنى پىلانلىغان. كېيىن ۋۇ بېگى خېلۇ (بەزىلەر خېلۈي دەپ يازغان) غا ياردەملىشىپ چيۇ بەگلىكىگە هۇجۇم قىلغان، چيۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى چىن (هازىرقى خۇبېينىڭ جياڭلىڭ دېگەن يېرى) نى ئالغاندا، چيۇ بېگىنىڭ قەبرىسىنى كولاپ، جەسىتىگە 300 قامچا ئۇرغان.

(107) بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى «سۇ بويىدا» رومانىدىكى پەن جىنلىيەن ئېيتقان. مەزكۇر كىتابنىڭ 24 ـ بابىغا قارالسۇن. ئەسلىي مۇنداق: «مۇشتۇمۇمدا ئادەم تۇرغۇزالايمەن، بىلىكىمدە ئات چاپتۇرالايمەن.»

(108) بۇ جۈملىدىكى ۋە كېيىنكى جۈملىلەردىكى «بەزىدە باشقا تەخەللۇس ئىشلەتكەن بولسامۇ …» دېگەن سۆزلەر جاڭ زىپىڭنىڭ 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى شاڭخەيي «ئېقىم مەسىلىلىرى يېڭى گېزىتى» گە بېسىلغان ئېلانىدىكى سۆزى. بۇ ھەقتە «ساختا ئەركىنلىكنامىنىڭ خاتىمىسى» گە قاراڭ.

(109) «يەتتە پالۋان، بەش مەردان» — ئەسلىي ئىسمى «ئۈچ پالۋان، بەش پالۋان»، چىڭ سۇلالىسى ۋاقىتلىرىدىكى پالۋان، مەردانلار رومانى بولۇپ، جەمئىي 120 بابلىق كىتاب، شى يۈكۈن سۆزلەپ بەرگەن، دەپ ئىمزا قويۇلغان. 1879 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. 10 يىلدىن كېيىن يۇ يۆ بىرىنچى بابىنى ئۆزگەرتىپ ھەمدە پۈتۈن كىتابقا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، «يەتتە پالۋان، بەش مەردان» غا ئۆزگەرتكەن. كىتابتا بايان قىلىنغان كىشىلەر ئاغزىدا ھەمىشە «ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق جايدا ئىسىم ـ فامىلەمنى ئۆزگەرتمىگەن» دېگەن سۆزنى قىلىپ يۈرگەن.

(110) تۇشىنسۇن — مىڭ سۇلالىسى ۋاقىتلىرىدىكى جىن ـ ئەرۋاھلار رومانى «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار قىسسىسى» دىكى شەخس. روماندا ئۇنىڭ «بىر





ئىرغىپلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىش» كە ماھىرلىقى يېزىلغان.

(111) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(112) رۇس ساقچى — كونا ۋاقىتتا جاھانگىرلارنىڭ شاڭخەيدىكى كونسېسسىيىلىرىدە ياللاپ ئىشلەتكەن ئاق رۇس ساقچىلىرى.

(113) «ئۆزى پۈتلىشىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى» — 1931 ـ يىل «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار گومىنداڭنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىگە قارشى مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن نەنجىڭگە بارغان. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھەرقايسى جايدىكى ئوقۇغۇچىلار نەنجىڭدا ئومۇمىي نامايىش ئۆتكۈزگەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ـ ساقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئالغان ۋە قىرغان. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن. ۋەقەدىن كېيىن نەنجىڭدىكى مۇھاپىزەتچى دائىرىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى يېپىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى «ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلدى» دەپ ھاقارەتلەپ، زىيانكەشلىك قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى «ئۆزى پۈتلىشىپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى» دېگەن.

(114) سوراقچى — كونا ئەدلىيىدە جىنايى ئىشلار، خەلق ئىشلار دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلغۇچى ئەمەلدار.

(115) شۇەنيۇەن — يەنى خۇاڭدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رىۋايەتلەردىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ دەسلەپكى ئاتا ـ بوۋىسى، قەدىمكى زاماندىكى پادىشاھ.

(116) چىڭگىزخان (1162 — 1227) — يەنى يۇەن تەيزۇ، ئىسمى تېموچىن، 1206 ـ يىلى بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل پادىشاھلىقىنى قۇرغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى قۇبلاي يەنى يۇەن شىزۇ 1264 ـ يىلى پايتەخت يەنجىڭ (هازىرقى بېيجىڭ) غا يۆتكىلىپ بارغان. 1271 ـ يىلى دۆلەت نامىنى يۇەن قىلىپ ئۆزگەرتكەن. 1279 ـ يىلى سۇڭ خاندانلىقىنى يوقاتقان.

(117) ليۇ شيۇفۇ (1236 — 1279) — تەخەللۇسى جۇنشى، يەنچىڭ دېگەن جايدىن (هازىر جياڭسۇغا تەۋە)، جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى، 1278 ـ يىلى سۇڭ دۇزۇڭنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى جاۋبىڭنى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شياڭشىڭنىڭ 2 ـ يىلى (1279) يۇەن ئەسكەرلىرى ياشەن تېغىدىن بۆسۈپ ئۆتكەندە (گۇاڭدۇڭنىڭ شىنخۈي ناھىيىسىگە تەۋە جەنۇبىي چوڭ دېڭىزدا)

جاۋىبىنى ھاپاش قىلىپ دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلگەن.

(118) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا ئەسلىي «پىغاننىڭ كېرىكى يوقلۇقى توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان.

(119) جاڭ شىزەي — جاڭ شۆچېڭ (1738 — 1801)، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى (ھازىرقى شاۋشىڭ) ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخچىسى. يۈەن زىسەي (1716 — 1797) — يەنە بىر ئىسمى يۈەن مى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چيەنتاڭ (ھازىرقى خاڭجۇ) ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسى شائىرى. 1797 - يىلى يۈەن مى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جاڭ شۆچېڭ «دېڭجى خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، يۈەن مىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىچكى دۇنيانى تەسۋىرلەشنى تەرغىب قىلغانلىقىغا ۋە ئايال تالىپلارنى قوبۇل قىلغانلىقىغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭغا «شەرمەندە ئادەم؛ ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئايال تالىپلارنى ئازدۇرغان» دەپ ھۇجۇم قىلغان. ئۇ «ئاياللار توغرىسىدا بىلىمگە خاتىمە»، «مەدرىسىدە نەزمىلەرنى كۆچۈرگەندىن كېيىن» دېگەندەك ئەسەرلىرىدىمۇ يۈەن مىگە ھۇجۇم قىلغان.

(120) لى چۇنكې (1829 — 1894) — يەنە بىر ئىسمى لى سىمىن؛ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئەدىب. جاۋ زىچيەن (1829 — 1884) — يەنە بىر ئىسمى جاۋ ۋېيشۇ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيجى ناھىيىسىدىن؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خەتتات. لى چۇنكې «يۆمەنتاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە جاۋ زىچيەننى «تەلۋە»، «بىمەنە، نائەھلى» دەپ ئاتىغان.

(121) بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تۇڭمىڭخۇيىنىڭ نەشر ئەپكارى «خەلق گېزىتى» بىلەن لياڭ چىچاۋنىڭ ئىلكىدىكى «يېڭى خەلق مەجمۇئەسى» نىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(122) بۇ يەردە «يېڭى ياش» چىلار بىلەن شۇ چاغدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(123) 70 - ئىزاھاتقا قارالسۇن.

(124) لىن چىڭنەن — تەرجىمان. ئۇ «4 - ماي» دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، «دەردمەن»، «مېكىجىننىڭ چۈشى» ناملىق ئىككى پارچە ھېكايە يېزىپ، مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە دارىتىپ ھۇجۇم





قىلغان.

(125) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(126) «ئىتنىڭ ئاۋازى يىلپىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆز تاڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ ۋېينىڭ «تاغدا ماكان تۇتقان فېيدى موللىغا قىلىنغان پەند - نەسىھەت» تىن ئېلىنغان. ئەسلىي گەپ مۇنداق: «تار كوچىدا سوغۇق تۇندە ئىت قاۋسا، ئاۋازى يىلپىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ».

(127) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(128) پەرەڭ سودىگەرلەردىن بۇردا چىقىرىۋالىدۇ — ئازادلىقتىن بۇرۇن شاڭخەيدىكى كونسېسسىيەلەردىكى تراموايلار ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر ۋە فرانسىيىلىك سودىگەرلەر دەسمايە سالغان ئىككى تراموۋاي شىركىتىنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

(129) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(130) بۇ يەردە چىن زىجيەن يازغان «يەنە كۇڭ يىجى ھەققىدە» دېگەن ماقالە كۆرسىتىلىدۇ. مەزمۇنى كونا ۋاقىتلاردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىشتە ئىشلەتكەن قىزىل خەت نۇسخىسىدىكى «ئالىي تالىپلار، چيۇ (كۇڭ) يىجى …» نى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ۋە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(131) «ئۈچ سۆزلۈك رىسالە» — جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ يىڭلىن (يەنە بىر رىۋايەتتە سۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى، يۈەن دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى چۈي شىزى) يازغانمىش، «فامىلىلەر» — سۇڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى كىشى يازغانمىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا دەۋردىكى مەدرىسىلەردە ئىشلەتكەن ساۋات دەرسلىكى.

(132) «زېرەك باللار داستانى» — كونا دەۋردىكى مەدرىسىلەردىكى باشلانغۇچ ئوقۇش كىتابلىرىنىڭ بىر خىلى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ جۇ يازغانمىش. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگىنى شۇ كىتابنىڭ بېشىدىكى بىرقانچە جۈملە سۆز.

(133) «ئىپتىدائىي بىلىم جەۋھەرلىرى» — كونا دەۋردىكى باللارنىڭ باشلانغۇچ ئوقۇش كىتابى. چىڭ دەۋرىدىكى چىڭ يۈنشىڭ قاتارلىقلار

تۈزگەن. مەزمۇنى ئاسترونومىيە، رەسىم - قائىدىلەر. سەرەمجان - جابدۇقلار، تېخنىكا، سەنئەت… توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسى جۈپ سۆزلۈك ئۇسلۇبتا يېزىلغان. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن 3 -، 4 - جۈملىنىڭ ئەسلىي مۇنداق: «ھاۋانىڭ يېنىك ۋە سۈزۈك ماددىلىرى يۇقىرىغا لەيلەپ چىقىپ ئاسمان بولغان؛ ھاۋانىڭ ئېغىر ۋە دۇغ ماددىلىرى تۆۋەنگە تېمىپ يەر بولغان.»

(134) «زات بوۋاينىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» — كونا دەۋردىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ ئوقۇش كىتابى. يازغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. زات بوۋا — بوۋىسىنىڭ دادىسى ياكى بوۋىسىنىڭ بوۋىسى. بۇ كىتاب تاڭ، سۇڭ ۋاقىتلىرىدا خېلى كەڭ تارقالغان، كېيىن يوقىلىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇي يىللىرىدا دۇنخۇاڭنىڭ مىڭشاشەن غارلىرىدىن بۇ كىتابنىڭ قوليازمىسىنىڭ بىر تومى تېپىلغان.

(135) «ساۋات كىتابى» — كونا دەۋردىكى ئوقۇغۇچى بالىلارنىڭ خەت ئۆگىنىش كىتابى بولۇپ، غەربىي خەن دەۋرىدىكى شى يۇ يازغان. تاڭ دەۋرىدىكى يەن شىگۇ ۋە ۋاڭ يىڭلىن ئىزاھات بەرگەن. مەزمۇنى تەخمىنەن ئىسىم - فامىلە، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قاچا - قومۇچ قاتارلىقلار بويىچە خىللارغا بۆلۈنگەن ھالدا قاپىيىلەشكەن سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن. كۆپىنچە يەتتە بوغۇم بىر جۈملە قىلىنغان.

(136) ئۇنىڭ تاپقان ساۋابى يۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىنمۇ قېلىشمىغان بولاتتى — تاڭ دەۋرىدىكى خەن يۇنىڭ «مىڭ شاڭشۇغا يازغان خېتى» دە مېڭ كېنى ماختىغان سۆزى: «ئەگەر بۇرۇن مېڭ كې بولمىغان بولسا، ھازىرقى كىيىملەرنىڭ پېشى پۈتۈنلەي سول تەرەپتىن ئېتىلىدىغان، سۆزلەرمۇ باشقىچە دېيىلىدىغان بولاتتى. شۇڭلاشقا مېنىڭ مېڭ كېنى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭ تاپقان ساۋابىنى يۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىنمۇ قېلىشمىغان بولاتتى دېگەن سۆزۈم ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈندۇر». يۇ بولسا بىر قۇرت — بۇ گۇ جېيگاڭنىڭ 1923 - يىلى قەدىمكى تارىخنى تەتقىق قىلغان بىر ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى. يۇ — مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى كەلكۈننى تىزگىنلىگەن قەھرىمانى، شيا سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى.

(137) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(138) 1933 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈندىكى «شېنباۋ. ئەركىن





پاراڭ» غا بېسىلغان لىن يىجىنىڭ «‹تەرجىمە› ۋە ‹بايان›» دا مۇنداق دېيىلگەن: «قاتمال، قاملاشمىغان تەرجىمە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان كىشىلەر، ئەگەر كەسىپ ئۆزگەرتىپ قاش - كۆزىنى ياسايدىغان تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىسە ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ، يوق؟ … ئاڭلىشىمچە، ھازىر نۇرغۇن تەرجىمانلار ئەسلىي ئەسەرنى باشتىن - ئاخىرغىچە بىر قۇر كۆرۈپ چىقمايلا 1 - بەتتىن ئېچىپلا تەرجىمە قىلىدىكەن. ئەسلىي ئەسەرنى چۈشىنىشتىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.» يەنە شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى «ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان داشىڭنىڭ «تەرجىمە ھەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «نۆۋەتتە بىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ساھەيىمىزدىكى نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلەر بەك ناچار بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇلارنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەيلى قايسى خىلدىكى تەرجىمە ئەسەرلىرى بولسۇن، ئۈچ - تۆت بېتىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.»

(139) دارۋىن (C. R. Darwin 1809 — 1882) — ئەنگلىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئاساس قۇرغۇچىسى. ئۇنىڭ «جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ مەنبەسى» دېگەن كىتابى 1859 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان مۇھىم ئەسەر.

(140) ما جۈنۋۇ (1882 — 1939) — گۇاڭشىنىڭ گۈيلىن دېگەن يېرىدىن، دەسلەپتە ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇپ، تۇڭمىڭخۇيغا قاتناشقان، كېيىن گېرمانىيىگە بېرىپ. بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن - تېخنىكا دوكتورى دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سودا - سانائەت ۋازارىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋازىرى ۋە شاڭخەي جۇڭگو گۇڭشۈ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، گۇاڭشى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى» نى تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمىگە «جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ ئىپتىدائىي» دەپ نام بەرگەن. 1920 - يىلى جۇڭخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(141) تولستوي (Л. Н. Толстой 1828 — 1910) — روسىيە يازغۇچىسى، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. تۇرگېنېف (Йс. Тургинев 1818 — 1883) — روسىيە يازغۇچىسى. تۇرگېنېف «رۇتىن»، «ئاتىلار ۋە بالىلار» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. سىنكلېر (U. Sinclair 1878 — 1968) — ئامېرىكا يازغۇچىسى،

«قىرغىنچىلىق مەيدانى»، «تاش كۆمۈر كارولى» قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

(142) گو مورو (1892 — 1978) — سىچۈەننىڭ لېشەن دېگەن يېرىدىن، ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، شېئىرلار توپلىمى «ھۆر ـ پەرى»، تارىخىي دراما «چۈي يۈەن»، تارىخىي نەزەرىيە توپلىمى «قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دەۋر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن كىتابى 1931 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتلاردا شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، جەمئىي ئۈچ قىسىم (تۈگىمىگەن).

(143) كانت (I. Kant 1724 — 1804) — گېرمانىيە پەيلاسوپى. ئۇنىڭ «ساپ ئىدراك تەنقىدى» دېگەن كىتابى 1781 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

(144) تەئزىر — تەنقىد، باھا، تەنبىھ دېگەن سۆز.

(145) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(146) لياڭ شىچيۇ 1929 ـ يىل 9 ـ ئايدا «يېڭى ئاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 6 ـ، 7 ـ بىرلەشمە سانىدا «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى بارمۇ» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭدا مۇنداق بىر خىل سۆز بار: «بىر پرولېتارنىڭ ئەگەر ئىستىقبالى بولىدىغان بولسا، جاپاغا چىداپ ساداقەتلىك بىلەن ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلسا، جەزمەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر مۈلۈككە ئىگە بولىدۇ.» «ئالا كۆڭۈل. ‹قاتمال تەرجىمە› ۋە ‹ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىقى›» گە قاراڭ.

(147) 500 مىڭ دوللار — ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان «ئاۋئىئاتسىيە، تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇكاپاتلىق بېلەت» نىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى 500 مىڭ دوللار ئىدى.

(148) «خان قىزلارنىڭ بۆجىگەن توپنى ئېتىپ بېرىشى» — كونا رومان ۋە چاڭچىلىلەردە تەسۋىرلەنگەن بيۇروكرات، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خان قىزلىرىنىڭ ئىچ كۈيئوغۇل تېپىش ئۇسۇلى، خان قىزلارنىڭ ئاتقان بۆجىگەن توپى قايسى ئەرگە تەگسە شۇنىڭغا خوتۇن بولاتتى.

(149) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ1 26 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(150) تەلپەك قۇببىسى، ئوتۇغات — چىڭ دەۋرىدە ئەمەلدارلارنىڭ





دەرىجىسىنى پەرق ئېتىدىغان باش كىيىم زىبۇ زىننەتلىرى، 5 ـ دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىدە ئاق تەلپەك قۇببىسى بولىدۇ. باش كىيىمنىڭ كەينىگە توز پېيى (5 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى) ياكى سوقۇشقاق قۇشنىڭ كۆك پېيى (6 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن) قادىلىدۇ. بايلارنىڭ باللىرىمۇ بۇ خىل تاجلارنى سېتىۋالدى مەنسەپ ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

(151) لى فۇسۇن (1764 — 1843) — يەنە بىر ئىسمى شاڭجى، چىڭ دەۋرىدىكى ئادەم. «مەدەن ـ تاش يازۇلىرى خاتىرىلىرى»، «خەن ۋېي ئالتە سۇلالىسىنىڭ قەبرە يازۇلىرى ئۈلگىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

(152) مەدەن ـ تاش يازۇلىرى — بۇ يەردە دېيىلگەن مەدەن — مىستىن ياسالغان ئەسۋابلار، تاش دېيىلگىنى قەبرە تېشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ۋاقىتلاردا بۇ نەرسىلەر ئۈستىگە خەت قۇيۇلغان ياكى ئويۇلغان بولۇپ، ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل تارىخىي ئاسارىئەتىقىلەر مەدەن ـ تاش يازۇلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

(153) يامانلىقنىڭ ئېپتىداسى — يامان ئىشنى باشلاپ بېرىش.

(154) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(155) «چاھار دىۋان» نىڭ فوتوغا ئېلىپ بېسىلىدىغان «نادىر نۇسخىسى» ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىش — «چاھار دىۋان» چىڭ سۇلالىسىدىكى چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان مەجمۇئە بولۇپ، تۆت توپلامغا بۆلۈنگەن 3000 خىلدىن ئارتۇق كىتابنى يىغىپ كىرگۈزگەن. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى كىتابلارنى چىقىرىۋەتكەن ياكى ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ ۋازارىتى شۇ ۋاقىتىدىكى مەركىزىي كۇتۇپخانىنىڭ تەييارلىق باشقارمىسى بىلەن تىجارەت باسمىخانىسىنىڭ توختام تۈزۈپ «چاھار دىۋان» نىڭ بېيجىڭدىكى خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلانغان ۋېن يەنگې نۇسخىسىنى فوتوغا ئېلىپ بېسىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى سەي يۈەنپېي كونا مەتبەئە نۇسخىسى ياكى كونا كۆچۈرۈلمىسىنى قوبۇل قىلىپ، چاھار دىۋان كۇتۇپخانىسى ئۆزگەرتىۋەتكەن نۇسخىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. كىتاب ساقلىغۇچى فۇ زېڭشاڭ، لى شېڭدۇ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى چېن يۈەن، ليۇفۇ قاتارلىقلارمۇ سەي يۈەنپېيگە ئوخشاش تەشەببۇس قىلغان، لېكىن مائارىپ

ۋازىرى ۋاڭ شىجى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا تىجارەت باسمىخانىسى تەھرىر - تەرجىمە ئورنىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈەنجىمۇ «چاھاردىۋان» نۇسخىسى بويىچە بېسىشنى تەشەببۇس قىلغان. نەتىجىدە تىجارەت باسمىخانىسى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكرى بويىچە 1934 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە «‹چاھار دىۋان› نىڭ نادىر نۇسخىسىنىڭ دەسلەپكى تومى» نى بېسىپ چىقارغان، بۇنىڭغا 231 خىل كىتابنى تاللىغان.

(156) تۆت ئۆلكە غايىب بولۇپ كەتتى — 1931 - يىل «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون جاھانگىرلىكى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، رېخېدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكىسىنى بېسىۋالغان. توققۇز ئارال قولدىن كەتتى — 1931 - يىل «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ زېمىنى شىسا تاقىم ئارىلى ۋە نەنسا تاقىم ئارىلىنى يۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە 1933 - يىلى جۇڭگونىڭ نەنسا تاقىم ئارىلىدىكى توققۇز ئارالنى بېسىۋالغان. بۇنىڭغا جۇڭگو خەلقى قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇ ۋاقىتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق فرانسىيە دائىرىسى بىلەن كەسكىن سۆزلەشتى.

(157) خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكى — 1933 - يىل 7 - ئايدا خۇاڭخې دەرياسى تېشىپ، خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى، ئەنخۇي، ھەتتا جياڭسۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگىچە بېسىپ كىرىپ ئاپەت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(158) ناپولېئون (Napoleon. Bonaparte 1769 — 1821) فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ھەربىي ئالىم، سىياسەتچى؛ فرانسىيە 1 - ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى. ناپولېئوننىڭ ساقلىغان كىتابلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن كىتابلىرى باشقىلارنىڭ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، 1932 - يىلى بىر قىسمىنى كىشىلەر بېرلىنغا ئەكېتىپ ساتماقچى بولغان. كېيىن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئامال قىلىپ ئۇنى پارىژغا ئەكەتكەن.

(159) «پادىشاھ بېكىتكەن كىتابلار مەجمۇئەسى» — يەنى «قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىتابلار مەجمۇئەسى» — جۇڭگودىكى چوڭ تىپلىق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى كاڭشى، يۇڭجېڭ پادىشاھلىرى چېن مىڭلېي، جاڭ تىڭشىلارنى تەھرىرلەشكە بۇيرۇپ، يۇڭجېڭنىڭ 3 - يىلىدا (1725)





پۈتتۈرگەن. پۈتۈن كىتاب ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، مەرىپەت، تەبىئەت، پەلسەپە، ئىقتىسادتىن ئىبارەت ئالتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. جەمئىي 10 مىڭ تومدىن ئىبارەت.

(160) «مىڭ دەۋرىنىڭ ئادەملىرى كونا كىتابلارنى كۆچۈرۈپ بېسىشقا خۇشتار ۋە لېكىن شۇ كونا كىتابلارنى كاردىن چىقىرىدۇ» — چىڭ دەۋرىدىكى لو شىنيۈەن ئۆزىنىڭ «يىگوتاڭغا خاتىمە» دېگەن كىتابىنىڭ «6 - كلاسسىك ھېكمەتلىك سۆزلەر خاتىمىسىگە رەددىيە» دېگەن 1 - تومىدا مىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، قالايمىقان نەشر قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «مىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەر كىتاب باسقان بىلەن كىتابلارنى كاردىن چىقارغان».

(161) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(162) ئېروشىنكو (B EPOEEHKO. 1889 — 1952) — روسىيە شائىرى ۋە چۆچەكچى، بالىلىق دەۋرىدە كېسەل بولۇپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان، 1921 - يىلىدىن 1923 - يىلىغىچە جۇڭگوغا كېلىپ لۇشۈن بىلەن تونۇشقان. لۇشۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك بۇلۇت»، «ئېروشىنكونىڭ چۆچەكلەر توپلىمى» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان.

(163) ئۇرۇشقا قارشى يىغىن — دۇنيا بويىچە جاھانگىر — ئۇرۇشقا قارشى ھەيئىتىنىڭ 1933 - يىل 9 - ئايدا شاڭخەيدە چاقىرغان يىراق شەرق يىغىنى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرۇش، خەلقئارا تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغان. يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە فرانسىيە كونسېسسىيىسى، جامائەت كونسېسسىيىسى دائىرىلىرى يىغىننىڭ ئېچىلىشىغا خىلمۇ خىل بوھتانلارنى چاپلىغان ۋە توسقۇنلۇق قىلغان. كونسېسسىيە ئىچى ياكى سىرتىدا يىغىن ئېچىشقا رۇخسەت قىلمىغان. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى شاڭخەي يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئاخىر مەخپىي ئۆتكۈزگەن. ئەنگلىيىلىك مارەي تۆرە، فرانسىيە يازغۇچىسى ۋە «ئىنسانپەرۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ئاساسىي ئاپتورى ۋايان گۇجرى، جۇڭگودىن سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان. لۇشۈن پرېزىدىيومنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىگە سايلانغان. يىغىننىڭ تەييارلىق مەزگىلىدە، لۇشۈن كۈچىنىڭ بارىچە قوللىغان

ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. 1934 - يىل 12 - ئايدا لۇشۈن شياۋ جۈنگە يازغان بىر پارچە جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېگەن: «يىغىن (ئۈرۈشقا قارشى يىغىن) ئېچىلدى. نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىندى؛ خەۋەرلەرنى گېزىتتە بېسىشقا ئۇنىمىدى، شۇڭا جۇڭگودا ناھايىتى ئاز ئادەم بىلىدۇ. نەتىجىسى يامان ئەمەس بولدى. ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن دوكلات قىلىدىغان بولدى، دۇنيادا جۇڭگونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ بەك ئۇقىدىغان بولدى، مەن قاتناشتىم.»

(164) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(165) كىركېگارد (S. A. Kirkegard 1813 — 1855) — دانىيىلىك پەيلاسوپ. ماقالە ئىچىدىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ «بۇ بولمىسا ئۇ بولىدۇ» دېگەن كىتابىنىڭ «مۇقەددىمىسى» دىن ئېلىنغان. شۇ كىتابنىڭ ئىزاھاتىدا 1836 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پېتىرگرادتا ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن دەپ چۈشەندۈرگەن.

(166) بۇماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(167) جاڭ كېبياۋ — جېجياڭنىڭ خەينىڭ دېگەن يېرىدىن. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تەلەي تېپىش ھۈنىرى» دېگەن ئەسىرى شۇ ۋاقىتتىكى بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ ھەر خىل ھىيلە - مىكىر ۋە پۇرسەتپەرەسلىكلىرىنى شاللاق، بىمەنە پوزىتسىيە بىلەن تەسۋىرلەيدىغان كىتاب. 1933 - يىل 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

(168) «مۇھاكىمە» — ئەدەبىيات - سەنئەت خاراكتېرلىك يېرىم ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، لىن يۈتاڭ قاتارلىقلار باشقۇرغان. 1932 - يىل 9 - ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1937 - يىل 8 - ئايدا نەشردىن توختاپ قالغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 19 - سانىغا (1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) «ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تەلەي تېپىش ھۈنىرى» دېگەن ماقالىنىڭ «قىسقىچە مەزمۇنى» ۋە «خاتىمىسى» بېسىلغان.

(169) Inspiration — ئىنگلىزچە سۆز، ئىلھام دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(170) «ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئاقىل» دېگەن سۆز «تارىخنامە، خۇەي يىن بەگنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئاقىلمۇ بىرەر يەردە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئەخمەقنىڭمۇ بىرەر يېرى توغرا





چىقىپ قالىدۇ» دېگەن ئىبارىدىن ئېلىنغان.

(171) ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىش ئۈچۈن باي خوتۇنۇڭ بولۇشى كېرەك — بۇ شاۋ شۈنمېي قاتارلىق ئادەملەرگە قىلىنغان مەسخىرە. شاۋ شۈنمېي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى چوڭ دەللال بيۇروكرات، كاتتا باي شىڭ شۈەنخۇەينىڭ نەۋرە قىزىنى خوتۇن قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئۆزى دەسمايە چىقىرىپ كىتابخانا ئاچقان ۋە ژۇرنال چىقارغان.

(172) ۋىلدې (O. Wilde 1854 — 1900) — ئەنگلىيىلىك گۈزەللىكپەرەس يازغۇچى، «خۇشال شاھزادە» ناملىق بالىلار چۆچىكى، «شاروم»، «ۋاندىمىر خانىمىنىڭ يەلپۈگۈچى» ناملىق سەھنە كىتابى قاتارلىقلارنى يازغان. ئەخلاقسىزلىق جىنايىتى (لەۋۋاتلىق قىلغانلىقى، يەنى بۇ ماقالىدە يېزىلغان «ئۇتتۇر كەلگەن شوخ بالىلار بىلەن ئوينىغانلىقى») بىلەن تۈرمىگە ئېلىنغان، كېيىن پارىژدا مۇساپىر بولۇپ غۇربەتچىلىكتە ئۆلگەن.

(173) «ھېلىغۇ دىلدار خوتۇنۇڭ ئىكەن، باشقا ئادەملەر كۆرسىمۇ ئىچى كۆيىدۇ» — جەنۇبىي سۇلالىنىڭ سۇڭ بەگلىكى دەۋرىدىكى ۋۇتۇڭنىڭ «ھەسەتخورلۇق خاتىرىسى» گە قارىغاندا، جىڭ دەۋرىدىكى خۇەن ۋېن لىشىدىنىڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان، خۇەن ۋېننىڭ خوتۇنى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن كۈنداشلىقى تۇتۇپ، قولىغا قىلىچنى ئېلىپ، بىرقانچە ئون دېدەكنى باشلاپ ئۇ قىزنى ئۆلتۈرۈشكە بارغان. لېكىن، بارغاندىن كېيىن قىزنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، سۆزىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ، قىلىچنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ: «ھېلىغۇ خۇەن ۋېن قېرى ئىكەن، سىزنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ ئىچىم كۆيىدى» دېگەنىكەن. لۇشۈن رەتلىگەن «قەدىمكى رومانلاردىن تەرمىلەر» دېگەن كىتابقا قارىغاندا، بۇ ئىككى جۈملە سۆز ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان.

(174) «قىز شائىر» — ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى چوڭ دەللال يۈ چاچىڭنىڭ قىز نەۋرىسى يۈ شيۈيۈن 1932 - يىلى يۈ يەن دېگەن تەخەللۇس بىلەن «كۆل شامىلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. ئۇ توپلام «مېنىڭ جېنىم، ئاھ جېنىم» دېگەندەك ساق تۈرۈپ ئىڭرايدىغان ئىبارىلەر بىلەن تولغان. بەزى بىمەنە ژۇرنال ۋە كىچىك گېزىتلەرمۇ ئۇنى كۆككە كۆتۈرگەن، مەسىلەن، زېڭ جىنكې «قىز شائىر يۈ شيۈيۈننى زىيارەت» سەرلەۋھىلىك ماقالە يازغان.

(175) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(176) براندېس (G. Brandes 1842 — 1927) — دانىيىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەسىرى بولغان «XIX ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم» جەمئىي ئالتە توم بولۇپ، 1872 - يىلدىن 1890 - يىلغا قەدەر نەشر قىلىنغان.

(177) 1921 - يىل 2 - ئايدا گو مورو «مىندو» ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 5 - سانىدا لى شىجىنگە قاراتقان مەكتۇپنى ئېلان قىلغان، ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار: «مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، دۆلەت ئىچىدىكى زاتلار پەقەت دەللاللارغا ئەھمىيەت بېرىپ، يىگىت - قىزلارغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ؛ تەرجىمىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجاد قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ.»

(178) «ABC» — دەسلەپكى ساۋات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدىكى «دۇنيا» كىتابخانىسى بىر يۈرۈش «ABC كىتابلىرى»نى نەشر قىلغان. ئۇنىڭغا دەسلەپكى ساۋات بېرىدىغان كۆپ كىتابلار كىرگۈزۈلگەن.

(179) «بۇلغۇن تېرىسى يەتمىگەن يېرىگە ئىت قۇيرۇقىنى ئۇلاپتۇ» دېگەن سۆز «جىن سالنامىسى. جاۋ بېگى لۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىن ئېلىنغان. ئەسلىدە سىما يىنىڭ 9 - ئوغلى سىمالۇننىڭ قالايمىقان ئۇنۋان بەرگەنلىكى، ھەتتا ئائىلىسىدىكى مالايلىرىغىمۇ ئۇنۋان بەرگەنلىكى مەسخىرە قىلىنغان. «ھەر قېتىم ئەتىگەنلىك زىيارەتتە ئەمەلدارلار ۋە ئۇنۋانلىق مالايلار سورۇنغا لىق تولاتتى. شۇ ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى: «بۇلغۇن تېرىسى يەتمىگەن يېرىگە ئىت قۇيرۇقىنى ئۇلىغانلىق دېگەن».

(180) نىتسشې (F. Nietzsche 1844 — 1900) — گېرمانىيىلىك ئىدېئالىزمچى پەيلاسوپ. «چاكىنا ئادەم» (Der Letzte Mensch) توغرىسىدا نىتسشېنىڭ «زاراتۇستىرا شۇنداق دېگەن» دېگەن ئەسىرىنىڭ «مۇقەددىمىسى»گە قارالسۇن. ئۇنىڭدا ئۈمىدسىز، ئىجادىيەتسىز، ئاددىي، قورقۇنچاق، تولىمۇ پۇچەك ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لۇشۈن بۇ «مۇقەددىمە»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1920 - يىل 6 - ئايدا «يېڭى دولقۇن» ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 5 - سانىغا باسقان.

(181) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا «كۆز كېچىسىدىكى پاراڭ» دېگەن سەرلەۋھىدە يۇ مىڭ دېگەن تەخەللۇس بىلەن بېسىلغان.

(182) چى يۇ — قەدىمكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ





جۇلى قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى بولۇپ، ئۇ خۇاڭدى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنمىش.

(183) «زىرو پۇمياھۇ» — سانسكرىت تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى «ئاچ ئەرۋاھلارغا سەدىقە بېرىش قائىدىسى» دېگەن كىتابتىكى ئايەت.

(184) ۋىرانپىن — بۇ سانسكرىت تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىلغانلارنى قۇتقۇزۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كونا ئۆرپ - ئادەت بويىچە قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىرانپىن ئايىمى بولىدۇ، شۇ كۈنى ئاخشامدا راھىبلارنى تەكلىپ قىلىپ ئايەت ئوقۇتۇپ سەدىقە بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە نەزىر - چىراغ بېرىلىدۇ.

(185) ساۋابلىق ئۇچۇن ياغ پۇرىتىپ نەزىر قىلىش — كونا ۋاقىتلاردا راھىب - دەرۋىشلەرنىڭ ئايەت ئوقۇش ئىشلىرى، گومىنداڭ سىياسىيونى دەي جىتاۋ قاتارلىقلار «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى بەنچەن لامانى ئۆز يېنىغا تارتىپ تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتتە ئۆلۈپ كەتكەن روھ - ئەرۋاھلارغا نەزىر - چىراغ بېرىش نامى بىلەن «ۋاپادار شاھنىڭ دۆلەتنى قوغداش نەزىر - چىرىغى»، «ئومۇمغا پايدا يەتكۈزۈش نەزىر - چىرىغى» قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلىپ، ئايەت ئوقۇپ، بۇتقا سىغىنغان. مۇنار - گۈمبەز سالدۇرۇش — بۇ، دەي جىتاۋنىڭ 1933 - يىل 5 - ئايدا نەنجىڭنىڭ جۇڭشەن قەبرىستانلىقىدا مۇنار قۇرۇپ سۇن جۇڭشەن ئەسەرىنىڭ قولىيازمىسىنى ساقلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(186) «ئاشپەز قازان بېشىغا ئۆتكەندە، ساھىب تەگبىر ھەرگىز چۆمۈچنى قولغا ئېلىۋالماسلىقى كېرەك» — ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسىدىكى ئىشلارنى قىلىش دېگەن مەنىدە.

(187) «ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشى ئۇرۇش قىلىش» — 1932 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكى شاڭخەيدە «18 - يانۋار» ئۇرۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، «ئۇزۇن مۇددەتلىك قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلىدۇق» دەپ جاكارلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قارشى تۇرماسلىقىنى، ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىياپىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

(188) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا لۇيسۈن دېگەن تەخەللۇس بىلەن بېسىلغان.

(189) «ئانىسىنى بىلىپ، دادىسىنى بىلمەيدۇ» — بۇ يەردە باشلانغۇچ كوممۇنا جەمئىيىتىنىڭ قالايمىقان نىكاھ تۈزۈمى شارائىتىدىكى ھادىسە كۆز-

دە تۇتۇلىدۇ. «قەدىمكى زاماندا پادىشاھ يوق. ئادەملەر توپلىشىپ ياشايدۇ. ئانىسىنى بىلىپ، دادىسىنى بىلمەيدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بار.

(190) جۇگۇڭ — فامىلىسى جى، ئىسمى دەن، جۇۋۇۋاڭ پادىشاھنىڭ ئىنىسى. ئۇ ۋۇۋاڭ پادىشاھقا ياردەم قىلىپ شاڭ سۇلالىسىنى يوقاتقان ھەم چېڭۋاڭ پادىشاھقا ياردەم قىلىپ ھاكىمىيەتنى باشقۇرغان، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى قۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، «ئالتە دەستۇر» ئىچىدىكى «ئەدەپ - قائىدە دەستۇرى» («قائىدە - يوسۇن») نى جۇ گوڭ يازغان ياكى كۆڭ چيۇ بەلگىلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نىكاھ قائىدە - يوسۇنىنىڭ ئىنچىكە بەلگىلىمىلىرى ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ نىكاھ تۈزۈمىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

(191) «پەقەت ئىچىدىلا يامان نىيەت ئويلىغان تەقدىردىمۇ زىنا قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆز «ئىنجىل» نىڭ 5 - بابىدىن ئېلىنغان. ئۇنىڭدا: «ئاياللارنى كۆرگەندە كۆڭلىنى يۇگۇرتكەنلەر كۆڭلىدە باشقا ئادەم بىلەن زىنا قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار.

(192) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(193) بۇ گىتلېرنىڭ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ بېشىدا نيۇرنبېرگدا ئېچىلغان دۆلەت سوتسىيال پارتىيىسى قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى ئىچىدىكى سۆز.

(194) ياپونىيىدىكى ئەيسا دىنى چېركاۋى — ياپونىيىنىڭ خرىستىئان دىنى چېركاۋى. 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىگە بېسىلغان رېيتىر خەۋىرىگە قارىغاندا، مەزكۇر چېركاۋنىڭ مەسئۇلى جۇڭتيەن: «ئىساياھ» («تەۋرات، ئىساياھنامە» نىڭ 55 - بابى) دا سەن بىلمەيدىغان ۋە سېنى بىلمەيدىغان دۆلەت بار ئىكەنلىكى، «ۋەھىينامە» نىڭ 7 - پارىسى («ئىنجىل، ۋەھىينامە» 7 بابى) غا دائىر رەسۇل قولىدا ئاللاتائالانىڭ تامغىسىنى تۇتقان ھالدا شەرقتىن چۇشىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇ يەر ياپونىيىدۇر» دېگەن. ئۇ يەنە: «ئاللاتائالا يەھۇدىيلارنى قىرىپ كەلگەن ئاق تەنلىكلەرنى ياپونلار ئارقىلىق بويسۇندۇرىدۇ ··· ياپونلار قورال كۈچى بىلەن يەھۇدىيلارنى ئازاد قىلىپ، ‹تەۋرات› تىكى بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دېگەن.

(195) بۇ ئەينى زاماندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيە ۋازارىتىنىڭ





ۋازىرى سۇڭ زىۋېننىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي يىغىنىغا قاتنىشىپ دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نەنجىڭدا سۆزلىگەن سۆزى. ئۇ غەربىي دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ «ھوقۇقىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكى» نى «XIX ئەسىردىكى ئەرباپلار چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغانلىقى» نى تەشۋىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ شۇنداق «ياخشى ئۈلگە» دىن ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلغان.

(196) خەن تۈيجۇ — خەن يۈ (768 — 824)، تەخەللۇسى تۈيجى، خېجياڭ دېگەن جايدىن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى مونشيەن ناھىيىسىدىن). تاڭ سۇلالىسى ۋاقىتلىرىدىكى ئەدىب. ئۇ «خەن چاڭلى ئەسەرلىرى» نى يازغان. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز ئۇنىڭ «تەبىئىي قانۇنىيەت» دېگەن ئەسىرىدىن چىققان بولۇپ، ئەسلىي مۇنداق: «پۇقرالار تېرىق، گۈرۈچ، كەندىر، يىپەك، قاچا - قومۇچ ۋە پۇل بىلەن ئۆز سەردارلىرىغا خىزمەت قىلمىسا، كاللىسىنى ئېلىش كېرەك.»

(197) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(198) شېكسپىر (W. Shakespeare 1564 — 1616) — ياۋروپادىكى ئەدەبىي گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ئەنگلىيىلىك دراماتورگ. ئۇنىڭ «ياز تۈنىدىكى چۈش» ناملىق كومېدىيىسى 1600 - يىلى نەشر قىلىنغان.

(199) يۇ مۇتاۋ بىلەن جاۋ جىڭشىڭ ئوتتۇرىسىدا ماقالىنى كېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش توغرىسىدا يۈز بەرگەن تالاش - تارتىش — 1933 - يىلى لۇڭخۇا كىتابخانىسى يۇ مۇتاۋنىڭ «دۇنيا ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 1 -، 2 - قىسىملىرىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭدا كۆپىنچە جاۋ جىڭشىڭ يازغان «جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن ۋە باشقا كىشىلەر يازغان جۇڭگو - چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات تارىخى، ئىنقىلاب تارىخىدىن ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىنغان. جاۋ جىڭشىڭ قاتارلىقلار بۇنى «ئەركىن پاراڭ» دا ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، يۇ مۇتاۋ ئارقا - ئارقىدىن ماقالە يېزىپ، ئوغرىلاپ كېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئەمەس، «رەتلىگەن» دەپ ئۆزىنى ئاقلىغان.

(200) شەھەر مەمۇرىيىتى ئىدارىسى — بۇرۇن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردىكى كونسېسسىيىلىرىدە تەسىس قىلغان ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى.

(201) بۇماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(202) «مۇچېڭنىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشى» — بۇماقالىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىككە قارىغاندا، مەزكۇر تىياتىر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى يۇ يازغان «بىر سىقىم قار» دېگەن رىۋايەتتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇچېڭ — دراما ئىچىدىكى موخۇەيگۈنىڭ چاكىرى.

(203) 19 ـ ئارمىيە — گومىنداڭنىڭ 19 ـ ئارمىيىسى. 1932 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياپون قوشۇنلىرى شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلغاندا، شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق 19 ـ ئارمىيە ئۆزلۈكىدىن قارشىلىق كۆرسەتكەن، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن شاڭخەي ئۇرۇشىنى توختىتىش كېلىشىمىنى تۈزۈپ، 19 ـ ئارمىيىنى فۇجيەنگە يۆتكىۋەتكەن.

(204) «باھار دولقۇنى» — تۇرگىنېفنىڭ پوۋېستى بولۇپ، 1933 ـ يىلى شاڭخەيدىكى خېنشېڭ كىنو شىركىتى تەرىپىدىن كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن.

(205) ماۋدۇن — شېن يەنبىڭنىڭ تەخەللۇسى، جېجياڭ ئۆلكىسى تۇڭشەن ناھىيىسىدىن، يازغۇچى، ئەدەبىي ئوبزورچى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. «باھار پىللىسى» ئۇنىڭ يازغان ھېكايىسى بولۇپ، 1933 ـ يىلى شاڭخەيدىكى «چولپان» كىنو شىركىتى كىنو قىلىپ ئىشلىگەن.

(206) «ياۋ خەلقى يۇرتىنىڭ ئاشىقى» — ئاز سانلىق مىللەتنى ھاقارەتلەيدىغان كىنو بولۇپ، شاڭخەيدىكى سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كىنو شىركىتىدە ئىشلەنگەن. فىلىمدە ياۋ خەلقى رايونىدا «مەرىپەتلەشتۈرۈش» خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئاساسىي ئەر قەھرىماننىڭ ياۋ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغانلىقى، «تاغدىن كەتمەيمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. 1933ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا شاڭخەيدە رەسمىي قويغاندا، كىنو شىركىتى ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەردە ھەدەپ ئېلان چىقارغان. مەزكۇر فىلىم گومىنداڭ مەركىزىي پىرقە بۆلۈمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. «ياۋ خەلقىنى مەرىپەتكە باشلاش» دېگەن سۆز ئەنە شۇ تەقدىرنامىدىكى سۆز.

(207) كوراگان — خەن سۇلالىسىدە «كوراگان بەگ» دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىنىپ، پادىشاھنىڭ ئاتلىرىنى باشقۇراتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن باشلاپ مەلىكىنىڭ ئېرىگە «كوراگان بەگ» دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ «كوراگان» دېگەن سۆز «مەلىكە جورىسى» دېگەن سۆزنىڭ





ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغان.

(208) «4 ـ ئوغلىنىڭ ئانىسىنى يوقلىشى» — جىڭجۇ تىياتىرى. مەزمۇنى: شىمالىي سۇڭ دۆلىتى بىلەن لياۋ دۆلىتى ئۇرۇش قىلغاندا، سۇڭ سەركەردىسى ياڭ سىلاڭ (4 ـئوغۇل) ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، كوراگان بولغان. كېيىن 4 ـ ئوغۇلنىڭ ئانىسى شېي تەيجۈن لەشكەر باشلاپ لياۋ دۆلىتىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بارغاندا، 4 ـ ئوغۇل ئانىسىنى سېغىنىپ سۇڭ لاگېرىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ يوقلىغان، كېيىن يەنە لياۋ دۆلىتىگە قايتقان.

(209) «شۇاڭياڭ مەلىكىنىڭ دى چىڭنى قوغلىشى» — جىڭجۇي تىياتىرى. مەزمۇنى: شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي سەركەردىسى دى چىڭ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشتا دەندەن ئېلىگە ئېزىپ بېرىپ قالىدۇ ـ دە، ئالدىنىپ دەندەن پادىشاھىنىڭ قىزى شۇاڭياڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ. كېيىن دى چىڭ قېچىپ كېتىپ داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، فېڭخۇ ئۆتكىلىگە بارغاندا، مەلىكە قوغلاپ كېلىپ، ئۇنى ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ. دى چىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، مەلىكە تەسىرلىنىپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

(210) بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا مەتبۇئاتتا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئەسلىي تېكىستىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ قۇرى ( « ‹ مېنىڭ بىر پارچە قىسقا ماقالە يازغانلىقىم سەۋەبى بىلەن › » دىن ھەقىقەتەن خاتالىق بولسا كېرەك» كىچە) كېيىنكى ماقالىنىڭ بېشىغا كۆچۈرۈلۈپ بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر پارچە ماقالە قىلىپ ئېلان قىلىنغان.

(211) مۇ مۇتيەن (1900 — 1971) — جىلىن ئۆلكىسى يىتۇڭ ناھىيىسىدىن، شائىر، تەرجىمان، ئىجادىيەت تەھرىراتىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ مۇشۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان « XX ئەسىردىكى ياۋروپا ئەدەبىياتى» نى ئەسلىي سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ۋىرىچ يازغان، لۇ جيەننەن تەرجىمە قىلغان، 1933 ـ يىلى شاڭخەي «يېڭى ھايات» كىتابخانىسىدىن نەشر قىلىنغان.

(212) Academie — لاتىنچە سۆز بولۇپ، پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. فرانسۇزچە Academie دەپ يېزىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملار يۇرتى دېگەن سۆز ئەسلىي سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسى AkaemHaykcccp نى كۆرسىتىدۇ.

(213) «مىڭ بىر كېچە» — يەنە بىر ئىسمى «ئەلپىللەيلى» ، قەدىمكى ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى. «10 كۈنلۈك سۆھبەت» — ئىتالىيىلىك

گ. بوككاچچو يازغان رومان. «دون كىخوت» — ئىسپانىيىلىك سېرۋانتېس يازغان رومان. «روبىنزون ساياھەت خاتىرىسى» — ئەنگلىيىلىك دېفور يازغان رومان.

(214) گېيوتې (J. W. Von Goethe 1749 — 1832) — گېرمانىيە شائىرى ۋە ئالىمى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىدىن شېئىرلىق دراما «فائۇست» ۋە رومان «ياش ۋېتېرنىڭ دەردى» قاتارلىقلار بار.

(215) بېرتراند (L. Bertrand 1866 — 1941) — فرانسىيىلىك رومانچى، 1925 ـ يىلى فرانسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. ئۇ «ئىرق قېنى»، «ئىسپانىيە مەلىكىسى» قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

(216) كاتولىك دىنى — لاتىنچە Catholica.

(217) بۇرژۇئا — فرانسۇزچە Bourgeoisie نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

(218) بۇماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(219) بېرنارد. شاۋ 1933 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ «خانىش» ناملىق پاراخوتىغا چۈشۈپ دۇنيانى ئايلانغاندا 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شاڭخەيگە كەلگەن.

(220) باربۇس (H. Barbusse 1873 — 1935) — فرانسىيە يازغۇچىسى، «فرونت»، «پارلاق» ۋە «ستالىنىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

(221) «ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار» — بۇ شاۋ شۈنمېينىڭ «10 كۈنلۈك پاراڭ» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانى (1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) دا ئېلان قىلىنغان. «ئەدىبلەر تاپىسىز بولىدۇ» دېگەن ماقالىسىدىكى سۆز: «ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلمىگەن؛ ئۇلار ئائىلىسىدە بالىلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى بولغاچقا، خىزمەتتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش باھانىسى بىلەن چەت ئەل رومانلىرىدىن بىر ـ ئىككى پارچىنى تەرجىمە قىلىپ قەلەم ھەققى ئېلىشقا مەجبۇر بولغان».

(222) زۇ تاۋفېن (1895 — 1944) — ئەسلىي ئىسمى ئېنرون، جياڭشىنىڭ نەنچاڭ دېگەن يېرىدىن، سىياسىي ئوبزورچى، نەشرىياتچى، «تۇرمۇش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقارغان؛ «تۇرمۇش» كىتابخانىسىنى ئاچقان. «يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرۈشتىن خاتىرە» قاتارلىق كىتابلارنى ياز-





غان. «گوركىي» دېگەن كىتاب ئامېرىكىلىق كاڭئېن يازغان «گوركىي ۋە ئۇنىڭ روسىيىسى» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە ۋە تەھرىرلىنىپ، 1933 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەيي «تۇرمۇش» كىتابخانىسىدا نەشر قىلىنغان. بۇ يەردە سۆزلەنگەن تەنقىد لىن يىجىننىڭ «‹گوركىي› نى ئوقۇغاندا» دېگەن ماقالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماقالە 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(223) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(224) بىڭيىڭ — شيې بىڭيىڭ، خۇنەننىڭ شىنخۇا دېگەن يېرىدىن، ئايال يازغۇچى. تۆۋەندىكى ماقالە ئۇنىڭ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان «دېڭىز ساھىلىدىكى كېچە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

(225) يەن يۈلىن — يەن فۇ (1853 — 1921)، تەخەللۇسى يۈلىن، فۇجيەننىڭ مىنخۇ دېگەن يېرىدىن (ھازىر فۇجۇغا قاراشلىق)، چىڭ زامانىدىكى مەرىپەتچى، مۇتەپەككۇر، تەرجىمان. ئۇ تەبىئىي پەنلەر تەرجىمىسىدە، ئادەمنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەر خىل ئەزالىرىنى قىسقا قىلىپ «ئەزا» دەپ تەرجىمە قىلغان.

(226) شاۋ شۈنمېي (1906 — 1968) جېجياڭنىڭ يۈياۋ دېگەن يېرىدىن. ئۇ ئۆزى دەسمايە چىقىرىپ «ئالتۇن ئۆي» ناملىق كىتابخانا ئېچىپ، «ئالتۇن ئۆي» ئايلىق ژۇرنىلىغا باش مۇھەررىر بولۇپ، گۈزەللىكچىلىك ئەدەبىياتىنى تەشەببۇس قىلغان؛ «گۈلدەك جىنايەت» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى يازغان.

(227) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(228) دىڭ ۋېن — ئەينى زاماندىكى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ماجەنسەن قىسمىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيە كوماندىرى، 1933 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جاڭجياكۇدا خۇپىيانە ئۆلتۈرۈلگەن. 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېزىتلارغا: «پايتەختتىكى ھەر ساھە خەلقى تۈنۈگۈن دىڭ ۋېنغا تەزىيە بىلدۈردى» دېگەن خەۋەر بېسىلغان. پايتەخت دېگەن سۆز نەنجىڭنى كۆرسىتىدۇ.

(229) ئەدەپ-قائىدە توغرىسىدا ئۈچ كىتاب — يەنى «جۇ يوسۇنى»، «يوسۇننامە»، «قائىدە ـ يوسۇن مەجمۇئەسى» دىن ئىبارەت. «يوسۇننامە»

نىڭ ئەنگلىيىلىك ستېل (J. steel) تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى 1917 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

(230) «يېڭى ئەرۋاھ ھۆرمەتتە چوڭ، كونا ئەرۋاھ ھۆرمەتتە كىچىك بولىدۇ» — «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»غا قارىغاندا، چۇنچيۇ دەۋرىدە لومىنگۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشقا ئانىسىدىن بولغان ئاكىسى شىگۇڭ بەگ بولغان؛ شىگۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ۋېنگۇڭ بەگ بولغان. دەۋر سۈرۈش تەرتىپى بويىچە خان ئەجدادلىرى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنىنى بەلگىلىگەندە مىنگۇڭ ئالدىدا، شىگۇڭ كەينىدە بولۇش كېرەك؛ لېكىن ۋېنگۇڭ 2 - يىلىنىڭ 8 - ئېيىدا خان ئىبادەتخانىسىغا نەزىر - چىراغ قىلغاندا، ئۆز ئاتىسى شىگۇڭنىڭ مىنگۇڭنى ئالدىغا قويۇپ، «يېڭى ئەرۋاھ ھۆرمەتتە چوڭ، كونا ئەرۋاھ ھۆرمەتتە كىچىك بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭ مەنىسى ئۆلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان شىگۇڭ مىنگۇڭنىڭ ئاكىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن ۋاقتىدا ياشتا چوڭ ئىدى؛ ئەمما ئۆلگىنىگە كۆپ يىللار بولغان مىنگۇڭ شىگۇڭنىڭ ئۇكىسى ئۆلگەن ۋاقتىدا ياشتا كىچىك ئىدى، شۇڭا «ئاۋۋال چوڭنى، ئاندىن كىچىكنى ھۆرمەتلەش» كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

(231) «ئەدەپ - تەكەللۇپ ۋەتىنى» — بۇ سۆز «مۇھاكىمە ۋە بايان»دىن ئېلىنغان: «كۇڭزى: «ئەدەپ - تەكەللۇپ بىلەن ئەلنى باشقۇرالىسا، يەنە باشقا نېمىلەر كېرەك بولسۇن؟ ئەدەپ - تەكەللۇپ بىلەن ئەلنى باشقۇرالمىسا، ئەدەپنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ دېگەن.»

(232) خەلقئالەم خۇاڭدى بىلەن لاۋزىنىڭ تەرىقەتلىرى بىلەن باشقۇرۇلغان — بۇ يەردە تەرىقەتچىلەردىن باشلانغان، قانۇنچىلار تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن جازا قانۇنى ئارقىلىق دۆلەتنى باشقۇرۇش دېگەن سۆز كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇاڭدى بىلەن لاۋزى تەرىقەتچىلەرنىڭ بوۋىسى. ۋاپادارلىق يولى بىلەن خەلقئالەمنى باشقۇرۇش — كۇڭزىچىلارنىڭ «پادىشاھ، ۋەزىر، ئاتا، بالا»لارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇپ ھۆرمەتلەيدىغان ئەخلاق - قائىدە ئىدىيىسى بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇش.

(233) «ئەدەپ - قائىدە رەئىيەگە جايىز ئەمەس» دېگەن سۆز «قائىدە - يوسۇن مەجمۇئەسى»دىن ئېلىنغان.

(234) «ھەي دۆەن مۇشى، سەن قويۇڭنى ياخشى كۆرسەڭ، مەن ئەدەپ - قائىدىنى ياخشى كۆرىمەن!» — بۇ سۆز «مۇھاكىمە ۋە بايان»دىن ئېلىنغان. ئەسلىي مۇنداق: دۆەن مۇشى ئەينى ۋاقتىدا لۇ بەگلىكى





خانىسىنىڭ ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى بىر تىرىك قوينى ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىغا نەزىر - چىراغ قىلىدىغان قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان قوينىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان. كۇڭزى قۇربانلىق قوي تەييار قىلىنسا شەكىل جەھەتتە ئاز بولسىمۇ ئەدەپ - قائىدىنى ئورۇندىغانلىق بولىدۇ، دەپ ئويلاپ شۇنداق دېگەن.

(235) «ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە نەزەر سالما؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە قۇلاق سالما؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە تىل سۇرمە؛ ئەدەپكە لايىق كەلمىگەنگە قول سوزما» — بۇ سۆز كۇڭزىنىڭ سۆزى.

(236) «خالىغانچە نائىنساپلىق قىلىپ ئۆز بېشىنى يەيدۇ» — بۇ ھەقتە «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»غا قارالسۇن.

(237) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(238) رۇسسېل (B. Russell 1872 — 1970) ئەنگلىيە پەيلاسوپى، 1920 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكسىيە ئوقۇغان.

(239) «بېرنارد. شاۋنىڭ سۆزى توغرىسىدا ‹بايان ۋە مۇھاكىمە› يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 12 - سانى (1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)غا بېسىلغان، چىڭخەي يازغان «بېرنارد. شاۋنىڭ شاڭخەيدىن ئۆتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىنىڭ خاتىرىسى»گە قاراڭ. ئەسلىي مۇنداق: «مەندىن بۇ گەپنى سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ھەممىلا يەردە كىشىلەر مەندىن جۇڭگوغا بولغان تەسىراتىمنى، مۇنازىرىلەرگە بولغان تەسىراتىمنى سوراشتى. راست گەپ قىلاي، مېنىڭ قانداقتۇر بىرەر پىكرىم بولىدىغان بولسا، ئۇ پىكىرلىرىم سىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سىلەرمۇ مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنمايسىلەر. ئەگەر مەن ھەربىي ئادەم بولۇپ بىرەر يۈز مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولسام، ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ پىكرىمنى قەدىرلىشىڭلار مۇمكىن ئىدى».

(240) شاھزادە كارىل (CarlGustavOskar Fredrik Christian) — ئەينى ۋاقىتتىكى شۋېتسىيە پادىشاھى گۇستاۋ V نىڭ جىيەن ئوغلى، 1933 - يىلى دۇنيانى ساياھەت قىلغاندا 8 - ئايدا جۇڭگوغا كەلگەن. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگىنى ئۇنىڭ مۇخبىرلارغا قىلغان سۆزى، 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «شېنباۋ» گېزىتىگە قارالسۇن.

(241) «يېڭى دولقۇن» تەھرىراتى — بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

قىسمەن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى تەشكىل قىلغان ئىلغار تەشكىلات.
1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان. ئاساسىي ئەزالىرىدىن فۇ سىنيەن،
لۇجيالۇن، ياڭ جىڭشىڭ، جۇ زورېن قاتارلىقلار بار، ئۇلار «يېڭى دولقۇن»
ئايلىق ژۇرنىلى (1919 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان) ۋە
«يېڭى دولقۇن مەجمۇئەسى» نى نەشر قىلغان. كېيىن ئاساسىي ئەزالىرىنىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن پەيدىنپەي ئوڭغا بۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ
كەتكەن. فۇسىنيەن، لۇ جيالۇن قاتارلىقلار گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ
مائارىپ ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تايانچلىرى بولۇپ قالغان.

(242) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
«شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(243) ليۇ شيې (؟ — تەخمىنەن 520) — تەخەللۇسى يەنخې،
جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى لياڭنەنىڭ دۇڭگۇەن دېگەن يېرىدىن (ھازىرقى
جياڭسۇ، جېڭجاڭدىن)، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى، ئاخىرقى
ئۆمرىدە راھىب بولغان.

(244) دايى — ئىسمى چىڭ زىجيەن، خۇنەننىڭ چاڭسا دېگەن يېرى-
دىن، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى. «قەلەم پېشۋاسىنىڭ چۈشى»
دېگەن ماقالە 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن
پاراڭ» غا بېسىلغان. بۇ ماقالىنىڭ بىر قىسمىدا: «قەلەم پېشۋاسىنىڭ
چۈشى» جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالە دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ھەممىسىدە
بولغان. ليۇ شيې «ئەدەبىيات كۆزگە خال قويۇش» دېگەن ئەسىرىنىڭ
كىرىش سۆزىدە قىسقىچە مۇنداق دېگەن: مەن ئوتتۇرا ياشقا كىرگىنىمدە،
بىر كۈنى چۈشۈمدە قىزىل سىرلانغان ئەدەپ ـ قائىدە ئەسۋابلىرىنى كۆتۈ-
رۈپ، كۇڭزىنىڭ كەينىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغانلىقىمنى كۆردۈم، ئويغانغان-
دىن كېيىن خۇشال بولۇپ: ئۇلۇغ ئەۋلىيانى كۆرۈش نېمىدېگەن تەس، ئەمما
ئۇ پېقىرنىڭ چۈشىگە ئايان بولدىغۇ، دېدىم. ئەۋلىيانىڭ مۇددىئاسىنى مەد-
ھىيىلەش ئۈچۈن كلاسسىك دەستۇرنامىلەرنى شەرھلەشتىن باشقا ياخشى ئىش
يوق؟ لېكىن ما، جىڭ قاتارلىق رايىش ئۆلىمالار ناھايىتى ئىنچىكە شەرھلە-
گەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىم بولالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلەم تۇتۇپ،
سىياھ ئېزىپ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا باشلىدىم، دېگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا،
ليۇشيې چۈشىدە كۇڭزىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قەلەم پېشۋاسى دەپ ئۆزىگە
تەمەننا قويغان، تەرىقەت پېشۋاسلىقىنى بولسا چىرىك رايىش ئۆلىمالارغا
ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، غەيرىي يولغا بېرىلىپ كېتىپ، بۇددا دىنىغا





چوقۇنىدىغان بولغان. ھازىرقى تەرىقەت پېشۋاسى دەپ تەمەننا قويغانلارغا
ئوخشاش ئەۋلىيايى مۇقەددەمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈ-
شەنمىگەن.»

(245) «مۇھاكىمە ۋە بايان» — كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى،
كۇڭزى مۇرىتلىرىنىڭ كۇڭزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلىگەن كىتا-
بى. «ۋاپانامە» — كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى، كۇڭزىنىڭ ئۆز
مۇرىتلىرىدىن زېڭسېڭنىڭ «ۋاپادارلىق يولى» توغرىسىدىكى سوئالىغا بەر-
گەن جاۋابلىرى خاتىرىلەنگەن كىتاب.

(246) «لاۋزى» — يەنە بىر ئىسمى «ئەخلاقنامە»، تەرىقەتچىلەرنىڭ
كلاسسىك ئەسىرى. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى لاۋدەن يازغانمىش.

(247) «ۋىمالاكىرتى قەسىدىسى» — تولۇق ئىسمى «ۋىمالاكىرتىنىڭ
ئېيتىپ بەرگەن قەسىدىسى» بۇددا نومى. ۋىمالاكىرتى بولسا شۇ نومدا
تەسۋىرلەنگەن ئىستىقامەتچى، ساكيامۇنىنىڭ ئەسىردىشى.

(248) ئۈچ دىنىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى — دەسلەپتە شىمالىي جۇ
سۇلالىسىدە باشلانغان، تاڭ سۇلالىسىدە كەڭ ئەۋج ئالغان. تاڭ پادىشاھى
دېزۇڭ ھەر يىلى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى «دۇلدۇل» ئوردىسىدا كۇڭزى
دىنى، بۇددا دىنى ۋە تەرىقەت دىنىنىڭ ناھايىتى تەنتەنىلىك مۇنازىرىسىنى
ئۆتكۈزگەن. لېكىن، ئۈچ تەرەپ ساۋات خاراكتېرلىك ئۇششاق ـ چۈششەك
مەسىلىلەر ئۈستىدىلا مۇنازىرىلىشىپ، قىيىن مەسىلىلەر بىلەن كارى بولمى-
غان، ئەكسىچە ئۈچ دىنىنىڭ «مەنبەسى ئوخشاش» لىقىنى تەكىتلىگەن، تولا
چاغلاردا قىزىقارلىق گەپلەرنى قىستۇرۇپ قويغان: تاڭ پادىشاھى يىزۇڭ
ۋاقتىدا قىزىقچىلار پادىشاھ ئالدىدا «ئۈچ دىنىنىڭ مۇنازىرىسى» نى كىشىلەرنى
كۈلدۈرىدىغان ماتېرىيال قىلىۋالغان.

(249) «ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېھسانلىرى» — تەرىقەت دىنىنىڭ دەستۇ-
رى، ئەسلىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى «لى چاڭلىڭ قىسسىسى»، چىڭ
دەۋرىدىكى تەرىقەتچى ئالىم خۇي دۇڭ شەرھلىگەن. «مەرىپەت ئىلاھىنىڭ
قىياپە تۇلبەشەرى» — ئېيتىلىشىچە، جىن دەۋرىدىكى جاڭ يازى يازغان.
رىۋايەتكە قارىغاندا، جاڭ يازى ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ مەنسەپ
دەپتىرىنى باشقۇرىدىغان ئەۋلىيا بولۇپ، مەرىپەت ئىلاھى دەپ ئاتالغان. بۇ
ئىككى كىتاب تەرىقەتچىلەرنىڭ ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق
دەيدىغان خۇراپاتلىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب.

(250) ژۇرناللاردىكى ئاتالمىش «تەشەببۇس» — خۇ شى قاتارلىقلار

1922 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «تىرىشىش» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنىڭ 2 ـ سانىدا «بىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىمىز» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «ياخشى كىشىلەر»، «مۇنەۋۋەرلەر»، «سىياسىي ھەرىكەتكە قاتنىشىپ»، ئاتالمىش «ياخشى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشى كېرەك» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان.

(251) «ھازىرقى زامان ئەنزارى» — ئومۇمىي خاكتېرلىك ھەپتىلىك ژۇرنال. خۇ شى، چېڭ شىيىڭ، ۋاڭ شىجيې، شۈي جىمۇ قاتارلىق كىشىلەر چىقارغان سەپداشلار ژۇرنىلى. 1924 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىنىپ، 1927 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەيگە يۆتكەپ نەشر قىلىنغان، 1928 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. «ھازىرقى زامان ئەنزارى» نىڭ ئاساسىي ئەزالىرىنىڭ تولىسى كېيىن مائارىپ ساھەسىدە ياكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتتە مۇھىم خىزمەتتە بولغان.

(252) «يېڭى ئاي» — «يېڭى ئاي» تەھرىراتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، 1928 ـ يىل 3 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان. 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. «يېڭى ئاي» تەھرىراتى بىرمۇنچە بۇرژۇئا زىيالىيلىرى يادرو قىلىنغان ئەدەبىي ۋە سىياسىي تەشكىلات بولۇپ، تەخمىنەن 1923 ـ يىلى بېيجىڭدا قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئەزالىرى خۇ شى، شۈي جىمۇ، چېڭ شىيىڭ، لياڭ شىچيۇ، لو لۇڭجىلاردىن ئىبارەت.

(253) بۇ، دەي جىتاۋ قاتارلىق گومىنداڭ سىياسىيونلىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە قىلىنغان مەسخىرە. دەي جىتاۋ چوڭ ئىنقىلاب دەۋرىدە ئىنقىلابچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەكسىلئىنقىلابىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق ۋەھاكازا دېگەن فېئوداللىق ئەخلاقنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ «چوڭ لامالارنىڭ پەرۋانىسى بولۇپ يۈرۈش» ۋە «مۇنار ياسىتىپ مەسلەكنى قەدىرلەپ ساقلاش» ئىشلىرى ھەققىدە بۇ كىتابتىكى «باش كۆز تەسىراتلىرىدىن» (2) نىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(254) «تائامدا توم زەنجىۋىلدىن ئايرىلماي» دېگەن سۆز «مۇھاكىمە ۋە بايان. يۇرتداش» قا قارالسۇن. جۇ شىنىڭ بەرگەن ئىزاھىغا قارىغاندا، «توم زەنجىۋىل ئەقىلنى ئاچىدۇ، سېسىق ھىدنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تائامدا ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ.»





(255) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(256) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(257) ئىمپورت قىلىنغان گاڭبىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا موي قەلەم ئىشلىتىدىغان بوپتۇ دېگەن خەۋەر 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىگە بېسىلغان دەپتەر تېلېگراممىسى. ئۇنىڭدا: گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلىرى «ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمپورت قىلىنغان گاڭبى قەلەم، قېرىنداش قەلەم قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا موي قەلەم ئىشلىتىدىغان بولدى، دېيىلگەن.

(258) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(259) بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان.

(260) «10 ـ ئۆكتەبىر» — 1911 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان، 1912 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى 10 ـ ئۆكتەبىرنى دۆلەت بايرىمى قىلىشنى قارار قىلغان. 1927 ـ يىلى جياڭ جيېشى ھاكىمىيەتنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن «10 ـ ئۆكتەبىر» نى دۆلەت بايرىمى قىلىۋالغان.

(261) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان، قوشۇمچە تېمىسى يوق.

(262) «مۇردىلارغا ھېرىسخورلۇق» — 1921 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سىتى (يې شېڭتاۋ) «ئېقىم مەسىلىلەر يېڭى گېزىتى. 10 كۈنلۈك ئەدەبىيات بېتى» نىڭ 19 ـ سانىدا «مۇردىلارغا ھېرىسخورلۇق» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جانلىق تىل ـ ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بەزىدە كونا ئۇسلۇبتىكى ماقالىلەرنى ۋە كونا شېئىرلارنى يازغانلىقىنى تەنقىد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۆز كونىلىقنى ساقلىغۇچىلارنىڭ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان

سەلبىي مەنىلىك سۆز بولۇپ قالغان.

(263) «يېڭى پىرقە» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ۋۇشۇي سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مايىل بولغان كىشىلەرنى «يېڭى پىرقە» دەپ ئاتىغان؛ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، چىڭ خانىدانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلغان ئىنقىلابچىلار مەيدانغا چىققاچقا، ئالدىنقىسىنى كونا ماركىلىق يېڭى پىرقە دەپ ئاتايدىغان بولغان.

(264) جياۋۇ ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن — 1894 ـ يىلى (جياۋۇ) ياپونىيە چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش بىلەن بىرگە جۇڭگوغا ئىغىۋاگەرچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشى پەيدا بولغان. جۇڭگو ئەسكەرلىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، چىڭ ئوردىسىنىڭ تەۋرىنىشى، مۇرەسسە قىلىشى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان. ئىككىنچى يىلى ياپونىيە بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «ماگۇەن شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان.

(265) «ھېساب ھەققىدە» — 12 توملۇق كىتاب، خۇا خېنفاڭ يازغان، 1885 ـ يىلى يەككە كىتاب قىلىپ بېسىلغان.

(266) «خىمىيىدىن ساۋات» — ئالتە توملۇق كىتاب، ئەنگلىيىلىك ۋىرس يازغان، ئەنگلىيىلىك فولەنيا ئېغىزچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ۋۇشىلىق شۈي شۇ خاتىرىلەپ يازغان، جياڭنەن ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ تەرجىمە بۆلۈمى نەشر قىلغان.

(267) «قۇدرەت تېپىش مەجمۇئەسى» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى پەرەڭلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە، «قۇدرەت تېپىش مەجمۇئەسى» دېگەنگە ئوخشاش تۈقۈش كىتابلىرى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، 1896 ـ يىلى (گۇاڭشۈي 22 ـ يىلى) جاڭ يىنخۇەن توپلىغان خۇڭۋېن كىتابخانىسىدىن تاش مەتبەئەدە باسقان «غەربتىن قۇدرەت تېپىشنى ئۆگىنىش مەجمۇئەسى»گە ھېساب، ئېلېكتر، خىمىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق 12 تۈرگە بۆلۈنگەن تەخمىنەن 70 خىل كىتاب كىرگۈزۈلگەن.

(268) جاڭ زېدۇڭ (1837 — 1909) — تەخەللۇسى شياۋدا، جىلىنىنىڭ نەنپى دېگەن يېرىدىن (ھازىر خېبېي ئۆلكىسى تەۋەسىدە)؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پەرەڭلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلغان بيۇروكراتلارنىڭ بىرى. سىچۇەنىنىڭ مائارىپ ئەمەلدارى، خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشىنىڭ باش ۋالىيسى، ھەربىي ئىشلار باشلىقى





بولغان. «كىتاب ناملىرى ئۈستىدە سوئال ـ جاۋاب» دېگەن كىتابنى ئۇ 1875 ـ يىلى (گۇاڭشۈي 1 ـ يىلى) سىچۇەننىڭ مائارىپ ئەمەلدارى بولغان ۋاقىتلىرىدا تۈزۈپ چىققان (يەنە بىر خىل ئېيتىلىشىچە، مياۋچەنسۈن ۋاكالىتەن يازغانمىش). بۇ كىتابقا «يېڭى ھېساب»، «گېئومېترىيە تېكىستىنىڭ يېڭى تەرجىمىسى» قاتارلىق «پەرەڭچە» ھېساب ـ كىتابتىن كۆپ خىلنى كىرگۈزگەن. مياۋ چۈەنسۈن (1844 — 1919) — تەخەللۇسى شياۋشەن، جياڭسۇنىڭ جياڭيىڭ دېگەن يېرىدىن، چىڭ سۇلالىسىدىكى كىتاب ساقلىغۇچى، كىتاب تەۋرىشكىلىرى شۇناسى.

(269) «جۇاڭزى» — جەنگو دەۋرىنىڭ سۇڭ بەگلىكىدىكى جۇاڭ جۇ يازغان. ھازىر ساقلانغىنى 33 باب، يەنە بىر ئىسمى «نەنخۇا دەستۇرى». «تاللانما» — جەنۇبىي خانىدانلىقىنىڭ لياڭ بەگلىكىدىكى شاھزادە شياۋتۇڭ تۈزگەن بولۇپ، چىن، خەن سۇلالىسىدىن چى لياڭ دەۋرىگىچە بولغان ماقالىلەرنى تاللاپ كىرگۈزۈپ جەمئىي 30 جىلد قىلىپ توپلىغان. ئېلىمىزدە ھازىر ساقلانغان ئەڭ ئىلگىرىكى شېئىر ـ ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي توپلىمى. تاڭ سۇلالىسىدىكى لى شەنجى ئۇنى شەرھلەپ 60 جىلد قىلىپ ئايرىغان.

(270) «كونا مەي شىشىسىگە يېڭى مەي قاچىلىغىلى بولمايدۇ» — بۇ ئەسلىدە ياۋروپادا تارقالغان ماقالە بولۇپ، «تەۋرات» نىڭ توققۇزىنچى بابىدىن چىققان. ئەيسا مۇنداق دېگەن: «يېڭى مەينى كونا تۇلۇمغا قاچىلايدىغان ئادەم يوق؛ ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا، تۇلۇم يېرىلىپ كېتىپ مەي ئېقىپ كېتىدۇ. پەقەت يېڭى مەينى يېڭى تۇلۇمغا قاچىلىسا مەيمۇ، تۇلۇممۇ ساقلىنىپ قالىدۇ». «4 ـ ماي» يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، ئاممىباب ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس قىلغانلار كونا ئۇسلۇب ۋە كونا شەكىل يېڭى مەزمۇننى ئىپادىلىيەلمەيدۇ دەپ قاراپ، دائىم بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ مىسال قىلغان.

(271) «تاڭ غەزىلى» — خەلق مۇقامىنىڭ ئىسمى، ئادەتتە بەش مىسرالىق بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ مۇقاملىرىدا كۆرۈلگەن. «10 سۆزلۈك ناخشا» — خەلق مۇقامىنىڭ ئىسمى، ھەر بىر جۈملىسى 10 خەتلىك.

(272) «تۇڭچىلىك مەرەزلىرى»، «تاللانما ئېقىمىدىكى جادۇگەرلەر» — ئەسلىدە «4 ـ ماي» يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا چيەن شۈەنتۇڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇڭچىلىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ

قەدىمكى ئەدەبىيات ياكى «تاللانما»نى دوراپ يازىدىغان كونا ئەدىبلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئېيتقان سۆزى. تۇڭچىڭ ئېقىمىدىكىلەر — چىڭ دەۋرىدىكى كونا ئۇسلۇبلۇق ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ بىرى، ئاساسىي يازغۇچىلار فاڭ باۋ، ليۇ داكۇي، ياۋ نەيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنخۇينىڭ تۇڭچىڭ دېگەن يېرىدىن بولغاچقا، ئۇلارنى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تەشەببۇسىنى ماقۇللايدىغانلارنى تۇڭچىڭ ئېقىمىدىكىلەر دەپ ئاتىغان.

(273) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(274) شى جېسۈن — جياڭسۇنىڭ سۇجاۋ دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى، 1932 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسىي مۇھەررىرى بولغان.

(275) جۇاڭزى ئۆلگەندىن كېيىن گۈەنسەينى چېقىش — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇاڭزى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خوتۇنى تيەن فامىلىلىك ئايال چۇ بەگلىكىنىڭ شاھزادىسىگە تەگمەكچى بوپتۇ: توي مۇراسىمىدا شاھزادىنىڭ يۈرىكى تۇساتتىنلا ئاغرىپ كېتىپتۇ؛ ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئادەمنىڭ مېڭىسىنى يېسە ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپتۇ. شۇڭا، تيەن فامىلىلىك ئايال گۈەنسەينى چېقىپ جۇاڭزىنىڭ مېڭىسىنى ئالماقچى بولۇپ، پالتا كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. گۈەنسەينىڭ ئاغزى چېقىلىش بىلەنلا، كۈتۈلمىگەندە جۇاڭزى گۈەنسەيدە ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

(276) «پىداكار ئايال تەزكىرىسى» — خەن دەۋرىدىكى ليۇشاڭ «پىداكار ئايال تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يازغان: بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى شۇ كىتاب بولسا كېرەك.

(277) «ئۈچىنچى خىل كىشىلەر» — 1931 — 1932 ـ يىلىغىچە خۇ چيۇيۈەن، سۇۋېن (دۇخېڭ) لار ئۆزىنى ئەكسىيەتچىل ئەدەبىيات ۋە سول قانات ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىككى لاگېرنىڭ سىرتىدىكى «ئەركىن كىشىلەر»، «ئۈچىنچى خىل كىشىلەر» دەپ ئاتاپ، «ئەدەبىيات ئەركىنلىكى» نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشىنى تەرغىب قىلىپ، سول قانات ئەدەبىيات ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ جەھەتتە سۇۋېن «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنى ئاساسىي بازا قىلغان.

(278) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(279) «ئامۇلىن» — ئىنگلىزچە بۇزۇلغان سۆز، «مەن ئەخمەق»





دېگەن مەنىدە.

(280) ليۇ بەننۇڭ — ليۇ فۇ (1891 — 1934)، جياڭسۇنىڭ جياڭيىنىڭ دېگەن يېرىدىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىزلار ئىجتىمائىي ـ تەبىئىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. ئۇ «يېڭى ياشلار» نىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان، يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرى، كېيىن فرانسىيىگە ئوقۇشقا بېرىپ، فونېتىكىنى تەتقىق قىلغان، ئىدىيىدە بارغانسېرى كونسېرۋاتىپلىشىپ كەتكەن.

(281) بۇ مىسرالار ليۇ بەننۇڭنىڭ شېئىرىدىن ئېلىنغان.

(282) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(283) گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم Ⅱ ( wilhelm Ⅱ 1859—1941) — ئۇ «سېرىق ئاپەت» نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلغان ھەمدە 1895 ـ يىلى «ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئۆزۈڭلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بايلىقىڭلارنى قوغداڭلار!» دېگەن تېمىدا بىر رەسىمنى سىزىپ چىققان. رەسىمدە «ئىنجىل»دا ئېيتىلغان پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى، باتۇر مىخائىل (گېرمانىيە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھامىيسى قىلىۋالغان) نى غەربنىڭ سىمۋولى قىلغان. ئەجدىھانى، بۇددانى شەرقتىن كېلىدىغان تەھدىتنىڭ سىمۋولى قىلغان. «سېرىق ئاپەت» نەزەرىيىسى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بارلىققا كېلىپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كەڭ تارقالغان. شۇ نەزەرىيە بويىچە شەرقتىكى جۇڭگو، ياپونىيە قاتارلىق سېرىق تەنلىك مىللەتلەر دۆلەتلىرى ياۋروپاغا تەھدىت سالىدىغان ئاپەت دەپ جاكارلىنىپ، غەرب ئىمپېرىيالىزمىنىڭ شەرقنى قۇللۇققا چۈشۈرۈشى، تالان ـ تاراج قىلىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى پەيدا قىلىنغان.

(284) بۇددا — سانسكرىت تىلىدىكى Buddha نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى — بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ «كامالەت تاپقان»لارنى ئاتىشى.

(285) گېرمانىيە ئىلكىدە تۇرغان چىڭداۋ — چىڭداۋ 1897 ـ يىلى گېرمانىيە جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يەنە ياپون جاھانگىرلىكى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، 1922 ـ يىلى دۆلىتىمىز قايتۇرۇۋالغان.

(286) خاگېنبېك ( C. Hagenbeck 1844 ـ 1913) گېرمانىيىنىڭ

ھايۋانات كۆندۈرگۈچىسى، 1887 ـ يىلى خاگېنبېك سېرك ئۆمىكىنى قۇرغان. مەزكۇر ئۆمەك 1933 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئېلىمىزنىڭ شاڭخەيگە كېلىپ ئويۇن قويغان.

(287) خەلقئارا ئىتتىپاق — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر كونترول قىلغان ۋە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتلەر ئارا خەلقئارا تەشكىلات. 1931 ـ يىل «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ «ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش» نى كۈتۈپ تۇرۇشنى جاكارلىغان. 1932 ـ يىل 4 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاق تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىپ 10 ـ ئايدا نامىدا جۇڭگو ـ ياپونىيە تالاش ـ تارتىشنى مۇرەسسەلەشتۇرىمىز دەپ، ئەمەلىيەتتە ياپونىيىگە يان باسىدىغان دوكلاتنامىنى ئېلان قىلىپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۆلكىلەرنى جۇڭگودىن ئايرىپ خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ «دوكلاتنامە» گە قايىل بولۇپ ماختىغان. لېكىن، ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزى يالغۇز جۇڭگونى بېسىۋېلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ پىكرىگە قارىماي، 1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا خەلقئارا ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىققان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىتتىپاقنىڭ ياپونىيىنى تىزگىنلەشكە ئاجىزلىق قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن.

(288) ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى — خەلقئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنى، 1932 ـ يىل 2 ـ ئايدا جەنۋەدە چاقىرىلغان. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ بىرمۇنچە گېزىت ـ ژۇرناللىرى ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىنى تەرىپلەپ، تىنچلىق خام خىيالىنى تارقاتقان. 1933 ـ يىل 10 ـ ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنگەنلىكىنى جاكارلىغاندا، بىرمۇنچە گېزىت ـ ژۇرناللار گىتلېرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۆپەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنى ئاقلىغان. مەسىلەن، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى ئازايتىش يىغىنىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنكى يۈزلىنىشى» دېگەن ماقالىدە: گېرمانىيىنىڭ بۇ ھەرىكىتى «ئۆزى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتۇر. مۇۋاپىق بولمىغان يېرى يوق ھەمدە گېرمان مىللىتىنىڭ ئەنئە-





نىۋى ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ» دېيىلگەن.

(289) بۇماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(290) گۇيياڭ خەۋىرى — 1933 ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان جۇڭچىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسى ۋاڭ جيالي بولۇپ، ئۇ مائارىپ ۋازىرى تەن شىڭكېلار بىلەن شۇ قېتىمقى پاجىئەنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولغان؛ ۋەقەدىن كېيىن خەت ـ تېلېگراممىنى قاتتىق تەكشۈرگەنلىكتىن، بۇ خەۋەر پاجىئە تۇغۇلۇپ 20 نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاندىن چۇڭچىڭدىن تارقالغان.

(291) «قورالLARنى ھازىرلاپ جەڭگە تەييار تۇرۇش» دېگەن سۆز كونا رىۋايەت بولۇپ، «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن گومىنداڭ گېنېراللىرى تېلېگراممىدا ھەمىشە نەقىل كەلتۈرۈپ ئىشلەتكەن.

(292) تيەن دەن ئۆز زامانىسىدا ئوت كالا بىلەن بۆسۈپ بارغان چيەن دەن جيەنگو دەۋرىدىكى چى بەگلىكىدىن «تارىخنامە، تيەن دەننىڭ تەرجىمىھالى» غا قارىغاندا، يەن بەگلىكى چى بەگلىكىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ چى بەگلىكىنىڭ 70 تىن ئارتۇق شەھىرىنى بېسىۋالغان. چى بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى چېكىنىپ لۈي ۋە جىمۇ دېگەن يەرلەرگە بارغان؛ كېيىن تيەن دەن جىمۇدا ئوت كالا بىلەن يەن بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ قولدىن كەتكەن جايلارنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋالغان.

(293) چار پادىشاھ — روسسىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى نىكولاي Ⅱ ( Ⅱ Ийколай 1886 — 1918) . ئۇ 1905 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى (روسسىيىنىڭ قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) ئاتلىق كازاكلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قىشلىق ساراي ئالدىدا مۇراجىئەت قىلغان ئاممىنى باستۇرغان ۋە قىرىۋەتكەن.

(294) «غۇنچە بولغان ۋاقىت» — قىزلارنىڭ ياش قۇرامىغا يەتكەن ۋاقتى.

(295) «بوۋاق باللارنى قىرىپ تاشلاش» — «تەۋرات» تا رىۋايەت قىلىنىشچە، يەھۇدىيلارنىڭ يېۋۇرى پادىشاھى زامانىدا ئەيسا يەھۇدىيلارنىڭ بەلخىن دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولالمىغان. خۇدانىڭ ئەلچىسى يۈسۈپ (يۈسۈپ مەريەمنىڭ ئېرى بولۇپ، مەريەم توي قىلىشتىن بۇرۇن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن غايىبتىن

هامىلىدار بولۇپ، تويدىن كېيىن ئەيسانى تۇغقان) نىڭ چۈشىدە ئايان بو-
لۇپ: «قويۇڭ، بوۋاقنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ مىسىرغا قېچىڭ-
لار، ··· چۈنكى يېھۇرى بوۋاقنى يوقىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئىزدەيدۇ،
دېگەن.» ئۇلار كەتكەندىن كېيىن يېھۇرى دەرغەزەپكە كېلىپ، ئادەم ئەۋە-
تىپ، بەلخىن شەھىرىدىكى ۋە ئەتراپىدىكى ھەممە ئوغۇل بالىلارنى··· يەنى
ئىككى ياش ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان.»
(296) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
«شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.
(297) يۇتاڭ — لىن يۇتاڭ (1895 — 1976)، فۇجيەن ئۆلكىسى-
نىڭ لۇڭشى دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى. ئۇ 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «مۇھا-
كىمە ۋە بايان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، «يۇمۇر يېزىشنى تەشەب-
بۇس قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلايلى» دەپ يازغان.
(298) «يېڭى تىياتىر» — مەملىكىتىمىزدە تىياتىر XX ئەسىرنىڭ
بېشىدىلا راۋاج تاپقان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە «يېڭى تىياتىر»، «مەدەنىي
ئويۇن» دەپمۇ ئاتالغان. 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا «تىياتىر» دېگەن نام
مۇقىملاشقاندىن كېيىنمۇ ئادەتتە ئەينى زاماندا شاڭخەينىڭ داشجېي، شىن-
شجېي دېگەندەك كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرىدا ئوينالغان بىرقەدەر ئاممىباب
تىياتىرلارمۇ مەدەنىي ئويۇن دەپ ئاتىلاتتى.
(299) «شاھزادىنىڭ ئورنىغا مولۇننى يەڭگۈشلەپ قويۇش» — بۇ
«سۇڭ تارىخى» دىكى پادىشاھ سۇڭ رېنزۇڭ (جاۋجېڭ) نىڭ ئانىسىنىڭ ئۆز
بالىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىق توغرىسىدىكى ھېكايىسى-
دىن كېلىپ چىققان رىۋايەت. ۋەقەلىك مۇنداق: «پادىشاھ سۇڭ جېنزۇڭ-
نىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ليۇ، لى فامىلىلىك ئىككى كىچىك خوتۇنى
ھامىلىدار بوپتۇ، ليۇ مەلىكىلىكنى تالىشىش ئۈچۈن، ھەرەمبېگى بىلەن
مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، لى تۇغقاندا، تېرىسى سويۇلغان بىر مولۇننى
بالىسىغا يەڭگۈشلەپ قويۇپتۇ.»
(300) «تۈلكە ئۈزۈمنى يېيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۈزۈمنى ئاچچىق
دەپتىكەن» دېگەن سۆز 1933 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ
ئورگان گېزىتى «جۇڭياڭ رىباۋ» غا بېسىلغان شېن شەننىڭ ماقالىسى ‹كۇي-
ئوغۇل› نىڭ يامراپ كېتىشى» گە قارالسۇن. بۇ ھەقتە بۇ كىتابنىڭ
«خاتىمە» سىدىن پايدىلىنىڭلار.
(301) «نادىر كۇتۇپخانا» — «مۇھاكىمە ۋە بايان» يېرىم ئايلىق





ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ ساندىن باشلاپ ئېچىلغان بىر ئىستون بولۇپ، ئەينى
زاماندا ھەرقايسى جايلاردىكى بىمەنە ۋەقەلەرنى يازغان يېڭى خەۋەر ۋە ماقالى-
لەر بېسىلغان. تۆۋەندە مىسالغا ئېلىنغان ئىككى پارچە بۆيرۇق 18 ـ
ساندىكى (1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) شۇ ئىستونغا بېسىلغان.
(302) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى
«شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.
(303) گەندى (M. Gandhi 1869 — 1948) — ھىندىستان مىللىي
مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى. ئۇ «غەيرىي زورلۇق كۈچ بىلەن
قارشى تۇرۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكى-
تى» نى قوزغاپ، ھىندىستان خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەينى زاماندىكى
ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىگە
قارشى تۇرغان.
(304) چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا ئازار بېرىشنى مەنئى قىلغانلاردىن
گىتلېر بار — 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ»
گېزىتىگە بېسىلغىنىغا ئاساسەن: گېرمانىيە دۆلەت سوتسىيال پارتىيىسىنىڭ
ھۇجۇمچىلىرى ئامېرىكىلىق دوختۇر مولبىخنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەن.
گىتلېر دىپلوماتىيە زۆرۈرىيىتى بىلەن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ
ناماقۇل بولغان ھەمدە ھۇجۇمچىلارنىڭ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا ئازار بېرى-
شىنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.
(305) دى كۇنسېي (T. Deuincey 1785 — 1859) — ئەنگلىيىنىڭ
نەسرىي ئەسەر يازغۇچىسى، ئەپيۇن چەككەن؛ «ئەپيۇن چەككەن بىر ئەنگلى-
يىلىكنىڭ توۋا قىلىشى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، 1822 ـ يىلى نەشر
قىلدۇرغان.
(306) دوستويېۋسكىي (ф. м. достоевский 1821 — 1881) —
روسىيە يازغۇچىسى، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ھاقارەتلەنگەن ۋە زىيانكەش-
لىك قىلىنغانلار»، «جىنايەت ۋە جازا» قاتارلىق رومانلىرى بار. ئۇنىڭ
خانىمىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ قىمار ئوينىغانىكەن. دوستويېۋسكىي 1871 ـ
يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يازغان خېتىدە: «مېنى 10 يىل ئازابلىغان
پەسكەش خام خىيال ··· يوقالدى. مەن بۇرۇن ھامان پۇل ئۇتۇۋېلىش خام
خىيالىدا يۈرەتتىم، بەك ئويلايتتىم ھەم قىزغىن ئويلايتتىم ··· قىمار مېنىڭ
پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان··· لېكىن ھازىر مەن خىزمەت قىلىشنى
ئويلايمەن. بۇرۇنقىدەك قىمارنىڭ نەتىجىسىنى كېچىلەپ ئويلىمايدىغان بول-

دۇم» دېگەن.

(307) سۋىفت (J. Swift 1667 — 1745) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى. لۇشۈننىڭ بۇ يەردە ئېيتقىنى باشقا بىر ئەنگلىيە يازغۇچىسى. «روبىنزون ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ ئاپتورى دېفو (D. Defoe 1660—1731)، دېفو 1703 ـ يىلى چېركاۋنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر كىتابچە «دۆلەت دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى جازالاشنىڭ ئاسان يولى» نى يازغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە پۇتىغا كىشەن سېلىنغان پېتى ئاۋات كوچىلاردا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنغان.

(308) لىنبېرگ (C. A. Lindbergh 1902 — 1974) — ئامېرىكا ئۇچقۇچىسى، 1927 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئايروپىلان ھەيدەپ تۇنجى قېتىم ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈپ، نيۇيوركتىن پارىژغىچە قونماي ئۇچۇشنى ئورۇنداپ، ھاۋا ئارمىيە زاپاس ئەترىتىنىڭ پولكوۋنىكى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن، 1932 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئوغلى نيۇيورك قاراقچىلار تەرىپىدىن باغلاپ كېتىلگەن.

(309) كولۇمبۇ (C. Columbus تەخمىنەن 1451 — 1506) — ئىتالىيىلىك ساياھەتچى، ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقۇچى. ئېدىسون (T. A Edison 1847 — 1931) — ئامېرىكىلىق كەشپىياتچى. ئۇنىڭ كەشپ قىلغان نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرى بار. مەسىلەن، ئېلېكتر چىراغ، تېلېگراما، تېلېفون، كىنو ئاپپاراتى، پاتېفون قاتارلىقلار.

(310) كالاتىيە (Chaldaea) — قەدىمكى زاماندىكى غەربىي ئاسىيادىكى ئىقتىسادى باياشات بولغان قۇللۇق تۈزۈملۈك دۆلەت؛ يېڭى بابىل پادىشاھلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيىدىن 626 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان. مىلادىيىدىن 538 يىل بۇرۇن پارسلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ماكدونىيە (Macdonia) — قەدىمكى زاماندىكى بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى كۈچلۈك دۆلەت. مىلادىيىدىن تەخمىنەن ئالتە ئەسىر بۇرۇن شەكىللەنگەن. مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن رىم تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان.

(311) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ، 24 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(312) «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى 1932 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئاساسچىسى — جاڭ





جۇپىڭ. كېيىن گومىنداڭنىڭ مالىيە زومىگەرى كۇڭ شياڭشى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن توختىغان. مەزكۇر گېزىت 1933 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ «مەشئەل» قوشۇمچە سەھىپىسىنى چىقارغان، بۇنىڭغا سۇي ۋەنچيۇ باش مۇھەررىر بولغان.

(313) «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» — شىمالىي چى دەۋرىدىكى يەن جىتۇي يازغان. يەن جىتۇي ئۆزى ئەسلىي جەنۇب سۇلالىسى لياڭ بەگلىكىدىكى كىشى بولۇپ، كېيىن سىيانپى مىللىتى ھاكىمىيىتىدىكى شىمالىي چى بەگلىكىگە پاناھ ئىزدەپ بارغان. سۇي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شاھزادىنىڭ ئۇستازى بولغان. ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى دەل بەش يات مىللەتنىڭ قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرگەن، سىيانپى مىللىتى ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئالغان مەزگىل ئىدى.

(314) بوكسچىلار — يىخېتۇەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جايلىرىدىكى دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەر قوراللىنىپ جاھانگىرلىككە قارشى تەشكىللەنگەن ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇلار 1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرغان، كېيىن جاھانگىرلار ۋە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى ئاستىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.

(315) شى جېسۈن «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ جاۋاب ئېلىش جەدۋىلىدىكى «ھازىر ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭىز» دېگەن گراپىغا «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاساسىي قائىدىسى» (ئەنگلىيىلىك رىجوز يازغان) ۋە «بۇددا قىسسىسى» دېگەن ئىككى كىتابنى توشقۇزغان.

(316) «ئىمان كىتابى» — «يەن ھەزرەتنىڭ ئائىلە نەسىھەتلىرى» نىڭ بىر پارىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن، «بۇددا دىنى بىلەن رايىشلار (كۇڭزىچىلار) دىنى ئەسلىدە بىر نەرسە» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ۋە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىغا قىلغان تەنقىدى ۋە گۇمانىغا نىسبەتەن ھەر تۈرلۈك چۈشەنچىلەر بېرىلگەن. ئاخىرىدا ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق دېگەن بىرمۇنچە مىساللار بېرىلگەن.

(317) فېڭ زىكەي (1898 — 1975) — جېجياڭنىڭ تۇشياڭ دېگەن يېرىدىن، گۈزەل سەنئەتچى، نەسرىي ئەسەر يازغۇچى.

(318) «مېڭزى» — كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ، جەنگونىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ۋەكىلى بولغان مېڭ كېنىڭ

سۆز ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن، ئۇ كىتاب ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان.

(319) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(320) لى لېيۈەن (1904 — 1972) — خۇنەنىنىڭ شياڭتەن دېگەن يېرىدىن، تەرجىمان، 1932 ـ يىلىدىن 1934 ـ يىلىغىچە «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» نىڭ باش مۇھەررىرى بولغان.

(321) «جۇڭگو كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇش» دېگەن سۆز توغرىسىدا «سايۈەن. ياشلارنىڭ ئوقۇشىغا تېگىشلىك كىتابلار» غا قارالسۇن.

(322) «پالنامە» — يەنە بىر ئىسمى «جۇ پالنامىسى» ، كۆڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى، قەدىمكى زاماندىكى پال ئېچىشنى خاتىرىلىگەن كىتاب. بۇنىڭ ئىچىدىكى رەم سېلىش قىسمى يىڭ ـ جۇ دەۋرلىرىدە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. «قەدىمنامە» — يەنە بىر ئىسمى «شاڭشۇ» ، كۆڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر توپلىمى.

(323) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان. (بۇ ماقالىدىكى «جۇڭگو يېزىقى» ، «جۇڭگو ئادىمى» دېگەن بىرىكمىلەردىكى «جۇڭگو» سۆزى «خەنزۇ» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان — تەرجىمان.)

ئىلاۋە: مەزكۇر ماقالە ۋە «تاغدىن ـ باغدىن» توپلىمىدىكى «ئاياللار توغرىسىدا» ، «راست ـ يالغان دون كىخوت» ، «ساختا ئەركىنلىكنامە» دىكى «ھىدايەت ھەققىدە شېئىر» ، «داد ـ پەرياد» ، «كونسېرتنىڭ ئازادلىقى» ، «يېتىۋېلىشنامە» ، «ۋىجدان سېتىش ھېكمىتى» ، «ئەڭ سەنئەتلىك دۆلەت» ، «ئىچى ۋە تېشى» ، «ئاشۇرۇۋېتىش» ، «نەزەر باغدىكى تالانت ئىگىسى» قاتارلىق 12 پارچە ماقالىنى 1933 ـ يىلى جۈي چيۈبەي شاڭخەيدىكى ۋاقتىدا يازغان بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرىنى لۇشۈنىنىڭ پىكرى بويىچە ياكى لۇشۈن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن يازغان. بۇ ماقالىلەرنى لۇشۈن سۆز ـ جۈملىلەر جەھەتتە تۈزەتكەن (ئايرىم ماقالىلەرنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتكەن) ھەمدە ئاققا كۆچۈرتكەندىن كېيىن، ئۆز تەخەللۇسى بىلەن «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا ئەۋەتىپ ئېلان قىلغان، كېيىن بۇلارنى ئايرىم ھالدا ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلار توپلاملىرىغا كىرگۈزگەن.

(324) گاۋبېرنخارد (Bernhard Karlgren، 1889 — 1978) —





شۋېتسىيىلىك خەنزۇچە تىلشۇناس، 1909 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىلىغىچە جۇڭگودا ساياھەت قىلىپ تۇرغاندا خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ «جۇڭگو تىلى ۋە جۇڭگو يېزىقى» دېگەن كىتابى 1923 ـ يىلى ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان، كېيىن جاڭ شىلۇ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ 1931 ـ يىلى تىجارەت كىتابخانىسىدىن نەشر قىلىنغان.

(325) «ئۇنىڭدىمۇ بىر ئەيىب، بۇنىڭدىمۇ بىر ئەيىب» دېگەن سۆز ئەسلىدە «جۇاڭزى» دىن چىققان بولۇپ، شى جېسۇنىڭ لى لېيۈەنگە يازغان خېتىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇ يەردە شى جېسۇنى مەسخىرە قىلىش مەنىسى بار.

(326) بۇماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(327) شىۋېد (R. Sawade 1869 — 1947) — گېرمانىيىنىڭ ھايۋانلار كۆندۈرگۈچىسى، 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنىشىچە: 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭخۇا سەنئەت ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتىدە نۇتۇق سۆزلىگەن ئادەم خاگېنبېك سىركچىلەر ئۆمىكىدىكى ۋىگنا ئىكەن. شىۋېد يېشى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن سۆزلىمىگەنىكەن. جۇڭخۇا سەنئەت ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتى — جۇڭگودىن ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان بەزى ئوقۇغۇچىلار تەشكىل قىلغان ئىلىم ـ پەن تەشكىلاتى. 1916 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ توكيودا قۇرۇلغان، «سەنئەت ئۆگىنىش» ناملىق ژۇرنال چىقارغان.

(328) «زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇلغانلار كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ» مېڭ كېنىڭ سۆزى.

(329) «خەلق ئىشەنمىسە، دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماس» — كۇڭزىنىڭ سۆزى.

(330) خەلق ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى چوڭ ئەربابلارنى «چوپان» دەپمۇ ئاتىغان — قەدىمكى زاماندا ئايماق باشلىقلىرى چوپان دەپ ئاتىلاتتى. خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ بەزى خانىدانلىقلاردا چوپان دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىنغان.

(331) «شەرق نەغمىسى» ۋە «تەپكۈچ تېپىش» — 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىنىشىچە: ۋىگنا نۇتۇق سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كىنو قويۇلغان. بۇنىڭدا «شەرق نەغمىسى» ، «چۈمنىيىنىڭ تەپكۈچ تېپىشى» قاتارلىق قىسقا

فىلىملەر بار ئىكەن.

(332) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(333) گۇناھكارلارنىڭ ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەركىن گەپلىشىپ يۇرەلەيدىغانلىقى — 1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شاڭخەي «زىلىنشى» گېزىتىگە بېسىلغان. «بېيپىڭ خەۋىرى» دە: خۇ شى ئۆزى بىرقانچە تۈرمىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ «گۇناھكارلار بىلەن ئاسان گەپلەشكەنلىكى»، «ھەتتا ئىنگلىز تىلىدا ئۇلار بىلەن گەپلىشىپ يۇرەلەيدىغانلىقى»نى ئېيتقان دېيىلگەن.

(334) «داستىكى سۇ مەينەت بولۇپ كەتسە، شۇ داستا يۇيۇلغان ئارزۇلۇق بالىنىمۇ سۇ بىلەن بىللە تۆكۈپ تاشلاش كېرەك» دېگەن سۆزلەر 1933ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «ئۇلۇغ ئاخشام گېزىتى. مەشئەل»گە بېسىلغان خې رېنىڭ «مېنىڭ پىكرىم» دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

(335) بۇ ماقالە ئەينى ۋاقىتتا گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئېلان قىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان.

(336) ئەجنەبىيلەر دىيارى («پەرەڭلەر ماكانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — شاڭخەي. تەرجىماندىن.

(337) بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ھېكايىلىرى»، «تاشقى تارىخ ـ پاشقى تارىخ» ئەينى ۋاقىتتىكى بىرمۇنچە ئەكسىيەتچىل بىمەنە ئەدىبلەر تەرىپىدىن يامان غەرەزدە توقۇپ چىقىلغان، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلارغا دارىتمىلىغان ئەسەرلەرگە قارىتىلغان. مەسىلەن، جاڭ رۇگۇنىڭ «ئەر ـ خوتۇن مەستانىسى»، ياڭ شۇنرېننىڭ «يېڭى موللىلارنىڭ تاشقى تارىخى» (پەقەت بىر بابلا يېزىلغان) ۋەھاكازالار.

(338) «بالىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ جازاسى» — ئەيش ـ ئىشرەت، قاتىللىق ۋە خۇراپاتلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر كونا چاڭچىلە.

(339) «سەنئىياڭ ئانىنىڭ بالا تەربىيىلىشى» — ئەقىدە، ئىنساپ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان كونا چاڭچىلە. «خوجايىنىم» دېگەن سۆز چاڭچىلىدىكى قېرى مالاي شۇ باۋنىڭ ئۆز خوجايىنى شۇ گۇاڭنى ئاتىشى.

(340) «ئۇششاق پاراڭ» — 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشرگە باشلىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل ھەپتىلىك ژۇرنال. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1 ـ جىلد 20 ـ سانى (1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى) دا





«ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلانى» بېسىلىپ، سابىق تەسىس قىلغۇچىلاردىن خې دايى قاتارلىق سەككىز كىشىنىڭ مەزكۇر ژۇرنال بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكى ۋە 20 ـ ساندىن باشلاپ چېن ۋېيشۈي قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ داۋاملىق باشقۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چېن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ «ئېلانى» نىمۇ بېسىپ چىقارغان. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە جۈملە سۆز شۇ «ئېلان»دىن ئېلىنغان.

(341) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(342) جېڭ بەنچياۋ (1693 — 1765) — جياڭسۇنىڭ شىڭخۇا دېگەن يېرىدىن، چىڭ سۇلالىسىدىكى ئەدىب، خۇشخەتچى ۋە رەسسام.

(343) «مەنسەپ تەمە قىلىپ مەنسەپكە ئېرىشەلمەسلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەس» دېگەن سۆزلەر جاڭ تەيىيەننىڭ ۋۇزۇڭسى تەرىپىدىن توپلانغان «لوسەن تەزكىرىسى»گە يازغان «بېغىشلىما»سىدىن ئېلىنغان. بۇ «بېغىشلىما» 1933 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ»غا بېسىلغان.

(344) بۇ، شى جېسۇننىڭ «مۇھاسىرىنى بۆسۈش»نىڭ 4 ـ سى (ساۋ جۇيرېنغا جاۋاب) دىكى سۆزى. 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان. ئەسلىي تېكىستى مۇنداق: «مەن ئاممىۋى ئەدەبىياتنى قوللايمەن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە چۈشىنىشلىك يېزىق بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇشىنى تەمىن قىلىمەن. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ بىر تارمىقى بولىدۇ.»

(345) «تەبىئىي مەنزىرە» قاتارلىق سۆزلەر شى جېسۇننىڭ «مۇھاسىرىنى بۆسۈش»نىڭ 5 ـ سى (جىلىغا جاۋاب) دىكى سۆزى بولۇپ، 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى «شىنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(346) «ئاۋنو» — «ئىنگلىزچە» unit نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. يەن فۇ ئەنگلىيىلىك سىبىنسەرنىڭ «تۈرلۈك ئىلىمدىن ئۆگىنىش ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى بابى «تېخنىكا توغرىسىدا»نىڭ تەرجىمىسىدە مۇنداق يازغان: «كۆپلۈك دېگەن سۆز، تودۇ (total) دېگەن سۆز؛ بىرلىك دېگىنىمىز، ئاۋنو دېگەن سۆز.» يەن فۇ ئۆزىنىڭ «تەرجىمىدىن كېيىنكى سۆزلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە: «ھەممە شەيئىلەردە كۆپلۈك ۋە بىرلىك بولىدۇ، كۆپلۈكى تودۇ دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؛ بىرلىكى ئاۋنو دەپ تەرجىمە

قىلىنىدۇ. قەلەم — تودۇ بولسا، موي قەلەم ئاۋنو بولىدۇ. ئاشلىق — تودۇ بولسا، دان ئاۋنو بولىدۇ. ئەل — تودۇ بولسا، ئادەم ئاۋنو بولىدۇ» دەپ شەرھلىگەن. تودۇ — ئىنگلىزچە total نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، پۈتۈن، كۆپلۈك مەنىسىنى بېرىدۇ.

(347) «خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئىبارىلەر» دېگەن سۆزلەرمۇ شى جېسۇننىڭ «مۇھاسىرىنى بۆسۈش» نىڭ تۆتىنچىسى (ساۋ جۈيرېنغا جاۋاب) دىن ئېلىنغان.

(348) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(349) ئالتە ئەرباب شەرھلىگەن — «تاللانما» نى تاڭ سۇلالىسىدە ئاۋۋال لى شيەن، كېيىن لۈي يەنجى، ليۇ لياڭ، جاڭ شيەن، لۈي شياڭ، لى جۇخەندىن ئىبارەت بەش كىشى شەرھلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئومۇمەن ئالتە ئەرباب شەرھلىگەن، دەپ ئاتىلىدۇ.

(350) «تۆت تارىخ» — «تارىخنامە»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. «جىڭ تارىخى» — تاڭ سۇلالىسىدىكى فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار يازغان بولۇپ، جىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى خاتىرىلىگەن قىسسە ئۇسلۇبىدىكى تارىخىي كىتاب.

(351) «ئەدەپ - يوسۇن» — يەنە بىر ئىسمى «يوسۇننامە»، كۇڭزىدىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى. چۇنچيۇ - جەنگو دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەدەپ - قائىدە تۈزۈملىرىگە دائىر ماتېرىياللار توپلىمى.

(352) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(353) بۇ ماقالە دەسلەپ 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ» غا بېسىلغان.

(354) دەرۋىشلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر بار: چاڭئەن ناھايىتى ئاۋات بولغان ۋاقىتلاردا، بىر دەرۋىش بار ئىكەن. ئۇ سىمابتىن ھېكمەتلىك دورا ياساشنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ياشلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزى 300 ياشتىن ئاشتىم، دەيدىكەن. پايتەختتىكىلەر ئۇنىڭغا ئىنتايىن زوقلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ دورا ياساتقۇزىدىغانلار، ياشىرىش ئۇسۇلىنى سورايدىغانلار كۆپلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدى خۇددى بازارغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بىر ۋاقىتتا بىرقانچە خانزاتلار ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلىدىكەن.





قانغۇدەك مەي ئىچىپ تائام يەپ تۇرغاندا، دەرۋازا باققۇچى كېلىپ: «ئوغلىڭىز سىزدىن ئەھۋال سورىغىلى كەپتۇ» دەپ مەلۇم قىپتۇ. دەرۋىشنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ئۇنىڭغا كايىپتۇ. ئولتۇرغان مېھمانلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرى قوپۇپ: «بالىڭىز يىراقتىن كەلگەندىكىن، بىرلا يولۇقۇپ قويسىڭىز نېمە زىيىنى بار؟» دەپتۇ. دەرۋىش قاپىقىنى تۈرگەن پېتى بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن: «كىرسۇن» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن چېكە چاچلىرى ئاقارغان، مۈكچەيگەن بىر قېرى بوۋاي كىرىپ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىپتۇ. تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرۋىش ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەن پېتى ئىچكەركى قورۇغا ھەيدەپ كىرگۈزۈپ، ئاندىن مېھمانلارغا: «بالام ھاماقەت ئىكەن، سىماب دورىنى ئىچىشنى خالىماي مۇشۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ. 100 ياشقا كىرمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ دەرىجىدە سولىشىپ كېتىپتۇ» دەپتۇ. مېھمانلار بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى ئەۋلىيا ئىكەن دەپ قاراپ تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ. كېيىن، بەزىلەر دەرۋىشنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئۇرۇق - تۇغقان، بۇرادەرلىرىدىن سورىسا، مۈكچىيىپ كەتكەن قېرى ئادەم بۇ دەرۋىشنىڭ ئاتىسى ئىكەن، تەرىقەتچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغانلار ئۇنىڭدىن خۇددى گۆدەك باللاردەك ھەيران بولغانىكەن.

(355) ياڭ × نىڭ بايانلىرى — بۇ يەردە ياڭ سۇنرېننىڭ «كىتاب ئوقۇش ژۇرنىلى» 3 - توم 1 - سانى (1933 - يىل 2 - ئاي) دا ئېلان قىلىنغان «پارتىيە تۇرمۇشى ئاكوپىدىن چىقتىم» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ياڭ سۇنرىن (1901 — 1955) — گۇاڭدۇڭنىڭ چاۋئەن دېگەن يېرىدىن. ئۇ 1925 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتنىشىپ، 1932 - يىلى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئارقامغا باقسام دادام قېرى، ئائىلەم نامرات، ئۇكىلىرىم ياش، ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئۆتكۈزدۈم. ھېچبىر ئىشنى باشقا ئاچقالمىدىم. ئىنقىلاب قاچان غەلىبىگە ئېرىشىدۇ؟ مېنىڭ ئۈمىدىمدىكىلەر ھازىر ئاچلىقتىن كۈن كەچۈرەلمەيۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، خۇنەن، جياڭشىنىڭ غەربىي جايلىرىدىكى سوۋېت رايونىنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلىسەم، مېنىڭ ئۈمىدىمدىكىلەر ئاچلىقتىن ۋە تىلەمچىلىكتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، ئۆز ئۈمىدىمدىكىلەرنىڭ غېمىنى يەي، كېيىنكىسىدە ھەممە نەرسىنى ئويلىدىم. ئاخىر ئەقلىم ھۆكۈم چىقاردى، مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-

يېسىدىن چىقتىم.»

(356) سۇڭ دەۋرىدىكى چىن شىچۇڭنىڭ «سۇيىين خاتىرىسى» 5 ـ جىلد «چەنتاڭ سەرگەردانلىرى» بابىدا بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايە بار. «لۇشۈن خاتىرىسى» نىڭ 1927 ـ يىلىدىكى «غەربىي دېرىزە ئاستىدا كۆچۈرۈلگەن كىتاب» دا مەزكۇر كىتاب نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

(357) «پەخرىي پادىشاھلىق جۇمھۇرىيەت» — شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن كاڭ يۇۋېينىڭ شاڭخەيدە «تاقەتسىزلىك» ژۇرنىلى 9 ـ، 10 ـ قوشما سانى (1918 ـ يىل 1 ـ ئاي) دا ئېلان قىلىنغان «جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «شۈي شىچاڭغا خەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە جۇڭگودا «دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت» نى يولغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. «بەلكى پەخرىي پادىشاھلىق جۇمھۇرىيەت» نى يولغا قويۇش (يەنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى) كېرەك، دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

(358) جاڭ زۇڭچاڭ (1881 — 1932) — سەندۇڭنىڭ يېشيەن دېگەن يېرىدىن، شەرقىي شىمال سىستېمىسىدىكى مىلىتارىست. 1925 ـ يىلى ئۇ سەندۇڭدا ئارمىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى بولۇپ ئىشلىگەندە، كۇڭزىنى ھۆرمەتلەپ دەستۇرلارنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

(359) «ئىجتىمائىي ئاخبارات» — ئەكسىيەتچىل ژۇرنال، 1932 ـ يىل 10 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1937 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. بۇ ژۇرنالنىڭ 5 ـ جىلد 13 ـ سانى (1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) دا «شىن» ئىمزاسىدا «‹ساختا ئەركىنلىكنامە› نى ئوقۇغاندىن كېيىن» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلىپ، لۇشۈنگە مۇنداق ھۇجۇم قىلىنغان: «‹ساختا ئەركىنلىكنامە›» لۇشۈن يازغان، شىمال يېڭىلىقلىرى كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان، باھاسى 70 تىيىن. بۇ كىتاپنىڭ باھاسى قىممەت ئەمەس، لۇشۈننىڭ بۇ كىتابتىكى ئەسەرلىرى ‹شېنباۋ. ئەركىن پاراڭ› غا بىر قېتىمدىن بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بۇ كىتابتا 8000 خەتلىك خاتىمە بار، شۇ خاتىمىنىڭ ئۆزىنى سېتىۋېلىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنى چۈشىنىۋېلىڭ، مەقسىتى ‹ئەركىن پاراڭ› غا يازغان پارچە تەسىراتلىرىنى نەشر قىلىشمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ مەقسىتى — پۈتۈنلەي ئەنە شۇ قۇيرۇقتىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەختىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قايتۇرما ھۇجۇم قورالى ئورنىدا پايدىلىنىش.»





(360) جاڭ زىپىڭ (1893 — 1959) — گۇاڭدۇڭ مىشيەن ناھىيىسىدىن، ئىلگىرى «ئىجادىيەت تەھرىراتى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۈچ تەرەپلىمە مۇھەببەت ھىكايىلىرىنى كۆپ يازغان.

(361) «10 كۈنلۈك پاراڭ» — شاۋ شۈنمېينىڭ ئىلكىدىكى ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنال 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چىقىشقا باشلىغان، 1934 ـ يىلى نەشردىن توختىغان.

(362) «مۇشاۋىر شېڭ شۈەنخۇەي» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى كاپىتالىست، 1844 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1916 ـ يىلى ئۆلگەن، ئەسلىي جياڭسۇلۇق، مەنسەپدار، پاراخوت شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرنى قۇرغان، چاڭجياڭ دەرياسى بويلىرىدىن نۇرغۇن يەر ـ زېمىن ئالغان. ئۇ ۋاپات بولغاندا، بالا ـ چاقىلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك «ماتەم مۇراسىمى» ئۆتكۈزگەن.

(363) «مەركىزىي گېزىت» — گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ئورگان گېزىتى، 1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەنجىڭدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

(364) «تەمىرات» — ياپونچە ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، 1919 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، 1955 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. لۇشۈننىڭ «جۇڭگودىكى ئىككى ـ ئۈچ ئىش توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئەنە شۇ ژۇرنالغا ئۈچ بۆلەك بېسىلغان.

(365) «ئادەم سۆزى» — گومىڭ قاتارلىق كىشىلەر تەھرىرلىكىدە چىققان ھەپتىلىك گېزىت، 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. «تۇرمە توغرىسىدا» ئەنە شۇ گېزىتنىڭ 1 ـ جىلد، 3 ـ سانىغا بېسىلغان. جاڭ كېبياۋ، شاۋشۈنمېيلەر «ئادەم سۆزى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن ئىدى. ئاپتور 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جىڭ جېڭدۇغا يازغان خېتىدە «جاڭ كېبياۋنىڭ ‹ئادەم سۆزى› نى چىقىرىۋاتقانلىقى» توغرىسىدا: «جاڭ كېبياۋ تولىمۇ ناچار ئادەم ئىكەن، مېنىڭ ماقالەمنىڭ چەت ئەلدە ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مېنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇش توغرىسىدا بېشارەت بەرگەن كىشى ئەنە شۇ» دەپ يازغان.

(366) ۋەنزاۋ — نىسەن ۋەنزاۋ (1885 ـ 1959) — ياپون، 1913 ـ يىلى جۇڭگوغا كېلىپ، شاڭخەيدە نىسەن كىتابخانىسى ئاچقان؛ لۇشۈن بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.

(367) شاۋشۈنمېينىڭ «ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت

مۇنبىرىگە نەزەر» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. بۇ ماقالە «هازىرقى زامان» نىڭ 5 ـ جىلد 6 ـ سانى (1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىققان) غا، يەنى «هازىرقى زامان ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان» غا بېسىلغان. نېگىر شائىر — نېگىر يازغۇچى خۇگىس.

(368) 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىققان «10 كۈنلۈك پاراڭ» نىڭ 8 ـ سانىغا بىر پارچە رەسىم بېسىلدى. رەسىمدە لۇشۇن نەي چېلىپ ماڭىدۇ؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ چاشقانلار ماڭىدۇ. ساۋ جۈيرېن «شاۋقۇن» نىڭ 2 ـ جىلد 43 ـ سانىغا ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن؛ رەسىمنىڭ ئاپتورى «10 كۈنلۈك پاراڭ» نىڭ 11 ـ سانىدا «هۆكۈمەتچە گەپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن شاۋقۇنغا جاۋاب» نى يېزىپ، ئۆزىنى ئاقلىغان.

(369) دۇخېڭ (1907 — 1964) — تەخەللۇسى سۇۋېن، 30 ـ يىللاردا «3 ـ خىل ئادەم» بولۇۋېلىپ، سولقانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت هەرىكىتىگە هۇجۇم قىلغان، «يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت»، «هازىرقى زامان» ناملىق ژۇرناللارنى چىقارغان.

(370) بۇ يەردە لىن يۈيتاڭ «مۇهاكىمە» قاتارلىق ژۇرناللاردا تەشەببۇس قىلغان مىڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ قىلىيەتونلىرىغا تەقلىد قىلىنغان «ئىبرەتلىك سۆزلەر ئۇسلۇبى» دىكى ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(371) بۇ يەردە شاڭخەيدىكى «مۇقەددەس ئەل هۆسنى» نەشرىياتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ نەشرىيات 1931 ـ يىلدىن كېيىن گومىنداڭ 19 ـ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى چېن مىڭشۇ قوشقان سەرمايىنى قوبۇل قىلغان.

(372) «ئېقىم مەسىلىلىرىدىن يېڭى خەۋەر» — 1907 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان كۈندىلىك گېزىت. دەسلەپتە بۇرژۇئا ئىسلاهاتچىلىرىنىڭ گېزىتى بولۇپ، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىمالىي مىلىتارىست دۇەن چىرۈينى هىمايە قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار گېزىتىگە ئايلانغان. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شاڭخەي ئازات بولغاندا نەشردىن توختىغان.

(373) «گۈزەل ئاخشام گېزىتى» — 1929 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئامېرىكىلىقلار شاڭخەيدە چىقارغان ئىنگلىزچە گېزىت، كېيىن خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ چىقىرىلغان، 1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان.

(374) لۇشۇن 1933 ـ يىللىرى ئۆز ئەسەرلىرىگە «ئىشلىگۈچى»، «ئەتمىش» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «گەن» هەرپى بىلەن ئىمزا قويغان. بۇ يەردىكى «قىلمىش» سۆزى شۇنىڭدىن چىققان. — تەرجىمان.





(375) بۇ يەردە «خوجا» دېگەن مەنىدە — تەرجىمان.

(376) خې جياگەن — لۇشۇننىڭ تەخەللۇسى — تەرجىمان.

(377) جۇشۇرېن — لۇشۇن. — تەرجىمان.

(378) ۋاڭ پىڭلىن (1898 ـ 1964) — جياڭسۇنىڭ لياڭ ناهىيىسىدىن، ئەدىب.

(379) بۇ سۆز «توۋا قىل» دەپمۇ ئېيتىلغان، ئەسلىي ئىنجىلدىن ئېلىنغان.

(380) گومىنداڭ هۆكۈمىتى 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەركىزىي تەشۋىقات هەيئىتىنىڭ رەهبەرلىكىدە «مەركىزىي كىنو تەكشۈرۈش هەيئىتى» قۇرۇپ، ئۇنى سولقانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت هەرىكىتىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ بىرى قىلغان.

(381) بۇ سۆز ئەسلىدە «جىن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 49 ـ جىلد «رۇەن جىنىڭ تەزكىرىسى» دىن چىققان: «(رۇەن جى) دائىم گۇاڭۋۇغا چىقىپ چۇ خانىدانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان جايغا نەزەر سېلىپ، هەسرەت بىلەن: ‹بولمىغاچ شۇ زاماندا قەهرىمان، چىقاردى تەنتەكلەر ئۇندا نام!›» دېگەن.

# چهل کلمه در ده بیان

# كىرىش سۆز

مېنىڭ پات - پاتلا قىسقا مۇلاھىزىلەرنى يېزىشىم ھەقىقەتەن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە[1] ماقالە بېرىشتىن باشلاندى. 1933 - يىلى يازغانلىرىمنى توپلىۋىدىم، «ساختا ئەركىنلىكنامە» ۋە «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» دېگەن ئىككى پارچە كىتاب بولۇپ چىقتى. كېيىن بۇنىڭ مۇھەررىرى لى ليېۋېن[2] ئەپەندى ھەقىقەتەن قاتتىق سىقىلدى، 2 - يىلى ئاخىر سىقىپ چىقىرىلدى، مەنمۇ ئەسلىدە قەلەمنى شۇ يەردىلا تاشلاپ قويسام بولاتتى، لېكىن قورسىقىم كۆپكەنلىكتىن، يېزىش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ، تەخەللۇسۇمنى يەڭگۈشلىۋېتىپ، باشقىلارغا كۆچۈرتۈپ ئەۋەتىپ تۇردۇم، يېڭى مۇھەررىر[3] ئوبدان پەرق ئېتەلمەي، بېسىپ چىقىرىۋەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، دائىرىنىمۇ كېڭەيتىپ، «جۇڭخۇا گېزىتى» نىڭ «ئۇچۇر»[4] ناملىق قوشۇمچە بېتىگە، «چولپان»[5] ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنىلغا ئوخشاشلارغىمۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ شۇنداق ماقالىلىرىمنى ئەۋەتىپ تۇردۇم. 1934 - يىلى يازغان شۇ نەرسىلىرىمنى توپلىۋىدىم، مانا بۇ «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» بولۇپ چىقتى.

بۇ ئىسىمنى مەن بىلەن بىر سەپتە تۇرغان بىر ياش سەپداش[6] ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، ماڭا يوشۇرۇن ئوققا يۆگەپ، ئېتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئاجايىپ: بىرىنچى، بۇ خىلدىكى قىسقا مۇلاھىزىلەرنى گېزىتكە بېسىش ۋاقتىدا، مۇھىملىقىدىن ئىشارەت قىلىپ گۈللۈك رامكا

(چىلتەك) ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېلىقى سەپدە-
شىم بۇنى كۆرۈپ، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتكەن؛ ئىككىنچى،
«چىلتەك»[7] تەڭگىنىڭمۇ يەنە بىر خىل ئىسمى، بۇنىڭ بىلەن
بۇ ماقالىلەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىمنى قەلەم ھەققى تېپىش دې-
مەكچى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ كارايىتى يوق. پىكىرلىرىمىزنىڭ
ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىگە كەلسەم، مەن چەت ئەللىكلەرنىڭ بىزنى
توخۇ، ئۆردەكتىنمۇ ئەلاراق كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىشىمىزنىڭ ھا-
جىتى يوق دەيمەن، ئۇ بولسا بىزنى توخۇ، ئۆردەكتىنمۇ ئەلاراق
كۆرۈشى كېرەك دەيدۇ؛ مەن غەربلىكلەرنى ئاقلاپتىمىشمەن، شۇڭا
«دەللال» ئىمىشمەن. ئۇنىڭ ماقالىسىنى «بېشىنى تۆۋەن ساڭگى-
لىتىپ كۆتۈرۈش» دېگەن ماقالەمنىڭ ئاستىغا قوشۇمچە قىلىپ
قويدۇم، بۇ يەردە ئۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.
بۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىگۈدەك بىرەر ئىشمۇ يوق. «چاقچاق چاقچاق
بولسۇن» دېگەن بىر پارچە ماقالەم ۋېن گۇڭجى[8] ئەپەندىنىڭ بىر
پارچە خەت يېزىشىغا سەۋەبچى بولدى، ئۇنىڭ قەلەم ھۇجۇمى تېخى-
مۇ قاتتىق، ئۇ مېنى «خائىن» دەپتۇ. ھازىر ئۇ خەتنى ئۆزۈمنىڭ
جاۋاب خېتىم بىلەن بىللە ھېلىقى ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ
قويدۇم، ئۆز كۆلەڭگىسىدىن ئۆزى ئۈركۈگەن ئوغرىلارنىڭ مۇ-
شۇكەتەك يول بىلەن قىلغان باشقا ھۇجۇملىرى يوقىرىدا ئېيتىلغان
ئىككىيلەننىڭ ھۇجۇمىغا قارىغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇلارنى
بۇ يەردە كۆچۈرۈپ ئولتۇرمايمەن.

«چىلتەكلىك ئەدەبىيات» ھەقىقەتەن قاملاشماي كەتتى.
1934 - يىل 1935 - يىلغا ئوخشاشمايدۇ، بۇ يىل «پادىشاھ
تۇغرىسىدا شاڭخو» ۋەقەسى[9] تۇپەيلىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ كىتاب،
گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى[10] ئۈشتۈمتۇتلا غايىب بولۇپ
كەتتى. يەتتە نەپەر تەكشۈرگۈچىمۇ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى،
گېزىتلەردە چىقىرىۋېتىلگەن يەرلىرىمۇ بوش قالدۇرۇلىدىغان بول-





دى (بۇ «تۇڭلۇك ئېچىپ قويۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). لېكىن،
ئۇ چاغدا ناھايىتى قاتتىق ئىدى، بۇنداق يازساقمۇ بولمايتتى،
ئۇنداق يازساقمۇ بولمايتتى، چىقىرىۋېتكەن يەرلىرىنى بوش - ئاق
قالدۇرماي، بىر - بىرىگە ئۇلاپ قويۇشاتتى، نەتىجىدە گەپنىڭ
قولاشمىغانلىقىنىڭ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلى-
قىنىڭ جاۋابكارلىقى يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قالاتتى. ئەنە
شۇنداق ئاشكارا، يوشۇرۇن قىرغىنچىلىق ئاستىدا، ئۆمرىنى ئۇ-
زارتىپ، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيدىغانلىرى قۇللۇق ئەدە-
بىياتى بولماي نېمە بولاتتى؟

بىرنەچچە دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ دوستلىرىم-
نىڭ بىرى: ھازىر ماقالىنى ئۆتكۈر قىلىپ يازغىلى بولمايدىغان
بولۇپ قالدى، مەسىلەن، بىرەر گېزىتنىڭ قوشۇمچە بېتىگە ماقالە
ئەۋەتسەك، قوشۇمچە بەتنىڭ مۇھەررىرى ئاۋۋال ئۇنىڭ بىرنەچچە
تال قوۋۇرغىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ، باش مۇھەررىرمۇ بىرنەچچە تال
قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارمۇ بىرنەچ-
چە تال قوۋۇرغىسىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، يەنە نېمىسى قالسۇن؟
دەيدۇ. مەن: مەن بولسام ئاۋۋال ئۆزۈم بىرنەچچە تال قوۋۇرغىسى-
نى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇنداق قىلمىسام، ھەتتا «قېپقالغان» لىرىمۇ
قالمايدۇ، دېدىم. دېمەك، ئۇ چاغدا ئېلان قىلىنغان ماقالىنىڭ
تۆت قېتىم تاراشلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ھازىر بەزىلەر ۋېن
تيەنشياڭ[11] نى، فاڭ شياۋرۇنى ھەدەپ تەرىپلەۋاتىدىغۇ، خەير-
يەت، ئۇلار سۇڭ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرى، ئەگەر ھازىر
ھايات بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ھېچكىم
بىلەلمىگەن بولاتتى.

دېمەك، ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان ئۆتكۈر ماقالىلەرنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا، كىتابخانىلارنىڭ كۆرەلەيدىغىنى پەقەتلا جانسىز
ماقالە. مەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇغۇلغان، ئەسلىي قۇلدىن

كېلىپ چىققان، ھازىرقى 25 لەردىكى ياشلاردەك تۇغۇلۇش بىلەنلا جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىگىسى بولغان ئەمەس. لېكىن، ئۇلار بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزمىگەن، گاھىدا «ئېسەنكىرەپ» كېتىدۇ - دە، قاتتىق پەشۋا يەپ قالىدۇ. مېنىڭ ماقالە بېرىشتىن مەقسىتىم، ئېلان قىلىش، ئۇلارغا ئۆتكۈر قىلىپ كۆرسەتمەيمەن، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن «چىلتەك» بىلەن زىننەتلەشكەنلىرى ياش يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەقىقەتەن كۆپ بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەئەججۇپكى، چىقىرىۋېتىلگەن يەرلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. بىر يىل ئىچىدە (چىقىرىۋېتىلگەنلىرى) پەقەت ئۈچ پارچە، ھازىر ھەممىسىنى تولدۇرۇپ قويدۇم، بۇ يەرلەرگە يەنىلا تەكىتلەش بەلگىسى قويۇپ قويدۇم. مېنىڭچە، «چىن لىجەي خانىمىنىڭ ۋەقەسى توغرىسىدا» نىڭ ئاخىرىنى «شېنباۋ» گېزىتخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى چىقىرىۋەتكەن، قالغان ئىككى پارچىسىنىڭكىنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار چىقىرىۋەتكەن؛ بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان نىيىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ يىل بىر يىل ئىچىدە، مەن ماقالە بەرگەن «ئەركىن پاراڭ» ۋە «ئۈچۈر» نەشرىدىن توختاپ كەتتى؛ «چولپان» مۇ چىقمايدىغان بولدى. مەن: مەن ماقالە ئەۋەتكەنلىكى گېزىت دەسلەپتە بىر - ئىككى سانىغا ماقالە ئەۋەتسەم، ھېچ گەپ يوق، ئەگەر داۋاملىق ئەۋەتىۋەرسەم، ئاخىر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنداق قىسقا ماقالىلەرنى ئانچە يازمايدىغان بولدۇم، چۈنكى ئۆز ئادەملىرىمنىڭ ئارقامدىن تۈيدۈرماستىن دۇمبالىشىدىن ئۆزۈمنى ئايىدىم، ئۆزۈمنىڭ يول باشلاپ بەرگۈچى تەلۋە بولۇپ قېلىشىمنى خالىمىدىم، مەتبۇئاتنىڭ ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئۆمۈر سۈرۈشىنى ئارزۇ قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىراۋ مېنى ماقالە بېرىشكە دەۋەت قىلسا، ئالاھىدە ئۆزرە ئېيتىپ توختاپ قالدىم، بۇ «ھال پەيدا





قىلىش» ئەمەس، بەلكى ياخشى نىيەتلىك — لېكىن بەزىدە يامان نىيەتلىك «جاھانسازلىق» ، بۇ ھەقتە ماقالە تەلەپ قىلغۇچىلاردىن ئەپۇ سورايمەن.

بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا مۇخبىرلارنىڭ «ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن» دېگەن ئىلتىماسلىرىنى[12] ۋە زىيالىيلار سىنىپىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى تەلىپىنى كۆردۈم. چاغان يېقىنلىشىپ قالدى، نەتىجىسى نېمە بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى ئامىنىڭ تىلىغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كېتىدىغان بەدەل ناھايىتى زور بولىدۇ، يەنى شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونوم بولۇپ[13] كېتىدۇ. بۇ خۇددى ئىلگىرى «ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن» دەپ ئىلتىماس قىلىشقا، سۆز ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمىغانلىقىنىڭ بەدىلى زور بولغانغا، يەنى شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. بىراق، بۇ نۆۋەت قولغا كەلتۈرۈلگەن نەرسە پارلاق، ئەمما، ئەگەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، كېيىن يەنە خۇددى مەن «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» نى يازغان چاغدىكىدەك دەۋر قايتىپ كېلىپ قالىدۇ، قېنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۇنىڭ بەدىلى نېمە بولار ...

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىدە

لۇشۇن

# 1934 - يىل

## كەلگۈسى شەرەپ[14]

جاڭ چىڭلۇ

ھازىر چەت ئەللىك ئەدىبلەر يىلدا دېگۇدەك جۇڭگوغا كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇلار جۇڭگوغا كەلگەن ھامان كىچىك بولسىمۇ مالىمانچىلىقلار تۇغۇلۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئالدىن كەلگىنى بېرنارد شاۋ، كېيىن كەلگىنى دېكوبرا[15] بولدى، پەقەت ۋائىللانت كوتۇرېر[16] نىلا كۆپچىلىك تىلغا ئېلىشنى خالىمىدى ياكى تىلغا ئالمىدى.

دېكوبرا سىياسەتتىن ئېغىز ئاچمايتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا جاڭجال - ماجىرالاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. لېكىن، ئۇ تاماق ۋە ئاياللارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن «چەت ئەللىك مەدەنىي لۈكچەك»[17] دېگەن يامان ئاتاققا ئىگە بولۇپ، مۇلاھىزىچىلىرىمىز ئارىسىدا خېلى غوۋغالارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۆزى بولسا رومان يېزىشقا كەتكەن بولسا كېرەك.

بۇرنىمىز ياۋروپالىقلارنىڭكىدەك قاڭشارلىق ئۆسمەي، پاناق ھەم كىچىك بولۇپ قالغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟! لېكىن، يېنىمىزدا بىرنەچچە موچەن پۇل بولسىلا، ئوخشاشلا كىنو كۆرەلەيمىز. رازۋېدكا فىلىملىرى كىشىنى زېرىكتۈرۈۋەتكەن، ئىشق - مۇھەببەت فىلىملىرى كىشىنى ئېزىۋەتكەن، ئۇرۇش فىلىملىرى





كىشىنى بىزار قىلىۋەتكەن بولسا، ھەجۋىي فىلىملەر كىشىگە بىمەنە تۇيۇلغان بولسا، ئەلۋەتتە «ئادەمسىمان مايمۇن تارزان»، «ھايۋانلار ئىچىدىكى غەلىتە ئادەم»، «ئافرىقىدا ساياھەت» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش فىلىملەر بار. بۇلاردا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە بەدەۋى ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ۋەھالەنكى، بەدەۋىلەر ماكانىدىكى ۋەقەلىكلەرگە ياۋايى خوتۇنلارنىڭ ياۋايى فىگۇرلىرى قىستۇرۇلماي قالمايدۇ. ئەگەر بۇمۇ دىتىمىزغا ياققان بولسا، ئۇ ھالدا، ھەرقانچە مەسخىرە قىلغىنىمىزغا قارىماي، يەنە مېھرىمىزنى ئۇنىڭدىن ئۈزەلمەيمىز. «جىنس» مىشچانلار ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر - دە.

ئەدەبىياتنىڭ غەربىي ياۋروپادا پەشۋا يېپىشى كىنودىن ئۆزگىچە ئەمەس، بەزى ئاتالمىش ئەدىبلەرمۇ ئۆز خېرىدارلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئاجايىپ - غارايىپ (grotesque) ۋە شەھۋانىي (erotic) نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا موھتاج. شۇڭا، ئۇلارنىڭ چارلاش تەقلىدىدىكى ساياھەتلەردە بولۇشتىن مەقسىتى ھەرگىزمۇ ساھىبخانىلارنىڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىدا ياكى مەيگە تەكلىپ قىلىشىدا ئەمەس. ئەمما، بىرەر كىمنىڭ توك - توك سوئاللىرىغا ئۇچراپ قالسا، ئۇلار ھېجىيىپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك ۋە بىلىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. دېكوبرا ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى، خالاس.

لېكىن، جۇڭگولۇقلار مۇشۇنداق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك ئاتالمىش «يەرلىكلەر» قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دېكوبرا ئەپەندىنىڭ گېزىتكە بېسىلغان ساياھەت يولىغا قارىساقلا ئۇنىڭ بارىدىغان جايلىرىنىڭ جۇڭگو، جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەرگە بېرىشقۇ تولىمۇ چاغلىق گەپ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ تەسۋىرلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىشىمىز، شۇنىڭدەك

تەسۋىرلىنىش بىلەن شان - شەرىپىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى سېزىشىمىز كېرەك؛ شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە مۇشۇنداق ئىشقا قىزىققۇچىلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنىمۇ بىلىشىمىز لازىم.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





# ئاياللارنىڭ كۆپى يالغانچى بولۇشى ناتايىن[18]

جاۋ لىڭيى

شى خېڭ[19] ئەپەندى «يالغانچىلىق ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە يالغانچىلىق قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئاجىزلىق دەپ قارىغان. بۇنىڭغا «بۇ سەۋەبتىن ئاياللارنىڭ يالغان گەپ قىلىشى ئەرلەردىن كۆپ بولىدۇ» دەپ پاكىت كۆرسەتكەن. ئۇ يالغان گەپ بولمىسا كېرەك، شۇنداقلا پاكىتمۇ بولمىسا كېرەك. دەرۋەقە، بىز ھەر دائىم ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن، ئاياللارنىڭ قىلىدىغان يالغان گېپى ئەرلەردىن كۆپ، دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، بىراق بۇنىڭ ئەمەلىي دەلىل - ئىسپاتى يوق، سانلىق مەلۇماتمۇ يوق. ئا. شوپېنخائۇئېر[20] ئەپەندى ئاياللارنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدىن سىفىلىس كېسىلىنى داۋالايدىغان رېتسېپ چىققان؛ يەنە ئاۋستىرىيىلىك بىر ياش ئالىم[21] مۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قېلىن بىر پارچە كىتاب يېزىپ، ئاياللار بىلەن يالغان گەپ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ دېگەن، لېكىن ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. مەن ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسەب كېسىلى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ئويلايمەنكى، «ئاياللارنىڭ يالغان گەپ قىلىشى ئەرلەردىن كۆپ» دېگۈچە، «ئاياللارنىڭ يالغان گەپ قىلىشى ئەرلەردىن كۆپ دەپ ئەيىبلەنگەن ۋاقتى كۆپ» دېگىنىمىز تۈزۈك، لېكىن بۇ ھەقتە

سانلىق مەلۇمات يوق، ئەلۋەتتە.

بىز كېنىزەك ياڭ يۇخۇەن [22] نى مىسالغا ئالايلى، ئەن لۇشەن توپىلىڭىدىن كېيىن، تالاي ئەدىبلەر يالغان گەپلەرنى قىلىپ، تاڭ شۈەنزۇڭنى قويۇپ تۇرۇپ، نۇرغۇن يامانلىقلار كېنىزەك ياڭ يۇخۇەننىڭ كاساپىتىدىن بولغان، دېيىشكەن. «شيا - يىن خاندانلىقلىرىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى داجى بىلەن باۋسىغا دۆڭگىگەن» [23] لەر ئاز ئەمەس. باۋسىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئاياللارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ھەم ئەرلەر ئۇچۇن ئەيىبلىك بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ھەقىقەتەن بەك ئۇزۇن زامانلار بولدى.

بۇ يىل «ئاياللارنىڭ مىللىي مال ئىشلىتىش يىلى» [24] . دېمەك، مىللىي مالنى روناق تاپقۇزۇشمۇ ئاياللاردىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تىل - ئاھانەتكە قېلىشىدا گەپ يوق، چۈنكى مىللىي ماللارنىڭ بۇنىڭ بىلەنلا روناق تېپىپ كېتىشى ناتايىن، شۇنداق بولسىمۇ بىرىنچىدىن، تەشەببۇس قىلسا، ئىككىنچىدىن، تىللىسا، ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى شۇنىڭ بىلەن تامام بولارمىش.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەلۇم بىر ئەر كىشى مەلۇم بىر ئايالنىڭ ئۇۋاللىقىغا ئۇچرىغانلىقى ئۇچۇن داد - پەرياد ئوقۇپ، مۇنداق نەزمە يازغانىكەن:

«قادالدى ئاق بايراق ئۈستىگە خان شەھەرنىڭ،
ھەرەمدە كېنىزەكتىن كىم ئالغاي خەۋەر؟
ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر تاشلاپتۇ قورال،
ئەجەب چىقمىغان شۇندىن بىرمۇ ئەر.» [25]

بارىكاللا! بارىكاللا!

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





# تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچى [26]

نى سۇئېر

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى نېمىدېگەن تېز - ھە، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئالدىدا تەنقىدچى ۋە غەيرىي تەنقىدچىلەر ئەدەبىياتنى تەنقىد قىلاتتى؛ دەرۋەقە، نارازى بولغۇچىلارغۇ كۆپ، لېكىن ياخشى دېگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇلتۇردىن تارتىپ ئەھۋال ئۆزگەردى، ئەدىبلەر ۋە غەيرىي ئەدىبلەر تەنقىدچىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى.

ئەمدىلىكتە ياخشى دېگۈچىلەر يوق دېيەرلىك. مەسىلىگە كەسكىن قارىغۇچىلار كېيىنكى كۈنلەردە ھەقىقىي تەنقىدچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بولدى، ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى گالۋاڭ دەپ كۆلىدىغان بولۇپ قالدى. نېمە ئۇچۇن؟ چۈنكى ئۇلار ئەسەرنى ھەمىشە بىر مۇقىم رامكا بىلەن ئۆلچەرمىش [27] ، مۇۋاپىق كەلگىنىنى ياخشى دەرمىش، مۇۋاپىق كەلمىگىنىنى ناچار دەرمىش.

لېكىن، بىز ئەدەبىي تەنقىد تارىخىدا رامكىسىز تەنقىدچىنى ئۇچراتقانمۇ؟ ھەممىسىنىڭ يا گۈزەللىك رامكىسى، يا چىنلىق رامكىسى، يا بولمىسا تەرەققىيپەرۋەرلىك رامكىسى بار. مۇئەييەن رامكىسى بولمىغان تەنقىدچى غەلىتە ئادەم بولۇپ قالاتتى، خالاس. ژۇرنال چىقىرىشتا مۇئەييەن رامكا يوق دەپ داۋراڭ سېلىش مۇمكىن، لېكىن ئەمەلىيەتتە شۇ داۋراڭ دەل رامكىنىڭ ئۆزى، سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئوينىغان چاغدىكى كۆز باغلايدىغان ياغلىق.

ئالايلۇق، ئىبستىت[28] مۇھەررىر، مۇئەييەن كۆز قارىشىم يوق، دېيىشى مۇمكىن، لېكىن كىتابنى باھالاشقا كەلگەندە پۇخادىن چىققۇچە نەيرەڭۋازلىق قىلغىنى قىلغان. ئەگەر ئاتالمىش «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» مەسىلىسىدىكى بىرەر ئەسەر ئۆزىنىڭ شەخسىي دىتىغا يېقىپ قالسا، ئۇ بۇ مەسلەكنى ماختايدىغان بىرەر پارچە تەنقىدىي ماقالە ياكى تەسىراتنى تاللاپ باستۇرىدۇ ـ دە، ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئىنتايىن ئىنقىلابچىدەك ساختا رادىكال تەنقىدچىنىڭ ماقالىسىنى باستۇرىدۇ ـ دە، ئۇنى يەرگە ئۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆزى باغلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئازراق ئەس ـ ھوشى بولسىلا، ئۇ ئىككى قۇتۇپقا سەكرىمەي، مۇئەييەن رامكىنى تۇتىدۇ. بىز ئۇنىڭ رامكىسى بارلىقىنى ئەيىبلەپ يۈرمەي، پەقەت ئۇنىڭ رامكىسىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى تەنقىد قىلساقلا كۇپايە.

تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچىلار جاڭ شىيەنجۇڭنىڭ تالىپلاردىن ئىمتىھان ئالغاندا ئالدى بىلەن ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئارغامچا باغلاپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ، بويى تولىمۇ ئېگىزلەرنى ۋە بويى تولىمۇ پاكارلارنى چاپقانلىقىنى، نەتىجىدە سىچۈەن تەۋەسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى چېپىپ تۈگەتكەنلىكىنى مىسالغا ئالار. ئۇلار مۇشۇنداق ئوخشىتىش بىلەن مۇئەييەن مەسلىكى بار تەنقىدچىنى جاڭ شىيەنجۇڭغا ئوخشىتىپ قويىدۇ ـ دە، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە نەپرەت قوزغايدۇ. لېكىن، تەنقىدىي ماقالىنىڭ رامكىسى ئادەم ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولالامدۇ؟ ئەسەرنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئادەمنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى ئۆلچەش بولامدۇ؟ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈش بوھتان، ھەرگىزمۇ تەنقىد ئەمەس.

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى





# تىللاش[29]

نى سۈئېر

تەنقىدچىلەردىن نارازى يەنە بىر خىل تەنقىد باركى، تەنقىدچىلەر «تىللاش»قا خۇشتار[30] ئىمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ يازغانلىرى تەنقىد ئەمەسمىش.

«تىللاش» دېگەن سۆزنى بەزىلەر «تىل تەگكۈزۈش» دەپ يازسا، يەنە بەزىلەر «ئاھانەت قىلىش» دەپ يازىدۇ. بۇلارنىڭ مەنىسىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن. بۇنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، قانداق بولسا «تىللاش» ھېسابلىنىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى.

مۇبادا مەلۇم بىر كىشىنى كۆرسىتىپ: «بۇ جالاپ ئىكەن!» دېسەك، ئەگەر ئۇ ئوبدان ئايال بولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى تىللىغان بولىمىز. ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سەتەڭلىك قىلىدىغان ئايال بولسا، ئۇ ھالدا بىز ئۇنى تىللىغان بولمايمىز، بەلكى راست گەپ قىلغان بولىمىز. شائىرلىقنى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، باي ئادەم بۇردىچىلىق قىلىشنىلا بىلىدۇ، بۇ پاكىت، بۇ راست گەپ، بۇنى تىل ـ ھاقارەت دېگەن تەقدىردىمۇ، شائىرلىقنى بەربىر پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، خام خىيال رېئاللىققا دۇچ كەلدى دېگەن ئەنە شۇ.

پۇلى بارلارنىڭ ئەدەبىي تالانتى بولۇشى ناتايىن، بۇمۇ «پەرزەنتلىرى توپ ـ توپ» بولغان ئادەملەرنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگىنىدىنمۇ ئېنىق.

«پەرزەنتلىرى توپ - توپ» بولغانلىقى ئەر - خوتۇننىڭ بالا تۇغۇشقا ۋە بالا بېقىشقا ئۇستىلىقىنى، لېكىن بالىلار ھەققىدە ھەدەپ گەپ سېتىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر گەپ ساتىمەن دەپ تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇياتىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ گويا تىل - ھاقارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مۇبادا بۇمۇ تىل - ھاقارەت دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، دۇنيادىكى بالىلار پسىخولوگلىرىنى بالا تېپىشقا ئۇستا ئاتا - ئانىلار دەپ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بالىلار كىچىككىنە بىر پارچە ناننى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىدۇ دېيىلسە، بالىلارغا ئۇۋال بولىدۇ. بۇ ھەقىقىي تىل - ھاقارەتتۇر. بالىلارنىڭ قىلىقلىرى ئۆز تەبىئىتىدىن بولىدۇ ھەمـدە مـۇھىتنىڭ ئـۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا، كۇڭ يۇڭ[31] نەشپۈتنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنىكەن، بالىلارنىڭ سوقۇشۇشى بولسا ئائىلىسىنىڭ تەسىرى، چوڭلارمۇ ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە مىراسىنى تالىشىدىغۇ؟ بالىلار ئەنە شۇلاردىن ئۆگەنگەن.

دەر ھەقىقەت، تىل - ھاقارەت بىلەن نۇرغۇن ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىنغان بولسىمۇ، «تىل - ھاقارەت» نى قارىقويۇق ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش جىمى يامانلىقنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق بولىدۇ.

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى





## «بېيجىڭلىقلار» ۋە «شاڭخەيلىكلەر»[32]

لۇەن تىڭشى

بېيپىڭدىن مەلۇم بىر ئەپەندى مەلۇم بىر گېزىتتە «بېيجىڭلىقلار» نى كۆككە كۆتۈرىدىغان، «شاڭخەيلىكلەر» نى يەرگە ئۇرىدىغان ماقالىسىنى باستۇرغاندىن بېرى، بىر مەھەل غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇنىڭغا شاڭخەيلىك مەلۇم بىر ئەپەندى مەلۇم بىر ژۇرنالدا نارازىلىق بىلدۈردى ۋە مەلۇم بىر جانابنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاپتورنىڭ يۇرتى ئۇنىڭ ئەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ، بېيپىڭلىق مەلۇم بىر ئەپەندىگە زەربە بەرمەكچى بولدى[33].

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سۆزلەر بېيپىڭلىق مەلۇم بىر ئەپەندىنى قايىل قىلالمىسا كېرەك. چۈنكى، «بېيجىڭلىقلار» ۋە «شاڭخەيلىكلەر» دېگەن سۆز ئاپتورنىڭ يۇرتىغا قاراپ ئېيتىلغان بولماي، بىر توپ ئادەمنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. شۇڭا، «بېيجىڭلىقلار» نىڭ ھەممىسى بېيجىڭلىقلار ئەمەس، «شاڭخەيلىكلەر» نىڭ ھەممىسىمۇ شاڭخەيلىكلەر ئەمەس. دوكتور مېي لەنفاڭ[34] نىڭ چاڭچىلىدە ھەقىقىي بېيجىڭلىق پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى بولسا جياڭسۇ، يۇرتىنىڭ شەھەر ياكى سەھرا ئىكەنلىكىگە قاراپ شەخسلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ياكى گۇناھىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. تۇرار جايىنىڭ مەدەنىي ياكى مەدەنىي ئەمەسلىكى يازغۇچىنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مېڭزىنىڭ: «مۇھىت ئادەمنىڭ



كۆڭلى - كۆكسىنى ئۆزگەرتىدۇ، مەئىشەت ئادەمنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشىلايدۇ» دېگىنى دەل شۇ. بېيجىڭ مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ پايتەختى بولغان؛ شاڭخەي بولسا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونسېسسىيىلىرى؛ پايتەختتە ئەمەلدار كۆپ، كونسېسسىيىلەردە سودىگەرلەر كۆپ. شۇڭا، ئەدىبلەر ئىچىدە بېيجىڭدا تۇرغانلار مەنسەپدارلارغا يېقىن، شاڭخەيدە تۇرغانلار سودىگەرلەرگە يېقىن. مەنسەپدارلارغا يېقىنلىرى مەنسەپدارلاردىن پايدىلىنىپ نام چىقىرىشقا تىرىشىدۇ، سودىگەرلەرگە يېقىنلىرى سودىگەرلەردىن پايدىلىنىپ مەنپەئەت قوغلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىمۇ جان باقىدۇ. قىسقىسى، «بېيجىڭلىقلار» ئەمەلدارلارنىڭ گۇپپاڭچىسى بولغان بولسا، «شاڭخەيلىكلەر» سودىگەرلەرنىڭ قولچومىقى، خالاس. لېكىن، مەنسەپدارلار ۋاستىسىدە نەپ ئالغانلارنىڭ ئەھۋالى خۇپىيانە بولۇپ، ئۆزگىلەرگە مەغرۇر كۆرۈنىدۇ. سودىگەرلەر ۋاستىسىدە نەپ ئالغانلارنىڭ ئەھۋالى ئاشكارا بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى نىقابلىيالمايدۇ، شۇڭا ئۆزىنى چاندۇرۇپ قويغانلار پاك ۋە ناپاك دەپ ئايرىلىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ سودىگەرلەرنى كەمسىتىشى جۇڭگودا كونا ئادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، «شاڭخەيلىكلەر» «بېيجىڭلىقلار»نىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ.

بېيجىڭنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شان-شۆھرىتىگە ئىگە ئىدى، چۈنكى ئۇ يەر «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئوچىقى بولغان ھازىرقى كۈندە، ئاشۇ تارىخىي شان - شەرەپ ساقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭچىلەردىن «غالىب بولۇپ چېكىنگەنلەر» بار، «ئۆزىنى دالدىغا ئالغان» لار، «مەرتىۋىسى ئۆسكەن» لەرمۇ بار، قالتىس بىر دەھشەتلىك كۆرەش كىشىلەردە: «ئەمەلدار بولماقچى بولساڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئەل بول»[35] دەيدىغان تەسىراتنى پەيدا قىلىپ قويۇشقا تاس قالدى. «كەتتى سېرىق تورنا بىلەن كونىلار ئۈچۈپ،





بۇندا قالدى سېرىق تورنا راۋىقى قۇرۇق» دېگەن گەپ بار. ئۇزاقى يىلى باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، بېيپىڭدىكى ئالىملار قەدىمىي مەدەنىيەتنى ئۆزلىرىگە ھىمات بولۇرمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، شۇ چاغدىكى بىردىنبىر چوڭ ئىش ئاسارئەتىقىلەرنىڭ جەنۇبقا كۆچۈرۈلگەنلىكى[36] بولدى. بۇ ھال بېيپىڭدا نېمە بارلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

شۇنداقتىمۇ بېيپىڭدا يەنىلا ئاسارئەتىقىلەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمىي كىتابلار، ھەتتا قەدىمىي شەھەردىكى خەلق بار. بېيپىڭدىكى ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئومۇمەن دوتسېنت ياكى پروفېسسورلۇق كەسپى بار. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش شەرت - شارائىتى ھەقىقەتەن «شاڭخەيلىكلەر»نىڭكىدىن ئەۋزەل، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلىم ياكى ئەدەبىيات ساھەسىدە كاتتا ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# شىماللىقلار ۋە جەنۇبلۇقلار [37]

لۇەن تىڭشى

بۇ، «بېيجىڭلىقلار» ۋە «شاڭخەيلىكلەر» توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم —

شىماللىقلارنىڭ جەنۇبلۇقلارنى كەمسىتىشى ئەنئەنە بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىن كېلىپ چىققانمۇ ئەمەس، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇنداق: ئەزەلدىن تاجاۋۇزچىلار شىمالدىن كېلىپ، ئاۋۋال جۇڭگونىڭ شىمال قىسمىنى بويسۇندۇرغان، ئاندىن شىماللىقلارنى باشلاپ جەنۇبقا ھۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىماللىقلارنىڭ نەزىرىدە جەنۇبلۇقلار مەھكۇملار بولۇپ قالغان.

لۇجى، لۇيۈن ئاكا - ئۇكىلار[38] نىڭ جىن خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە بېسىپ كىرىشى شىماللىقلارنىڭ خۇشال - خۇراملىق بىلەن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن، لېكىن ئېتىبارسىز قاراشتىنمۇ خالىي بولالمىغان. بۇنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ھېسابسىز كۆپ، ھازىرچە بۇنى قويۇپ تۇرايلى. ناھايىتى روشەنكى، ياڭ شۈەنجى [39] نىڭ «لوياڭ بۇتخانىلىرى خاتىرىسى» دە جەنۇبلۇقلار ھەدەپ ھاقارەتلەنگەن، ئەل قاتارىدا ھېسابلانمىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، خەلق تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەن[40]، بىرىنچىسى موڭغۇللار، ئىككىنچىسى رەڭدارلار، ئۈچىنچىسى خەنزۇلار يەنى شىماللىقلار، تۆتىنچىسى جەنۇبلۇقلار، چۈنكى ئۇلار ھەممىدىن كېيىن تەسلىم بولغان. ھەممىدىن كېيىن تەسلىم بولغان





دېگەندە، بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، كۈچى ئاجىزلاپ ياردەمسىز قالغان چاغدا ئاندىن سوقۇشتىن قول تارتقان جەنۇبلۇق ئەزىمەتلەر؛ ئۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئەل بولۇشتىن باش تارتىپ، خان قوشۇنلىرىنى ئۇزاققىچە توسۇغان قاراقچىلار، سارقىندىلار[41] بەرىبىر تەسلىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قۇللۇق سالاھىيىتى پەس بولغان، پەس بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغان، ھەر كىم ئۇلارنى مەنسىتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. چىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، يەنە شۇ مۇقام تەكرارلاندى، ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ تەكرارلانمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ ئامەت جەنۇبلۇقلارغىلا خاس بولماس.

ئەلۋەتتە، جەنۇبلۇقلارنىڭ كەمچىلىكىمۇ بار. ھۆكۈمدارلار جەنۇبقا كۆچكەندە[42] چىرىك، چۈشكۈن كەيپىياتنى بىللە ئەكەلگەن، شۇنىڭ بىلەن شىمال پاكىزلىنىپ قالغان. جەنۇبلۇقلارنىڭ مىجەزىمۇ ئوخشاشمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىمۇ بار، ئارتۇقچىلىقىمۇ بار، خۇددى شىماللىقلاردا بۇ ئىككى خۇسۇسىيەتنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش. مېنىڭچە، شىماللىقلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى — كەڭ قورساقلىق. جەنۇبلۇقلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى — چېچەنلىك. بىراق، كەڭ قورساقلار ئەخمەق، چېچەنلەر قۇۋ بولىدۇ. شۇڭا، مەلۇم ئەپەندى[43] كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىپ: شىماللىقلار «قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، كۈن بويى بەخىرامان يۈرىدۇ»؛ جەنۇبلۇقلار بولسا، «كۈن بويى بىر يەرگە يىغىلىپ بىمەنە گەپلەرنى قىلىشىدۇ» دېگەن. تەييار تاپلار سىنىپى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، بۇنداق دېيىش ئومۇمەن توغرا.

كەمچىلىكنى تۈزەتكىلى بولىدۇ، ئارتۇقچىلىقنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. پالنامىدە: شىماللىقلار جەنۇبلۇقلارغا، جەنۇبلۇقلار شىماللىقلارغا ئوخشاپ كەتسە قەدىرلىك بولىدۇ، دېگەن گەپ بار.

مېنىڭچە، بۇ قۇرۇق گەپ ئەمەس. شىماللىقلاردىن جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىرى ھەم كەڭ قورساق، ھەم چېچەن بولىدۇ؛ جەنۇبلۇقلاردىن شىماللىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىرى ھەم چېچەن، ھەم كەڭ قورساق بولىدۇ. ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ «قەدىرلىك» دېگىنى ئۆز ۋاقتىدا قازانغان نەتىجىسىنى كۆرسەتسە، ھازىرقى ۋاقىتتا پايدىلىق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ يېڭىدىن روناق تېپىش يولىدۇر.

بىراق، ماقالە يېزىش بىلەن ئېيتىشىدىغانلار ئىچىدە جەنۇبلۇقلار كۆپرەك، شىماللىقلارمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بېيجىڭدا چىقىدىغان گېزىتلەردە ياغلىما گەپ بىلەن تولغان، دۇدۇقلايدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن ھەسرەتلىنىدىغان ماقالىلەر بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھازىر كۆپىيىپ كەتمىدىمۇ؟ بۇ ئەھۋال شىماللىقلاردا ئەزەلدىن بار «ۋالاقتەگكۇر» لۇك بىلەن بىرلىشىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغىنى چوقۇم شۇم ھارامزادىلىكتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ!

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى





# «گۇاڭجۇدىن ئۆرگۈلەي» نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم[44]

يۆ كې

بۇنىڭدىن نەچچە كۈن بۇرۇن، «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان «گۇاڭجۇدىن ئۆرگۈلەي»[45] دېگەن ماقالىدە يەرلىك گېزىت - ژۇرناللاردىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، سارايۋەننىڭ قارشى تەرەپتە ئېسىلغان يولۋاس سۈرەتلىك ۋىۋىسكىنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن، ساراي ئالدىغا خىزىر سۈپىسى ياساپ، ئۈستىگە لى كۈي[46] نىڭ ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە لامپۇچكا ئورناتقانلىقى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. تەبىئىيكى، بۇنىڭدا گۇاڭجۇلۇقلارنىڭ خۇراپاتلىقىنى مەسخىرە قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان.

گۇاڭدۇڭلۇقلاردا خۇراپاتلىق ھەقىقەتەن كۆپ بولسا كېرەك، شاڭخەيدىكى ھەممە ئىقلىمنىڭ ئادەملىرى توپلانغان كوچىلارنى ئارىلايدىغان بولسىڭىز، تاراسلاپ پوجاڭزا ئېتىشىۋاتقانلارنىڭ، دەرۋازا سىرتىغا شام ياققانلارنىڭ ئوندىن توققۇزى گۇاڭدۇڭلۇق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇنىڭدىن يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئۇھ تارتسا كېرەك. لېكىن، گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ خۇراپاتلىقى شۇ قەدەر ئەستايىدىل ۋە چىڭكى، سۈپا ياساش ۋە لى كۈينىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا 100 دوللار خەجلىمەي مۇمكىن ئەمەس. خەن خاندانلىقىدىكىلەر ئۇنچە - مەرۋايىتقا، ۋۇ خاندانلىقىدىكىلەر پىلغا خۇشتار بولغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر

ئەزەلدىن گۇاڭدۇڭدىن گۆھەر ـ ياقۇت بۇلاپ كەلگەن بولسىمۇ،
ئۇلار ھېلىمۇ گۆھەر ـ ياقۇتنى بۇلاپ تۈگىتەلمىگەن بولسا كې-
رەك. يالغان يولۋاسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنمۇ شۇنچە كۆپ كۈچ
چىقىرىشقان، دېمەك، بۇنىڭدىنمۇ ئۇلاردىكى خۇراپاتلىقنىڭ ئەستا-
يىدىللىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قايسىبىر جۇڭگولۇقتا خۇراپاتلىق يوق
ئەمەس؟! گەپ ئاشۇ خۇراپاتچىلىقتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان-
لىقى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىدىن قالغان. مەسىلەن،
ئۇدۇل تەرەپتە يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ۋىۋىسكا ئېسىلسا،
ھەر قانداق سارايۋەن بىئارام بولماي تۇرالمايدۇ. بىراق، بۇنداق
ئەھۋال جىياڭسۇ بىلەن جېجياڭدا بولىدىغان بولسا ھېچكىم شۇنچە
جان تىكىپ ئېلىشمىغان بولاتتى. ئۇلار پەقەت بىر ياماققا قىزىل
قەغەز سېتىۋېلىپ، ئۈستىگە «جىياڭ تەيگۇڭ[47] بار يەردە ھېچنې-
مىدىن قورقما» ياكى «تەيشەن تېشىنىڭ تەڭدىشى يوق»[48] دېگەن
سۆزلەرنى يېزىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چاپلايدۇ ـ دە، شۇ يول
بىلەن خاتىرجەم كۈننى ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. خۇراپاتلىق دېگەن بەرد-
بىر خۇراپاتلىق، ئەمما خۇراپاتلىق ھەر ھالدا بېخىللىقتا ئوخشاش
جانسىز، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان نەرسە، ئۇ «ئەركىن پاراڭ»
غا ماقالە يېزىشقا ماتېرىيالمۇ بولالمايدۇ.

خۇراپاتلىقتا مۇجمەل بولغاندىن كۆرە ئەستايىدىل بولغان تۇ-
زۇك. ئەگەر جىنغا ئىشىنىش ئۈچۈنمۇ پۇل خەجلەشكە توغرا كەل-
سە، مەن شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكىلەرگە ئوخشاش پۇلنى يەرگە
كۆمۈشنىلا[49] تەشەببۇس قىلغان بولاتتىم. ھازىرقىلار يارماق
شەكلى بېسىلغان بىرقانچە تاۋاق قەغەزنى كۆيدۈرۈش بىلەنلا ئىشنى
پۈتتۈرىدۇ. بۇ باشقىلارنى ھەم ئۆزىنى ئالدىغانلىق بولۇپلا قالماي،
ھەتتا جىننىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ. جۇڭگودا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ





قۇرۇق نامى ۋە ساختا شەكلىنىڭلا قالغانلىقىغا ئەستايىدىل بولمى-
غانلىق سەۋەب بولغان.

گۇاڭجۇلۇقلارنىڭ خۇراپاتلىقنى دوراشقا ئەرزىمىسىمۇ، لې-
كىن ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقلىقى ئۆلگە ئېلىشقا ھەم ماختاشقا
ئەرزىيدۇ.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# چاغان ئۆتكۈزۈش[50]

جاڭ چېڭلۇ

بۇ يىل شاڭخەيدە چاغان ئۆتكەن يىلدىكىدىن قىزغىن ئۆتتى.
چاغاننىڭ ئېغىزدا ئېيتىلىشى بىلەن يېزىقتا يېزىلىشى كۆ-
پىنچە ئوخشىمايدۇ: بەزىلەر چاغاننى «قەمەرىيە» بىلەن ئاتايدۇ.
بۇ — كەمسىتكەنلىكى؛ بەزىلەر «كونا يىل» بىلەن ئاتايدۇ،
بۇ — ئارزۇلىغانلىقى. لېكىن، «چاغان»غا ئوخشاش بىر خىل
مۇئامىلە قىلىدۇ: ھېساب - كىتاب قىلىدۇ، ياغ پۇرىتىدۇ، پو-
جاڭزا ئاتىدۇ، قىمار ئوينايدۇ، پەتىلەيدۇ، «ئايەملىرىگە مۇبارەك،
دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن!» دېيىشىدۇ.
چاغان مەزگىلىدىمۇ نەشىردىن توختىتىلمىغان گېزىتلەردە ھال
ئېيتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى[51]. لېكىن، ئۇ ھال ئېي-
تىشنىڭ ئۆزىلا پاكىتنى يېڭەلمەيدۇ. بەزى نوچى يازغۇچىلار كى-
شىلەرگە، تىرىشىپ ئىشلەڭلار، نەپرەتلىنىڭلار، خاتىرىلەڭلار
دەپ يىل بويى مۇراجىئەت قىلغانىدى، ئەمما ئۇ مۇراجىئەت ھالى-
تىدىلا قالدى، بەرىبىر پاكىتنى يېڭەلمەيدۇ. جۇڭگودا قايغۇلۇق
خاتىرىلەر بەكمۇ كۆپ، ئادەتتە، بۇنداق خاتىرە كۈنلەرنى جىم -
جىم ئۆتكۈزۈۋېتىش مۇمكىن. خۇشاللىق خاتىرىلىرىمۇ ئاز ئە-
مەس، بىراق، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارا-
كەندىچىلىك سالىدۇ.[52] دەپ قورقۇپ، كىشىلەر خۇشاللىقنى
ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ! ئەنە شۇنداق چەكلەش، تاسقاش
نەتىجىسىدە، ھېيت - بايراملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇ-





جۇقتۇرۇۋېتىلدى. شۇڭا، ئارانلا ساقلىنىپ قالغان «قەمەرىيە»
ياكى «كونا يىل» ھېلىمۇ ئۆزىمىزنىڭ نەرسىسى بولغانلىقتىن
تېخىمۇ ئارزۇلۇق بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغىنى ئۇچۇنمۇ ئۇنى
ئالاھىدە تەبرىكلەپ كېلىۋاتىمىز. بۇنى يېنىكلىك بىلەن «فېئودال-
لىق ئاڭنىڭ سارقىندىسى» دەپ ئىنكار قىلىۋېتىش مۇمكىن ئە-
مەس. كىشىنى يىل بويى نەپرەتلىنىشكە، ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان
قەھرىمانلارنىڭ ئۆزى نەپرەتلىنىشنى، ئىشلەشنى قىلچە بىلمەيدى-
غانلار بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، نەپرەتلىنىدىغانلارغا، ئىشلەي-
دىغانلارغا ئارام ئېلىش ۋە شادلىنىش دائىم زۆرۈر. قەدىمكى
زاماندىكى مىسىردا قۇللارمۇ بەزىدە سوغۇققىنا كۈلۈپ قويار ئى-
كەن. ئۇ كۈلكە ھەممىسىنى مەنسىتمەسلىك كۈلكىسى، ئۇ كۈل-
كىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغانلار پەقەت خوجايىنلار ۋە قۇل-
لۇق تۇرمۇشىغا شۈكۈر قىلىدىغان، ئازراق ئىشلەيدىغان، نەپرەتنى
يوقاتقان قۇللاردۇر.
مېنىڭ كونىچە چاغان ئۆتكۈزمىگىنىمگە 23 يىل بوپتۇ. بۇ
نۆۋەت ئۇدا ئۈچ كېچە گۈللۈك پوجاڭزا ئېتىلىۋىدى، ماڭا تام
قوشنا چەت ئەللىكمۇ «ئاھ» لاپ كەتتى: مانا بۇ «ئاھ» گۈللۈك
پوجاڭزىنىڭ ئېتىلىشى بىلەن قوشۇلۇپ، ماڭا بىر يىل ئىچىدە
بىردىنبىر خۇشاللىق بېغىشلىدى.

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# تەقدىر [53]

نى سۇئېر

«ئاچا - سىڭىل» ناملىق كىنو فىلىم[54] دىكى كەمبەغەل موماي ئۆزىنىڭ قىزىغا: «كەمبەغەل بەرىبىر كەمبەغەل، بۇنىڭغا چىدا» دەپتىكەن. زۇڭخەن[55] ئەپەندى ھەسرەت چېكىپ، بۇنىڭغا «گادايلار پەلسەپىسى» دەپ نام بەرگەن («ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىدىن).

شۇبھىسىزكى، بۇنىڭدا «تەقدىر» ئاساس قىلىنىپ، كەمبەغەللىككە شۈكۈر قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئەۋلىيالاردىن بۇ نەزەرىيىنى تەشەببۇس قىلغانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كەمبەغەللىككە شۈكۈر قىلمايدىغان كەمبەغەللەرمۇ «بەرىبىر» ئاز بولمىدى. «ئاقىلمۇ بىرەر يەردە يېڭىلمەي قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردىكى «يېڭىلىش» — كىشىنىڭ تەقدىرىنى گۆرگە كىرمىگۈچە بەرىبىر بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

تەقدىردىن بېشارەت قىلغۇچىلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. رەمچى - پالچىلارنى بارغانلا يەردە ئۇچرىتىسىز، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاجەتمەنلەرگە، ئۆمۈر بويى گادايلىقتىن قۇتۇلالمايسەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، بولغان تەقدىردىمۇ سۆزلىرى بىردەك چىقمايدۇ؛ بىرى گاداي بولىسەن دېسە، يەنە بىرى باي بولىسەن دەيدۇ. شۇڭا، كەمبەغەللەر ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەلگىلىك تەقدىرگە ئىشىنەلمەيدۇ.





تەقدىرگە ئىشەنمەيدىكەن، «ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر» قىلالمايدۇ، كەمبەغەلنىڭ لاتارىيە بېلىتىنى سېتىۋېلىشى بولسا خام خىيالدىن چىققان ئىش. لېكىن، مۇنداق قىلىشنى دۆلەت ئۈچۈن پايدىسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، «پايدا بار يەردە زىيانمۇ بار»، تەقدىرنى بىلگىلى بولمىغان يەردە، كەمبەغەلنى پادىشاھ بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدۇ، دېگىلىمۇ بولماس. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا «ئەكسى پالنامە» پەيدا بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بەش خانىدانلىق دەۋرىدە نۇرغۇن كىشىلەر شۇ پالنامىگە قاراپ ئوغلىغا ئات قويغان، بۇنىڭ كەلگۈسى بەختكە ماس كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان. سۇڭ تەيزۇڭ شۇنداق پال كىتابىنىڭ 100 نۇسخىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇلار باشقىلىرىغا قوشۇلۇپ تارقالغانلىقتىن، ئۇنىڭ رەتسىزلىكىنى كۆرگەن كىتابخانلار بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۇنى قەدىرلىمەيدىغان بولۇپ قالغان. بىراق، 18 - سىنتەبىرگە كەلگەندە، شاڭخەيدە «ئەكسى پالنامە»نىڭ يېڭى نۇسخىسى بازارغا كەڭ تۇردە سېلىنغان.

دەرۋەقە، «كەمبەغەللىككە شۈكۈر قىلىش» يەر يۈزىدە ئامانلىققا يېتىشنىڭ مۇھىم يولى بولسىمۇ، لېكىن تەقدىرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلمىسە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئىشىنىشى ناتايىن. ھازىرقى ئېۋۇگېنىكا[56] نىڭ ئۆزى ئىلمىي تەتقىقات، جۇڭگودا بەزىلەر ئۇنى تەقدىر تەلىماتىنىڭ نامراتلىقىغا داۋا تېپىش يولىدا تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، تارىخ ئۇلارغا مەدەت بەرمەيۋاتىدۇ. خەن گاۋزۇ[57] نىڭ ئاتىسى پادىشاھ ئەمەس ئىدى، لى بەيىنىڭ ئوغلىمۇ شائىر ئەمەس ئىدى؛ يەنە بەزىلەر تەرجىمىھال ۋە تەزكىرە يېزىپ، كىشىلەرگە ياۋروپالىق پالانى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، پوكۇنى قۇرۇق قول بېيىغان، دەپ كوتۇلدىماقتا.

تەقدىر نەزەرىيىسى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا، جاھاننى خاتىر-جەملەندۈرۈشكە قىلچە كار قىلمايدۇ. بۇنىڭغا تارىخ گۇۋاھ. ئەگەر ئۇ يەنە دەستەك قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ تەقدىرى ئۇچىغا چىققان «كەمبەغەللىك»تىن باشقا نەرسە بولماس.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى





# چوڭ - كىچىك ئالدامچى[58]

دىڭ داڭشى

«ئەدەبىيات مۇنبىرى» دىكى رەزىللىكلەر — كىسىپ چاپلاش، كۆچۈرۈۋېلىش، ئېلىپ - سېتىش، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش — بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان خېلى كۆپ پاش قىلىندى. شۇنداقتىمۇ سۈ-رۈشتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىشلار يەنىلا كۆپ، پەقەت تولا كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىز ئانچە دىققەت قىلمىغان، خالاس.

داڭلىق ئەربابلار يازغان سەرلەۋھە ۋە قويغان ئىمزالارنىڭ پوچېركىسىنىڭ چىرايلىق بولۇشى ناتايىن، لېكىن بۇ ئىمزالار ئاپتور ياكى نەشر قىلغۇچىلارنىڭ داڭلىق ئەربابلار بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ، مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇنى ئالدامچىلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك بول-غىنى «سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش»تۇر، «سېلىشتۇرۇپ كۆرگۈچى»لەرنىڭ مەشھۇر ئادەم، ئالىم، پروفېسسور ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن، بۇ جانابلارنىڭ شۇ بىلىمگە دائىر بىرەرمۇ ئەسىرى يوق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ راستىنلا سېلىشتۇرۇپ چىققان - چىقمىغانلىقى بىر گەپ. راستىنلا سېلىشتۇرۇپ - تەھرىرلەپ چىققان تەقدىردى-مۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش - بولماسلىقى يەنە بىر گەپ. بىراق، شۇنداق ئەسەرلەرنى يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ - تەھ-رىرلەپ چىققاندىن كېيىن يېزىلغان تەنقىدىي ماقالىلەر بىزگە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

يەنە بىر خىلى، «مۇھەررىر». بۇنداق مۇھەررىرلەرمۇ داڭلىق ئەربابلار، شۇڭا كىتابخانىلارنى كىتابنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. لېكىن، بۇمۇ ناھايىتى گۇمانلىق ئىش. ئەگەر شۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزى ۋە خاتىمىسى بولغاندا ئىدى، شۇ ماقالە ۋە ئىدىيىدىن بۇ كىتابنى راستىنلا شۇ كىشى تەھرىرلىگەن - تەھرىرلىمىگەنلىكىنى پەرق ئېتەلىگەن بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، بازاردىكى كىتابلارنى ۋاراقلىغان ھامان مۇندەرىجىسى كۆزگە چېلىقىدۇ - دە، ھەيران بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭغا قانداق ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟ چوڭ ژۇرناللارنىڭ ئاتالمىش «باش مۇھەررىر» لىرىگە كەلسەك، بۇ داڭلىق ئەربابلارنىڭ ئاسماندىن يەرنىڭ تېگىگىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن، «ئىستېداتسىز بولسىمۇ ئىش بىلەر بولىۋالىدۇ» كەن. شۇڭا، بۇ ھەقتە داۋاملىق پەرەز قىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

يەنە بىر خىلى، «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىلار»، بىرەر ژۇرنالنىڭ 1 - سانى نەشردىن چىققاندا، ئېلانغا بىر تالاي ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىلارنىڭ ئىسمى تىزىپ قويۇلىدۇ، ھەتتا بەزىدە بۇنىڭ راستلىقى ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ ئىمزاسى كۆزگە كۆرۈنگۈدەك قىلىپمۇ بېسىلىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. بىراق، بىرەر - يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن چېنىپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئاتالمىش ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان يازغۇچىلارنىڭ يازغان بىرەر قۇر نەرسىسىمۇ كۆزگە چېلىقمايدۇ. تەكلىپ قىلىنمىغانمۇ ياكى تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ يازمىغانمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. لېكىن، بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئاشۇ ئاتالمىش ئىمزالار باشقا يەردىن قىيىۋېلىنغان ۋە ياكى ئويدۇرۇپ چىقىلغان. ئەگەر ئۇلار ئەۋەتكەن ماقالىدىن ئېلىنغان بولسا، نېمىشقا ئىمزالار كۆرۈنۈپ، ماقالە كۆرۈنمەيدۇ؟

بۇ داڭلىق ئەربابلار ئۆزلىرىنىڭ «داڭقى»نى بازارغا سېلىۋات-





قىنىدا «مائاش» ئالغانمىكىنتاڭ؟ ئەگەر ئالغان بولسا، ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن بازارغا سالغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولمىسا، باشقىلار «ئوغرىلاپ بازارغا سالغان». «جامائەتنى ئالداپ نام - ئاتاققا ئېگە بولۇۋالغۇچى»لار بار، نامنى ئوغرىلاپ سېتىپ جامائەتنى ئالدىغۇچىلارمۇ بار. دۇنيادا تۈمەنمىڭ خىل ئىشلار بار. ئەمما، زىيان تارتىدىغانلار يەنىلا كىتابخانىلاردۇر.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# «بالىلارنى چەكلەش» [59]

مى زىجاڭ

يېقىنقى بەش - ئالتە يىلدىن بۇيانقى چەت ئەل كىنو فىلىملىرى بىزگە ئاۋۋال ئەجنەبىي پالۋانلارنىڭ جاسارىتىنى كۆرسەتكەن بولسا، كەينىدىن بەدەۋىلەرنىڭ ئەسكى ئادەتلىرىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭدىن قالسا ئەجنەبىي خانىملارنىڭ فىگۇرا گۈزەللىكىنى كۆرسەتتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ بارغانلىقتىن، ئۇلارغا بىرقانچە يوتا كۇپايە بولالماي، بىر تالايى لازىم بولۇپ قالاتتى؛ بۇمۇ كۇپايە بولالماي، ئاخىر قىپيالىڭاچ فىگۇرىنى كۆرسەتتى، بۇ «قىپيالىڭاچلىق ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىقى» [60] ئىدى. گەرچە بۇ ئورۇنلۇق «بەدەن گۈزەللىكى ۋە ساغلاملىق گۈزەللىكىنىڭ ئىپادىسى» بولسىمۇ، بالىلارنى كۆرۈشتىن چەكلەيدىغان ئىش ئىكەن، ئۇلار «بۇ گۈزەللىك»نى كۆرۈشكە لايىق ئەمەس ئىكەن.

نېمە ئۈچۈن تەشۋىقاتتا مۇنداق گەپلەر بار؟...

«ئىنتايىن ئەقىللىق بىر بالا مۇنداق دەپتۇ: بۇ ئاياللار نېمىشقا كەينىگە بۇرۇلۇپ باقمايدۇ؟»

«بىر قاتتىق قول ئاتا مۇنداق دەپتۇ: شۇنىڭ ئۈچۈن كىنوخانىلار بالىلارنى چەكلىگەنىكەن - دە!»

ئەلۋەتتە، بۇ، ئەدىبلەر توقۇپ چىققان گەپ. چۈنكى، فىلىم قويۇلۇشتىن بۇرۇنلا «بالىلار چەكلىنىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بالىلار بېرىپ كۆرگەن





تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق سوئالنى قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، بەلكى مۇمكىن بولار. بىراق، ئۇ سوئالنىڭ مەنبەسى جاڭ شېڭ [61] نىڭ «ھەي، نېمىشقا جامالىڭىزنى ماڭا قاراتمايسىز؟» دېگەن ناخشىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىسا كېرەك. كىنودىكى شەخسلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ سۈنئىيلىكى بالىلارنى ئەجەبلەندۈرگەن بولسا كېرەك. جۇڭگو بالىلىرى ئېھتىمال بۇرۇنراق يېتىلىدىغان، جىنسىي سېزىمى بىرقەدەر ئۆتكۈر بولىدىغان بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ قەلبى ياشانغان «ئاتا»سىنىڭكىدەك ناپاك بولمىسا كېرەك! ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، 20 يىلدىن كېيىنكى جۇڭگو جەمئىيىتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەس. شۇڭا، جاۋابنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتكىنىمىز تۈزۈك:

«كۆرۈپ خۇماردىن چىقمىدىم، شۇڭا بەزدىم!»

بىراق، شۇنداق دەيدىغان «ئاتا» بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇ ھامان «خەقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۆلچەيدۇ». شۇنداق قىلغاندىكىن، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى باشقىلارنىڭ كۆكرەك قەپىسىگە زورمۇزور سېلىپ قويىدۇ - دە، گويا بۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلى ئەمەستەك بولۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى مېنىڭكىدەك ساپ ئەمەس، دەيدۇ. يالىڭاچ ئاياللارنىڭ «كەينىگە بۇرۇلۇپ باقماسلىقى»، ئەمەلىيەتتە، دەل شۇ خىلدىكى كىشىلەرگە لايىقلاشتۇرۇلغان. ئۇلار (كىنودىكى يالىڭاچلارنى دېمەكچى — ت) «ئاتا»سىنىڭ كۆزى بالىسىنىڭكىدىنمۇ يامان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئەخمەقمۇ؟

لېكىن، جۇڭگو جەمئىيىتى يەنىلا «ئاتا»لارنىڭ جەمئىيىتى، شۇڭا ئويۇندا «ئانا»لار قۇربان قىلىنىدۇ، «بالا»لار تۆھمەتكە قالىدۇ، ھەتتا ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا يەتكەندە، بەربىر «مۇلەز-

نىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى» ، «ۋاڭ چىنىڭ ۋەتەننى قوغدىشى»[62]
دېگەن نېمىلەرنى كۆرسىتىپ، «خوتۇن - قىزلار بىلەن باللار»
نى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىنى بويايـ
دۇ. «ئېھ، خەلقىمىز كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قانداقمۇ ياخشى مۇئا-
مىلە قىلاركىنتاڭ؟»

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى





# قەدىمكى كىشىلەر كەڭ قورساق ئەمەس[63]

ۋېن جۈن

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەمىشە: قەدىمكى كىشىلەر ھازىرقى
كىشىلەرگە قارىغاندا كەڭ قورساق، كۆڭلى تۈز، شۇڭا ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرگەن، دەيدۇ. مەن بۇرۇن بۇ گەپلەرگە ئانچە - مۇنچە
ئىشىنىپ يۈرەتتىم. ھازىر مېنىڭ بۇ ئەقىدەم تەۋرىنىپ قالدى.
دالاي لاما «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي ئۆلگەن»[64] بولسىمۇ، ئادەتتىـ
كى كىشىلەرگە قارىغاندا كۆڭلى تۈز بولغىيدى. لېكىن، گۇاڭجۇدا
ئۆتكۈزۈلگەن پېشقەدەم قېرىلار يىغىنىغا[65] ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر-
گەن بوۋاي - مومايلار يىغىلىپتۇ، 106 ياشقا كىرگەن قېرى
موماي يىغىنغە يېپ ئۆتكۈزەلەيدىكەن، بۇنىڭغا نەق مەيداندا ئېلىنـ
غان سۈرەت دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ.

قەدىمكى كىشىلەر بىلەن ھازىرقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ
ياخشى - يامانلىقىنى سېلىشتۇرۇش بىرئاز قىيىن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن
شېئىرلارغا مۇراجىئەت قىلمىساق بولمىغۇدەك. قەدىمكى زامان
شائىرلىرى «كەڭ قورساق» لىقتا مەشھۇر ئىمىش. لېكىن، ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى: «ئەي جاھان، گۇم بولارسەن قاچان، مەن ھەم
سەن بىللە كۆل بولاي شۇئان»[66] دېگەن. قاراڭلار، نېمىدېگەن
زەھەرخەندىلىك - ھە! تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، كۇڭزى
بۇ شېئىرنى «كۆزدىن كەچۈرۈپ» چىققان چاغدىمۇ ئۆچۈرۈۋەتمىـ
گەننىڭ ئۈستىگە يەنە: «شېئىرنامىدە باركىم 300 شېئىر، جەمـ

ئىي قىلسام بىر جۈملىگە، ھەممىسى ھېچ نۇقسانسىز» دەپتىكەن. شۇ ئەۋلىيانىڭ ئۆزىمۇ بۇ گەپنى زەھەرخەندىلىك دەپ بىلمىگەن بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر كەڭ ئېقىپ يۈرگەن «تاللانما»(67)نى، ئاڭلىشىمچە، ياش يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ تىلىنى بېيىتماق بولسا ياكى ئۆي - ئىمارەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، ئوقۇمىسا بولمىغۇدەكمىش. ئەمما، بىز بۇ كىتابتىكى يازغۇچىلارنى بىر قۇر كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ چىقىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ كەم دېگەندە يېرىمى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمىگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تۈز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەجەلسىز ئۆلگەن. جاۋمىڭ شاھزادىنىڭ شېئىرلارنى تاللاش بىلەن تىل پىرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا گەپ كەتمىسە كېرەك، بىراق شۇ زامانلاردا ئېھتىمال، شەخسىي تەشەببۇسلار، چۇست ئەسەرلەرمۇ بولغاندۇر. ئۇنداق بولمىغاندا شۇ كىشىلەرنىڭ نامى بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى تارىخلاردىكى ئەدىبلەر تەزكىرىسىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئومۇمەن ئەمىرلەرنىڭ رايىغا قاراپ مەدھىيە يازغان كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن، شۇ يازغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلىگەنلىرى بەك ئاز.

قەدىمكى كىتابلارنى تولۇق كۆچۈرۈپ بېسىشنىڭ تولىمۇ خەتەرلىكلىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. يېقىندا «پېقىرخانە ئەسەرلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ تاش باسمىسىنى كۆرۈپ قالدىم. كىتابنىڭ ئاپتورى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئادەم ئىكەن، ئۇنى قەدىمكى ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلىماي بولماس. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىزگە ئىبرەت بولالمايدۇ. مەسىلەن، «تۈلكە ۋە چاشقان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئېيتىلغان: «تۈلكە، چاشقان يەر كولاپ تىنماس؛ يىلان، يولۋاس يولنى





تاللىماس، ئاسمان گەرچە تۇرسىمۇ دەرقەم، ئۇلار يەر باغرىنى تاتلايدۇ ھەردەم»، يەنە «جىنگۇڭ» (ۋاڭ ئەنشى) ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئېيتىلغان: «بالايىئاپەت تېرىۋېتىپ، بولدى راۋان جايىغا؛ جۇڭگۇدا تۇرۇپ، كۆز تىكەتتى جاھانغا». مانا مۇشۇنداق تەنبىھ تەلەپپۇزلار بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىگە ياقمايدۇ. «سەككىز چوڭ ئەدىب»(68) ئىچىدىكى ئاۋياڭ شيۇنى چۇست ئەدىبلەر قاتارىغا قويغىلى بولماس. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ «لى ئاۋ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا» دېگەن ئەسىرىدە: «ئاھ، ئۆز تەختىدە ئولتۇرۇپ ئەل غېمىنى يېمەيدۇ، ئۆزگىگىمۇ ئەل غېمىنى قىلدۇرمايدۇ، ئاھ، ئىسىت!» دەپ يازغانلىقى كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدۇ.

لېكىن، كېيىنكى ئەربابلارنىڭ تاللاشلىرى ئارقىسىدا، ئۇلار كەڭ قورساق بولۇپ قالغان. كېيىنكىلەرنىڭ قەدىمكىلەرنى كەڭ قورساق قىلىپ قويالىغانلىقى ئۇلارنىڭ قەدىمكىلەردىنمۇ بەكرەك كەڭ قورساق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى» ۋە «تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى شېئىرلىرى»نى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پادىشاھ تەرىپىدىن كەڭ قورساق قىلىنغانلىقىنىڭ ياخشى نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ، بەلكى ئۇزۇن ئۆتمەي بەزىلەر بۇلارنى «شىددەتلىك دولقۇننى توسۇش» ئۈچۈن قايتا باستۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# زاراخەتمە ۋە ئوپېرا[69]

مېلىڭ خۇ

«بۇددا زاراخەتمىسىگە[70] ئىئانە توپلاش توغرىسىدا مۇراجىئەت» تە: «قەدىمكى زاماندا كىشىلەر بالايىئاپەتكە يولۇقسا، چوڭلار ئۆزىنى ئەيىبلىك سانايدىكەن، كىچىكلەر پەرھىز تۇتىدىكەن … ھازىر ئادەملەردە ئىنساپ ـ تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، مەتبۇئاتنىڭ قۇدرىتىدىن شاپائەت تىلىمىگۈچە، بالايىئاپەتتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان بولدى» دېگەن گەپلەر بار ئىدى. شۇ گەپلەر ھازىرمۇ بەزىلەرنىڭ سەمىدە بولسا كېرەك. بۇ گەپ كىشىلەرنى: ئۆزىمىز ۋە باشقىلار بىر تىيىنگە دال بولالمايدىكەنمىز، سۇ ۋە ھاشارات ئاپەتلىرىدىن قۇتۇلمىقىمىز يوق گەپ ئىكەن، ئەگەر «ئۆزىمىزنى ياكى باشقىلارنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىمىز»[71] دېسەك، بەنچەن پىرىمغا زاراخەتمە ئوقۇتقۇزماي بولمايدىكەن، دېگەن خىيالغا كەلتۈرىدۇ.

مۆمىن ئادەملەر بار ئوخشايدۇ، ئۇلار بولمىسا، نۇرغۇن ئىئانە پۇلنى قانداقمۇ توپلىغىلى بولسۇن؟!

لېكىن، «ئادەملەردە ئىنساپ ـ تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن» ئوخشايدۇ، مەركىزىي ئاگېنتىستىۋانىڭ 17 ـ كۈنى خاڭجۇدىن بەرگەن تېلېگراما خەۋىرىگە قاراڭ: «بۇددا زاراخەتمىسى مۇشۇ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش جەريانىدا مېي لەنفاڭ، شۈي لەي، خۇدىيې بەش كۈن ئوپېرا قويۇپ بېرىدۇ»[72]. بۇددا زاراخەتمىسىگە ئوپېرا ـ ناخشا ۋە ئۇسسۇلنىڭ





قوشۇلغانلىقى غەلىتە بىر ئىش ئەمەسمىدۇر؟

ئىلگىرىكى زاماندا بۇددا قىرائەت قىلىۋاتقاندا پەرىلەر ئۇنىڭ بېشىغا گۈل چاچقانىكەن[73] مىش. ھازىرقى چاغدا خاڭجۇدا زاراخەتمە ئۆتكۈزۈلسە، بۇددانىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى ناتايىن. مېي لەنفاڭنى پەرى رولىنى ئىجرا قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، زاراخەتمىنىڭ سەتەڭ قىزلار بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ كىنو چولپانلىرى ۋە گۈزەل قىز[74] ناخشا ئوقۇپ بەرسىمۇ «بالايىئاپەتتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ»غان ئوخشىمامدۇ؟!

كىشىلەردە ئىنساپ ـ تەۋپىق «كۆتۈرۈلۈپ كېتىش»تىن ئىلگىرى، بۇددا مۇخلىسلىرى ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈۋېلىشقا خۇشتار بولسا كېرەك. پۇل چەكلىك بولۇپ، زاراخەتمىنى چوڭراق ئۆتكۈزۈش مۇمكىن بولمىغاندا، بۇتخانىنىڭ شەيخلىرى داقا ـ دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ ناخشا ئوقۇپ، مۆمىن بەندىلەرنى رازى قىلىشى مۇمكىن، لېكىن تەقۋادار جانابلارنى رەنجىتىشىمۇ مۇمكىن. بەنچەن پىرىمنىڭ «سىم ـ سىم يامغۇردا»[75] دېگەن ناخشىنى ئوقۇماي، زاراخەتمە ئوقۇشى بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن ئىش، لېكىن شۇنداق بىر پەيتتە ئوپېرا ئوينىلىشىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندۇر.

بۇرۇنقى ئادەملەر بىلەن ھازىرقى ئادەملەرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمىسە كېرەك، ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرىنىڭ ئارىلىقى بىرنەچچە يۈز يىللا بولىدىغان بولسا، ئارىلىقىدىكى پەرقى ئاز بولسا كېرەك. زاراخەتمىدە ئويۇن قويۇش، تاۋاپ سەيلىسىدە قىز كۆرۈش قەدىمدىن تارتىپ بار ئىش، ھەم ساۋاب ئىش قىلىش، ھەم كۆز خۇمارىنى چىقىرىش بۇنىڭ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ خاسىيىتى بار. بۇ ئەزەلدىن تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا ئۇندەشنىڭ جازىبەلىك ۋاسىتىسى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنداق بولمىسا،

يوغان قورساق شەيخلەر خەتمە ئوقۇسا، ئۇنىڭغا سامىي بولۇپ
قاتنىشىدىغانلار كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇ ھالدا بالايىئاپەتتىن
خالىي بولۇشقا ئۈمىد باغلىغىلى بولمايدۇ.

بۇ تەدبىر خېلى كۆپ ئەجرىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ،
لېكىن «ئىنساپ - تەۋپىق كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن» لىكتىن دېرەك
بېرىدۇ. بۇ ئەھۋال: بىز ئۆزىمىز «بالايىئاپەتتىن خالىي بولۇش»
قا مۇناسىپ ئەمەسكەنمىز. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن بەنچەن پى-
رىمدىن شاپائەت تىلەمدۇق ياكى دوكتور مېي لەنفاڭدىن، مىس
شۈي لەيدىن ۋە ياكى مىس خۇدىيېدىن شاپائەت تىلەمدۇق؟ [76]
دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى





# ئەجنەبىيچە كىيىمنىڭ زاۋال تېپىشى[77]

ۋېي شىجۇ

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ ياراشقۇدەك كىيىمى
بولمىغانلىقتىن نەپرەتلىنىپ كەلگەنىدۇق. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئا-
خىرلىرىدا ئىنقىلابىي تۈس ئالغان قەھرىمانلار ئۆرۈمە چاچتىن
يىرگىنىچ بىلەن بىللە جىلىتكە ۋە توندىنمۇ يىرگىنەتتى. چۈنكى،
بۇلار مانجۇلارنىڭ كىيىمى ئىدى. مەلۇم بىر ئەپەندى ياپونىيىگە
ساياھەتكە بېرىپتىكەن. ئۇ يەرلىكلەرنىڭ كىيگەن كىيىمىنى كۆ-
رۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولغان ھەم «ئەمدى خەنزۇ ئەمەلدارلىرى-
نىڭ سالاپىتىنى كۆردۇم» [78] سەرلەۋھىلىك ماقالە يېزىپ، ژۇر-
نالدا ئېلان قىلغان. دېمەك، ئۇ قەدىمىي كىيىملەرنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن.

لېكىن، ئىنقىلابتىن كېيىن قوبۇل قىلغىنى ئەجنەبىيچە كى-
يىم بولدى. چۈنكى، كۆپچىلىك يېڭىلىققا كۆچكەنلىكتىن، كى-
يىمنىڭ ئەپچىل، بەلنىڭ تۈز بولۇشىنى ئىزدەيتتى. ياش ئەزىمەت-
لەر ئۆزلىرى ئەجنەبىيچە كىيىم كىيگەننىڭ سىرتىدا، باشقىلار-
نىڭ تون كىيىشىدىن يىرگىنەتتى. ئاڭلىشىمچە، ئەينى زاماندا
كىمدۇ بىرى بېرىپ فەن شەن بوۋايدىن[79] نېمە ئۈچۈن مانجۇلار-
نىڭ كىيىمىنى كىيىۋالدىڭىز؟ دەپ سورۇشتۇرغەنىكەن، فەن شەن
ياندۇرۇپ: «سېنىڭ كىيگىنىڭ كىمنىڭ كىيىمى؟» دەپ سوئال
قويۇپتۇ. ياش ئەزىمەت: «مېنىڭ كىيگىنىم ئەجنەبىيچە كىيىم»

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. فەن شەنمۇ: «مېنىڭ كىيگىنىممۇ ئەجنەبىيچە كىيىم» دەپتۇ.

بۇ ھېكايە بىر مەھەل كەڭ تارقىلىپ، تون كىيگۈچىلەرنى خۇشال قىلغانىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن ئىنقىلابقا قارشى پۇراق ئانچە - مۇنچە چىقىپ تۇراتتى، يېقىندىن بۇيان سەھىيە ۋە ئىقتىساد ۋەجىدىن غوۋغا كۆتۈرگەنلەردىن پەرقلىنەتتى. كېيىنچە ئەجنەبىيچە كىيىم ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. يۈەن شىكەي[80] ھاكىمىيىتى جىلىتكە بىلەن تۇننى ئادەتتىكى رەسمىي كىيىم قىلىپ بېكىتتى. «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئوقۇغۇچىلىق كىيىمىنى بەلگىلىمەكچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرىسى بويىچە يەنىلا جىلىتكە بىلەن تۇننى تاللاپ بېكىتتى.

بۇ قېتىم ئەجنەبىيچە كىيىمنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، خۇددى لىن يۇتاڭ[81] ئەپەندى ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ سەھىيە تەلىپىگە لايىق كەلمىگەنلىكىدىنمىش. بىزگە بەخش ئەتكەن بەل ۋە بويۇن ئەزەلدىنلا ئېگىلەتتى. بەلنى ئېگىش جۇڭگودا ئادەتتىكى ئەھۋال، زىت كەلگەن ئىشلارنى ماقۇل كۆرۈشكە توغرا كەلگەندە، ئوڭدىن كەلگەن ئىشلارغا قوشۇلۇش توغرا كەلگەندە بەلنى - قەددىنى ئېگىدۇ. دېمەك، بىز ئادەمنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى كۆپرەك تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈشكە ئۇستا بولۇپ كەتكەن خەلق. بويۇن ئەڭ ئىنچىكە تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، كاللىنى چېپىش ئىجاد قىلىنغان؛ تىز ئېگىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، تىزلاندۇرۇش كەشىپ قىلىنغان؛ كاسا (ساغرا) ئەتلىك بولغانلىقى ھەم نازۇك ئەزا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كاسىغا ئۇرۇش كەشىپ قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ تەبىئەتكە خىلاپ ئەجنەبىيچە كىيىم پەيدىنپەي تەبىئىي يوسۇندا زاۋال تاپتى.





ئەجنەبىيچە كىيىم، خۇددى ئۆرۈمە چاچ ۋە بوغقان پۇت مۇتەئەسسىپ ئەر - ئاياللاردىلا ئۇچرىغاندەك، ھازىر پەقەت مودا ئەر - ئاياللارنىڭلا بەدىنىدە قېپقالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، كۇتۇلمىگەن چاغدا، جان ئالىدىغان ئەپسۇنمۇ پەيدا بولدى، ئۆتكۈر كىسلاتا تۇيدۇرماستىن مودا ئادەمنىڭ كەينىدىن چېچىلىدىغان بولدى[82].

قانداق قىلىش كېرەك؟

قەدىمىي تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرەي دېسەڭ، خۋاڭدىن باشلاپ سۇڭ، مىڭ سۇلالىلىرىگىچە كىيىلگەن كىيىملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەمدى كىشىلەرنى كۆندۈرۈش تەس؛ چاڭچىلە سەھنىدىكىلەرنىڭ كىيىنىشىنى دوراي دېسەڭ، ئەجدىھا سۈرەتلىك تاۋار تون كىيىپ، بەلگە مەرۋايىت كەمەر باغلاپ، پۇتقا قارا ئۆتۈك كىيىپ، موتسىكلىتقا مىنىپ، ياۋروپاچە تاماق يەپ ئولتۇرساڭ، ئەلۋەتتە كۈلكىلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇياققا تارتىپ، ئۇياققا تارتىپ، ئاخىر يەنىلا جىلىتكە بىلەن تونغا توختالدى. بۇمۇ ئەجنەبىيچە كىيىم بولمىسىمۇ، ئېھتىمال چۆرۈۋېتەمەسلىكى مۇمكىن — بۇ ھەققەتەن غەلىتە ئىش.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# دوست[83]

خۇاڭ كەيىڭ

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ «قولاق بىلەن خەت تونۇش»، «قەغەزدىن ياسالغان ئادەمدىن قان چىقىرىش» دېگەنگە ئوخشاش سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىغا بەك قىزىققانىدىم. بۇتخانا سەيلىسى ئۆتكۈزۈلگەن چاغلاردا، بۇنداق سېھىرگەرلىكنى ئۆگىتىدىغانلار بار ئىدى، بىرنەچچە يارماققا بىر خىل سېھىرگەرلىكنى ئۆگىتىپ قوياتتى. بىراق، ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن كىشىگە مەنىسىز تۇيۇلىدىكەن. شەھەرگە كىرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىمدا، سەھنىدىكى سېھىرگەرلىك ئويۇنىنى كۆرۈپ بەك زوقلاندىم، ئەمما كېيىنچە بەزىلەر ماڭا ئۇنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭغا يېقىن يولىماس بولدۇم. بولتۇر شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىڭ ئامالىنى تاپتىم، ئۇ بولسىمۇ كىنو كۆرۈش.

لېكىن، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، كىنو فىلىمىنى ئىشلەشكە دائىر ماتېرىياللارنى ئوقۇپ كۆرۈپ، كىنودىكى ئېگىز، تىك تاغلارنىڭ ئەمەلىيەتتە يەردىن بىرنەچچە چىلا ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى، ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانلارنىڭ قەغەزدىن ياسالغانلىقىنى بىلىۋالدىم - دە، شۇنىڭ بىلەن كىنومۇ ماڭا ئانچە سىرلىق تۇيۇلمايدىغان بولدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ چىنىپ قالغان يەرلىرىنى بايقايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ بۇنىڭدىنمۇ زېرىكتىم - دە، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىدىغان يەردىن 3 - قېتىم ئايرىلدىم. بەزى چاغلاردا ئاشۇنداق كىتابنى ئوقۇغانلىقىمغا پۇشايمانمۇ قىلدىم. ھەتتا ئاپتورنىڭ كىنو ئىشلەش ھەققىدە كىتاب يازغانلىقىدىن رەنجىيدىغان بولدۇم.





پاش قىلغۇچىلار كىشىلەرگە پايدىسى يېتەر دەپ ھەر خىل سىرلارنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىراق، ئىچى پۇشقان ئادەملەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىنىشقا رازى. ئۇنداق قىلمىسا تېخىمۇ ئىچ پۇشۇقىدا قالىدۇ. شۇڭا، سېھىرگەرلىك جاھاندا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پاش قىلغۇچىلار ئالدىغۇچىلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئالدانغۇچىلارنىڭمۇ لەنىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

پاش قىلغۇچىلارنىڭ بېرىدىغان پايدىسىدىن ئىستىبداتلىق كىشىلەرلا مەنپەئەتدار؛ بىكار تەلەپلەر بولسا بۇنىڭدىن تامامەن خالىي. بۇنىڭ ئوبدان چارىسى، ھەممە سىرنى بىلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرماستىن، ئالدامچىلىققا يان بېسىش، ئالدىنىشقا رازى. بىكار تەلەپلەرنى ئالدىشىپ بېرىش، تېتىقسىز سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرى بىر - بىرلەپ، قايتا - قايتا ئوينىلىۋەرسۇن، ھەر ھالدا ئۇنى شۇنداق كۆرگۈچىلەر چىقىدۇ.

سېھىرگەرلەر دائىم ئالىقانلىرىنى سۇنۇپ: «... مۇساپىرنىڭ بېشىنى دوست سىلايدۇ!» دەيدۇ. بۇ گەپ سېھىرگەرلىكنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلارغا سىرىمنى پاش قىلىپ قويمىسۇن، دەپ ئېيتىلغان.

«دوست دېگەن سۆز — سىرداش دېگەن سۆز». لېكىن، بىز ئۇنى ئەزەلدىن ئۇنداق شەرھلىگەن ئەمەسمىز.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# چوكانتال مەۋسۇمى[84]

مېڭ خۇ

چوكانتال مەۋسۇمى قەبرە زىيارەت قىلىش مەۋسۇمى، گويا قەبرە زىيارىتى راستتىنلا دۆلەتنى مۇنقەرزمۇ قىلىۋېتەلەيدىغاندەك ياكى قۇتقۇزۇپمۇ ئالالايدىغاندەك، بەزى كىشىلەر چېگرا رايوندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا سەجدە قىلماقچى بوپتۇ[85]. يەنە بەزى كىشىلەر شەنشىگە بېرىپ تۇپراق بېشىغا چىقىشتى[86]. شۇنىڭ بىلەن مۇھاكىمە - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى، خۇشاللىق سادالىرى ھەممە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

قەبرىنىڭ كارامىتى شۇ قەدەر چوڭ بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا قەبرە ئېچىش ئەلۋەتتە ناتوغرا ئىش بولىدۇ - دە[87].

يۈەن سۇلالىسىنىڭ قازىسى باخسىبا[88] بولسا كېرەك، ئۇ قەبرە ئېچىشنىڭ پايدا - زىيىنىغا ئىخلاس بىلەن ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى نەس باسسۇن دەپ، سۇڭ سۇلالىسى شاھلىرىنىڭ قەبرىسىنى ئاچقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم سۆڭىكىگە توڭگۇز ۋە ئىت سۆڭەكلىرىنى قوشۇپ ئارىلاش كۆمدۈرمەكچى بولغانىكەن، كېيىن بىر ئادالەتپەرۋەر ئادەم شۇ سۆڭەكلەرنى ئوغرىلىقچە ئەكېتىپ، باخسىبانى مۇرادىغا يەتكۈزمىگەن، شۇنداقتىمۇ سۇڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بەربىر مۇنقەرز بولغانىكەن. ساۋ ساۋ[89] «ئالتۇن ئاختۇرۇش خادىملىرى» دېگەن نامدا





مەخسۇس كىشى تەيىنلەپ، ئۇلارنى مەخسۇس قەبرە ئاختۇرۇش ئىشىغا قويغان. كېيىن ساۋ ساۋنىڭ ئوغلى پادىشاھ بولغان، ساۋ ساۋغا بولسا «ئەلەمدار پادىشاھ» دەپ قالتىس چوڭ نام بەرگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆلگەنلەرنىڭ گۆردە تىنچ يېتىش - ياتالماسلىقى بىلەن تىرىكلەرنىڭ بالايىئاپەت ياكى بەخت - سائادەتكە دۇچ كېلىشى ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ مۇناسىۋەت يوقتەك قىلىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ساۋ ساۋ ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن گۆرىنى خەقلەرنىڭ ئېچىشىدىن ئەنسىرەپ، قەبرەمنى باشقىلار تاپالمىسۇن دەپ، 72 قايمۇقتۇرۇش قەبرىسىياسىتىپتۇ[90]. كېيىنكى چاغلاردا بىر شائىر[91]: «ئەتراپىنى قاپلىغان يەتمىش ئىككى قەبرە، خان جەسىتى تۇرىدۇ جەزمەن ئۇلارنىڭ بىرىدە» دەپ يازغان. كېيىنكى چاغلاردا يەنە بىر مۇلاھىزىچى[92] مۇنداق دېگەن: ساۋ ساۋ تازا قاقۋاش مەككار ئىكەن، ئۇنىڭ جەسىتى مۇشۇ 72 قەبرىنىڭ قايسىبىرىدە بار - يوقلۇقىغا بىرنېمە دېيىش ھەقىقەتەن تەس، بۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ساۋ ساۋ قاقۋاش مەككار بولسىمۇ، مېنىڭچە، ئۇ قايمۇقتۇرۇش قەبرىسى دېگەندەك بىرنېمىلەرنى سالدۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇنداق قايمۇقتۇرۇش قەبرىلىرىنىڭ كۆپى بىرەر قېتىم ئېچىلغان، ئەمما جەسەتلەرنىڭ ئىسمى - جىسمى بىردەك چىققانلىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن. لوياڭدىكى ماڭشەن تېغىدا[93] چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا نۇرغۇن قەبرىلەر ئېچىلغان، ئاتاقلىق ئەمەلدارلارنىڭ قەبرىلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسىدىن بىرەر پارچىدىن خاتىرە تاش[94] ۋە قالايمىقان ساپال بۇيۇملىرىلا چىققان. ئېھتىمال بۇ قەبرىلەرگە قىممەتلىك دەپنە بۇيۇملىرى كۆمۈلگەنۇ، ئۇلارنى كىشىلەر بۇرۇنلا ئېچىپ ئەكەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما قاچان

ئەكېتىلگەنلىكى نامەلۇم. قىسقىسى، جەسەت دەپنە قىلىنغاندىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قەبرە ئېچىلغانغا قەدەر ئۆتكەن ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، قەبرىنى ئېچىپ كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدا قانداق ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. نامى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىگىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. جۇڭگولۇقلار كاتتا كىشىلەرگە ئاتاپ مەشھۇر يادىكارلىقلارنى ياساشقا بۇرۇندىن تارتىپلا بەك ئامراق. مەسىلەن، شىمېندە «زىلۇ قونالغۇ قىلغان يەر» بار، تەيشەن تېغىدا «كۇڭزىنىڭ كىچىك دۇنياسى» بار؛ كىچىك غارغا دايۇنىڭ جەستى كۆمۈلگەن؛ بىرنەچچە يەردىكى توپا دۆڭ ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭ، جۇگۇڭ دېگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىسى ئىمىش.

ئەگەر قەبرە زىيارىتى راستىنلا ۋەتەننى قۇتقۇزالايدىغان بولسا، ئۇ هالدا، زىيارەتنى راۋۇرۇس قىلىش كېرەك؛ ۋۇۋاڭ، ۋېنۋاڭ بىلەن جۇگۇڭ جانابلىرىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش لازىم، باشقىلارنىڭ توپا دۆڭلىرىنى تاۋاپ قىلىپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ جۇ سۇلالىسىنىڭ نەۋرە - چەۋرىسى ئىكەنلىكىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەت كېرەك، يەنى قەبرىلەرنى ئېچىپ، ئۇلارغا ۋۇۋاڭ، ۋېنۋاڭ بىلەن جۇگۇڭ هەزرەتنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق دەلىل - ئىسپاتنىڭ بار - يوقلۇقىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر جەسەت ساقلانغان بولسا، «ناهەقلىقنى ئاقلاش خاتىرىسى»[95] دىكى ئۇسۇل بويىچە قان تامغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ يەنىلا قەبرە زىيارىتى ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەلىماتىنىڭ ئەكسىچە، ۋاپادار نەۋرە - چەۋرىلەرنى رەنجىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئامال قانچە!





ياخشىسى، كۆزنى يۇمۇپ، لەۋنى چىشلەپ، قارىسىغا باش ئۇرۇش توغرا كېلىدۇ. «قارىسىغا تاۋاپ قىلىش خۇشامەتچىلىكتۇر» دېگەن گەپ بار، قەبرە زىيارىتى ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن كارامەت كۆرۈلگىنى يوق، ئۇنداق تاۋاپ كىچىككىنە شاڭخودىنلا ئىبارەت، خالاس.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

# فېلىيەتوننىڭ ھاياتى [96]

چۇڭ سۇن

ئۆتكەن يىل «يۇمۇر»نىڭ تازا ئامىتى كەلگەن يىل بولدى، «مۇھاكىمە ۋە بايان»[97] دىن باشقىلىرىمۇ، بۇ كىشىنى يۇمۇرىست، ئۇ كىشىنى يۇمۇرىست دەپ، يۇمۇرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەندى. كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن، بۇ يىل ئەھۋال تامامەن باشقىچە، بۇنىسىمۇ، ئۇنىسىمۇ بولمايدۇغا چىقىرىلدى. ھەممە ئەيىب يۇمۇرغا يۈكلەندى، ھەتتا سەنئەت سەھنىسىدىكى ھەييارلاردىنمۇ بەتتەرگە چىقىرىۋېتىلدى. يۇمۇرنى بولۇشىچە قارغىسىلا گويا بىر يۈيۈنۈپ ھەممە ئىپلاسلىقتىن تازىلىنىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتىشتى. ئەگەر راستىنلا «ئالەم كەڭ سەھنە» بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئەدەبىيات سەھنىسىدە ھەييار چوقۇم بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، قارا باتۇرمۇ بولماي قالمايدۇ. ھەييارنىڭ ھەييارلىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىشى تەبىئىي، قارا باتۇر ھەييارلىق قىلسا تولىمۇ غەلىتە تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ چوڭ سەھنىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال راستىنلا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۈز كۆڭۈل ئادەملەر ئالا كۆڭۈل ئادەملەرنى دوراپ كۈلىدۇ، قىزغىن ئادەملەر نەپرەتلىنىدۇ، كۆڭلى نازۇك ئادەملەرنىڭ دىلى ئاغرىيدۇ. رولچىنىڭ ئويۇننى تازا كېلىشتۈرۈپ ئوينىيالمىغانلىقى تاماشىچىلارنى كۈلدۈرمەي قويامدۇ؟ ئۇنداقمۇئەمەس، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنى چىن ھەييارنىڭكىدىنمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ.

نەپرەتلىنىش ۋە دىلى ئاغرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، گەپ قارا





باتۇرنىڭ ھەييارلىق قىلىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ. چاڭچىلىدە ھەر خىل رول بولىدۇ، قارا باتۇرمۇ بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئويۇن ئۆمۈر سۈرەلمەيدۇ. مەلۇم سەۋەب بىلەن قارا باتۇر ھەييارنىڭ رولىغا چىقىشقا توغرا كەلگەندەك، ھەييارنىڭمۇ قارا باتۇرنىڭ رولىغا چىقىشى مۇمكىن. ناخشا ئېيتىش ماھارىتى جەھەتتىلا ئەمەس، قارا باتۇر يۈزىنى قېلىن قىلىپ ھەييارنىڭ رولىغا چىقىۋالسا، ھەييار مەيدىسىگە مۇشتلاپ قارا باتۇرنى دورايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، سەھنىدە ئاق بورۇنلۇق ۋە قارا يۈزلۈك ھەييارلار كۆپىيىپ كېتىدۇ ـ دە، خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان غەلىتە ئىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ يۇمۇر ئەمەس، ھەييارلىق، خالاس. بەزىلەر: «جۇڭگودا يۇمۇر يوق»[98] دەيدۇ، بۇ دەل جايىدا بېرىلگەن ئىزاھ.

تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، «يۇمۇرچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغان لىن يۈتاڭ ئەپەندىمۇ «ئەركىن پاراڭ» دىكى ماقالىسىدە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «ياكى مەي ئىچىۋېلىپ تەلۋىلىك قىلسۇن، ياكى جىمغۇر بولۇۋالسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى سەۋدايىلىقتۇر. بۈگۈنكى كۈندىكى سوپەكلەر سەۋدايىلارغا، ئەل بالا خورى، دەپ بەتنام چاپلىماقتا، شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۈگۈن قاغا ـ قۇزغۇنلاردەك جەم بولۇپ، ئەتىسى تارقىلىپ كېتىدىغان، بۈگۈن قورالنى تاشلاپ، ئەتىسى كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىدىغان، بۈگۈن ياخشى ئادەم بولۇۋېلىپ، ئەتىسى يامانلىق قىلىدىغان، بۈگۈن يامانلىق قىلىپ، ئەتىسى ياخشى ئادەم بولۇۋالىدىغانلار گۇناھسىز بولۇپ چىقامدۇ؟!» بۇ نەقىللەر فېلىيەتوندىن خالىي بولمىسىمۇ، لېكىن «يۇمۇر» دىن ياكى «ھەزىل» دىن كۆپ يىراق. بۇمۇ بىر ئىزاھ.

لىن يۈتاڭ ئەپەندى ئۆزىچە، يېقىندىن بۇيان گېزىتلەردە «دۇنيا»[99] ژۇرنىلىغا قىلغان ھۇجۇمنى سىستېمىلىق ھالدا

يوشۇرۇن نام بىلەن ئويىنالغان ئويۇن دەپ بىلسە كېرەك، بۇ
ئوي تولىمۇ خاتا. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، مۇلاھىزىلەر ۋە ئۇس-
لۇبلار بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باشقىلارنىڭ
سايىسىدە نام چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىپمۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن
«مەشھۇر زاتلار»مۇ بار، ھەقىقەتتە ھەييار بولسىمۇ قارا باتۇر
بولۇۋالىدىغانلارنىڭ ھەزىلىمۇ بار، كۆڭلى تۈز ئادەملەرنىڭ ھەق
مۇلاھىزىلىرىمۇ بار. ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ شۇ قەدەر چىگىش بول-
غانلىقى فېلىيەتوننىڭ ئۆزىنىمۇ تەھلىل قىلىشقا ۋە ئۇ ھەقتە
ئېلىشىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېھتىمال بۇ،
«دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ ھاياتى بولسا كېرەك.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى





# قىلىچىنىڭ «نۇسخا»سى توغرىسىدا[100]

خۇاڭ جى

«ئۇچۇر» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىغا
ئاجى[101] ئەپەندىنىڭ: ياڭ چاڭشى[102] ئەپەندىنىڭ «يالۇجياڭ
بويىدا» ناملىق كاتتا ئەسىرى فادىيېفنىڭ[103] «تارمار» ناملىق
رومانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەسەر دەپ ئەيىبلەپ يازغان ماقالىسى
بېسىلىپتۇ ھەمدە مىساللارمۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى «قەھرىمانلار
پىكرىدىكى ئاز - تولا ئوخشاشلىق بار ئىكەن» دېگىلى بولماس.
چۈنكى، ئۇنىڭدا پۈف دېمەي كاپ قىلىپ يۇتۇۋېلىش ئەھۋالى
ناھايىتى روشەن ئىكەن. لېكىن، پۈتۈن يۇتۇۋېلىشقىمۇ ماھارەت
كېرەك. ياڭ ئەپەندى بۇ جەھەتتە ئاجىزراق تۇرىدۇ. مەسىلەن،
«تارمار»نىڭ تەرجىمىسىنىڭ باشلىنىشى مۇنداق: «تاش پەلەمپەي-
دىن سۇنۇپ كەتكەن ياپون قىلىچىنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلان-
دى. لىيېۋسىن ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ كەتتى...»

«يالۇجياڭ بويىدا»نىڭ بېشى بولسا مۇنداق باشلانغان:

«جىن يۇنشېڭ ھويلىغا كىرگەن چېغىدا ئۇنىڭ ياپون نۇسخى-
سىدىكى پۇچىلىنىپ كەتكەن قىلىچىنىڭ تاش پەلەمپەيگە تېگىپ
جاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ...»

ئادەمنىڭ ئىسمى ئوخشىمايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى
كېرەك؛ ئاۋاز ئوخشاشمايدۇ، بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق. ئەڭ مۇھى-
مى، ئۇ «ياپون» دېگەن ئىسمىنىڭ كەينىگە «نۇسخىسىدىكى»
دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغان، بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كې-

رەك. بىر ئادەم ياپون بولمىسا، «ياپون قىلىچى» نى ئىسىتېلىشى
مۇمكىنمۇ؟ بۇنى چوقۇم ياپون قىلىچىغا تەقلىد قىلىپ ئۆزى ياسى-
ۋالغان بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ بىز يەنە ئويلاپ باقايلى: لىيېي-
سىننىڭ باشچىلىق قىلغىنى زەربىدارلار ئەترىتى ئىكەن، ئەلۋەتتە
دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ، قورال - ياراغلىرىنىمۇ تارتىۋالىدۇ.
ئۆزلىرىنىڭ قورال - ياراغ يېتەرلىك بولمىغان يەردە، غەنىيمەت
ئالغانلىكى قوراللارنى ئىشلىتىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىسىۋالغىنى
ھەرگىز ياپون نۇسخىسىدا ياسالغان قىلىچ ئەمەس، دەل «ياپون
قىلىچى» بولىدۇ.

ئەدىبلەر رومان ئوقۇغاندا ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويغان بولسا، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق دېگىلى بولمايدۇ.
ھالبۇكى، كۆچۈرۈشتە شۇ قەدەر بىپەرۋالىق قىلسا، ئۇنىڭغا ھەس-
رەتلەنمەكتىن باشقا نېمە چارە بار دەيسىز!

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى





# ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى[104]

بەي داۋ

دۇخېن ۋە سۇۋېن[105] ئەپەندىلەر بۇ يىل ئەدەبىيات مۇنبىرى-
دىكى ئىككى خىل سىرنى، يەنى ناچار ئىستىلنى ئېچىپ تاشلىدى.
بۇنىڭ بىرى، تەنقىدچىنىڭ رامكىسى، يەنە بىرى، ئەدىبلەرنىڭ
ئىسمىنى ئۆزگەرتىش.

لېكىن، ئۇلار ئاغزىدىن چىقمىغان مۇنداق بىر سىرنى يېپىپ
قويغان:

رامكا دېگەنگە نەشرىيات مۇھەررىرلىرى ئىشلىتىدىغان رېزىن-
كە رامكىمۇ كىرىدۇ، ئۇ ھەم كېڭىيىدۇ، ھەم تارىيىدۇ؛ ھەم
چاسا، ھەم يۇمىلاق شەكىللىكمۇ كىرەلەيدۇ. ئومۇمەن، بىر نەشرى-
يات نەشر قىلغانلىكى كىتابلارنى شۇنداق رامكىغا بۇ تەرەپتىن
سالسىمۇ بولىدۇ، ئۇ تەرەپتىن سالسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئىسمىنى ئۆزگەرتكەندە، ئادەم باشقا بىر شەخسكە ئايلىنىپ
قالىدۇلا ئەمەس، بىرەر «تەھرىرات» قىمۇ ئايلىنالايدىكەن. ئۇ
«تەھرىرات» مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئەسىرى ئىكەن، ئۇنى «يارايـ-
دۇ» دەيدىكەن؛ مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەن، ئۇنىمۇ
«يارايدۇ» دەيدىكەن. ھەتتا ماقالە تاللاش، تەقرىز يېزىش ئىشلى-
رىنىمۇ قىلىدىكەن.

مەسىلەن، «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت يىلنامىسى تەھرىرا-
تى» تۈزگەن «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت يىلنامىسى»[106] نىڭ

كىرىش سۆزىدىكى «نەزەر» بويىچە، سۇۋېن ئەپەندىنىڭ مۇلاھىزىسى «يارايدۇ» بولسا، دۇخېن ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ «يارايدۇ» ئىكەن.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇنداق بىر «تەھرىرات»نى زادىلا تاپالمايمىز. سۇرۇشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ «يىللنامە»نى تارقاتقان باش ئورۇن «ھازىرقى زامان» كىتابخانىسى ئىكەن. «ھازىرقى زامان»(107) ژۇرنىلىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە كۆز يۈگۈرتسەك، تەھرىرلىگۈچى: شى جېسۇن، دۇخېن ئىكەن.

OhO!

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كارامىتى قالتىس ئىكەن. ئۇ ھايۋانات، قۇرت - قوڭغۇز ۋە بېلىقلارغىلا ئەمەس، بەلكى بۇتخانىغىمۇ ئايلىنالايدىكەن؛ كۆزىنى دېرىزىگە، ئېغىزىنى بۇتخانىنىڭ ئىشىكىگە ئايلاندۇرالايدىكەن. ئۇ قۇيرۇقىنى قويۇشقا يەر تاپالماي قالغاندا، ئۇنى تۇغ خادىسىغا ئايلاندۇرۇپ بۇتخانىنىڭ كەينىگە قاداپ قويغانكەن(108). لېكىن، تۇغ خادىسى قادالغان بۇتخانا نەدە بولسۇن؟ ئۇنىڭ چېنىپ قالغان يېرى ئەنە شۇ.

«ئامالنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا»، يالغۇز ئەدىبنىڭ «تەھرىرات» قىياپىتىگە كىرىۋالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر ئۆزىنى ماختاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن «رەزىللىك بولىدۇ»(109).

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى





# بىرنەچچە كىتاب ئوقۇش كېرەك(110)

دېڭ داڭشى

ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇۋەرگەن ئادەم گومۇش بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا كىتاب خالتىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭغا بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا قارشى چىققانىدى. ۋاقىتنىڭ تىنماي ئۆتۈشى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا قارشى تۇرىدىغان پىكىر ئېقىملىرىمۇ كامالەت تېپىش دەرىجىسىگە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىبىر ئادەملەر ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇشقا قارشى چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەتىۋاسى شوپىنخائۇئېرنىڭ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇساڭ ئۆز مېڭەڭدە ئاپتورنىڭ ئات يورغىلىتىشىغا ئورۇن بېرىپ قويغان بولىسەن(111)، دېگەن كونا سۆزى.

بۇ سۆز ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇلغان بىر كالتەك. لېكىن، بۇ سۆز ئىلىم تەلەپ قىلىمەن دەپ يۈرگەندىن كۆرە تانسا - ئۇسسۇل ئۆيىنىڭ ياكى بىكاردىن - بىكارغا قىزىلئۆڭگەچلىك قىلغان، بىھۇدە كوتۇلدىغان ياخشى دەيدىغان زەكىي - تالانتلىق ئادەملەرگىمۇ تەۋسىيە قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۆھەر سۆز. بىراق، شۇنىمۇ بىلىپ قويۇش كېرەككى، شۇ گۆھەر سۆزگە سالجىدەك چاپلىشىۋالغان زەكىي - تالانتلىق ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە شوپىنخائۇئېر ئات يورغىلىتىپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇماقتا.

ھازىر ياخشىراق ئەسەرلەر بولمىغاچقا، تەنقىدچىلەر غوتۇلداۋاتىدۇ؛ توغرا تەنقىد بولمىغاچقا، ئىجادىيەتچىلەرمۇ كوتۇلداۋاتى-

دۇ. مەسىلەن، پالانچى - پوكۇنچىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشارىتىزم[112] دېسە، پوكۇنچىمۇ ئۆزىنى ئىشارىتىزمچى بولسام كېرەك، دەپ ئويلايدۇ، كىتابخانلارمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ئىشارىتىزمچى، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، قانداق بولغاندا ئىشارىتىزمچى بولىدۇ؟ بۇنى ئەزەلدىن ئايدىڭلاشتۇرمىغاچقا، پوكۇنچىنىڭ ئەسەرلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپلا تۈگىشىدۇ. دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىشارىتىزم دېگىنى باشقا ئەللەرنىڭ Symbolism دېگىنىگە ئوخشاشمايدۇ. ئىشارىتىزم دېگەن سۆز ئەسلىدە Symbolism دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى. لېكىن، مەيتىرلىنك[113] ئىشارىتىزمچى يازغۇچى ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پوكۇنچى جۇڭگونىڭ مەيتىرلىنكى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ فرانسى[114]، جۇڭگونىڭ بابېتى[115]، جۇڭگونىڭ كىرپوتىنى[116]، جۇڭگونىڭ گوركىيسى[117] ۋەھاكازالارمۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ھەقىقىي فرانس ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى جۇڭگودا ناھايىتى ئاز. بۇ ئەھۋال «مىللىي نەرسە» لەرنىڭ بار بولغانلىقىدىنمۇ؟

جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە «مىللىي نەرسە» چىلەردىن بولغان بىرنەچچە ئەدىب ھەقىقەتەن تولىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ كەتتى؛ «ئەجنەبىي نەرسە» چى ئەدىبلەرنىڭ ئۆمرى بولسا ھەقىقەتەن تولىمۇ قىسقا، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنى پىششىق بىلىۋالغۇچە، ئۇلار توغرىسىدا ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئىبسېننىڭ[118] توپلاملىرىنى تولۇق چىقىرىدىغان گەپلەر خېلى كۆپ ئىدى، لېكىن ھازىرغىچە 3 - تومىنى كۆرگىنىمىز يوق؛ چېخوف[119] بىلەن مۇپاسسان[120] نىڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى چىقىرىدىغان ئىشمۇ ئوتتەك قىزىق باشلىنىپ، مۇزدەك سوۋۇپ قالدى. لېكىن، بىز دوزاختەك يامان كۆرىدىغان ياپونىيىدە بولسا «دون كىخوت»[121] نىڭ، «مىڭ بىر كېچە»[122] نىڭ تولۇق تەرجىمىسى بار؛ شېكسپىر،





گيوتې[123] ... لارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق تەرجىمىلىرى بار؛ تولستوي[124] نىڭ ئۈچ خىل، دوستويېۋىسكىي[125] نىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى بار.

ئۆلۈك كىتابلارنى ئوقۇغان ئادەم ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدۇ، ئاغزىنى ئاچسىلا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ؛ لېكىن كىتاب ئوقۇماسلىقمۇ ياخشى بولماس. ھېچبولمىغاندا، مەسىلەن، تولستوينى باھالاشتا، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەسىرىنى كۆرۈش زۆرۈر. تەبىئىيكى، دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا، ئۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا، ئوقۇشقا كىمنىڭمۇ چولىسى تەگسۇن؟! لېكىن مەن دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەرگە قارشى ئاتلىنىۋاتقان ياكى «رىيازەت چېكىۋاتقان» قەھرىمانلارغا ئەمەس، پەقەت قېيداپ ۋە كوتۇلداپ يۈرگەن كاتتا ئەربابلارغا تەكلىپ بېرىۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ ئەربابلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، دۆلەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەرگىمۇ قارشى ئاتلانمايدۇ، پەقەت ئويۇن - تاماشا بىلەنلا بولۇۋاتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك[126]

مەن شۆ

دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا، ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتى بولمايدىكەن، دوست - يارانلار ئارىسىدا بىرنەچچە ئېغىز قىزىق گەپ قىلىش، ئۆزئارا ئويۇن - چاقچاق قىلىش، مېنىڭچە، كارى چاغلىق ئىش. ئىنقىلابچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق، بەزىدە ئۇلارمۇ قوللىرىنى ئارقىسىغا ئېلىپ سەيلە قىلىدۇ؛ تەقۋادارلارمۇ[127] بالىۋاقىلىق بولۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ھەرگىز كېچە - كۈندۈز بىردەك ناھايىتى سالاپەتلىك يۈرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. فېلىيەتوننىڭ كەلگۈسىدىمۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان سۆزلەرنىلا ئاساس قىلىش[128] ئانچە كۇپايە قىلمىسا كېرەك.

جاھاندا موناخنى يامان كۆرگەندە ئۇلارنىڭ كىيگەن تونلىرىنى يامان كۆرىدىغان ئىش بار. يۇمۇر ۋە فېلىيەتون يېڭى دۇنياغا كەلگەن چاغدا ھېچكىم بىرنېمە دېمىگەنىدى. ئۇنىڭ پارتلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭلا يۇمۇر ۋە فېلىيەتون يەر - يۈزىنى قاپلاپ كەتتى. ھەقىقەتتە يۇمۇر نەدىمۇ ئۇنداق كۆپ بولسۇن. شۇڭا، يۇمۇر ھەييارلىق، ھەييارلىق شاڭخوچىلىق، شاڭخوچىلىق كىنايىچىلىق، كىنايىچىلىق تىل - ھاقارەت دېگەندەك بىر نەرسە بولۇپ قالدى؛ لولىلىق يۇمۇرمىش؛ «ھاۋا سۇزۇك» دېگەن گەپمۇ فېلىيەتونمىش؛ جېن بەنچياۋنىڭ «بەيت» دېگەن كىتابىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ 10 كۈن يۇمۇر سۆزلەيدىغانلار، يۈۋەن جۇڭلاڭنىڭ





دەستۇرىدىن يېرىم پارچە سېتىۋالسا بىر جىلد فېلىيەتون يازىدىغانلار پەيدا بولدى. ئايرىم كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن باش كۆتۈرۈشكە ئىنتىلگەنىكەن، ئەكسىچە ئىش كۆرۈپ خەلقئالەمگە تونۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلارمۇ چىقماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھاندا يۇمۇر بىلەن فېلىيەتوننى قارغايدىغانلار چىقماي قالمايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، شۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۇقان كۆتۈرىدىغانلارنىڭ سانى بۇ يىلمۇ بۇلتۇرقىدەكلا ئاز ئەمەس.

ھەممىلا ئادەم قارا پانۇس كۆتۈرۈۋالسا، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالىدۇ. قىسقىسى، بىرەر ئاتالغۇ جۇڭگوغا ئۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گىچىماچاڭ بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئەرباب دېگەن سۆز ئىلگىرى ياخشى نام ئىدى، ھازىرقى چاغدا تىل - ھاقارەتكە تەڭ بولۇپ قالدى؛ ئالىم ۋە پروفېسسور دېگەن ناملار بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇن خېلىلا پاك ئاتاق ئىدى؛ بۇ يىلدىن باشلاپ ئۆزىنى ئايايدىغان كىشىلەر ئەدىب دېگەن نامنى ئىشىتكەن ھامان ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. دۇنيادا چىن ئۇلۇغ ئەربابلار، چىن ئالىم ۋە پروفېسسورلار، چىن ئەدىبلەر راستىنلا يوقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەقەت جۇڭگولا بۇنىڭ سىرتىدا.

مۇبادا بىركىم يولنىڭ چېتىگە تۈكۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارايدىغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر توپ ئادەم ئولىشىدۇ؛ مۇبادا بىركىم بىكاردىن - بىكار قاتتىق توۋلاپ شۇئان يۈگۈرىدىغان بولسىلا، باشقىلارمۇ چوقۇم قاچىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىر يەرگە كەلگەنلىكى، يەنە نېمە ئۈچۈن تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ يۇ، يەنە كېلىپ خەقتىن ئاغرىنىپ، نامەلۇم كىشىنى «ۋۇ... ئاناڭنى!» دەپ تىللايدۇ. لېكىن، ھېلىقى تۈكۈرگۈچى ۋە بىھۇدە توۋلىغۇچى ئادەم يەنە كېلىپ شۇ ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئۆزى. دۇرۇس، تەمكىن، چىن كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ

بارلىقى راست. لېكىن، ئۇلۇغ ئەرباب ۋەھاكازا دېگەن ناملارنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ياكى خارلىنىشى ئومۇمەن تۈكۈرۈكنىڭ ئورۇن باسارىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ شۇنىڭ بىلەن پەيزىلىك بولۇپ تۇرغانلىقى تەشەككۈر ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن، بىر يەرگە جەم بولۇشتىن بۇرۇن ئوبدان ئويلىنىش كېرەك، تارقىلىپ كېتىشتىن بۇرۇنمۇ ئوبدان ئويلىنىش كېرەك، شۇ چاغدا جەمئىيەتنىڭ بىپەيزى بولۇپ قېلىشى ناتايىن، بەلكىم بىرئاز ياخشىلىنىشى مۇمكىن.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى





# باشقىلارنىمۇ ئويلاش كېرەك[129]

مېڭ ۋېن

بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن بولسا كېرەك، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، بىر شائىر ماڭا: نادانلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى تالانت ئىگىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ، ئەنگلىيىلىك كېتس[130] شۇنداق بولغان، دەپ تەلىم بەرگەنىدى. مەنمۇ بۇنىڭغا ئىشەنگەنىدىم. بۇلتۇر بىرقانچە ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ، تەنقىدچىنىڭ تىل - ھاقارىتى ياخشى ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىنى چۆللەشتۈرۈۋېتىدۇ[131] دەپ يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇپ بۇنىڭغىمۇ ئىشەندىم.

مەنمۇ يازغۇچى بولۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن، شۇنىڭدەك ئۆزۈمنى راستىنلا يازغۇچى دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ئادەم ئىدىم. لېكىن، تىل - ھاقارەت ئىشتىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىدىم، چۈنكى مەندە ئىجادىيەتنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى تېخى ۋۇجۇدقا كەلمىگەنلىكىدىن بولغان. مېنىڭ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقىم، مېنىڭچە، خوتۇنۇم بىلەن ئىككى بالامنىڭ غەلۋىسىدىن بولغاندۇر، دەپ ئويلايمەن، ئۇلارمۇ تىل - ھاقارەتچى تەنقىدچىلەرگە ئوخشاش، چىن تالانت ئىگىلىرىنى ھالاك قىلىش، ياخشى ئەسەرلەرنى ھەيۋە بىلەن بوغۇپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا كېرەك.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يىل 1 - ئايدا قېينانام قىزىنى يوقلاپ بارماقچى بولۇپ، ئۈچەيلەن يېزىغا كېتىپ قالغانلىقتىن، قۇ-

لاق - بېشىم خېلى تىنچىپ قالدى، گويا ئۇلۇغ ئەسەر ۋۇجۇدقا كېلىدىغان دەۋرگە بېرىپ قالغاندەك بولدۇم. بىراق، تەلىيىم تازا تەتۈر كەلدى. ھازىر بولسا كونا يىل بويىچە 4 - ئاينىڭ باشلىرى، توپمۇ توغرا ئۈچ ئاي ۋاقىت تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، تېخىچىلا ھېچنېمە يېزىپ چىقالمىدىم. ئەگەر بىرەر دوستۇم مېنىڭ نەتىجەمنى سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ يەنىلا بالىۋاقامنىڭ غەلۋىسىدىن كۆرگىلى بولامدۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچىم سەل بوشىشىپ قالدى.

مەن قولۇمدىن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ چىقىشىدىن، بۇنىڭ بالىۋاقامنىڭ غەلۋە قىلىشى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتالمىش مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالىشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنىڭ تەنقىدچىلەرنىڭ تىل -ھاقارەت ياغدۇرۇشى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقىمۇ بېرىپ يەتتىم.

شۇنداقتىمۇ، ئەگەر غەلۋە قىلغۇچىلار، تىل -ھاقارەت ياغدۇرغۇچىلار بولىدىغانلا بولسا، ھېچقانداق ئەسىرى بولمىغان يازغۇچىلارنىڭ، ئەسلىدە بىرەر ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىراتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ غەلۋە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرالمىدىم دېيىشىگە باھانە بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خۇددى بېشىغا كۈن چۈشكەن ياش يېتىمچىگە ئوخشاش، ھېچقانداق ئەسەر يېزىپ چىقالمىغان تەقدىردىمۇ، بەربىر تاماشىچىلارنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر دۇنيادا چىن تالانت ئىگىسى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، تىل - ھاقارەتلىك تەنقىد ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. تىل - ھاقارەت دەستىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يازغۇچى بولالماي قېلىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئاتالمىش تىل - ھاقارەتلىك تەنقىد چاكىنا





ئادەملەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلار يازغۇچىلىق سالاپىتىمنى ساقلاپ قالالايتتىم، بىراق تەنقىدنىڭ كاساپىتى بىلەن يازالماي قالدىم دېيىشى مۇمكىن.

مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە كىچىككىنە «ئىنسپىراتسىئون» [132] غا ئىگە بولدۇم، روللاند خانىم[133] نىڭ تىلى بىلەن ئېيتسام مۇنداق: «ھەي تەنقىد، ھەي تەنقىد، دۇنيادا قانچىلىك يازغۇچى سېنىڭ ھاقارىتىڭ بىلەن ۋۇجۇدقا كەلدى؟!»

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

# تاسادىپىي تەسىرات[134]

گۇڭ خەن

تېخى يادىمدا، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە قولدىن كەتكەن، شاڭخەيدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان بىر چاغدا، توپ ـ زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، تېخى ئوق چۈشمىگەن كوچىلاردا «سۈرەتلىك پالنامە» سېتىلاتتى، كىشىلەرنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئاللىقاچان تەن بەرگەنلىكى بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، شىمالىي جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرى خەۋپ ئاستىدا قالدى، شاڭخەيدە بولسا «خىسلەتلىك تەخسە»[135] پەيدا بولدى. دېمەك، شىمالىي، جەنۇبىي جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دۆلەتنىڭ تەقدىرى؛ شاڭخەيلىكلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى بولسا ئىمتىھان سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىش، لاتارىيە بېلىتى ئېلىشنىڭ غېمىدە بولۇش، ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەش. ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقان مەقسەتلىرى چوڭ ـ كىچىكلىك جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشاشمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قويغان ئاتلىرىنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ. چۈنكى، بۇنداق «پال»نى جۇڭگودىن «گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇغان بەي تۇڭ ئەپەندى كەشىپ قىلغان»، ئۇ «پەن»گە ئۇيغۇن كېلەرمىش. «ئىلىم ـ پەن ۋەتەننى قۇتقۇزالايدۇ» دېگىلى 10 يىلغا يېقىنلاشتى. بۇنىڭ ناھايىتى دۇرۇس ئىكەنلىكى؛ ئۇنى «تانسا ۋەتەننى قۇتقۇزالايدۇ»، «بۇتقا چوقۇنۇش ۋەتەننى قۇتقۇزالايدۇ» دېگەنلەرگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.





ياشلاردىن ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىققانلار بار، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلەرمۇ بار. بىراق، جۇڭگونىڭ ئۆز مەدەنىيىتى بارمىش، جۇڭگونى ياپونىيىگە سېلىشتۇرغىلى بولماسمىش، ئىلىم ـ پەن جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەرمىش، جاي تاللاش پەتىۋالىرى جۇغراپىيىگە، دۆلەتمەنلىك ئەلا نەسىل تەلىماتىغا، دورا ـ دەرمەك ياساش ئۇسۇللىرى خىمىيىگە، لەگلەك ئۇچۇرۇش ئويۇنلىرى ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىگە مۇۋاپىقمىش. «پال»نىڭ «پەن»گە مۇۋاپىقلىقىمۇ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ جۈملىسىگە كىرەرمىش.

«4 ـ ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە چېن داچى[136] ئەپەندى ئىلمىي ماقالە يېزىپ، پالنىڭ ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى پاش قىلغانىدى. ئارىدىن 16 يىل ئۆتكەندە بەي تۇڭ ئەپەندى پال ئېچىشنىڭ ئەقىلغا سىغىدىغانلىقىنى تەخسە ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگىلى بولسۇن؟!

ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغىمۇ ياردەم بەرمەكتە: ماجاڭ ئوينايدىغان شىرە يېنىغا قويۇلىدىغان شامنىڭ ئورنىنى ئېلېكتر چىراغ ئالدىمۇ؟! ئىبادەتخانىدا لاماغا ماگنىي چىراغ ئارقىلىق يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىلىدىغان بولدىمۇ؟![137] رادىئودا كۈن بويى ئاڭلىتىلىدىغىنى مولۇن بىلەن شاھزادىنىڭ «ئالماشتۇرۇۋېتىلىشى»، «يۇ تاڭچۈن»، «سىم ـ سىم يامغۇرغا ھەشقاللا»[138] دېگەنلەر ئەمەسمۇ؟!

لاۋزى: «ئۆلچەش ئۈچۈن كۈرە ياساپتۇ، شۇ كۈرە بىلەن خىيانەت قىپتۇ» دەپتىكەن. روللاند خانىم: «ۋاي ئەركىنلىك،

ۋاي ئەركىنلىك، قانچىلىغان جىنايەتلەر سېنىڭ نامىڭنى سۈيىئىستېمال قىلىش بىلەن ئىشلىنىپ كەلمىدى؟! » دېگەنىكەن. ھەرقانداق بىر يېڭى تۈزۈم، يېڭى ئىلىم، يېڭى ئاتالغۇ جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، خۇددى قارا بوياق كۆپىگە سېلىنغاندەك شۇئان قاپقارا تۈسكە كىرىپ قالىدۇ ـ دە، شەخسنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدىغان دەستەككە ئايلىنىپ قالىدۇ، پەنمۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىپ كەتكەن.

بۇنداق ئىللەتــنى تۈگەتمــەي تۇرۇپ جۇڭگونى قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى





# چىن لىجەي خانىم ۋەقەسى توغرىسىدا[139]

گۇڭ خەن

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىقتىسادىي زۇلۇم، فېئودال رەسىم ـ يوسۇنلارنىڭ جازاسى تۈپەيلىدىن ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلار توغرىسىدا پات ـ پات خاتىرىلەر چىقىپ قالىدىغان بولدى. لېكىن، مۇشۇنداق ئەھۋاللار توغرىسىدا ئېغىز ئاچقان ياكى قەلەم تەۋرەتكەن ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولدى. پەقەت چىن لىجەي خانىمنىڭ[140] ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر ئائىلىدىكى تۆت جاننىڭ يېقىندا ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى خېلى كۆپ ئەكس سادا چىقاردى؛ كېيىن گېزىتتىكى ئەنە شۇ خاتىرىنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان يەنە بىرەيلەن پەيدا بولدى[141]؛ بۇنىڭدىن بۇ خاتىرىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئەكس تەسىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كېلىپ چىققان، بىرەر ئادەم يالغۇزلا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلمىغان بولاتتى.

بارلىق ئەكس سادالاردا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىلارنىڭ بۇ سەردارى بولغان چىن لىجەي خانىمنى كەچۈرىدىغان سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭغا لەنەت قىلىنغان. «چۈنكى، — دەپ يازىدۇ مۇلاھىزىچىلەر، — جەمئىيەتنى زۇلمەت بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنساننىڭ بىرىنچى مەسئۇلىيىتى ھايات كەچۈرۈش، ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەت-

سە، ۋەزىپىسىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ؛ ئىككىنچى مەسئۇلىيەد-
تى جاپا چېكىش، ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتسە، جاپادىن باش
تارتقانلىق بولىدۇ.»
ئىلغار مۇلاھىزىچىلەر بولسا: ھايات كەچۈرۈش كۈرەش دېگەن
سۆز، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر كۈرەشتىن قاچقانلاردۇر.
ئۇلار ئۆلۈۋالغان تەقدىردىمۇ ئۆز جىنايىتىنى گەدىنىدىن ساقىت
قىلالمايدۇ، دەيدۇ. تەبىئىيكى، شۇنداق دېيىشمۇ مۇمكىن. لې-
كىن، بۇ تولىمۇ تومتاق گەپ.
جاھاندا جىنايەتشۇناسلار بار ئىكەن، بۇلارنىڭ بىر خىلى،
جىنايەتكە مۇھىت سەۋەبچى بولىدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بىر خىلى،
شەخسنىڭ ئۆزى سەۋەبچى، دەيدۇ. ھازىر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى
كېيىنكى بىر خىلىدۇر، چۈنكى ئالدىنقى خىلغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇ-
لىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، جىنايەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇھىتنى
ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئىش چاتاق بولاتتى، ئەھۋال
دەھشەتلىك بولاتتى. چىن لىجەي خانىمنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنى تەتقىق
قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى خىلغا مەنسۇپ بولۇۋاتىدۇ.
دەرۋەقە، چىن لىجەي خانىمنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقى ئۇنىڭ زەئىپ
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ قانداق بولۇپ زەئىپ
بولۇپ قالغان؟ مۇھىمى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خەتلىرى(142) گە قاراپ
باقايلى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى يۇرتىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر
ئىككى ئائىلىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى تىلغا ئېلىپ دوق قىپتۇ، ھەم
مەرھۇم كىشىلەرنىڭ رەم باقتۇرغان سۆزلىرىنى سەمىگە ساپتۇ.
بىز ئۇنىڭ ئۇكىسىنىڭ تەزىيە نامىسىگىمۇ قاراپ باقايلى، ئۇ تەزىيە
نامىسىدە: «خوتۇن ئەرنى دەپ قۇربان بولدى، بالا ئانىنى دەپ
قۇربان بولدى...» دەپ يېزىلغانىكەن. مانا بۇ مەڭگۇ ئۆچمەس
يۇكسەك تەرىپ ـ تەۋسىپنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئەنە شۇنداق ئائىلد-
دە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە تەربىيە كۆرگەن كىشى قانداقمۇ زەئىپ
بولماي قالسۇن؟ بىزنىڭ ئۇلارنى كۈرەش قىلالماپتۇ دەپ ئەيىبلە-





شىمىزدىغۇ گەپ يوق. لېكىن، زۇلمەتنىڭ يەم قىلىش كۈچى
كۆپ ھاللاردا تىغ جان بولۇپ كۈرەش قىلىدىغان يەككە ئەسكەردىن
ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنى تەنقىد قىلغۇچىلار
كۈرەشچىلەرگە مەدەتكار بولالماس، باشقىلار كۈرەش قىلىۋاتقاندا،
تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرگەندە، مەغلۇپ بولۇپ قالغاندا، بەلكى
ئۇلار جىم تۇرۇۋالغاندۇر. پايناپ يېزىلاردا ياكى چوڭ شەھەرلەردە
يېتىم ـ يېسىر ۋە تۇل خوتۇنلاردىن، كەمبەغەل ئاجىزەلەر ۋە
مەدىكارلاردىن تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ياكى تەقدىر-
گە قارشى كۈرەش قىلىسىمۇ ئاخىر يەنە ئۆلۈشكە مەجبۇر بولغانلار
قانچە ـ قانچە، لېكىن ئۇلارنى كىممۇ تىلغا ئېلىپ باققان، كىممۇ
ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان؟ «ئۆستەڭگە سەكرەپ ئۆلگەنلەرنى كىم
بىلگەن!»(143) دېگەن گەپ ئەنە شۇ.
دەرۋەقە ئادەم ھايات كەچۈرۈش كېرەك، لېكىن مەقسەت
ئېۋولۇتسىيىگە ئىنتىلىش؛ جاپامۇ چېكىش كېرەك، لېكىن مەق-
سەت كەلگۈسىدىكى جاپالاردىن قۇتۇلۇش؛ كۈرەش قىلىش تېخىمۇ
كېرەك، لېكىن مەقسەت ئىسلاھات يۈرگۈزۈش. باشقىلارنىڭ ئۆ-
زىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئەيىبلەيدىغانلار، بىر تەرەپتىن، شۇلار-
نى ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈ-
رۈۋېلىش يولىغا ھەيدەيدىغان مۇھىتقىمۇ خىرىس قىلىش، ھۇجۇم
قىلىش كېرەك. زۇلمەتنىڭ تايانچ كۈچىگە بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلماي، بىر پايمۇ ئوق ئاتماي، پەقەت «زەئىپ»لەرگە توختىماي
ۋاتىلداۋەرگەن ئادەم، مەيلى ئۇنىڭ ئەپتىدىن ھەرقانچە ئادالەتلىك
چىقىپ تۇرسىمۇ، مەن شۇنى ئېيتماي تۇرالمايمەنكى، —
ھەقىقەتەن تاقىتىم تاق بولدى! — ئۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەم ئۆلتۈر-
گۈچىلەرنىڭ دۇمباقچىسى، خالاس.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

# «‹......› ۋە ‹□ □ □ □› ھەققىدە» ئۈچۈن قوشۇمچە[144]

مەن شۈ

شۈي شۈ ئەپەندى[145] «كىشىلىك دۇنياسى» ناملىق ژۇرنالدا ئەنە شۇنداق ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ھەقتە بىلىمىم ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس. لېكىن، «نادانىنىڭ مىڭ ئوي ـ خىيالىدىن بىرەرى كىشىگە نەپ بېرەر» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئازراق قوشۇمچە قىلاي دېدىم. تەبىئىيكى، مېنىڭ قوشۇمچەم بەكمۇ ئاددىي.

«......» — بۇ «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن كىرگەن ئەجنەبىي بىر نەرسە. ئىلگىرى لىن چىننەن ئەپەندى رومانلارنى تەرجىمە قىلغاندا شۇنداق بەلگىلەرنى «سۆز تۈگىمىگەن» دەپ ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىپ قويپتى. ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئادەتتە ئالتە چېكىت قويۇلىدۇ. بېخىللىرى پەقەت ئۈچ چېكىتلا قويىدۇ. لېكىن، جۇڭگو «يېرى كەڭ، بايلىقى مول» بولغاچقا، ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۈرۈش جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا توققۇز چېكىتكە، 12 چېكىتكە، ھەتتا بىرقانچە ئون چېكىتكە كۆپەيتىۋەتكەن. بەزىبىر چوڭ يازغۇچىلار بىراقلا ئۈچ ـ تۆت قۇرغا چېكىت قويۇۋېتىدىغان بولدى. ئۇلار، بەلكىم، بۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ھەددى ـ ھېسابسىز، تىل بىلەن سۆزلەش ھەقىقەتەن بەكمۇ تەس، دېمەكچى. كىتابخانلارمۇ شۇنداق ئويلىسا كېرەك. بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنىنى سېزەلمىدىم دېيىشكە جۈرئەت قىلغانلار ئە-





قىلىسىزلارغا چىقىرىلسا كېرەك.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇنىڭدا، خۇددى ئاندېرسېن[146] نىڭ چۆچىكىدىكى «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دەك، ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسە يوق. بىراق، كىچىك باللار ئەينەن ئەھۋالنى سۆزلەۋېرىدۇ. باللار ئەدەبىياتچىلارنىڭ «ئىجادىيىتى» نى كۆرەلمىگەنلىكتىن، جۇڭگودا بۇ سىر ئاشكارىلانمىدى. ئەمما، ھاۋا بەربىر سوغۇق بولىدۇ، كوچىلاردا يىل بويى يالىڭاچ يۈرۈۋەرگىلى بولمايدۇ، يەنىلا سارايغا كىرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرنەچچە قۇرغا چېكىت قويۇلغان ئاجايىپ ماقالىلەر يېقىندىن بۇيان ئانچە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

«□ □» ، بۇ بەلگە مىللىي نەرسە. بۇ نەرسىنى «موتيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»[147] دا كۆرگىلى بولىدۇ. مۇئەللىم ماڭا بۇنى «چۈشۈپ قالغان سۆزلەر» دېگەنىدى. بۇنداق چۈشۈپ قالغان سۆزلەردىنمۇ چاتاق چىققانىكەن. كىمدۇر بىراۋ «كىر پەيدا بولدى، □ ، □ زەخىملەندى □» دەپ، سۆزلەرنى چالا قالدۇرۇپ يازغاندا قاتتىق دەشنام يېگەنىكەن. بىراق، ئۇنداق بەلگىلەر ئىلگىرى پەقەت قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىلا كۆرۈلەتتى، ئۇ ھەقتە قوشۇمچە بىر نەرسە دېيىش تەس. لېكىن، ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلىدىغان بولدى. بۇنىمۇ تولۇقلاش تەس. ھازىر ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا «××» ئىگىلەش ھالىتى پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ ياپونىيىدىن كىرگەن نەرسە. مۇنداق نەرسە كۆپ بولسا، بىز ئەسەر مەزمۇنىنىڭ كەسكىنلىكىنى ھېس قىلىمىز، ئەمەلىيەتتە بەزى چاغلاردا ئۇنداقمۇ ئەمەس. × نى بىر نەچچە قۇرغا كەلسە ـ كەلمەس قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بۇ كىتاب نەشردىن چىقسا، بۇنىڭدىن كىتابخانلار يازغۇچىنىڭ كەسكىنلىكىگە قايىل بولۇپ، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ قاتتىقلىقىغا نەپرەتلىنىدۇ. لېكىن، شۇنداق بەلگىلەر قويۇلغان ماقالىلەر كىتاب تەكشۈرگۈچى-

نىڭ ئالدىغا بارغاندا، تەكشۈرگۈچىلەر يازغۇچىنىڭ ياۋاشلىقىنى ياقتۇرىدۇ. دېمەك، يازغۇچى نۇرغۇنلىغان سۆزلىرىنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماي، ئامالسىز × نى ئىشلىتىدۇ. بۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققانغا ئوخشاش بولۇپ، بىرنەچچە سۆزنى يازغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى بولسا كېرەك. جۇڭگودا ھازىر ياپونىيىنىڭ ماللىرىنى چەكلەش بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇنداق ئەقىل - پاراسەتلىك تەدبىرنى دورىمىغان ياخشىراق.

ھازىر ھەممە نەرسە پۇلغا سېتىۋېلىنىۋاتىدۇ، ھەممە نەرسىنى پۇلغا ساتقىلىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، «يوق نەرسە»نىمۇ پۇلغا سېتىش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش. بۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن، پىتىنخورلۇقنىڭمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا «ھېچكىمنى ئالدىمايدىغان جىك» كەسپ بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى





# زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كىم[148]

چاڭ گىڭ

28 - ماي كۈندىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتى بىزگە ئەدەبىيات - سەنئەت توغرۇلۇق مۇنداق بىر مۇھىم خەۋەر يەتكۈزدى:

«ئېلىمىزنىڭ داڭلىق رەسساملىرىدىن ليۇخەيسۇ، شۈي بېي[149] قاتارلىق كىشىلەر يېقىندا سوۋېت روسىيىسىنىڭ موسكۋا شەھىرىدە جۇڭگو خۇشخەت ۋە رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ دۆلەتتىكى ئەربابلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر خۇشخەت ۋە رەسىملىرىنى سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقان سىمۋولىستىك ئەسەرلىرىگە ماس كېلىدۇ، دەپ ماختىدى. سوۋېت روسىيىسىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر رېئالىستلار ۋە سىمۋولىستلار دەپ ئىككى ئېقىمغا بۆلۈنگەن. ھازىر رېئالىزم بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتماقتا. سىمۋولىزم بولسا، ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپ بىردەك قوللىغاچقا گۈللەپ - ياشنىماقتا. بۇ قوشنا دۆلەتنىڭ سەنئەتچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ خۇشخەت ۋە سۈرەتلىرىنىڭ سىمۋولىستلارغا ياققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار جۇڭگونىڭ چاڭچىلە - تىياتىرلىرىدىنمۇ سىمۋولىزم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلاشماقتا. شۇڭا... جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق چاڭچىلىكەش ئۇستىسى مېي لەنفاڭ قاتارلىقلارنى ئويۇن قويۇپ بېرىشكە

تەكلىپ قىلماقچى. بۇ ئىشنى روسىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ روسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. سوۋېت روسىيىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بوگموروفمۇ دۆلىتىمىز تەرەپ بىلەن مۇشۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋاپتۇ...»

بۇ خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان خۇش خەۋەر. لېكىن، بىز «دۆلەتنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرۈش»[150] جەھەتتە خۇشاللانغاندىن كېيىن، ئۆپكىمىزنى بېسىۋېلىپ، تۆۋەندىكى پاكىتلارنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ئەگەر، جۇڭگونىڭ سۇرەتلىرى تەسراتىزم[151] بىلەن تومۇرداش دېيىلىدىغان بولسا، بۇ گەپ خېلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ. «سوۋېت روسىيىسىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقان سىمۋولىستىك ئەسەرلىرىگە ماس كېلىدۇ» دېيىلىدىغان بولسا، بۇ جۆيلۈگەنگە ئوخشاپراق قالىدۇ. يېرىم تال پىچەكگۈل، بىر تۇپ قارىغاي، بىر يولۋاس، بىرنەچچە قۇشقاچ — بۇ قانداقتۇر چىنلىق ئەمەستەك قىلىدۇ، چۈنكى بۇ رەسىملەر قاملاشتۇرۇپ سىزىلمىغان. بۇلار باشقا نېمىنىڭ «سىمۋولى» بولسۇن؟

ئىككىنچى، سوۋېت روسىيىسىدە سىمۋولىزم ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. كېيىن ئىستروكتۇرالىزم[152] باش كۆتۈرۈپ چىقتى. كېيىن بۇنى رېئالىزم سىقىپ چىقاردى. شۇڭا، ئىستروكتۇرالىزم بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، رېئالىزم «گۈللەپ - ياشنىدى» دېيىلسە، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا جۆيلۈش بولىدۇ. سوۋېت روسىيىسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قانداق سىمۋولىستىك ئەسەرلەر بار، دەيسىز؟

ئۈچىنچى، يۈز گىرىمى ۋە قول ھەرىكىتى سىمۋول ئەمەس،





ئالگېبرا، بۇنىڭدا بۇرنىنى ئاق بويىۋالغانلارنىڭ قىزىقچى ئىكەنلىكىنى، يۈزىنى ئالا بويىۋالغانلارنىڭ كۈچلۈكلىكىنى، قامچا تۇتقانلارنىڭ ئاتلىق ئىكەنلىكىنى، قولى بىلەن ئىتتىرىشنىڭ ئىشىكنى ئېچىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە قانداق ئېيتىلمىغان، ئىپادىلەنمىگەن چوڭقۇر مەنە بار، دەيسىز؟

ياۋروپا ھەقىقەتەنمۇ بىزدىن بەك يىراق. ئۇ يەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھۋالىنى ئوبدان بىلمەيمىز. بىراق، ھازىر XX ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتۈپ كەتتى. يۈزەكى ئىشلاردىن ئازراق خەۋىرىمىز بار. مۇنداق خەۋەر ئۆزىنىڭ «سىمۋولىستىك ئەسەر» ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۇلاردا سەنئەتنىڭ ھالاك بولغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى بىزگە ئۇقتۇرغان.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش[153]

گۇاڭ خەن

پەرەڭلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋەتچىلىرى هايۋانلارغا جەبىر ـ زۇلۇم قىلغاننى كۆرۈشتىن قاچىدۇ؛ توخۇ ـ ئۆردەكلەرنىڭ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كونسېسسىيەدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرسە جازالايدۇ[154]. جازالاش دېگىنى، پۇل جەرىمانە قويۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس؛ ئەگەر پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلىسەڭ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈۋېرىش مۇمكىن، شۇنداق بولسىمۇ هەر هالدا جازالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر نەچچە جۇڭگولۇقنىڭ: پەرەڭلەر هايۋانلارنى قەدىرلەپ، جۇڭگولۇقلارغا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىدۇ، جۇڭگولۇقلارنى توخۇ ـ ئۆردەكچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ، دەپ قورسىقى كۆپۈشكە باشلىماقتا.

بۇ، ئەمەلىيەتتە پەرەڭلەرنى توغرا چۈشەنمەسلىك، ئۇلارنىڭ بىزنى پەس كۆرىدىغانلىقى راست، لېكىن هايۋانلاردىنمۇ پەس كۆرگىنى يوق. تەبىئىيكى، توخۇ ـ ئۆردەك دېگەن نەرسىلەر قانداقلا بولسۇن، بەربىر ئاشخانىدا كاۋاپ قىلىنىدۇ، خالاس. ئوڭلاپ كۆتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە پايدا تەگمەيدۇ، لېكىن ئۇلار گەپ قىلالمايدۇ، قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارغا پايدىسىز جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ پەرەڭلەر هەرقانداق ئىشتا نەپ ـ پايدىغا ئەهمىيەت بېرىدۇ. بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز خەلقنىڭ «هاۋا تاپان قىلىپ





ئېسىش» نەتىجىسىدە چەككەن ئازابلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنداق ئەهۋالنى ناهايىتى ئەينەن سۈپەتلىگەن؛ بىراق توخۇ ـ ئۆردەكنى بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش ئاپىتىنى سەزمەپتىكەن. شۇنداق بولسىمۇ «ئېشەكنىڭ گۆشىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇۋېلىش»، «غازنىڭ ئالىقىنىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ كاۋاپ قىلىش» دېگەندەك بىمەنە جەبىر ـ زۇلۇملارغا ئۆز ماقالىلىرىدە ئاللىقاچان هۇجۇم قىلغانىكەن. بۇنداق هېسسىيات شەرقلىقلەردىمۇ، غەربلىكلەردىمۇ بار.

لېكىن، ئادەملەر هەققىدىكى هېسسىياتلىرى بىرئاز پەرقلىق بولسا كېرەك. ئادەم تەشكىللىنەلەيدۇ. قارشىلىق كۆرسىتەلەيدۇ، قۇل بولالايدۇ، خوجىمۇ بولالايدۇ؛ غەيرەت قىلمىسا مەڭگۈ خارۇ زارلىقتا قېلىۋېرىدۇ؛ ئەركىن ـ ئازاد بولسا، ئۆزئارا تەڭ ـ باراۋەر بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىر ئاشخانىدا كاۋاپ قىلىنىشى ناتايىن. قانچىكى پەس ئادەم خوجايىنىغا شۇنچە ياقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەرەڭلەرنىڭ يۇندىخورلىرى[155] غالچىلارنى ئۇرۇپ قويسا، پەرەڭلەرنىڭ يۇندىخورلىرى دەشنەم يەيدۇ؛ پۇقرالار پەرەڭلەرنىڭ يۇندىخورلىرىغا چېقىلسا، پۇقرالار دىشۋارچىلىققا قالىدۇ. كونسېسسىيەدە جۇڭگولۇقلارغا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشنى مەنئى قىلىدىغان قانۇن يوق. ئۆزىمىزنىڭ توخۇ ـ ئۆردەكلەرگە هەرگىز ئوخشاپ قالمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ، ماهارەتكە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

لېكىن، بىز رەهىم ـ شەپقەتلىك ئادەملەرنىڭ بېشى تۆۋەن قىلىپ ئېسىلغان ئادەملەرنى ئازاد قىلغانلىقى توغرىسىدىكى يوقىلاڭ گەپلەرنى كونا كىتابلاردىن كۆپ ئاڭلىدۇق، هەتتا هازىرمۇ ئاسماندىنمۇ ياكى بىرەر ئېگىز، يىراق يەردىنمۇ ئاز ـ پاز رەهىم ـ شەپقەتنىڭ توككىدە چۈشۈپ كېلىشىنىمۇ ئارزۇ قىلىشىد-

دىغانلار ھەتتا «پاراكەندىچىلىك دەۋرىنىڭ ئادىمى بولغاندىن كۆرە، تېنچ زاماننىڭ ئىتى بولغان تۈزۈك» دېيىشىدىغانلار، ئىتقا ئايلى-
نىپ كېتىشكە رازىكى، بىرلىشىپ ئىنقىلاب قىلىشنى خالىمايدى-
غان يوق ئەمەس. كونسېپسىيىنىڭ توخۇ - ئۆردىكچىلىكمۇ بو-
لالمىغانلىقىغا نادامەت قىلىدىغانلاردىمۇ ئەنە شۇنداق پۇراق بار.

بۇنداق ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىدىغان بولسا، ئەكسىچە ھەم-
مىمىز تەتۈر ئېسىلىمىز، ھەتتا ئاشخانىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن چاغ-
دىمۇ دەرھال قۇتقۇزۇۋالغىلى ئادەم چىقماي قالىدۇ. بۇنىڭغا بىز-
نىڭ ھەر ھالدا ئادەم ئىكەنلىكىمىز ۋە لېكىن دىتى يوق ئادەم
بولغانلىقىمىز سەۋەبچى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

[قوشۇمچە]

## «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» توغرىسىدا

لىن مو

يېقىندىن بۇيان بەزى گېزىتلەرنىڭ قوشۇمچە بەتلىرىدە ئەتراپىغا چىلتەك تۇتۇلغان ماقالىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق ماقالە ھەر كۈنى بىر پارچە چىقىپ تۇرىدۇ، گەپلىرى پاساھەتلىك، سۆزلىرى ئىخچام، ئىبارىلىرى كېلىشكەن؛ شەكلىدىن قارىغاندا «پارچە تەسىرات» قا ئوخشايدۇ. يەنە بىر قاراشتا «ھېكمەتلىك سۆز» گىمۇ ئوخشايدۇ، لېكىن مەزمۇنى چۈس ئەمەس، تۇتۇرۇقسىز؛ خۇددى فېلىيەتون ياكى ئۇزۇندە سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇگۈن «تاسادىپىي تەسىرات» دەپ يازسا، ئەتىسى «ئاڭلىشىمچە» دەپ يازىدۇ. ئاپتورنىڭ نەزد-





رىدە، ياخشى ماقالە ئىكەنلىكى تەبىئىي، چۈنكى ئۇنداق دەپ، بۇنداق دەپ گەپ يورغىلاتقان؛ ئۇنىڭدا باگۇ ئىستىلىنى قولدىن كېلىشىچە ئىشلەتكەن. لېكىن، كىتابخانلارنىڭ نەزد-
رىدە، چۈس بولمىسىمۇ، زەھەرلىك ئامىللار بار. ئۇ ماقالى-
لەردە مەلئۇنلارچە سۆزلەر تارقىتىلغان. مەسىلەن، گەندى ئۆلتۈرۈلگەندە، «تاسادىپىي تەسىرات» دېگەن ماقالىنى يې-
زىپ، «ماھداما» نى بىر قۇر ماختاپ، چوماقچىلارنىڭ پارا-
كەندىچىلىك چىقارغانلىقىنى قارغاپ، پەيغەمبەر - غازىلارنىڭ دەردىنى ئېلىپ بەرگەن؛ شۇنىڭغا توغرىلاپ تۇرۇپ كىتابخان-
لارغىمۇ «ھەممىگە سەپسېلىش كېرەك»، «تىنچلىقنى پەيدا قىلىش كېرەك» دېگەندەك قارشى تۇرماسلىق ۋەز - نەسىھەت-
لىرىنى ئوقۇغان. بۇنداق ئۇسلۇبتىكى ماقالىنىڭ نامى يوق، ھازىرچە «چىلتەك ئۇسلۇبى» ياكى «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» دەپ ئاتاپ تۇرايلى.

بۇنداق چىلتەك ئۇسلۇبى كۆپىنچە خەۋپلىك خاتا كوچىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنكى فېلىيەتوننىڭ بىر ۋارىيانتى بولسا كېرەك. بۇنداق فېلىيەتوننىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا دەۋران سۈرەرمىش («كىشىلىك دۇنياسى» غا بېسىلغان «فېلىيەتون توغرىسىدا» غا قاراڭ). بىز ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا دەۋران سۈرۈش يولىغا قاراپ باقايلى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى «شېنباۋ» گېزد-
تىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» دېگەن قوشۇمچە بېتىدە «بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن مۇنداق: پەرەڭ-
لەر توخۇ - ئۆردەكلەرنى بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈ-
رۈشنى مەنئى قىلسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ناھايىتى قورسىقى كۆپىدۇ، چۈنكى پەرەڭلەر جۇڭگولۇقلارغا توخۇ - ئۆردەك-

تىنىمۇ بەتتەر جەبىر - زۇلۇم قىلىدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ چىلتەكلىك ئەدەبىياتچى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ: «بۇ، ئەمەلىيەتتە پەرەڭلەرنى توغرا چۈشەنمەسلىك. ئۇلارنىڭ بىزنى پەس كۆرىدىغانلىقى راست. لېكىن، ھايۋانلاردىنمۇ پەس كۆرگىنى يوق» دەيدۇ.

نېمىشقا «يوق»؟ ئۇنىڭچە «ئادەم تەشكىللىنەلەيدۇ، قارشىلىق كۆرسىتەلەيدۇ… ئۆزىمىزنىڭ توخۇ - ئۆردەكلەرگە ھەرگىز ئوخشاپ قالمايدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ، ماھارەتكە ئىگە بولۇشىمىزنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە»، شۇنىڭ ئۈچۈن كونسېپسىيىدە جۇڭگولۇقلارنى خورلاشنى مەنئى قىلىدىغان قانۇن يوقمىش. جۇڭگولۇقلارنى خورلاشنى مەنئى قىلمىغانلىقى، ئەلۋەتتە، جۇڭگولۇقلارنى توخۇ - ئۆردەكتىنمۇ ئۇستۈن كۆرگەنلىكىمىش.

قورسىقىڭ كۆپسە، نېمىشقا قارشى چىقمايسەن؟

بۇ چىلتەكلىك ئەدەبىياتچىنىڭ كونا كىتابلاردىن تاپقان دەلىللىرىگە قارىغاندا، قورسىقى كۆپكەن ئادەملەر «ئىتقا ئايلىنىپ كېتىشكە رازى» بولغان ئادەملەرمىش، ئۇلارنىڭ دىتى يوقمىش.

بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، بىرىنچىدىن، پەرەڭلەر جۇڭگولۇقلارنى توخۇ - ئۆردەكتىنمۇ پەس ئورۇنغا قويغانمىش؛ توخۇ - ئۆردەكچىلىكمۇ بولالماپتۇق دەپ نادامەت قىلىدىغان ئادەملەر پەرەڭلەرنى توغرا چۈشەنمىگەنمىش؛ ئىككىنچىدىن، پەرەڭلەر شۇنداق قەدىرلەپ تۇرغاندا، قورساقنى كۆپتۈرمەسلىك كېرەكمىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتور ئادەملەرنىڭ قارشى تۇرالايدىغانلىقىنى ئەجابىي تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىپ، ئادەملەرنى قارشى چىقىشقا دەۋەت





قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن پەرەڭلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنى قەدىرلەش ئۈچۈن شۇنداق خورلىشى زۆرۈر، بەلكى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خورلىشى زۆرۈر، دېمەكچى؛ تۆتىنچىدىن، ئەگەر قورسىقى كۆپىدىغان ئادەم چىقىدىغان بولسا، ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ دىتسىزلىكى بولىدىغانلىقىنى «كونا كىتاب»لاردىن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىكەن.

شاڭخەيدىكى ئەجنەبىيلەر شىركەتلىرىدە ئەجنەبىيلەرنىڭ تىجارىتىنى قىلىشىپ بېرىدىغان جۇڭگولۇقلار بار، ئۇلار «دەللال» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن سودىلاشقاندا، ئەجنەبىي مال مىللىي مالغا قارىغاندا ئانداق ياخشى، چەت ئەللىكلەر ئانداق ئىنساپلىق، ئىناۋەتلىك كېلىدۇ، جۇڭگولۇقلار بولسا توڭگۇز، سۆپۈرۈپ تاشلاش كېرەك، دېگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار پەرەڭلەرنى «بىزنىڭ خوجايىن» دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭچە، «بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش» دېگەن بۇ قالتىس ئەسەر، تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆز خوجايىنلىرى ئۈچۈن يازغان نەرسىسى بولسا كېرەك. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇنداق ئادەملەر دائىم پەرەڭلەرنى چۈشىنىدىغانلىقى بىلەن، پەرەڭلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىلەن ماختىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار پەرەڭلەرنىڭ (يەنى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ) جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، جۇڭگولۇقلارنى خورلاۋاتقانلىقىنى ماقۇل كۆرىدۇ، چۈنكى جۇڭگولۇقلار توڭگۇزمىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلار، جۇڭگولۇقلارنىڭ پەرەڭلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشىغا ناھايىتى قارشى. قورساق كۆپۈشى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، تېخىمۇ خەۋپلىك ئىدىيەمىش.

مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ياكى مۇشۇنداق ئادەملەر دەرىجە-

سىگە كۆتۈرۈلۈش تەمەسى بار ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان نەرسىلەر ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەسەر — «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» بولۇپ قالغان. لېكىن، ئەپسۇسكى، مەيلى شۇنداق ئەدىبلەر بولسۇن ياكى شۇنداق ماقالىلەر بولسۇن، ئۇلار پەرەڭلەرنى ئاقلاپ ھەرقانچە ۋەز ئېيتسىمۇ، بەربىر جۇڭگولۇقلارنىڭ قورسىقى كۆپۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى، پەرەڭلەر جۇڭگونى توخۇ - ئۆردەكتىن پەس كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە توخۇ - ئۆردەكتىن ئۈستۈن كۆرگىنىمۇ يوق. شياڭگاڭدىكى دورغىلارنىڭ جۇڭگولۇق مەھبۇسلارنى بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ 2 - قەۋەتتىن تاشلىۋەتكەنلىكى ئاتام زاماندا بولۇپ ئۆتكەن ئىش؛ يېقىنراق شاڭخەيدىن مىسال ئالساق، بۇلتۇر گاۋ ياتۇنىڭ، بۇ يىل سەي ياڭچىنىڭ تارتقان تارتقۇلۇقلىرى توخۇ - ئۆردەكنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىنىڭ، ياردار بولۇشىنىڭ پاجىئەلىكلىكى ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، كەم قالمايدۇ. بۇ پاكىتلار بىزدەك جۇڭگولۇقلارغا ناھايىتى ئايان، كۆز ئالدىمىزدىن كېتىشى بىلەنلا ئۇنتۇپ قالمايمىز، چىلتەكلىك ئەدىبنىڭ ئاغزى ۋە قەلىمى بىزنىڭ كۆزىمىزنى قانداقمۇ باغلىيالىسۇن؟

قورسىقى كۆپىدىغان جۇڭگولۇقلار راستىنلا چىلتەكلىك ئەدىبنىڭ «كونا كىتاب»لىرى ئىسپاتلاپ بەرگەندەك تامامەن دىتسىزمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا كېرەك. بىزنىڭ كونا كىتابلىرىمىزدا بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرىكى «30 - ماي» ھەرىكىتى، ئىككى يىل ئىلگىرىكى «28 - يانۋار» ئۇرۇشى، ھازىرمۇ جاپاغا چىداپ بەرداشلىق بېرىۋاتقان شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى بارغۇ؟ كىممۇ بۇلارنى جۇڭگولۇقلارنىڭ قورساق كۆپۈكىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان





پىداكارانە كۈرەش قىلىش ۋە قارشىلىق ئەمەس، دەپ ئېيتالايدۇ؟

«چىلتەك ئۇسلۇبى» دىكى ماقالىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا دەۋران سۈرۈش ھۇنىرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە دەۋران سۈرۈپ تۇرسىمۇ، بەزىلەر تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن قالمايلا ئاخىر ئۇنى تۈكۈرۈپ تاشلايدىغان ئادەم چىقىدۇ. ھازىر «ئاممىۋى تىل» ئەدەبىياتىنى قۇرۇش ۋاقتى؛ مېنىڭچە، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»نىڭ مەيلى شەكلى ياكى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن، ئاممىنىڭ نەزىرىدە دەۋران سۈرۈپ كېتەلمەيدىغان كۈنلىرى كېلىدۇ.

بۇ ماقالەمنى بىرقانچە يەرگە ئەۋەتىپ باقتىم، ھەممىسى رەت قىلىۋەتتى. بۇ ماقالەم خۇسۇسىي ئىنتىقام ئالماقچى دېگەن گۇمانغا قالدىمىكىنتاڭ؟ لېكىن بۇنى «تاپشۇرۇق بويىچە» يازغان ئەمەس. گەپكە توغرا كېلىپ قالغاچقا يازدىم، مېنىڭچە، ھەقىقەتەن قورساقتىكىنى ئېيتىۋېلىش زۆرۈر بولۇپ قالغان. ماقالىدە ھەددىدىن ئارتۇق قايناپ كەتكەن يەرلىرىمۇ يوق ئەمەستۇر، لېكىن پۈتۈنلەي خاتا قىلدىڭ دېيىلسە تەن ئالمايمەن. ئەگەر پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ياكى دوستلىرىمىزنىڭ چىشىغا تېگىپ كەتكەن بولسا، بۇنى كەچۈرۈشنى سورايمەن.

قەلەم ئىگىسىدىن قوشۇمچە.

(7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مەشئەل» سەھىپىسىدىن)



# ئويۇنچۇق[156]

مېي زىجاڭ

بۇ يىل بالىلار يىلى[157]. بۇ ئېسىمدە بولغاچقا، بالىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئويۇنچۇقلارغا قاراپ تۇردۇم.

يول چېتىدىكى چەت ئەل ماللىرى سېتىلىدىغان دۇكاندا پارچە - پۇرات، ئوخشاش نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، قەغىزىدىكى خەتلىرىگە قارىسام، بۇ ماللار فرانسىيىدىن ئەكېلىنگەنىكەن؛ مەن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ئويۇنچۇقلار دۇكىنىدىمۇ شۇنداق مالنى كۆردۈم، بۇنىڭ باھاسى ئۇ يەردىكىدىن ئەرزان ئىكەن. ئەپكەشلەردە ۋە يايمىلاردا پۈۋلىگەنسېرى يوغىنايدىغان رېزىنكە شار بار ئىكەن، ئۇنىڭغا «تامامەن مىللىي مال» دېگەن خەت بېسىلغان، بۇنىڭدىن بۇنى جۇڭگونىڭ ئۆزى ئىشلەپ چىقارغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق، ياپونىيە بالىلىرى ئويناپ يۈرگەن رېزىنكە شاردىمۇ شۇنداق خەتلەر بار، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ئوخشىمامدۇ؟! چوڭ شىركەتلەردە قورال شەكلىدىكى ئويۇنچۇقلار: قوماندانلىق قىلىچى، پىلىموت، تانكا… بار ئىكەن. لېكىن، بايلارنىڭ بالىلىرى ئىچىدىمۇ بۇلارنى ئېلىپ ئوينايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. باغچىلاردا چەت ئەللىك بالىلار قۇمنى دۆۋە قىلىپ، ئۈستىگە ئىككى تال قىسقا ياغاچنى توغرىسىغا سانجىپ قويىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ برونېۋىكى ئىكەن. لېكىن، يۈزلىرى تاتارغان ئورۇق، ئۇچىسىغا ئىنتايىن سالاپەتلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن جۇڭگو بالىلىرى چوڭ ئادەملەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تار-





تىنغان ۋە ھەيران قالغان ھالدا قاراپ تۇرىدىكەن.

بىزنىڭ جۇڭگودا چوڭ ئادەملەر ئوينايدىغان ئويۇنچۇقلار كۆپ: كىچىك خوتۇن، ئەپيۇن غاڭزىسى، ماجاڭ پەي، «سىم - سىم يامغۇر»، ئىلمىي پال، بۇددا مۇراسىمى ۋە باشقىلار. ئۇلار ئەنە شۇلار بىلەن ئالدىراپ قالغاچقا، بالىلار توغرىسىدا ئويلاشقىمۇ چولىسى يوق. گەرچە ھازىر بالىلار يىلى بولسىمۇ، ئالدىنقى يىلى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، بالىلارغا بىرەر خىل خاتىرە ئويۇنچۇقى ئىجاد قىلىپ بېرەلمىدۇق، ھەممە نەرسە يەنىلا كونا پەيدە كېتىۋاتىدۇ. كېلەر يىلى بالىلار يىلى بولمىغانلىقتىن، ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى كۆڭۈلگە ئايان.

لېكىن، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كىشىلەر ئويۇنچۇق ياساشقا ئىنتايىن ماھىر. ئۇلار ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تال بامبۇكنى قىزىل - يېشىل قىلىپ بويايدۇ، ئاندىن ئىككىسىنى قاتار تىزىپ، بامبۇكنىڭ ئىچىگە پۇرژىنا ئورنىتىدۇ، يېنىغا بىر تۇتقۇچنى ياسايدۇ. تۇتقۇچنى ئايلاندۇرسىڭىز تاراقشىغان ئاۋاز چىقىدۇ. مانا بۇ پىلىموت ئىكەن! مەن كۆرگەن بىردىنبىر ئىجادىيەتمۇ ئەنە شۇ. مەن كونسېسسىيىگە يېقىن يەردىن بىرنى سېتىۋېلىپ، بالام بىلەن تاراقشىتىپ مېڭىۋىدىم. مەدەنىي پەرەڭلەر ۋە غالىب ياپونلار بۇنى كۆرۈپ مەنسىتمەي ياكى مازاق قىلىپ كۈلۈشتى.

لېكىن، بىز تاراقلىتىپ كېتىۋەردۇق، قىلچە خىجىل بولمىدۇق، چۈنكى بۇ ئىجادىيەت - دە! ئالدىنقى يىلى بەزى كىشىلەر تىللىمىسا ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقىنى كۆرسىتەلمەيدىغاندەك چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كىشىلەر[158] نى ھاقارەتلىگەنىدى، ھازىر جىمىۋالدى، پاكلىقىمۇ غايىب بولدى. لېكىن، چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كىشىلەر قەيسەرانە ئىشەنچ ۋە ساددا تالانتى بىلەن قوپال

ئويۇنچۇق پىلىموت ياساپ، مەدەنىي ئويۇنچۇقلار بىلەن رىقابەتلەشمەكتە. مېنىڭچە، ئۇلار چەت ئەلدىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى قورالنى سېتىۋېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن؛ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزىلەر مېنى مەنسىتمىسىمۇ، زاڭلىق قىلىپ كۈلسىمۇ مەيلى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى





# ئۇششاق يېمەكلىك[159]

موجېن

نەشرىياتچىلىقنىڭ ھازىرقى ھالىتى مۇنداق: ژۇرنال كۆپ، مەخسۇس كىتابلار ئاز، كاللىسى بار كىشىلەر غەم - ئەندىشىگە چۈشمەكتە؛ كىچىك ئەسەرلەر كۆپ، چوڭ ئەسەرلەر ئاز، بۇ ئەھۋالمۇ كاللىسى بارلارنى غەم - ئەندىشىگە سالماقتا. ئادەم شۇنداق ئويلاپ كەلسە، ھەقىقەتەنمۇ غەم - ئەندىشە دېڭىزىغا پېتىپ قالىدۇ.

بىراق، بۇ ئەھۋالنىڭ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى، ھازىر ئەھۋال سەل ئۆزگىرىپ، تېخىمۇ روشەنلەشتى، خالاس.

شاڭخەي ئاھالىسى ئەزەلدىنلا ئۇششاق يېمەكلىكلەرگە ئامراق. ئەگەر ئۆي سىرتىغا كۆڭۈل قويۇپ تىڭشىسىڭىز، ئۇششاق يېمەكلىكلەر ساتقۇچىلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى سېزىسىز. ئۇلارنىڭ ساتىدىغانلىرى شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان گۇاڭدۇڭچە پېچىنە، شېكەر سېلىنغان شۇۋگۇرۇچ، راك گۆشىدىن قىلىنغان چۆچۈرە، كۈنجۈتلۈك بانان، جەنۇب مېۋىسى، سىيام جۇزىسى، گازىر پادىشاھى، مۇراببا، زەيتۇن قېقى ۋە باشقىلار. ئەگەر ئىشتىھايىڭىز ياخشى بولسا، ئەتىگەندىن يېرىم كېچىگىچە يېسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىشتىھايىڭىز ياخشى بولمىسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ سېمىز بېلىق ياكى گۆشكە ئوخشىمايدۇ، مىقدارىمۇ ناھايىتى ئاز، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسىغا كەلسەك، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، تەنگە قۇۋۋەت بېرەرمىش، تەمىمۇ ياخشىمىش.

ئالدىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ «تەنگە قۇۋۋەت» بېرىدىغان يېمەكلىكلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى «باشلانغۇچ ساۋات» ياكى «ABC» ۋە ياكى «قىسقىچە كۇرس» دەپ ئاتىلاتتى؛ قىسقىسى، نېپىز - نېپىز كىتابچىلار بولۇپ، بىرنەچچە موچەنگە سېتىۋالغىلى، يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر خىل ئىلىم - پەننى ياكى بىر يۈرۈش ئەدەبىياتنى ۋە ياكى بىرەر خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىۋالغىلى بولارمىش. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر بولاق گازىرنى چاقىسىڭىز، راسا ماغدۇرغا كېلىپ، بەش يىل تاماق يېمىسىڭىزمۇ بولارمىش. لېكىن، بۇ بىرنەچچە يىل سىنالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى - دە، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ كۆڭلى قالدى. سىناقتا ئىسمى جىسمىغا لايىق بولمىسا كۆپ ھاللاردا ئۈمىدسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن ئېيتايلۇق، پەرىشتە بولىمەن دەپ ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى ياسايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز قالدى، ئەكسىچە كىشىلەر ئارىشاڭغا چۈشىدىغان، مۇكاپاتى بار چەك سېتىۋالىدىغان بولدى، مانا بۇ ئەھۋال سىناقتا ئۈنۈمسىز بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش»نى تاشلاپ قويۇپ، «تەمى ياخشى» نەرسىلەرنى تېپىش تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇششاق يېمەكلىك يەنىلا ئۇششاق يېمەكلىك. شاڭخەي ئاھالىلىرى ئۇششاق يېمەكلىكلەردىن ئۆلسىمۇ ئايرىلالمايدۇ.

دېمەك، ئۇششاق ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، يېڭى بىر نەرسە ئەمەس، لاۋ جۇجاڭنىڭ[160] سودىسى تازا ئاۋاتلاشقاندا، «خاتىرە ھېكايىلەرگە نەزەر»[161] قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى، بۇ بىر ساندۇق ئۇششاق يېمەكلىكلەر ئىدى. لاۋ جۇجاڭنىڭ دۇكىنى تاقالغاندا، ئۇ نەرسىلەر ئازىيىپ تەبىئىي ھالدا بىر چىمدىق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. سالمىقى ئازايغان بولسىمۇ نېمە ئۈچۈن





غۇلغۇلا قوزغىلىپ پۈتۈن شەھەرگە بىر كېلىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا ئەپكەشتىكى ماللارغا يۆگىمەچ خەنزۇچە ھەرپ بىلەن رىم ھەرپلىرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن نېئون چىراغلىق ئېلان ئېسىلغانلىقى سەۋەب بولغان. يەنە شۇ ئۇششاق يېمەكلىكلەر شاڭخەي ئاھالىلىرىنىڭ بۇرنىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئۆتكۈرلەشتۈرمەكتە. ئۇنداق بولمىسا شۇنچە غۇلغۇلا قىلامدۇ؟ بۇ ئەھۋالمۇ نېرۋا ئاجىزلىقىدىن بولسا كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇششاق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستىقبالىغا ۋاي!

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

# «بۇ تالىپ ياكى ئۇ تالىپ»[162]

بەي داۋ

«بۇ تالىپ ياكى ئۇ تالىپ»

كىتابخانلاردىن سوراپ باقايلى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

كىتابخان ئەگەر ۋاڭ ماۋزۇ ئەپەندى[163] نىڭ «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان ماقالىسىدىكى «... ‹بۇ ئوقۇغۇچى ياكى ئۇ ئوقۇغۇچى› دېگەن سۆزنى ئالسام، بۇنى كونا كىتابىي تىلدا: ‹بۇ تالىپ ياكى ئۇ تالىپ› دەپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى چۈشىنىشلىك. بۇنىڭدا كۈچنى تېجىگىلى بولىدۇ!...» دېگەن بايانلىرىنى ئوقۇغان بولسا، «بۇ تالىپ ياكى ئۇ تالىپ» دېگەن سۆزنىڭ «بۇ ئوقۇغۇچى ياكى ئۇ ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

ئۇنداق بولمىسا، جاۋاب بېرىشتە دۇدۇقلاپ قېلىشى ئېھتىمال. چۈنكى، ئۇ سۆزنى كەم دېگەندە مۇنداق ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن: بىرى، بۇ تەلەپكار ياكى ئۇ تەلەپكار (تەلەپ قىلغۇچى)؛ يەنە بىرى، بۇ ئوقۇغۇچى ياكى ئۇ ئوقۇغۇچى.

جانلىق ئەدەبىي تىلغا قارىغاندا، كونا كىتابىي تىلدا سۆزلەر بەزىدە ھەقىقەتەن ئىخچام بولىدۇ، لېكىن مەنىسىمۇ مۇجمەل بولىدۇ. كونا كىتابىي تىلدا يېزىلغان نەرسىلەرنى ئوقۇساق، بىلىمىمىزنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق بولۇشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزنىڭ بار بىلىمىمىزگە ئاساسەن ئۇنى شەرھلەشكە، تولۇقلاشقا مەجبۇر بولىمىز، تولۇق جانلىق ئەدەبىي تىلغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن





چۈشەنگەن بولىمىز. ئەگەر جانلىق ئەدەبىي تىلدا يېزىۋەرسەك، بىرنەچچە سۆز ئۇشۇق يېزىلغان تەقدىردىمۇ «كۈچنى تېجىگىلى بولىدۇ!»

كونا كىتابىي تىلنىڭ كارغا يارىمايدىغانلىقىنى كونا كىتابىي تىلنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋاڭ ماۋزۇ ئەپەندىنىڭ كونا كىتابىي تىلدىن كەلتۈرگەن مىسالى بىلەن ئىسپاتلاپ قويدۇم.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# دەل ۋاقتى[164]

چېن لۇ

«تاغدىكى چىشى قىرغاۋۇلنىڭ تازا ۋاقتى!» دېگەندەك، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ۋاقتى بولىدۇ.

«ئىنجىل»، بۇددا نوملىرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغىلى 10 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. «بۇگۈنكى كۈندە توغرا بولغان نەرسە ئۇنۇگۈن ناتوغرا ئىدى» دېگەندەك، ھازىر قايتا تىكلەش مەزگىلى بولۇپ قالدى. گۇەن يۇ، يۆ فېي[165] چىڭ خانىدانلىقىدا كۆپ قېتىم ئەۋلىيا قىلىپ تىكلەنگەنىدى، مىنگو ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يۆەن شىكەينىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېڭىۋاشتىن ئەسكە ئېلىنغان بولسىمۇ، يەنە يۆەن شىكەي بىلەن بىللە جەسەت ساندۇقىغا قاچىلاندى؛ ھازىر ئىككىنچى قېتىم يېڭىۋاشتىن ئەسكە ئېلىنىۋاتىدۇ.

ھازىرقى ۋاقىت قەدىمكى كىتابىي تىلنى قەدىرلەيدىغان، كونا كىتابتىن گەپ قىلىدىغان، كونا كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، سىپايىگەرلىك قىلىدىغان ۋاقىتمىش.

ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار تالادا ھەر قانداق قاتتىق بوران - چاپقۇن بولۇۋاتسىمۇ، يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان خاتىرجەم ماكانى يوق، ئۇلار ھامان ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار ئائىلىلىك بولغاندىن كېيىن ئائىلە شەجەرىسى يېزىپ، گۆمبەز ياسىتىپ، ئۆزلىرىنى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلى-





رى قاتارىغا قويغان تەقدىردىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن، بۇ كېيىنكى گەپلەر. ھاللىق كىشىلەرنىڭ بالىلىرى مەنمەنلىك قىلىش، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن تالاغا چىقماي تۇرالمايدۇ، لېكىن كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەت ياكى كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن دەرھال كەينىگە چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چېكىنىشى ئۇنداق - مۇنداق چېكىنىش بولماي، چېكىنىپ ئۆيىگە كىرىپلا كېتىدۇ. ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆيى خارابلاشقان كونا قورۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ چوڭ ھويلىنىڭ ئامبىرىدا كونا ماللار بار، تام بۇلۇڭلىرىنى توپا - چاڭ باسقان، بىردىنلا تازىلاپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنى - بۇنى ئىزدەپ ئاختۇرۇپ كونا كىتابلارنى ياماپ، كونا شېشە - ئىدىشلارنى تازىلاپ، ئائىلە شەجەرىسىنى ئوقۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ياد ئېتىپ، بىرقانچە يىل - ئاينى ئۆتكۈزۈشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بەك نامرات بولسا، كونا كىتابلارنى تېخىمۇ ياماپ، كونا شېشە - ئىدىشلارنى سۈرتۈپ تازىلاپ، ئائىلە شەجەرىسىنى ئوقۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پەزىلىتىنى تېخىمۇ ياد ئېتىپ، پاسكىنا تام تۈۋىنى كولاپ، قۇرۇق سېيرىتمىنى ئېچىپ، ئۆزىگىمۇ نامەلۇم بولغان گۆھەرلەرنى تېپىپ، ئاشۇنداق چارىسىز قالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئادەملەر ھاللىق ۋە ھالسىزلىقتا بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، بىكارچىلىق ۋە ئالدىراشچىلىقتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاقىۋەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاستىلىقى ۋە تېزلىكىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا تىرىكچىلىك يولىنى كونا تەۋەررۈكلەردىن ئىزدەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئوخشاشلىق يوق ئەمەس، داغدۇغىسىمۇ چوڭ.

بۇ ئەھۋال بىر قىسىم ياشلارغا تەسىر قىلىدۇ. ئۇلار كونا

تەۋرروكلەردىن نىجاتلىق تاپالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ھاللىق ياشاۋاتقانلارنىڭ شۇنچە بەخىرامانلىقىغا، ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلگەنلىكىگە قاراپ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار دېگەن يەرگە كېلىدۇ. بەزى دورامچىلارنىڭ چىقىشىمۇ تەبىئىي. بىراق، زامان ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ، ئۇلار ئاخىر بىر پەيتنى تاپىدۇ، لېكىن ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈۋاتقانلار خام خىيال ئىچىدە قالىدۇ، ھاللىقلار ئەگەر تەمكىن بولمىسا كونا تەۋرروكلەرنى مېھرابقا مەبۇد قىلىپ تىكلەپ قويۇش كېرەك، دەيدۇ ياكى تەرەتخانىغا تاشلىۋېتىش كېرەك، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بىر مەزگىل ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ، خالاس. بۇنداق مىساللارنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى





# تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا[166]

شى جى

مۇمۇتيەن ئەپەندى «مەشئەل» نىڭ 21 ـ كۈنى چىققان سانىدا، يازغۇچىلارنىڭ مەنىسىز ساياھەت خاتىرىلىرىگە ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى يېزىشىغا قارشى چىقىپ، جۇڭگوغا ئاۋۋېلى يۇنان ـ رىمنىڭ، ئاخىرى ھازىرقى زاماننىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغانغا يەتمەيدۇ، دەپتۇ. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى ئەمەلىي مەسلىھەت. لېكىن، ئۇ «ئەركىن پاراڭ» نىڭ 19 ـ كۈنى چىققان سانىدا، ۋاستىلىك تەرجىمىگە قارشى چىقىپ، كەچۈرگىلى بولىدىغان بەزى شەرتلەرنى قوشۇپ قويغان بولسىمۇ، ۋاستىلىك تەرجىمىنى «بىر خىل قۇۋلۇق ـ لولىلىق» دەپتىكەن[167]، بۇ سۆز ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزىگە زىت، ئۇقۇشۇلماسلىقلارنىمۇ ئاسانلا پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغۇم كەلدى.

تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش بىۋاستە تەرجىمە قىلغانغا قارىغاندا ئاسان چۈشىدۇ. ئالدى بىلەن ئەسلىي ئەسەرنىڭ تەرجىمانىنى چىشىم پاتماسمىكىن دەپ تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ۋە قەلەم تەۋرىتىشكە پېتىنالمايدىغان يەرلىرىنىڭ بەزى قىسمى ئەسلىي تەرجىمە قىلغۇچى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. تەرجىمە ھەر ھالدا ئەسلىي ئەسەرگە يەتمەيدۇ، ھەتتا جۇڭگونىڭ گۇاڭدۇڭ تىلىنى بېيجىڭ تىلىغا ياكى بېيجىڭ تىلىنى شاڭخەي تىلىغا تەرجىمە

قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى دەل جايىدا چىقىرىش تەس. تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلغاندا بولسا، ئەسلىي ئەسەرنىڭ كۆز يەتمەيدىغان يەرلىرى توغرىسىدىكى دېلىغۇللۇق ئازىيىدۇ. ئاندىن قالسا، چۈشىنىش قىيىن بولغان يەرلىرىنى سادىق تەرجىمان كۆپىنچە ئىزاھلاپ قويىدۇ، ئۇنى بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئەسلىي ئەسەردە ئۇنداق ئىزاھاتلارنىڭ بولۇشى ھاجەت ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، بىۋاستە تەرجىمە خاتا بولۇپ قالىدىغان، ۋاستىلىك تەرجىمىدە ئۇنداق خاتالىقلار تۇغۇلمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ.

قايسى ئەلنىڭ تىلىنى بىلسە، شۇ ئەلنىڭ ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلغان ياخشى — بۇ تەشەببۇستا زادىلا خاتالىق يوق. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، جۇڭگودا ئاۋۋلى يۇنان - رىمنىڭ، ئاخىرى ھازىرقى زامانىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەس بولىدۇ. جۇڭگولۇقلار چەت ئەل تىللىرىدىن ئېھتىمال ئىنگلىز تىلىنى ھەممىدىن كۆپ بىلىدۇ، ئاندىن قالسا ياپونچىنى بىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنمايدىغان بولسا، بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭلا ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولۇپ قالىدۇ؛ ئىبسېن، ئىبانېز[168] بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئاندېرسېن چۆچەكلىرىنىمۇ، سېرۋانتېس[169] نىڭ «دون كىخوت ئەپەندى» سىنىمۇ كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايمىز. ئۇنداق بولغاندا نەزەر دائىرىمىز نەقەدەر بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاركىن. دەرۋەقە، جۇڭگودا دانىيە، نورۋېگىيە، ئىسپانىيە تىللىرىنى ئوبدان بىلىدىغان ئادەملەر يوق ئەمەستۇر، لېكىن ئۇلار تاكى ھازىرغىچە تەرجىمە قىلمايۋاتىدۇ، بىزدە ھازىر بارى تامامەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىن قىلىنغان تەرجىمە. ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە تەرجىمىلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان.





شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئويلايمەنكى، تەرجىمىگە ھازىرچە قاتتىق قورغان سېلىپ قويماسلىق كېرەك. ھەممىدىن مۇھىمى، تەرجىمىنىڭ ياخشى ياكى ناچار قىلىنغانلىقىغا قاراش كېرەك؛ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەرجىمە دەپ ئىلغاشنىڭ ھاجىتى يوق؛ پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنىمۇ سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسلىي تەرجىمىسىنى پىششىق چۈشىنىپ، زامانىنىڭ تەقەززاسىنى بىلگۈچىنىڭ تەرجىمىدىن قىلغان تەرجىمىسى بەزىدە ئەسلىي ئەسەرنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان سادىق ئادەمنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسىدىنمۇ ئوبدان بولۇپ چىقىدۇ. ياپونىيىدىكى «ئۆزگەرتىش» نەشرىياتى[170] «گوركىي ئەسەرلىرى» نى تەرجىمە قىلىپ چىقارغانلىقىنى بەزى ئىنقىلابچىلار پۇرسەتپەرەسلىك دەپ ئەيىبلىگەنىدى، لېكىن ئىنقىلابچىلارنىڭ تەرجىمە قىلغانلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئەكسىچە ئىلگىرىكى تەرجىمىنىڭ ئېسىللىكى روشەنلەشتى. لېكىن، شۇ شەرتنى قوشۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئەسلىي تەرجىمىسىنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان، زامانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئالدىراپ تەرجىمە قىلىدىغانلارنىڭ تەرجىمىسىنى ھەقىقەتەن كەچۈرۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

كەلگۈسىدە، تۈرلۈك مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىۋاستە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەندە، تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ شۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى كونا تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن ياخشى بولۇشى شەرت، «بىۋاستە تەرجىمە» نى قالقان قىلىۋېلىش يارىمايدۇ.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# يەنە تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا[171]

شى جى

مۇ مۇتيەن ئەپەندىنىڭ «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش ۋە باشقىلار توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئىككىنچى ماقالىسى[172] نىڭ ئاخىرىنى ئوقۇپ، مەندىكى چۈشىنىشمەسلىكنى ئىزاھلىغانلىقىنى بىلدىم. لېكىن، مېنىڭچە، ھېچقانداق چۈشىنىشمەسلىك يوق، پەرق شۇنىڭدىكى، پەقەت مۇھىم بولغىنى بىلەن مۇھىم بولمىغىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. مەن تەرجىمىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قىلىنغانلىقىدىن ۋە تەرجىماننىڭ مۇددىئاسىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋۋال شۇ تەرجىمە نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇپ چىققانلىقىغا قاراش كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىمەن.

مۇمۇتيەن ئەپەندى بولسا، تەرجىمان «ئۆزىنى ئۆزى چاغلىشى» كېرەك، ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ئىشلىتىپ، «بىرلا ئەجىر بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» قىلىپ تەرجىمە قىلىشى كېرەك، ئۇنداق قىلالمايدىغان بولسا، قول سالمىغىنى ياخشى، دەيدۇ، يەنى چىتەن - تىكەن تېرىغاندىن كۆرە، يەرنى ئاق قالدۇرغىنى ياخشى، ئۇ يەرگە باشقا ئۇستا باغۋەنلەر مەڭگۈ مەنزۇر بولىدىغان ئېسىل گۈللەرنى تېرىسۇن، دەيدۇ. لېكىن، «بىرلا ئەجىر بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» قىلىش دېگەن گەپنىڭ بارلىقىغۇ بار، لېكىن «بىرلا ئەجىر بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنىدىغان» ئىش ناھايىتى ئاز





ئۇچرايدۇ. يېزىقنى ئالساق، جۇڭگونىڭ بۇ تۆت چاسا ھەرپلىرى ھەرگىزمۇ «بىرلا ئەجىر بىلەن مەڭگۈ ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغان» بەلگىلەر ئەمەس. ھالبۇكى، ئاق يەرلەرنىمۇ مەڭگۈ ئاق قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس؛ بىكار يەرلا بولىدىكەن، ئۇ يەرلەردە ياكى چىتەن - تىكەن، ياكى قامغاق ئۈنىدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى، تەرجىمە ساھەسىنى قاغجىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ ساھەدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش ياكى ئوتاپ تۇرۇش كېرەك. بۇ — تەنقىد.

لېكىن، بىز تەرجىمىگە، بولۇپمۇ تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا سەل قاراپ كېلىۋاتىمىز. تەنقىدچىلەر ئىجادىيەت توغرىسىدا ھەر ھالدا پات - پات ئېغىز ئېچىپ تۇرىدۇ. تەرجىمە توغرىسىدا بولسا بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تەرجىمە خاتالىقلىرىنى مەخسۇس كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماقالىلەر ئاندا - ساندا چىقىپ تۇرغانىدى، يېقىندىن بۇيان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بولدى؛ تەرجىمىدىن قىلىنغان تەرجىمە توغرىسىدىكى ماقالىلەر تېخىمۇ ئاز. لېكىن، ئەمەلدە ئىشلەش جەھەتتە، تەرجىمە تەنقىدچىلىكى ئىجادىيەت تەنقىدچىلىكىدىن تەس، ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىشتە تەرجىماندىنمۇ ئارتۇق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش كېرەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىمۇ تەرجىماندىن ئوبدانراق چۈشىنىش كېرەك. مۇ مۇتيەن ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشتا، قوشۇمچە پايدىلانغىلى بولىدىغان بىرنەچچە خىل تەرجىمە نۇسخىلىرى تەييار؛ بۇ، تەرجىمانلارغا ناھايىتى ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، چۈنكى A تەرجىمە نۇسخىسىدىن گۇمان تۇغۇلسا، B تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن. بىۋاستە تەرجىمە قىلىشتا ئۇنداق ئوڭايلىق يوق، چۈشەنمەيدىغان جاي ئۇچراپ قالسا ئىلاج يوق، چۈنكى دۇنيادا ئوخشاشمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن مەنىسى جۈملىمۇجۈملە ئوخشايدىغان ئىككى ئەسەر يازىدىغان ئاپتور يوق. تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ كۆپ بولۇشىدى-

كى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇ بولسا كېرەك، ھۆرۈنلۈقنىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى دېسە بولىدۇ، لېكىن تىل ئىلمى جەھەتتىكى كۈچنىڭ يېتىشمەسلىكىمۇ سەۋەب بولسا كېرەك. ئەنە شۇنداق ھەر خىل نۇسخىلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ ئولتۇرۇپ قىلغان تەرجىمەلەرنى تەنقىد قىلىش تېخىمۇ تەس، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچبولمىغاندا ھەر خىل ئەسلىي تەرجىمىلەرنى چۈشىنىش شەرت. مەسىلەن، چېن يۈەن[173] تەرجىمە قىلغان «ئاتىلار ۋە بالىلار»، لۇشۈن تەرجىمە قىلغان «تارمار»[174] ئەنە شۇ خىلغا كىرىدۇ.

مېنىڭچە، تەرجىمىگە كەڭ يول بېرىش كېرەك، تەنقىدلەش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەگەر تەرجىمانلار ئۆزى ئېھتىيات قىلسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن ھۆكۈمنى تولىمۇ قاتتىق قىلىۋېتىدىغان بولساق، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈتكىنىمىزدىن باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ: ياخشى تەرجىمە قىلىدىغانلار ئېھتىيات قىلىدۇ، قالايمىقان تەرجىمە قىلىدىغانلار يەنىلا قالايمىقان تەرجىمە قىلىۋېرىدۇ، ئۇ چاغدا يامان تەرجىمىلەر ياخشىراق تەرجىمىلەردىن كۆپىيىپ كېتىدۇ.

ئاخىرىدا، ئانچە مۇھىم بولمىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار. مۇ مۇتيەن ئەپەندى تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىشقا شەك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تەرجىمە قىلغان «تاشكەنت»نىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەتتا ئۇنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسىنىمۇ «قىسقارتىلغان نۇسخىسى»[175] دەۋاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. نېمىسچە تەرجىمىسى قېلىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرلەشتۈرۈپ تۈپلەنگەن ئىككى رومان، ئاخىرقى كۆپرەك قىسمى سېرافىموۋىچ[176] نىڭ «تۆمۈر ئېقىن» دېگەن رومانى. دېمەك، بىزدىكى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان «تاشكەنت»مۇ «قىسقارتىلغان نۇسخىسى» ئەمەس.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى





# «تەلتۆكۈس»نىڭ سىرى[177]

گۇڭ خەن

ھازىرقى ۋاقىتتا بىرەر ئادەمنىڭ نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىسى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ، ئۇنى «قالتىس ياخشى» ئىكەن دېسىڭىز، بەزى مۇلاھىزىچىلەرنىڭ كەيپى ئۆرلىشى مۇمكىن؛ لېكىن ئۇنى «تەلتۆكۈس بوپتۇ»، مۇھاكىمە «ناھايىتى ئىلغار بوپتۇ» دېسىڭىز، بۇنىڭغا ھېچ گەپ چىقماسلىقى ئېھتىمال.

ھازىرقى ۋاقىت «قالتىس ياخشى» دەيدىغان مۇلاھىزىنىڭ ئورنىنى «تەلتۆكۈس»، «ناھايىتى ئىلغار» دېگەن مۇلاھىزىلەر ئالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبيېكتلىرىنىڭ چەك ـ چېگراسى بار، مەسىلەن، ئەدەبىيات ساۋاتلىق كىتابخانلارنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. بىراق، ساۋاتلىق كىشىلەرمۇ ئانچە ـ مۇنچە پەرق قىلىدۇ. شۇڭا، ماقالىمۇ چوڭقۇر ۋە تېيىز يېزىلىشى كېرەك. ئادەتتىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، ماقالىنى چۈشىنىشلىك يېزىش، تەبىئىيكى، يازغۇچىنىڭ بۇرچى. لېكىن، شۇنداق يازسىڭىز «تەلتۆكۈس»چىلەر چاچراپ تۇرۇپ: جۇڭگودا ساۋاتسىز ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنى قانداق قىلىسەن؟ دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدىبلەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇلغان بىر كالتەك بولىدۇ ـ دە، ئەدىبلەر ئامالسىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالىدۇ.

بىراق، باشقا بىرنىجاتچىنى، يەنى مۇنازىرىنى تەكلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ساۋاتسىزلار ئاللىبۇرۇنلا ئەدەبىياتنىڭ رولى دائى-

رىسىدىن چىقىپ كەتكەن؛ ئۇلارغا رەسساملار، دراماتورگلار، كىنو ئەسىرى يازغۇچىلار يېزىقتىن باشقا ئوبرازلىق نەرسىلەرنى كۆرسەتسە بولىدۇ، لېكىن بۇ يەنىلا «تەلتۆكۈس» چىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاشقا يېتەرلىك بولمايدۇ. ئۇلار يەنە: ساۋاتسىزلار ئىچىدە رەڭ ئەمالىرى، قارىغۇلارمۇ بار، ئۇلارنى قانداق قىلىسەن؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەنئەتچىلەرمۇ كاللىسىغا بىر توقماق يەپ، ئامالسىز بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ھالدا ئەڭ ئاخىرقى تىرىشىش ئورنىدا رەڭ ئەمالىرى، قارىغۇ قاتارلىقلارغا نۇتۇق سۆزلەش، ناخشا ئېيتىپ بېرىش، مەدداھلىق قىلىپ بېرىش كېرەك دېسىڭىز، ئۇمۇ بولىدىغان بىر گەپ، لېكىن ئۇلار يەنە: سەن جۇڭگودا گاسلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دەيدۇ.

مانا، يەنە كالتەك، يەنە بۇرۇقتۇرما!

شۇنىڭ بىلەن «تەلتۆكۈس» چىلەر: ھازىرقى بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇنى تەلتۆكۈس ئىسلاھ قىلىش كېرەك! دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

ئۇلار بۇ خۇلاسىنى چىقارغاندىن كېيىن، قاياققىدۇر غايىب بولىدۇ. ئەمدى «تەلتۆكۈس» ئىسلاھاتنى كىم قىلىدۇ؟ تەبىئىيكى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قىلىدۇ. بىراق، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ «تەلتۆكۈس» ئەمەسلىرى كۆپ، شۇڭا ساۋاتسىزلارغا، رەڭ ئەمالىرىغا، قارىغۇلارغا، گاسلارغا ئۇنۇم بېرىدىغان «تەلتۆكۈس» ياخشى ئەدەبىيات - سەنئەت جۇڭگودا مەڭگۈ ۋۇجۇدقا چىقالمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ «تەلتۆكۈس» چىلەر يەنە بەزىدە بېشىنى چىقىرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى ئەيىبلەپ يۈرمەكتە.

ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەگەر مۇشۇنداق





چوڭ شەخسلەرگە يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىيالمىسا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئالغا ئىلگىرىلىمەيدۇ، بەلكى سولىشىپ ئاخىر ھالاك بولىدۇ. ھەقىقىي ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئەنە شۇنداق «تەلتۆكۈس» چىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېنىق تونۇۋېلىشى لازىم.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# تومۇزغا دۇنياسى[178]

دىڭ داڭشى

جۇڭگودىكى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى: تۇرلۇك بىلىملەر ئەۋلىيالارنىڭ ياكى ھېچبولمىغاندا ئالىملارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ، ھەتتا ئوت ۋە ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىمۇ خەلق بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەدىمكى پادىشاھلاردىن سۈي رېنشى، شىڭ نۇڭشى[179] كەشىپ قىلغان ۋە قوللانغان، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بەزىلەر[180] نىڭ «تۇرلۇك بىلىملەر ھايۋانلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ» دېگەن گەپلىرى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ھالبۇكى، «ھايۋانلار ئاغزى» دىن چىققان بىلىملەر بىزنىڭ جۇڭگودا كۆپ چاغلاردا ھەقىقىي بىلىم ھېسابلانمايدۇ. ئۆيدە رادىئوسى بار كىشىلەر ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق چاغلاردا ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىدۇ - دە، ئاۋاز دولقۇنىنى ۋاڭ - ۋۇڭ، غاژ - غۇژ قىلدۇرۇپ، كوچىغىمۇ قويۇۋېتىپ، «پۇقرالار بىلەن بىللە كەيپ سۈرىدۇ»، چەت ئەلدە قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، جۇڭگودا رادىئو ئاڭلىتىش ئەتىگەندە باشلانسا كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ. ھەممە چاغدا ناخشا ياڭراپ تۇرىدۇ، بىردەم چىرقىرىسا، بىردەم بوغۇلۇپ قالىدۇ. كىشىنىڭ قۇلىقى بىردەممۇ ئارام تاپمايدۇ. يەنە تېخى شامالدۇرغۇچنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ قويۇپ ماروژنى يېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ «سەل كەلگەنلىكى»، «قۇرغاقچىلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكى» بىلەن كارى يوق؛ بۇ يەر ھەتتا دېرىزە سىرتىدىكى





قارا تەرگە چۆمۈپ كۈن بويى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرگەن كىشىلەر تۇرغان جاي بىلەن تامامەن ئىككى دۇنيا.

ئەي - يا، ئى - يا دەپ جاراڭلاپ چىقىۋاتقان ناخشا سادالىرى ئىچىدە ئۇشتۇمتۇتلا فرانسىيە شائىرى لافونتايىنى[181] نىڭ «تومۇزغا ۋە چۈمۈلە» دېگەن داڭلىق مەسەلى يادىمغا كەلدى! ھاۋا خۇددى مۇشۇنداق تونۇردەك قىزىغان ياز كۈنى ئىكەن، چۈمۈلە يەردە ھېرىپ - چارچاپ ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. تومۇزغا بولسا دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇپ زوق بىلەن چىرىلداپتۇ، يەنە تېخى چۈمۈلىنى سەن بەكمۇ نادان نېمىكەنسەن، دەپ زاڭلىق قىپتۇ. كۈز شاماللىرى يېتىپ كېلىپ، كۈنلەر بارغانسېرى سوغۇقلىشىپ كېتىپتۇ، شۇ چاغدا تومۇزغا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكسىز قېلىپ قۇرۇق قاقشالغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئاللىبۇرۇنلا تەييارلىقى بولغان چۈمۈلە شۇ چاغدا ئۇنىڭغا كايىپتۇ. بۇنى مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە «تەربىيە» كۆرۈۋاتقاندا ئەپەندىمدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ چاغدا قاتتىق تەسىرلەنگىنىمدىن ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ئېسىمدە بولسىمۇ، «مەكتەپنى پۈتتۈرمەك ئىشسىز قالماق دېمەكتۇر» دېگەندەك ساۋاقلارنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن، پىكىردە چۈمۈلىگە ئوخشاش بولمىدىم. كۈز شاملى ئۇزۇن ئۆتمەي يېتىپ كېلىدۇ - دە، سوغۇق كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىدۇ. ئۇ چاغدا كىيىم - كېچەكسىز، يېمەك - ئىچمەكسىز قالىدىغانلار ئېھتىمال دەل ھازىر قارا تەر تۆكۈۋاتقان كىشىلەر بولىدۇ؛ ياۋروپاچە ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپى جىمجىتلىقتا چۆكىدۇ، ئىشىك - دېرىزىلىرى چىڭ ئېتىلىپ، رادىئو ئاۋازى بىلەن ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئىسسىقىمۇ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. مەن ئويلايمەنكى، ئۆي ئىچىدە يەنىلا ئەي - يا، ئى - يا ۋە «سىم - سىم يامغۇرغا رەھمەت» دېگەن ئاۋازلار ياڭراۋېرىدۇ.

«ھايۋانلار ئاغزىدىن چىققان بىلىم» كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ

جۇڭگوغا باب كەلمەيتتىغۇ؟!

جۇڭگونىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەۋلىيا ۋە ئالىملىرى بار. «ئەقلىي
ئەمگەك قىلغۇچىلار باشقىلارنى ئىدارە قىلىدۇ، جىسمانىي ئەمگەك
قىلغۇچىلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. ئىدارە قىلىنغۇ-
چىلار باشقىلارنى باقىدۇ، ئىدارە قىلغۇچىلار باشقىلار تەرىپىدىن
بېقىلىدۇ»[182] دەپ ئېنىق ئېيتىلغانىكەن. ئەگەر ئەپەندىم بۇنى
ماڭا بالدۇرراق ئۆگەتكەن بولسا، يۇقىرىقىدەك خىياللارغا بېرى-
لىپ، بىكاردىن - بىكار قەغەز - قەلەمنى زايە قىلمىغان بولاتتىم.
بۇمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى زادى ئو-
قۇمىسا بولمايدىغانلىقىنىڭ ياخشى دەلىلى بولسا كېرەك.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى





# ھېسابلاپ كۆرۈش[183]

موجىن

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلىم - بىلىمدىن سۆز ئېچىل-
سىلا، بىرنەچچە ئالىم[184] قىن - قىنىغا پاتماي جاۋۇلدىشىپ،
ئۇنداق تەرەققىيات ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان، دەي-
دۇ. بۇنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىمۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن تولۇق
ئىكەن: مۇقەددەس كىتابنامىلەرنى شەرھلەيدىغان كاتتا ئەسەرلەر
ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلگەن؛ يېزىق ئىلمىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي
تاپقان؛ تارىخچىلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن
تارىخ تەتقىقاتچىلىرى كۆپ چىققان؛ بولۇپمۇ تەكشۈرۈپ دەلىللەش
ئىلمى سۇڭ - مىڭ سۇلالىسى ئادەملىرى زادىلا چۈشىنەلمىگەن
كونا كىتابلارنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن…

ئەمما، بۇ گەپلەر كىشىنى سەل ئىككىلەندۈرىدۇ. شۇنداق
سۆزلەۋەرسەم باتۇرلار مېنى يەھۇدىيغا چىقىرىۋېتىشىمۇ[185] مۇم-
كىن. راستىنى ئېيتقاندا، مەن يەھۇدىي ئەمەس. ئالىملار چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلىم - بىلىمنى ھەربىر تىلغا ئالغىنىدا،
مەن شۇ ھامان: «ياڭجۇدىكى 10 كۈن»، «جىيادىڭدىكى ئۈچ قې-
تىملىق قىرغىنچىلىق»[186] دېگەندەك كىچىك ۋەقەلەر تىلغا ئې-
لىنمىسا مەيلى، بىراق پۈتۈن مەملىكەت زېمىنى قولدىن كېتىپ،
ھەممەيلەن توپتوغرا 250 يىل قۇل بولدۇق، شۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ
بىرنەچچە بەتلىك شەرەپلىك ئىلىم - بىلىم تارىخى بارلىققا كەل-
گەن، خوش، بۇ پايدىسىغا بولغان تىجارەتمۇ ياكى زىيىنىغىمۇ؟

دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمايمەن.

ئەپسۇسكى، ھېساب مۇتەخەسسىسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن تېگى - تەكتىگە يېتەلمىدىم. بىراق، توغرىدىن - توغرا ھېس قىلىشىمچە، بۇ زىيان تارتقانلىق، چاشقان يىلىدىكى تۆلەم پۇلى[187] بىلەن بىرنەچچىلا ئالىمنى يېتىشتۈرگەندىكىدىنمۇ كۆپرەك قەرزگە بوغۇلغانلىق بولسا كېرەك.

ئېھتىمال، بۇ چاكىنا كۆز قاراشتىنلا ئىبارەت بولار. چۈنكى، ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بولسا پايدا - زىياندىن خالىي كۆز قاراش. گەرچە ئۇلار پايدا - زىياندىن خالىي كۆز قاراشتا بولسىمۇ، لېكىن پايدا - زىياننىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى زادىلا پەرق ئەتمەيدىغان يەردىمۇ ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن كۇڭزىغا سېغىنىشتىنمۇ چوڭ، رايىش ئۆلىمالارغا چوقۇنۇشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق. شۇڭا، ئۇلار كۇڭزىغا سېغىنىدىغان، رايىش ئۆلىمالارغا چوقۇنىدىغان ھەرقانداقلىكى يېڭى خانلىققا باش ئېگىشنى راۋا كۆرۈۋېرىدۇ، يېڭى خانلىققا بېرىدىغان تەكلىپى بولسا، «ئەكسىچە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇش»[188] دېگەندىن ئىبارەت.

ھالبۇكى، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەلبىدىن بەزىلىرى ھەقىقەتەن تەلتۆكۈس بويسۇندۇرۇلغانمۇ بولدى. تا ھېلىغىچە ئۇرۇش ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەل، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، بوران ۋە چېكەتكە ئاپىتى بەدىلىگە كۇڭزى ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىش، لېيفېڭ مۇنارىنى باشقىدىن ياساش، ئەر - ئاياللارنىڭ بىللە يۈرۈشىنى مەنئى قىلىش، «تۆت دېۋان رىسالىسى»نى تارقىتىشتەك چوڭ ئابرۇي قازىنىلماقتا[189].

ئاپەتنىڭ ۋاقىتلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ھەقتە يازما خاتىرىلەر بولمىغىنىدا، كېلەر يىلىلا ھېچكىم ئۇنى تىلغا ئالمايدىغانلىقىنى، شان - شەرەپلىك ئىشلار بولسا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغانلى-





قىنى مەنمۇ بىلمىگەن يەردە ئەمەس. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر، ئۆزۈم يەھۇدىي بولمىسامىمۇ، پايدا - زىيان توغرىسىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمەن، كۆپچىلىك ئىلگىرىدىن ھېچكىم تىلغا ئېلىپ باقمىغان مۇشۇ ھېسابنى قىلىپ كۆرسىكەن دېگەن ئويدىمەن — ھالبۇكى، ھازىر شۇنداق قىلىشنىڭ پەيتىمۇ بولۇپ قالدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# سۇنىڭ تىلى[190]

گوڭ خەن

ھاۋانىڭ ئۇدا پىژ - پىژ ئىسسىق بولۇۋاتقىنىغا 20 كۈندەك ۋاقىت بولۇپ قالدى. شاڭخەي گېزىتلىرىگە قارىسىڭىز، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرمۇنچە ئادەمنىڭ دەرىيادا سۇغا چۈشۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بەزى ئادەملەرنىڭ سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرىسىز. سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئېقىن سۇيى كۆپ يېزىلاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ئېقىن سۇيى كۆپ يېزىلاردا سۇ توغرىسىدىكى بىلىم كۆپ، سۇ ئۈزەلەيدىغان ئادەملەرمۇ كۆپ؛ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئاسانلىقچە سۇغا چۈشمەيدۇ. مۇشۇنداق سۇ ئۈزۈش ماھارىتى ئادەتتە «سۇنىڭ تىلىنى بىلىش» دەپ ئېيتىلىدۇ.

«سۇنىڭ تىلىنى بىلىش» دېگەن سۆزنى «دەللال»لارچە جانلىق تىل[191] بىلەن تەپسىلىيرەك قىلىپ شەرھلەيدىغان بولسام، بىرىنچىدىن، ئوتنىڭ ئادەمنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، سۇنىڭمۇ ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، لېكىن سۇنىڭ ئاسان چىقىشىپ كەتكىلى بولىدىغان دەرىجىدە مۇلايىم ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىش دېمەكتۇر؛ ئىككىنچىدىن، سۇ ئادەمنى چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرەلىسىمۇ، ئادەمنى لەيلىتەلەيدىغانلىقىنى، ھازىر ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ئىلاجى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ پەقەت ئادەمنى لەيلىتەلەيدىغان تەرىپىدىنلا پايدىلىنىشنى بىلىش دېمەكتۇر؛ ئۈ-





چىنچىسى بولسا، تىزگىنلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىش دېمەكتۇر؛ بۇ ئۇسۇلنى ئوبدان بىلىۋالغاندا، «سۇنىڭ تىلىنى بىلىش» ئىشى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ.

لېكىن، چوڭ شەھەرلەردىكى ئادەملەر سۇدا لەيلەپ ئۈزۈشنى بىلمىگەننىڭ ئۈستىگە، ھەتتا سۇنىڭ ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك تۇرىدۇ. ئادەتتە تەرەددۇتىنى قىلماي، ۋاقتى كەلگەندە سۇنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەي، ھاۋا ئىسسىغاندا چىداپ تۇرالماي، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ پولدۇڭ قىلىپ سەكرەيدىغان بولسا، ئەگەر تەتۈر پېشانىلىك بىلەن چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆلۈشى تەبىئىي. مەن ئويلايمەنكى، ئەنە شۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىدىغان ئادەملەرمۇ يېزىغا قارىغاندا چوڭ شەھەرلەردە ئاز بولسا كېرەك.

لېكىن، چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشمۇ خېلى تەس بولسا كېرەك، چۈنكى قۇتقۇزغۇچىغۇ «سۇنىڭ تىلىنى بىلىشى» كېرەك، قۇتقۇزۇلغۇچىمۇ «سۇنىڭ تىلى»نى ئۆز لايىقىدا بىلىشى كېرەك، ئۆزى قىلچىلىكمۇ كۈچەپ كەتمەستىن، قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئېڭەكتىن كۆتۈرگىنىچە تېيىز يەرگە قاراپ لەيلىتىپ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر تولىمۇ ھودۇقۇپ، قۇتقۇزغۇچىغا مەھكەم چاپلىشىۋالىدىغان بولسا، ئەگەر قۇتقۇزغۇچى سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولمىسا، ئۇ چاغدا قۇتقۇزغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ چۆكۈپ غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئويلايمەنكى، ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال لەيلەشنى بىرئاز ئۆگىنىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قايسىبىر باغچىنىڭ سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەرىيا بويىمۇ بولىۋېرىدۇ؛ لېكىن سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان ئادەم يېتەكچىلىك

قىلىشى شەرت. ئاندىن قالسا، ئەگەر بىرەر سەۋەب بىلەن سۇدا لەيلەشنى ئۆگىنىشكە مۇمكىن بولماي قالسا، ئۈزۈن تاياق بىلەن ئاۋۋال سۇنىڭ ئوي - چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋېلىپ، پەقەت تېيىز يېرىدە ئانچە - مۇنچە يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ ياكى ھەممىدىن خاتىرجەم چارە شۇكى، دەريا بويىدا سۇنى ئۇسۇپ ئۈستۈۋېشىدىن قۇيسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، سۇنىڭ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى غەرق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش خۇسۇسىيىتىنى بىلىش كېرەك ۋە بۇنى ئەستىن زادىلا چىقارماسلىق كېرەك!

مۇشۇنداق ساۋاتنى تەشۋىق قىلىشنى ھازىر تەشەببۇس قىلىپ يۈرسەم، ئالجىپ قالغاندەك كۆرۈنەرمەن، ياكى قەستى «چىلتەك» تە دەيدىغان گەپلەر چىقار، لېكىن مەقسىتىمنىڭ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەسلىكىنى پاكىت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. نۇرغۇن مەسىلىلەردە راۋان كېتىۋاتقان تەنقىدچىلەرگە ياخشى كۆرۈنەرمەن دەپ، قارىسىغا يوغان گەپ قىلىش يارىمايدۇ.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى





# چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن (A) (192)

كومپىرادور

ئىسىت، لىيۇ بەننۇڭ ئەپەندى ئۇشتۇمتۇت كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئىلىم ساھەسىدە يەنە بىر ئادەم كېمىيىپ كەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىش كېرەك. لېكىن، فونېتىكىدىن قىلچە ساۋاتىم يوق، ئۇنى تەرىپلەش جەھەتتە بولسۇن، چۆكۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقا بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى، ھازىرقى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل تاكى «چۆرۈۋېتىلگىچە» ياكى «ۋاز كېچىلگىچە» (193) لىيۇ بەننۇڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا بولۇپمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا «ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ زەربە بېرىدۇ»غان كاتتا ئادەم ئىدى.

ئۇنىڭ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلىنمىغان، لېكىن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان مۇنداق ئاجايىپ سۆزلىرى بار ئىدى:

«ئاددىيغىنە بىرلا مىسال كەلتۈرەي: كۈڭزى ئېيتىدۇرلەركى: ئوقۇغاننى ھەمىشە تەكرار قىلىش راھەت ئەمەسمۇ؟

بۇ تولىمۇ كونا ئۇسلۇب، ياخشى ئەمەس!

— ئوقۇغاننى ھەمىشە تەكرار قىلىش، — دەيدۇ كۈڭزى، — راھەت ئەمەسمۇ؟

بۇ يارايدۇ!

— ئوقۇغانـنى ھەمىشـە تەكـرار قـىلىـش راھەت
ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ كۇڭزى.
بۇ تېخىمۇ ياخشى! نېمىشقا؟ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان.
لېكىن، «كۇڭزى ئېيتىدۇ» دېگەن شەكىل «ئېيتىدۇ كۇڭ-
زى» دېگەندەك ياۋروپاچىلىشالمىغان!

بۇ سۆزلەر «خەنـزۇ گرامماتىكىسى تـوغرىسىـدا ئومۇمىي
بايان»[194] دا ئۇچرايدۇ. ئۇ كىتاب — راۋۇرۇس يېزىلغان كى-
تاب؛ ئۇنىڭ ئاپتورى «يېڭى ياش»[195] نىڭ ھەمسەپەرلىرىدىن
بولۇپ، «4 - ماي» دەۋرىدىكى «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» نىڭ جەڭ-
چىسى ئىدى، ھازىر رەھمەتلىك بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ كونا
ئادىتى بويىچە، بىرەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىر -
قىممىتى ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يېڭىۋاشتىن تىلغا
ئالغۇم كەلدى ۋە ئۇنىڭمۇ ئاخىر «مۇھاكىمە» تەھرىراتىنىڭ ھەم-
سەپەرلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقىنى، بەزىدە «يۇمۇر» مۇ قىلىپ
قويىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغۇم كەلدى؛ ئىلگىرى «يۇمۇر» مۇ قىلاتت-
تى، لېكىن ئۇ «يۇمۇر» لىرى «چاقچاق» ئازگىلىغا تاشلىنىپ
قېلىشتىنمۇ خالىي بولالمايتتى.
يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىسىمۇ بۇنىڭغا ئەمەلىي
مىسال بولالايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سۆزلىرى جاھىل ئەپەندىلەر-
نىڭ شەھەر كوچىلىرىدىكى مۇتتەھەملەرنىڭ شىم - كاستۇم كىيى-
گەن ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەن ياشلارنى كۆرگەندە،
«ھەي ••• ي، بۇرنى پاكارلىق قىلىپ قاپتۇ، يۈزىمۇ ئاق ئەمەس
ئىكەن» دەپ زاڭلىق قىلغان سۆزلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.
تەبىئىيكى، ليۇ ئەپەندىنىڭ قارشى تۇرغىنى «تولىمۇ ياۋروپا-
چىلاشتۇرۇۋېتىش» ئىدى. لېكىن، «تولىمۇ» نىڭ دائىرىسى قان-
چىلىكرەكتۇر؟ ئۇ مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن يۇقىرىقى ئۈچ ئۇ-





سۇل كونا كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ، گەپلەشكەندە ئۇچراپ قالىدۇ،
ئېغىزدا ئېيتقاندا، باشقىلارمۇ چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ؛ لېكىن
«كۇڭزى ئېيتىدۇ» نى «بايان كۇڭزى» غا ئۆزگەرتىپ سۆزلىسەك
چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ليۇ ئەپەندى ئۆزى قارشى
چىققان ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان يېزىقلاردىن ئەمەلىي مىسال
تاپالماي، «‹كۇڭزى ئېيتىدۇ› دېگەن شەكىل ‹ئېيتىدۇ كۇڭزى›
دېگەندەك ياۋروپاچىلىشالمىغان!» دېيىشكىلا مەجبۇر بولغان.
خوش، بۇ «نىشانسىز ئوق ئاتقان» بولمىدىمۇ؟
ياۋروپاچىلاشقان گرامماتىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي
تىلىغا چاڭ سېلىپ كىرىشىگە ئۇنىڭ قىزىقارلىقلىقى ئەمەس،
زۆرۈر بولغانلىقى چوڭ سەۋەب بولماقتا. مىللىي ئەتىقشۇناسلار
ئالۋاستى مىجەزنى يامان كۆرىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى كونسېپسىيە-
لەردە ئولتۇرۇپ، «جـوفرى كوچىسى»، «مـىدخۇرست كوچى-
سى»[196] دېگەندەك غەلىتە ئىسىملارنى يازىدۇ؛ مۇلاھىزىچىلەر
نېمىسىگە قىزىقىدىكىنتاڭ، ئۇلار ئۆز سۆزلىرىنى ئىخچام قىلىمەن
دەپ، ئىلگىرىكى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل يېتىشمەي چەت ئەل جۈملە
شەكىللىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنى چۈشىنىشنىڭ
تەس ئىكەنلىكى، چاينى سۈمۈرگەندەك غۇرتلا يۇتۇۋەتكىلى بولماي-
دىغانلىقى ھەق - راست، لېكىن ئۇنىڭ ئىخچاملىقى شۇ كەمچى-
لىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. خۇ شى[197] ئەپەندىنىڭ
«يېڭى ياش» قا بېسىلغان «ئېبسېنىزم» دېگەن ماقالىسى يېقىندىن
بۇيانقى بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى ماقالى-
لەرگە قارىغاندا ھەقىقەتەن چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
بىزگە قوپال - تېيىز، تومتاق بولۇپ تۇيۇلمىدىمۇ؟
ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى مەسخىرە قى-
لىدىغان ئادەم مەسخىرە قىلغاندىن تاشقىرى، بىزگە چەت ئەللەر-
نىڭ ئىخچام مۇھاكىمىلىرىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتمەي، شىلىپ

تاشلىماي تونۇشتۇرىدىغان بولسا، مەن ئويلايمەنكى، ئۇ چوقۇم بىزگە تېخىمۇ ياخشى ئىبرەت كۆرسەتكەن بولاتتى.

رەقىبكە چاقچاق بىلەن تاقابىل تۇرۇشمۇ، دەرۋەقە، جەڭ قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى؛ لېكىن ئۇنى رەقىبنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكۈزۈش شەرت؛ ئۇنداق قىلمىغاندا، چاقچاق ئاخىر چاقچاقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى





# ئىككى پارچە خەت

## ۋېن گۇڭجىنىڭ كومپرادورغا يازغان خېتى

كومپرادور ئەپەندى:

جانابىڭىزنىڭ «ئەركىن پاراڭ»دا ئېلان قىلغان كاتتا ماقالىڭىزنى بۈگۈن ئوقۇپ، شۇنى چۈشەندىمكى، غەربلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ھە - ھۇ دەپ مەدەت بېرىدىغان ئالاقانات (خائىن)لار ھېلىمۇ كۆپ ئىكەن، جانابىڭىزنىڭ قارىشىچە، ياۋروپاچە مەدەنىيەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا «زۆرۈرىيەت» سەۋەب بولغانمىش. بۇ ھەقتە گەپنى نەدىن باشلىسام بولاركىنتاڭ؟ جۇڭگولۇقلار كارغا يارىماس بولسىمۇ، ھەر ھالدا سۆز قىلالايدۇ. جۇڭگو تىلىنى كېرەكسىز قىلىۋېتىش، يېزىلىقلارنىمۇ «مىستىر» دەيدىغان قىلىۋېتىش — بۇ، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى «زۆرۈرىيەت» بولمىسا كېرەك، مەسىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ تىلى بويىچە، پالانى كىشى: «بۈگۈن يامغۇر ياغدى» دېسە، پوكۇنى كىشى: «شۇنداق، ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى» دېسۇن، جانابىڭىزنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، بۇنى «بۈگۈن يامغۇر ياغدى، — دېدى پالانى كىشى»، «ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى، شۇنداق، — دېدى پوكۇنى كىشى» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن. بۇمۇ پۈتۈن جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۈتۈن مىللىتى ئۈچۈن «زۆرۈر» بولامدۇ؟ ئومۇمەن كاتتا تەرجىمانلارنىڭ ياۋروپاچىلاشتۇ-

رۇلغان قەلەملىرى جوڭگو - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ راۋان يولىنى توسۇۋەتتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەرمۇ تەرجىمىسىنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىگە جانابىڭىزنىڭ «زۆرۈرىيەت»ى بۇنىڭدىن كېيىن جوڭگونى غەرب كىتابلىرىنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بولدى. چېن زىجەن ئەپەندى تەشەببۇس قىلغان «ئاممىۋى تىل» — ئۆزگەرمەس ھەقىقەت. جوڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ئارا جوڭگو تىلى بىلەن سۆزلىشىشى ھەر قاچان مۇتلەق بولىدۇ. جانابىڭىز بولسىڭىز ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گراماتىكىنى زۆرۈرىيەت دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىسىز! شۇڭا كاتتا نامىڭىزنىڭ «كومپرادور» ئىكەنلىكى «دەللالچە روھىي ھالىتىڭىز»نى كەم - كۈتىسىز ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ليۇ بەننۇڭ ئەپەندى: «تەرجىمە چەت ئەل تىلىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» دەيدۇ، بۇ ئۆزگەرمەس قائىدە. جانابىڭىز بولسىڭىز ليۇ بەننۇڭنى ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە ھاقارەتلەپ، پۈتۈن جوڭگو خەلقىنى ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گراماتىكىنى ئۆزىگە جاندەك «زۆرۈر» قىلىۋالىدىغان ھالغا كەلتۈرمەي قويمايمەن دەۋاتىسىز! ئەپەندىم، ھازىر تومۇز ۋاقتى، ئارام ئېلىۋېلىڭ! جاھانگىرلار جوڭگولۇقلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىدىغان گاز بومبىلىرىنى سان - ساناقسىز تەييارلاپ قويدى. دەللاللىق قىلغۇڭىز بولسا قىلىۋېرىڭ. لېكىن، پۈتۈن مىللەتنى سېتىۋەتمەڭ. مەن بولسام بېشى بىلەن ئاخىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان ياۋروپاچە ئەدەبىي شەكىلنى بىلمەيدىغان نادان ئادەممەن! جانابىڭىزنىڭ زوق بىلەن قىلغان تەشەببۇسىڭىزغا قاراپ جانابىڭىزنى بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئادىمى بولمىسا كېرەك، دېگەن گۇمانغا





كېلىپ قالدىم. جانابىڭىزغا ئالاھىدە جاۋابكارلىق بىلەن سوئال قوياي: نېمە ئۈچۈن بۇ زەھەرلىك مەدەنىيەت گازىنى چېچىۋاتىسىز؟ جاھانگىرلاردىن تاپشۇرۇق ئالدىڭىزمۇ يا؟ قىسقىسى، 449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىغا كىرىدىغان جوڭگولۇقلار جانابىڭىزنىڭ تەشەببۇسى توغرىسىدا مەرھەمەت بىلدۈرمەيدۇ! دىققەت قىلىڭ، جاناب.

ۋېن گۇڭجى

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چىققان «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.)

## كومپرادورنىڭ ۋېن گۇڭجىغا جاۋابى

گۇڭجى ئەپەندى:

جوڭگو گراماتىكىسىغا ياۋروپاچە شەكىلنى بىرئاز كىرگۈزۈش مېنىڭ تەشەببۇسۇم. ئۇ «جوڭگو تىلىنى كېرەكسىز قىلىۋېتىش» دېگەن گەپ ئەمەس، «جاھانگىرلاردىن تاپشۇرۇق ئالغان»مۇ ئەمەس. لېكىن، جانابىڭىز دەرھاللا ماڭا «خائىن» دېگەندەك ئېغىر بەتناملارنى چاپلاپسىز، 449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىدىكى جوڭگولۇقلار نامىدىن مېنىڭ كاللامنى ئالماقچى بوپسىز. ئېھتىمال مېنىڭ تەشەببۇسۇم خاتا بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، بىراق ھە دېگەندىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپسىز، بۇ ئۇسۇل ناھايىتى مودا بولسىمۇ، لېكىن بىرئاز ھەددىدىن ئاشقاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭچە، «449 مىليون (چېن ئەپەندىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) قاتارىدىكى جوڭگولۇقلار»نىڭ پىكرى جانابىڭىزنىڭ پىكرى بىلەن

ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، سىز ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان، ئۇلارنىڭ سىرتىدىن ۋەكىل بولۇۋاپسىز.

جۇڭگو گراماتىكىسىنى ياۋروپاچىلاشتۇرۇش دېگەن سۆزدىن جۇڭگو تىلى ئورنىغا چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. بۇ ئاددىي داۋلىلار توغرىسىدا جانابىڭىز بىلەن كۆپ سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. مەن تومۇزدىن قورقۇپ كەتمەيمەن. ئەكسىچە، مەنىسىزلىك سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە تەكرار ئېيتىمەنكى، مەن جۇڭگو گراماتىكىسىغا ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان بەزى شەكىللەرنى قوشۇش زۆرۈر دەپ تەشەببۇس قىلىمەن. بۇ تەشەببۇس پاكىتتىن كېلىپ چىققان. جۇڭگولۇقلار «ھەر ھالدا سۆز قىلالايدۇ»، بۇنىڭدا گەپ يوق، لېكىن ئالغا بېسىش كېرەك، ھەممىدە كونا پېتىچە بولىۋەرسە كۇپايە قىلمايدۇ. كۆز ئالدىمىدىكى مىسالنى ئالاي: جانابىڭىز مانا مۇشۇ بىرنەچچە يۈز خەتلىك خېتىڭىزدىلا «توغرىسىدا» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم ئىشلىتىپسىز، بۇنىڭ قەدىمكى يېزىق بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئۇدۇل تەرجىمىدىن كېلىپ چىققان ياۋروپاچە گراماتىك شەكىل؛ ھەتتا «ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان سۆز؛ «كېرەكسىز» دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلىتىپسىز، بۇ پۈتۈنلەي ياپونچە سۆز؛ «گاز» بولسا نېمىس تىلىدىن ئەينەن قوبۇل قىلىنغان ياپونچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئىشلىتىش «زۆرۈر». مەسىلەن، «زەھەرلىك گاز»نى ئالاي، ئەگەر جۇڭگونىڭ ئەزەلدىن بار بولغان «زەھەرلىك بۇس» دېگەن سۆزى ئىشلىتىلىدىغان بولسا، مەنىسى مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ زەھەرلىك بومبا ئىچىدىكى





بىر نەرسىنى بىلدۈرۈشى ناتايىن. دېمەك، «زەھەرلىك گاز» دەپ يېزىلىشى ھەقىقەتەن «زۆرۈرىيەت»تىن كېلىپ چىققان.

جانابىڭىز ئەينەككە قاراپ باقماي، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ياۋروپاچىلاشتۇرۇلغان گراماتىكىنى ئىشلىتىۋاتقان، ئالۋاستىلار ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىختىيارسىز ئىسپاتلاپ بېرىپسىز، لېكىن مېنىڭچە، سىز ھەرگىزمۇ «غەربلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ھە ـ ھۇ دەپ مەدەت بېرىدىغان ئالا قانات (خائىن)» ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭمۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىمنى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسپاتلاپ بەردىڭىز، دەپ ئويلايمەن. ئۇنداق بولمىسا، جانابىڭىز ئىتنىڭ قېنىنى باشقا ئادەمگە پۈركۈيمەن دەپ، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ مۇبارەك ئاغزىڭىزنى بۇلغىغان بولۇپ چىقىسىز.

مەن ئويلايمەنكى، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەندە پوپۇزا ۋە بوھتان كارغا كەلمەيدۇ. قەلەم تۇتىدىغان ئادەمنىڭ ھە دېگەندىلا خاپا بولۇپ كېتىشى، باشقا ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى تېخىمۇ كۈلكىلىك، ئەپەندىم، چىچاڭلاشنى قويۇپ، ئۆپكىڭىزنى بېسىپ، ئۆزىڭىزنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئويلاپ كۆرسىڭىز قانداق؟

تومۇزدىكى ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ خېتىڭىزنىڭ ئۈچۈرىنى بەردىم. شەپكەمنى ئېلىپ تەزىم قىلىمەن؛ ئىنىڭىز كومپرادور[198].

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

(8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چىققان «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان)

# چاقچاق چاقچاقچە بولسۇن (B) [199]

كومپرادور

ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا قارشى ئاتلانغان يەنە بىر جانلىق كۈچ — لىن يۇتاڭ ئەپەندى. ئۇنىڭ قارشى چىققىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ «چۈشىنىكسىز»لىكى[200] ئەمەس، بەلكى «ئەزمىلىكى»[201]. ئۇنىڭدا لىيۇ بەننۇڭ ئەپەندىنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل «ئاددىي، چىن بولۇش كېرەك» دەيدىغان مۇددىئامۇ يوق. ئۇ مەقسەتنى ئوقتۇرۇش ئۈچۈن پەقەت «ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبى» (ئەدەبىي تىل ئۇسلۇبىدىكى كىتابىي تىل)لا كېرەك، دەيدۇ.

لىن ئەپەندى جانلىق ئەدەبىي تىل بىلەن قوراللىنىپ ئوتتۇرىغا چىققاندا، كونا كىتابىي تىل بىلەن جانلىق ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تۈگەپ كەتكەنىدى. لىن ئەپەندىمۇ لىيۇ ئەپەندىگە ئوخشاش شۇ كۈرەشتە بۇياقتا ئۆتكەن ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ كېيىنكى ئەھۋالغا ھەسرەت قىلىدىغان روھىي ھالەتتىن خالىي بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ بىر ئايلىنىپلا سۇڭ، مىڭ دەۋرلىرىدىكى ئۇزۇندە سۆزلەرنى «يۇمۇر» تۇغى ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىمۇ ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. ئۇ «يۇمۇر»، «بايان ۋە مۇھاكىمە» ژۇرنىلىنىڭ 45 ـ سانىدىكى «بىر باغاقنىڭ يېزىلىشى» دىن ئىبارەت؛ لىن ئەپەندى ياغاچچىدىن ئازراق زاماسكا سوراپ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبىدا بىر باغاق يازغان، لېكىن باشقىلار «جانلىق





ئومۇمىي ئەدەبىي تىلغا قارشى چىقىپتۇ» دەپ قالمىسۇن، دەپ ئەندىشە قىلىپ، باغاقنى جانلىق تىل ئۇسلۇبىغا، نەزمە ئۇسلۇبىغا، تۆڭچىڭچىلار[202] ئۇسلۇبىغا — دېمەك ئۈچ خىل ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتىپ يېزىپتۇ، لېكىن ھەممىسى كۈلكىلىك بىر نەرسە بولۇپ چىقىپتۇ؛ ئاخىر، «كاتىپ بالا» دىن ئېغىزچە گەپ ماڭدۇرۇپ، ياغاچچىدىن زاماسكا ئالدۇرۇپتۇ.

«بايان ۋە مۇھاكىمە» ھەممىگە تونۇش ژۇرنال، شۇڭا بۇ يەردە كەلتۈرىدىغان نەقىللىرىمنى كۆچۈرۈپ ئولتۇرمىدىم. قىسقىسى، پەقەت ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبىدا يېزىلغىنىلا كۈلكىلىك بولۇپ چىقمىغان، قالغانلىرى بولسا كېرەككە يارىمىغان. لېكىن، شۇ تۆت خىل رولنىڭ ھەممىسىنى لىن ئەپەندى ئورۇندىغان. ئۇنىڭ بىرى — ئىجابىي رول. يەنى «ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبى» دا يېزىلغىنى؛ قالغان ئۈچى قىزىقچى ھەييارنىڭ رولى بولۇپ، بۇلار ئىجابىي رولنى تېخىمۇ ئاجايىپ ياخشى سۈپەتلەش رولىنى ئوينىغان.

ئەمما، بۇ «يۇمۇر» ئەمەس، «قەبىھ چاقچاق». بۇنداق چاقچاق كوچىنىڭ تېمىغا تاشپاقىنىڭ رەسمىنى سىزىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان ئۇسۇلدىن پەرق قىلمايدۇ. ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر توغرا ياكى ناتوغرا بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي، سىزىلغۇچىغا مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ، خالاس.

مەيلى «يۇمۇر» ياكى «قەبىھ چاقچاق» بولسۇن، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆڭلىڭىزدە چۈشىنىپ، ئۇنى «قەبىھ چاقچاق» ئىكەن دەپ قارىمىغۇچە، ئۇنىڭمۇ نەتىجىسى بولماي قالمايدۇ.

چۈنكى، پاكىت ماقالىدە يېزىلغىنىدەك بولمايمۇ قالىدۇ، ھېلىقى ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبىدا يېزىلغان باغاقنى ئالساق، جۇڭگودا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نەسلى قۇرۇپ باققىنى يوق. ئەگەر ۋاقتىڭىز

بولسا شاڭخەي كوچىلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا بارسىڭىز، ئەر ـ ئايال ئىشچىلارنىڭ خەتلىرىنى يېزىپ ئولتۇرغان قەلەم ئىگىلىرىنى كۆرىسىز، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى لىن ئەپەندى يازغان باغاقتەك چۈشىنىشلىك ئەمەس، لېكىن «ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبى»دا يېزىلغانلىقىدا گەپ يوق. هازىر يېڭىۋاشتىن تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبچىلارنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇ؛ شۇنداق قەلەم ئىگىلىرىگە تىل تەگكۈزگەن ئادەم يوق.

بۇ بىر كونكرېت «يۇمۇر».

لېكىن، «يۇمۇر»نى بىلىشمۇ تەس. جۇڭگودا كۆتىگە ئۇرۇشنىڭ توغرىلىقىنى ئاناتومىيە جەھەتتىن ئىسپاتلىغانىدىم؛ ئەگەر ئادەمنىڭ كۆتى پەقەت چىقىرىۋېتىش ياكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، ئۇ قەدەر چوڭ بولمىسىمۇ بولاتتى، پۇت ئۇنىڭغا قارىغاندا شۇنچە كىچىك تۇرۇپمۇ پۈتۈن گەۋدىنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغۇ! بىز هازىر ئادەم گۆشى يېمەيمىز، ئۇ قەدەر كۆپ گۆش هاجەتسىز. دېمەك، بۇ ئەھۋاللاردىن كۆتنىڭ مەخسۇسلا ئۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ گەپنى بەزىدە سۆزلەپ بەرسەم، كىشىلەر بۇ گەپنى «يۇمۇر» ئىكەن دەپ قارايدۇ. ئەگەر كۆتىگە تاياق يېگەن ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ تەسىراتى ئۇنداق بولمىسا كېرەك.

ئامال يوق. كىشىلەر كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئىشنى ئۇچرىتالماي قالسا، ئېھتىمال، «جۇڭگودا يۇمۇر يوق» دېيىشى مۇمكىن.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى





# ماقالىگە ئىشلەش[202]

سوئېر

شېن كو[203] نىڭ «مىڭشى خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق سۆزلەر بار ئىكەن: «بۇرۇنقى مولىلارنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە سۆزلەرنى قاپپىيداش قىلىپ يېزىشقا بېرىلگەنىكەن. مۇشيۇ ۋە جاڭ جىڭ[204] قاتارلىق مولىلار ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق يازغان ۋە شۇنداق ئۇسلۇبنى ئۆز ۋاقتىدا ‹قەدىمكى ئۇسلۇب› دەپ ئاتىغانىكەن؛ مۇ شيۇ بىلەن جاڭ جىڭ پادىشاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەھەردە ئوردىنىڭ دۇڭخۇامېن دەرۋازىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە پاراڭلىشىپ تۇرسا، چېپىپ كېلىۋاتقان بىر ئات بىر ئىتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئىككىيلەن قەلەم ئىقتىدارىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ ۋەقەنى خاتىرىلەپ يېزىپتۇ. مۇشيۇ: ‹ئات چاپتى، بىر سېرىق ئىت تۇۋاق ئاستىدا ئۆلدى› دەپ يېزىپتۇ. جاڭ جىڭ بولسا: ‹بىر ئىت چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئايىغىدا ئۆلدى› دەپتۇ. تىل ئۇسلۇبىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولغاچقا، بۇ تەسۋىرلەر ھەر ئىككىسىگە ياقماپتۇ، لېكىن بۇ تەسۋىرلەر ئۆز ۋاقتىدا ياخشى دەپ قارىلىپ، تاكى هازىرغىچە تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.»

قاپپىيلىك ماقالە كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ تاڭ ـ يۇ دەۋرلىرىدە ماقالە قاپپىيلىك يېزىلمايتتى، «نەسرىي ئەسەر»نىڭ «كونا كىتابىي تىل» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە. شۇن

داق ئۇسۇل بويىچە قاراپ، ئەگەر قەدىمكى زاماندا جانلىق تىل بىلەن كىتابىي تىلنىڭ پەرقى يوق ئىدى[205] دېيىلىدىغان بولسا، «جانلىق ئەدەبىي تىل»نى «قەدىمكى كىتابىي تىل» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ، لېكىن بۇ گەپ لىن يۈتاڭ ئەپەندىنىڭ «جانلىق ئەدەبىي تىلنىڭ كىتابىي تىل شەكلى» دېگىنىگە ئوخشىمايدۇ. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئەسىرى چاكىنا بولۇپلا قالماستىن، مەنىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس؛ مۇشۇ، ئات ئىتنى دەسسەپ ئۆلتۈردى دېگەن بولسا، جاڭ جىڭ، ئىتنى ئات دەسسەپ ئۆلتۈردى، دېگەن. دېمەك، ئۇرغۇ ئاتتىمۇ ياكى ئىتتىمۇ؟ ئېنىقراقى يەنىلا شېڭكونىڭ ئويلانمايلا يازغىنى — «چېپىپ كېلىۋاتقان بىر ئات بىر ئىتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ».

كونا نەرسىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈچ كېرەك، تولىمۇ كۈچەپ كەتسەڭ، «ئاشۇرۇۋەتكەن» بولىسەن ـ دە، نەتىجىدە چالا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاملاشمىغان بولۇپ چىقىدۇ، قەدىمكى كىشىلەر كامالىتىگە يەتكۈزگەندىنمۇ بەتتەر يامان بولىدۇ. ھەجىمى ۋە باياني جەھەتتىن بىرئاز چەكلىك بولغان «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەردە ئەنە شۇنداق چالىلىق ـ خاملىق كۆپ.

ئىشلەشتە تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ، ئىشلىمەي قويساڭمۇ بولمايدۇ. بىر پارچە كۆتەك ۋە تۆت شاختىن بەندىڭ ياسىساڭ، شۇ ھالىتىدە تولىمۇ قوپال بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى رەندىلىمەي بولمايدۇ. لېكىن، رەندىلەپ ـ سىلىقلاپ، گۈل چەكسەڭ، ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ تاشلىساڭ، ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنى بەندىڭ دېگىلى بولمايدۇ. گوركىي: ئاممىۋى تىل خام ئەشيا، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئەدەبىياتقا ئايلىنىدۇ[206] دەپتىكەن. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى لىللا يولىيورۇق.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى





# كىتابتىن پارچە خاتىرە (1)[207]

يەن يۇ

م. گوركىي بالزاك[208] نىڭ رومانلىرىدىكى دىئالوگنىڭ ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئىنتايىن قايىل بولۇپ، بۇ رومانلاردا پېرسوناژنىڭ تەقى ـ تۇرقى تەسۋىرلەنمىسىمۇ كىتابخانلار دىئالوگنى ئوقۇغاندا سۆزلەۋاتقان ئادەمنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك بولىدۇ، دەپ يازغان («مېنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە تەربىيىلىنىشىم»).

جۇڭگودا ئۇنىڭدەك ماھىر يازغۇچى تېخى يوق. لېكىن، «سۇ بويىدا» ۋە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ بەزى جايلىرىدا كىتابخانلار ئادەمنىڭ قىياپىتىنى قىلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىلىۋالالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ ھېچقانداق غەلىتە ئىش ئەمەس. بۇنى شاڭخەيدىكى تار كوچىلارنىڭ بىرەرىدە بىرەر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان كىشىلەر ھەر دائىم ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولۇشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى بىر قەۋەت نېپىز پەنەركىدىن ياسالغان بولغاچقا، بەزىلىرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېھمانلار بىلەن سۆزلەشسە، بولۇپمۇ ئۈنلۈك سۆزلەشسە، سۆزلىرى ئاسان ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن ئادەمگە ئۇ ئۆيدە كىملەر بارلىقى ھەمدە بۇ ئادەملەرنىڭ رەڭگىروينىڭ قانداقلىقى مەلۇمدەك تۇيۇلىدۇ.

زۆرۈر بولمىغان تەرەپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، پەقەت ھەركى-

نىڭ ئۆزىگە خاس سۆزلىرىلا قالدۇرۇلسا، مېنىڭچە، باشقىلار ئەنە
شۇ سۆزلەۋاتقان ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىراق، مەن
ئۇلارنى جۇڭگونىڭ بالزاكى بولۇپ قالدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن.

يازغۇچى پېرسوناژلارنى دىئالوگ ئارقىلىق تەسۋىرلىگەندە،
ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ پېرسوناژنىڭ قىياپىتى بولۇشى ئېھتىمال. ئۇ
بۇنى كىتابخانغا يەتكۈزىدۇ، كىتابخانىنىڭ كۆڭلىدىمۇ بۇ پېرسوناژ-
نىڭ قىياپىتى شەكىللىنىدۇ. لېكىن، كىتابخانلار كۆز ئالدىغا
كەلتۈرگەن پېرسوناژلار يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىلەن ئوخ-
شاش بولۇشى ناتايىن. بالزاكنىڭ كەكە ساقال، ئورۇق بوۋايلىرى
گوركىينىڭ مېڭىسىدە قوپال، بەستلىك، بومبا ساقال كىشىگە
ئايلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، خاراكتېرى، سۆز ـ ھەرىكىتى ئوخ-
شاش بولۇشى، ئانچە پەرق قىلماسلىقى، خۇددى فرانسۇز تىلىدىن
رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغانغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق
بولمىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىيلىقى بولمىغان بولاتتى.

ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىيلىقى بولسىمۇ، لېكىن كىتابخانلارنىڭ
تەجرىبىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۆزگىرىشلەر بولۇشى
مۇمكىن. كىتابخاندا شۇنداق تەجرىبە بولمىسا، ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ
ئۇنۇمىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن، بىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»
نى كۆرگەندە سۆز ـ جۈملىلەردىن لىن دەيىۋ[209] نى كۆز ئالدى-
مىزغا كەلتۈرىمىز. دوكتور مېيىنىڭ «لىن دەيىۋنىڭ چېچەكنى
دەپنە قىلىشى» دىن تارتىلغان سۈرەتنى كۆز ئالدىمىزدىن يىتتۇ-
رۇپ، باشقا بىرىنى ئويلاپ كۆرسەك، ئۇ چاغدا، ئېھتىمال قىرقىم
چاچ، ھىندىستان تاۋارلىرىدىن كىيىم كىيگەن، كېلىشكەن، ئو-
رۇق، كەم گەپ سەتەڭ قىزنى ياكى باشقىچە بىر قىياپەتنى كۆز
ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز ئېھتىمال. بۇنى كېسىپ ئېيتىش قى-
يىن، ئۇنى 30 — 40 يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «‹قىزىل
راۋاقتىكى چۈش› نىڭ نەزمىلىك سۈرەتلىرى»[210] گە ئوخشاشلار





ئىچىدىكى سۈرەتلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، چوقۇم تامامەن ئوخ-
شاشمايدۇ. ئۇنىڭدا سىزىلغىنى شۇ چاغدىكى كىتابخانلارنىڭ كۆڭ-
لىدىكى لىن دەيىۋي ئىدى.

ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىيلىقىدا چەك ـ چېگرا بولىدۇ؛ يەنە بىر-
قەدەر مەڭگۈلۈكلىرىمۇ بولىدۇ، لېكىن كىتابخانلارنىڭ ئىجتىما-
ئىي تەجرىبىلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىش بولىدۇ. شىمالىي قۇتۇپ-
تىكى ئېسكىموسلار[211] بىلەن ئافرىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا
ياشايدىغان نېگىرلار، مېنىڭچە، «لىن دەيىۋ تىپى» نى چۈشەنمەي-
دۇ؛ مۇكەممەل ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان ياخشى جەمئىيەتتىكى
كىشىلەرمۇ چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلارغا بىزنىڭ چىن شىخۇاڭنىڭ كى-
تاب كۆيدۈرۈشى[212] نى، خۇاڭ چاۋنىڭ قاتىللىقى[213] نى ئاڭلى-
غىنىمىزدىنمۇ ياتراق تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئۆزگىرىش بولىدىكەن،
مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس سىرى بار دېگەن
گەپ چۈشەنگەن ئادەملەرنىڭ جۆيلۈشى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

# كىتابتىن پارچە خاتىرە (2) [214]

يەن يۈي

ئوخشاش بىر دەۋردە، ئوخشاش بىر دۆلەتتە ياشاۋېتىپ، گەپتە بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقۇشالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

باربوس[215] نىڭ «مىللىي تىل ۋە چەت ئەل تىلى» ناملىق ناھايىتى قىزىق بىر ھېكايىسى بار. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، ياۋروپا ئۇرۇشىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئۈچ ئەسكەر فرانسىيىلىك بىر باي ئادەمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ، ئۇلارنى شۇ ئۆيدىكى بىر خانىم ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ ۋە لېكىن قىلارغا گەپ تاپالماي، نائىلاج ئۇنى - بۇنى دەپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىپتۇ، ئەسكەرلەرمۇ جاۋاب بەرگۈدەك گەپ تاپالماي قاپتۇ، لېكىن ئېسىل ئۆيدە تارتىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇستىخانلىرى ئاغرىپ كېتىپتۇ، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ «توڭگۇز قوتىنى»غا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەزايى يايراپ، ئويۇن - چاقچاقلىرىنى باشلاپ كېتىپتۇ ۋە نېمىس ئەسىرلىرى ئىچىدە قول ئىشارىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «بىزدەك گەپ قىلىدىغان» ئادەملىرىنى تېپىۋاپتۇ.

ئەنە شۇ تەجرىبىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرى: «بۇ دۇنيا ئىككى ئىكەن. بىرى ئۇرۇش دۇنياسى؛ يەنە بىرى پولات ساندۇقنىڭ قاپقىسىغا ئوخشاش ئىشىكى، ئىبادەتخانىغا ئوخشاش پاكىز ئاشخانىسى، چىرايلىق ھۇجرىلىرى بار دۇنيا؛ بۇ، پۈتۈنلەي باشقا دۇنيا، باشقا دۆلەت ئىكەن. بۇنىڭدا، غەلىتە خىياللارنى سۈرىدىغان چەت ئەللىكلەر ئولتۇرىدىكەن» دېگەن خىيالنى غۇۋا





كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.

ھېلىقى خانىم كېيىن باشقا بىر مويسىپىتقا: «ئۇلار بىلەن ھەتتا گەپمۇ قىلىشالمىدىم. گويا ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ باردەك» دەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، خانىم بىلەن ئەسكەرلەرلا شۇنداق ئەمەس، ھەتتا بىز — مەيلى «فېئودالىزمنىڭ پۇشتى»[216] ياكى «دەللال» ۋە ياكى باشقا نېمە بولساق بولايلى، مەيلى — ۋە ئوخشاش بىر خىلدىكى ئادەملەرمۇ قانداقتۇر بىرەر يېرىمىز بىرئاز ئوخشاشماي قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىلىمىز بىلەن تىلىمىزنى بىر قىلىش توغرا كەلسە، گاھىدا بىر - بىرىمىزگە قىلغۇدەك گەپ تاپالماي قالىمىز. شۇنداق بولسىمۇ بىز جۇڭگولۇقلار پەم - پاراسەتلىك ئىكەنمىز، بەزىلەر ئاللىقاچان ھەممە دەردكە داۋا بولىدىغان «بۈگۈن ھاۋا... ھا - ھا - ھا!» دەيدىغان دورىنى تاپقان؛ ئەگەر زىياپەت بولۇپ قالسا، مۇلاھىزە بايان قىلماي، ھەدەپ رومكا سوقۇشتۇرۇش بىلەنلا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەڭگۈلۈك قىلىپ يېزىش ھەقىقەتەن بىرئاز تەس بولسا كېرەك. «بۈگۈن ھاۋا... ھا - ھا - ھا!» دېگەن سۆز بىرئاز ئومۇمىي بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ مەڭگۈلۈك بولالىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەدەبىياتقا ئانچە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كامالەت تاپقان ئەدىبلەر[217] ئۆزىچە بىر قائىدىنى بەلگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ «ئەدەبىيات»لىرىنىڭ ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى چۈشەنمەيدىغانلارنى «ئىنسانلار» قاتارىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن. ئەدەبىياتنىڭ باشقا خۇسۇسىيىتىمۇ بار، لېكىن ئۇلار بۇنى ئاشكارا ئېيتىشقا ئۇنىمايدۇ، شۇڭا، مۇشۇنداق ۋاسىتىنى قوللانغان. لېكىن، شۇنداق بولىدىغان بولسا «ئەدەبىيات» مەۋجۇت قالىدۇ، «ئادەم» ئانچە كۆپ قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاڭلىشىمچە، ئەدەبىيات قانچىكى يۈكسەك بولسا، ئۇنى چۈشىنىدىغان ئادەم شۇنچە ئاز بولىدىكەن، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى شۇنچە نىهايىتىغا يەتكەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئومۇميلىق ۋە مەڭگۈلۈك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىگىلا مەركەزلىشىدىكەن. لېكىن، شۇ ئەدىب يەنە مەيۈسلىنىپ قاپتۇ، قان سەپرا قىلىۋېتىپتۇ. ھەقىقەتەن ئامال تاپالماپتۇ دېگەن گەپ ئەنە شۇ.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى





# جەدىتلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك[218]

كومپرادور

بەننۇڭ ئەپەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىمۇ خۇددى يازغۇچى جۈشياڭ بىلەن لۇيىڭ[219]غا ئوخشاشلا، بەزى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بىر مەھەل قىزىتىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنىڭ قاچانغىچە داۋام قىلىدىغانلىقىغا ھازىر تېخى ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بۇ ئۆلۈمنىڭ رولى ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ رولىدىن كۆپ چوڭ بولغاندەك تۇرىدۇ: بەننۇڭ ئەپەندىنىڭ «جەدىت»[220] لىك قىلىدىغان ئادەملەرگە ئۆز ئەرۋاھى بىلەن پەشۋا بېرىشكە يارايدىغان مۇتەئەسسىپلەر پىرى قىلىۋېلىنىشىغا ئازلا قالدى.

بۇ پەشۋانىڭ تورى (كۈچى) بار، چۈنكى ئۇ ھەم قەدىمىي ئۇسلۇبتا يازىدىغان مەشھۇر ئادەم، ھەم سابىق جەدىت ئىدى. جەدىتلىككە مۇشۇنداق جەدىت بىلەن پەشۋا بېرىش، خۇددى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغانغا ئوخشاش، كونىراپ ـ داتلىشىپ كەتكەن ئاسارئەتىقىلەرنى دەستەك قىلغاندىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. لېكىن، گەپنىڭ كۈلكىلىك يېرى مانا مۇشۇ يەردە. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بەننۇڭ ئەپەندى بولسا «جەدىت»لىك بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم.

ئىلگىرىكى چاغلاردا ليۇبەننۇڭ دېگەن ئىسمىنىڭ ياشلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كېتىشىگە ئۇنىڭ فونېتىكىغا ماھىر بولغانلىقى ياكى پات ـ پات غەزەل توقۇپ تۇرىدىغانلىقى ئەمەس، ئۇنىڭ قوشماق ئۆردەك ۋە جۈپ كېپىنەكچىلەر[221] قاتارىدىن سەكرەپ

چىقىپ، ۋاڭ جىڭشۇەننى مات قىلىپ[222]، «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» سىپىدىكى جەڭچىگە ئايلانغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنى «جەدىت» دەپ ھاقارەتلىگەنىدى. زامان ھەر ھالدا بىرئاز ئىلگىرىلىگەندەك قىلدى، ۋاقىت بارا - بارا بۇ لەقەمنى يۇيۇۋەتتى؛ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرئاز يۇقىرى يامىشىپ، زامانغىمۇ بىرئاز باقىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر پاك - پاكىز مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، «ئادەم داڭق چىقىرىشتىن، توڭگۇز سەمرىشتىن قورقسا بولىدۇ» دېگەندەك، شۇ چاغدا ئۇ يېڭى «جەدىت»لىك كېسىلىنى ساقايتىدىغان دورىغىمۇ ئايلىنىپ قالدى.

بۇ يالغۇز بەننۇڭ ئەپەندىنىڭلا بېشىغا كەلگەن كۆلپەت ئەمەس، ئۇنداق كونا مىساللار ئەمەلىيەتتە خېلى كۆپ. گۇاڭدۇڭدا ئۆلىمالار شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمىشقا يالغۇز كاڭ يۇۋېي[223] نىڭلا داڭقى چىقىپ قالدى؟ چۈنكى پادىشاھلىق ھارۋىغا چۈشۈپ بېرىپ پادىشاھقا مەكتۇپ سۇنغانلارنىڭ سەردارى، ۋۇشۈي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ يېتەكچىسى، يەنى جەدىت بولغان. ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇغانلارمۇ ئاز ئەمەس، لېكىن شۇلاردىن يەن فۇ[224] نىڭ نامىنىڭ تېخىچە ئۆچمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلگىرى پەرەڭلەرنىڭ بىرنەچچە كىتابىنى ئەستايىدىل تەرجىمە قىلغانلىقىدىن، يەنى جەدىتلىك قىلغانلىقىدىن بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئاسار ئەتىقىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر يالغۇز تەييەن ئەپەندى[225] دىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ شۆھرىتىنىڭ سۇن يىراڭ[226] دىنمۇ ئۈستۈن بولۇشى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىرقىي ئىنقىلابنى تەشەببۇس قىلغانلىقىدىن، يەنى جەدىتلىك قىلغانلىقىدىن، ھەتتا «ئىسيان» كۆتۈرگەنلىكىدىن بولدى. كېيىن ئۇلار «جەدىت»لىكنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، تىرىك، ساپ پىر بولۇپ قالدى. لېكىن، پالاكەتچىلىكمۇ ئۇلارنىڭ





كەينىدىن ئىز باستۇرۇپ كەلدى: كاڭ يۇۋېي بولسا ھالاك بولغان پادىشاھلىق تۇزۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ بوۋىسى دېگەن مەڭگۈلۈك بەتنامغا قالدى؛ پادىشاھ يۇەن شىكەي بولسا يەن فۇنى تەشەببۇسكارلىقىقا سالدى؛ سەردار سۇن چۇەنفاڭمۇ تەييەن ئەپەندىنى لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش ئويۇنىغا تەكلىپ قىلدى[227]. ئىلگىرى ئۇلار ھارۋىنى ئالدىغا تارتىپ ماڭغان نەۋقىران ئىدى، پاچاقلىرى كۈچلۈك، بىلەكلىرىمۇ توم ئىدى، بۇ نۆۋەتمۇ شۇلارنى ھارۋا تارتىشقا تەكلىپ قىلىشتى، ئۇلار ھارۋىنى تارتىشنى تارتتى، لېكىن كەينىگە تارتتى. بۇ يەردە قەدىمكى ئۇسلۇب بويىچە «ئەلھۆكمىلىللا» دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

مەن بۇ يەردە بەننۇڭ ئەپەندىگە «جەدىت»لىك قىلغان دەپ تەنە قىلىۋاتقىنىم يوق، مېنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنىم ئادەتتىكى «جەدىت»لىكنىڭ بىر قىسمىدىن، يەنى «باشلامچى» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت. ئۇ «زاۋال» تاپتىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆرەش قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئەنە شۇ كۈرەش قىلغان تەرىپىنى كۆپرەك تەسۋىرلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن چاڭ سېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مايغا ياكى لايغا بۇلاپ، ئۆزلىرىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ۋۇۋىسكا قىلىۋالمىسىلا بولىدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

# شۇكۇر - قانائەت قىلدۇرۇش چارىسى(228)

شى جى

ئۆزى ئوقۇتقۇچى ياكى دوختۇر بولغان تەقدىردىمۇ بالىسىنى باشقىلارغا ئوقۇتىدىغان، كېسىلىنى باشقىلارغا داۋالىتىدىغان ئىش بار. لېكىن، ئادەم بولۇش، جاھاندارچىلىق قىلىش چارىسى ئۇستىدە ھەر كىم ئۆزى ئويلىنىش توغرا كەلسە كېرەك، باشقا بىر مۇنچە ئادەملەر تېپىپ بەرگەن ياخشى چارىلەر كۆپ چاغلاردا كارغا يارىماي قالىدۇ.

باشقىلارنى شۇكۇر - قانائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش قەدىمكى زامانلاردىمۇ، ھازىرقى خەلقئالەمنى ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭ چارە - تەدبىرلىرى بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە؛ بۇ جەھەتتە چىقىرىلغان پەتىۋالارمۇ ناھايىتى كۆپ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ تولۇق كارغا يارىغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى پەتىۋالارمۇ تۈگىمەي چىقىپ تۇرىدۇ. يېقىندا شۇنداق پەتىۋالاردىن ئىككى خىلىنى كۆردۈم، لېكىن مېنىڭچە، ئۇلارمۇ ئانچە جايىدا بولمىسا كېرەك.

بىر خىلى — كىشىلەرنى ئۆز كەسپىگە ھەۋەس قىلىشقا دەۋەت قىلىش. ھەۋەس قىلغاندىلا، ھەر قانداق ئىشقا شۇكۇر - قانائەت قىلىدىغان بولارمىش. ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنىڭ ئورنى بار، لېكىن ھەر ھالدا ئارام بېرىدىغانىراق كەسىپ بولۇشى لازىم. كۆمۈر قازىدىغان، ئەپكەش بىلەن گەندە توشۇيدىغان ئىشلارنى قويۇپ تۇراي-





لى، شائخەيدىكى زاۋۇتلاردا ئاز دېگەندە كۈنىگە 10 سائەتلەپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار كەچقۇرۇن بولغاندا چوقۇم ھېرىپ ھالى قالمايدۇ، جاراھەتلىنىش ھادىسىلىرى كۆپىنچە ئەنە شۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ. «ساغلام روھ ساغلام تەندە بولىدۇ»(229)، ئۆزىنىڭ تېنىگە قاراشقىمۇ چولىسى تەگمەيۋاتسا، ھەۋەسكە جېنىدىنمۇ بەكرەك بېرىلمىگۈچە قانداقمۇ ھەۋەس قىلالىسۇن؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سورايدىغان بولسىڭىز، مېنىڭچە، چوقۇم ئىش ۋاقتىنى ئازايتىش كېرەك، دەيدۇ؛ ھەۋەس ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

يەنە بىر خىلى تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل: تومۇز ئىسسىقىدا بايلار مېھماندارچىلىق بىلەن ئالدىراپ تەرگە چۆمۈلۈپ يۈرسە، گادايلار قولتۇقىدىكى پۇچۇق بورىسىنى يولغا يېيىپ قويۇپ، چاپادلىرىنى سېلىۋېتىپ شامالداپ، چەكسىز راھەتلىنىپ ياتارمىش، «جاھاننى بورا بىلەن قاپلىدى» دېگەن گەپ ئەنە شۇئىمىش. بۇمۇ كەم ئۇچرايدىغان لەتىپىلىك بىر پەتىۋا. بىراق، بۇنىڭ ئارقىسىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. كۈز سوغۇقى يېتىپ كېلەي دەپ تۇرغان چاغلاردا، سەھەر ۋاقتىدا چوڭ كوچىلارغا چىقىپ ئۇيان - بۇيان ماڭىدىغان بولسىڭىز، قورسىقىنى مۈجۈپ تۇرۇپ، ئاغزىدىن سېرىق زەرداب سۇ ياندۇرۇۋاتقانلارنى كۆردىسىز، ئۇلار ھېلىقى «جاھاننى بورا بىلەن قاپلىغان» سابىق تىرىك مالائىكىلەرنىڭ دەل ئۆزى. ئالدىدا دۆلەت ۋە راھەت تۇرسا ئۇنىڭدىن بەھرىلەنمەيدىغان چوڭ ئەخمەقلەر دۇنيادا ھەر ھالدا ئاز بولسا كېرەك، ئەگەر ھېچ نەرسىسى يوق گادايلىق ھەقىقەتەن شۇنداق پەيزىلىك بىر ئىش بولىدىغان بولسا، ھازىرقى بايلار ھەممىدىن ئاۋۋال چوڭ يولدا يېتىۋالغان بولاتتى، ھازىرقى گادايلارغىمۇ بوردلىرىنى يايغۇدەك يەر قالمىغان بولاتتى.

شائخەي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىمتىھانىنىڭ ئەلا

نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى، «كىيىمنىڭ سوغۇقنى قاچۇرىدىغانلى-
قى ۋە تاماقنىڭ قورساقنى تويغۇزىدىغانلىقى ھەققىدە» ماۋزۇلۇق
ئىمتىھان قەغىزىدە مۇنداق بىر سۆز بار ئىكەن:
«...... ئەگەر پەزىلەتتە كامالەتكە يەتسەڭ، يېمەك - ئىچمى-
كىڭ ئۆكسۈپ قالسىمۇ، كىيىملىرىڭ يىرتىق ياماق بولسىمۇ،
شان - شۆھرىتىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالىدۇ؛ مەنۋى تۇرمۇش
تولۇق راۋاجلانسا، ماددىي تۇرمۇشنىڭ يېتىشسىزلىكىدىن غەم قى-
لىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ دېمەك، ئىنسانىي ھاياتنىڭ ھەقىقىي
ماھىيىتى ئۇنىڭدا ئەمەس، مانا بۇنىڭدا...» («يېڭى ئىبارىلەر
كانى» نىڭ 3 - سانىدىن).

بۇ سۆز ئەسلىي ماۋزۇنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ ئىلگىرىلەپ كەت-
كەن، بۇ گەپچە «قورساقنى تويغۇزۇش» مۇمكىن بولمىسىمۇ ھېچ
گەپ ئەمەسمىش. لېكىن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاپ-
قان چارىلىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا توغرا كەلمەيدۇ،
خىزمەت — كەسىپ تەلەپ قىلغۇچىلار توپ - توپى بىلەن پەيدا
بولماقتا.

پاكىت قىلچىلىكمۇ رەھمى قىلمايدىغان نەرسە، ئۇ قۇرۇق
گەپلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ، ناھايىتى روشەن.
ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ نادانلارچە پىكرىم مۇنداق: «ئېيتىدۇرلەر-
كى» دېگەن بىرنېمىلەرنى ئەمدى تاشلاش كېرەك، ئۇلار بەرىبىر
كارغا كەلمەيدۇ.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى





# ھەيرانمەن (1) (230)

بەي داۋ

دۇنيادا خاتىرىلەرنى كۆرمىسە ھەرقانداق تالانت ئىگىسىمۇ
ئويلاپ يېتەلمەيدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بار. ئافرىقىدا بىر خىل
يەرلىك خەلق بار. ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۆزىنى
قاچۇرۇشى ناھايىتى ئېغىر، ھەتتا كۈيئوغلى قېينانىسى بىلەن
كۆرۈشكەندىمۇ بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يېتىۋالىدىكەن. بۇنى ئاز
دەپ، يۈزىنى توپا ئىچىگە تىقىۋالىدىكەن. ھەقىقەتتە، بىزنىڭ
ئەدەپ - ئەخلاقلىق ئېلىمىزدىكى «ئوغۇل - قىزلار يەتتە ياشتىن
تارتىپ بىر ئۈستەلدە ئولتۇرمىغان» قەدىمكى كىشىلىرىمىزمۇ ئۇ-
لارغا زادىلا تەڭلىشەلمەيدۇ.

دېمەك، قەدىمكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەر - ئاياللارنى ئايرىۋې-
تىشتىكى لايىھىلىرىنىڭ سەۋىيىسىمۇ بەك تۆۋەن ئىكەن؛ ھازىر
قەدىمكىلەرنىڭ رامكىسىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەسلىك تېخى-
مۇ ئۇچىغا چىققان كالۋالىقتۇر. بىرگە سۇغا چۆمۈلمەسلىك،
بىرگە ماڭماسلىق، بىرگە تاماق يېمەسلىك، بىرگە كىنولاردا رول-
غا چىقماسلىق(231) — بۇلارنىڭ ھەممىسى «بىر ئۈستەلدە ئولتۇر-
ماسلىق» نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. ئۇچىغا چىققان كالۋالىق شۇ
يەردىكى، ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاشلا بىر ھاۋادىن تەڭ نەپەس
ئالىدىغانلىقىنى، بۇ ئەرنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىققان ھاۋا ئۇ
ئايالنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇ مالىمانچى-
لىقنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دېڭىز سۈيىنىڭ پەقەت تېرىگە تەگكەنلىكىدىن-

مۇ يامان ئىكەنلىكىنى تېخى ئويلاپ يەتمىگەن. بۇ ئېغىر مەسىلىگە
نىسبەتەن ھېچقانداق چارە بولمىسا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ چەك ـ
چېگراسى مەڭگۇ ئايرىلمايدۇ.
مېنىڭچە، بۇنىڭدا ئەڭ ياخشىسى «غەربنىڭ ئۇسۇلى» نى قول-
لىنىش كېرەك. غەرب ئۇسۇلىدا مىللىي تەۋەررۇك بولمىسىمۇ،
ئۇلار بەزى چاغلاردا مىللىي تەۋەررۇككە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن،
رادىئو ئىشتىتۇرۇش مودا نەرسە، بىراق ئەتىگەندە راھىبلارنىڭ
ئايەت ئوقۇشى يامان ئەمەس؛ ئاپتوموبىل پەرەڭلەرنىڭ مېلى بول-
سىمۇ، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش ماجاڭ ئويناشقا بارغاندا، يېشىل مو-
ۋۇتلۇق مەپىگە ئولتۇرۇپ بىر زاماندا يېتىپ بارغانغا قارىغاندا
بىرنەچچە قېتىم كۆپ ئوينىغىلى بولىدۇ. شۇ تەرىقىدە قىياس
قىلساق، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىللە ھاۋا سۇمۇرۇشىدىن ساقلىنىشتا
گازدىن مۇداپىئەلىنىش سايمىنىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، ھەممە
ئادەم دۇمبىسىگە بىر ساندۇقنى يۇدۇۋېلىپ ئوكسىگېن تۇرۇبىسىنى
بۇرۇن تۆشۈكىگە تارتسا ھەم باش ـ كۆز ئوچۇق قالمايدۇ، ھەم
ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش مانېۋرى ئۆتكۈزگىلى، يەنى «جۇڭگو
ئىلمىنى ئاساس قىلىپ، غەرب ئىلمىدىن پايدىلانغىلى»
بولىدۇ[232]، گېنېرال مۇستاپا كامال[233] دۆلەتنى ئىدارە قى-
لىشتىن ئىلگىرىكى تۈركىيە ئاياللىرىنىڭ چۈمپەردىسىمۇ بۇنىڭغا
زادىلا تەڭلىشەلمەي قالىدۇ.
مۇبادا ھازىر ئەنگلىيىلىك سۋىفت[234]كە ئوخشاش بىرەر كى-
شى «گارىپىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە ئوخشاش بىرەر ھەجۋىي
رومان يېزىپ، ئۇنىڭدا: XX ئەسىردە بىر مەدەنىيەتلىك مەملىكەت-
كە بارسام بىر توپ ئادەم شاڭ كۆيدۈرۈپ، ئەجدىھاغا باش ئۇرۇپ،
تەڭرىدىن يامغۇر تىلەۋېتىپتۇ — «سېمىز ئايالنى» تاماشا قىلىپ
تۇرۇپتۇ، تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىپتۇ، يەنە بىر توپ
ئادەم سالاپەتلىك بىلەن قەدىمكى زامان ئۇسۇلىنى تەتقىق قى-





لىپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ باشقا ـ باشقا يوللاردا مېڭىشىنى، ئايال-
لارنىڭ پۇتىنى ياپماي ئوچۇق قويۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىق[235]
نى تەشەببۇس قىلىۋېتىپتۇ دەپ يازسا، ئۇ چاغدا يىراقتىكى ياكى
كەلگۈسىدىكى كىشىلەر، ئېھتىمال، بۇ يازغۇچىنىڭ تولىمۇ گەپ-
دانلىق قىلىپ، خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆزى نارازى بول-
غان كىشىلەرگە زەھەر سانجىۋاتقانلىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلى-
شى مۇمكىن.
لېكىن، بۇلار ھەقىقەتەنمۇ پاكىت. ئەگەر بۇلار پاكىت بولمى-
غان بولسا، بەلكىم ھەر قانداق بىشەم تالانتلىق يازغۇچىمۇ ئويلاپ
يەتمىگەن بولاتتى. خىيال تولىمۇ ھەيران قالارلىق بىر نەرسە
ئەمەس، شۇڭا كىشىلەر بەزى ئىشلارنى كۆرگەندە «ھەيرانمەن»
دەپ سالىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

# ھەيرانمەن (2) [236]

بەي داۋ

يۇ موجۇن ئەپەندى[237] ئاممىۋى تىل مۇھاكىمىسىگە ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە قاتنىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن تېگىشلىك. ئۇ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاممىۋى تىلنى مەشىق قىلدۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ؛ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ماقالە يېزىشتا ئىشلىتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ۋە دائىم خاتا ئىشلىتىدىغان بىرمۇنچە مودا سۆزلەر»نى مىسالغىمۇ ئېلىپ، «ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار ئىشلەتمىسۇن» ئۇلار كەلگۈسىدە پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاندا بىر گەپ بولار، چۈنكى «ھەزىم قىلالمايدىغان يېڭى نەرسىلەرنى يېگۈزگەندىن كۆرە، ئاۋۋال تۇسۇپ قويۇش كېرەك» دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇ مىسال كەلتۈرگەن «مودا سۆز» لەردىن بىر قىسمىنى كۆرسىتەي:

ئورتاق ھېسسىيات، ئوبيېكت، ھاۋا بېسىمى، تېمپېراتۇرا، كرىستال، ئۈزۈل - كېسىل، يۈزلىنىش، ئىدراك، رېئال، پەمسىز، نىسپىيلىك، مۇتلەقلىق، ئۇزۇن كەسمە يۈز، توغرا كەسمە يۈز، ئۆلۈم نىسبىتى…… («يېڭى ئىبارىلەر بوستانى»نىڭ 3 - سانىدىن)

لېكىن مەن ناھايىتى ھەيرانمەن.

بۇ سۆزلەرنى «مودا سۆزلەر» دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوبيېكت، «رېئال» دېگەن سۆزلەرنى گېزىت، كىتاب ئوقۇپ





تۇرىدىغان ئادەملەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ؛ دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغاچقا، خۇددى كىچىك باللار گرامماتىكا دەرسلىكلىرىسىزمۇ تىل چىقارغانغا ئوخشاشلا، بۇلارنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىۋالالايدۇ؛ ھالبۇكى مەكتەپتە مۇئەللىم چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تېمپېراتۇرا»، «كرىستال»، «ئۇزۇن كەسمە يۈز»، «توغرا كەسمە يۈز» دېگەن سۆزلەرمۇ پەن ئاتالغۇلىرى، بۇلار ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىكا، مىنېرالوگىيە، بوتانىكا دەرسلىكلىرىدە بار، بۇلارنىڭ مەنىلىرى تىل دەرسلىكلىرىدىكى مەنىلىرىدىن پەرق قىلمايدۇ. ھازىر «دائىم خاتا ئىشلىتىدىغان»لىقى ئۆزلىرىنىڭ ئويلاپ كۆرمىگەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرمىگەنلىكى، ھەتتا باشقا پەنلەردىمۇ ئوخشاش مۇجمەل مەنىدە قوللىنىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولمىغانمىدۇر؟

ئۇنداق بولسا ئاممىۋى تىلنى يېرىم يولدا ئۆگەنگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېلىپ چىقىپ تېز يېتىشكەن ئاۋام كىشىلىرىنىڭ ئاممىغا نېمە پايدىسى تەگسۇن؟ ئامما ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنىڭ ئۈچۈن موھتاجكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى خېلى ئۈستۈن، ئۇلار كۆپچىلىككە بىلىم يولىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ، سۆز بايلىقىنى كۆپەيتىپ، يېشىپ بەرگىلى بولىدىغانلىرىنى يېشىپ بېرىدۇ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ «ئوبيېكت» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ شەرھىنى ئاۋۋال چۈشىنىۋالىدۇ، توغرا كەلگەندە شېۋە بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتەلەيدۇ، شېۋە تېپىلماي قالسا، شۇ يېڭى ئاتالغۇنىڭ ئۆزىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاممىۋى تىلنى چالا بىلسە، يېڭى ئاتالغۇلارنىمۇ ئانچە چۈشەنمىسە، ئۇلار ھەقىقەتەن «ئۈزۈل - كېسىل»، «قاتاردىن قالغان» بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئويلايمەنكى، ئاممىۋى تىلنى ئامما ئۈچۈن مەشىق قىلىش

كېرەك، «مودا سۆز»لەرنى قوللىنىشتىن توسۇماسلىق كېرەك،
بۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇلارغا مەنىسىنى ئۆگىتىش
كېرەك. ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالدىدىكى
رولى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئاما ئالدىدا
ئوينايدىغان رولىغا ئوخشاش. مەسىلەن، «ئۇزۇن كەسمە يۇز» ۋە
«توغرا كەسمە يۇز» دېگەن سۆز «ئۇزۇنىسىغا كەسمە يۇزى» ۋە
«توغرىسىغا كەسمە يۇزى» دەپ يېشىپ بېرىلسە، ئۇنى چۈشىنىش
ئاسان. ئەگەر «توغرىسىغا ھەرىلەنگەن يۇز» ۋە «ئۇزۇنىسىغا ھە-
رىلەنگەن يۇز» دەپ يېشىپ بېرىلسە، ئۇ چاغدا ھەتتا ياغاچچى
شاگىرتمۇ چۈشىنىۋالالايدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن خەت ـ ساۋاتىنى چىقىد-
ىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، مەنىنى قىلىش ياخشى ئەمەس، ئۇنداق
قىلغاندا ئۇلاردىن بەزىسىگە مەڭگۈ مۇجمەل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ،
«چۈنكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالىي
مەكتەپلەرگە كىرىپ، مەشھۇر ئەدىب ياكى ئالىم بولۇش مۇرادىغا
يېتىشى ناتايىن».

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى





# ئىلاھقا سېغىنىش ۋە ئادەم چىشلەش[238]

يۆ چياۋ

گېزىتتە يۇياۋنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا دېھقانلار قۇرغاقچىلىق
تۇپەيلىدىن ئىلاھقا سېغىنىپ يامغۇر تىلىگەندە، قاراپ تۇرغۇچى
كىشىلەردىن بېشىغا باشلىق كىيىۋالغانلىرى پىچاق، كالتەكلەر
بىلەن راسا دۇمبالاندى، دەپ خەۋەر بېرىلىپتۇ[239].
بۇ خۇراپاتلىق، لېكىن بۇنىڭ ئاساسى بار. خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ پېشۋالىرىدىن دۇڭ جۇڭشۇ[240] جاناب-
ىنىڭ يامغۇر تىلەش ئۇسۇلى بولغانىكەن، ئۇ تۇل خوتۇنلاردىن
پايدىلىنىپتۇ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقىتىپتۇ، ئەيتاۋۇر ھەر خىل
ئاماللارنى ئىشلىتىپتۇ، ئۇنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ غەلىتىلىد-
ىكى تەرەققەتچى موللىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، ۋەھالەنكى، ھا-
زىرقى كۈندىكى موللىلارنىڭ ئۇنىڭغا تۇزىتىش كىرگۈزگىنى يوق.
ھازىر چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە بەزى تەرەققەتچى پىر ـ ئۇستازلار
دۇئا ـ تەلەپ مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ[241]، ھۆكۈمەت ئەمەل-
دارلىرى مال سويۇشنى مەنئى قىلىپ[242]، جاھاننى مالىمانلاش-
تۇرۇۋاتسا، بۇنىڭغا گەپ ـ سۆز قىلىدىغان بىرەر ئادەم
چىقتىمۇ؟! بېشىغا باشلىق كىيىۋالغانلارنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى
ئالسام، ئېھتىمال، بەزى ئادەملەرنىڭ پەرۋاسىز ـ بەخىرامان
بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەم، بالايىئاپەتنى كۆر-
چىلىك بىلەن بىللە تارتىشمىغانلىقىنى ئىلاھىم كۆرۈپ قالمىسۇن،

ئىلاھىمىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويمىسۇن، دېگەن ئەندىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىلاھقا سېغىنىش جەھەتتە دېھقانلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى نىجاتلىق تىلەش ئىدى. لېكىن، ئەپسۇسكى، ئۇ بىر خىل خۇراپاتلىق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار باشقا چارىنى بىلمەيدۇ.

گېزىتتە يەنە 60 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر پېشقەدەم پىرقە ئەزاسىنىڭ ئىلاھقا سېغىنىش مۇراسىمىنى توسۇغانلىقى ئۈچۈن خەقنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقى، ئاخىر ئۇنىڭ كېكىردىكىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆلگەنلىكى[243] خەۋەر قىلىنىپتۇ.

بۇ، قارىغۇلارچە ئېتىقاد، لېكىن بۇنىڭمۇ ئاساسى بار. «سادىق يۆ فېينىڭ تەرجىمىھالى»[244] جاڭ جۈننىڭ سادىق ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقتا چۆمگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا، يېزىلاردا ئەزەلدىن: ئادەم چىشلەپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۆلتۈرگۈچىنى خان كەچۈرۈم قىلىدۇ، چۈنكى چىشلىگۈچىلەر غەزەپ ـ نەپرەتتىن چىشلىگەن، بۇنىڭدىن چىشلەنگۈچىنىڭ جىنايىتىنى پەرەز بىلەنمۇ بىلگىلى بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. مەن قانۇننى بىلمەيمەن، لېكىن مىنگودىن ئىلگىرىكى قانۇنلاردا بەلكى مۇنداق بەلگىلىمىمۇ يوق بولسا كېرەك.

ئادەم چىشلەش — دېھقانلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئەپسۇسكى، بۇ قارىغۇلارچە ئېتىقاد. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ بىلىدىغىنى يوق. ھالاكەتتىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلىمەن دېگەندە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى تېزلەشسە، بۇ نېمىدېگەن پاجىئە ـ ھە!

خانلىق دۆلىتى خەلق دۆلىتى (مىنگو) گە ئايلانغاندىن بۇيان، يۇقىرى تەبىقىلەردە ئۆزگىرىش ئاز بولمىدى، تەربىيە كۆرمىگەن





دېھقانلار بىرئازمۇ يېڭىراق، پايدىلىقراق نەرسىگە ئېرىشمىدى. ئۇلار يەنىلا كونا خۇراپاتلىق، ئالدامچىلىق ئىچىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش داۋامىدا ئۆز ئۆلۈمىنى تېزلەتمەكتە.

مانا ئەمدى ئۇلار «ئاللانىڭ غەزىپى» گە ئۇچرايدىكەن، ئۇلار بۇنىڭدىن قورقماقتا، بىراق نېمە ئۈچۈن «ئاللانىڭ غەزىپى» گە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن نارازىلىق بىلدۈرمەكتە. بۇ قورقۇنچلار ۋە نارازىلىقلار ئۇنتۇلغاندا، پەقەت خۇراپاتلىق، ئالدامچىلىقلار قالىدۇ. كېيىنكى قېتىم سۇ — قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى يۈز بەرگەندە، يەنىلا ئىلاھقا سېغىنىش، ئادەم چىشلەش باشلىنىدۇ.

بۇ پاجىئە قاچانمۇ ئاياغلىشار؟!

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

**ئىلاۋە:**

ئاستىغا سىزىق تارتىلغان جۈملىلەر نەشردىن چىققاندا چىقىرىپ تاشلانغانىكەن، بۇنى باش مۇھەررىر ياكى سېنزور چىقىرىپ تاشلىغانمۇ، بىلەلمىدىم. لېكىن، ئەسلىي ماقالىنىڭ ئاپتورى سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قىزىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئۇلار ئېھتىمال، سەھرالىقلارنىڭ نىيىتىنى — گەرچە قارىغۇلارچە ئېتىقاد بولسىمۇ، كۆپچىلىككە بىلدۈرمىگىنى ياخشى، ئۇنداق بولمىسا چاتاق چىقىدۇ، كۆپلىگەن كېكىردەكلەرگىمۇ خەۋپ يېتىدۇ، دەپ قورققان ئوخشايدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

# كىتابتىن پارچە خاتىرە (3) [245]

يەن يۇ

يازغۇچىلار ئومۇمەن تەنقىدچىلەرنىڭ شاۋقۇنلىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ.

بىر شائىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى تېخى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: شائىرنىڭ شېئىر يېزىشى خۇددى ئۈسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلىشىگە ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇ ئېچىلمىسا بولمايدۇ. ئەگەر سەن چېچەكنى ئۈزۈۋېلىپ يەپ زەھەرلىنىپ قالساڭ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقى.

بۇ ئوخشىتىش كارامەت ئىكەن ھەم ئورۇنلۇق ئوخشايدۇ. لېكىن، يەنە بىر ئويلاپ كۆرسەڭ، خاتالىقىمۇ يوق ئەمەس. خاتا يېرى شۇكى، شائىر گىياھ ئەمەس، جەمئىيەتتىكى ئادەم؛ شېئىر كىتابلىرى پۇلغا سېتىلىدۇ، بىكارغا ئۈزىدىغان ئىش نەدە بولسۇن! ؟ پۇلغا سېتىلىدىكەن، تاۋار بولىدۇ، دېمەك، خېرىدارىمۇ ياخشى ياكى يامان دېيىش ھوقۇقى بولىدۇ.

راست گۈل دېگەندىمۇ ئۇ خىلۋەت تاغ جىرالىرىدا، ئادەم ئايىغى يەتمىگەن جايلاردا ئېچىلمىغانىكەن، زەھىرى بولسا باغۋەنلەر ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىدۇ، گۈلنىڭ نەتىجىسىمۇ شائىرنىڭ خام خىياللىرىغا ئوخشاشمايدۇ.

ھازىر، گەپ باشقىچە بولۇپ قالدى. ھەتتا يازغۇچى بولمىغانلارمۇ تەنقىدچىلەردىن نەپرەتلىنىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: سەن سۆزلەشنى بىلىدىكەنسەن، قېنى ئۆزۈڭ بىرەر پارچىنى يېزىپ كۆرگىنە! دەيدىغان بولدى.





بۇنىڭدىن تەنقىدچى ھەقىقەتەنمۇ قويرۇقىنى تىكىۋەتمەي ئامالى يوق، چۈنكى ھەم تەنقىدچى، ھەم يازغۇچى بولغان كىشىلەر ئەزەلدىنلا ناھايىتى ئاز.

مېنىڭچە، يازغۇچى بىلەن تەنقىدچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشپەز بىلەن خېرىدارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاشپەز بىر خىل تاماقنى ئەكەلسە، خېرىدار يا ياخشى، يا يامان دەيدۇ. ئاشپەز ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى توغرا دەپ بىلمىسە، ئۇنىڭ نېرۋا كېسەل ئىكەنلىكىگە ياكى ئەمەسلىكىگە، تىلىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن ياكى كەتمىگەنلىكىگە، ئاداۋىتى بار - يوقلۇقىغا، پۇل تۆلەشتىن باش تارتىۋاتقان ياكى تارتمايۋاتقانلىقىغا قاراپ باقسىمۇ بولىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ يىلان گۆشى يېيىشنى خالايدىغان گۇاڭدۇڭلۇقمۇ، لازىغا ئامراق سىچۈەنلىكمۇ، شۇنىڭغا قاراپ، ئاندىن چۈشەندۈرۈش بەرسىمۇ ياكى نارازىلىق بىلدۈرسىمۇ بولىدۇ؛ لام - جىم دېمىسىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ناۋادا خېرىدارغا قاراپ: «ئۇنداقتا، قېنى، سەن بىر چىنە پىشۇرۇپ كەل، مەن يەپ كۆرەي!» دەپ تۇۋلىسا، كۈلكىلىك گەپ بولىدۇ.

دەرھەقىقەت، تۆت - بەش يىل بۇرۇن، قەلەم تەۋرىتىدىغانلار تەنقىدچى بولىۋالساقلا ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ تۆرىنى ئىگىلىۋالالايمىز، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئالدىراپ تەنقىد قىلىدىغانلارمۇ، قالايمىقان تەنقىد قىلغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ خىل كەيپىياتنى توغرىلاش ئۈچۈن تەنقىدنى تەنقىدلەش توغرا كېلىدۇ، تەنقىدچى دېگەن نامغا قارا سۈركەش ئانچە ياخشى ئۇسۇل ئەمەس. بىراق، بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىرى كۆپرەك. ئۇلار قەلەم جېڭىنى كۆرسىلا، قانداقتۇر «ئەدەبىيات مۇنبىرىنى پىغان قاپلىدى»[246]، «ئەدىبلەر بىر - بىرىنى كەمسىتتى»[247] دەيدۇ، ھەتتا ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ھەممىسىنى «بىر - بىرىنى تىللىشىۋاتىدۇ» دەيدۇ - دە، «قاراڭ-

غۇ زۇلمەت قاپلىدى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ھازىر كىمنىڭ تەنقىدچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بولدۇق. لېكىن، ئەدەبىيات مۇنبىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرماقتا. بىراق، تەنقىد كۆرۈنمەيدىغان بولدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تەنقىد بولۇشى لازىم؛ تەنقىد خاتا بولۇپ قالسا، تەنقىد ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىد بىلەن بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم ئاغزىنى يۇمۇۋالسا ئەدەبىيات مۇنبىرى پاكىز تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئەكسىچە بولىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى





# «قار ئۇچقۇنلىماقتا» [248]

جاڭ فېي

كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاتقۇزىدىغان چاغدا، بەزىدە بىر تال بورنى ئېلىپ قارشى تەرەپنىڭ يۈزىگە سىجاپ، ئۇنى سەت قىياپەتكە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ نەتىجىسى كۆپ چاغلاردا ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ.

جاڭ شىجاۋ[249] ئەپەندى ھازىر خەلق ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىدىغان بولدى. ئۇ دۇەن چىرۇي ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە قەدىمكى كىتابىي تىلنى ھىمايە قىلغانىدى. ئۇ بىر مىسال كەلتۈرۈپ: «ئىككى شاپتۇل ئۈچ موللىنى ئۆلتۈردى» دېگەن جۈملىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بىلەن: «ئىككى دانە شاپتۇل ئۈچ نەپەر موللىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى» دەپ يازسا تازىمۇ قاملاشماي قالىدۇ، دېگەنىدى. ئەمدى لى يەنشىڭ[250] ئەپەندىمۇ ئاممىۋى تىل ـ ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، «جىڭ جۈن مىسالغا ئالغان ‹قار ئۇچقۇنلىماقتا› دېگەن سۆز، ھەرنىمە دېگەنبىلەنمۇ قار بىر ـ بىر ئۇچقۇنلاپ لەپىلدەپ ياغماقتا، دېگەنگە قارىغاندا ئىخچام ۋە قاپىيىلىك؛ بۇنى ئۆز لايىقىدا قوللىنىش قەدىمكى كىتابىي تىلنى تەشەببۇس قىلغانلىق بولمايدۇ» دەيدۇ.

مەنىمۇ ئامال بولمىغاندا ئاممىۋى تىلدا قەدىمكى تىلنى، جانلىق تىلنى، چەت ئەل تىلىنىمۇ ئىشلىتىشكە قوشۇلىمەن، ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىر ئىشلىتىلمەكتە. لېكىن، بۇ ئىككى ئەپەندى ئالغان

مىسال تازا باب ئەمەس. ئۇ چاغدىكى «موللا» سۆزىنىڭ «ئوقۇ-
مۇشلۇق ئادەم» بولۇشى ناتايىن. بۇنى ئالىلبۇرۇنلا باشقىلار
كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. «قار ئۇچقۇنلىماقتا» دېگەن جۈملى-
دىمۇ «بىر - بىرلەپ» دېگەن مەنە يوق. بۇ يەردە لى يەنشىڭ
ئەپەندى ئاممىۋى تىلنى چاكىنىلاشتۇرۇش ئۇچۇن قەستەن قوشۇپ
قويغان. جانلىق ئەدەبىي تىل كونا كىتابىي تىلنىڭ سىيدام تەرجى-
مىسى ئەمەس، ئاممىۋى تىلمۇ كونا كىتابىي تىلنىڭ ياكى جانلىق
تىلنىڭ سىيدام تەرجىمىسى ئەمەس. جياڭسۇ، جېجياڭدا «قار
ئۇچقۇنلىماقتا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، «قار بىر -
بىر ئۇچقۇنلاپ لەپىلدەپ ياغماقتا» دېمەيدۇ، بەلكى «قاتتىق»،
«قالتىس» ياكى «كارامەت» دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىپ، قارنىڭ
يېغىۋاتقان ھالىتىنى سۈپەتلەيدۇ. ئەگەر قەدىمكى كىتابلاردىن
دەلىل - ئىسپات ئاختۇرۇش توغرا كەلسە، «سۇ بويىدا» دىكى «قار
قېلىن ياغدى» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئاممىۋى تىلغا يېقىنلاش-
قان سۆز بولۇپ، «قار ئۇچقۇنلىماقتا» دېگەن سۆزگە قارىغاندا
كۆپ ئىنچام ھەم قاپىيىلىك بولۇپ چىقىدۇ.

بىر ئادەم مەكتەپتىن جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە ئاتلاپ
كىرىۋالسا، ئۇ ئىدىيە ۋە تىل جەھەتتە قەدەممۇ قەدەم ئاممىدىن
ئايرىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە «خالىي بولۇش قىيىن» بولغان ئىش.
لېكىن، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا شاھزادە - بەگزادە بولماي، «تۆ-
ۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر» بىلەن ئاز - تولا مۇناسىۋەت قىلغان
بولسا، ئويلاپ كۆرسىلا، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى تىل ياكى ھازىرقى
جانلىق تىلنى بېسىپ چۈشىدىغان ياخشى سۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئۆزى بىرەر قارا داغنى ئويدۇ-
رۇپ چىقىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ رەقىبىنى قارىلىماقچى بول-
سا، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن جايىدىن كولاپ چىققان ئۆزىنىڭ
قارا دېغى بولۇپ، ئۇ ئاممىنى خىجىل قىلالمايدۇ، بەلكى كۈلدۈر-





دۇ. ئاممىنىڭ بىلىمى گەرچە موللىلارنىڭ بىلىمىدەك كۆپ بول-
مىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان ئادەم-
لەرنى «گۈللۈك ياستۇق» دەيدىغان باھاسى بار. بۇنىڭ مەنىسىنى
پەقەت سەھرالىقلار بىلىشى مۇمكىن، چۈنكى كەمبەغەللەر ياستۇ-
قىغا ماموق ئەمەس، شال پاخلىنىلا تىقىدۇ.

8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# خەنزۇچە ھەرپ ۋە لاتىنچىلاشتۇرۇش[251]

جۇڭ دۇ

ئاممىۋى تىل - يېزىققا قارشى تۇرغۇچىلار ئاممىۋى تىلنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارغا كۆرەڭلەپ تۇرۇپ: «قېنى، مېلىڭنى كۆرسەت!»[252] دەپ بۇيرۇق قىلىشىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ياۋاش ئادەملەر باركى، ئۇلار بۇ سۆزنىڭ سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن دېيىلىۋاتقانلىقىنى ياكى كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن دېيىلىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، دەرھال بىرەر ئەۋرىشكە ئىشلەشكە ئالدىرايدۇ.

مولla كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى تىلنى تەشەببۇس قىلىشى جانلىق تىلنى تەشەببۇس قىلغىنىدىن قىيىن. چۈنكى، جانلىق تىلنى تەشەببۇس قىلغاندا ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، ئىشلەتكىنىنىڭ ھەممىسى جانلىق تىل. ھازىر ئاممىۋى تىلنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ماقالىلەرنىڭ تولىسى ئاممىۋى تىل ئەمەس. شۇنى ھەم ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى يوق. مۇبادا مېيىپ ئادەم سالامەتلىك ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلسا، ئۇ ھەرگىز خاتا قىلغان بولمايدۇ؛ ئەگەر پۇت تېڭىشنى تەشەببۇس قىلسا، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا پۇتى ساق، ساغلام ۋە كۈچلۈك ئايال بولغان تەقدىردىمۇ باشقىلارغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا زىيان سالغان بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مېۋە كارولى بىر خىل مېۋىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 10 يىللاپ كۈچ سەرپ قىلغان يەردە، مەسىلىسى كۆپ بولغان ئاممىۋى تىل جەھەتتە كۈچ سەرپ





قىلىش ھېچ گەپ ئەمەسقۇ! ئەگەر ئۆزىنىڭ نەيزىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قالقىنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قارشى تۇرغۇچىلار قەدىمكى تىلنى ياكى جانلىق تىلنى قوللىسا كېرەك. قەدىمكى تىل بىرقانچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، جانلىق تىل 20 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ «مال»لىرىنى مەيدانغا ئاچىقىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ باقسۇن! لېكىن بىز تەجرىبە قىلىپ باقساقمۇ بولىدۇ.

«ئۈچۈر»دا ساپ يەرلىك شېۋىدە يېزىلغان ئۈچ پارچە ماقالە بېسىلدى[253]، خۇ شىڭ ئەپەندى[254] بۇ ماقالىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، غەيرىي يەرلىك شېۋىدە يېزىلغان ماقالىلەرگە قارىغاندا ئېنىق ئىكەن، دەپ قاراپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئوبدان كۈچ سەرپ قىلىنسىلا، ھەرقانداق يەرلىك شېۋىدە يېزىلسىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن سۆزلىسەم، بىزنىڭ يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋىسى سۇجۇنىڭ يەرلىك شېۋىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ. بىراق، «شاڭخەي گۈللىرى»[255] دېگەن كىتاب ماڭا ئۆيدىن تالاغا چىقماي تۇرۇپلا سۇجۇنىڭ جانلىق تىلىنى ئۆگىتىپ قويدى. مەنمۇ ئاۋۋال چۈشىنەلمىدىم، شۇنداق بولسىمۇ زورمۇ زور ئوقۇدۇم، ۋەقەلىكلىرىگە قاراپ، دىئالوگلارنى سېلىشتۇردۇم، ئاخىر چۈشىنىۋالدىم. تەبىئىيكى، ناھايىتى قىيىن بولدى، مېنىڭچە، بۇ قىيىنچىلىقنىڭ يىلتىزى خەنزۇچە خەتتە. ھەربىر تۆت بۇرجەك خەتنىڭ ئۆز مەنىسى بار. ھازىر بۇ خەتلەر ئارقىلىق يەرلىك شېۋىلەر يېزىلىۋاتىدۇ. بۇ خەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆز مەنىسى بويىچە تەتبىق قىلىنغان، بەزىلىرى پەقەتلا تەلەپپۇزى بويىچە تەتبىق قىلىنغان. شۇڭا، بىز ئوقۇغاندا قايسىلارنىڭ ئۆز مەنىسى بويىچە، قايسىلارنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە تەتبىق قىلىنغانلىقىنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم، ئادەتلەنگەندە كارايىتى چاغلىق بولۇپ قالىدۇ، لېكىن باشلاش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. مەسە-

لەن، خۇ شىڭ ئەپەندىنىڭ مىسالىنى ئالايلى، «كاتەككە قايتايلى» دېگەن سۆزنى ئىتنىڭ «كاتىكى»گە قايتىش دەپمۇ چۈشىنىپ قېلىش مۇمكىن. بۇ «ئۆيگە قايتايلى» دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. بۇ جۈملىدىكى كېسەللىكنىڭ يىلتىزى «كاتەك» دېگەن خەنزۇچە خەتتە، بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى سەھرالىقلارمۇ «ئۆيگە» دېگەن سۆزنى «ئۆي شۇيان» دەيدۇ. بۇنى موللا كىشىلەر يازغاندا ئوڭايلا «ئۆيگە» دەپ يېزىپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، «ئۆي شۇيان» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئۆي مانا بۇياندا (بۇ تەرەپتە)» دېگەن سۆزنىڭ بىرئاز بۇزۇلغان بىرىكمىسى بولۇپ، «ئۆيگە» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى باسالمىسا كېرەك. ئەگەر باشقا مەنىگە تارتىپ كەتمەيدىغان تەلەپپۇز بويىچە يېزىلسا، ئۇ هالدا ئۇقۇشۇلماسلىقلار تۇغۇلماس.

ئاممىۋى تىل - يېزىقنىڭ فونېمىلىرى قەدىمكى تىلغا ۋە جانلىق تىلغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى تۆت چاسا هەرپ بىلەن يازىدىغان بولساق، بىرمۇنچە مېڭە سەرپ بولىدۇ، ئاۋارىگەرچىلىك كۆپ بولىدۇ، قەغەز ۋە سىياهمۇ ئىسراپ بولىدۇ. بۇ مىراسنىڭ، يەنى كېسەلمەن تۆت چاسا هەرپنىڭ كاساپىتىدىن بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بىرنەچچە مىڭ يىل ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتتى، جۇڭگومۇ مانا مۇشۇنداق هالغا چۈشۈپ قالدى، باشقا ئەللەر سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇۋاتسا، بىز تېخىچە يىلانغا چوقۇنۇپ، ئىلاهقا سەجدە قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئەگەر هايات ياشايدىغان بولساق، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى، خەنزۇچە هەرپنى ئۆزىمىزگە قۇربان قىلايلى.

هازىر پەقەت «يېزىقنى لاتىنچىلاشتۇرۇش» يولىلا بار. بۇ يول ئاممىۋى تىل - يېزىقتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر سىناق قىلىشى، ئاۋۋال لاتىن هەرپىنى، ئېلىپبەلىك يېزىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇشى، ئاندىن





كېيىن ماقالە يېزىشى لازىم. دەسلەپتە، خۇددى ياپون يېزىقىغا ئوخشاش، بەزى ئاتالغۇلارنى خەنزۇچە يېزىقى بويىچە قالدۇرۇش كېرەك، ئاندىن كېيىن بارا - بارا ياردەمچى سۆزلەرنى، ئىملىقلارنى، سۈپەت ۋە پېئىللارنىمۇ لاتىنچە يېزىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا كۆزگە سىغىش بولۇپلا قالماستىن، چۈشىنىشكىمۇ ئاسان بولىدۇ؛ توغرىسىغا يېزىشمۇ تەبىئىي بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ.

دېمەك، دەرهال سىناق قىلىنىسىمۇ، مېنىڭچە، قىيىن چۈشمەيدۇ. توغرا، خەنزۇچە هەرپ قەدىمدىن بىزگە قالغان گۆهەر، لېكىن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز خەنزۇچە هەرپتىنمۇ قەدىمىيراق. شۇڭا، بىزمۇ قەدىمدىن قالغان گۆهەر. خەنزۇچە هەرپ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىمىز ئۈچۈن خەنزۇچە هەرپنى قۇربان قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇ سوئالغا ئەقىل - هوشىنى تېخى يوقاتمىغان كىشىلەرنىڭ هەممىسىلا دەرهال جاۋاب بېرەلەيدۇ.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

# «شېكسپىر» (256)

مياۋ تىڭ

يەن فۇ «شېكسپىر»نى تىلغا ئالغانىدى؛ لياڭ چىچاۋمۇ
«شېكسپىر» توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتكەن؛ لېكىن بىرەر كىشىنىڭ-
مۇ دىققەت - ئېتىبارى قوزغالمىغان. تيەن خەن(257) بۇ ئادەمنىڭ
ئەسەرلىرىنى ئازراق تەرجىمە قىلغان. بىراق، بازىرى ئانچە بولماي
قالغانىدى. بۇ يىل يەنە «شېكسپىر»، «شېكسپىر» دېگۈچىلەر
چىقىپ قالدى. دۇ خېڭ ئەپەندى ئاممىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىنى
ئۆزىنىڭ ئەسىرى بىلەن ئىسپاتلاپلا قالماي(258)، ھەتتا دوكتور
جونسۇنغا تەزىم قىلىدىغان پروفېسسورمۇ ماركس - «پاركس»تىن
پارچىلارنى(259) تەرجىمە قىلدى. نېمە ئۈچۈن؟ مەقسىتى نېمىدە؟
يەنە ئاڭلىشىمچە، سوۋېت روسىيىسىدىمۇ «شېكسپىر» درا-
مىلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى سەھنىگە قويۇلىدۇ، دەپ ئاڭلى-
دىم. سەھنىگە قويۇلمىسىغۇ بولاتتى، قويۇلىدىغان بولغاندىكىن،
شى جېسۇن ئەپەندى ئۇنىڭ «رەسۋا» سىنى كۆرۈپ قاپتۇ:

«...سوۋېت روسىيىسى دەسلەپتە ‹شېكسپىرنى يوقات-
ماق› بولدى، كېيىن ‹شېكسپىرنى ئۆزگەرتمەكچى› بول-
دى، ھازىرچۇ، دراما مەۋسۇمىدە ‹ئەسلىي نۇسخىدىكى
شېكسپىرنى تەييارلىماقچى› بولۇۋاتامدۇ؟ (ھەتتا مېي لەن-
فاڭ ‹كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى› نى ئويناپ چىقىشقا
تەكلىپ قىلىنىدى). ئەدەبىياتقا سىياسىي چارىنى قوللىنىش-





تەك بۇ خىل رەسۋاچىلىق كىشىنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك
تۇرغۇزمامدۇ!» («ھازىرقى زامان» 5 - جىلد، 5 -
سانى. شى جېسۇننىڭ «مەن ۋە قەدىمكى تىل» دېگەن
ماقالىسىدىن).

سوۋېت روسىيىسى بەك يىراق، ئۇ يەردىكى دراما مەۋسۇمى-
نىڭ ئەھۋالى ماڭا ئايان ئەمەس، قۇيقا چېچى تىك تۇرامدۇ -
تۇرمامدۇ، مەيلى. لېكىن، مېي لېەنفاڭنىڭ بىر مۇخبىر بىلەن
ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مەشئەل»
بېتىگە بېسىلدى. ئۇنىڭدا، «كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى»
نى ئويناش ئۈچۈن بارىدىغانلىقى ئېيتىلمىغان.
شى ئەپەندى ئۆزى: «مەن تۇغۇلۇپ 30 يىلدىن بۇيان گۆ-
دەك، نادانلىق چاغلىرىمدىن باشقا چاغلاردا، ئۆزۈمگە ئى-
شىنىش ئىدىيەم ۋە سۆز - ھەرىكىتىم ئىزچىل بىردەك بولۇپ
كەلدى...» (ئالدىدىكى ماقالىدىن) دەپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى
ياخشى. لېكىن، ئۇ «ئېيتقان» باشقىلارنىڭ «ھەرىكىتى» بىردەك
بولۇشى ناتايىن ياكى تاسادىپەن بولسىمۇ بىردەك چىقمىدى. بۇ-
نىڭغا «كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى» ھازىرقى ئەڭ
ياخشى مىسالدۇر.
ئەمەلىيەتتە مېي لەنفاڭ ھازىرغىچە رولغا چىققىنى يوق. شى
جېسۇن ئەپەندى ئۇنى «پرولېتارىيات» ئالدىدا يالىڭاچلىنىپ يۈيۈ-
نىدۇ، دېگەنىدى. شۇنداق بولسا، ئۇلار «بۇرژۇئازىيىنىڭ ‹قال-
دۇق زەھەرلىرى› نى تەدرىجىي يۇقتۇرۇۋېلىپلا» قالماي، جۇڭگو-
نىڭ مىللىي تەۋەررۇكلىرىنىمۇ يۇقتۇرۇۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدەبى-
ياتچى ياشلىرى كەلگۈسىدە ئوردا - سارايلارنى تەسۋىرلىگەندە،
«تاللانما» ۋە «جۇاڭزى» دىن «سۆز» ئىزدەش ئېھتىمالدىن
يىراق ئەمەس(260). لېكىن، «كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇ-

شى» نىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى شى ئەپەندىنىڭ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزغان بولسا، سەھنىلەشتۈرۈلمەسلىكىمۇ بېشارەتچىلەرنى مات قىلىدۇ، دېمەك، ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شى ئەپەندى يەنە «ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەزەلدىن يەككە - يېگانە ئادەممەن. كۆپلىگەن كىشىلەرنى غەزەپلەندۈرۈشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايمەن!» دەپتۇ (يەنە ھېلىقى ماقالىدىن).

ئاخىرقى سۆزى تەكەللۇپ يۈزىسىدىن قىلىنغان سۆز، شى ئەپەندىنى قوللايدىغانلار ئەمەلىيەتتە ئاز ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا، ژۇرنالغا بېسىلىپ قالامدۇ؟ بۇ «يەككە - يېگانە» نىڭ قىممىتى خېلى بار.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى





# سودىگەرنىڭ تەنقىدى[261]

جى فېڭ

ھازىر جۇڭگودا ياخشى ئەسەرلەرنىڭ يوقلۇقى تەنقىدچىلەرنى ياكى پەنقىدچىلەرنى ئاللىبۇرۇنلا نارازى قىلىپ كەلمەكتە. بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ يوقلۇقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىنىپ كۆرگەن بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. لېكىن، يېڭىچە ئىزاھلار مەيدانغا كەلدى. لىن شىجۈەن[262] ئەپەندى: «يازغۇچىلار ئۆزىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، پۇرسەتپەرەسلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، فېلىيەتون يېزىۋاتىدۇ، شۇڭا ياكى سىنكلائىر[263] ياكى تولستوي بولالمىدى» («ھازىرقى زامان» 9 - ئايلىق سانى) دەپتۇ. يەنە شۇ لىن شىجۈەن ئەپەندى: «بۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە... يازغۇچىلارمۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا سودىگەرگە ئايلىنىپ قالدى... كۆپرەك ھەق ئېلىش ئۈچۈن ئامالسىز قوپال ۋە چالا ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تازا جاپا تارتىپ ئەستايىدىل ئىجاد قىلىدىغان ئادەم قالمىدى» («جەمئىيەت ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 9 - ئايلىق سانى) دەپ يېزىپتۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنى ئەلۋەتتە بىر قەدەم ئىلگىرىلەش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن، «يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تازا جاپا تارتىپ ئەستايىدىل ئىجاد» قىلىپ چىققان بۇ تەلىمات توغرىسىدىكى ساۋات ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز زادىلا ئوخشاشمايدۇ. بىز ئەزەلدىن كاپىتال ئارقىلىق پايدا تاپقۇچىلارنى

سودىگەر دەپ قاراپ كەلگەندۇق. شۇڭا، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى سودىگەرلەرنى پۇل ئارقىلىق كىتابخانا ئېچىپ پۇل تاپىدىغان خوجايىن دەيتتۇق. ماقالىسىنى سېتىش ئارقىلىق چەكلىك قەلەم ھەققى ئالغۇچىلارنىڭمۇ سودىگەر بولىدىغانلىقىنى، بىراق «ئۆزىمۇ سەزمىگەن» سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلىۋاتىمىز. ئېشىنغان بىرنەچچە كۈرە گۈرۈچنى ساتقان دېھقانمۇ، ئۆز كۈچىنى پۇلغا تېگىشكەن ئىشچىمۇ، كاپىشىپ تىنمايدىغان پروفېسسورمۇ، جالاپلىق قىلىدىغان پاھىشە خوتۇنلارمۇ «ئۆزىمۇ سەزمىگەن» سودىگەرلەر بولىدىكەن - دە! پەقەت خېرىدارلارلا سودىگەر بولمايدىكەن، بىراق، ئۇنىڭ پۇلىمۇ چوقۇم بىرەر نەرسىگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلگەندۇر، شۇڭا ئۇمۇ سودىگەر بولىدىكەن. دېمەك، «بۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە» ھەممە ئادەم سودىگەر ئىكەن. بىراق، بۇ سودىگەرلەر «ئۆزى سەزمىگەن» ۋە «ئۆزى سېزىپ تۇرغان» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن.

شى جۇەن ئەپەندىنىڭ ئۆز تەبىرى بويىچە ئۇنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈم قىلساق، ئۇنىڭمۇ «ئۆزى سەزمىگەن» سودىگەر بولۇشى تەبىئىي، ئۇ، ئەگەر ماقالىسىنى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىمىسا ۋە شۇنىڭ بىلەن «قوپال ۋە چالا ئىشلەش»كە توغرا كەلمىسە، ئۇ ھالدا، ئۇ تۇرمۇشىنى قانداق قامدايدۇ؟ چوقۇم باشقىچە ئالدى - ساتتى قىلىدۇ، بەلكى ئۆزى سېزىپ تۇرغان سودىگەرنىڭ دەل ئۆزى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆز قارىشى، قايسى جەھەتتىن قارىماڭ، ھامان سودىگەرنىڭ كۆز قارىشى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

«فېلىيەتون» ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. ئۇنى يېزىشقا كەتكەن ۋاقىتمۇ ھەرگىز «تىنچلىق ۋە ئۇرۇش» (بۇ لىن شىجۇەن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەن[264]، ئەسلىي «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق») نى يېزىشقا كەتكەن ۋاقىتتەك ئۇزۇن بولمايدۇ.





ئازراقلا كۈچ كېتىدىغانلىقى راست. لېكىن، ئۇنى يېزىشقىمۇ ئاز - تولا ساۋات كېرەك، ئازراق جاپا تارتىش توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، «فېلىيەتون»نىڭ ئۆزىمۇ بەكرەك «قوپال ۋە چالا ئىشلىنىپ» كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىگىلا قالىدۇ. ئەسەردە ھامان بەزى كەمچىلىكلەر بولىدۇ. ئاپوللىنائىر[265] توزنى مەدھىيىلىگەندە: توز قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەندە، رەڭمۇرەڭ نۇر چاقنايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىكى پۇرۇكىمۇ كۆرۈنۈپ قالىدۇ، دېگەنىكەن. دېمەك، تەنقىدچىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرى زۆرۈر، بىراق، تەنقىدچىمۇ بۇ چاغدا قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەنلىكتىن، پۇرۇكى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەيىبلەشلىرى زۆرۈر بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە رەڭمۇرەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان پەيلىرى بار. لېكىن ئۇ توز بولماي، غاز - ئۆردەك قاتارلىقلار بولۇپ قالسا، ئۇ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەندە نېمىلەر كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم - دە.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# تاۋۇز چاغىنىدىكى ئىككى تىلىكىم[266]

بەي داۋ

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ۋاقىت «ھەم مەيۈسلۈك، ھەم شادلىق ئىچىدە ئۆتتى». كونا يىل ھېسابى بويىچە 18 - سېنتەبىر ئەمدىلا ئۆتۈپ كېتىۋىدى، «قەمەرىيە» ھېسابى بويىچە «تولۇن ئاينى تاماشا قىلىش چاغىنى»، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «خەينىڭدا دولقۇن كۆرۈش تاماشىسى»[267] بولۇپ ئۆتتى. خەينىڭدىكى تاماشا مۇناسىۋىتى بىلەن، بەزىلەر «پادىشاھ چيەنلۇڭ بولسا خەينىڭلىق چېن يۈەنلۇڭ ھەزرەتنىڭ ئوغلى ئىكەن»[268] دېگەن گەپلەرنى چىقاردى. بۇ گەپكە قارىغاندا، مانجۇلارنىڭ بۇ «دانا خوجىسى» ئەسلىدە خەنزۇلارنىڭ پۇشتىدىن تامغانىكەن - دە! بۇ نېمە دېگەن چوڭ ئامەت؟! بىرەر ئەسكەرمۇ، بىرەر تال ئوقمۇ چىقىم تارتماي، تاناسىل ئەزاسى بىلەنلا ئىنقىلاب قىلسا، نېمە دېگەن ئاسان ئىش؟!

خەنزۇ خەلقى ئۆز ئۇرۇقىنى، ئۆز نەسەبىنى قەدىرلەيدۇ. لېكىن، نەسەبداش بولمىغانلار بىلەن تۇغقاندارچىلىق قىلىشقىمۇ ئامراق، بۇنداق قىلىشتا نېمە مەقسەتتى بارلىقىنى بىلمىدىم. «چيەنلۇڭ بولسا بىزنىڭ خەنزۇلاردىن چېن يۈەنلۇڭ چاندۇرماستىن ئەكېتىپ بېقىۋالغان ئادەم ئىكەن»، «بىزنىڭ موڭغۇللار سۇلالىمىز ياۋروپانى بويسۇندۇرغانىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى كىچىكىمدىن تارتىپ تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرىم پىشىپ كەتكەنىدى،





ھازىرقى كۈندىمۇ تاماكىپۇرۇشلار جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ سىياسىي ئەربابلىرىنى كۆرسىتىپ ئاۋاز بەرگەندە، چىڭگىزخاننىمۇ شۇنداق ئەربابلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ[269]؛ خەلقنى مەرىپەتكە دەۋەت قىلىدىغان گېزىتلەرمۇ مانجۇلارنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنى چېن يۈەنلۇڭ ھەزرەتنىڭ ئوغلى ئىدى[270] دەۋاتىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا خەنزۇلار ئۆز قىزلىرىنى ھەقىقەتەن يات مىللەتلەرگە ياتلىق قىلغان[271]؛ چاڭچىلىلەردىمۇ يات مىللەتلەردىن كۈيئوغۇل قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا شاھزادە دېگەن نامنى بېرىپ، تەييارغا ئاشىق قىلغانلىقى مەمنۇنىيەت بىلەن مەدھىيىلەنگەن. يېقىنقى ئەھۋاللارنى ئالسام، مەرد - مەردانىلارنى ئاتا قىلدۇۋېلىپ، بايلارغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ[272] گىدىيىۋالغانلارمۇ بار، لېكىن بۇنداق ئىشلارنى يۈزلۈك - ئابرۇيلۇق ئىش دېگىلى بولمايدۇ. ئەركەك - يىگىت ئادەملەردە ئۆزىگە خاس ئىقتىدار، ئىرادە، ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، كەلگۈسىدە ھەممە ئادەم ياپونلارنى شۈيفۇ[273]نىڭ پۇشتى دەۋالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن.

بىرىنچى تىلىكىم: بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار بىلەن كەلسە - كەلمەس قۇدىلىشىپ - تۇغقاندارچىلىق قىلىپ يۈرمەيلى.

لېكىن، بەزىلەر ئەدەبىياتنىمۇ تۇغقان تېپىشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار: ئاياللار ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغاندىن كېيىن بىلىم ئىقتىدارى جەھەتتىن تەسىر ئالىدۇ، دەيدۇ ۋە بۇنى ياۋروپادىكى بىرنەچچە يازغۇچى ئايالنىڭ ئەدىبلەردىن ئاشنا تۇتۇپ ئوينايدىغانلىقى بىلەن ئىسپاتلىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنە بەزىلەر ئۇلارغا: بۇ، فىرىئۇدنىڭ تەلىماتى، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دەپ رەددىيە بەردى[274]. ئەمەلىيەتتە ئۇ فىرىئۇدنىڭ تەلىماتى ئەمەس. ئۇلار سوقرات[275]نىڭ خانىمىنىڭ پەلسەپىنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىنى، تولستوينىڭ خانىمىنىڭ ئەسەر يېزىشنى بىلمەيدى-

غانلىقىنى، مۇشۇنداق ئەكسى دەلىللەرنى ئىپسدىن چىقىرىپ قويۇ-
مىغاندۇر. دۇنيانىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن قارايدىغان بول-
ساق، جۇڭگودا «ئاتا - بالا يازغۇچى»، «ئەر - خوتۇن يازغۇچى»
دېگەندەك «كىشىنىڭ قىچىقىنى كەلتۈرىدىغان قىزىق» ئادەملەر-
دىن قانچىسى بار؟ ئەدەبىيات سىفلىس مىكروبىغا ئوخشىمايدۇ،
ئۇنىڭدا زەھەرلىك مىكروب بولمىغاچقا، ئۇنى ئىككىنچى بىراۋغا
جىنسىي مۇناسىۋەت يولى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن ئە-
مەس. قايسىبىر «شائىر»نىڭ بىر ئايالنى ئىندەككە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى «شائىر ئايال» دەپ ماختىغانلىقىغا كەل-
سەم[276]، ئۇ خۇشامەتچىلىك ۋاستىسىدىن ئىبارەت، شائىرلىق
قابىلىيىتىنى راستتىن يۇقتۇرغانلىقى ئەمەس.

ئىككىنچى تىلىكىم: بۇنىڭدىن كېيىن كىندىكتىن ئۈچ سۈڭ
تۆۋەنگە كۆز سېلىپ يۈرمەيلى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى





# ئىمتىھاندىكى ئۈچ رەسۋاچىلىق[277]

خۇاڭ جى

قەدىمكى زاماندا باگۇ قائىدىسى بويىچە ئىمتىھان ئالغاندا،
ئىمتىھانغا قاتناشقانلاردىن مۇنداق ئۈچ خىل ئىمتىھان قەغىزىنى
تاپشۇرغانلار تولىمۇ رەسۋاچىلىققا قالىدىكەن، كېيىنكى چاغلاردا
سىياسىي مۇھاكىمىلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان بولغان بول-
سىمۇ، ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بولغانىكەن. بىرىنچى خىلى —
ئىمتىھان قەغىزىنى جاۋابسىز تاپشۇرغانلار. ئۇلار سوئالنىلا يېزىپ
قويۇپ، جاۋابىنى يازمايدىكەن، بەزىلىرى ھەتتا سوئالنىمۇ يازماي
تاپشۇرىدىكەن. لېكىن، بۇنداق ئىمتىھان قەغىزى ناھايىتى قۇسۇر-
سىز بولارمىش، چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا قۇسۇر چىقماسمىش، ئىك-
كىنچى خىلى — ئۇلگىلەرنى كۆچۈرۈپ قويىدىغانلار. ئۇلار ئاۋۋال
تەلەي سىناپ، تەييار بېسىلغان باگۇچە ئۇلگىلەرنى پىششىق ئوقۇ-
ۋالىدىكەن ياكى ئىمتىھان مەيدانىغا ئالغاچ كىرىدىكەن، ئەگەر
سوئالغا توغرا كېلىپ قالسا، ئىمتىھان ئالغۇچىلارنىڭ كۆزىنى
بوياش نىيىتى بىلەن ئەينەن كۆچۈرۈپ قويىدىكەن. بۇلار پەزىلەت
جەھەتتە ئىمتىھان قەغىزىنى جاۋابسىز تاپشۇرغانلارغا قارىغاندا نا-
چار بولسىمۇ، لېكىن بەرگەن جاۋابى ئومۇمەن ياخشى بولۇپ چىقىد-
ىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىنمۇ باشقا قۇسۇر چىقماسمىش.
ئۈچىنچى خىلى — ھەممىدىن ناچار بولۇپ، قارىسىغا جاۋاب يازىد-
غانلار؛ ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى ئۇياقتا تۇرسۇن،
قارىسىغا يازغان جاۋابلىرىدىن بىرمۇنچە شاخخوغا قالىدىكەن. كى-

شىلەرنىڭ قورساقنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن سالىدىغان پا-
راڭلىرى ئەنە شۇنداقلار ئۈستىدە بولسا كېرەك.

«چۈشىنىكسىز» لىرى بۇلارغا كىرمەيدۇ، چۈنكى چۈشىنىك-
سىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئىمتىھانغا قاتناشقان كىشى ھەرھالدا
سوئالغا قاراپ جاۋاب يازغان - دە، ھالبۇكى، جاۋابنى چۈشىنىك-
سىز دەرىجىدە يېزىشمۇ ئاسان گەپ ئەمەس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى،
ھازىرقى ئەدىبلىرىنىڭ قايسىبىرىنىڭ يازغان نەرسىلىرىدە بىرەرمۇ
چۈشىنىكسىز جۈملە يوق دەپ ھۆددە قىلغىلى بولامدۇ؟ بەزىلىرى-
نىڭ «چۈشىنىشلىك» بولدى دەپ قارىغانلىقى «چۈشىنىشلىك»
دېگەن سۆز بىلەن «چۈشىنىكسىز» دېگەن سۆزنىمۇ چۈشەنمىگەنلى-
كىدىن بولغان.

بۇ يىل ئىمتىھان ئېلىشقا قاتناشقان ئەمەلدارلار ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغەزلىرىدىن بىرمۇنچە شاڭخو-
لارنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ يۈرمەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىللەتكە
قارىسىغا جاۋاب يازغانلىق سەۋەبچى بولغان. ئۇلارنىڭ چىقارغان
سوئاللىرى تەييار ئۆلگىلەرنى كۆچۈرۈپ بەرسىلا ئىمتىھاندىن ئۆتە-
لەيدىغان سوئاللار ئىكەن. مەسىلەن: «13 قەسىدە» دېگەن نېمە؟
ۋېن تيەنشاڭ قايسى سۇلالىنىڭ ئادىمى؟ دېگەنگە ئوخشاش ھېچقانچە
باش قاتۇرمايلا جاۋاب بەرگىلى بولىدىغان سوئاللار ئىكەن. لې-
كىن، بۇ سوئاللارغا جاۋاب يازغاندا چاتاق چىقماي قالمايدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئەدىبلەر، ئۆلىمالار گويا پەقەت ئۆزلىرىلا ئىلىم
بېغىنىڭ مول مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغاندەك، مىللىي ئىلىم
راۋاج تاپالمايۋاتىدۇ، ياشلار يارىماس بولۇپ قالدى، دەپ ئاھ
ئۇرماقتا.

لېكىن، تەييار ئۆلگىنى كۆچۈرۈپ بېرىشمۇ ئاسان ئەمەس،
ئەگەر شۇ ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدارلارنى ئىمتىھان مەيدانىغا بەند
قىلىۋېلىپ، ئانچە تونۇش بولمىغان بىرنەچچە ماقالىنى سورىسى-





ڭىز، قارىسىغا يازمىغان تەقدىردىمۇ ئىمتىھان قەغىزىنى جاۋابسىز
تاپشۇرۇشى ناتايىن، مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن پىشقان ئەدىب، ئۆلى-
مالارنى مەنسىتمىدىغان مەنە چىقمايدۇ؛ مېنىڭچە، ماقالە كۆپ،
ئۇلارنى ئېسىدە تۇتالماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ھەممى-
سىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشى غەلىتە ئىش. قەدىمكى كىتابلارنىڭ
بەزىسىگە كېيىنكى كىشىلەر خېلى كۆپ ئىزاھاتلارنى كىرگۈزگەن-
غۇ؟ ئۇلار شۇ ئىزاھاتلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆجرىلىرىدا
ئولتۇرۇپ، ئۇرغۇن كىتابلارنى، لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ،
ئايلاپ - يىللاپ ئىزدىنىپ ئاران پۈتتۈرگەن. شۇنداقتىمۇ
«تولۇقسىز»، خاتا يەرلىرى يوق ئەمەس. ھازىرقى ياشلارنىڭ
ئۇلارغا لوقما سېلىشقا قۇربى يەتمەسلىكى تەبىئىي، بۇنىڭغا باشقى-
لارنىڭ «قوشۇمچە تۈزىتىش» لىرى دەلىل بولۇپ تۇرۇپتۇ؛ ئۇنىڭ
ئۈستىگە قوشۇمچىگە قوشۇمچە قىلغۇچىلار، تۈزىتىشكە تۈزىتىش
كىرگۈزگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس.

دېمەك، تەييار ئۆلگىلەرنى كۆچۈرۈپ، ئەپلەپ - سەپلەپ
ئىش پۈتتۈرىدىغانلار — ھازىرقى كاتتا ئەربابلار. ياش ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ بەزىبىر خاتالىقلىرى بولسا ئادەتتىكى ئادەملەردە بولۇپ
تۇرىدىغان ئەھۋال. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى نەپرەت-
كە ئۇچراۋاتىسىمۇ ئاھ ئۇرۇپ زارلانمىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# يەنە «شېكسپىر» [278]

مياۋ تىڭ

سوۋېت روسىيىسىنىڭ شېكسپىر دراممىلىرىنى ئەينەن قويماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ «رەسۋا» [279] ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەرمىش؛ ماركسنىڭ شېكسپىرنى تىلغا ئالغانلىقى ئەلۋەتتە خاتا [280] مىش؛ پروفېسسور لياڭ شىچۇ شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ھەر بىر كىتابقا 1000 دوللاردىن ھەق ئالارمىش [281]؛ دۇ خېڭ ئەپەندى شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، «ئادەم بولۇش توغرىسىدا يەنە بىرئاز تەجرىبە ئېلىشقا موھتاج» [282] بولۇپ قاپتۇمىش.

ئەدىبىمىز دۇ خېڭ ئەپەندى ئىلگىرى گويا ئۆزىنىڭ «ئادەم بولۇش تەجرىبىسى» نىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن ئاممىغا ئىشىنىپ كېتىپتىكەن، شېكسپىرنىڭ «قەيسەر» [283] ناملىق دراممىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا «ئۇلاردا ئەقىل ـ ئىدراك يوق، ياخشى ـ يامانلىق توغرىسىدا ئېنىق كۆز قاراش يوق؛ ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى پۈتۈنلەي بىرنەچچە تەرغىباتچىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالغان» (دۇ خېڭ: «شېكسپىرنىڭ ‹قەيسەر› ناملىق دراممىسىدا تەسۋىرلەنگەن ئامما»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەنزىرىسى» نىڭ تۇنجى سانىدىن) لىقىنى چۈشىنىپ قاپتۇمىش. تەبىئىيكى، بۇ چۈشەنچىلەر «شېكسپىر دراممىلىرى» دىن كەلگەن، بۇنىڭ دۇ خېڭ ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك، دۇ خېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ چۈشەنچىلىرىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىگە ھازىر تېخى ھۆكۈم قىلالمايدىكەن؛ لېكىن «ئادەم بولۇش توغرىسىدا يەنە بىرئاز تەجرىبە ئېلىشقا موھتاج» ئىكەنلىكىنىڭ چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىكەن.





«شېكسپىرنىڭ ‹قەيسەر› ناملىق دراممىسىدا تەسۋىرلەنگەن ئامما» نىڭ دۇ خېڭ ئەپەندىگە بەرگەن تەسىرى ئەنە شۇنداق ئىكەن. ئۇنداق بولسا، دۇ خېڭ ئەپەندىنىڭ «شېكسپىرنىڭ ‹قەيسەر› ناملىق دراممىسىدا تەسۋىرلەنگەن ئامما» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە تەسۋىرلەنگەن ئامما قانداق؟ بۇ ئامما «قەيسەر» دە تەسۋىرلەنگەن ئاممىغا ئوخشاشمايدۇ:

«بۇ ئەھۋال يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى سىياسىي ئۆزگىرىشلەردە ئۇچراپ تۇرغان، توخۇ كەلسە ‹توخۇنىڭ ئالدىغا، ئىت كەلسە ئىتنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقىدۇ› غان… ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردى… ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى زادى نەدە؟ ياكى بىز، شەرقتىكى بۇ قەدىمىي ئەل ھازىرمۇ بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى رىم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەدەنىيەت باسقۇچىدا توختاپ قالدۇقمۇيا؟»

راست، «قەدىمنى ئەسلەپ پىغان قىلىش» تىن مەقسەت ھازىرقىدا، ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرىدىغان بولساق، مەن ئويلايمەنكى، ئۆز ۋاقتىدا رىمدىمۇ ئەقىل ـ ئىدراكى، ياخشى ـ يامان توغرىسىدا ئېنىق كۆز قارىشى بولغان، ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىرنەچچە تەرغىباتچىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالمىغان ئامما بولغان بولۇشى، لېكىن ئۇلار قوغلانغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان، قىرىلغان بولۇشى مۇمكىن. شېكسپىر بۇ ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن ياكى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن بولسا كېرەك، قەستەن كۆز يۇمغان

بولۇشىمۇ ئېھتىمال، ئۇ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئادەم، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىمۇ بىرەر رەڭۋازلىق ھېسابلانماس.

بىراق، شېكسپېرنىڭ ماھىرلىق بىلەن تاللىغانلىقى، دۇ خېڭ ئەپەندىنىڭ مەشھۇر ماقالىسىدە شەرھلەنگەنلىكى بىزنى: ئامما ھەر قاچان «توخۇ كەلسە توخۇنىڭ، ئىت كەلسە ئىتنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقىدۇ» غان ماتېرىيال بولۇپ تۇرۇۋەرسە، ئەكسىچە، كۈتۈۋېلىنغۇچىلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن؛ «ئۆزۈمنى ئالسام، گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا»، ئاممىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە پەسلىكى «توخۇ» ۋە «ئىت» تىنىمۇ ئېنىشىپ چۈشىدىكەن دېگەن «ھېسسىيات» قا كېلىۋاتىمەن، دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويماقتا. تەبىئىيكى، بۇنداق چۈشەنچە ئاممىغا كۆيۈنگەنلىكتىن ۋە لېكىن ئاممىنىڭ تىرىكتاپ بولۇپ تۇرغانلىقىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ تېخى ھۆكۈم قىلالمايمەن، لېكىن «شۇ ئۇلۇغ دراماتورگ ئاممىغا شۇنداق قاراشتا بولغان» ئىكەنمىش، ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىدىن سوراڭ!

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى





# تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنىڭ قىيىنلىقى (284)

جاڭ فى

«يۈەن جۇڭلاڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ كۆرۈش خاتىرىسى» (285) نى كۆرۈپ، ئانچە ئەھمىيەتسىز بولغان بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ بولسىمۇ: تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشنىڭ قىيىنلىقى.

چىڭ دەۋرىدە، بىرەر خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ مولليسى ئۆزىنىڭ تەۋەررۇك كىتابلىرىغا قارىماي، قۇرۇق قول ئولتۇرۇپلا «تۆت كىتاب» نىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ چىقالىسا، ئۇ يېزىدا كاتتا بىلىملىك كىشى بولۇپ قالاتتى. بۇ قارىماققا ناھايىتى كۆڭۈلدىكىلىك بىر ئىش بولسىمۇ، بۇنىڭ داۋلىسى بار. داۋاملىق كونا كىتاب ئالىدىغانلار بەزىدە بېشىدا تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان، بەزى پۈتۈن جۈملىلەرنى پارچىلىۋەتكەن، بەزى جايلىرىغا قويۇلمىغان، ئاخىرى يېرىم يولدا توختاپ قالغان، دېمەك، تىنىش بەلگىلىرىنى ئاداققىچە تولۇق قويالمىغان كىتابلارغا يولۇقىدۇ. بۇنداق كىتابلارنىڭ باھاسى پاكىز كىتابلارغا قارىغاندا ئەرزان بولىدۇ. لېكىن، مۇنداق كىتابنى ئوقۇغانلار خېلىلا قىيىنلىدۇ.

قەدىمكى كىتابلارنى تىنىش بەلگىلەر بىلەن بېسىپ چىقىرىش ئىشى «ئەدەبىيات ئىنقىلابى» مەزگىلىدىن باشلانغان؛ ئوقۇغۇچىلاردىن قەدىمكى يازمىلارغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويغۇزۇپ ئىمتىھان ئېلىش، ئېسىمدە قېلىشىچە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا

باشلانغان؛ بۇ قاباھەتلىك ئەھۋال ئوقۇغۇچىلارنى نۇرغۇن كۈلكىگە قويغان.

شۇ چاغدا جانلىق تىلغا قارشى بولغان ياكى جانلىق تىلغا قارشى بولمىسىمۇ قەدىمكى تىلنىمۇ بىلىدىغان ئالىملار سوغۇق گەپ قىلىشقانىدى. بەزىدە ئالىملارنىڭمۇ غىدىقى كېلىپ ئۆزلىرى تۇتۇش قىلاتتى، ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇش قىلدىمۇ، چاتاق چىقاتتى. بىرنەچچە جۈملىگە چېكىت، پەشلەرنى قويالمىسىغۇ كارى چاغلىق، لېكىن ناھايىتى ئاددىي جۈملىلەرگىمۇ توغرا بەلگە قويالماي، پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن بولاتتى.

قەدىمكى يازمىلارغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇش كۆپ چاغلاردا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. مەسىلەن، «مېڭزى» دا مۇنداق بىر ئابزاس بار، بىز ئۇنى تەخمىنەن مۇنداق ئوقۇساق كېرەك: «فېڭ فۇ ئىسىملىك بىر كىشى يولۋاس بىلەن ئېلىشىشقا ماھىر ئىدى. ئونبېشى ئۇنى پالۋان ھېسابلايتتى. دالادا نۇرغۇن كىشىلەر بىر يولۋاسنى قوغلىدى. يولۋاس قارشىلىق كۆرسەتسە، ھېچكىم يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار فېڭ فۇنى كۆرۈپ قارشى ئالدى. فېڭ فۇ بىلەكلىرىنى شىمايلاپ ھارۋىدىن چۈشكەندە، ھەممىسى خۇشال بولدى ۋە پالۋانلىقىغا كۈلدى». بىراق، بەزىلەر بۇ سۆزلەرنى «... ھارۋىدىن چۈشكەندە ھەممىسى، خۇشال بولدى ۋە پالۋانلىقىغا كۈلدى» دېگەن تەقلىدتە جۈملىگە ئايرىغان. بۇنداق جۈملە ئايرىشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى نامەلۇم.

مۇبادا، مۇقامى بەلگىلىك بولغان ناخشىلار، جۈملىلىرى قاپىيىلىك يېزىلغان ماقالىلەر ياكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ چۈشىنىشى ئانچە قىيىن بولمىغان كىچىك ئەسەرلىرى بولسا، يەنە كېلىپ بۇنىڭغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويغۇچىلار ئاتاقلىق موللىلار بولسا، شۇ جۈملىلەردىمۇ بەزى خاتالىقلار يۈز بەرسە، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ تېنىدە پاشا چاقمايمۇ ھۈررەك پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئاخىردا





بەزىلەر جانلىق تىل ئۇنداق ئەسكى، قەدىمكى تىل مۇنداق ياخشى دەيدۇ، لېكىن ئۆزى قول سالسىلا، ئۆزى ماختاپ يۈرگەن قەدىمكى تىلدىكى ئەسەرلەرنى تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇش بىلەن چاتاق قىلىپ قويىدۇ. چاتاق جۈملە چۈشىنىكسىزلىكنىڭ ئېنىق بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ ياخشى - يامانلىقى نەدىن كېلىدۇ، ئەمىسە؟

قەدىمكى تىلنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇش بىر خىل سىناق تاش. بىرنەچچە پەش، چېكىتلەردىن ئۇنىڭ ھەقىقىي رەڭگى - سىياقى ئاشكارا بولىدۇ.

لېكىن، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق. يەنە سۆزلەۋەرسەم، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تېخىمۇ يۇكسەك مۇلاھىزىلەر پەيدا بولۇپ، تىنىش بەلگىسى دېگەن «شامالغا قاراپ ئۇسسۇل ئويناش» دېگەن بولىدۇ، «جان» غا جازا بولىدۇ، ئۇنى چەتكە قېقىش كېرەك، دېگەن گەپلەر[286] چىقىشى مۇمكىن.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

# ھەيرانمەن (3) [287]

بەي داۋ

«جۇڭگونىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلىرى»دىن يې لىڭفېڭ ۋە مو شىيەنىڭ ئەپەندىلەر تەھرىرلىكىدىكى «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال»[288] نىڭ چوڭ ئېلانىنى گېزىتتىن خېلى بۇرۇنلا كۆرگەنىدۇق، ئالاھازەل يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ «رەسىملىك ژۇرنال»نى كىتاب دۇكىنىدا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇ «رەسىملىك ژۇرنال» بولغاچقا، ئۇنى كۆرگۈچىلەرمۇ تەبىئىي ھالدا «رەسىملىك ژۇرنال» كۆرۈش ئارزۇسىدا ئالدى بىلەن «رەسىملەر»نى كۆرىدۇ.

كۆرمىسەمغۇ مەيلى ئىدى، لېكىن كۆرۈپلا ھەيران قالدىم.

دەي فېڭۋەن[289] ئەپەندىنىڭ «شېنياڭدا ساياھەت» دېگەن ئەسىرى ئۈچۈن سىزىلغان ئۈچ پارچە قىستۇرما رەسىم ياپونلارنىڭ قولىدىن چىققان رەسىمگە سەل - پەل ئوخشاپ كەتتى. راسا ئەسلەپ كۆرسەم، بۇ ئاشۇ ياپونىيە ژۇرناللىرىنى ساتىدىغان دۇكاندا كۆرگەن «جەڭ سۈرەتلىرى توپلىمىدا» بېسىلغان لياۋجى چاۋمىڭنىڭ ياپونلارنىڭ شېنياڭدىكى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئويغان ياغاچ ئويما رەسىملىرى ئىكەن. ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئويۇپ ئىشلەنگەن ئەسەرلىرى قانداقتۇر يېڭىلگەن دۆلەت يازغۇچىسى ئەسىرىنىڭ قىستۇرما رەسىمى قىلىنغان. بۇنىڭغا ھەيرانمەن.

يەنە ۋاراقلاپ كۆرسەم، مو شىيەنىڭ ئەپەندىنىڭ «توق يېشىل





كۆڭلەكلىك قىز» ئەسىرىگە سىزىلغان ئۈچ پارچە قىستۇرما رەسىم ماسېرېئېل[290] نىڭ رەسىملىرىگە ئوخشاپراق كەتتى، مەن خېلى بۇرۇنلا «ياخشى دوست» شىركىتى قايتا باسقان تۆت كىچىك كىتابچىدىن ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسۇلىنى ئەسلەپ قالغانىدىم. بۇ ياغاچ ئويمىغىمۇ ھازىر ئېنىق قىلىپ FM دەپ ئىمزا قويۇلغان. بىزنىڭ «جۇڭگونىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچىلىرى» مىزنىڭ ئەسىرى ئالدىنئالا فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ماسېرېئېلغا قىستۇرما رەسىم ئويۇپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغانمۇ، قانداق؟ بۇنىڭغىمۇ ھەيرانمەن.

ئەمدى ماقالىگە، «دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە نەزەر»[291] گە كېلەيلى. ئۇنىڭ بېشىدىلا: «فرانسىيىنىڭ كونگورت مۇكاپاتى[292] ئۆتكەن يىلى ئويلىمىغان يەردىن (ئىزاھ: قەبىھ -!) جۇڭگونى مەزمۇن قىلغان ‹ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى› دېگەن رومانغا بېرىلدى، ئۇنىڭ ئاپتورى ئاندىرى مارلاۋ»[293]، لېكىن «بەلكى مەۋقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇ كىتاب يېزىلىشى جەھەتتىن ماختاشلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتە، گويا مارلاۋدەك تالانتلىق يازغۇچىنىڭ نىمشىقىدۇر ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەشۋىقات قورالى قىلىۋالغانلىقىغا ئېچىنغاندەك، ئادەتتىكى گېزىتلەردە بىردەم ھۇجۇم ئاستىغا ئېلىندى» دەپتۇ. دېمەك، شۇنداق «نەزەر» سېلىنىشى بىلەن «گويا» فرانسىيىنىڭ كونگورت مۇكاپاتى ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قاراپ چىقىدىغان خادىملارنىڭ «مەۋقە» سىمۇ «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەشۋىقات قورالى قىلىش»قا قوشۇلغان بوپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ھەيرانمەن.

بۇ بەلكى مېنىڭ «ئازنى كۆرۈپ، كۆپ ھەيران قالغان»لىقىمدۇر، باشقىلار ئېھتىمال مۇنداق بولمىسا كېرەك. ئىلگىرى ئۆتكەن «ھەيران قالغۇچىلار»، «غەلىتىلىكنى كۆرسەڭمۇ ھەيران

قالمىساڭ، غەلىتىلىك ئۆزى تۈگەر» دېگەنىكەن. «ھەيران قالدۇرغۇچىلار» ئاللىبۇرۇنلا «ھەيران قالماسلىق» توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىپ قويغان. ژۇرنالنى ئاچسىڭىزلا مۇنداق «مۇھەررىر سۆزى»نى كۆرىسىز:

«پەقەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قىزىقىدىغان كىتابخانلارنىڭ باشقا جىددىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ھارغان كۆزلىرىنى ئېچىپ قويۇش ياكى بىرەر قېتىم قاقاقلاپ كۈلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر بىر ساندا ئانچە ئېغىر بولمىغان بەزى گەپ ـ سۆزلەر ۋە سۈرەتلەر بىلەن تەمىنلەيمىز، خالاس.»

«جۇڭگونىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يازغۇچى»لىرىنىڭ ئىلگىرى «بېئاردسلىي»[294] نى تىرىك سۈيۈپ، بۇ يىل ماسېرېئېلنى تىرىك يۇتۇش ئويۇننى ئويناۋاتقانلىقى قىلىچتا قەلەم ئۇچلىغانلىقى «باشقىلارنىڭ جىددىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ھارغان كۆزلىرىنى ئېچىپ قويۇش ياكى ئۇلارنى بىرەر قېتىم قاقاقلاپ كۈلدۈرۈش» ئىكەن ـ دە! ئەگەر كۆزنى ئېچىپ قويىدىغان شۇ «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال»دا يەنە چاتاق چىقسا، مەيلى ئۇ چاتاق «ئېغىر» بولمىسىمۇ، «جۇڭگونىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بۇ يازغۇچى»لىرىنىڭ ئۆز ماھارىتىنى تەقدىم قىلىشتىكى ئەجرىسى يەردە قالغان بولامدۇ؟

ئۇنداقتا، مەنمۇ «بىرەر قېتىم قاقاقلاپ كۈلەي» — ھا ـ ھا!

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى





# مېي لەنفاڭ ۋە باشقىلار ھەققىدە (A)[295]

جاڭ فى

داڭلىق چاڭچىلىكەشلەرگە چوقۇنۇش ئەزەلدىنلا بېيجىڭنىڭ ئەنئەنىسى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، چاڭچىلىكەشلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن چوقۇنۇشمۇ پاكىزلەشتى. ئىلگىرى، پەقەت تەن جاۋتيەن[296] لا چاڭچىلە سەھنىسىدە دەۋران سۈرەتتى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ماھارىتى يۇقىرى دېيىشەتتى، لېكىن بۇنىڭغا ئېھتىمال ھۆكۈمدارلارنىڭ ئازراق تەسىرىمۇ ئارىلاشقان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ ئويۇنى «مەبۇدە» سىشى تەيخۇ[297] غا ياراپتىكەن. لېكىن، ھېچكىم ئۇنى تەشۋىق قىلمىغان، ئۇنىڭغا مەسلىھەت كۆرسەتمىگەن. ئۇمۇ جاھانشۇمۇل شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولمىغان، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا سەھنە كىتابى يېزىپ بەرمىگەن. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئاز ـ تولا بولسىمۇ «جۇرئەت قىلالماسلىق»تىن بولسا كېرەك.

كېيىن مەيدانغا چىققان مەشھۇر مېي لەنفاڭ ئۇنىڭدىن باشقىچە بولدى. مېي لەنفاڭ ئەرلەر رولىدا ئوينايدىغان ئارتىس بولماستىن، بەلكى ئاياللار رولىدا ئوينايدىغان ئەر؛ پادىشاھ ئوردىسىدىكى قەدىرلىك ئارتىس بولماستىن، بەلكى ئاۋام خەلقىنىڭ ئارزۇلۇق پەرزەنتى، شۇڭا مەنسەپدار تۆرىلەر قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. ئەمەلدارلار دائىم خەلقنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلاپ ئالاتتى. ئۇلار دۇمباق ناخشىسىنى قەدىمكى تىلغا ئۆزگەرتتى.

«پاك پۇقرا قىز»[298] نى كىچىك خوتۇن قىلىۋالدى. دېمەك، شۇ ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ قولى تېگىشى بىلەنلا ھالاك بولاتتى. ئۇلار ئۇنى ئاۋام خەلق ئارىسىدىن تاللىۋېلىپ، ئەينەك شېشىگە سېلىپ، سەندەل قونداققا قويدى. ئۇنىڭدا كۆپ ساندىكى كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بىلەن «پەرىشتىنىڭ گۈل چېچىشى» نى ئاستا ئويناشقا، «دەييۇنىڭ چېچەك كۆمۈشى» نى ئەۋرىشىم كۆرسىتىشكە سالدى. ئۇ ئىلگىرى چاڭچىلە ئوينايتتى، كېيىن چاڭچىلە كۆرىدىغان بولدى. يېڭى چاڭچىلە ئەسەرلىرى پەقەت مېي لەنفاڭ ئۈچۈنلا، ئەمەلدارلار كۆڭلىدىكى مېي لەنفاڭ ئۈچۈنلا تەييارلىنىدىغان بولدى. ئېسىللەشكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر چۈشىنەلمەيدىغان، كۆرمەيدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈش لاياقىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدىغان بولدى.

ئەمەلدارلارمۇ ھەر كۈنى كۆرۈۋېرىپ زېرىكتى بولغاي، يېقىندىن بۇيان مېي لەنفاڭمۇ غېرىبسىنىپ قالدى.

ئۇ ئايال رولىنى ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن يېشى چوڭىيىش بىلەن غېرىبسىنىپ قالدىمۇ يە؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. 13 يېشىدىن تارتىپ ئايال رولىنى ئېلىپ كەلگەن چاڭچىلىكەش ھازىر 70 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، سەھنىگە چىقىشى بىلەن ھەممە تاماشىچى بەربىر ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىدىكەنغۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇنى ئەمەلدارلار ئىگىلەپ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالمىغان، ئۇنى ئەينەك شېشە ئىچىگە سولاپ قويمىغان.

ئادەمنىڭ شۆھرەت تېپىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىمۇ خۇددى نۇرنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىغا ئوخشايدۇ، ئۇ پارلانغاندا يېقىندىن يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىدۇ، ئۆچكەندە يىراقلاردا يەنە قالدۇق نۇرلار قالىدۇ. مېي لەنفاڭنىڭ ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىكى ساياھىتى[299] ئەمەلىيەتتە نۇرنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى ئەمەس، بەلكى نۇرنىڭ جۇڭگودا ئۆچۈشى ئىدى. ئۇ ئەينەك شېشىدىن





سەكرەپ چىقىپ كېتىش خىيالىغا كەلمەپتۇ، شۇڭا شۇ پېتى چىقىرىلىپ، شۇ پېتى قايتۇرۇپ كېلىنىدى.

ئەمەلدارلار ياردەملەشمىگەندە، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئويۇنلىرى ئاممىباب ھەتتا قوپال، پاسكىنا بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈر، جانلىق ئىدى. ئۇ «پەرىزات» قا ئايلانغاندا قەددى كۆتۈرۈلدى، لېكىن شۇنىڭدىن تارتىپ جانسىز، ھاكاۋۇر بولۇپ قالدى. مېنىڭچە، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆلۈك دېسە ئۆلۈك ئەمەس، تىرىك دېسە تىرىك ئەمەس پەرىزاتنى ياكى نازىنىن لىن دەييۇنى كۆرگەندىن كۆرە، چىرايلىق، تېتىك يېزا قىزىنى كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزگە يېقىن.

لېكىن، مېي لەنفاڭ مۇخبىرغا باشقا سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يەنىمۇ نازاكەتلىكرەك قىلىپ ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# مېي لەنفاڭ ۋە باشقىلار ھەققىدە (B) [300]

جاڭ فى

مېي لەنفاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ بارماقچى.
بۇ ھەقتە گەپ كۆپ، مەشھۇر رەسسام، پروفېسسور شۈي
بېخۇڭمۇ موسكۋاغا بېرىپ قارىغاينى سىزىپتىكەن[301] — ئاتنى
سىزغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئېسىمدە ئېنىق ئەمەس — بىراق
مۇنچىلىك داۋراڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدە بولمىغانىدى. بۇنىڭدىن
دوكتور مېي لەنفاڭنىڭ سەنئەتچىلەر ساھەسىدە ھەقىقەتەنمۇ باشقى-
لاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ھازىرقى زامان» تەھرىر بۆلۈمىمۇ
جىددىيلىشىپ كەتتى. باش مۇھەررىر جې سۇن ئەپەندى: «مېي
لەنفاڭ ‹كىچىك خانىشنىڭ مەست بولۇشى› نى ئويىنىغىلى بارىدى-
كەن!» («ھازىرقى زامان» 5 ـ توم 5 ـ سان) دەيدۇ. ئۇنىڭ
شۇنچە تولۇشىغا قارىغاندا، قورسىقى تازا كۆپكەن بولسا كېرەك؛
مېي لەنفاڭنىڭ جىنسىنى بىلمەيدىغان ئادەم بۇ ئەھۋالدىن، شى
جېسۇن كۇنداشلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوخشايدۇ، دېگەن
گۇمانغا كېلىشى مۇمكىن. ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇھەررىر دۇ
خېڭ ئەپەندىمۇ: «سەھنە ئەسەرلىرىدى بېكىتىش خىزمىتى ئا-
ياغلاشتى. بىرنەچچە ئەڭ ياخشى، ئىلغار ئويۇننى ئاۋۋال موسكۋاغا
ئېلىپ بېرىپ قويۇپ، مېي لەنفاڭ ئەپەندىنىڭ ‹ئۆزگەرگەن› دىن
كېيىنكى شەخسىي ئىجادىيىتى دەپ تەشۋىق قىلساق يامان





كەتمەيدۇ… چۈنكى، ئادەت بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان
سەنئەتكارلار، قانداقلا بولسۇن، ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ‹ئۆزگەر-
گەن›، لىكىنى ئازراق بولسىمۇ ئىپادىلىشى شەرت» («ئەدەبىي رە-
سىملىك ژۇرنال» نىڭ تۇنجى سانىدا) دەيدۇ. بۇ كۆپ ئېغىر ـ
بېسىق ئىكەن. بۇنىڭ ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىر قاراپلا بىل-
گىلى بولىدۇ. چى رۇشەن[302] ئەپەندىمۇ بۇ جەھەتتە بۇنىڭغا تەڭ
كېلەلمەيدىغانلىقىدىن خىجالەت بولۇپ، دەرھال ئۇنى ياردەمگە —
ياردەم ئۈستىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.
لېكىن، مېي لەنفاڭ ئەپەندى ھازىر، ئەكسىچە: جۇڭگو چاڭ-
چىلىلىرى سىمۋولىزمغا مايىل[303]، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سۆز-
لىرى نازاكەتلىكرەك بولۇشى كېرەك، دېمەكتە. ئۇ ئەمەلىيەتتە
سەنئەت ئۈچۈن دەۋاتىدۇ، ئۇمۇ «ئۈچىنچى خىل
ئادەم». دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆزگەرگەن» لىكىنى ئىپادىلىمەي-
دىغاندەك، ئىپادىلەشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ
بەلكى باشقا بىر تەخەللۇس بىلەن بىرەر سەھنە ئەسىرى يېزىپ
چىقار، ئۇنىڭدا بىرەر زىيالىينى تەسۋىرلەر؛ دېمەك، چاكىنا
ئىشلارغا بېرىلمەي، سەنئەت بىلەنلا شۇغۇللىنار، لېكىن ئاخىر
يەنە ئىنقىلاب تەرەپتە تۇرار. بۇ نېمىدېگەن چوڭ جانلىقلىق! ئاخى-
رىغا يەتمىگەندە، ئاھ گۈلۈم، ۋاھ نۇرۇم دەۋېرىدۇ؛ ئاخىرىغا
يەتكەندە ھامان مانا بۇ نەرسىنى يازغان مەن ئىدىمغۇ، بۇ دەل
ئىنقىلاب تەرىپىدە تۇرغانلىق بولمامدۇ، دەر.
بىراق، دوكتور مېي لەنفاڭنىڭ ئۆزى ماقالە يېزىپ، ماقا-
لىگە باشقا بىر تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئويۇننى
ماختامدۇ، قانداق؟ ياكى يالغاندىن يوق بىر نەشرىيات قۇرۇپ،
قانداقتۇر «ئويۇن يىلنامىسى» چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن
مۇقەددىمە يېزىپ، ئۆزىنى دراما ـ ئويۇن ساھەسىدىكى مەشھۇر
زات[304] دەمدۇ، قانداق؟ بۇنىسىنى بىلمىدىم. مۇبادا ئۇنداق

بولمىغان بولسا، ئۇ بۇنداق رەڭۋازلىقنى بىلمىگەن بولىدۇ.

راستىنىلا بىلمىسە، ئۇ چاغدا، دۇ خېيىڭ ئەپەندى ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالىدۇ - دە، مېي لەنفاڭدىن ئۆزىنى «يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش»[305] نى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمدى بەس قىلاي، يەنە سۆزلەۋەرسەم مېي لەنفاڭ ئەپەندى تەنقىدچىلەر قالايمىقان تەنقىد قىلىۋەرگەنلىكتىن، ئويۇننى ياخشى ئويناپ چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم، دەپ قالمىسۇن[306].

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى





# تىللاپ ئۆلتۈرۈش ۋە پۈۋلەپ ئۆلتۈرۈش[307]

ئافا

ھازىر ئەدەبىي تەنقىدتىن ئانچە رازى بولمىغانلار، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاتالمىش تەنقىدچىنى پۈۋلەش ۋە تىللاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، پۈۋلەش ۋە تىللاش دېگەن سۆز ماختاش ۋە ھۇجۇم قىلىش دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قويۇلغان يامان ئاڭلىنىدىغان سۆز. قەھرىماننى قەھرىمان، پاھىشەنى پاھىشە دېيىش، قارىماققا پۈۋلەش ۋە تىللاشقا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تازا باب كەلگەن سۆز. بۇ جەھەتتە تەنقىدچىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. تەنقىدچىنىڭ خاتالىقى — قالايمىقان تىللاش ۋە قالايمىقان پۈۋلەشتە؛ مەسىلەن، قەھرىماننى پاھىشە، پاھىشەنى قەھرىمان دېيىشتە.

تەنقىد قالايمىقان بولسا ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ، ھەتتا پاكىتنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ. تېگى - تەكتى كۆپچىلىك تەرىپىدىن سېزىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بەزى چاغدا پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. شۇڭا، ھازىر تىللاپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر ئازراق، پۈۋلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ.

ئۆزى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بولسىمۇ، مەسىلىسى يېقىندا تۇغۇلغانلارغا يەنە جۈڭلاڭنى مىسال قىلىش مۇمكىن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن بۇ يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى ۋە ئورنى بار. لېكىن، بەختكە

قارشى، بىر توپ مولللار ئۇنى پۇۋلەپ، ماختاپ، ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۇلۇك ـ تەتۈر قويۇپ، مەتبەئەدە «رەڭ كېلىدۇ، ئاي ـ كۈندىن كېلىدۇ، شام كېلىدۇ، كۆك ـ سېرىقتىن كېلىدۇ، كۆزنىڭ رەڭگى باشقىچە بولىدۇ، ئاۋاز كېلە-دۇ، قوڭغۇراق ـ دۇمباقتىن كېلىدۇ، قۇرۇق بامبۇك تۆشۈكە-دىن كېلىدۇ...»[308] دەپ بېسىپ چىقىرىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە بىرنېمە قىلىۋەتتى. بۇ ئەھۋال خۇددى جۇڭلاڭنىڭ يۈزىنى رەڭمۇ رەڭ بوياپ، كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قاراڭلار، بۇ نې-مىدېگەن روھلۇق ـ ھە!» دەپ ماختاپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. تەبى-ئىيكى، بۇنداق قىلىش جۇڭلاڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى پاكىز يۇيۇۋەتكۈچە «جۇڭلاڭ» ھامان باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قالىدۇ، چوڭ دو-مىلىگە يولۇقماي قالمايدۇ.

ئۆزى يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىشى كونىراپ قال-غانلاردىن ئەسلەپ باقسام تاگور[309] بار ئىكەن. ئۇ جۇڭگوغا كېلىپ، مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار ئۇ-نىڭغا بىر ساز ئەكېلىپ بەرگەن، ئىسرىق سالغان، سول تەرەپتە لىن چاڭمىن[310]، ئوڭ تەرەپتە شۈي زىمۇ[311] ھىندىچە بۆك كىيىپ ئولتۇرغان. شائىر شۈي زىمۇ تونۇشتۇرۇشنى باشلاپ: «ئوھ... ھو! ھ ـ ھ، ئىنجىك ـ ئىنجىك، ئاپئاق بۇلۇت، سەلكىن شامال، جىرىڭ ـ جىرىڭ... داڭ!» دەپ، خۇددى تىرىك ئەۋلىيادەك سۆزلىگەن. بۇنىڭدىن تۆۋەندە ئولتۇرغان ياشلار ئۈمىد-سىزلىنىپ كېتىپ قېلىشقان. ئەۋلىيا بىلەن ئادەتتىكى ئىنساننى نېمىشقا ئايرىغىلى بولمىسۇن؟ لېكىن مەن بۇ يىل ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزى بايانات ئېلان قىلىپ: «مەن ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانلىق-مەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئۆزىگە





ناھايىتى روشەن. ئېھتىمال ئۇ جۇڭگوغا كەلگەن ۋاقىتدا ھەرگىز-مۇ مۇنچىلىك ھاماقەت بولمىسا كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ شائىرلىرى-مىز ئۇنى تىرىك ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان بولسا، ياشلارمۇ ئۇنىڭدىن مۇنچىلىك ياتسىرىمىغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ خورلىنىپ قالغان.

ئالىم ياكى شائىرلىق ۋۇۋۇسكىسى بىلەن بىرەر يازغۇچىنى تەنقىد قىلغاندا ياكى تونۇشتۇرغاندا، دەسلەپتە باشقىلارنى ئوڭايلا ئالداپ كەتكىلى بولىدۇ. باشقىلار شۇ يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي قىيا-پىتىنى ئېنىق كۆرگەندە ئۇنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ياكى بىلىمە-نىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىلا قالىدۇ. ئەگەر باشقىلار ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسەتمىسە، ئۇ يازغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن پۇۋلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ـ دە، قانچە ـ قانچە يىللاردىن كېيىن ئۆز قەددىنى كۆتۈرەركىنتاڭ؟!

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

# كىتاب ئوقۇشتىكى پەرھىز[312]

يەن يۇ

جۇڭگونىڭ تىبابەتچىلىك كىتابلىرىدىكى «تائامدا پەرھىز قىلماق» دېگەن گەپلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە، يەنى ئىككى خىل تائامدىن، مەسىلەن، پىياز بىلەن ھەسەلنى، راك بىلەن شىزىنى، خاسىڭ بىلەن تەرخەمەكنى تەڭلا يېسە كىشىگە زىيان قىلىدۇ ياكى جان ئالىدۇ، دېگەن گەپلەر بار. لېكىن، راستىتىن شۇنداقمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. چۈنكى، مەن بىرەر كىشىنىڭ سىناپ باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

كىتاب ئوقۇشتىمۇ «پەرھىز» بار، بىراق بۇ «پەرھىز» «تائامدىكى پەرھىز»گە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، يەنى مەلۇم بىر خىل كىتابنى باشقا بىر خىلدىكى كىتاب بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كۆرۈشكە زادى بولمايدۇ، شۇ ئىككى خىل كىتابتىن بىرى تاشلىنىپ قالىدۇ ياكى ھېچبولمىغاندا، كىتابخاننى خۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا غەزەپلەندۈرۈپ قويىدۇ. مەسىلەن، ھازىر كەڭ كۆلەمدە ئوقۇشقا ئۈندىلىۋاتقان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ پارچە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىسى ھەقىقەتەن ئەپچىل ئىشلەنگەن. ئۇلار ياستۇققا باش تەگكەندە، ھاجەتخانىدا، سەپەردە ئوقۇسا ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال كىتابخانا باشقا خىياللاردىن خالىي، خامۇش بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇنىڭدىن بۇرۇن «مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى غەيرىي رەسمىي تارىخى»نى، «ئېچىنىشلىق تارىخ»[313] نى ياكى مىڭ





سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سارقىندى قېرىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ قويغان بولسا، ئۇ ھالدا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچە بولىدۇ، بۇ ئىككى خىل كىتاب بىر - بىرى بىلەن جەزمەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرىنى ھالاك قىلمىغۇچە توختىمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ پارچە ئەسەرلىرىدىن نەپرەتلەنگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنىمەن، دەپ ئويلايمەن.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، چۈي داجۈن[314] دىن «ۋېنشەن ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە مايمۇن يىلى (يەنى كاڭشىنىڭ 7 - يىلى) 8 - ئايدا يېزىلغان «دەيبى[315] دىن پايتەختكە سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن بىر پارچىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى جۇڭلاڭنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ ئەسەرنىڭ بەزى يەرلىرى خېلىلا ۋەزىنلىك ئىكەن. مىسال ئۈچۈن بۇ يەردە بىرنەچچە جۈملىسىنى نەقىل ئېلىپ ئۆتەي:

«...... دەريانى بويلاپ سەپەر قىلدىم، گاھ قولۋاققا ئولتۇردۇم، گاھ پىيادە ماڭدىم، غەرب قەبىلىلىرىنىڭ ئېگىز - پەس كىگىز ئۆيلىرىنىھەر قەدەم ئۇچراتتىم، ئەنە شۇنداق ئۆيلەر گاھى دۆڭ، گاھى ئېدىر كەبى كۆرۈنەتتى. ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ موڭغۇل تىلى بىلەن سۆزلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى قايماق - قۇرۇت ساتىدىكەن، بەزىسى قوي، ئات، قوتاز تېرىسى ساتىدىكەن، بەزىسى تۆگە ئارىسىدا يېتىپتۇ، بەزىسى ھارۋىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئاتنى ياۋىداق مىنىپ، ئىككى - ئۈچتىن بىر بولۇپ كېتىۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن؛ بەزىسى قىزىل ياكى سېرىق تون كىيىپ، تەسۋى سىيرىپ، ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ، بەزىسى تېزەك ياكى ياغاچ كۆمۈرى

قاچىلانغان سېۋەتنى بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا قىزلىرى. ئۇلار چاچلىرىنى بېشىغا تۇگۇۋالغان، يالاڭ ئاياغ، يۈزلىرى كىر، جۇۋىنى تەتۈر كىيىۋالغان. ئۇلار قوي، كالا پادىلىرى بىلەن بىرگە ياتقانلىقى ئۈچۈن، بەتبۇيلىرى 100 چاقىرىم يوللارغىچە پۇراپ تۇرىدىكەن...»

مەن ئويلايمەنكى، مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ياكى مۇشۇ خىلدىكى مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق ئىشلارنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغان ئادەملەر جۇڭلاڭنىڭ «گۇاڭجۇاڭ» ياكى «تەشتەك تارىخى»(316) دېگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، يۈرىكىگە ئورنىشىپ كەتكەن غەزەپ ـ نەپرىتىنى تۈگىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تېخىمۇ نەپرەتكە كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر جۇڭلاڭ زامانىدىكى ئۆلپەتداشلارنىڭ ئۆزئارا ماختاشلىرىدىنمۇ ناچار، ئۇلار ياڭجۇدا بولغان 10 كۈنلۈك قىرغىننى، جىيادىڭدا بولغان ئۈچ كۈنلۈك قىرىش ـ چېپىشنى باشلىرىدىن كەچۈرمىگەن.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ پارچە ئەسەرلىرى ياخشى؛ تىل ئۇسلۇبىمۇ جايىدا؛ ئەمما مېنىڭچە، «مىڭ دەۋرىنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخى» تەرىقىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سارقىندى قېرىلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ياخشى، ھازىر ئۇلارغا تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ، مەتبەئەدە بېسىپ چىقىرىدىغان پەيت كەلدى: كۆپچىلىك كۆرۈپ باقسۇن.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى





## ئىزاھلار:

(1) «شېنباۋ» گېزىتى — كونا جۇڭگودا ئەڭ ئۇزاق نەشر قىلىنغان بىر گېزىت، ئۇ 1872 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 11 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) ئەنگلىيە سودىگەرلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلىشقا باشلىغان. 1909 ـ يىلى كومپرادور (دەللال) شى يۇفۇ تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان، 1912 ـ يىلى شى لياڭسەيگە ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن، كېيىنكى يىللىرى شى لياڭسەي تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى ۋە «28 ـ يانۋار» ۋەقەسىدىن كېيىن، بۇ گېزىت مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، 1934 ـ يىل 11 ـ ئايدا شى لياڭسەي گومىنداڭ تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپلىككە يۈزلەنگەن. ئۇ 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شاڭخەي ئازاد قىلىنغاندا نەشردىن توختىغان. «ئەركىن پاراڭ» — بۇ گېزىتنىڭ قوشۇمچە سەھىپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1911 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. ئەسلىدە قوشماق ئۆردەك ـ جۇپ كېپىنەكچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىش ئاساس قىلىنغان، 1932 ـ يىل 12 ـ ئايدىن باشلاپ مەزمۇنى ئۆزگەرتىلىپ، ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ فېلىيەتون ئەسەرلىرى، قىسقا ئەنزارلىرى بېسىلىپ تۇرغان، 1935 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن كېيىن، بىر مەزگىل نەشردىن توختىغان.

(2) لى لېيۋېن (1904 — 1972) — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭتەن دېگەن يېرىدىن، ئاتاقلىق تەرجىمان. ئۇ 1932 ـ يىل 12 ـ ئايدىن تارتىپ «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە باش مۇھەررىر بولغان، 1934 ـ يىل 5 ـ ئايدا خىزمەتتىن بوشانغان.

(3) يېڭى مۇھەررىر — لى لېيۋېندىن كېيىن «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەنگەن جاڭ زىشېڭنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، لۇشۈن بىلەن تونۇش ئىدى.

(4) «جۇڭخۇا گېزىتى» — گومىنداڭنى قايتا تەشكىللىگۈچى ۋاڭ جىڭۋېيچىلەر گېزىتى 1932 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭخەيدە نەشر

قىلىنىشقا باشلىغان. «ئۇچۇر» — بۇ گېزىتنىڭ قوشۇمچە بەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان، نىي گەننۇ ئۇنىڭغا باش مۇھەررىر بولغان، بۇ قوشۇمچە بەتتە دائىم بەزىبىر ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلىپ تۇرغان. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى نەشردىن توختىغان.

(5) «چولپان» — يېرىم ئايلىق فېلىيەتون ژۇرنىلى، چېن ۋاڭداۋنىڭ تەھرىرلىكىدە چىققان، شاڭخەيدىكى «تۇرمۇش» كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان، ئۇ 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1935 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن توختىغان.

(6) ياش سەپداش — لياۋ موشانى كۆرسىتىدۇ، ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا دېگەن يېرىدىن، سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، لىن مو دېگەنگە ئوخشاش تەخەللۇسلاردا ماقالە يازغان، بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى «بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈش» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ قوشۇمچىسىگە قارالسۇن.

(7) «چىلتەك» — بۇرۇنقى زاماندا كۈمۈش تەڭگىنىڭ گىرۋىكىگە چىقىرىلغان چىلتەككە ئوخشاش گۈلنى كۆرسىتىدۇ.

(8) ۋېن گۇڭجى — جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ دېگەن يېرىدىن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قانۇن چىقىرىش پالاتاسىنىڭ تەلىپ - تەرجىمە باشقارمىسىدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

(9) «پادىشاھ توغرىسىدا شاڭخو» ۋەقەسى — 1935 - يىل 5 - ئايدا شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 15 - ساندا يى شۈي (ئەي خەنسۇڭ) يازغان «پادىشاھ توغرىسىدا شاڭخو» سەرلەۋھىلىك ماقالە بېسىلىپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى، ھازىرقى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مونارخىيە ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە بايان قىلىنىپ، ياپونىيە پادىشاھى ھەم تىلغا ئېلىنغانىدى. شۇ چاغدا، ياپونىيىنىڭ شاڭخەيدىكى باش كونسۇلى «پادىشاھىمىزغا ھاقارەت قىلىپ، دۆلەت مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى» دېگەن باھانە بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بېسىم ئالدىدا تىز پۈكتى ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلغار جامائەتچىلىكنى قىستى، «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىنى پېچەتلىدى. سوت تەرىپىدىن بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى دۇ جۇڭيۈەنگە بىر يىل ئىككى ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە «يېڭى ھايات» ۋەقەسى دەپمۇ ئاتالدى.





(10) كىتاب، گېزىتلەرنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى — بۇ «گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى» نىڭ ئۆزى بولۇپ، 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شاڭخەيدە قۇرۇلغان. «يېڭى ھايات» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، «گومىنداڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن 1935 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاشۇ باشقارمىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى بولغان شياڭ دېيەن باشلىق يەتتە كىشىنى ۋەزىپىسىدىن بوشاتقان.

(11) ۋېن تيەنشياڭ (1236 — 1283) — جىجۇنىڭ لولىن (ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىئەن) دېگەن يېرىدىن بولۇپ، جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ جەنۇبتا يۈەن خاندانلىقىغا قارشى كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەندىمۇ تەسلىم بولماي چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. فاڭ شياۋرۇ (1357 — 1402) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭخەي دېگەن يېرىدىن، مىڭ خاندانلىقىنىڭ شاھى خۇي دى جيەنۋېن ۋاقتىدا مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. جيەنۋېن 4 - يىلى مىلادىيە (1402 - يىلى)، شاھ خۇي دىنىڭ تاغىسى، يەن بەگلىكىنىڭ بېگى جۇدى نەنجىڭغا ئەسكەر تارتىپ كىرىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. ئۆزىنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدا پەرمان يېزىپ چىقىشنى فاڭ شياۋرۇغا بۇيرۇغان، لېكىن ئۇ بۇنداق قىلىشتىن قەتئىي باش تارتقانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

(12) مۇخبىرلارنىڭ «ھەققانىي جامائەت پىكرى قوغدالسۇن» دېگەن ئىلتىماسلىرى — 1935 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بېيپىڭ، تيەنجىن، نەنجىن، شاڭخەيلەردىكى ئاخباراتچىلار گومىنداڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ «سۆز ئەركىنلىكى بېرىش»، قورال كۈچى ياكى زورلۇق كۈچىگە ئاساسلانمىغان سۆزلەرنى ھۆكۈمەت قوغدىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى؛ شۇ يىلى 12 - ئايدا گومىنداڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى ئاتالمىش «ھۆكۈمەت ھەققانىي پىكىرنى ھەقىقىي يوسۇندا قوغداش توغرىسىدا پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرسە ئىكەن» دەيدىغان قارارنى ماقۇللىدى. زىيالىيلار سىنىپىنىڭ سۆز ئەركىنلىكى تەلىپى — 1935 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بېيپىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەلىرىدىكى ئەربابلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، كەينى - كەينىدىن يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈپ، خىتابنامىلەر ئېلان قىلىپ «يىغىن

ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، سۆز، مەتبۇئات جەھەتلىرىدىكى مۇتلەق ئەركىنلىك قوغدالسۇن» دەپ تەلەپ قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(13) شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونومىيىسى — 1935 ـ يىل 11 ـ ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋەتەن خائىنلىرىنى ئاتالمىش «شىمالىي بەش ئۆلكە ئاپتونومىيىسى ھەرىكىتى»نى قوزغاشقا قۇتراتتى ھەمدە «شەرقىي خېبېي كوممۇنىستلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى»نى قۇردى. شىمالىي بەش ئۆلكە ئەينى ۋاقىتتىكى خېبېي، سەندۇڭ، سەنشى، چاخار، سۇيىيۈەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(14) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

(15) دېكوبرا (M. Dekobra، 1885 — 1973) — فرانسىيىلىك رومان يازغۇچى، مۇخبىر. ئۇ، 1933 ـ يىل 11 ـ ئايدا جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن. لۇشۈن 1933 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى بىر خېتىدە: دېكوبرا «فرانسىيىدىكى شەنبىلىك تەرەپدارى، قۇۋ ئادەم؛ ئۇ جۇڭگوغا ھەرقاچان رومان يېزىشقا ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن كەلگەن بولسا كېرەك» دەپ يازغانىدى.

(16) ۋائىللانت كوتۇرېر (P. Vaillant Couturer 1892—1937) — فرانسىيىلىك يازغۇچى، جامائەت ئەربابى. ئۇ، فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنى — «ئىنسانپەرۋەرلىك گېزىتى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. ئۇ 1933 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەيگە كېلىپ، دۇنيا بويىچە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن چاقىرىلغان يىراق شەرق يىغىنىغا قاتناشقان.

(17) «چەت ئەللىك مەدەنىي لۈكچەك» — دېكوبىرا 1933 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شاڭخەيدە جۇڭگو ـ فرانسىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ۋە مەتبۇئاتچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا قاتناشقان چاغدا، جۇڭگولۇق مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن: «ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟» دەپ سورىغان، ئۇ بولسا: «بۇ تولىمۇ جىددىي مەسىلە، رومان يازغۇچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىشى ناباب» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇخبىر يەنە ئۇنى «جۇڭگو ھەققىدە تەسىرات» بايان قىلىشقا





تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ: «جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ دىققىتىمنى جەلپ قىلغىنى شۇ بولدىكى، بىرىنچىسى، جۇڭگوچە سەي بەك لەززەتلىك ئىكەن، ئىككىنچىسى، جۇڭگونىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى تولىمۇ سەتەڭ ئىكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىنچە ئۇ نەنجىڭدىن بېيپىڭغا كەلگەن، يول بويى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەم ئەدىبلىرى تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىنغان ھەم ئۇزىتىپ قويۇلغان، ئۇ شۇ سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەن، ئەينى ۋاقىتتا، بەزىلەر گېزىتتە سۆھبەت ئېلان قىلىپ: «دېكوبرا ئەپەندى بېيپىڭغا كېلىپ ئەدەبىيات ئۈستىدە توختالغىنى يوق، جۇڭگو خوتۇن ـ قىزلىرىنى مەسخىرە قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. جۇڭگو خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ نەزىرىدە دېكوبرا ئەپەندى مەدەنىي لۈكچەك، خالاس» دېگەن (1933 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» گېزىتىگە بېسىلغان «بېيپىڭدىن كەلگەن ئالاھىدە خەۋەر»گە قارالسۇن).

(18) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

(19) شى خېڭ — يەنى خەن بېخېڭ، تيەنجىنلىك، ئۇ سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، كېيىن «ئۈچىنچى خىل ئادەم»لەر ئەدەبىياتى تەرەپكە ئۆتكەن. ئۇنىڭ «يالغانچىلىق ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان. ماقالىدە: «مەيلى ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلسۇن ياكى باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاجىزلارنىڭ رېئاللىققا باب كەلمەيدىغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدە بولىدىغانلىقىدەك سەۋەب مەۋجۇت. ئۇ ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ دېگىنىدەك نەتىجە چىقىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى! بىراق، گەپ ئېغىزدىن چىققان ھامان يالغان گەپ بولۇپ قالىدۇ. يالغان گەپ قىلمىسىمۇ مەلۇم قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ؛ مۇنداق ئەھۋاللار يەنە كېلىپ ئاجىزلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، ئېھتىمال، بۇ سەۋەبتىن ئاياللارنىڭ يالغان گەپ قىلىشى ئەرلەردىن كۆپ بولسا كېرەك» دېيىلگەن.

(20) ئا. شوپېنخائۇئېر (A. Schopenhauer، 1788 — 1860) — گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ. ئۇ ئىرادە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دەيدىغان نەزەرىيىسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئاياللار ئازادلىقىغا قارشى تۇرغان. ئۆزىنىڭ «ئاياللار

ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە ئاياللارنى ساختىپەز، نادان، ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئېتىش نىيىتى يوق، دەپ ھاقارەتلىگەن.

(21) ئاۋستىرىيىلىك بىر ياش ئالىم — ۋېيىننگېر (O. Wininger 1880 — 1903)، ئاۋستىرىيىلىك، ئاياللارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغۇچى. ئۇنىڭ 1903 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جىنس ۋە خاراكتېر» ناملىق كىتابىدا، ئاياللار «يالغان گەپ قىلىشقا ئۇستا»، «ھامان ساختىپەز كېلىدۇ» دېيىلگەن.

(22) كېنىزەك ياڭ يۇخۇەن — تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كىچىك كېنىزىكى (719 — 756)، پۇجۇ ۋىلايىتىنىڭ يۇڭلى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۇڭجى) ناھىيىسىدىن، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ياڭ گوجوڭ ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەتىۋارلىق بولۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئوردا ئىشلىرىنى بۇزغان. تيەنباۋنىڭ 14 ـ يىلى (755) ئەن لۇشەن ياڭ گوجوڭنى يوقىتىشنى باھانە قىلىپ، فەنياڭدا لەشكەر تارتىپ تاڭ خاندانلىقىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چاڭئەنگە يېقىنلاشقاندا، تاڭ شۈەنزۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ سىچۇەن تەرەپكە قاچقان. ئۇ قېچىپ يۈرۈپ ماۋيىيى دېگەن يەرگە كەلگەندە، لەشكەر بېشى ۋە چېرىكلەر بۇ پالاكەتچىلىكنى ياڭ جەمەتىدىن كۆرۈپ، ياڭ گوجوڭنى ئۆلتۈرگەن. تاڭ شۈەنزۇڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئۈچۈن، كېنىزەك ياڭ يۇخۇەننى ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان.

(23) بۇ شېئىر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر دۇ فۇنىڭ «شىمالغا يۈرۈش» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان. كونا تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شيا خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى جيېنىڭ كېنىزەك مېيشىنى، يىن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى جۇنىڭ كېنىزەك داجىنى، جۇ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى يۇنىڭ كېنىزەك باۋسىنى بەك ئەتىۋارلاپ كەتكەنلىكى بۇ ئۈچ خاندانلىقنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەبچى بولغان. دۇ فۇ بۇ يەردە ئاشۇ رىۋايەتلەردىن ئومۇمىي تۈردە پايدىلانغان.

(24) «ئاياللارنىڭ مىللىي مال ئىشلىتىش يىلى» — 1933 ـ يىل 12 ـ ئايدا شاڭخەي شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلار ھەر ساھەدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئۆتكۈزگەن، يىغىندا 1934 ـ يىلنى «ئاياللارنىڭ مىللىي مال ئىشلىتىش يىلى» قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلىپ، ئاياللاردىن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەن قۇتقۇزۇش كۆز قارىشىنى كۆچەيتىپ، مىللىي ماللارنى ئېلىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغان.





(25) بۇ شېئىر بەش خاندانلىق ئىچىدىكى كېيىنكى شۇ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى مىڭ چاڭنىڭ كېنىزىكى خۇارۇي خانىم تەرىپىدىن يېزىلغان. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى چېن شىداۋ يازغان «خۇشەن شېئىرلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «فېي ئىسىملىك ئايال شۇ پادىشاھلىقىنىڭ چىڭچېڭ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، قابىللىقى ۋە ساھىبجامالىلىقى بىلەن ئوردىغا كەلتۈرۈلگەن. پادىشاھ ئەتىۋارلاپ ئۇنىڭغا خۇارۇي (گۈلسەنەم) خانىم دەپ نام بەرگەن. ئۇ ۋاڭ جيەنگە تەقلىد قىلىپ ‹ئوردا نەزمىلىرى› دەپ 100 دەك شېئىر يازغان. شۇ خاندانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ھەرەمخانىغا كىرگۈزۈلگەن. تەيزۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ شېئىرلىرىنى ئوقۇتقان. ئۇنىڭ خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى دېگەن شېئىرىدا:

‹قادالدى ئاق بايراق ئۇستىگە خان شەھەر،
ھەرەمدە كېنىزەك نە ئالغاي خەۋەر؟
يۈز قىرىق مىڭ لەشكەر تاشلاپتۇ قورال،
ئەجەب چىقمىغان شۇندىن بىرمۇ ئەر!›

دېگەن مىسرالارنى ئاڭلاپ، تەيزۇ خۇشال بوپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا، شۇ خاندانلىقىنىڭ لەشكىرى 140 مىڭغا يېتەتتى، خاقان لەشكەرلىرى بولسا ئاران 10 نەچچە مىڭ كىشىگىلا يېتەتتى.»

(26) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

(27) مۇئەييەن بىر رامكا بىلەن ئەسەرلەرنى ئۆلچەش ھەققىدىكى سەپسەتىلەر ئەينى زاماندىكى «ھازىرقى زامان» ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان ماقالىلەردە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، شۇ ژۇرنالنىڭ 4 ـ جىلد 3 ـ سانىغا (1934 ـ يىل 1 ـ ئاي) بېسىلغان لىۋ يىگېزىنىڭ «يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى تەنقىدچىلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم» دېگەن ماقالىسىدە: تەنقىدچىلەر «چەت ئەلنىڭ ياكى جۇڭگونىڭ مودا بولۇپ قالغان بىر يۈرۈش رامكىلىرى بىلەن ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدۇ»، «بۇ ھال ئېلىمىزدىكى يېڭى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە سەمەرىسى ئۇلۇغ تەنقىدچىنىڭ يوقلۇقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېيىلگەن. يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 4 ـ جىلد 1 ـ سانىغا (1933 ـ يىل 11 ـ ئاي) بېسىلغان سۇۋېننىڭ «يېڭى فورمۇلچىلىق» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «دوستۇم جاڭ تيەنيى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ‹ھەسەل ھەرىسى›،

ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا يازغان بېغىشلىمىسىدا، يېقىنقى تەنقىدچىلەر
ئۈستىدە بىرنەچچە ئېغىز قىزىق گەپ قىلغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئۇ (مەلۇم
تەنقىدچىنى كۆرسىتىدۇ — سۇ ۋېن ئىزاھاتى) قانداقتۇر بىر يەردىن بىر
رامكىنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەممە ماقالىنى سېلىپ باقىدۇ. كىچىك
بولسا توشماي قالىدۇ، چوڭ بولسا سىغماي قالىدۇ؛ دېمەك، بۇلار بولمايدۇ.
دەل جايىدا كەلسە يارايدۇ.»

(28) ئېستېتىزم — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپادا تارقالغان بۇر-
ژۇئا ئەدەبىي ئېقىمى بولۇپ، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت»نى تەشەببۇس قى-
لىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرقانداق پايدا ـ مەنپەئەتتىن خالىي بولغان
ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى رېئال ئىجتىمائىي
سىياسەتكە باغلانماي، مۇكەممەل سەنئەتنىڭ ئۆزىدە بولۇشى لازىم، دەپ
قارايدۇ؛ ئېستېت — ئاشۇ ئېستېتىزم تەرەپدارىدۇر. شۇ چاغدىكى «ئۈچىن-
چى خىل ئادەم» سۇ ۋېن قاتارلىقلار شۇ خىل كۆز قاراشنى تەشۋىق قىلغان.

(29) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى
«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(30) تەنقىدچىلەر «تىللاش»قا خۇشتار — 1933 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ
26 ـ كۈنى شى خېڭنىڭ «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە
بېسىلغان «تەنقىد توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆت-
كەنكى تەنقىدلەر توغرىسىدىكى مۇنازىرىگە قاراپ شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى،
بىراۋ قانچىكى تېتىقسىز ۋە تىل ـ ھاقارەتلىك تەنقىدكە قاتنىششقا خۇشتار
بولىدىكەن، بۇنداق ‹تىل ـ ھاقارەتلىك تەنقىد›نى بىز تەنقىد دەپ ھېسابلى-
يالمايمىز.»

(31) كۇڭ يۇڭ (153 — 208) — شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكى
لۇ بەگلىكى (بۈگۈنكى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈيفۇ ناھىيىسى) دىن، ئە-
دىب. ئۇنىڭ نەشپۈتنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە مۇنداق:
«كۇڭ يۇڭ تۆت ياش چېغىدا ئاكىلىرى بىلەن نەشپۈت يېگەندە كىچىكىنى
تالLAپتۇ. بىرى ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: يېشىم كىچىك
بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە كىچىك نەشپۈتنى تاللىشىم كېرەك، دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.»

(32) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى
«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان. (بېيجىڭ ئەس-
لىدە «بېيپىڭ» دەپ ئاتىلاتتى. تەرجىمان ئوقۇرمەنلەرگە ئايدىڭ بولسۇن





ئۈچۈن ئىككىلا خىل ئاتىلىشنى تەڭلا قوللانغان — م.)

(33) بېيپىڭلىق مەلۇم بىر ئەپەندى — شېن سۇڭۋېننى دېمەكچى.
ئۇ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ فىڭخۇاڭ ناھىيىسىدىن، يازغۇچى. 1933ـ يىل
10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تيەنجىندە چىقىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىنىڭ
«ئەدەبىيات بېتى»نىڭ 8 ـ سانىدا ئۇنىڭ «ئەدىبنىڭ پوزىتسىيىسى» دېگەن
ماقالىسى بېسىلدى، ئۇنىڭدا بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە «ئەستا-
يىدىل، جىددىي» پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقى مۇنداق تەنقىد قىلىنغان: بۇنداق
ئەدىبلەر «شاڭخەيدە كىتابخانا، گېزىتخانا، ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى ژۇرنال
نەشرىياتلىرىدا جاھاندارچىلىق قىلماقتا، بېيجىڭدا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا
مەكتەپ ھەم ھەر خىل مائارىپ ئورگانلىرىدا جان باقماقتا»؛ «ياكى بېيجىڭ-
دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ ۋە ياكى شاڭخەيدە بىكار يۈرۈشىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق
قىلىدىغانلار ئېيىغا تەخمىنەن 300 دوللاردىن 500 دوللارغىچە مۇقىم كىرىم
قىلىدىغان بولسا، بىكار يۈرگۈچىلەر ھەپتىسىگە ئۈچ ـ بەش قېتىم سۆھبەت
يىغىنىغا ئوخشاش ئولتۇرۇشلارغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ». شاڭخەيلىك مەلۇم
بىر ئەپەندى — سۇۋېننى (1907 — 1964) كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يەنە
بىر ئىسمى دۇخېڭ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭشەن (ھازىرقى يۇفاڭ)
ناھىيىسىدىن. 1933 ـ يىل 12 ـ ئايدا شاڭخەي «ھازىرقى زامان» ژۇرنى-
لىنىڭ 4 ـ جىلد 2 ـ سانىدا ئۇنىڭ «ئەدىبلەر شاڭخەيدە» سەرلەۋھىلىك
ماقالىسى بېسىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى شاڭخەيدىكى ئەدىبلەرنى ئاقلاشقا بېغىش-
لانغان بولۇپ، سەۋەبنى سۈرۈشتۈرمەيلا، شاڭخەيدە ئولتۇراقلاشقان ئەدىب-
لەرنى «شاڭخەيلىك ئەدىبلەر» دېگەن نام بىلەن «بىر تاياق بىلەن ئۇجۇقتۇ-
رۇۋېتىش»كە نارازىلىق بىلدۈرۈلگەن. ماقالىدە يەنە: «لۇشۈن ئەپەندىنىڭ
‹شەخسىنىڭ ئىنتايىن تاسادىپىي بولىدىغان ۋە بەلكى كۆپ ھاللاردا ئۆز
ئىختىيارى بىلەن بولمايدىغان ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە يۇرتىمۇ گۇناھلىق
نەرسىدەك، بەزىلەر تەرىپىدىن مەسخىرە ۋە كىنايە قىلىنىدۇ› دېگەنلىكى
ئېسىمدە قالغاندەك تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، شېن سۇڭ-
ۋېننىڭ «‹شاڭخەيلىكلەر› توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلىرى ئېلان
قىلىنغان، ساۋ جۈيرېن قاتارلىقلارمۇ بۇ مۇنازىرىگە قاتناشقان.

(34) مېي لەنفاڭ (1894 — 1961) — ئىسمى لەن، تەخەللۇسى
ۋەنخۇا، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەيجۇ ناھىيىسىدىن، جىڭجۈي چاڭچىلىسى
سەنئەتكارى. مېي لەنفاڭ 1930 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئويۇن قويغان چاغدا،
ئامېرىكا پومونا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى

ئۇنىڭغا ئەدەبىياتشۇناسلىق دوكتورى دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بەرگەن.

(35) «ئەمەلدار بولماقچى بولساڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئەل بول» — سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ياشىغان جۇاڭ جىيۇنىڭ «توخۇ قوۋۇرغىسى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان سۆز. ئۇنىڭدا «جەنيەن خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى تەمسىللەردە شۇ چاغدىكى ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن. ··· ئەمەلدار بولماقچى بولساڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئەل بول؛ بېيىماقچى بولساڭ، بازىرى ئىتتىك هاراق، سىركە تىجارىتى بىلەن بولغىن مەشغۇل» دەپ يېزىلغان.

(36) 1932- يىل 10 - ئايدا ياپونىيە ئارمىيىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، بېيپىڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە جياڭ خەن قاتارلىق 30 نەچچە كىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، بېيپىڭدا «دۆلەتنىڭ جان تومۇرى، مىللەتنىڭ روھى بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» بار دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ «بېيپىڭنى مەدەنىيەت شەھىرى قىلىپ بەلگىلەپ، بارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەرنى باۋدىڭغا كۆچۈرۈش»نى تەلەپ قىلغان. كېيىنكى يىلىنىڭ 1 - ئېيىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي نىشانىنى ئازايتىش» دېگەن باھانە بىلەن بېيپىڭ تارىخ - تىل ئىلمى ئىنستىتۇتىدا ۋە خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلانغان يادنامىلەرنى تۈركۈملەپ نەنجىڭ، شاڭخەيلەرگە كۆچۈرگەن.

(37) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(38) لۇ جى (261 — 303) — تەخەللۇسى شىخېڭ؛ لۇيۈن (262 - 303) — تەخەللۇسى شىلۇڭ، ۋۇ ۋىلايىتى خۇاتىڭ (ھازىرقى شاڭخەي شەھىرىنىڭ سۇنجياڭ ناھىيىسى) دىن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي جىن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن ئەدىبلەر. ئۇلارنىڭ بوۋىسى لۇ سۈن، ئاتىسى لۇكاڭ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ ئاتاقلىق لەشكەر بېشى بولغان. جىن پادىشاھلىقى ۋۇ پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، لۇ جى ۋە لۇ يۈن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى جىن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى لوياڭغا بېرىپ، غەربىي جىن پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى جاڭ خۇا بىلەن كۆرۈشكەن.

(39) ياڭ شۈەنجى — شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ بېيپىڭ دېگەن جايى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەنچىڭ ناھىيىسى) دىن، «لوياڭ بۇتخا-





نىلىرى خاتىرىسى»دە جەنۇبلۇقلارنى كەمسىتىدىغان گەپ - سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

(40) يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلق تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەدىب تاۋزۇڭيىنىڭ يېزىشىچە، ئالدىنقى ئۈچ دەرىجىگە مۇنۇلار ئايرىلغان: بىرىنچى، موڭغۇللار؛ ئىككىنچى، رەڭدارلار، بۇنىڭغا قىپچاقلار، تاڭغۇتلار، ئۇيغۇرلار كىرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى بويسۇندۇرۇلغان غەربىي رايونلۇقلار ئىدى؛ ئۈچىنچى، خەنزۇلار، بۇنىڭغا كىدانلار، كورېيىلىكلەرگە ئوخشاش مىللەتلەر ھەمدە جىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىمالىي جۇڭگودا ياشاۋاتقان خەنزۇلار كىرىدۇ. تۆتىنچى دەرىجىگە جەنۇبلۇقلار كىرىدۇ. چيەن داشىننىڭ يېزىشىچە، «خەنزۇلار بىلەن جەنۇبلۇقلار سۇڭ سۇلالىسى بىلەن جىن خاندانلىقىنىڭ چېگراسى بويىچە ئايرىلىدۇ، جياڭسۇ - جېجياڭ، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى، جياڭشى ئۆلكىلىرىدىكىلەر جەنۇبلۇقلارغا كىرىدۇ؛ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جياڭبېي، خۇەينەنگە ئوخشاش جايلىرىدىكىلىرى جەنۇبلۇقلارغا كىرىدۇ.»

(41) سارقىندىلار — بۇ يەردە ئالدىنقى سۇلالىدىن قالغان پۇقرالار كۆزدە تۇتۇلغان.

(42) ھۆكۈمدارلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى — بۇنىڭدا خەنزۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ شىمال تەرەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت قۇلدارلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرالماي، ھاكىمىيەتنى جەنۇبقا كۆچۈرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، شەرقىي جىن سۇلالىسى شىمالدىكى ھونلارنىڭ قىستىشى بىلەن پايتەختنى جيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) غا كۆچۈرگەن؛ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى شىمالدىكى جىن خەلقىنىڭ قىستىشى بىلەن پايتەختنى لىنئەن (ھازىرقى خاڭجۇ) گە كۆچۈرگەن. ئۇلار جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىنمۇ ئەيش - ئىشرەتلىك كۈن كەچۈرگەن.

(43) مەلۇم ئەپەندى — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا ئۆتكەن ئالىم گۇ يەنۋۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(44) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(45) «گۇاڭجۇدىن ئۆرگۈلەي» — 1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە ۋېي لى دېگەن

ئىمزا بىلەن بېسىلغان ماقالە.

(46) لى كوي — «سۇ بويىدا» ناملىق روماندىكى باتۇر بولۇپ، بۇ روماننىڭ 43 ـ بابىدا لى كوينىڭ تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان.

(47) جياڭ تەيگوڭ — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جۇ سۇلالىسىدىكى تەيگوڭ جىن ـ ئالۋاستىلارغا نام ـ ئاتاق بەرگەنمىش. خەلق رىۋايەتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ نامى «جىن ـ ئالۋاستىلارنى بېسىقتۇرىدۇ» دېگەن خۇراپىي سۆزلەر بار.

(48) «تەيشەن تېشىنىڭ تەڭدىشى يوق» — بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر، ئىشىكى ئالدىغا ياكى مەھەللىنىڭ باش تەرىپىگە — كۆۋرۈك ۋە يولغا قارىتىپ — «جىن ـ ئالۋاستىلارنى توسىسۇن» دەپ تاش ھەيكەل ياكى تاش تاختىنى يەرگە ئورنىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «تەيشەن تېشىنىڭ تەڭدىشى يوق» دېگەن سۆز ئويۇپ قويۇلاتتى. قەدىمدىن تارتىپ «تەيشەن ۋالىيسى» «جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئىدارە قىلالايدۇ» دېگەن رىۋايەت بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشنىڭ بېشىغا «تەيشەن» دېگەن ئىسىم كىرگۈزۈپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

(49) تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن فېڭ يەننىڭ «فېڭ يەننىڭ ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 6 ـ جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: قەدىمكىلەر ياغ پۇراتقان چاغدا، قاشتېشى ۋە كۈمۈش پۇل ئىشلىتەتتى، كېيىن ئۇنى يەرگە كۆمۈپ قوياتتى… قەغەزگە يارماق شەكلىنى بېسىش ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن.» قەغەز پۇل ئىشلەتكەندىن كېيىنمۇ يەرگە يارماق ۋە ئالتۇن، كۈمۈش كۆمگۈچىلەر بولغان.

(50) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(51) 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (قەمەرىيە بويىچە يېڭى يىلنىڭ ھارپا كۈنى) «شېنباۋ گېزىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سانى» دا «شەھىرىمىز ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن بەت» دېگەن ۋاقىتلىق قوشۇمچە بەت چىقىرىلدى. شۇ بەتتىكى «ئەركىن پاراڭ» دا فېي رېن دېگەن ئىمزادا ئېلان قىلىنغان «كىرىش سۆز» دە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇھەررىر ئەپەندىلەر بىر يىل جاپا چېكىپ ئىشلىدى، بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك تەتىلدە ئەركىن ـ ئازادە تۇرۇپ، مىڭ بىر تەستە قولغا كەلگەن بەختتىن بىر كۈن بولسىمۇ بەھرىمەن بولارمىز دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇسكى، نۆۋەتسىز سان چىقىرىشنىڭ سىرتىدا، يەنە ‹كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال› دېگەندەك، قاتتىق كۈچەيتىڭلار دېگەن بۇيرۇق كېلىپ قالدى، بۇنىڭغا ئامال قانچە!»





(52) «ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك سالىدۇ» — گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن تارتىپ ۋەتەنپەرۋەر ئاممىنىڭ دۆلەتنىڭ ئار ـ نومۇسىغا داغ چۈشكەن كۈننى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى مەنئى قىلىپ كەلگەن، ھەتتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەشكە ئوخشاش پائالىيەتلەردىمۇ قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، دۆلەت بايرىمى كۈنى شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى «ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئامانلىقنى بۇزۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆز قارىمىقىدىكى ئورۇنلارغا قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن».

(53) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(54) «ئاچا ـ سىڭىل» — جېن جېڭچيۇ ئۆزى يازغان «ئېسىلزادە ۋە جىنايەتكار» ناملىق سەھنە ئەسىرىگە ئاساسەن قايتا ئىشلىگەن ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان كىنو فىلمى، 1933 ـ يىلى شاڭخەي «چولپان» كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن. فىلىمدە 1924 ـ يىلىدىكى مىلىتارىستلار ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، بالىلىق چېغىدىلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ياشىغان شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، سىڭلىسى مىلىتارىستنىڭ كىچىك خوتۇنى، ئاچىسى مەھبۇس بولۇپ قالغانلىقى، ئاخىر ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جەم بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

(55) زۇڭخەن — يەنى شاۋ زۇڭخەن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجۇ دېگەن يېرىدىن. ئۇنىڭ «كەمبەغەللەر پەلسەپىسى» دېگەن ماقالىسى 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «كۈندىلىك پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(56) ئېۋگېنىكا — ئەلا نەسىل تەلىماتى، ئەنگلىيىلىك گولدىن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ياكى ئادەمزاتنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي پەرقلىرى نەسلىگە باغلىق، ئىنسان نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتە تەتقىقات قىلىش كېرەك.

(57) خەن گاۋزۇ — ليۇباڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇن 247ـ195)،

تەخەللۇسى جى، ۋېي ناھىيىسى (ھازىرقى جياڭسۇ) دىن، خەن خانىدانلىقىغا ئاساس ياراتقۇچى.

(58) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(59) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(60) «قىپيالىڭاچلىق ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىقى» — 1934 - يىل 3 - ئايدا شاڭخەيدىكى «شاڭخەي چوڭ تىياتىرى» دا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يالىڭاچلىق ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەيدىغان «تەبىئەتكە قايتىش» دەيدىغان ھۆججەتلىك فىلىم قويۇلغان. كىنوخانىلار بۇ ھەقتە داغدۇغىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. بۇ گەپ ھەم ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئېلاندىن ئېلىنغان.

(61) جاڭ شېڭ — يەنى جاڭ خۇڭ (جۇنرۇي)، يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن ئەدىب ۋاڭ شىپۇ يازغان «غەربىي ھۇجرا» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى شەخس. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز شۇ ئەسەرنىڭ 4 - جىلدىدىكى «شىپاڭدا يىن يىنىنى چۈشىدە كۆرۈش» دېگەن كۆرۈنۈشتىن ئېلىنغان.

(62) «مۇلەننىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى» — جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي سۇلالىنىڭ «مۇلەن ھەققىدە نەزمە» ناملىق داستاندا مۇلەننىڭ ئەرچە ياسىنىپ دادىسىنىڭ ئورنىدا ئەسكەر بولغانلىقى، 12 يىل جەڭگە قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. «ۋاڭ چىننىڭ ۋەتەننى قوغدىشى» — ۋاڭ چى چۈنچيۇ دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىدىكى كىچىك بالا. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، گوڭشۇ ئۆز قوشنىسى ۋاڭ چى دېگەن بالا بىلەن جەڭگە بارغان ۋە ئىككىلىسى جاندىن ئايرىلغان.

(63) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شاڭخەيدىكى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۈچۈر» بېتىگە بېسىلغان.

(64) دالاي لاما — بۇيەردە 1933 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاپات بولغان 13 - دالاي لاما ئاۋاڭ لوساڭ تۇدەن جاسو (1876 — 1933) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(65) گۇاڭجۇدا ئېچىلغان پېشقەدەم قېرىلار يىغىنى — 1934 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇاڭجۇ شەھەر باشلىقى





ليۇجىۋېن يېڭىدىن سېلىنغان شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن پېشقەدەم قېرىلارنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئۆتكۈزگەن. يىغىنغا يېشى 80 دىن ئاشقان قېرىلاردىن 200 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشقان. ئۇلاردىن 106 ياشلىق جياڭ سۇ موماي يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلەيدىكەن. ئۇنىڭ يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئېلىنغان سۈرەت 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «رەسىملىك بەت» 2 - سانىغا بېسىلغان.

(66) بۇ شېئىردىكى «جاھان» سۆزى پادىشاھقا تەقلىد قىلىنغان.

(67) «تاللانما» — جەنۇبىي سۇلالە ۋاقتىدىكى لياڭ جاۋمىڭ شاھزادە (شياۋتۇڭ، 501 — 531) تاللاپ تۈزگەن. بۇنىڭغا چىن خانىدانلىقىدىن تارتىپ چى، لياڭ خانىدانلىقلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىرلاردىن 30 جىلد قىلىپ تاللانغان. بۇ، ئېلىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدۇ. 1933 - يىل 9 - ئايدا شى جېسۈن ياشلارغا مۇشۇ «تاللانما» نى تەۋسىيە قىلىپ، بۇنى ئوقۇغاندا «ئاز - تولا بولسىمۇ سۆز ئۆگەنگىلى بولىدۇ»، ئۇنىڭدىكى «ئوردا بىنالىرى» نى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، دېگەن.

(68) «سەككىز چوڭ ئەدىب» — بۇنىڭدا تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەككىز ئەدىب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەن يۈ، ليۇ زۇڭيۈەن؛ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاۋياڭ شيۇ، سۇ شيۈن، سۇ شى، سۇچې، ۋاڭ ئەنشى، زېڭ گۇڭدىن ئىبارەت؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماۋكۇڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەككىز ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان.

(69) بۇماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «جۇڭخۇا گېزىتى» نىڭ «ئۈچۈر» بېتىگە بېسىلغان.

(70) بۇددا زاراخەتمىسى — بۇددا مۇراسىملىرىنىڭ بىرى. گومىنداڭ ئىمتىھان پالاتاسىنىڭ باشلىقى دەي جىتاۋ، مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ باش كاتىپى چۇ مىنيى ۋە مەنسەپتىن چۈشكەن مىلىتارىست دۈەن چىرۇيلەر 1934 - يىل 4 - ئايدا 9 - بەنچەن ئېردىنىنى خاڭجۇدىكى لىنيىنشى بۇتخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ، بۇددا زاراخەتمىسى ئۆتكۈزگەن.

(71) بۇ، 1934 - يىل 3 - ۋە 4 - ئايلاردا شاڭخەي گېزىتلىرىگە بېسىلغان «بۇددا زاراخەتمىسى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئېلان» دىكى سۆز.

بۇ ئېلاندا كىشىلەر «ئىئانە بېرىش» كە دەۋەت قىلىنغان.

(72) مەركىزىي ئاگېنتىستىۋانىڭ بۇ خەۋىرى پاكىتقا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇي لەي بىلەن خۇ دىي ئۆز ۋاقتىدا خاڭجۇدا جامائەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن خالىس ئويۇن قويغان. ئۇلار ۋە مېي لەنفاڭ زاراخەتمىدە ئويۇن قويمىغان. شۇي لەي (1909 — 1973) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىن دېگەن يېرىدىن. خۇدىي — گۇاڭدۇڭنىڭ گاۋخى ناھىيىسىدىن. بۇلار 30 - يىللاردىكى كىنو ئارتىسلىرى ئىدى. مەركىزىي ئاگېنتىستىۋا — گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئورنى.

(73) بۇددا رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، بۇددا ساھابىلىرىدىن ۋىموراجىنىڭ ھۇجرىسىدا بىر پەرى بار ئىكەن، ئۇ جامائەتنىڭ قىرائەت ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ بېشىغا گۈل چاچقانىكەن، مېي لەنفاڭ شۇنىڭغا ئاساسەن «پەرىنىڭ گۈل چېچىشى» ناملىق چاڭچىلىنى ئوينىغان.

(74) بۇ، شاڭخەي گېزىتلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شۇي لەي توغرىسىدىكى تەرىپى.

(75) بۇ، 1930 - يىللىرى مودا بولۇپ قالغان ناخشا.

(76) مىس — ئىنگلىزچە Miss سۆزىدىن ئېلىنغان، خانىم دېگەن سۆز.

(77) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(78) «ئەمدى خەن ئەمەلدارلىرىنىڭ سالاپىتىنى كۆردۈم» — ئاپتورنىڭ نامى يېڭبۇ. بۇ ماقالە ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن توكيودا نەشر قىلىنغان «جېجياڭ ئۆركىشى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1903 - يىل 9 - ئايدىكى 7 - سانىغا بېسىلغان. بۇنىڭدىكى «خەن» دېگەن سۆز خەنزۇ مىللىتىگە قارىتىلغان.

(79) فەن شەن بۇۋاي — بۇ ئەسلىدە فەن زېڭشياڭ (1846 — 1931)، تەخەللۇسى فەنشەن، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئېنسى دېگەن يېرىدىن، يېقىنقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ بىرى.

(80) يۈەن شىكەي (1859 — 1916) — تەخەللۇسى ۋېيتىڭ، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭچىڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ ئەسلىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىدى، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى تارتىۋالغان. 1912 - يىل 10 - ئايدا يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى جىلىتكە ۋە تونىنى ئەرلەرنىڭ مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىمى قىلىپ بې-





كىتكەنلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

(81) لىن يۇتاڭ (1895 — 1976) — فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭشى دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى، ئۇنىڭ 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ژۇرنالنىڭ 39 - سانىغا بېسىلغان «ئەجنەبىيچە كىيىم ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەجنەبىيچە كىيىمنىڭ بىر مەھەل ئەۋج ئېلىپ مودا ئەر - ئاياللارغا يېقىپ قېلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، ئادەتتىكى ئەربابلارنىڭ ياۋروپا ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ داڭقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى دورىغانلىقىدىن بولغان. لېكىن، بۇنىڭ ئەخلاق، گۈزەللىك، سەھىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ھېچقانداق ئاساسى يوق.»

(82) 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 10 - ساندا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «خاڭجۇ شەھىرىدە مودىنى بۇزغۇچى ئۇرۇشقاقلار گۇرۇھى پەيدا بولدى، ئۇلار ئۆتكۈر كىسلاتا بىلەن كىشىلەرنىڭ مودا كىيىمنى كۆيدۈردى ھەمدە ئەجنەبىيلەرنىڭ ماللىرىنى ئىشلەتكۈچى ئەر - ئاياللارغا ئاگاھلاندۇرۇش چىقاردى.» شۇ چاغدا بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇنداق ئىشلار كۆرۈلگەن.

(83) بۇ ماقالە 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(84) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

(85) چېگرا رايوندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا سەجدە قىلىش — 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنىشىچە، قورچاق مانجۇرىيە پادىشاھى فۇيى چوكانتال مەۋسۇمىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ، چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى پادىشاھلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ۋەقە شۇ چاغدىلا كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان.

(86) بەزىلەر شەنشىگە بېرىپ تۇپراق بېشىغا چىقىشتى — 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنىشىچە، چوكانتال مەۋسۇمىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىمتىھان ئېلىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى دەي جىتاۋ قاتارلىقلار شىئەندىكى مۇھىم ھەربىي - مۈلكىي خادىملار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە شەنشىدىكى شيەنياڭ، شىڭپىڭ دېگەن جايلارغا بېرىپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋېنۋاڭ پادىشاھى، خەن سۇلالىسى-

نىڭ ۋۇدى پادىشاھى قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان. «ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچى
خەلق ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يوللارغا پېتىشماي قالدى... بۇ چىن مەنىسى
بىلەن مىللىي قەبرە زىيارىتىدۇر.»

(87) 1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دەي جىتاۋ شىئەندىن
مەركىزىي ئاكادېمىيىنىڭ باشلىقى سەي يۈەنپېي، مەمۇرىي پالاتانىڭ باشلىقى
ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىقلارغا تېلېگراممىا يوللاپ، «خەلقنى ئەخلاقلىق قىلىپ
تەربىيىلەش» باھانىسى بىلەن «مىللىي تەۋەررۇكشۇناسلارنىڭ... قەدىمىي
قەبرىلەرنى ئېچىپ، ئىلمىي ماتېرىيال توپلىشى»غا قارشى چىقىپ، ھۆكۈ-
مەتتىن «قەبرىلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېچىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى
ئالغۇچىلارغا، ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلىرىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
پۈتۈنلەي جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە قاتتىق جازا بېرىش توغرىسىدا پۈتۈن
مەملىكەتكە ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش»نى تەلەپ قىلغان. بۇ، ئەينى
ۋاقىتتا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

(88) باخسىبا (1235 — 1280) — ئەسلىي ئىسمى لوجو جەنسەن،
تىبەت ساسىگا (ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ رىكازى ۋىلايىتىنىڭ
ساگا دېگەن يېرى)لىق، بۇددا دىنى بويىچە ئالىي راھىب، يۈەن سۇلالىسى-
نىڭ جۇڭتۇڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1260 ـ يىلى) «خانلىق قازى» دەپ
بېكىتىلگەن. ئەسلىدە سۇڭ سۇلالىسى شاھىنىڭ قەبرىسىنى يۈەن سۇلالىسى
ۋاقتىدىكى جەنۇبلۇق باش راھىب (بۇددا دىنىنىڭ رەئىسى) ياڭ ليەن جىنگا
ئاچقۇزغان.

(89) ساۋ ساۋ (220 — 1550) — تەخەللۇسى مېڭدې، پېي خانىداد-
لىقىنىڭ چياۋ دېگەن يېرى (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خاۋشيەن ناھىيە-
سىدىن)، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى سىياسىيون ۋە ھەربىي ئالىم، ئۇنىڭ
ئوغلى ساۋ پى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنى ھۆرمەتلەپ، ۋېي سۇلا-
لىسىنىڭ «ئەمەلدار شاھى» دەپ ئاتىغان. «قەبرە ئاختۇرۇش خادىملىرى»
قويغانلىق توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەر بار: «لياڭ شاۋۋاڭ مەرھۇم پادىشاھ-
نىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى ئىدى، ئۇنىڭ قەبرىسى بەك مۇستەھكەم ئىدى،
قەبرىنىڭ چۆرىسىدە ياۋا ياڭاق، سەرۋى، ئارچا دەرەخلىرى دائىم كۆكىرىپ
تۇراتتى. ئەتراپ بەك سۈرلۈك ئىدى. ئەمما، سەركەردە ساۋ ساۋ لەشكەرلى-
رىنى باشلاپ بۇ قەبرىلەرنى ئاچقۇزدى، جەسەت ساندۇقلىرىنى بۇزۇپ،
جەسەتلەرنى تارتىپ چىقاردى، جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان
ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئەل ـ ياقۇتلارنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلۇغ مازالار ھېلىغى-





چە قاقشاپ، پۇقرالار ئېچىنىپ كەلمەكتە. ساۋ ساۋ يەنە بىر تالاي مەنسەپدار-
لارنى تەيىنلەپ گۆر ئېچىشقا قويغان. ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايلاردا
كولانمىغان بىرمۇ قەبرە قالمىغان.»

(90) ساۋ ساۋ 72 قايمۇقتۇرۇش قەبرىسى ياساتقان — سۇڭ سۇلالىسى
ۋاقتىدا ئۆتكەن لو داجىڭنىڭ خاتىرىلىشىچە: «جاڭخې دەرياسىنىڭ باش
تەرىپىدە 72 قەبرە بار، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساۋ ساۋ خەقلەرنى
قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ قەبرىلەرنى ياساتقان.»

(91) بىر شائىر — بۇ يەردە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈ يىڭفۇ
كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ساۋ ساۋ ھەققىدە يازغان شېئىرىدا مۇنداق دېيىل-
گەن: «ھاياتىدا رەسىم ـ ئۇدۇمنى بۇزۇپ ئالدىدى تەڭرىنى، ئۆلەرىدە كۆپ
قەبرە سېلىپ ئالدىدى خەلقنى؛ ئۆمرى تۈگىسىمۇ تۈگىمىدى ھىيلىسى،
دۆڭلەرگە يەتكۈزدى بار ئەقلىنى. قەبرىلىرى قايمۇقتۇرسا ئۆزگىنى، قاي-
مۇقتۇرالماس مېنى، مەن تاپتىم شۇنداق بىر چارىنى: يەتمىش ئىككى-
سىنى ئاچايلۇق بىر ـ بىرلەپ، ئۇندا چىقىدۇ بىردىن جەسىتى».

(92) بىر مۇلاھىزىچى — بۇ يەردە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ
شىسېڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ساۋ ساۋنىڭ پەم ـ
پاراسەتلىك بولغىنىغا قارىغاندا، 72 قەبرىدە ساۋ ساۋنىڭ جەسىتى يوق دەپ
قارايمەن».

(93) ماڭشەن تېغى — خېنەندىكى لوياڭ شەھرىنىڭ شىمالىي تەرى-
پىدە، شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋە تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى زامانىدىكى ۋاڭ،
بەگ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ جەسەتلىرى تولاراق مۇشۇ يەردە قويۇلغان. رىۋايەت-
لەرگە قارىغاندا، بۇ قەبرىلەرنى كىشىلەر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئېچىپ،
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئوغرىلاپ كەتكەن.

(94) خاتىرە تاش — قەدىمكى زاماندا قەبرە ئىچىگە ئۆلگۈچىنىڭ
قىسقىچە تەرجىمىھالى ئويۇلغان تاش قويۇلۇپ كەلگەن. ئۇ ئاستىن تاش ۋە
ئۈستۈن تاش دەپ ئاتىلىپ، ئاستى تاشقا ئۆلگۈچىنىڭ تەرجىمىھالى، ئۈستۈن
تاشقا «پالانىنىڭ قەبرىسى» دېگەن سۆز ئويۇلىدىكەن. بۇنىڭدا كېيىنچە يەر
تۈزۈلۈشى ئۆزگىرىپ گۆر ئېچىلىپ قالغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكى-
نى بىلىشكە ئوڭاي بولسۇن دېگەن مەقسەت قىلىنغان.

(95) «ناھەقلىقنى ئاقلاش خاتىرىسى» — سۇڭ سۇلالىسى زامانىدىكى
سۇڭ سىنىڭ ئەسىرى، جەمئىي بەش جىلد، جەسەتنى تەكشۈرۈشكە ئائىت
كىتاب. قان تېمىتىپ تونۇش توغرىسىدا بۇ كىتابنىڭ «قان تېمىتىش»

ناملىق 1 ـ جىلدىدا: «ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ جەسىتىنى بالىلىرى تونۇماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن بىر تامچە قان چىقىرىپ ئۇنى ئاشۇ سۆڭەككە تېمىتىدۇ. ئەگەر شۇ جەسەت ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسىتى بولىدىكەن، تېمىتىلغان قان سۆڭەككە سىڭىپ كېتىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، قان سۆڭەككە سىڭمەيدۇ» دېيىلگەن. بۇ گەپ پەنگە ئۇيغۇن ئەمەس.

(96) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(97) «مۇھاكىمە ۋە بايان» — لىن يۈتاڭ باشلىق كىشىلەر تەھرىرلىكىدە يېرىم ئايدا بىر چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنال 1932 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭغا، ئاساسەن يۇمۇر ماقالىلەر بېسىلاتتى. بۇ ژۇرنال 1937 ـ يىل 8 ـ ئايدا 117 ـ سانغا يەتكەندە نەشردىن توختىغان.

(98) «جۇڭگودا يۇمۇر يوق» — لۇشۈنمۇ ئاشۇ پىكىرنى ئالغا سۈرگەن، ئۇ «تاغدىن ـ باغدىن. مۇھاكىمە ۋە بايانىنىڭ بىر يىللىقى» دېگەن ماقالىسىدە: «جۇڭگودا يۇمۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى.

(99) «دۇنيا» — فېليەتون بېسىلىدىغان يېرىم ئايلىق ژۇرنال، لىن يۈتاڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىققان. ئۇ 1934 ـ يىل 4 ـ ئايدىن تارتىپ شاڭخەيدە نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1935 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشردىن توختىغان. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنىشقا باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەتبۇئاتلار ماقالە ئېلان قىلىپ، «دۇنيا» ژۇرنىلى باسقان «ھەزىل» ماقالىلەرنى تەنقىد قىلغان. لىن يۈتاڭ شۇئان جاۋاب تەرىقىسىدە «جۇ زورېننىڭ شېئىرىنى ئوقۇش ئۇسۇلى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ: «يېقىندىن بۇيان بەزىلەر شان ـ شۆھرەتكە ئىنتىلىپمۇ مۇرادىغا يېتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ماقالە يېزىپ، ‹دۇنيا›غا سىستېمىلىق ھۇجۇم قىلدى، خۇددى تۈلكە تەۋراتتىن سۆز ئاچقاندەك، سوپەكلەر ئەۋلىيا ـ ماشايىخلاردىن گەپ ساتقاندەك قىلىقلارنى قىلدى، بۇ مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەن.

(100) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(101) ئاجى — يېزى (1912 — 1939)، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يىياڭ دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى. 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «جۇڭخۇا»





گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە ئۇنىڭ «ئەجنەبىيچە شەكلىنى ئوغرىلاش ۋە ئەجنەبىيچە مەزمۇندىن پايدىلىنىش» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلغان.

(102) ياڭ چاڭشى — «مىللەتچىلىك ئەدەبىياتى» تەرەپدارى. ئۇنىڭ «يالۇجياڭ بويىدا» ناملىق پوۋېستى 1933 ـ يىل 8 ـ ئايدا «قان ۋە تەر» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1 ـ جىلد 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

(103) فادىيېف (A. A. фадеев) — سوۋېت يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «تارمار»، «ياش گۋاردىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «تارمار» رومانىنى لۇشۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

(104) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(105) دۇخېن، يەنى سۇ ۋېن. ئۇ ئېيتقان «تەنقىدچىنىڭ رامكىسى» توغرىسىدا مۇشۇ كىتابتىكى «تەنقىدچىنى تەنقىد قىلغۇچى» سەرلەۋھىلىك ماقالىنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.

(106) «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىلنامىسى» — 1932 ـ يىلى شاڭخەيدىكى «ھازىرقى زامان» كىتابخانىسى نەشر قىلغان «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىلنامىسى»غا قارىتىلغان، ئۇنى دۇخېن بىلەن شى جېسۇن تۈزگەن. يىلنامىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن «1932 ـ يىللىق جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىگە نەزەر» سەرلەۋھىلىك ماقالە سۇۋېن تەرغىب قىلغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەركىنلىكى نەزەرىيىسى»نى ئاقلىغان. شۇنداقلا دۇخېننى ئىجادىيەت جەھەتتە رېئالىستىك ئەدەبىياتقا «ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى» دەپ ماختىغان. لۇشۈن 1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ياپونىيىلىك زېڭتيەنشىگە يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئاتالمىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت يىلنامىسى تەھرىراتى ئەمەلىيەتتە يوق نەرسە، ئۇ ھازىرقى زامان كىتابخانىسىنىڭ ئۆزگەرگەن ئىسمى، ھېلىقى ‹نەزەر›نى يازغان كىشى دۇخېن، يەنە بىر ئىسمى سۇۋېن، ... ھېلىقى ‹نەزەر›دە ئومۇمەن ھازىرقى زامان كىتابخانىسى نەشر قىلغان ژۇرناللار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماختىغان، باشقىلارغا بولسا كۆز يۇمغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ نامىدا ماقالە يېزىپ ئۆز-ئۆزىنى ماختىغان».

(107) «ھازىرقى زامان» — شى جېسۇن بىلەن دۇخېن تەھرىرلىكىدە چىققان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئايلىق ژۇرنىلى. ئۇنى شاڭخەي ھازىرقى زامان كىتابخانىسى نەشر قىلغان. ئۇ 1932 ـ يىل 5 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلاپ، 1935 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن،

مۇھەررىرى ۋاڭ فۇچۇن، بۇ ژۇرنال شۇ يىلى 5 ـ ئايدا 6 ـ جىلد 4 ـ
سانغا يەتكەندە نەشردىن توختىغان.

(108) سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قۇيرۇقىنى تۇغ خادىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغاند-
لىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ھەققىدە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇ چېڭئېن
يازغان «غەربكە ساياھەت» نىڭ 6 ـ بابىغا قارالسۇن.

(109) سۇۋېيىنىڭ «ئەدىبلەرنىڭ ئىسمى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە
مۇنداق دېيىلگەن: «تەخەللۇس قوللىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولماي-
دۇ. لېكىن، ئۇمىد قىلىمەنكى، ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
ھەربىر كىشىنىڭ مۇقىم تەخەللۇس قوللانغىنى تۈزۈك…»، «شۇنداقمۇ
ئەدىبلەر باركى، ئۇلار ئۆزىنى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق
قىلىشىۋاتىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە رەزىللىك».

(110) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى
«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(111) شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئەل سۆزى» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنال-
نىڭ 1 ـ جىلد 10 ـ سانىغا (1934 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)
خۇيەنىنىڭ «كىتاب ئوقۇش ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلغان.
ماقالىدە، ئالدى بىلەن شوپېنخائۇئېرنىڭ «ئۆز مېڭەڭدە باشقىلارنىڭ ئات
يورغىتىلىشىغا ئورۇن بېرىپ قويغان بولىسەن» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈ-
رۈلگەن، ئاندىن مۇنداق دېيىلگەن: «بىر كىتابنى ئوقۇپ چىقساڭ، باشقى-
لارنىڭ مېڭەڭدە بىر قېتىم ئات يورغىلىتىشىغا ئورۇن بەرگەن بولىسەن.
كىتابنى قانچىكى كۆپ ئوقۇساڭ، مېڭەڭ شۇنچە بەيگە مەيدانىغا ئايلىنىپ
قالىدۇ، ھەممىلا يەر باشقىلارنىڭ ئات يورغىلىتىش يولى بولۇپ قالىدۇ…
مېنىڭچە، كىتابنى زادى ئوقۇمىغان ياخشى». شوپېنخائۇئېرنىڭ «كىتاب
ئوقۇش ۋە كىتاب» دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلىرىدە كىتاب ئوقۇشقا قارشىلىق
كۆرسىتىلگەن ھەمدە «كىتاب ئوقۇغان چېغىمىزدا، مېڭىمىز ئۆزىمىزنىڭ
پائالىيەت ئورنى بولماي، باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ جەڭ مەيدانى بولۇپ
قالىدۇ»، «ئۆزى پىكىر قىلىپ ھەقىقەتنى تېپىشى كېرەك» دېيىلگەن.

(112) ئىشارىتىزم — XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فرانسىيىدە پەيدا
بولغان چۈشكۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى. ئۇ
رېئال دۇنيانى خىيالىي، ئازابلىق دەپ، «باشقا دۇنيا» نى بولسا، راست
گۈزەل دەپ ھېسابلاپ، چۈشىنىكسىز تۇتۇق سۆزلەر ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق
سېزىم ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىنى پەرىشان قىلىدىغان سىرلىق





خىياللارنى پەيدا قىلىپ، مەلۇم «تەسەۋۋۇرلار» نى، يەنى «ئىشارەت» دېگەن
نەرسىنى شەكىللەندۇرۇپ، شۇ يول بىلەن ئاشۇنداق خىيالىي «باشقا دۇنيا»
دىن بېشارەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(113) مەيتىرلېنك (M. Maeterlinck 1949—1862) — بېلگىيىلىك
دراماتورگ، ئىشارىتىزمچى دراماتورگىيىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ «ئەلچى
قۇش» دېگەنگە ئوخشاش ئاساسىي سەھنە ئەسەرلىرى بار.

(114) فرانس (M. France، 1844 — 1924) — فرانسىيە يازغۇ-
چىسى. ئۇنىڭ «پۇنالنىڭ جىنايىتى»، «تەيىس خانىم» ۋە «پىنگۋىن
ئارىلى» دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق رومانلىرى بار.

(115) بابىبت (I. Babbitt، 1865 — 1933) — ئامېرىكىدىكى
يېقىنقى زامان يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بى-
رى. ئۇنىڭ «يېڭى راۋكۇن»، «روسسو ۋە رومانتىزم»، «دېموكراتىيە ۋە
رەھبەرلىك» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

(116) كىرپوتىن (В. Я. Кирпотин) — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدە-
بىي تەنقىدچىسى. ئۇنىڭ «روسىيىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ
باشلامچىلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

(117) گوركىي (М. Горькпй، 1936—1968) — سوۋېت پرولېتا-
رىيات يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «فوما گوردىيېف»، «ئانا» رومانلىرى ۋە تەرجى-
مىھال شەكلىدە يېزىلغان «بالىلىق چاغلىرىدىم»، «كىشىلەر ئىشىكى-
دە»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنۇم» دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار.

(118) ئىبسېن (H. Ibsen، 1828 — 1906) — نورۋېگىيىلىك
دراماتورگ. ئۇنىڭ «قونچاقلارنىڭ ئۆيى»، «خەلقنىڭ ئومۇمىي دۈشمى-
نى»، «ئالۋاستىلار» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا
شاڭخەي تىجارەت نەشرىياتى فەن جياشۇن تەرجىمە قىلغان «ئىبسېن ئەسەر-
لەر توپلىمى» نىڭ ئىككى نۇسخىسىنىلا نەشر قىلغان.

(119) چېخوف (А. Н. Чехов 1860 — 1904) — روسىيە يازغۇچى-
سى. ئۇنىڭ «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل»، «گىلاس باغچىسى» دېگەنگە ئوخشاش
سەھنە ئەسەرلىرى ۋە «خامېلېئون»، «غىلاپ بەندىسى» دېگەنگە ئوخشاش
نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا «تەرەققىيپەرۋەر» كىتابخانىسى جياۋ
جىڭشىن تەرجىمە قىلغان «چېخوفنىڭ مەشھۇر ھېكايىلەر توپلىمى» دىن
سەككىز كىتابنى نەشر قىلغان.

(120) مۇپاسسان (G. de Maupassant، 1850 — 1893) —

فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «ئۇنىڭ ھاياتى»، «چىرايلىق دوستۇم» دېگەن رومانلىرى ۋە «دونداق» دېگەنگە ئوخشاش ھېكايىلىرى بار. ئەينى ۋاقىتتا تىجارەت نەشرىياتى لى چىڭيا تەرجىمە قىلغان «مۇپاسسان ھېكايىلىرى توپلىمى»دىن ئۈچ كىتابنى نەشر قىلغان.

(121) «دون كىخوت» — XVI ئەسىردە ياشىغان ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ رومانى.

(122) «مىڭ بىر كېچە» — كلاسسىك ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى، «ئەلپىللەيلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(123) گيوتې (J. W. Van Goethe، 1749 — 1832) — گېرمانىيىلىك شائىر ۋە ئالىم. ئۇنىڭ «فائۇست» دېگەن شېئىرىي دراممىسى ۋە «ياش ۋېتىرنىڭ غېمى» دېگەنگە ئوخشاش نەسرىي ئەسەرلىرى بار.

(124) تولستوي (Н. Толстой 1828 — 1910) — روسىيىلىك يازغۇچى. ئۇنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار.

(125) دوستويېۋسكىي (Ф. М. достоевекий، 1821 — 1881) — روسىيىلىك يازغۇچى. ئۇنىڭ «كەمبەغەل»، «خورلانغانلار ۋە خارلانغانلار»، «جىنايەت ۋە جازا» دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى بار.

(126) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(127) بۇ يەردە ئارزۇ - ھەۋەستىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(128) بۇ گەپ لىن يۇتاڭنىڭ «فېلىيەتوندا... كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان گەپلەر ئاساس قىلىنىدۇ» دېگەن تەشەببۇسىغا قارىتىلغان.

(129) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(130) كېتس (J. Keats، 1795 — 1821) — ئەنگلىيىلىك شائىر. ئۇنىڭ «ئېندىمى ئەپەندى» ناملىق پوئېمىسى، «يۇناننىڭ قەدىمىي كۈيگە مەدھىيە»، «بۇلبۇلغا مەدھىيە» دېگەنگە ئوخشاش لىرىك شېئىرلىرى بار. ئۇنىڭ «ئېندىمى ئەپەندى» ناملىق پوئېمىسى 1818 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسەردە دېموكراتىك ئىدىيە ھەم كلاسسىكىزمغا قارشى خاھىش بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇتەئەسسىپ تەنقىدچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇ 1820 - يىلى سىل كېسىلى يامانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن داۋالىنىش





مەقسىتىدە ئىتالىيىگە بارغان، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دوستى ئەنگلىيىلىك شائىر بايرون ئۆزىنىڭ «تۇم ژان» ناملىق پوئېمىسىنىڭ 11 - قىسمىدا: «بىرلا تەنقىد كېتسنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، بۇنىڭ ئۇنىڭ تازا ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدىغان ۋاقتى ئىدى» دېگەنىدى.

(131) سۇ ۋېن ئۆزىنىڭ 1932 - يىل 10 - ئايدا «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ 1 - جىلد 6 - سانىغا بېسىلغان «‹ئۈچىنچى خىل ئادەم›لەرنىڭ نىجاتلىق يولى» دېگەن ماقالىسىدە: «سولقانات يېتەكچى نەزەرىيىچىلەر بۇرژۇئازىيە دېگەن ئەسكى نامنى قارىقويۇقلا ئۇلارغا تېڭىشتى»، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يازغۇچىلار «مەڭگۈ جىمىپ كەتتى، قەلەمنى تاشلىۋەتتى» دەپ يازغان. گاۋمىڭ 1933 - يىل 12 - ئايدا «ھازىرقى زامان» ژۇرنىلىنىڭ 4 - جىلد 2 - سانىغا بېسىلغان «تەنقىد ھەققىدە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدىمۇ تەنقىدچىلەرگە «چەت - ياقا جايلاردا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان لۈكچەكلەر! ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى بوغۇش» دەپ ھۇجۇم قىلغان.

(132) ئىنسپىراتىئون (Inspiration) — ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىلھام» دېگەن بولىدۇ.

(133) روللاند خانىم (Madame Roland، 1754 — 1793) — XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى ۋاقتىدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان گرونتچىلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى روللاندنىڭ ئايالى. ئۇ، گرونتچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى بەلگىلەش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان. 1793 - يىل 5 - ئايدا، بۇرژۇئا دېموكراتلىرى (ياكوبىنچىلار) ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، روللاند خانىمغا شۇ يىلى 11 - ئايدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. لياڭ چىچاۋنىڭ «روللاند خانىمنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا دارنىڭ يېنىدىكى ئەركىنلىك پەرىشتىسى ھەيكىلىگە قاراپ: «ئەركىنلىك، ئەركىنلىك، بۇ دۇنيادا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قانچىلىك جىنايەتلەر سېنىڭ نامىڭنى سۇيىئىستېمال قىلىش بىلەن ئىشلىنىپ كەلدى؟!» دېگەنلىكى ئېسىمدە قاپتۇ، دېيىلگەن.

(134) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(135) «خىسلەتلىك تەخسە» — ئەينى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان بىر

خىل خۇراپىي تەلەي سىناش پائالىيىتى. مەسىلەن، شاڭخەيدە «شياڭگاڭ ئىلمىي ئويۇن جەمئىيىتى» ئىشلەپ ساتقان «ئىلمىي پالنامە» تارقالغان، ئۇنىڭغا: بۇنى «گېرمانىيىدە ئوقۇغان بەي تۇڭ ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلغان. بۇ پۈتۈنلەي ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىشلەنگەن، بۇنىڭدا قىلچىمۇ خۇراپاتلىق يوق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بېسىلغان.

(136) چېن داچى — تەخەللۇسى بەينيەن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خەييەن دېگەن يېرىدىن. ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىدا پروفېسسور بولغان. 1918 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۇ «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ جىلد 5 ـ سانىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، شۇ چاغلاردا شاڭخەيدە ئوتتۇرىغا چىققان «خىسلەت ئىلمى» نى دەستەك قىلىپ پال بىلەن تەلەي سىنايدىغان خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغانىدى.

(137) ئەينى ۋاقىتتا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى ئىبادەت ۋاقتىدا بەنچەن لاما تەپسىر ئېيتقاندا، فوتو سۈرەتچىلەر مۇنبەر يېنىدا تۇرۇپ ماگنىي چىراغ ئارقىلىق ئەتراپنى يورۇتقان.

(138) «مولۇن بىلەن شاھزادىنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلىشى» — بۇ چاڭچىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شاھى جېنزۇڭنىڭ كىچىك خوتۇنى لى چېنىڭ تۇغقان ئوغلىنىڭ مولۇن بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. «يۈ تاڭچۈن» — بۇ جىڭجۈي چاڭچىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشھۇر پاھىشە ئايال سۇسەن (يۈ تاڭچۈن) نىڭ تۆھمەتكە ئۇچراپ زىندانغا تاشلانغانلىقى، كېيىنكى تەپتىش ۋەزىپىسىگە قويۇلغان كونا تونۇشى ۋاڭ جىنلۇڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان. «سىم ـ سىم يامغۇرغا ھەشقاللا» — 30 ـ يىللاردا لى جىڭخۇينىڭ كەڭ تارقالغان ناخشىسى.

(139) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(140) چىن لىجەي خانىم — فامىلىسى گۇڭ، ئىسمى يىنشا، «شېنباۋ» گېزىتخانىسىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمانى چىن لىجەينىڭ خوتۇنى. 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چىن لىجەي شاڭخەيدە كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىن لىجەينىڭ ۋۇشىدا تۇرغۇچى ئانىسى كېلىنىنى يېنىغا چاقىرتىدۇ. لېكىن، ئۇ بالىلىرى شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھەم باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېيىناتىسىنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. پەقەت قېيىناتىسى قاتتىق ئىستەك ـ سوراق قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن





كېيىنلا، نائىلاج 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قىزى شىسۈن، ئوغلى دۈەن، يۈلار بىلەن بىرلىكتە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

(141) «شېنباۋ» گېزىتىدە 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېزىلىشىچە، شاڭخەي «فۇخۇا» دورىخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى چېن تۇڭفۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە بەك قىينالغانلىقى ئۈچۈن 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆلۈۋالغان. ئۇ گېزىتتىن قىيىنۋالغان چىن لىجەي خانىمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ يېنىدىن چىققان.

(142) چىن لىجەينىڭ ئانىسى چىن پىڭپۇنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گۇڭ يىنشياغا يازغان خېتىدە: «سىزنىڭ كىچىك تاغىڭىز شاڭخەيدە كەمىنە رەمبالغا پال سالدۇرۇپ كۆرسە، پالدا مەرھۇم ئوغلىمىز لىجەينىڭ روھى ھازىر بولغان، پۇل ۋە پاختىلىق كىيىم تەلەپ قىلغان ھەمدە بالىۋاقىلىرىنىڭ شاڭخەيدە تۇرماي، دەرھال ۋۇشىغا كۆچۈپ كېلىشىنى ئېيتقان» دېيىلگەن.

(143) «ئۆستەڭگە سەكرەپ ئۆلگەنلەرنى كىم بىلگەن» — بۇ سۆز «مۇھاكىمە ۋە بايان» دىن ئېلىنغان.

(144) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(145) سۈي شۇ — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ سىچى دېگەن يېرىدىن، يازغۇچى. ئۇنىڭ «‹......› ۋە ‹□□□□› ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «كىشىلىك دۇنياسى» نىڭ 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(146) ھ. گ. ئاندېرسېن (Andersen، 1805 — 1875) — چۆچەك يازغۇچى. «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئىسپانىيە خەلق چۆچەكلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان. بۇنىڭدا ئىككى ئالدامچى: ئۆزىمىز توقۇغان ئەڭ گۈزەل رەختتىن بىر كىيىم تىكتۇق، بۇنى «ھەرقانداق لاياقەتسىز ياكى ھاماقەت ئادەم كۆرەلمەيدۇ» دەپتۇ. ئەسلىدە ئۇلاردا ئۇنداق «رەخت» يوق بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنى ئالداپ، پادىشاھنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەۋجۇت بولمىغان «يېڭى كىيىم» نى كىيدۈرگەندەك قىپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەر، پۇقرالار باشقىلارنىڭ ئۆزىنى لاياقەتسىز ياكى ھاماقەت دېيىشىدىن قورقۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىرىدا بىر بالا گۆدەكلىك بىلەن: «لېكىن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق كىيىم يوققۇ!» دەپ راست سۆز

قىپتۇ.

(147) «موتىيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى» — جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېي شاڭ ۋاڭنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ بىرى. ئەسلىي تارىشقا يېزىلغان. كېيىن تارىشىدىكى خەتلەر ئۆچۈپ قالغان، شۇڭا تارىشىدىكى قەدىمكى يېزىقنى كۆچۈرۈشتە، تونۇش قىيىن بولغان خەتلەر قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا □ بەلگىسى قويۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابتا □ كۆپ.

(148) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۈچۈر» بېتىگە بېسىلغان.

(149) ليۇ خەيسۇ — جياڭسۇ ۋۇجىنلىق، رەسسام. شۈي بېخۇڭ (1895 — 1953) — جياڭسۇ يىشىنلىق، رەسسام. ئۇلار 1934 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياۋروپاغا بېرىپ، جۇڭگو رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان.

(150) «دۆلەتنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرۈش» — بۇ سۆز «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مېي لەنفاڭ سوۋېت روسىيىسىگە بارىدۇ» دېگەن ماۋزۇدىكى خەۋىرىدىن نەقىل ئېلىنغان.

(151) تەسىراتىزم XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياۋروپادا (ئىلگىرى فرانسىيىدە) باش كۆتۈرۈپ چىققان بىر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت پىكىر ئېقىمى. بۇ، ئاساسەن رەسساملىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى سادىق تەسۋىرلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، سەنئەتكارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى سۇبيېكتىپ تەسىراتىنىڭ ئىپادىلىنىشى، رەڭدار ئوچۇق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ پىكىر ئېقىمى كېيىن ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئويمىچىلىق قاتارلىق جەھەتلەرگىمۇ تەسىر قىلغان.

(152) ئىستروكتۇرالىزم — بۇ، قۇرۇلمىچىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەربنىڭ ھازىرقى شەكىلۋازلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ بىرى. ئۇ سەنئەتنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى، ئوبرازلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىنى چەتكە قېقىپ، ئۇزۇنچاق چاسا، يۇمىلاق شەكىلدە ۋە توغرا سىزىقلار بىلەن ئابستراكت تەسۋىرلەرنى قۇراشتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل «ئىسلاھاتچى» قىياپىتىدە مەيدانغا چىققان.

(153) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(154) ئۆز ۋاقتىدا شاڭخەيدىكى ئومۇمىي كونسېسسىيە دائىرىلىرى-





نىڭ، توخۇ ـ ئۆردەكنى بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرمەسلىك كېرەك، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار پولىتسىيە تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. جەرىمانە قويۇلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىسى بار ئىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان «پەرەڭلەرنىڭ خەير ـ ساخاۋەتچىلىرى» دېگەن سۆز شاڭخەيدىكى ئۆز ۋاقتىدىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ئىچىدىكى «پەرەڭلەرنىڭ جانىۋارلارغا غەمخورلۇق قىلىش جەمئىيىتى» دېگەن تەشكىلاتقا قارىتىلغان.

(155) پەرەڭلەرنىڭ يۇندىخورلىرى — كونا زاماندا چەت ئەللىكلەر ياللىۋالغان جۇڭگولۇق ئەركەك خىزمەتكارلار.

(156) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(157) باللار يىلى — 1933 ـ يىل 10 ـ ئايدا «جۇڭخۇا باللارغا غەمخورلۇق قىلىش جەمئىيىتى» شاڭخەي باللار بەختى كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە 1934 ـ يىلنى باللار يىلى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1934 ـ يىل 3 ـ ئايدا «بۇيرۇق» چىقىرىپ، 1935 ـ يىلنى باللار يىلى قىلىپ بەلگىلىگەن. لېكىن، شاڭخەي شەھەرلىك باللار بەختى كومىتېتى يەنىلا شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن 1934 ـ يىلنى باللار يىلى دەپ ئايرىم بەلگىلىگەن.

(158) چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كىشىلەر — جياڭسۇ تەۋەسىدە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىي، خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1932 ـ يىل «28 ـ يانۋار» ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ئەسكەرلىرى جابېينى ئىشغال قىلىپ، خائىنلاردىن پايدىلىنىپ «شاڭخەي شىمالىي شەھەر خەلق قوغداش ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى خۇ لىفۇ قاتارلىقلار چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىن بولغاچقا، ئادەتتىكى ئاما چاڭجياڭنىڭ شىمالىدىكى كىشىلەرنى يامان كۆرەتتى.

(159) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(160) لاۋجۇجاڭ — شاڭخەيدىكى تاۋار ـ دۇردۇن دۇكىنى بولۇپ، تەخمىنەن 1860 ـ يىلى ئېچىلغان، تاۋار ـ دۇردۇننىڭ بازىرى كاساتلاشقانلىقتىن، 1934 ـ يىل 2 ـ ئايدا پايچىلار ھېسابلىشىپ تارقىلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇكان تاقالغان، كېيىن قايتىدىن تەشكىللىنىپ لاۋجۇجاڭ ناملىق ئومۇمىي تاۋار ـ دۇردۇن دۇكىنىنى ئاچقان.

(161) «خاتىرە ھېكايىلەرگە نەزەر» — شاڭخەيدىكى ئىلغار نەشرىيات
تۈزگەن بىر يۈرۈش مەجمۇئە. بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالى-
سىغىچە بولغان پارچە - پۇرات تارىخ، خاتىرىلەر كىرگۈزۈلگەن، جەمئىي
توققۇز قىسىم (غەيرىي رەسمىي توپلامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىلىپ
چىقىرىلغان.

(162) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
«جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(163) ۋاڭ ماۋزۇ (1891 — 1949) — تەخەللۇسى دېيەنسۈن،
جياڭسۇ ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، ئىلگىرى بېيجىڭ قىزلار دارىلمۇئەللىمى-
نىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتى مۇدىرى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك سۇجۇ ئوتتۇرا مەك-
تىپىنىڭ مۇدىرى بولغان، ئەينى چاغدا گومىنداڭ مەركىزىي سىياسىي
مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى ئىدى. ئۇ «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە
قەدىمكى تىلنى كۆككە كۆتۈرۈپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇر-
غان، 1934 - يىلى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كۈڭزىغا تاۋاپ
قىلىپ، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە دەرسلىكلەردە قەدىمكى تىلنى ئىشلە-
تىشنى تەرغىب قىلغان. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆز ئۇ 6 - ئاينىڭ
21 - كۈندىكى «شېنباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ
مەكتەپلەردىكى قەدىمكى تىل ھەرىكىتى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان.
بۇنىڭدا «قەدىمكى تىلنى ئۆگىنىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەرنى
ئۆگىنىشكە قارىغاندا سەل قىيىن، ... لېكىن ئىشلىتىشتە ئانچە كۆپ كۈچ
كەتمەيدۇ؛ كىتابخان، يازغۇچى ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىغىمۇ ئانچە كۈچ كەل-
مەيدۇ. ئەگەر قۇلاقنىلا ئىشقا سېلىپ كۆز ئىشلىتىلمىسە، قەدىمكى تىلنىڭ
لازىمى يوق. ئەگەر كۆزمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولسا قەدىمكى تىل مۇۋاپىق.
قەدىمكى تىل گەپ - سۆزنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى بولۇپ، گەپ - سۆزلەر-
دە ئاھاڭ ۋە مەنىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. قەدىمكى تىل ئاھاڭ ۋە مەنىگە
ئەھمىيەت بېرىلگەندىن باشقا، ئۇنىڭ شەكلىنى كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسى-
لەن، ‹بۇ ئوقۇغۇچى ياكى ئۇ ئوقۇغۇچى› دېگەن سۆزنى قەدىمكى تىلدا ‹بۇ
تالىپ ياكى ئۇ تالىپ› دېسىلا ئېنىق بولىدۇ. بۇنىڭغا كۈچ كەتمەيدۇ»
دېيىلگەن.

(164) بۇ ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(165) گۇەن يۈ، يۆ فېي — ۋەنلىنىڭ 24 - يىلى (1614) مىڭ





سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇەن يۈگە «ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغان خان» دەپ نام
بەرگەن ھەمدە ئوردىغا ئىبادەتخانا قۇرۇپ تاۋاپ قىلغان؛ چىڭ سۇلالىسىمۇ
گۇەن يۈگە بىرقانچە ھۆرمەتلىك نام بەرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى
ۋە مىنگونىڭ دەسلىپىدە تاۋاپ قىلىش بارا - بارا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
1914 - يىلى يۈەن شىكەي پادىشاھ بولۇشتىن ئاۋۋال، گۇەن يۈ ۋە يۆ فېيغا
تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 1934 - يىلى
گۇاڭدۇڭدىكى چېن جىتاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە كۇڭزى ۋە گۇەن يۈ،
يۆ فېيلارغا تاۋاپ قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن
ھەمدە شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «قەمەرىيە 2 - ئاي سەھەردە
گۇەن يۈ، يۆفېيغا تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزگەن.

(166) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى
«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(167) مۇمۇتيەننىڭ 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شېنباۋ»
گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان «ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىگە
يارىشا ئىشلىسۇن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «بەزى كىشىلەر ئىنگلىزچە
تىلنى ناھايىتى ياخشى بىلسىمۇ، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىياتىنى تەر-
جىمە قىلماي، ئەتەي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ فرانسىيە ئەدەبىياتىنى ۋاستى-
لىك تەرجىمە قىلىشقان، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ۋاستىلىك
تەرجىمە قىلىش بىر خىل قۇۋلۇق - لوللىق. ھېچ ئامال بولمىغاندا،
شۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، قىيىندىن قېچىپ، ئاسىنىغا يۈگۈرۈشكە
بولمايدۇ» دەپ يېزىلغان.

(168) ئىبانېز (V. BIasco — Ibanez، 1867 — 1928) —
ئىسپانىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئاساسەن «ۋەھىينامىدىكى تۆت چەۋەنداز»
ناملىق رومانىغا ئوخشاش ئەسەرلىرى بار.

(169) سېرۋانتېس (M. de Cervantes، 1547 — 1616) —
ئىسپانىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «دون كىخوت» ناملىق رومانىغا ئوخشاش
ئاساسىي ئەسەرلىرى بار.

(170) «ئۆزگەرتىش» نەشرىياتى — ياپونىيىدىكى نەشرىياتلارنىڭ بى-
رى بولۇپ، 1919 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ نەشرىيات 1919 - يىل 4 -
ئايدىن تارتىپ 1955 - يىل 2 - ئايغىچە «ئۆزگەرتىش» ناملىق ژۇرنال
نەشر قىلغان.

(171) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.
(172) مۇمۇتىيەننىڭ «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش ۋە باشقىلار توغرىـ
سىدا (2 ـ ماقالە)» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ
2 ـ كۈنى «شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.
ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىز تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان چېغىمىزدا،
ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش چارىسىنى قوللىنىشىمىز كېرەك، لېكىن
بىراقلا مەڭگۈلۈك ھەل قىلىش چارىسىغىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك. بىز
ھېچ ئامال بولمىغان شارائىتتا ۋاستىلىك تەرجىمىگە يول قويىمىز. لېكىن،
چىن، بىۋاستە تەرجىمىگە توسقۇن بولىدىغان ۋاستىلىك ناچار تەرجىمىلەرـ
نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىنمۇ ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ئەسەر
بىلەن تونۇشۇش تەرجىمىگە كىرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەسەردىكى ئىپاـ
دىلەش شەكىللىرىگىمۇ دىققەت قىلماي بولمايدۇ. بىراقلا ھەل قىلىش چارىـ
سىنى قوللىنىش مۇمكىن بولسا، ئەڭ ياخشىسى شۇنداق قىلىش كېرەك،
ئۇبدان چۈشەنمەيدىغان دەللاللارچە تەرجىمىگە يول قويغىلى بولمايدۇ. ئەدەـ
بىي تەرجىمىدە مۇزاكىرە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ،
سادىق ئەدىبلەرنىڭ بۇ ھەقتە كۆپرەك پىكىر بايان قىلىشىنى ئۈمىد قىلىـ
مەن. شى جى ئەپەندىنىڭ ‹تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىش توغرىسىدا› سەرـ
لەۋھىلىك ماقالىسىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئۇقۇشۇلماسلىقـ
نىڭ يېشىلىپ كېتىشىگە ياردىمى بولار دېگەن نىيەت بىلەن نائىلاج يۇقىرىدىـ
كى پىكىرلەرنى بايان قىلدىم.»
(173) چېن يۈەن (1896 — 1970) — تەخەللۇسى تۇڭبۇ، ئەدەبىي
لەقىمى شىيىڭ، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى دېگەن يېرىدىن. ئۇ «ھازىرقى
زامان ئەنزارچىلار» نىڭ مۇھىم ئەزاسى. ئۇ روسىيىلىك يازغۇچى تۇرگېنېفـ
نىڭ «ئاتىلار ۋە بالىلار» ناملىق ئەسىرىنى ئىنگلىزچە ۋە فرانسۇزچە تەرجىـ
مىلىرىدىن تەرجىمە قىلغان.
(174) لۇشۈن تەرجىمە قىلغان «تارمار» رومانى ياپونچە تەرجىمىگە
ئاساسەن، نېمىسچە، ئىنگلىزچە تەرجىملىرىدىن پايدىلانغان ھالدا تەرجىمە
قىلىنغان.
(175) مۇمۇتىيەننىڭ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «شىنباۋ»
گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان «تەرجىمىدىن تەرجىمە قىـ
لىش ۋە باشقىلار توغرىسىدا (1 ـ ماقالە)» «سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە:
«مەن نىۋىروفنىڭ ‹تاشكەنت› ناملىق ئەسىرىنى فرانسۇزچە تەرجىمىسىدىن





تەرجىمە قىلغانىدىم. بىراق، ئۆتكەن يىل بۇ كىتابنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىـ
نى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ فرانسۇزچە نۇسخىسىدىن بىر ھەسسە دېگۈدەك كۆپ
ئىكەن» دېيىلگەن. «تاشكەنت» ناملىق ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «باياشات
شەھەر — تاشكەنت» ئىدى.
(176) سېرافىموۋىچ (А. С. Серафимович، 1863 — 1949) —
سوۋېت يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «تۆمۈر ئېقىن» دېگەنگە ئوخشاش رومانلىرى
بار.
(177) بۇ ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى
«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.
(178) بۇ ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى
«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.
(179) سۈي رېنشى، شىڭ نۇڭشى — ئېلىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى
قەدىمكى خان ـ پادىشاھلار، ئالدىنقىسى، ياغاچ تېشىپ ئوت چىقىرىشنى
كەشىپ قىلىپ، باشقىلارغا تاماق پىشۇرۇشنى ئۆگەتكەن؛ كېيىنكىسى،
دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كەشىپ قىلىپ، كىشىلەرگە دېھقانچىلىق قىلىشنى
ئۆگەتكەن؛ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇ تۇرلۇك ئوت ـ چۆپلەرنى تېتىپ كۆرۈپ
تېببىي دورا كەشىپ قىلغان.
(180) بۇ يەردە ۋاڭ ماۋزۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ «ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ
مەكتەپلەردە قەدىمكى تىل ھەرىكىتى» دېگەن ماقالىسىدە، ئەينى چاغدىكى
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «دۆلەت تىلىدىن يېڭى ئوقۇش كىتابى» دىكى «ئۈچ
ئاغمىخان» دېگەن ماقالىنى مىسالغا ئالغان.
(181) لافونتايىنې (Lafontine، 1621 — 1695) — فرانسىيە مەـ
سەلچىسى. «تومۇزغا ۋە چۈمۈلە» ئۇنىڭ «مەسەللەر» دېگەن كىتابىنىڭ
1 ـ تومىدا بېسىلغان.
(182) بۇ سۆز «مېڭزى» دىن ئېلىنغان.
(183) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى
«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» سەھىپىسىگە بېسىلغان.
(184) بىرنەچچە ئالىم — بۇ يەردە لياڭ چىچاۋ، خۇ شى قاتارلىق
كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە چىڭ دەۋرىدىكى
ئىلىم ـ بىلىم تەرەققىياتىنى ماختاپ، «جۇڭگونىڭ ئەدەبىي گۈللىنىش،
Renaissanco دەۋرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ» ۋەھاكازا دېگەن.
(185) بۇ بۇرۇنقى چاغلاردا ياۋروپالىقلارنىڭ چولتا كۆز قارىشى بوـ

لۇپ، ئۇلار يەھۇدىيلارنى سودا - سېتىققا ئۇستا، لېكىن پىخسىق دەپ ھېسابلىغان، شۇڭا ئىنچىكىلەپ ھېساب - كىتاب قىلىدىغان كىشىلەر يەھۇدىي دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

(186) «ياڭجۇدىكى 10 كۈن»، «جىيادىڭدىكى ئۈچ قېتىملىق قىرغىنچىلىق» — 1645 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق ياڭجۇ ۋە جىيادىڭ شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان چاغدا يەرلىك ئاھالىنى قىرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(187) 1900 - (چاشقان) يىلى گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئا ق ش، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ بېيجىڭنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى كېيىنكى يىلى ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى خارلايدىغان «كالا يىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلغان. شەرتنامىدە ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە 450 مىليون سەر تاموژنا تەڭگىسى «تۆلەش» بەلگىلەنگەن. مۇشۇ تۆلەم پۇل «چاشقان يىلىدىكى تۆلەم پۇل» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە ئەنگلىيە، ئا ق ش قاتارلىق دۆلەتلەر مەدەنىيەت تاجاۋۇزىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت ئىشلىرىغا «ياردەم» بېرىش دېگەن نىقاب ئاستىدا، تۆلەم پۇلنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ماقالىدىكى «چاشقان يىلىدىكى تۆلەم پۇلى بىلەن بىرنەچچىلا ئالىمنى يېتىشتۈرۈش» دېگەن سۆز ئەنە شۇ بىر قىسىم تۆلەم پۇلنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتى قىلىندۇ، دەپ بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(188) 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خۇ شى بېيپىڭدا مۇخبىرلارغا قىلغان سۆزىدە: ياپونىيە ئۈچۈن «جۇڭگونى بويسۇندۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ تاجاۋۇزنى ئۇزۇل - كېسىل توختىتىپ، ئەكسىچە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت» دېگەن.

(189) 1934 - يىل 1 - ئايدا، گومىنداڭ سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى خەن فۇجۈي چۈيفۇ ناھىيىسىدىكى كۇڭزى ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان؛ 5 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىبادەتخانىنىڭ رېمونت راسخوتى ئۈچۈن 100 مىڭ دوللار ياردەم بەرگەن. شۇ يىلى 5 - ئايدا نەۋقىرانلار مۇراسىم جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتى خاڭجۇدىكى لېيفېڭ





مۇنارنى باشقىدىن ياساشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ ھەرىكىتىنى «بۇرۇنقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېلەچەككە يول ئېچىش - ئەھلى ئىلىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى، خارابىلىكنى گۈللەندۈرۈش، مەيۇسلەرنى جانلاندۇرۇش، ئەھلى ئىلىملارنىڭ ساۋاپ ئىش قىلغانلىقى» دەۋالغان. 7 - ئايدا گۋاڭجۇدىكى مەلۇم ئىدارە باشلىقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي جەنۇب مەمۇرىي ئىشلار ھەيئىتىدىن ئەر - ئاياللارنىڭ باشقا - باشقا يول بىلەن مېڭىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، بىللە مېڭىشنى مەنئى قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. 1933 - يىل 6 - ئايدا گومىنداڭ مائارىپ ۋازارىتى مەركىزىي كۇتۇپخانىسىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىغا تىجارەت نەشرىياتى بىلەن توختام تۈزۈپ «ئىلىم كانى» دا ساقلىنىپ كەلگەن تۆت دىۋاننىڭ نەشر قىلىنمىغان نۇسخىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىپ بېسىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن؛ شۇ كەملەردە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۆزگەرتىۋېتىلگەن تۆت دىۋاننىڭ ئورنىغا كونا باسمىسى ياكى كونا قوليازمىسىدىن پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىشقان، لېكىن كېيىنكى چاغلاردا يەنىلا تۆت دىۋاننىڭ سۈرەتكە ئېلىپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلغان. ئۇنىڭدىن تاللانغان كىتابلار 231 خىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «تۆت دىۋان رىسالىلىرىنىڭ تۇنجى مەجمۇئەسى» دەپ نام قويۇلغان ۋە ئۇ مەجمۇئە 1934 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ تارقىتىلغان.

(190) بۇ ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(191) «دەللال» لارچە جانلىق تىل — لىن مو ‹‹چىلتەكلىك ئەدەبىيات، توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، لۇشۈن يازغان «بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كۆتۈرۈش» نى «دەللال» لارچە يېزىش دېگەنىدى.

(192) بۇ ئەسەر ئەڭ ئاۋۋال 1934- يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(193) ھازىرقى ئومۇمىي ئەدەبىي تىل تاكى «چۆرۈۋېتىلگىچە» ياكى «ۋاز كېچىلگىچە» — ئەينى چاغدا «ئاممىۋى تىل» نى مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا، بەزىلەر ئومۇمىي ئەدەبىي تىل - ئەدەبىياتنى «چۆرۈۋېتىش» نى تەشەببۇس قىلغان. مەسىلەن، گاۋخۇاڭ ئۆز ماقالىسىدە، «ئومۇمىي ئەدەبىي تىل - ئەدەبىياتىدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قىسمىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىسمىنى يوقىتىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئومۇمىي ئەدەبىي تىل - ئەدەبىياتنى ‹‹چۆرۈۋې-

تىش، لازىم» دېگەن.

(194) «خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» — ليۇ بەننۇڭ ئەسىرى، 1920 - يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان.

(195) «يېڭى ياش» — «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، ماركسىزمنى تارقاتقان مۇھىم ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. 1915 - يىل 9 - ئايدا شاڭخەيدە تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان. ئىلگىرى چېن دۇشيۇ باش مۇھەررىر بولغان. 1 - جىلدى «ياشلار ژۇرنىلى» نامىدا چىققان. 2 - جىلدىن باشلاپ «يېڭى ياش» نامىدا چىققان، 1918 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، لى داجاۋلار بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان. 1922 - يىل 7 - ئايدا نەشردىن توختىغان.

(196) «جوفرى كوچىسى» — ئىلگىرى شاڭخەيدىكى فرانسىيە كونسېسسىيەسىدىكى كوچا ئىسمى، جوفرى (1852 — 1931) بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فرانسىيە قوماندانى. «مىدخۇرست» — ئىلگىرى شاڭخەيدىكى ئاممىۋى كونسېسسىيەدىكى كوچا ئىسمى. مىدخۇرست 1860 - يىلى ئەتراپىدا ئەنگلىيىنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان.

(197) خۇ شى (1890 — 1962) — تەخەللۇسى شىجى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ جىشى ناھىيىسىدىن، دەسلەپكى يىللىرى ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇغان، 1917 - يىلى قايتىپ كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىدا پروفېسسور بولغان. «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئوڭ قانات تەرەپتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ «ئىبسېنىزم» دېگەن ماقالىسى 1918 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «يېڭى ياش» نىڭ 4 - جىلد 6 - سانىغا بېسىلغان.

(198) «كومپرادور» — ئىنگلىزچە comprador دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «دەللال» دېگەن مەنىگە ئىگە. لىن مۇ لۇشۇننىڭ ماقالىلىرىنى «دەللال» لارچە يېزىش دېگەنلىكتىن، لۇشۇن قەستەن مۇشۇ تەخەللۇسنى قوللانغان.

(199) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(200) ئەينى چاغدا، ئاممىۋى تىل تەشەببۇس قىلىنىۋاتقاندا، بەزىلەر ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنى «چۈشىنىش قىيىن» دەپ ئەيىبلىگەن. مەسىلەن، 1934 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «كىتاب





ئوقۇشقا دائىر سوئال - جاۋابلار» غا «ئاممىۋى ئەدەبىياتنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەك» دېگەن ماقالە بېسىلغان، ماقالىدە «ئومۇمىي ئەدەبىي تىل ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تىلىدىن ئايرىلغان. ئۇنى چۈشىنىش قەدىمكى تىلدىنمۇ قىيىن» دېيىلگەن.

(201) «ئەزمىلىك» — لىن يۈتاڭ 1933 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «بايان ۋە مۇھاكىمە» نىڭ 26 - سانىدا ئېلان قىلغان «سۆز ئۇزۇندىسى شەكلى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە «جانلىق ئەدەبىي تىلدا يېزىشتىن بىزارمەن، كونا كىتابىي تىلدا يېزىشنى، ئۇزۇندە سۆز ئۇسلۇبىدا يېزىشنى ياخشى كۆرىمەن... جانلىق ئەدەبىي تىل ئەزمە بولىدۇ» دەپ يازغانىدى.

(202) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(203) شېن كو (1031 — 1095) — يەنە بىر ئىسمى سۇنجۇڭ، چەنتاڭ (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرى) دىن، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى ئەدىب ۋە ئالىم. ئۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا، تېبابەتچىلىك، بىناكارلىق جەھەتتە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ «چاڭشىن تۇپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «مىڭشى خاتىرىلىرى» دە ئادەتتىكى چاغلاردا دوستلىرى بىلەن سۆزلەشكەن سۆزلىرى، ئەنگىمىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىقلارغا خاتىرىلەنگەن.

(204) مۇشيۇ (979 — 1032) — يەنە بىر ئىسمى بوچاڭ، يۈنجۇ (ھازىرقى سەندۇڭنىڭ دۇڭپىڭلىق). جاڭ جىڭ (970 — 1018) — يەنە بىر ئىسمى خۇيجى، گۇڭئەن (ھازىرقى خۇبېينىڭ گۇڭئەنلىك). ھەر ئىككىسى شىمالىي سۇڭنىڭ قەدىمكى تىل - ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىدى.

(205) بۇ يەردە خۇ شى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

(206) گوركىي «ئەدەبىيات جەھەتتە تەربىيىلىنىشىم» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «سۆزنى ئاما ئىجاد قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تىلنى ئەدەبىي تىل ۋە ئاممىۋى تىل دەپ ئىككىگە بۆلۈش پەقەت تۆرەلمە ھالەتتىكى تىل ۋە سەنئەتكار پىششىقلىغان تىل دەپ پەرقلەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.»

(207) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(208) بالزاك (H. be Balzac، 1799 — 1850) — فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «يېۋگېنى گىراندى»، «گورىيو بوۋاي» قاتارلىق 90 نەچچە ئەسىرى بار. گوركىي «مېنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتە تەربىيىلىنىشىم» دېگەن ماقالىسىدە بالزاكنىڭ ھېكايىلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان: «بالزاكنىڭ ‹ساغرا تېرە› دېگەن ئەسىرىنىڭ بانكىرنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى تاماق زىياپىتى تەسۋىرلەنگەن قىسمىنى ئوقۇغىنىمدا، پۈتۈنلەي قايىل بولدۇم. 20 نەچچە كىشى بىرلا ۋاقىتتا ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ سۆزلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىياپىتى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغاندەك بولدۇم. مۇھىمى — ئاڭلاپلا قالماي، ھەرقايسىسىنىڭ قانداق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەندەك بولدۇم. بالزاك مېھمانلارنىڭ قىياپىتىنى تەۋىرلىمىگەنىكەن. لېكىن مەن كىشىلەرنىڭ كۆزىنى، كۈلۈمسىرىشىنى ۋە قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن ئەزەلدىنلا بالزاكتىن تارتىپ بارلىق فرانسۇزلارنىڭ شەخسلەرنى دىئالوگ ئارقىلىق تەسۋىرلەشتىكى ئۇستىلىقىغا، تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىنى خۇددى قۇلاق بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك جانلىق يازىدىغانلىقىغا ھەمدە دىئالوگلارنىڭ مۇكەممەللىكىگە تامامەن قايىل بولۇپ كەلدىم.»

(209) لىن دەييۇ — «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى. «لىن دەييۇنىڭ چېچەكنى دەپنە قىلىشى» شۇ كىتابنىڭ 23 - بابىدىكى ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن چاڭچىلە. مېي لەنفاڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇشۇ ئويۇننى ئويناپ چىققان. مېي لەنفاڭنىڭ بۇ ئويۇننى ئويناپ چىققان چېغىدىكى سۈرىتى ئەينى چاغلاردا ساتىراشخانىلاردا ئېسىلاتتى.

(210) «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› نىڭ نەزمىلىك سۈرەتلىرى» — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گەي چى سىزغان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى پېرسوناژلارنىڭ سۈرەتلىرى جەمئىي 50 پارچە، سۈرەتلەرنىڭ كەينىدە ۋاڭ شىليەن، جويى قاتارلىقلارنىڭ بېغىشلىما نەزمىلىرى بار.

(211) ئىسكىمۇسلار — شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپلىرىدا بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت.

(212) چىن شىخۇاڭنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشى — چىن شىخۇاڭ (مىلادىيىدىن 259 — 210 - يىللىرى ئىلگىرى)، فامىلىسى يىڭ، ئىسمى جىڭ، جەنگو مەزگىلىدە چىن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، مىلادىيىدىن ئىلگىرى 221 - يىلى دۆلىتىمىزدە ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان تۇنجى فېئودال خاقانلىقنى قۇرغان. «تارىخنامە. چىن شىخۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە، چىن شىخۇاڭ 34 - يىلى (مىلادىيىدىن 231 يىل ئىلگىرى) باش ۋەزىرى لى سىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چىندىن ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق ۋە تېبابىي جەھەتتىكى كىتابلاردىن باشقا قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

(213) خۇاڭ چاۋنىڭ قاتىللىقى — خۇاڭ چاۋ (؟ — 884) ساۋجۇنىڭ يۈەنجۈي (ھازىرقى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خېزى) دېگەن يېرىدىن. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. ئۇ دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىپ 10 نەچچە يىل جەڭ قىلغان. گۇاڭمىڭنىڭ تۇنجى يىلى چاڭئەننى ئىشغال قىلىپ، چى دۆلىتىنى قۇرغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ، تىز پۈكمەي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان. كونا تارىخىي كىتابلاردا ئۇنىڭ قاتىللىقى كۆپتۈرۈپ يېزىلغان.

(214) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(215) باربوس — (H. Bardusse، 1873 — 1935) — فرانسىيە يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «ئالدىنقى سەپ»، «نۇر» ۋە «ستالىننىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق رومانلىرى بار.

(216) «فېئودالىزمنىڭ پۈشتى» — 1928 - يىلدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە، «ئىجادىيەت» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد 1 - سانىغا (1928 - يىل 8 - ئاي) دۇ شيۈەن (گو مورو) نىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى فېئودالىزمنىڭ پۈشتى» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان، بۇنىڭدا لۇشۈننى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى فېئودالىزمنىڭ پۈشتى دېيىلگەن.

(217) كامالەت تاپقان ئەدىبلەر — لياڭ شىچۇ قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، لياڭ شىچۇ «ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىلىقى بارمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدە سىنىپتىن تاشقىرى ئەدەبىياتنى كۆككە كۆتۈرگەن، ئۇ «ئەدەبىيات پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ» دېگەن: ئۇ يەنە، ئەدەبىيات پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەرگىلا خاس، «ياخشى ئەسەر مەڭگۈ ئاز سانلىق كىشىلەر مەخسۇس پايدا كۆرىدىغان نەرسە، كۆپ سانلىقلار مەڭگۈگە ئەخمەقلەر، ئۇلار مەڭگۈ ئەدەبىيات بىلەن مۇناسىۋەتسىز» دەپ تەشۋىق قىلغان.

(218) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

«شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىگە بېسىلغان.

(219) جۇ شياڭ (1904 — 1933) — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ تەيخۇ ناھىيىسىدىن، ئەنخۇي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇنىڭ «گىياھ» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى بار. ئۇ 1933 - يىل 12 - ئايدا تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان. لۇ يىڭ (1898 — 1934) — ئەسلىي ئىسمى خۇاڭ يىڭ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنخۇ ناھىيىسىدىن، ئايال يازغۇچى، 1934 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۇغۇتتا ئۆلگەن. «دېڭىز بويىدىكى قەدىناسلار»، «دېڭىزنىڭ كۆبجۈشى» قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرى بار.

(220) «جەدىت» — بۇ لىن يۇتاڭنىڭ ئىلغار زاتلارغا قىلغان تەنىسى. 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «كىشىلىك دۇنياسى» نىڭ 8 - سانىدا بېسىلغان «دەۋر ۋە ئادەم» دېگەن ماقالىسىدە: «گەرچە جەدىتلىك مۇھىم بولسىمۇ، ئادەملىك خىسلەتنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم» دېگەن.

(221) جۇپ كېپىنەكچىلەر — جۇپ كېپىنەكچىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن. بۇلار قەدىمكى تىل ئۇسلۇبىدا موللا ئەدىب، گۈزەل نازىنىنلارنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەر يازاتتى. بۇ ھېكايىلەرنى مەشچانلار ياقتۇراتتى. ئۇلار 1914 - يىلدىن 1923 - يىلغىچە «شەنبە» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنال چىقارغانلىقى ئۈچۈن شەنبىچىلەر دەپمۇ ئاتالغان. لىۇ بەننۇڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە «بەننۇڭ» دېگەن تەخەللۇستا شۇلارنىڭ ژۇرنىلىغا ماقالە يېزىپ تۇرغان.

(222) ۋاڭ جىڭشۈەننى مات قىلىش — 1918 - يىلنىڭ بېشىدا «يېڭى ياش» مۇھەررىرلىرىدىن بىرى بولغان چەن شۈەنتۇڭ ئەدەبىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قەدىمكىنى تىرىلدۈرگۈچىلەرگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا جەمئىيەتتىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغۇچى مۇقاملارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قەدىمكىنى تىرىلدۈرگۈچىلەرنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى دوراپ «يېڭى ياش» تەھرىراتىغا ۋاڭ جىڭشەن تەخەللۇسىدا خەت يازغان؛ لىۇ بەننۇڭمۇ بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ قاتتىق رەددىيە بەرگەن. بۇ ئىككى پارچە خەت شۇ يىلى 3 - ئايدا «يېڭى ياش» نىڭ 4 - جىلد 3 - سانىغا تەڭ بېسىلغان.

(223) كاڭ يۇۋېي (1858 — 1927) — يەنە بىر ئىسمى گۇاڭشيا، لەقىمى چاڭسۇ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي دېگەن يېرىدىن، چىڭ





سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق - يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى. ئۇ، 1895 - يىلى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بېيجىڭغا كەلگەن 1300 دىن كۆپرەك تالىپ بىلەن بىرلىشىپ پادىشاھ گۇاڭشۈيگە «ئىلتىماسنامە» سۇنۇپ، «قانۇننى ئۆزگەرتىپ، يېڭىلىققا كۆچۈش» نى، مۇستەبىت مونارخىيە تۈزۈمىنى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ، تارىختا «پادىشاھلىق ھارۋىغا چۈشۈپ بىرىپ ئىلتىماس سۇنۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز كېيىنكى چاغلاردا تالىپلارنىڭ پايتەختكە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلانغان. 1898 - يىل 6 - ئايدا، ئۇ، تەن سىتۇڭ، لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە پادىشاھ گۇاڭشۈينىڭ يارلىقى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، قانۇننى ئۆزگەرتىش ئىشىنى سىناق قىلغان. ئۇلار، شۇ يىلى 9 - ئايدا سىشى تەيخۇ ۋەكىللىكىدىكى جاھىللار تەرىپىدىن باستۇرۇلغان ھەمدە يېڭىلىق ھەرىكىتىمۇ مەغلۇپ بولغان. كېيىن كاڭ يۇۋېي چەت ئەلدە پادىشاھنى قوغداش ئۇيۇشمىسى تەشكىللەپ، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرغان، 1917 - يىلى مىلىتارىست جاڭ شۈن بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىكار قىلىنغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فۇيىنى تىرىلدۈرۈشكە يار - يۆلەكتە بولغان.

(224) يەن فۇ (1853 — 1921) — يەنە بىر ئىسمى يۇلىڭ، يەنە بىر ئىسمى جىداۋ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مىنخۇ دېگەن يېرىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر، تەرجىمان، ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1894 - يىلقى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، قانۇننى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان، غەربنىڭ تەبىئىي پەنلەر ۋە بۇرژۇئا ئىجتىمائىي پەنلەر ئىدىيىسىنى تونۇشتۇرۇشقا بېرىلىپ، گېكسلىينىڭ «ئىرسىيەت نەزەرىيىسى»، ئادام سىمىتنىڭ «مىللىي بايلىق»، جامىس مىللىنىڭ «لوگىكا سىستېمىلىرى»، چارل مونتېسكونىڭ «قانۇننىڭ روھى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئەينى چاغدا جۇڭگو ئىدېئولوگىيىسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىدىيىدە بارا - بارا ئارقىغا چېكىنگەن، 1913 - يىلى «ئامانلىققا تەييارلىق ئۇيۇشمىسى» غا قاتنىشىپ، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلغان.

(225) تەييەن — جاڭ بىڭلىن (1869 — 1936)، يەنە بىر ئىسمى

جاڭ تەييەن، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈيۈخاڭ دېگەن يېرىدىن، چىڭ سۇلالـ
ـسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن ئىنقىلابچى ۋە ئالىم. ئۇ ھاياتىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدە چىڭ خانىدانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان،
ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا رېئال كۈرەشتىن ئايرىلغان،
ئىدىيىسى چۈشكۈنلۈك تەرەپكە يۈزلەنگەن. ئۇنىڭ «جاڭ مەجمۇئەسى»،
«جاڭ مەجمۇئەسىنىڭ داۋامى» قاتارلىق كىتابلىرى بار.
(226) سۇن يىراڭ (1848 — 1908) — يەنە بىر ئىسمى جۇڭرۇڭ،
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ رۈيئەن ناھىيىسىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىلىدە ئۆتكەن ئاسارئەتىقىشۇناس. ئۇنىڭ «جۇ سۇلالىسى ئەدەپ ـ
قائىدىلىرىنىڭ توغرا تەپسىرى»، «مۇزىنىڭ شەرھى» دېگەن كىتابلىرى بار.
(227) سۇن چۇەنفاڭ (1885 — 1935) — سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ
لىچىڭ دېگەن يېرىدىن، شىمالىي مىلىتارىستلاردىن خېبېيلىك مىلىتاـ
رىست. ئۇ شەرقىي جەنۇبتىكى بەش ئۆلكىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان،
قەدىمكىنى تىرىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، 1926 ـ يىل 8 ـ
ئاينىڭ 6 ـ كۈنى نەنجىڭدا «لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش» مۇراسىمى ئۆتكۈزـ
گەن. بۇ مۇراسىمغا جاڭ تەييەننى رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان
بولسىمۇ، جاڭ تەييەن بارمىغان. لوڭقىغا ئوق چۈشۈرۈش — قەدىمكى زامان
زىياپەتلىرىدىكى بىر خىل ئويۇن. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا كامالەكنىڭ
ئوقىنى نۆۋەت بىلەن لوڭقىغا چۈشۈرىدۇ، ئۇتتۇرۇپ قويغىنى ھاراق
ئىچىدۇ.
(228) بۇ ماقالە دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى
«شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.
(229) «ساغلام روھ ساغلام تەندە بولىدۇ» — بۇ ئىبارە ياۋروپالىقلارـ
نىڭ ئىبرەتلىك سۆزى.
(230) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى
«جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۈچۈر» بېتىگە بېسىلغان.
(231) 1934 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭ گۇاڭدۇڭ ھەربىي فلوتىنىڭ
قوماندانى جاڭ جىيىڭ قاتارلىقلار گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەر ـ
ئاياللارنىڭ بىر سورۇندا سۇغا چۈشۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ
بەرگەن. بۇنى گۇاڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بۇيرۇق
چىقىرىپ يولغا قويغان. شۇنداقلا ئۆزىنى «پۇقرا» دەپ ئاتىۋالغان خۇاڭ
ۋېيسىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىش توغرىسىدا بەش





تۇرلۇك ئۇسۇلنى تۈزۈپ چىقىپ، گومىنداڭ گۇاڭدۇڭ سىياسىي تەتقىقات
ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلغان، بۇ بەش تۈرلۈك ئۇسۇل مۇنـ
ـداق: بىرىنچى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ماشىنىدا ئولتۇرۇشنى مەنئى
قىلىش؛ ئىككىنچى، قاۋاقخانا ۋە چايخانىلاردا ئەر ـ ئايالنىڭ بىرلىكتە تاماق
يېيىشنى مەنئى قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئەر ـ ئايال يولۇچىلارنىڭ بىر مېھمانـ
خانىغا چۈشۈشنى مەنئى قىلىش؛ تۆتىنچى، ھەربىيلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ
ئەر ـ ئايال بىرگە مېڭىشنى مەنئى قىلىش؛ بەشىنچى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ
بىرگە كىنودا رول ئېلىشنى مەنئى قىلىش ھەمدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ تاماشا
سورۇنلىرىنى ئايرىم قىلىش.
(232) «جۇڭگو ئىلمىنى ئاساس قىلىپ، غەرب ئىلمىدىن پايدىلىـ
نىش» — بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى پەرەڭلەشتۈرۈش
گۇرۇھىنىڭ باشلىقى جاڭ زىدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇس ئىدى.
(233) مۇستافا كامال (Kemal Ataturk 1881 — 1938) تۈركىيە
سىياسەتچىسى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى، ئۇ ھاكىمىيەت
سورىغان دەۋردە بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللانغان. مەسىلەن، ھىجرىـ
يىنى بىكار قىلىش، يېڭى ھەرپ ئىجاد قىلىش، ئاياللارنىڭ چۈمپەردە
تارتىشىنى بىكار قىلىش، بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان.
(234) سۋىفت (J. Swift، 1667 — 1745) — ئىنگلىز يازغۇچىـ
سى. ئۇنىڭ «گارىپنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» رومانىدا خىيالىي «كىچىك
ئادەملەر دۆلىتى» بىلەن «چوڭ ئادەملەر دۆلىتى»نى تەسۋىرلەش ئارقىلىق،
ئەنگلىيىنىڭ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى مەسخىرە قىلىنىدۇ.
(235) شاڭ كۆيدۈرۈپ ئەجدىھاغا سەجدە قىلىش — ئەينى چاغدىكى
يامغۇر تەلەپ قىلىپ قۇرغاقچىلىقنى يوقىتىشتىكى بىر خىل خۇراپىي ھەرىـ
كەت. 1934 ـ يىل يازدا جەنۇبتا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن. گېزىتـ
تە: نەنتۇڭ دېھقانلىرى لايدىن ئەجدىھا ياساپ شاڭ كۆيدۈرۈپ، يامغۇر
تىلەۋاتىدۇ، سۇجۇدا كىچىك ئاق ئەجدىھانى ئويۇنغا چىقىرىش بولۇۋاتىدۇ،
دېگەن خەۋەرلەر يېزىلغان. يامغۇر تىلەش — گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شۇ يىلى
7 ـ ئايدا 9 ـ ئەۋلاد بەنچەن لاما ۋە گىگەن ئەنچىن قاتارلىقلارنى نەنجىڭ
ۋە تاڭشەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ خۇداغا ئىبادەت قىلىپ يامغۇر تىلەشكە
تەكلىپ قىلغان. «سېمىز ئايالنى تاماشا قىلىش» — 1934 ـ يىل 8 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەي شيەنسى شىركىتى ھەرقايسى زاۋۇت سودىگەرلىرى

بىلەن بىرلىشىپ، بەدەن ئېغىرلىقى 700 نەچچە قاداق كېلىدىغان ئامېرىكىلىق سېمىز ئايال نىللىنى بۇ شىركەت بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋىتىدە كۆرگەزمە قىلغان. تاشپاقا ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش — ئەينى چاغدا شاڭخەيدىكى شۈيجياخۇي دەرياسى بويلىرىدا بەزى كىشىلەر تاشپاقا تۇتۇپ، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. شاڭخەي «جۇڭگو ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى» «تاشپاقىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈش··· بەكمۇ ۋەھشىيلىك» دەپ قاراپ، 1934 ـ يىل 2 ـ ئايدا گومىنداڭ شاڭخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن بۇيرۇق چىقىرىپ چەكلەشنى تەلەپ قىلغان. قەدىمكى زامان ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش — 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدا شاڭخەيدە كۇڭزىغا تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئوينالغان چاسا شەكىللىك ئۇسسۇل. ئاياللارنىڭ پۇتىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشنى مەنئى قىلىش — جياڭ جيېشىنىڭ 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گومىنداڭ جياڭشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە بەرگەن بۇيرۇقى بىلەن جاكارلانغان «ئاياللارنىڭ غەلىتە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش چارىسى» دىكى بىر ماددا: «تامبال ئەڭ قىسقا بولغاندىمۇ تىزدىن تۆت سۇڭ چۈشۈپ تۇرۇشى كېرەك، پاچىقىنى ئوچۇق قويۇپ، يالاڭ ئاياغ يۈرۈشكە بولمايدۇ.»

(236) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(237) يو موجۇن (1888 — 1971) — جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشيەن ناھىيىسىدىن، ئەينى چاغدا، خاڭجۇ دارىلمۇئەللىمىندە مۇئەللىملىك قىلغان. بۇ ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلىرى، ئۇنىڭ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «يېڭى ئىبارىلەر» نىڭ 3 ـ سانىدا بېسىلغان «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاممىۋى نۇتۇقنى قانداق مەشىق قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان.

(238) بۇئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان.

(239) 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «جەمئىيەتتە بىر ھەپتە» ئىستونىدا: «(جېجياڭ) يۈياۋ ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېقىندىن بۇيان چوڭ قۇرغاقچىلىق بولغانىدى، تۇۋېي بازىرىدىكى دېھقانلاردىن 500 نەچچە كىشى، ۋۇكې يېزىسىدىكى دېھقانلاردىن 1000 نەچچە يۈز كىشى بىرلىشىپ يامغۇر تىلەپ ئىلاھقا سېغىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ بېشىغا باشلىق كىيىشكە





رۇخسەت قىلىنمىغان، باشلىق كىيگەنلەرنى پىچاق ـ كالتەكلەر بىلەن ئۇرغان!» دەپ خەۋەر بېرىلگەن.

(240) دۇڭ جۇڭشۇ (مىلادىيىدىن 179 ـ 104 يىل ئىلگىرى) — گۇاڭچۇەن (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى زاۋچاڭ) دېگەن يەردىن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە يامغۇر تىلەش ۋاقتىدا رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەرنى يازغان.

(241) 1934ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە شاڭخەيدىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «ساخاۋەتچىلەر» ۋە راھىبلار «مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلىرىدا يامغۇر تىلەپ ئاپەتنى يوقىتىش يىغىنى» ئۆتكۈزۈشنى، «63 ـ ئەۋلاد تەرىقەتچى ئۇستاز جاڭ رۈيلىن» نىڭ دۇئا ئوقۇشىنى تەشەببۇس قىلغان.

(242) ئىلگىرى ھەر قېتىم قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە يولۇققاندا دائىم مال سويۇشنى توختىتىپ، يامغۇر تىلەيدىغان خۇراپىي ھەرىكەت بولۇپ تۇراتتى. مەسىلەن، 1934 ـ يىل 7 ـ ئايدا شاڭخەيدىكى بەزى تەشكىلاتلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن ۋە جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلىرىدىن «مال بوغۇزلاشنى بىر ھەپتە توختىتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

(243) 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىدە مۇنداق خەۋەر بېسىلغان: «يۈياۋ ناھىيىسى تۇۋېي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە پىرقە بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شۈي يىچىڭ دېھقانلارنىڭ يامغۇر تىلەش ھەرىكىتىنى توسۇغانلىقى ئۈچۈن ئامما قاتتىق غەزەپلەنگەن. 12 ـ كۈنى كەچ سائەت بەشتە 1000 نەچچە دېھقان ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن؛ كېيىن دەريادىن سۈزۈۋېلىپ، كېكىردىكىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن». يەنە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «جەمئىيەتتە بىر ھەپتە» ئىستونىدا مۇنداق خەۋەر بېرىلگەن: «شۈي جانابلىرى 63 ياشتا بولۇپ، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى گومىنداڭ پىرقىسىگە كىرگەنىكەن». «شۈي پۇلغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، دائىم بىر باھانە تېپىپ دېھقانلاردىن پۇل ئۇندۇرۇۋالىدىكەن. تۇۋېيدىن كېمىلەر ئۆتكەندە، ئۇلاردىنمۇ ئاز ـ تولا پۇل ئۇندۇرۇۋالىدىكەن··· شۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن دېھقانلار ئىنتايىن نارازى ئىكەن. بۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يەنە بىر سەۋەبىدۇر.»

(244) «سادىق يۆ فېيىنىڭ تەرجىمىھالى» — رومان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چەن سەي، جىن فېڭلار تۈزگەن. جاڭ جۇننىڭ چىن خۇيىنىڭ يۆ فېيگە زىيانكەشلىك قىلىشىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن چېشلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى شۇ روماننىڭ 75 ـ بابىدا بايان قىلىنغان.

(245) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئەركىن پاراڭ» بېتىگە بېسىلغان. ئەسلىي ماۋزۇسى «تەنقىدچى ۋە يازغۇچى».

(246) «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان» — 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «مەشئەل» بېتىدە شاۋجۇڭ تەخەللۇسلۇق بىر كىشىنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنى «ئىچكى ئۇرۇش»، «ئادەم تىللاش» دەپ قارىغان ھەمدە بۇ ئەھۋال جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىنى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى زۇلمەتلىك دەۋرگە كىرگۈزۈپ قويىدى» دېگەن.

(247) «ئەدىبلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشى» — ئەينى چاغدا بەزى كىشىلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ساھەسىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنى «ئەدىبلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشى» دېگەن.

(248) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۆچۈر» بېتىگە بېسىلغان.

(249) جاڭ شىجاۋ (1881 — 1973) — يەنە بىر ئىسمى شىڭيەن، تەخەللۇسى گۇتۇڭ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھرىدىن، 1924 ـ يىلىدىن 1926 ـ يىلىغىچە شىمالىي مىلىتارىست دۇەن چىرۇيىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە ۋازىرى، قوشۇمچە مائارىپ ۋازىرى بولغان. ئۇ كۆڭزىنغا چوقۇنۇشنى، كۆڭزىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغان. 1931 ـ يىلىدىن باشلاپ شاڭخەيدە ئادۋوكات بولۇپ، چېن دۇشيۇ، پېڭ شۇجى قاتارلىقلارنىڭ دېلوسىدا ئاقلىغۇچى بولغان. 1934 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىدە، ئۇنىڭ «گومىنداڭ ۋە دۆلەت» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىدە «خەلق ھوقۇقى»نى ھىمايە قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان.

(250) لى يەنشىڭ — ئەينى چاغدىكى ئەكسىيەتچى ژۇرنال «يېڭى قورغان»نىڭ باش مۇھەررىرى. ئۇ ئاتالمىش «ئەل تىلى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاممىۋى تىلغا قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن





سۆزى ئۇنىڭ «جەمئىيەت» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىدا (1934 ـ يىل 8 ـ ئاي) ئېلان قىلغان «ئاممىۋى تىل ـ ئەدەبىياتتىن ئەل تىلى ئەدەبىياتىغا» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان.

(251) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۆچۈر» بېتىگە بېسىلغان.

(252) «قېنى، مېلىڭنى كۆرسەت!» — بۇ ئەينى چاغدا ئاممىۋى تىلغا قارشى تۇرغۇچى بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزى. مەسىلەن، 1934 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ شاڭخەي شەھىرىگە ئائالغان «گەپ ـ سۆز» دېگەن قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغان گۇفۇنىڭ «قەدىمكى تىل بىلەن جانلىق مۇنازىرە خىتابنامىسى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاممىۋى تىل»نى تەشەببۇس قىلىۋاتقان بىرنەچچە يازغۇچى «ئاممىۋى تىلدا بىرنەچچە پارچە ئۆلچەملىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ باقسا، مۇخبىرلار ۋە كىتابخانلار ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ باقسا قانداق؟!»

(253) ساپ يەرلىك شېۋىدە يېزىلغان ئۈچ پارچە ماقالە — «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۆچۈر» بېتىدە 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېسىلغان خې لىيەننىڭ «تار يولدا ئۇچرىشىش» دېگەن ماقالىسى، 16 ـ، 19 ـ كۈنلىرى بېسىلغان گاۋئېرنىڭ «بىر پارچە شاڭخەي شېۋىسىدىكى خەت» ۋە «دەۋادا يېڭىلگەن كىشىنىڭ خاتىرىسى» قاتارلىق ماقالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(254) خۇ شىڭ — جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھىرىدىن، پەيلاسوپ. ئۇ 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «جۇڭخۇا» گېزىتى «ئۆچۈر» سەھىپىسىدە ئېلان قىلغان «ئەمەلىيەت يولىغا چىقايلى — يەرلىك شېۋىدە يېزىلغان ئۈچ پارچە ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن» دېگەن ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تەبىئىيكى، خې لىيەن، گاۋئېر ئەپەندىلەر خەنزۇچە خەت بىلەن يەرلىك شېۋىنى يېزىپ چىققان. لېكىن، بىر بوغۇملۇق خەنزۇچە خەتلەر بىلەن مۇرەككەپ يەرلىك شېۋىنى يېزىپ چىقىش ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىلگىرى سۇجۇ شېۋىسىدە يېزىلغان بىر دىنىي كىتابنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنى ئوقۇماق جانلىق تىلدىكى ئەسەرنى ئوقۇشتىنمۇ قىيىن چۈشتى…»

(255) «شاڭخەي گۈللىرى» — رومان. يۈنجيەن خۇايې لېڭنۇڭ ئەسىرى دەپ يېزىلغان. ئەسەردە شاڭخەيدىكى پاھىشە ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدۇ. كىتابتا، ۋەقەنى بايان قىلىشتا ئاممىۋى تىل، دىئالوگلاردا

سۇجۇنىڭ يەرلىك شېۋىسى قوللىنىلغان. خۇايى لېڭنۇڭ — خەن باڭچىڭ (1856 — 1894) نىڭ تەخەللۇسى. خەن باڭچىڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى زىيۈن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇڭجياڭ ناھىيىسىدىن.

(256) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(257) تيەن خەن (1898 — 1968) — يەنە بىر ئىسمى شۇچاڭ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدىن، دراماتورگ سول قانات دراماتورگلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ تەرجىمە قىلغان شېكسپېرنىڭ «خاملىت»، «رومېئو - جولىيتتا» درامىلىرى شاڭخەي جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن 1922 - يىل ۋە 1924 - يىللىرى نەشر قىلىنغان.

(258) بۇ يەردە دۇخېڭنىڭ 1934 - يىل 6 - ئايدا ئېلان قىلغان «شېكسپېر درامىلىرىدىن ‹قەيسەر› دە ئىپادىلەنگەن ئامما» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(259) دوكتور جونسۇنغا تەزىم قىلىدىغان پروفېسسور — بۇ يەردە لياڭ شىچيۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، لياڭ شىچيۇ ئەينى چاغدا چىڭداۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىدى. ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «Adelphi» ژۇرنىلىنىڭ 1933 - يىل 10 - ئايلىق سانىدا بېسىلغان ماركسنىڭ «1844 - يىلقى ئىقتىسادشۇناسلىق - پەلسەپە قولىيازمىلىرى» نىڭ بىر ئابزاسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلغان «شېكسپېر پۇل ھەققىدە» دېگەن تەرجىمىسى بېيجىڭ «ئەدەبىيات ئۆگىنىشى» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنىڭ 2 - سانىدا (1934 - يىل 5 - ئاي) بېسىلغان. جونسۇن (1709_1784) — ئەنگلىيە يازغۇچىسى، ئەدەبىي تەنقىدچى. لياڭ شىچيۇ «جونسۇن» دېگەن كىتابىنى يېزىپ جونسۇنغا ناھايىتى چوقۇنغان، ئۇنى «ئۆتكۈر پەيلاسوپ»، «ئۇلۇغ تەنقىدچى» دېگەن. «ماركس - پاركس» — گومىنداڭ سىياسەتۋازى ۋۇ جىخۇينىڭ ماركسىزمنى ھاقارەتلىگەن سۆزى.

(260) شى جېسۇن «مەن ۋە قەدىمكى تىل» دا مۇنداق يازغان: «بەش يىللىق پىلان تەدرىجىي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئىنقىلاب يىللىرىدىكى تەلۋىلىك تەدرىجىي يوقالدى. پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنىڭ ‹قالدۇق زەھەرلىرى› نى تەدرىجىي يۇقتۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن كونا دەۋرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى قايتا ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ تامامەن مەنىسىز نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۇڭا، ئۆتكەنكى ئەخمىقانە سەپسەتىلەرنى يېپىش ئۈچۈن، ئۇستىلىق بىلەن ‹ئەدەبىيات مىراسلىرى› دېگەن ئىسمنى ئويلاپ چىقىرىپ،





ئۇنى كونا دەۋر ئەدەبىياتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ‹نەزەرىيىۋى ئاساسى› قىلىۋالدى.»

(261) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(262) لىن شىجۈەن — گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋئەن دېگەن يېردىن، ئەينى چاغدا شاڭخەي داشيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ «ھازىرقى زامان» نىڭ 5 - جىلد 5 - سانىدا (1934 - يىل 9 - ئاي) فېليەتونغا قارشى «فېليەتون ۋە فېليەتونچى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلغان.

(263) سىنكلائىر (U. Sinclair، 1878 — 1968) — ئامېرىكا يازغۇچىسى، بۇرۇن سىياسىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «قۇشخانا»، «تاشكۆمۈر كارولى» قاتارلىق رومانلىرى بار.

(264) لىن شىجۈەن «فېليەتون ۋە فېليەتونچى» دېگەن ماقالىسىدە: «‹تىنچلىق ۋە ئۇرۇش›، تەك ئۇلۇغ ئەسەر نېمە ئۈچۈن روسىيىدە ۋۇجۇدقا چىقالىدى؟ ئامېرىكىدا نېمە ئۈچۈن سىنكلائىر، جېك لوندون قاتارلىق دۇنيادا مەشھۇر ئۇلۇغ يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى؟ بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزچۇ، مادامىكى، ئۇلار مەڭگۈگە فېليەتون يېزىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالامدۇ؟» دەپ يازغان.

(265) گ. ئاپوللىنائىر (G. Apollinire، 1880—1918) — فرانسۇز شائىر، «توز ھەققىدە» دېگەن شېئىر ئۇنىڭ «ھايۋانلار توغرىسىدا شېئىرىي مەسەللەر» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر قىسقا شېئىر.

(266) بۇ ئەسەر ئەڭ دەسلەپ 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(267) «خەينىڭدا دولقۇن كۆرۈش» — خەينىڭ دېگەن جاي جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان، چيەنتاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەشھۇر دولقۇنىنى خەينىڭدا تۇرۇپ تاماشا قىلسا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ھەر يىلى تاۋۇز چاغىنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە دەريانىڭ دولقۇنى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. بۇچاغدا تاماشا قىلغۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

(268) چېن يۈەنلۇڭ (1652 — 1736) — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كاتتا ئالىم دېگەن ئۇنۋان بىلەن مەنسەپدار بولغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان رىۋايەت توغرىسىدا خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ. چېن خۇەي يازغان: «چىڭ

سۇلالىسى تارىخىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ قىسىم 9 ـ بابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چيەنلۇڭ خەيىنىڭدىكى چېن فامىلىلىك كىشىنىڭ ئوغلى. يۇڭجېڭنىڭ ئوغلى ئەمەس… كاڭشى زامانىدا، پادىشاھ يۇڭجېڭ بىلەن چېن ئائىلىسى يېقىن ئۆتكەن. كېيىن ھەر ئىككى ئائىلىدە تەڭلا بىردىن بالا تۇغۇلغان. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بالىلارنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغان. بالىلار پادىشاھ يېنىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، بىر بالىنى قايتۇرغان. قايتۇرۇلغان بالا چېن ئائىلىسىنىڭ بالىسى بولماي، ئوغۇل قىزغا ئالماشتۇرۇۋېلىنغان. چېن دېگەن كىشى ئۆز بالىسىنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا غىڭ ـ پىڭ قىلالماي، بۇ ئەھۋالنى سىر تۇتقان.»

(269) شاڭخەي شەھىرىدىكى جۇڭگو ـ ئامېرىكا تاماكا شىركىتى «نۇرلۇق جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكىنى سېتىش يۈزىسىدىن 1934 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆلچەملىك ئۇلۇغ كىشىلەرنى سايلاش مۇكاپاتى» نى يولغا قويۇپ، 200 نامزاتنىڭ ئىسمىنى دۆلەت باشلىقلىرى، دانىشمەن پەيلاسوپلار، مۇلكىي ۋەزىرلەر، ھەربىي سەردارلار، ئەدىبلەر، سەنئەتچىلەر، مەرد ـ مەردانىلار ۋە نەمۇنىلىك ئاياللار، دەپ سەككىز خىلغا بۆلگەن، چىڭگىزخاننى دۆلەت باشلىقلىرى قاتارىدا 13 ـ قىلىپ كۆرسەتكەن.

(270) 1934 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «دولقۇن كۆرۈش تاماشىسى» غا بېغىشلانغان سانىغا بېسىلغان «پادىشاھ چيەنلۇڭ ۋە خەيىنىڭ» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە مۇشۇ ھېكايە بايان قىلىنغان.

(271) ئىلگىرىكى چاغلاردا خەنزۇلار چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ياكى چەت ئەللەرنى «يات مىللەت» ياكى «يات ئەل» دەپ ئاتايتتى. پادىشاھلار سىياسىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ شاھزادە ـ قىزلىرىنى «قۇدىلىشىش»، «تۇغقاندارچىلىق قىلىش» دەپ غەيرىي مىللەتلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ياتلىق قىلىپ بېرەتتى.

(272) مەرد ـ مەردانىلارنى ئاتا قىلىۋېلىش — بۇ يەردە شاڭخەيدىكى لۈكچەكلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى «ئاتا» ۋە «ئۇستاز» دەپ تۇتقان مىشچان ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بايلارغا ئىچ كۆيئوغۇل بولۇش — بۇ يەردە ئەينى چاغدىكى ئەدىب شاۋ شۈنمېي قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، شاۋ شۈنمېي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى





چوڭ بيۇروكرات كاپىتالىست شىڭ شۈەنخۇەينىڭ قىز نەۋرىسىنىڭ ئېرى ئىدى.

(273) شۈيفۇ — چىن دەۋرىدە ئۆتكەن مۇنەججىم. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چىن شىخۇاڭ شۈيفۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇنى ئوغۇل، قىز بالىلاردىن بىرنەچچە مىڭنى باشلاپ، دېڭىزغا چۈشۈپ، ئۆلمەسلىك دورىسىنى تېپىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار بىرقانچە يىل يۈرۈپمۇ نەتىجە چىقىرالمىغان. تەخمىنەن خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، شۈيفۇ دېڭىزدا قاتناپ ياپونىيىگە بېرىپ تۇرۇپ قالغان، دېگەن رىۋايەت بار.

(274) ئاياللارنىڭ بىلىم ئىقتىدارى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش تۈپەيلىدىن تەسىرگە ئۇچرايدۇ، دېگەن تەلىمات توغرىسىدا 1934 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «شەن» دېگەن تەخەللۇستا يېزىلغان «ياپون ئايال يازغۇچىلىرىغا باھا — ئىدىيىنىڭ كۆچۈشى كۆپىنچە جىسمانىي تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەن ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئايال يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلىرىنىڭ ئىما ـ ئىشارىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئايال ئەر بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، ئايالنىڭ قېنىدا ئەرنىڭ ئامىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە ئىدىيە جەھەتتىمۇ كۆپلىگەن ئىما ـ ئىشارىلەرنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ». شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شېنباۋ» گېزىتىنىڭ «ئاياللار گۈلزارى» بېتىنىڭ 31 ـ سانىدا چىن جۇتىيېنىڭ «ئايال يازغۇچىلارغا جىسمانىي تەسىر ۋە تۇرمۇش تەسىرى» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭدا بۇ خىل كۆز قاراش فىرېئود تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق دەپ قارالغان. ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئەر يازغۇچىلارغا ئوخشاش مول ئىجادىي ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ فىرېئودىزم فىزىئولوگىيىسى جەھەتتىن چۈشەندۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ. فىرېئودىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان كۈلكىلەر يېتەرلىك بولدى! بىز ئەگەر ئايال يازغۇچىلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنىڭ ۋە ئۇلار يازغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى تاپماقچى بولساق، پەقەت تارىخىي ماتېرىيالىزمنى جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ مەنبەسى قىلىشىمىز كېرەك». فىرېئود تەلىماتى — ئاۋستىرىيە روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى فىرېئود (S. Freud 1856 — 1939) ئىجاد قىلغان، كىشىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەھلىل قىلىدىغان تەلىمات. بۇ خىل تەلىمات ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، دىن قاتارلىق روھىي ھادىسىلەرنى كىشىلەرنىڭ بېسىمغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن يوشۇرۇنغان مەلۇم «ھايات كۈ-

چى» (CLibido) دىن، بولۇپمۇ جىنسىي ھەۋەسنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدىن بارلىققا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

(275) سوقرات (Sokrates، مىلادىيەدىن 469 ـ 399 يىل ئىلگىرى) — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى.

(276) «شائىر ئايال» — بۇ يەردە ئەينى چاغدا شاڭخەيدىكى چوڭ — كومپرادور يۇ چياچىڭنىڭ قىز نەۋرىسى يۇ جۈيۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1932 ـ يىلى يۈتەن تەخەللۇسىدا «كۆل شامالللىرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. مەزمۇنى ئاغرىماي غىڭشىيدىغان سۆزلەر بىلەن تولغان. سېڭ جىنكې «ئايال شائىر يۇ جۈيۈننى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» نى يېزىپ ئۇنى ھەدەپ ماختىغان.

(277) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1 ـ جىلد 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

(278) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» سەھىپىسىگە بېسىلغان.

(279) بۇ يەردە شېكسپېرنىڭ س س س ر شائىرى روگوۋسكويى تەرجىمە قىلغان «ئانتونى ۋە كىرئوپاترا» ناملىق درامىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «رەسۋا» — شى جېسۇننىڭ ئۆز ۋاقتىدا س س س ر ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلىپ ئېيتقان سۆزى.

(280) بۇ يەردە ماركسنىڭ شېكسپېر ئەسەرلىرىدىكى رېئالىزم توغرىسىدا تىلغا ئالغان سۆزلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(281) ئۆز ۋاقتىدا خۇشى قاتارلىق كىشىلەر ئالقىنىدىكى «جۇڭخۇا مەدەنىيەت ـ مائارىپ فوند جەمئىيىتى» قارمىقىدىكى تەئلىپ ـ تەرجىمە ھەيئىتى لياڭ شىچۇغا شېكسپېر درامىلىرىنى يۇقىرى ھەق بىلەن تەرجىمە قىلدۇرماقچى بولغانىدى.

(282) بۇ ھەقتە دۇخېڭنىڭ شۇ ماقالىسىگە قاراڭ.

(283) قەيسەر — مىلادىيەدىن 100 ـ 44 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن رىم سىياسىيونى، ھەربىي قوماندان. «قەيسەر» — شېكسپېرنىڭ قەدىمكى رىم ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى تەسۋىرلىگەن تارىخىي درامىسى.

(284) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(285) «يۈەن جۇڭلاڭ ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ كۆرۈش





خاتىرىسى» — 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان. ئۇنىڭدا «يۈەن جۇڭلاڭ ئەسەرلىرى» دىكى خاتا جۈملە ئايرىشلىرى كۆرسىتىلگەن.

(286) بۇ، لىن يۇتاڭغا قىلىنغان كىنايە.

(287) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(288) يې لىڭفېڭ (1904 — 1975) — جياڭسۇ نەنجىڭلىق، يازغۇچى ۋە رەسسام، ئىلگىرى ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئەزاسى بولغان. مۇ شىيىڭ (1912 — 1939) — جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىنشەن ناھىيىسىدىن، يازغۇچى، كېيىن چۈشكۈنلىشىپ خائىن بولۇپ كەتكەن. «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال» — ئايلىق ژۇرنال. يې لىڭفېڭ، مۇ شىيىڭ بىرلىشىپ چىقارغان. 1934 ـ يىل 10 ـ ئايدا دەسلەپكى سانى چىققان، 1935 ـ يىل 4 ـ ئايدا توختىتىلغان. جەمئىي تۆت سان چىققان، شاڭخەي ژۇرناللار شىركىتى تارقاتقان.

(289) دەي فېڭۋەن (؟ — 1945) — يەنە بىر ئىسمى ۋەنيى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋئەن ناھىيىسىدىن، يازغۇچى. ئۇنىڭ «شېنياڭدا ساياھەت» دېگەن ئەسىرى «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال» نىڭ 1 ـ سانىدا بېسىلغان.

(290) ماسېرېئېل (F. Masereel، 1889 — 1972) — بېلگىيە رەسسامى، ياغاچ ئويمىچى. 1933 ـ يىل 9 ـ ئايدا شاڭخەي «ياخشى دوست» كىتاب شىركىتى ئۇنىڭ تۆت خىل ياغاچ ئويما چاتما رەسىملىرىنى قايتا باسقان. جۈملىدىن «بىر ئادەمنىڭ چەككەن جاپاسى» غا لۇشۈن كىرىش سۆز يازغان.

(291) «دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە نەزەر» — «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال» نىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەۋەرلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان مەخسۇس سەھىپىسى.

(292) كونگورت مۇكاپاتى — فرانسىيىدە XIX ئەسىردە ئۆتكەن ناتۇرالىست يازغۇچىلاردىن كونگورت ئاغا ـ ئىنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئەدەبىيات مۇكاپاتى. 1933 ـ يىلى 31 ـ قېتىم مۇكاپات تارقىتىلغان. ئاغا ـ ئىنى كونگورتلار — ئېدموند دې كونگورت (E. de ConGourt 1822 — 1896) بىلەن يۇل دې كونگورت (J. de Con Gourt 1830 — 1870).

(293) ئاندىرى مارلاۋ (A. Marlaux، 1901 — 1976) — فرانسىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى» دېگەن رومانى 1927 - يىلدىكى شاڭخەي «12 - ئاپرېل» چوڭ قىرغىنچىلىقىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغان ۋە 1933 - يىل نەشر قىلىنغان.

(294) بېئاردسلىي (A. Beardsley، 1872 — 1898) — ئەنگلىيىلىك رەسسام. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، نەققاش خاراكتېرلىك قارا - ئاق سىزىقلار ئارقىلىق جەمئىيەت تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدۇ. يې لىڭفېڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلغان.

(295) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(296) تەن جاۋتيەن— ئۆز ئىسمى تەن شىنفېي (1847—1917)، تەخەللۇسى شياۋجاۋتيەن، خۇبېي جياڭشيالىق (هازىرقى ۋۇچاڭ) جىڭجۇي ئارتىسى، قېرى ئەرلەر رولىدا ئويناشقا ماھىر. ئۇ 1890 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 16 - يىلى) چىڭ ئوردىسىغا چاقىرتىلىپ، سىشى تەيخۇغا ئويۇن قويۇپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان.

(297) سىشى تەيخۇ (1835 — 1908) — چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا پادىشاھ شيەنفېڭنىڭ كېنىزىكى ئىدى. تۇڭجى تەختكە چىققاندا خانىش، خان ئانا بولغان. ئۇ تۇڭجى، گۇاڭشۈي خانىدانلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانى ئىدى. «مەبۇدە» — چىڭ ئوردىسىدىكى ھەرەمئاغىلىرىنىڭ خانىشنى ئىززەتلەپ ئاتايدىغان نامى.

(298) بۇ يەردە قەدىمكى زاماندىكى خەلق ناخشىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(299) مېي لەنفاڭ 1919 - يىلى ۋە 1924- يىلى ياپونىيىدە ساياھەتتە بولۇپ ئويۇن قويغان، 1929 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە ئامېرىكىدا ساياھەتتە بولۇپ ئويۇن قويغان.

(300) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(301) شۈي بىخۇڭ 1934 - يىل 5 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە ئالاقە باغلاش كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ جۇڭگو رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان، جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە ئولتۇرۇپلا رەسىم سىزغان.

(302) چى رۇشەن (1877 — 1962) — خېبېي گاۋياڭلىق، ئەينى





چاغدا بېيپىڭ (بېيجىڭ — ت) مىللىي دراما ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى، ئۇ مېي لەنفاڭغا سەھنە ئەسىرى يېزىپ بەرگەن. دۇخېڭنىڭ «ئەدەبىي رەسىملىك ژۇرنال» نىڭ 1 - سانىدا (1934 - يىل 10 - ئاي) ئېلان قىلىنغان. «مېي لەنفاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مېنىڭچە، ئۇنىڭ (مېي لەنفاڭنى دېمەكچى) ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشلەيدىغان جىددىي ئىشى — دراما ئىدېئولوگىيىسىنى تەكشۈرىدىغان بىرنەچچە مۇتەخەسسىسنى ياردەمگە چاقىرىش ياكى سەھنە ئەسىرىنى ئۆزگەرتىش ھەيئىتىنى قۇرۇش. چى رۇشەن ئەپەندى قاتارلىقلار ئېھتىمال بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.»

(303) 1934 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى «ئۇلۇغ ئاخشام» گېزىتىنىڭ «كۆرۈنۈش» بېتىگە بېسىلغان لى رەننىڭ «ئايالچە رولغا چىققان ئەر» دېگەن ماقالىسىدە مېي لەنفاڭ بىلەن بولغان سۆھبەت مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «جۇڭگونىڭ كونا ئويۇنلىرى نوقۇل سىمۋولىزمغا ياتىدۇ، ئۇ رېئالىستىك درامىلارغا ئوخشاشمايدۇ».

(304) بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇخېڭ قاتارلىقلارغا قىلىنغان كىنايە.

(305) «يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش» — دۇخېڭنىڭ شۇ ناملىق رومانى بولۇپ، بۇ رومان 1934 - يىل «ھازىرقى زامان» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 5 - توم 1 - سانىدىن 5 - سانىغىچە ۋە 6 - تومنىڭ 1 - سانىغىچە بېسىلغان (ھەممىسى تۈگىمىگەن، كىتاب بولۇپ چىققاندا «خائىن» دەپ ئۆزگەرتىلگەن).

(306) بۇمۇ دۇخېڭغا قىلىنغان كىنايە.

(307) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(308) ئەينى چاغدا ليۇداجى تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان، لىن يۇتاڭ تەرىپىدىن سېلىشتۇرۇلغان «يۈەن جۇڭلاڭ ئەسەرلىرى»دە تىنىش بەلگىلىرى خاتا قويۇلغان جايلار ناھايىتى كۆپ. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگىنى ئەسلىدە مۇنداق بولۇشى كېرەك: «رەڭ ئاي - كۈندىن، شامدىن، كۆك - سېرىقتىن، كۆزدىن كېلىدۇ: رەڭ مۇقىم بولمايدۇ. ئاۋاز قوڭغۇراقتىن، دۇمباقتىن، قۇرۇق بامبۇك تۆشۈكىدىن كېلىدۇ...»

(309) تاگور (R. Tagore، 1861 — 1941) — ھىندىستان شائىرى. ئۇ، 1924 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ ساياھەت قىلغان، 1930 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان ھەمدە «روسىيە مەكتۇپلىرى»

(1931ـيىلى نەشر قىلىنغان) نى يازغان، بۇ كىتابىدا ئۆزىنى «ئەنگلىيە پوقراسمەن» دېگەن.

(310) لىن چاڭمىن (1876 — 1925) — فۇجيەن مىنخۇلۇق، سىياسەتۋاز.

(311) شۈي زىمۇ (1897 — 1931) — جېجياڭ خەيىنىڭلىق، «يېڭى ئاي» تەھرىراتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى. ئۇنىڭ «زىمۇ شېئىرلىرى»، «يولۋاس توپلىمى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. تاگور جۇڭگوغا كەلگەندە ئۇنىڭ تەرجىمانى بولغان.

(312) بۇ ئەسەر دەسلەپ 1934 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «جۇڭخۇا» گېزىتىنىڭ «ئۇچۇر» بېتىگە بېسىلغان.

(313) «مىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى غەيرىي رەسمىي تارىخى» — يەنى «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى غەيرىي تارىخى توپلىمى»، چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن لىيۇيۇن دېگەن زاھىت تۈزگەن، جەمئىي 27 توم، 16 خىل غەيرىي تارىخ كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىشلار خاتىرىلەنگەن. «ئېچىنىشلىق تارىخ» — زاھىت يۈ تيەن تۈزگەن، جەمئىي ئۈچ توپلام، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى 20 نەچچە خىل غەيرىي تارىخ كىرگۈزۈلگەن.

(314) چۈي داجۈن (1630 — 1696)، تەخەللۇسى ۋېنشەن، گۇاڭدۇڭ فەنيۇلىق، ئەدىب، مانجۇ لەشكەرلىرى گۇاڭجۇغا كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، مانجۇلارغا قارشى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى ئالدۇرۇپ راھىب بولغان. كېيىن راھىبلىقنى تاشلاپ سەنشى، شەنشىلەردە چۆرگىلەپ يۈرگەن. ئۇنىڭ «ۋېنشەننىڭ ئەسەرلىرى»، «ۋېنشەننىڭ غەيرىي شېئىرلىرى»، «گۇاڭدۇڭدا يېڭى گەپلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەكلەنگەن.

(315) دەيبى — قەدىمدا جاي ئىسمى، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ.

(316) «گۇاڭجۇاڭ» — يۈەن جۇڭلاڭنىڭ «جۇاڭزى» ئۇسلۇبىنى دوراپ تەرىقەتچىلەر ئىدىيىسىنى تەرىپلەيدىغان ئەسىرى. «تەشتەك تارىخى» — يۈەن جۇڭلاڭنىڭ تەشتەك ۋە گۈلنى تەتقىق قىلىدىغان قىسقا ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى.



بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. (ئىزاھاتلاردا خەلق نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان «لۇشۈن فېليەتونلىرىدىن تاللانما» دىن پايدىلىنىلدى)

本书根据人民文学出版社 1981 年第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。(注文参照《鲁迅杂文选读》:人民出版社 2005 年 3 月第一版)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
ياسىن زايىدوف

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# لۇشۈن ئەسەرلىرى (6)

ئاپتورى: لۇشۈن
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى ئارتىشى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 19.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09895—1
باھاسى: 35.00 يۈەن

借书还期表

| 证　　号 | 还　　期 |
|---|---|
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |

21500009804